ئەسەت سۇلايمان

# ئۆزلۈك ۋە كىملىك

— ياۋروپا قىرغاقلىرىدىن مەركىزىي ئاسىيا يايلاقلىرىغا قاراپ



# EGO & IDENTITY

— Cultural Dialogue between Inner Asia and Scandinavia

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى
Xinjiang University Press

مەسئۇل مۇھەررىرى: قەلبىنۇر مىجىت
مەسئۇل كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن
مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: مۇھەممەد ياسىن مەتقۇربان

# ئۆزلۈك ۋە كىملىك

## ـــ ياۋروپا قىرغاقلىرىدىن مەركىزىي ئاسىيا چوڭقۇرلۇقلىرىغا قاراپ

ئاپتورى: ئەسەت سۇلايمان

---

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى №14 پوچتا نومۇرى: 830046)
ئۈرۈمچى ئىرپان ئېلېكترون چەكلىك شىركىتىدە تىزىلدى
شىنجاڭ خېگيۇەن جوڭخۇي رەڭلىك باسمىچىلىق شىركىتى باستى
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
فورماتى: 1092 × 787 1/16 باسما تاۋىقى: 28.25
2006 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2006 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1000 – 5000

---

ISBN 7 – 5631 – 2061 – 0
باھاسى: 47.00 يۈەن



بېرلىندا چاقىرىلغان ئالتايشۇناسلىق يىغىنىدا (2006 ـ يىلى ئاۋغۇست)
(ئوڭدىن ئاپتور، پېتېر زىمې، مەھمەت ئۆلمەز، لېتىپ توختى، ئابلەت سەمەت)



ئاپتور ئالتايشۇناسلىق مۇھاكىمە يىغىنىدا پروفېسسور دېنىس سىنور (ئوتتۇرىدا) ۋە
باربارا كېلنېر خانىم (ئوڭدىن 2 ـ كىشى) لار بىلەن بىللە



ئاپتور بېرلىندىكى گېرمانىيە پارلامېنتى ئالدىدا



ئاپتور ئۇپسالا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىلمىي لېكسىيە بەرمەكتە (2004 ـ يىلى 18 ـ مارت)



پروفېسسور سىر تاۋتاس خانىم بىلەن سۆھبەت ( گېرمانىيە . پوتسدام )



ئاپتور كەسىپدىشى دوكتور راھىلە داۋۇت بىلەن لوندون سەپىرىدە



ئاپتور ۋېنگرىيىلىك تۈركولوگ بىلەن پوتسدام سەپىرىدە



ئاپتور رۇسىيىلىك ئوتتۇرا ئاسىياشۇناس كىلياشتورنىي بىلەن بېرلىندا





ئاپتور ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە



ئۈيغۇرىيەنىڭ يېڭى دوستلىرى



ئۈيغۇرىيە ستوكھولمدىكى رۆدابېرى باشلانغۇچ مەكتىپىدە

# 内 容 提 要

19 世纪末 20 世纪初，俄国、德国、英国、法国、瑞典、日本、芬兰、丹麦等西方国家的探险队纷纷进入我国新疆地区，对维吾尔和其他当地民族的语言文字、古代文献、民俗文化、历史资料以及文物古籍进行了大规模的考察和调研。外国探险家在我国新疆地区长达 50 多年的考察过程中，数万卷维吾尔语和其他语言的古文献流落异邦！随着对这些文献资料的解读和刊布，于是在世界范围内掀起了维吾尔语言文化和历史文献的热潮。其中，瑞典东方学家在这一领域所获得的成果是令人羡慕的。瑞典和中亚的文化交流关系追溯到 18 世纪前半叶。19 世纪末至 20 世纪 30 年代瑞典探险家斯文·赫定在新疆境内进行了五次规模宏大的探险活动，取得了辉煌的成就。与此同时，瑞典传教团从 1892 年至 1938 年间，在南疆长达近半个世纪的传教活动中，搜集和印刷了大量的维吾尔文文献，对 20 世纪瑞典维吾尔学的形成和发展打下了扎实的基础。除此之外，瑞典东方学家、外交家贡纳尔·雅琳博士在 20 世纪欧洲维吾尔学研究领域起到了非常重要的作用。目前在瑞典的各个博物馆、图书馆、档案馆以及学术机构仍然收藏了大量的维吾尔文古籍资料和印刷品。

作者于 2003 – 2004 年赴瑞典斯德哥尔摩大学访学。为期一年的学习和合作研究期间，一方面，笔者在斯德哥尔摩大学东方语言学院中亚文化中心担任现代维吾尔语和乌兹别克语等课程的教学任务。另一方面，专门调查和阅读瑞典各个图书馆、博物馆以及一些学术机构收藏的近代维吾尔文手抄本和印刷资料并用英语写作完成一篇 5 万字的研究报告。与此同时，笔者先后赴德国、法国、英国、丹麦、芬兰等国家的多所大学和研究机构进行学术考察和短期讲学，收集了与中亚和新疆地区各民族语言文化有关的最新研究信息。回国后，作者经过一年的继续苦思和费力写作后完成此书。

这是一部学术考察与旅游文学相结合的著作。

本书以散文叙事和学术描述相结合的写作方法，全面而系统的评述瑞典维吾尔学的形成、发展历程以及目前最新状况。与此同时，用生动而美丽的语言，阐述了笔者在欧洲所经历的生活体验和学术感想。

# To the reader

The book used literary and popular writing ways to explain the impression of author's experiences as an visiting scholar in Sweden during the years of 2003～2004. The book has two immediate goals. On one hand, it seeks to present an overview of the past and present relations between Uyghurs and Swedes. The narrative, which begins with the Swedish war prisoners in southern Siberia and their captivated life in northern Xinjiang in the early 18th century, proceeds chronologically, the Swedish explorer Sven Hedin's six long expeditions to the Central Asia, especially Takla-makan desert and Lop Nor region; the religious and cultural activities of Swedish missionaries in southern Xinjiang; the outstanding Swedish Turcologist late Dr. Gunnar Jarring and his numerous works on Uyghur language and culture; current Scandinavian research on Central Asia and great amount of Uyghur manuscripts, printing materials, historical photographs preserved in Swedish archives. On the other hand, this book also seeks to present the author's impression and overview on current Nordic countries, especially Sweden and Swedish society. Chapters describes with tell-stories pattern and academic attitude to the current situation of Swedish society include landscape, history, tradition, culture, education, people, politics, living style, economics and welfare system, immigration as well as contemporary daily- life in Scandinavian cities. It is based on the most recent sources in English, Swedish, Uyghur and other languages, and it is also presents first-hand information gathered by author during recent one year visits to Sweden.

Why did the author write this book?

Uyghurs is one of the most colourful and romantic ethnic minorities in China, nonetheless today number more than nine million. As a largest ethnic group, they have played an important role in Xinjiang history. Xinjiang is geographically characterized of being China's largest administrative region, covering approximately 1/6th of China's total territory or 1,646,800km². In a geographical sense, Xinjiang can also be defined as a peripheral land and one of the most isolated region.

Swedes is also one of the most colourful people in Scandinavia who, although far from being the largest populated people in Europe, nonetheless today just over nine million. Physically, Sweden is the fourth largest country in Europe. It is 500 kilometers wide and stretches 1600 kilometers from north to south, with a surface area of 450,000 square kilometers.

People will probably be surprised to see that there is any relationship between Uyghurs in westernmost China and Swedes in Scandinavia from history up-to-today!?

With respect to the historical relationship between Uyghurs and Swedish people, famous Turcologist, ambassador Gunnar Jarring has once said: " It may seem surprising that there is a relationship between a small country in northern Europe and an isolated autonomous province of the People's Republic of China in Central Asia, but nevertheless it is a fact. This relationship began long before the formation of the

present province of Xinjiang ".

As a matter of fact, there had been a peculiar, historical relationship between Swedish and Uyghur people since 18th century. In the year of 1709, the Swedish king CharlesXII and his army were defeated by the Russian army during the Poltava War. More than 20,000 Swedish soldiers and officers were captivated by Russians and exiled to the Siberian area. There were some Swedish soldiers who had joined up Russian army and done on military service in the Asian borderlands of the Russian empire. Among them, some of the Swedish prisoners visited to Xinjiang and were captivated unfortunately by Dzungarian Kalmyks who was reigned Xinjiang of that time. The most famous of these Swedish prisoners were sergeant major in the artillery, Johan Gustaf Renat (1682～1744) and his wife Brigitta Scherzenfeldt (1684～1735) whose stay in Ili valley long time and served Kalmyks as an adviser on both military and cultural matters. Brigitta was commissioned by her captors to pay a visit to the city of Yarkand at the southern Silk Road in order to buy equipment for a royal wedding. Her visit took place in the 1720s and she may have been the first European lady who set foot in this old city, located in southern Xinjiang.

Renat and his wife had been granted finally a chance of returning to Sweden after long time captivity in 1734. During their journey back to Sweden, they had taken several Uyghur flunkies from Khotan together with them. There were only three Uyghur girls luckily got over their trip to arrive into Sweden eventually. Those Uyghur girls were recorded as "Cottonske Escalavar" in the Swedish historical achieves and it means "three slaves from Khotan" according to Gunnar Jarring. Shortly after their arrived in Stockholm, they were baptized and received Swedish names. Unfortunately, nothing more was heard of them. Anyhow, they were the first Uyghur people in Sweden, where some 250 years later a few number of Uyghur refugees and students were living and studying now.

Hereafter, the relationship between Sweden and Xinjiang broke off for a long time. This isolation was demolished after 150 years or to the end of 19th century.

Real Swedish-Uyghurs contacts and Swedish research into Xinjiang started with the great explorer and geographer Sven Hedin (1865～1952) who first visited Kashgar in 1891 and thus initiated a long period of Swedish relations with Xinjiang which existed and lasted to recent days. Between 1891 and 1935, the Swedish explorer Sven Hedin went out on six long expeditions, which took him on different routes through the Central Asia, especially Takla-makan desert as far as Lake Lop Nor and Tibet. Among those expeditions, the local Uyghur guides and "Silent Helpers" such as Ördek etc. took an important role along the southern Silk Road. Sven Hedin brought back to Sweden important archeological material from Xinjiang and it was he who discovered the desert town of Loulan (Kroraina) in the nearby of Lop Nor.

In the spring of 1892, a small group of Swedish missionaries which was stationed in Iran arrived in Kashgar with the aim of spreading and developing Christianity in this isolated far away place.

In 1892, the Mission Covenant Church of Sweden (Svenska Missionsförbundet)

decided to open up a new mission field in Kashgar in the Chinese westernmost province of Xinjiang. The first Swedish missionaries had begun its activities in January 1892 in southwestern Xinjiang. Thus the Missionary stations have maintained in the cities of Kashgar, Yarkand and Yengi-hissar one after another. Missionary work was obviously the main task of the mission. But the missionaries soon realized the necessity of combining religious missionary efforts with medical care and cultural or educational activities. The mission set up their own printing-office in Kashgar in 1912 which was the only existing printing works in the southern parts of the Xinjiang until 1938. The Swedish printing-office during its 25 years of operation, printing and publishing thousands of books in Uyghur language which related to religious literature and secular materials. Besides, they were also printed various kinds of teaching and science books, calendars, tracts and also modern newspapers. Before the Soviet Russia influence over the Xinjiang in the 1930s, the cultural and educational activities of the Swedish Missionaries, especially their modernized printing-office took an important role to the formation and developing of modern Uyghur. This can be considered as a tremendous event in the 20th century Uyghur cultural history.

Behind these religious and cultural activities in southern Xinjiang, there are many Swedish missionaries who engaged with linguistic and literary investigations. Gustaf Raquette (1871～1945), Gustaf Ahlbert (1884～1943), Sigfrid Moen (1897～?), Oscar Hermansson (1889～1951) and so on. One result of their interest is the collection of Oriental manuscripts at the several libraries and archives in Sweden, which, although unknown for the majority of people, are of lasting value for international Oriental research purposes.

The outstanding Swedish Turkologist Gunnar Jarring (1907～2002), who was a great figure and symbol of the relationship between Swedes and Uyghurs throughout the 20th century. His teacher Gustaf Raquette's scientific work at the Lund University was continued by Gunnar Jarring. In 1924 a chair for Turcology was established at the University of Lund where Eastern Turki (Uyghur) language was taught. Gunnar Jarring who had been in Kashgar in 1929-1930 to study the Uyghur language and collected linguistic materials for his doctoral dissertation. The months spent in Kashgar were the beginning of Jarring's long and successful career as a Turkologist. Dr. Jarring has published numerous works on Uyghur linguistic and ethnographical fields, having continued his research and production also during his years in the diplomatic service. Before his death, at the age of 95, Ambassador Jarring completed a huge work on the Central Asian Turkic place names that appeared in Sven Hedin's publications.

This book provides a popular and socio-cultural description to the current Swedish society and its various aspects for Uyghur readers. At the same time, this book also intends to demonstrate the historical and cultural relationship between Central Asia and Scandinavia. Answers to many questions as Central Asian manuscripts and Uyghur studies in Sweden also can be found in this book.

# مۇندەرىجە

مۇقەددىمە **ئۆزلۈكنىڭ چاقىرىشى** ........................................ I
بىرىنچى باب **نوبېلنىڭ ۋەتىنىگە ئۇچۇش** ........................................ 3
ئىككىنچى باب **ستوكھولمدىكى تۇنجى كۈن** ........................................ 10
ئۈچىنچى باب **شەرق تىللىرى ئىنستىتۇتىدا** ........................................ 20
تۆتىنچى باب **FoCAS ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا كۇتۇپخانىسى** ........................................ 28
بەشىنچى باب **دېكابىردىكى ستوكھولم** ........................................ 42
ئالتىنچى باب **شۋېتلارنىڭ خاراكتېرى** ........................................ 47
يەتتىنچى باب **دانىيىگە سەپەر: ئاندېرسوننىڭ يۇرتىدا يېڭى يىلنى ئۆتكۈزۈش** ..... 71
سەككىزىنچى باب **مەركىزىي ئاسىيا بىلەن شىمالىي ياۋروپانىڭ تارىخىي دىئالوگى** .. 90
توققۇزىنچى باب **سۋېن ھېدىن خاتىرە سارىيىدىكى ئىككى بوتۇلكا دۇغ سۇ** ........ 97
ئونىنچى باب **توبىئاسىنىڭ ئازابى ۋە شۋېت شەرقشۇناسلىرى ھەققىدىكى تەنقىدىي ئويلار** ........................................ 111
ئون بىرىنچى باب **شۋېت ئارخىپلىرىغا كۆمۈلگەن سىرلار** ........................................ 122
ئون ئىككىنچى باب **شۋېت مىسسىئونېرلىرىنىڭ قەشقەردىكى پائالىيەتلىرى** ...... 147
ئون ئۈچىنچى باب **لۇبېكتىن بېرلىنغىچە: گېرمانىيىدە كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىم** .. 187
ئون تۆتىنچى باب **گۈننار ياررىڭنىڭ روھ ئالىمىنى ئىزدەپ** ........................................ 219
ئون بەشىنچى باب **ئۇپسالا ئۇنىۋېرسىتېتىدا بولغان كۈنلەر** ........................................ 234
ئون ئالتىنچى باب **قازاق قىزى ئايدا لۇند** ........................................ 260
ئون يەتتىنچى باب **ستوكھولمدا جەم بولۇش** ........................................ 276
ئون سەككىزىنچى باب **قىزىم ۋە شۋېتسىيە باشلانغۇچ مائارىپى** ........................................ 288
ئون توققۇزىنچى باب **يەتتىسۇلۇق بىر مۇساپىرنىڭ ھېكايىسى** ........................................ 308
يىگىرمىنچى باب **خانلىق كۇتۇپخانىدا ئانا يۇرتنىڭ ئۆتمۈشى بىلەن مۇڭدىشىش**..318
يىگىرمە بىرىنچى باب **ستوكھولم ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۇيغۇر تىلى دەرسى ئېچىلدى** ... 359
يىگىرمە ئىككىنچى باب **فىنلاندىيە سەپىرىدە ئويلىغانلىرىم** ........................................ 370
يىگىرمە ئۈچىنچى باب **رىمبو بازىرىدىكى تېپىتىنچ كۈنلەر** ........................................ 388
يىگىرمە تۆتىنچى باب **پارىژغا بېرىش: فرانسىيىگە نېمە بولدى؟** ........................................ 397
يىگىرمە بەشىنچى باب **ئازابلىق سېنتەبىر: ستوكھولمدىكى ئاخىرقى كۈنلەر** ........ 428
خاتىمە **مەدەنىيەتلەر دىئالوگىدا كىملىكىمىز** ........................................ 435

# Contents


| | | |
|---|---|---|
| **Introduction** | Self-suggestion: why did I write this book? | 1 |
| **Chapter 01** | Fly to the country of Alfred Nobel | 3 |
| **Chapter 02** | The first day of Stockholm | 10 |
| **Chapter 03** | At the Oriental Languages Institute | 20 |
| **Chapter 04** | FoCAS and Central Asian Library | 28 |
| **Chapter 05** | Dark and cloudy December in Stockholm | 42 |
| **Chapter 06** | Characters of Swedes | 47 |
| **Chapter 07** | Leaving for Denmark: New Year in Aurhus | 71 |
| **Chapter 08** | Historical dialogue between Central Asia and Scandinavia | 90 |
| **Chapter 09** | Sven Hedin Foundation in Stockholm | 97 |
| **Chapter 10** | Critical review on Swedish Orientalists | 111 |
| **Chapter 11** | Buried materials at the Swedish Archives | 122 |
| **Chapter 12** | Religious and cultural activities of Swedish Missionaries in Kashgar | 147 |
| **Chapter 13** | From Lübeck to Berlin: Thoughts of Germany | 187 |
| **Chapter 14** | Seeking for the academic traces of Gunnar Jarring | 219 |
| **Chapter 15** | The days at the Uppsala University | 234 |
| **Chapter 16** | A Kazakh girl in Sweden | 260 |
| **Chapter 17** | Family reunion at Stockholm | 276 |
| **Chapter 18** | Heaven of Children: Primary education of Sweden | 288 |
| **Chapter 19** | Story of a refugee's from Yettesu | 308 |
| **Chapter 20** | Central Asian materials in Royal Library of Stockholm | 318 |
| **Chapter 21** | Teaching experiences of modern Uyghur at the Stockholm University | 359 |
| **Chapter 22** | A journeys to Finland | 370 |
| **Chapter 23** | Golden summer in Rimbo | 388 |
| **Chapter 24** | Impression of France: Travel to Paris | 397 |
| **Chapter 25** | The last days in Stockholm | 428 |
| **Conclusion** | Uyghur identities in intercultural communication | 435 |

## مۇقەددىمە

# ئۆزلۈكنىڭ چاقىرىشى

بىز كىم، بىزنىڭ مەدەنىيەتلەر جىددىي رەقىبلىشىۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيادىكى ئورنىمىز ۋە سالاھىيىتىمىز نىمە، بىز بۈگۈنكى بەر شارى كەنتىدە باشقا نۇرغۇن خەلقلەرگە ئوخشاش ئۆزلۈكىمىزنى ۋە كىملىكىمىزنى قانداق ئىپادە قىلىمىز؟

شىمالىي ياۋروپادا ياشىغان بىر يىل جەريانىدا مەن بۇ سوئاللارنى ئۆز ـ ئۆزۈمدىن تالاي قېتىملار سورىدىم. كۆك رەڭلىك ياۋروپانىڭ سوغۇق ۋە ھۆل رىئاللىقى ئىچىدىن يىراقتىكى ئانا يۇرتۇمنىڭ قۇرغاق كەيپىياتىغا نەزەر تاشلىدىم. ياۋروپا قىرغاقلىرىنى بويلاپ كۆرگەن ۋە بىلگەنلىرىمنى غەرب مەدەنىيىتىنىڭ زامانىۋى ياللىراقلىرى ۋە قىممەت ئۆلچەملىرىدە ئەمەس، بەلكى مەركىزىي ئاسىيا چوڭقۇرلۇقلىرىغا باغلانغان بىر قەدىمىي خەلقنىڭ كۆزىدە تۇرۇپ كۆزەتتىم. ئۆزۈمنى، ئۆزۈمنىڭ كىملىكىمنى ۋەتىنىمدە ۋە خەلقىمنىڭ كۆزىدە تۇرۇپ ياشىغان شۇنچە ئۇزۇن يىللاردا ئەمەس، بەلكى ۋەتەندىن ئايرىلىپ مۇساپىرەتتە ئۆتكۈزگەن ئاشۇ بىر يىل جەريانىدا تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەنگەنلىكىمنى ھېس قىلدىم...

يىراققا سەپەر قىلدىم ھەم قايتىپ كەلدىم.

قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ياۋروپادىكى خاتىرىلىرىم ئاساسىدا بىرەر كىتاب يېزىشنى ئويلىغان بولساممۇ، لېكىن ئۇزاققىچە يازالمىدىم. تەسىراتلىرىممۇ ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ سۇسلاپ بېرىۋاتقاندەك ھېس قىلماقتا ئىدىم. دوستلىرىم كۆپ قېتىم مېنىڭ ياۋروپادىكى تەسىراتلىرىم ھەققىدە كىتاب يېزىشىمنىڭ زۆرۈرلۈكىنى سەمىمگە سېلىپ تۇرۇشتى. بىر قىسىم ئوقۇرمەنلىرىممۇ ماڭا يازغان خەتلىرىدە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان جىمىپ كەتكەنلىكىمنى تىلغا ئېلىپ، «نېمە ئۈچۈن كۆرگەن ۋە بىلگەنلىرىڭىزنى يازمايسىز؟» دەپ سوراشتى.

كۆپ ئويلاندىم. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ياپونىيە، رۇسىيە، ئوتتۇرا ئاسىيا، ئامېرىكا ۋە ياۋروپا ئەللىرى ھەققىدە كۆپلىگەن ساياھەت خاتىرىلىرىنىڭ يېزىلغانلىقىنى كۆرۈپ قەلەم تەۋرىتىش ئويۇمدىن يالتىيىپمۇ قالدىم. راستىنى ئېيتسام، چەت ئەللەردىكى كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىمنى پەش قىلىپ، ياۋروپانىڭ كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ياللىراقلىرى بىلەن باشقىلارنى مەھلىيا قىلىدىغان تاشقى

پوستىنىنى كۆپتۈرۈپ يېزىپ، ياش ئوقۇرمەنلەرنىڭ «ياۋروپا چۈشى» نى تېخىمۇ ئۇلغايتمۇۋېتىشنى خالىمىدىم.

بىر يىلغا يېقىن ۋاقتىم دېلىغۇللۇق ئىچىدە ئۆتۈپ كەتتى. ئاخىرىدا ئۆزۈمگە ھاي بېرىپ، ياۋروپادا كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىمدە ئوقۇرمەنلىرىمنىڭمۇ ھەققى بارلىقىنى، ئۇنى ئۆزۈمنىڭ دۇنياسىدا يوشۇرۇپ قىلىشنىڭ بېخىللىق بولىدىغانلىقىنى، تەسىراتلىرىمنى ئەينى قىياپىتى بويىچە خەلقىمگە يەتكۈزۈش مەجبۇرىيىتىمنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدىم.

مەن بۇرۇن ئۆزۈم مەنسۇپ بولغان بۇ تۇپراقنى، بۇ تۇپراقتا تۇغۇلۇپ، كۆپىيىپ ئۇزاق تارىخنى بوگۇنگە ئۇلىغان خەلقىمنى، شۇنداقلا بۇ تۇپراقتىن ئۇرۇق ئالغان مىللىي مەدەنىيىتىمىزنى مۇشۇ تۇپراقتا ياشاۋېتىپ كۆزەتكەنىدىم. تەقدىر مېنى مېھرى ئىسسىق بۇ تۇپراقنىڭ قوينىدىن ئايرىپ يىراق ئەللەردە ھاياتىمنىڭ بىر يىلىنى ئۆتكۈزۈشكە نېسىپ قىلدى. مەن يىراقتا تۇرۇپ مەركىزىي ئاسىيا چوققىلىرىغا نەزەر تاشلىغىنىمدا ئۆزلۈكىمىز ۋە كىملىكىمىزنىڭ نۇرغۇن تەرەپلىرىنى تېخى تەلتۆكۈس چۈشىنىپ يەتمىگەنلىكىمنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. شۇنداق، ياۋروپادىكى بىر يىل ماڭا ئۆزلۈكىمىز بىلەن كىملىكىمىزنى سوغۇق قانلىق بىلەن كۆزىتىدىغان پۇرسەت ۋە يېڭى كۆز بەردى. ئەمدى مۇشۇ كۆز بىلەن ئولىمپس تېغىدىن ئۇزاق ئاسىيا باياۋانلىرىدىكى ئانا تۇپراققا قايتا نەزەر ئاغدۇراي، ئەگرى تاغلىرىنىڭ يۈرەك سوقۇشىغا قۇلاق سالاي، تارىم چوڭقۇرلۇقلىرىنىڭ ئىچكى سۈكۈناتىغا شۇڭغۇپ باقاي ...

بىرىنچى باب

# نوبېلنىڭ ۋەتىنىگە ئۇچۇش

2003 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى بېيجىڭ خەلقئارا ئايروپورتىدا تاموژنىدىكى ئىنچىكە تەكشۈرۈشلەر ۋە مۇرەككەپ بولغان چېگرىدىن چىقىش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىپ بولۇپ، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىدىم. ئايروپىلان ئۇچىدىغانغا يەنە 50 مىنۇتچە ۋاقىت بار ئىدى. كۈتۈش زالىدا بايىقى ئالدىراشچىلىق ۋە تەشۋىشلەر ھاسىل قىلغان جىددىي كەيپىياتىمنى تەڭشىگەچ، تەرلىرىمنى سۈرتۈپ، دېمىمنى ئالدىم. مۇشۇ تۇرقىمدا كاللامدا تۇمەن مىڭ خىيال، ئۆزۈمنى ھەرقانچە تىنچىتىشقا تىرىشساممۇ، لېكىن بىلىپ بولمايدىغان بىر خىل ھاياجان ۋۇجۇدۇمدا دولقۇنلاپ تۇراتتى. ھەي! مۇشۇ بىر يىلنى ئويلىسام، پۈتكۈل ۋاقتىم چەت ئەلگە مېڭىشنىڭ تەييارلىقى بىلەن ئۆتۈپتۇ. پاسپورت بېجىرىشنىڭ قىيىن ۋە مۇرەككەپ رەسمىيەتلىرىنى سەۋرچانلىق بىلەن تۈگىتىش؛ بېيجىڭ تىل ئۇنىۋېرسىتېتىغا بېرىپ يېرىم يىللىق ئىنگلىزچىدىن سەۋىيە ئۆستۈرۈش ئوقۇشىغا بېرىش؛ سارس كېسەللىكى تارقالغان ئاشۇ قورقۇنچلۇق كۈنلەردە بېيجىڭدىكى 25 كۋادرات مېتىر كەلمەيدىغان ياتاق ئۆيدە بىكىنىپ يېتىپ تەشۋىش ۋە قورقۇنچ ئىچىدە ئىككى ئاينى ئۆتكۈزۈش؛ ۋىزا ئېلىش ئۈچۈن خۇددى ئارخىپ تۈرغۈزغاندەك سان ـ ساناقسىز ھۆججەت ۋە ئىسپاتلارنى تەق قىلىش... ئىشقىلىپ، ئەنە شۇنداق بىر قاتار تەييارلىق ۋە رەسمىيەتلەرنىڭ ھەلەكچىلىكىدە مىلادىيە 2003 ـ يىلى ئاخىرلىشىشقا بىر ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت قالغاندا ئاران يولغا چىقالىدىم. نېمىلا بولمىسۇن، خۇداغا شۈكۈر!... ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەرنىڭ مانا مۇشۇنداق تۈگىمەس رەسمىيەتلەر ۋە ئادەمنىڭ زېھنىنى ئۇپرىتىدىغان ئىش بېجىرىش ئۇسۇلىنىڭ تىنىمسىز دىشۋارچىلىقلىرى ئىچىدە ئۆمرىنىڭ ئاققان سۇدەك ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئويلىسا كىشى ئەپسۇسلانماي تۇرالمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئالدىنقى يىلى (2002 ـ يىل) ياپونىيىگە بارغىچە يېرىم يىللىق تەييارلىق ۋە رەسمىيەت بېجىرىش جەريانىدا ئۆزىگە ھاي بېرىش، چىشىنى چىشلەش ۋە سەۋر قىلىشنىڭ نېمىلىكىنى ھەممە ئۇنىڭ ئازابلىق تەجرىبىسىدىن قانداق ئۆتۈشنى بىر قېتىم بېشىمدىن ئۆتكۈزگەن ئىدىم. شۇڭا بۇ قېتىم يولغا چىقىشنىڭ ئالدىدىكى مۇرەككەپ ۋە ئۇزۇنغا سوزۇلغان رەسمىيەتچىلىك كەچمىشلىرى ماڭا ئۆنچىلىكمۇ يات تۇيۇلۇپ كەتمىدى ...

ئايروپىلانغا چىقىش ۋاقتى بولغان چېغى، ئەتراپىمدىكى سەپەرداشلىرىمنىڭ

ئالدىراپ ئورنىدىن قوزغىلىشى مېنى خىياللىرىمدىن ئويغاتتى. ئىغىر ۋە كېلەڭسىز سومكىلىرىمنى كۆتۈرۈپ بىر خىل مۇرەككەپ ھېسسىيات ئىچىدە ئايروپىلانغا چىقتىم. بۇ 400 دىن ئارتۇق يولۇچى ئولتۇرىدىغان چوڭ تىپتىكى ئايروپىلان ئىدى. ئانچە كۆچىمەيلا ئورنۇمنى تاپتىم، قېشىمدىكى ئورۇنغا 50 ياشلار چامىسىدىكى ساقال قويۇۋالغان بەستلىك بىر ياۋروپالىق ئەر كىشى كېلىپ ئولتۇردى. بىز باش لىڭشىتىپ سالاملاشتۇق.

ئايروپىلان گۈرۈلدەپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈشى بىلەن، مېنىڭ خىياللىرىمۇ يىراقتىكى يۇرتۇم ۋە ۋەتەنداشلىرىمنىڭ ئارىسىدىن كۆز ئالدىمدىكى بوشلۇققا قايتىپ كەلدى. بىر نۇقتىغا يىغقىلى بولمايدىغان گادىرماچ خىياللار ئىلكىدە ئۆزۈمنىچە ئىسمىنى يىغالمىدىم. شۇنداق، ئەمدى مېنىڭ يىراق ئەللەردىكى يېڭى ھاياتىم باشلاندى، ئۇ يەردە مېنى تامامەن بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدىغان بىر مۇھىت كۈتۈپ تۇرىدۇ. كىچىككىمدە ياۋروپا ھەققىدە قانچىلىغان كىتابلارنى ئوقۇپ، قانچىلىغان چۈشلەرنى كۆرگەن، 15 ـ ئەسىردىن كېيىن، تېخىمۇ توغرىسى «ئەدەبىي ئويغىنىش» (Renaissance) دەۋرىدىن كېيىن ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ پاراۋۇزى بولۇپ كەلگەن بۇ ئويغاق قىتئەگە نۇرغۇن قېتىملار تەلپۈنگەن. ھالبۇكى، مانا ئەمدى ھاياتىمنىڭ 34 ـ يىلىدا كۆپلىگەن ئارزۇ ۋە پىلانلارنى قەلبىمگە پۈكۈپ، قۇياش پاتىدىغان ئاخىرقى دېڭىز تامان كېتىپ بارىمەن. ئويلىغانلىرىم ۋە قىلماقچى بولغان پىلانلىرىم ئۇ يەرنىڭ ئەمەلىيىتىدە ئىشقا ئاشارمۇ؟ مەن تەسەۋۋۇر قىلغان ياۋروپا بىلەن رېئاللىقتىكى ياۋروپانىڭ ئارىلىقىدا زادى قانچىلىك ئوخشاشلىق ۋە پەرقلەر بار بولغىدى؟ مەركىزىي ئاسىيانىڭ خىلۋەت بوستانلىقلىرىدا ئۆز تۇرمۇشىنىڭ ھەلەكچىلىكلىرىدىن خالىي بولالماي بىر خىلدا ياشاپ كېلىۋاتقان مىللىتىمىز بىلەن ياۋروپا جەمئىيەتلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قانچىلىك ئارىلىق باردۇر!؟...

ـــ ئەپەندىم، سىز بۇيرۇتقان مۇسۇلمانچە تاماق مۇشۇ شۇ، ھۇزۇرلىنىپ يېگەيسىز! ـــ كۈتكۈچى قىزنىڭ يېقىملىق ئاۋازى مېنى خىياللىرىمدىن ئويغاتتى. مەن شۇندىلا قورسىقىمنىڭ ۋىژىلداپ ئېچىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. بېيجىڭ ئايروپورتىدا ئورۇن كارتىسىنى ئالغىچە مۇسۇلمانچە تاماق يەيدىغانلىقىمنى ئەسكەرتىپ قويغانىدىم. شۇڭا كۈتكۈچىلەر مېنىڭ تامىقىمنى ئايرىم قىلىپ، تاماق قاچىسىنىڭ ئۈستىگە «مۇسۇلمانچە» (Muslim food) دېگەن ماركىنى چاپلاپ ئېلىپ كەپتۇ. مەن تاماق يەي دەپ تۇرۇشۇمغا يېنىمدىكى سەپەرداشىم ناھايىتى راۋان ئىنگلىز تىلىدا ماڭا گەپ قىلدى:

ـــ سىز مۇسۇلمانمۇ؟

ـــ شۇنداق، مەن مۇسۇلمان.

ـــ خاتالاشمىسام، جوڭگونىڭ شىنجاڭ دېگەن يېرىدىن بولامسىز؟

AltunOq

ــــ ھەئە، شىنجاڭلىق ئۇيغۇر بولىمەن! ــــ دېدىم ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋابەن. تۇرۇپلا سەل ھەيران بولدۇم. چۈنكى چەت ئەللەرگە كۆپ چىققان كىشىلىرىمىزنىڭ ئورتاق بىر تەسىراتى شۇكى، ئۆزىمىزنىڭ مىللىي كىملىكىمىزنى باشقىلارغا چۈشەندۈرۈش بىز ئۈچۈن قىيىن مەسىلىلەرنىڭ بىرى سانىلىدىكەن. «ئۇيغۇر» دېسە كۆپ قىسىم كىشىلەر قانداق خەلق ئىكەنلىكىنى ئۇقمىغان، «جۇڭگولۇق» دېسە جۇڭگولۇقلارغا ئوخشىمايسەنغۇ دەپ ئىشەنمىگەن، ئاخىرىدا بولمىغاندا خەرىتىنى ئېچىپ جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، بۇ يەردە ياشايدىغان ئاساسلىق يەرلىك خەلق دېسە، ئاندىن بىلگەنلىرى باش لىڭشىتقان، يەنە چۈشەنمىگەنلىرى «تۈرك» (Türk) ياكى «مۇسۇلمان» (Muslim) دېيىلا چۈشەنگەن ...

شۇ تۇرقىدا ئالدىنقى يىلى ئۆزۈمچىدىكى بىر سورۇندا دىلبەر يۇنۇس ھەققىدە بولۇنغان گەپلەر ئېسىمگە كەلدى. دىلبەر يۇنۇس ياۋروپادا داڭق قازىنىپ، شۋېتسىيە خانلىق تىياتىرى بىلەن فىنلاندىيە دۆلەتلىك تىياتىرلىرىنىڭ مەڭگۈلۈك ناخشىچىسى سالاھىيىتىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنىڭ كىملىكىنى باشقىلارغا چۈشەندۈرۈش تولىمۇ قىيىن مەسىلە بولۇپ قالغان ئىكەن. شۇڭا ئۇ شىنجاڭدىكى دوستلىرىغا خەت يېزىپ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىسقىچە تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى ھەققىدە ئامماباب ۋە چۈشىنىشلىك بولغان ماتېرىيال يېزىپ بېرىشىنى، ئۇنى ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلىپ ئۆزىنىڭ مىللىي كىملىكىنى سورىغانلارغا ئۇزۇن چۈشەندۈرۈشلەرنى بېرىپ يۈرگەندىن، ئاشۇ بىر ۋاراق قەغەزنىلا بەرمەكچى بولغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. لېكىن ياپونىيىدەك بەزى دۆلەتلەردىكى خەلقلەرنىڭ بىزگە بولغان چۈشەنچىسى خېلىلا چوڭقۇر. چۈنكى ياپونىيىلىكلەرنىڭ بىز ھەققىدىكى چۈشەنچىسى ئۇلارنىڭ كۆپرەك يىپەك يولى مەدەنىيىتىگە قىزىققانلىقى ۋە شىنجاڭغا ساياھەتكە كۆپرەك كەلگەنلىكى، شۇنىڭدەك ياپونىيىدە ئوقۇۋاتقان ۋە ئىشلەۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپلۈكى ۋە ئۇلارغا ياخشى تەسىرات بەرگەنلىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. 2002 ـ يىلى 16 ـ دېكابىردا ياپونىيىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى چوڭ شەھىرى فۇكوكا ئايروپورتىدا تاموژنىدىن چىققىدىغان چېغىمدا، رەتلىك فورما كىيگەن تاموژنا خادىمى پاسپورتۇمنى كۆرۈپ ئىنگلىز تىلىدا ئەدەپ بىلەن، ــــ سىز ئۇيغۇرمۇ؟ ياپونىيىگە كەلگىنىڭىزنى قارشى ئالىمىز! ــــ دېگىنىدە ئاجايىپ بىر ھاياجان ئارىلاش ئىسسىق ئېقىم ۋۇجۇدۇمنى لەرزىگە سالغانىدى. بۇگۈنكى دۇنيادا بىر مىللەت ئۈچۈن ئۆزىنىڭ مىللىي كىملىكىنى باشقىلارغا چۈشەندۈرەلمەسلىكتىنمۇ ئېغىر ئىش بارمىدۇ!؟ دەرۋەقە، دۇنيا مەدەنىيىتىگە قاتناشماسلىق، ئۆز چەمبىرىكىگە بېكىنىۋېلىپ سىرتقى ئالەمدىن ئايرىلىپ قېلىش، جاھان تارىخىنىڭ ئاساسىي ئېقىمىدىن چەتتە قېلىش ــــ مانا بۇ بىزنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىن بۇيانقى بارلىق

تراگېدىيىلىرىمىزنىڭ بىر سەۋەبىدۇر!

سەپەرداشلىرىمىزنىڭ سوئاللىرى مېنى قىزىقتۇردى. مەن ئۇنىڭ بىلەن بولغان سۆھبىتىمنى داۋاملاشتۇردۇم:

ـــ سىز شىنجاڭنى، ئۇيغۇرلارنى بىلەمسىز! ـــ دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.

ـــ مەن جۇڭگوغا كۆپ كەلگەن، لېكىن شىنجاڭغا بېرىش پۇرسىتى بولمىدى. مەن ئەسلىي ئىسلاندىيىلىك، ئىسمىم رامسخولد، فرېدرىك رامسخولد! ھازىر گېرمانىيىنىڭ فرانكفورت شەھىرىدىكى يەر ئىسسىقلىقى ئېنېرگىيىسىدىن پايدىلىنىش ۋە تەتقىق قىلىش مەركىزىدە خىزمەت قىلىمەن. بىزنىڭ جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى بىلەن چىڭخەي ـ شىزاڭ ئېگىزلىكىدىكى يەر ئىسسىقلىقى ئېنېرگىيىسىنى ئېچىش ۋە تەتقىق قىلىش جەھەتتە ھەمكارلىق تۈرىمىز بار. بۇ مېنىڭ بېيجىڭغا 8 ـ قېتىم، چىڭخەيگە 6 ـ قېتىم بېرىشىم. ئۇ يەردە تەكشۈرۈش ۋە ئىشلەش جەريانىدا تىبەتلەر بىلەن كۆپ بىرگە بولدۇم. ئۇيغۇرلارنى بىلىمەن، بېيجىڭدىكى ۋاقتىمدا ئۇيغۇرلارنىڭ رېستورانىغا بىر قېتىم بارغان. ناخشا ـ ئۇسسۇللىرى پۈتۈن جۇڭگوغا داڭلىق دەيمەن. مەن شۋېتسىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى سۋېن ھېدىن (Sven Hedin) غا چوقۇنىمەن، ئۇنىڭ سىلەرنىڭ شىنجاڭ ھەققىدە يازغان كىتابلىرىنى ئوقۇغانمەن، ئاشۇ كىتابلاردىمۇ سىلەر توغرىلىق كۆپ بايانلار بار.

ـــ مەنمۇ دەل سۋېن ھېدىننىڭ ۋەتىنىگە ماڭدىم. شۋېتسىيىلىكلەر بۇنىڭدىن 100 يىللار ئىلگىرى بىزنىڭ نۇرغۇن يادىكارلىقلىرىمىز ۋە يازما ۋەسىقىلىرىمىزنى ئېلىپ كەتكەن. مەن بۇ قېتىم ئاشۇ ماتېرىياللارنى كۆرۈپ تەتقىق قىلماقچى، ـــ دېدىم ھاياجان بىلەن.

ـــ ئۇنداقتا، ئىككىمىزنىڭ سۆھبىتىگە ئورتاق تېما چىقتى، مەن پاراڭ قىلىشقا ئامراق ئادەم، جىمجىتلىقنى ئۆچ كۆرىمەن، ئايروپىلان فرانكفورتقا يېتىپ بارغىچە يەنە يەتتە سائەتتەك ۋاقىت بار، بۇ ئۇزۇن مۇساپىنى پاراڭ بىلەن ئۆتكۈزمىسە، ئادەمنىڭ ئىچى پۇشۇپ تىتىلداپ كەتمەمدۇ! سىز ئاخىرقى نۇقتا ستوكھولمغا بارسىڭىز تېخى ئون سائەتكە يېقىن ئايروپىلاندا بولىسىز...سكاندىناۋىيىلىكلەر ئادەتتە جىمجىتلىقنى ۋە يالغۇزلۇقنى خالايدۇ. بىز ئىسلاندىيىلىكلەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە. بۇنداق خاراكتېرنى ئەلۋەتتە شىمالىي قۇتۇپ جۇغراپىيىسىنىڭ ئۆزگىچىلىكى بەلگىلىگەن. لېكىن مەن بۇنىڭ سىرتىدا، سىلەر شەرقلىقلەرنىڭ ئادەمخۇمارلىقى ۋە جامائەتچىلىك روھىڭلارنى ياخشى كۆرىمەن. قېنى، پاراڭ قىلايلى، ـــ سەپەرداشىم رامسخولد ئەپەندى راستىنلا پاراڭخۇمار ئادەم ئىكەن، يول بويى توختىماي پاراڭ قىلىپ ماڭدى، مەنمۇ ئانچە راۋان بولمىغان ئىنگلىز تىلى بىلەن ئۇنىڭ پارىڭىغا ماسلاشتىم. ئىچىمدە تېخى فرانكفورتقا بارغىچە ئىنگلىز تىلىمنى راسا پراكتىكا قىلىۋالىدىغان بولدۇم دەپ خۇش بولدۇم.

بىزنىڭ پاراڭلىرىمىزنىڭ تېمىسى نۇرغۇن ساھەلەرگە تۇتاشقانىدى. رامسخولد ئەپەندى مۇھىت، تەرەققىيات، دۇنيا ۋەزىيىتى، كۆچمەنلەر مەسىلىسى، ئوتتۇرا شەرق كرىزىسى، ياۋروپا ئىتتىپاقى ھەمدە يەر شارىلىشىش دېگەندەك قىزىق نۇقتىلارنىڭ ھەممىسىدە توختىلىپ چىقتى. مەنمۇ ئۇنىڭ قىزىق پاراڭلىرىغا رام بولدۇم ھەمدە ئۆز قاراشلىرىمنى ئىنگلىزچە ئامال بار تولۇق ئىپادە قىلىشقا تىرىشتىم. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى ئۇقمىدىم، بىر چاغدا سەپەرداشىم ھاردى بولغاي ئۇيقۇغا كەتتى. مەنمۇ بىرقانچە ئايلىق ھېرىپ ـ چارچاشنىڭ ھاردۇقىنى بىراقلا ھېس قىلغاندەك ئاستا ـ ئاستا ئۇيقۇغا كېتىپتىمەن. قانچىلىك ئۇخلىغىنىمنى بىلمەيمەن، ئېھتىمال، خېلى ئۇزاق ئۇخلىغان بولسام كېرەك، ئويغانسام ھاردۇقۇم خېلى چىقىپ، ئۆزۈمنى يېنىك ھېس قىلدىم. رامسخولد ئەپەندى تاماق يەۋاتاتتى. ئۇ مېنىڭ ئويغانغانلىقىمنى كۆرۈپ، ئاستا ئاۋازدا گەپ قىلدى:

—— سىزنى ئۇخلىۋالسۇن دەپ ئويغاتمىدىم، سىزنىڭ مۇسۇلمانچە تامىقىڭىزنى ئايرىم ئەكىلىپ قويدى، قاراڭ، تېخى سوۋۇمىدىغۇ دەيمەن، قارىسام خېلى تاتلىق ئۇخلاۋاتىسىز، ھەي ياشلىق! نېمىلا قىلسا يارىشىدۇ، ئۇخلىسىمۇ تاتلىق ئۇخلايدۇ، ئادەمنىڭ يېشى چوڭايغانسېرى ئۇيقۇنىڭمۇ تەمى قالمايدىكەن...

—— رەھمەت سىزگە! —— دېدىم مەن ئۇنىڭ گېپىگە جاۋابەن، —— سىزمۇ تېخى ياشلا كۆرۈنىسىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە ساغلام، جۇشقۇن ۋە پاراڭغا ئۇستا ئىكەنسىز.

—— پاراڭخۇمارلىق مېنىڭ تەبىئىتىم، سىلەر شەرقلىقلەر بىزگە قارىغاندا تېخى ئىنسانىيەتنىڭ ئەسلىدىكى كوللېكتىپچانلىق، جامائەتچىلىك دېگەندەك ئەنئەنىسىنى ساقلاپ كېلىۋاتىسىلەر، بولۇپمۇ كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى يېقىن مۇناسىۋەت ۋە ھېسسىياتقا بەكرەك ئېتىبار بېرىسىلەر. بىز بۇ جەھەتتە كۆپ نەرسىلەرنى ماشىنىلاشقان جەمئىيەت بىلەن تېگىشىۋەتتۇق. مەن شەرقچە تۇرمۇش ئۇسۇلىغا بەزىدە ھەۋەس قىلىپمۇ قالىمەن!

—— سىزنىڭ «شەرق» (Orient) دېگەن ئىبارىڭىز ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدىن باشقا رايونلارنى كۆرسىتەمدۇ؟ يەنى دېمەكچى بولغىنىم «غەرب» دېگەن ئۇقۇمغا سېلىشتۇرما قىلىنغانمۇ ـ قانداق؟ —— دەپ سورىدىم.

—— ھەي، كەچۈرۈڭ! مېنىڭ Orient سۆزىنى ئىشلىتىشىمدە ھېچقانداق كەمسىندۈرۈش مەنىسى يوق، جۇمۇ! بۇ پەقەت ئۇقۇم ۋە تىل ئادىتى جەھەتتىكى كۆنۈشنىڭ نەتىجىسى، خالاس. ئېھتىمال ياۋروپا تىللىرىدىكى Orient سۆزىدە خۇددى ئېدۋارد سەئىد تەكىتلەپ ئۆتكەندەك ياۋروپالىقلارنىڭ شەرق ھەققىدىكى تولۇق بولمىغان چۈشەنچىسى ۋە كەمسىندۈرۈش ھېسسىياتى سىڭگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. لېكىن بۇنىڭ ئورنىغا قايسى سۆزنى ئىشلەتسە ئەڭ مۇۋاپىق بولىدۇ؟ ئەلۋەتتە، مەن بۇنى ئۇقمايمەن، شۇنداق، مەن تىلشۇناس ئەمەس...

رامسخولد ئەپەندىنىڭ گەپلىرى مېنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. شۇنداق،

ئىنسانىيەت بىر ـ بىرى بىلەن دىئالوگ ئېلىپ بېرىشقا موھتاج. نۆۋەتتە يەر شارىدا يۈز بېرىۋاتقان كۆپلىگەن كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ ۋە ئۇرۇش ـ تالاشلارنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىنىڭ بىرىمۇ دەل ئۆزئارا چۈشىنىشنىڭ كەملىكىدىن، بىر ـ بىرىنى ئېتىراپ قىلماسلىقتىن بولۇۋاتىدۇ ـ ئەمەسمۇ؟ مانا تەڭرىتاغلىرىنىڭ بويلىرىدىكى ئاشۇ پىنھان دۇنيادىن كەلگەن مەندەك بىر ئۇيغۇر ياۋروپادا ئۆسۈپ چوڭ بولغان، دۇنيا كېزىپ يۈرىدىغان بىر غەربلىك بىلەن بىمالال سۆزلىشىپ كېتىپ بارىمىز، بىرقانچە سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە تېخى بەزى مەسىلىلەر ھەققىدە ئورتاق تونۇشقىمۇ كەلدۇق. قىسقىسى، ئىنسانىيەت ۋە دۇنيا بىلەن دىئالوگلىشىش بىزدەك بېكىنمە مۇھىتتا ئۇزاق يىللار ياشىغان مىللەتلەرنىڭ مۇھىم تاللىشىدۇر.

ئايروپىلان كۆچلۈك ھاۋا ئېقىمىغا دۇچ كەلدى بولغاي، بىرقانچە مىنۇت سىلكىندى، مەن دېرىزىدىن سىرتقا قارىدىم، قويۇق تۇتەك ئىچىدە ھېچنېمىنى ئىلغا قىلغىلى بولمايتتى.

ـــ ھازىر قەيەرگە يېتىپ كەلدۇق؟ سىز بۇ يولدا كۆپ قېتىم ماڭغان بولغاندىكىن بىلىسىزغۇ دەيمەن!ـــ دەپ سورىدىم رامسخولد ئەپەندىدىن.

ـــ ئۇرال تاغلىرىدىن ئۆتۈپ ياۋروپا تۈزلەڭلىكىگە كىردۇق، يەنە ئىككى سائەتتىن كېيىن فرانكفورتقا يېتىپ بارىمىز، بىرئازدىن كېيىن ئايروپىلان ئوچۇق ھاۋا بوشلۇقىغا چىقىدۇ، ـــ دېدى رامسخولد ئەپەندى سوئالىمغا جاۋابەن.

مەن يەنە دېرىزىدىن پەسكە قارىدىم. دېگەندەك ئايروپىلان بايىقى قويۇق تۇتەكلەرنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، سۈپسۈزۈك ھاۋا بوشلۇقىغا چىققانىدى. پەستە بىپايان يېشىل تۈزلەڭلىك سوزۇلۇپ ياتاتتى. 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرى بولۇپ قالغىنىغا قارىماي يەر يۈزىدىكى يېشىللىقلار تېخىچە ئۆز رەڭگىنى يوقاتمىغانىدى. قەلبىمدە بىر خىل بىلىپ بولمايدىغان ھاياجان جۇش ئۇرۇشقا باشلىدى. ياۋروپا! يېقىنقى بەش ئەسىردىن بۇيان ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ پاراۋوزى بولۇپ كەلگەن كۆك مەدەنىيەتنىڭ سىمۋولى بولغان ياۋروپا مۇشۇمىدۇ!...

باش ـ ئاخىرى يوق سوئاللار مېنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالدى. ئوخشاش بىر چوڭ قۇرۇقلۇق، بىر ـ بىرىگە تۇتاش ئىككى قىتئە، ئەمما تامامەن باشقىچە ئىككى خىل ئىقلىم ۋە ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت مۇھىتى، پەرق زادى نېمىدە؟ بىرىنىڭ كۈنچىقىش ياكى مەشرىق تاماندا، يەنە بىرىنىڭ كۈنپېتىش ياكى مەغرىب تاماندا بولغانلىقىدىنمۇ ۋە ياكى باشقا ئالاھىدە سەۋەبلەر بارمىدۇ؟...

خىياللار بىلەن ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنىمۇ ئۇقماي قالدىم. ئايروپىلان شەرقىي ياۋروپا تۈزلەڭلىكلىرىنىڭ ھاۋا بوشلۇقىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ، خۇددى كىمخابتەك يېشىللىققا پۈركەنگەن گېرمانىيە ھاۋا تەۋەلىكىگە كىرگەنىدى. ئىلگىرى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى تەسۋىرلەنگەن كىنولارنى بەكمۇ قىزىقىپ كۆرگەنلىكىمدىنمىكىن، مۇشۇ دەقىقىلەردە پەستىكى چەكسىزلىككە

سوزۇلغان ياپپېشىل گېرمانىيە زېمىنىغا قاراپ ئولتۇرۇپ ئۆزۈمنى گويا ئەينى يىللاردىكى ئۇرۇش ئوتى قاپلىغان 3 ـ ئىمپېرىيىنىڭ ھاۋا تەۋەلىكىدە كېتىپ بارغاندەك ئويلاپ كەتتىم... ياق، مەن ھازىر ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن 50 يىل كېيىنكى ۋاقىت بۆلىكىدە ياشاۋاتىمەن، مېنىڭ نەپەسلىنىۋاتقىنىم ئۆز دەۋرىدىكى پوروخ ھىدى قاپلىغان ۋەھىمىلىك ئاتموسفېرا ئەمەس، بەلكى ئۇرۇش خارابىلىرى ئىچىدىن دەس تۇرۇپ ئۆز قەددىنى قايتا تىكلىگەن، بىر مەزگىللىك بۆلۈنۈشتىن كېيىن قايتا بىرلىككە كەلگەن، ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ پاراۋوزى بولغان يېڭى گېرمانىيىنىڭ ھاۋاسىدۇر!...

ھايال ئۆتمەي ئايروپىلان خادىملىرى ئايروپىلاننىڭ 20 مىنۇتتىن كېيىن فرانكفورت خەلقئارا ئايروپورتىغا قونىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. باياتىن بېرى مۈگدەپ ئولتۇرغان ياكى كىتاب كۆرۈۋاتقان يولۇچىلار ئەمدى سەل ـ پەل جىددىيلەشكەندەك بولۇپ، نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرغاچ ئايروپىلاننىڭ قونۇشىنى كۈتۈشكە باشلىدى. تۇققۇز سائەتتىن بۇيان ھاۋا بوشلۇقىدا توختىماستىن ئۇچۇپ كېلىۋاتقان بۇ غايەت زور ئۇچار قۇش ئاخىرى ئوتتۇرا ياۋروپادىكى ئەڭ چوڭ ئايروپورت —— فرانكفورت ئايروپورتىغا يېنىككىنە قوندى. بۇ يەردە چۈشىدىغان يولۇچىلار خېلىلا كۆپ ئىدى. مېنىڭ سۆزمەن ھەمراھىممۇ ئاخىرى مېنىڭ بىلەن خوشلاشتى ھەمدە ئۆزىنىڭ ئىسىم كارتوچكىسىنى ماڭا بېرىپ: «گېرمانىيىگە، بولۇپمۇ فرانكفورتقا كېلىپ قالسىڭىز مېنى چوقۇم ئىزدەڭ!» دېدى. مەنمۇ ئۇنىڭغا ئادرېسىمنى بېرىپ داۋاملىق ئالاقىلىشىپ تۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم. ئايروپىلان خېلىلا بوشاپ قالغانىدى. بىز ئايروپىلاندىن چۈشمەيلا يېرىم سائەت كۈتۈپ ئولتۇردۇق. بىر ھازادىن كېيىن ئايروپىلان يەنە ھاۋا بوشلۇقىغا كۆتۈرۈلۈپ ئاخىرقى نۇقتا بولغان ستوكھولمغا قاراپ ئۇچۇشقا باشلىدى. پەستە قويۇق ئورمانلارغا پۈركەلگەن فرانكفورت شەھىرى سوزۇلۇپ ياتماقتا ئىدى. ئەمدى ئايروپىلان يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ شىمال تەرەپكە —— سكاندىناۋىيە يېرىم ئارىلىنىڭ شەرقىي بۆلىكىگە جايلاشقان شۋېتسىيە ھاۋا بوشلۇقىغا قاراپ ئۇچۇشقا باشلىغانىدى. ئاخىرقى نۇقتىغا ئاز قالغانسېرى بىر خىل جىددىيلىك كەيپىياتى مېنى ئۆز ئىلكىگە ئالماقتا ئىدى. ئۆزۈمنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىمنى ھېچ ئىلغا قىلالمىدىم. پەقەت كاللامدا بىرقانچە سوئال توختىماستىن ماڭا نىدا قىلماقتا: مەن كىم، نەدىن كەلدىم، مەنزىلىم قايان، ئەمدى نېمە قىلىمەن!؟

## ئىككىنچى باب

# ستوكھولمدىكى تۇنجى كۈن

ئايروپىلان ئاخىرى 10 سائەتكە يېقىن ئۇچۇپ ئۇزاق مۇساپىنى تاماملاپ ستوكھولمنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى ئارلاندا خەلقئارا ئايروپورتىغا يېنىككىنە قوندى. بېيجىڭدىن ئەتىگەن سائەت 10 بىلەن ئۇچقانىدۇق، ئاخىرقى نۇقتىغا يېتىپ كەلگىنىمىزدە تېخى شۇ يەر ۋاقتى چۈشتىن كېيىن سائەت 4 بولغانىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي بۇ يەردە شىمالىي قۇتۇپنىڭ ئۇزاق كېچىسى ئاللىقاچان باشلانغانىدى. تاموژنىدىن چىقىدىغان چاغدا بىر ئايروپىلاندا بىر كۈن بىللە سەپەر قىلغان سەپەرداشلار تەبىئىي رەۋىشتە ئوخشاش بولمىغان ئىككى ئۆچىرەتكە تىزىلدۇق. ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ گىراژدانلىرى تاموژنىدىن ھېچقانداق رەسمىيەتسىزلا ئۇدۇل چىقىپ كېتىدىكەن. باشقا ئەللەردىن كەلگەن يولۇچىلار بىرمۇ بىر پاسپورت تەكشۈرۈشتىن ئۆتىدىكەن. تاموژنىدىكى رەسمىيەتلىرىمنى تۈگىتىپ كۈتۈۋېلىش زالىغا چىققىنىمدا مېنى كۈتۈۋېلىشقا چىققان بىرگىت شىلتېر (Birgit Schlyter) خانىمنىڭ زوھرە ئىسىملىك ئۇيغۇر قىز بىلەن بىللە تۇرغانلىقىنى يىراقتىنلا كۆردۈم. ئۇلارمۇ مېنى كۆرۈپ ئالدىمغا كەلدى. بىز قىزغىن كۆرۈشتۇق. بىرگىت خانىم بىلەن ئالدىنقى بىر يىل ئىچىدە كۆپ قېتىم خەت ــ ئالاقە قىلىشقانىدۇق، لېكىن يۈزتۇرانە كۆرۈشۈشىمىز تۇنجى قېتىم ئىدى. زوھرە ئۇپسالا ئۇنىۋېرسىتېتىدا خەلقئارا ئىقتىسادىي قانۇن كەسپى بويىچە ماگىستىرلىق ئاسپىرانتلىقىنى ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر قىز بولۇپ، ئايالىم تەرەپتىن تۇغقان كېلەتتۇق. بىز ئايروپورتتىن ستوكھولم شەھەر مەركىزىگە بارىدىغان پويىزغا ئولتۇردۇق. يول بويى بىرگىت خانىم ئۆزى ۋە خىزمەت قىلىۋاتقان ئىنستىتۇتى ھەققىدە چۈشەنچە بېرىپ ماڭدى. مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ ئەھۋالىنى چۈشەندۈرگەچ قىلماقچى بولغان پىلانلىرىم ئۈستىدە توختالدىم. يېرىم سائەتتىن كېيىن شەھەر مەركىزىدىكى باش بېكەتكە يېتىپ كەلدۇق. بىرگىت شىلتېر خانىم مېنى تاكسى بىلەن ستوكھولم شەھەر مەركىزىدىن ئانچە يىراق بولمىغان ھېنرىكسدال تېغى (Henriksdallsberg) ئۈستىگە جايلاشقان ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونىغا ئېلىپ كەلدى.

بىرگىت خانىم ئىنگلىز تىلىدا ناھايىتى راۋان سۆزلەيتتى، بەزىدە سۆزىنىڭ ئارىسىغا بىر ـ ئىككى جۈملە تۈركچە ياكى ئۆزبېكچىمۇ قوشۇپ قوياتتى. مەنمۇ دېمەكچى بولغانلىرىمنى ئىنگلىزچە تولۇق ئىپادىلەشكە تىرىشتىم. مانا بۇگۈندىن

ئېتىبارەن مەن پۈتۈنلەي ئىنگلىزچە بىلەن تەپەككۇر قىلىشىم ۋە سۆزلىشىم كېرەك!

بۇ تاغ ئۈستىگە جايلاشقان چوڭ بىر ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونى بولۇپ، بىنالار تۆت چاسا شەكىلدە بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرۇلۇپ سېلىنغانىدى. بىرگىت خانىم مەن كېلىشتىن ئىلگىرىلا بۇ جايدىن ماڭا ئۆي ئۇقتۇرۇپ قويغانىكەن. ئۇنىڭ دېيىشىچە، بۇ ئۆي ئۇنىڭ يېقىن بىر دوستىنىڭ ئانىسى تۇرۇۋاتقان ئۆي بولۇپ، موماي ياشىنىپ قالغاچقا ئوغلى ۋاقتىنچە ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ كەتكەنىكەن. شۇڭلاشقا بۇ ئۆيدە ۋاقتىنچە ئىجارىگە ئولتۇرۇپ تۇرىدىكەنمەن.

ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىشىمىزغا مومايىنىڭ چوڭ ئوغلى ماكس بىزنى ساقلاپ تۇرغانىكەن. بىز بىلەن ئىپادىسىز بىر رەۋىشتە كۆرۈشتى. مەن نەرسە ـ كېرەكلىرىمنى قويۇپ، يۈز ـ كۆزلىرىمنى يۇدۇم. ئۇنىڭغىچە بىرگىت خانىم ماكس بىلەن ئۆيىنىڭ ئىجارە توختامىنى يېزىشتى.

مەن توختام بويىچە ھەر ئاينىڭ بېشىدا ئىجارە ھەققى ئۈچۈن 2500 كرون بېرىدىغان بولدۇم. بۇنى جۇڭگو پۇلىغا سۇندۇرغاندا تەخمىنەن 3000 يۈەنگە توغرا كېلەتتى.* بۇ باھا ستوكھولمدىكى ئۆيلەرنىڭ باھاسىغا نىسبەتەن ئەرزان ھېسابلانسىمۇ، لېكىن مېنىڭ بۇ يەردىكى ھەر ئايلىق مائاشىمغا نىسبەتەن ئاز پۇل ئەمەس ئىدى. مەن توختامنامىگە قول قويدۇم. ماكس ماڭا بۇ ئۆينىڭ ئاشخانا، ھاجەتخانا، مۇنچا، كىرئالغۇ قاتارلىق تۇرمۇش ئەسلىھەلىرىنى قانداق ئىشلىتىش توغرىلىق ناھايىتى ئىنچىكە چۈشەندۈرۈش بەردى. ئۆينى ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم تازىلىشىم كېرەكلىكىنى ئەسكەرتتى. پۇللىرىمنى تېخى شۋېتسىيە كرونىغا ئالماشتۇرالمىغانلىقىم ئۈچۈن بىرگىت خانىم ماڭا يېقىن ئەتراپتىكى تاللا بازىرى (Supermarket) دىن بىر كۈنلۈك يەيدىغان نەرسىلەرنى ئەكىرىپ بەردى ھەمدە ئالدىن 500 كرون قەرز بېرىپ تۇردى.

بىرگىت خانىم يەنە ماڭا ستوكھولم شەھىرىنىڭ قاتناش خەرىتىسىدىن بىرنى ئالغاچ كەلگەنىكەن، ستوكھولم ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەرق تىللىرى ئىنستىتۇتى جايلاشقان بىنانىڭ خەرىتىدىكى ئورنىنى كۆرسىتىپ بەردى ھەمدە قايسى ئاپتوبۇس ۋە مېترولار ئارقىلىق بارالايدىغانلىقىمنى چۈشەندۈردى. ئاندىن ئەتە چۈشتىن كېيىن سائەت 2:00 دە ستوكھولم شەھەر مەركىزىگە جايلاشقان خانلىق كۇتۇپخانىنىڭ كۈتۈش زالىدا مېنى ساقلايدىغانلىقىنى، ئاندىن شۇ يەردىن مېنى ئىنستىتۇتتىكى ئىشخانامغا باشلاپ بارىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن رەھمىتىمنى بىلدۈرۈپ ئۈرۈمچىدىن ئۇنىڭغا ئاتاپ ئالغاچ كەلگەن «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» نىڭ بىر يۈرۈش VCD پلاستىنكىسى، دۇتار بىلەن تەمبۇرنىڭ كىچىكلىتىپ ياسالغان مودېلى ھەمدە بىر كىيىملىك خوتەن يەرلىك ئەتلىسىنى

* 2003 ـ، 2004 ـ يىللىرى بىر شۋېتسىيە كرونى تەخمىنەن 1.25 يۈەن خەلق پۇلىغا توغرا كېلەتتى.

قىلىپ مېنى چۆشۈشكە دەۋەت قىلدى. چۈنكى مەن ئاپتوبۇسقا چىقىپلا شوپۇرغا چۈشمەكچى بولغان بېكەتكە بارغاندا ئەسكەرتىپ قويۇشنى ئۇنتۇنغانىدىم. بۇ يەردىن يەنە 76 ـ يول ئاپتوبۇسىغا چىقىپ شەھەر مەركىزىگە جايلاشقان خانلىق كۈتۈپخانىغا يېتىپ باردىم. تېخى دېيىشىپ قويغان ۋاقىتقا بالدۇر بولغاچقا ئەتراپنى كۆرگەچ ساقلىدىم. خانلىق كۈتۈپخانىنىڭ ھەيۋەتلىك بىناسى بۇنىڭدىن بىرقانچە ئەسىرلەر ئىلگىرى سېلىنغان ئىكەن. ئەتراپتا بۈك ـ باراقسان ئورمانلىق ۋە كەڭرى چىملىقلاردىن تەشكىللەنگەن باغچا بار بولۇپ، كىشىگە بىر خىل ئازادىلىك ۋە ئارامبەخش تۇيغۇ بېغىشلايتتى. ئىت يېتىلىۋالغان ياكى ئورۇندۇقتا يالغۇز ئولتۇرۇپ جىمجىتلىقتىن بەھرە ئېلىۋاتقان كىشىلەرمۇ ئاندا ـ ساندا ئۇچراپ قالاتتى. ئەتراپنى بىر ھازا ئايلىنىپ سائەت 2:00 بولغاندا كۈتۈپخانىنىڭ كۈتۈش زالىغا كىردىم. بىرگىت خانىم مېنى ساقلاپ تۇرغانىكەن، قىزغىن كۆرۈشتۇق.

ــ قانداق، بۇ يەرنى ئۇدۇل تېپىپ كېلەلىدىڭىزمۇ، يولدا ئېزىپ قالمىغانسىز؟ ــ دېدى بىرگىت خانىم كۈلۈپ تۇرۇپ.

ــ شۇنداق، ئۇدۇللا كەلدىم، خەرىتە بولغاچقا ئېزىپ قالمىدىم، ــ دېدىم ئۇنىڭغا جاۋابەن.

ــ ياۋروپادىكى شەھەرلەرنىڭ قۇرۇلمىسى خۇددى ئادەم بەدىنىدىكى ئورگانىزملارغا ئوخشاشلا مۇقىم ھالەتكە ۋە گارمونىك بىرلىككە ئىگە. پارىژ، لوندون ياكى رۇم بولسۇن 10 – 20 يىل، ھەتتا 50 يىلدىن كېيىن بارسىمۇ تونجى قېتىم بارغان چاغدىكى بىر كوچىنى ياكى مەلۇم بىر ئۆينى ئاداشمايلا تاپقىلى بولىدۇ. دەرۋەقە، ستوكھولمنى ياۋروپادىكى باشقا چوڭ شەھەرلەر بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ شەھەرنىڭ قۇرۇلمىسى ياكى كوچا ـ كويلىرى نەچچە يۈز يىللاردىن بۇيان ئەسلىدىكى ھالىتىدىن كۆپ دەرىجىدە ئۆزگىرىپ كەتمىدى. شۇڭلاشقا قولىڭىزدا خەرىتە بولسىلا بۇ يەردە ھەرقانداق جاينى بىۋاسىتە تاپقىلى بولىدۇ. مەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەھەرلىرىنى يىلدا بىر ـ ئىككى قېتىم زىيارەت قىلىپ تۇرىمەن. بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تەتقىقات يۆنىلىشىم تۈركىيە تۈركچىسىدىن ئۆزبېك ۋە قاراقالپاق تىللىرىغا يۆتكەلگەندىن كېيىن ئۆزبېكىستانغا كۆپ بارىدىغان بولدۇم. تاشكەنت، سەمەرقەنت، بۇخارا ياكى نۆكۈس شەھەرلىرىنىڭ قايسىسىغا بارماي، يول خەرىتىسىدىن كۆپ پايدىلىنالمىدىم. بىرى، يول خەرىتىلىرى ماڭا سەل چۈشىنىكسىز ۋە مۇرەككەپ تۇيۇلدى. يەنە بىرى، مەنمۇ يەرلىك كىشىلەرگە ئوخشاشلا يول سوراپ كۆنۈپ قالدىم. ئەلۋەتتە، باشقىلاردىن يول سوراش خەرىتىگە ھاۋالە قىلىشقا قارىغاندا ماڭا قىزىقارلىق ۋە پايدىلىق تۇيۇلدى. نېمىشقا دېسىڭىز، بۇ ئارقىلىق يەرلىكلەرنى تېخىمۇ ياخشى چۈشەنگىلى ھەمدە ئۆزبېكچە سۆزلەش سەۋىيەمنى ئاشۇرغىلى بولىدىكەن. مەن شىنجاڭغا بېرىپ باقمىدىم، لېكىن پەمىمچە ئۆزبېكىستاننىڭ تەبىئىي مۇھىتى ۋە

مەدەنىيەت ئەنئەنىسى بىلەن كۆپ پەرقلەنمىسە كېرەك، دەپ ئويلايمەن. ھېچ بولمىسا ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئۆزبېك تىلى ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ يېقىن باغلىنىش مەندە شۇنداق تەسەۋۋۇرنى ئويغىتىدۇ...

— شۇنداق! — دېدىم مەنمۇ بىرگىت خانىمنىڭ گېپىنى تەستىقلاپ، — بىزدە بىرقانچىلىغان قەدىمىي شەھەرلەر بار، بولۇپمۇ قەشقەر، خوتەن، يەركەن، كۇچا، تۇرپان قاتارلىق يىپەك يولىدا مۇھىم رول ئوينىغان قەدىمىي شەھەرلەر بار. لېكىن يېقىنقى بىر ئەسىر مابەينىدە، بولۇپمۇ يېقىنقى 20 يىلدىن بۇيان، بۇ شەھەرلەردىكى ئۆزگىرىش كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ، ھەتتا گۇننار ياررىڭ (Gunnar Jarring) مۇ 1978 ـ يىلى قەشقەرگە ئىككىنچى قېتىم بارغىنىدا 1929 ـ يىللاردىكى ئوتتۇرا ئەسىر ئۇسلۇبىغا ئىگە قەدىمىي قەشقەرنىڭ يېرىم ئەسىر ئىچىدىلا تامامەن ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئورنىغا بىر زامانىۋى شەھەرنىڭ بەرپا بولغانلىقىنى ھېس قىلغان ھەم ئەپسۇسلانغان. مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇخارا، سەمەرقەنت قاتارلىق شەھەرلەر بىلەن تارىم ۋادىسىدىكى قەشقەر، خوتەن، يەركەن قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ قۇرۇلۇش ئۇسلۇبى، مەدەنىيەت كۆرۈنۈشى ھەمدە تۇرمۇش مەزمۇنى جەھەتلەردىكى ئالاھىدىلىكلىرى ئۇزاق ئوتتۇرا ئەسىر بىلەن ھېچقانچە پەرق قىلمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ يېقىنقى بىر ئەسىرلىك ئوخشاشمىغان تەرەققىيات سەرگۈزەشتىلىرى خېلى زور پەرقلەرنى ھاسىل قىلدى. ئەلۋەتتە، بۇنداق بولۇشىنى 20 ـ ئەسىردىن بۇيان ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بۇ ئىككى بۆلىكىگە رۇس ۋە جۇڭگو مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئوخشاشمىغان دەرىجىدە ئۆز تەسىرىنى سىڭدۈرگەنلىكىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ.



شۋېتسىيە خانلىق كۇتۇپخانىسىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى

— توغرا ئېيتتىڭىز! — دېدى بىرگىت خانىم سۆزۈمنى تەستىقلاپ: — بۇ بىر قىزىقارلىق تېما. بۇ ھەقتە كېيىنچە يەنە داۋاملىق پاراڭلىشىمىز. بىز ئالدى

بىلەن خانلىق كۇتۇپخانىنىڭ ئارىيەت كىنىشكىسىدىن بىرنى بېجىرىمىز، شۇندىلا سىز بۇ كۇتۇپخانىدىن تولۇق پايدىلىنالايسىز. بۇنىڭ ئۈچۈن مەن بىزنىڭ ئىنستىتۇت نامىدىن سىزگە كېپىل بولۇپ ئىمزا قويۇشۇم كېرەك. يۈرۈڭ، ئىچكىرىگە كىرەيلى!

مەن بىرگىت خانىمغا ئەگىشىپ كۇتۇپخانىنىڭ ئازادە زالىدىن ئۆتۈپ، سول تەرەپتىكى چوڭ بىر بۆلمىگە كىردىم. بۇ يەردە رەتلىك تىزىلىپ كىتاب ئارىيەت ئېلىۋاتقان ياكى كىتاب قايتۇرۇۋاتقان كىشىلەر بار ئىكەن. ھەممە پەس ئاۋازدا پىچىرلىشىپ سۆزلىشەتتى، ئەتراپ شۇنچىلىك تىنچ ۋە ئازادە ئىدىكى، كىشىگە قويۇق ئىلمىي كەيپىيات بىلەن سۈرلۈك ئاكادېمىك مۇھىتنى ھېس قىلدۇراتتى. بىز كىنىشكا بېجىرىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن بىر جەدۋەل ئالدۇق، جەدۋەل ناھايىتى ئىنچىكە كاتەكچىلەرگە بۆلۈنگەن بولۇپ، شۋېت، ئىنگلىز، گېرمان، فرانسۇز ۋە شىمالىي ياۋروپا تىللىرىدا تولدۇرۇشقا بولىدىكەن. جەدۋەلنى تولدۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ناھايىتى تېزلا كۇتۇپخانىنىڭ كىنىشكىسى بېجىرىلدى. ئاندىن بىرگىت خانىمنىڭ تەشەببۇسى بىلەن بۇ يەرنىڭ دائىملىق مېھمىنى سۈپىتىدە كۇتۇپخانىنىڭ خاس بۆلۈمىدىن مەخسۇس ئورۇن ۋە ئىشكاپ ئالدىم. بۇنىڭ ئۈچۈن 300 كرون كاپالەت پۇلى ئالىدىكەن، ۋاقتىم توشۇپ كىنىشكىنى قايتۇرىدىغان چاغدا بۇ پۇلنىمۇ قايتۇرۇپ بېرىدىكەن.

بۇ ئىش پۈتكەندىن كېيىن بىرگىت خانىم مېنى كۇتۇپخانىنىڭ كىتاب كاتالوگى بۆلۈمىگە باشلاپ كىردى. ئادەتتە كىتابلارنى ئەنئەنىۋى ئۇسۇل بويىچە كاتالوگ كارتىلىرى ئارقىلىق ئىزدىسىمۇ بولىدىكەن. لېكىن بۇ كۇتۇپخانا تولۇق تورلاشقان ۋە ئاپتوماتلاشقان بولغاچقا، كومپيۇتېر ئارقىلىق كىتاب ئىزدەش ۋە بۇيرۇتۇش ئومۇملاشقان ئىكەن. بىرگىت خانىم ماڭا كومپيۇتېردىن پايدىلىنىپ كىتابلارنى قانداق ئىزدەشنى ۋە ئالماقچى بولغان كىتابلارنى قانداق زاكاز قىلىشنى تەپسىلىي ئۆگەتتى. مەن بۇلارنى بىر قۇر كۆرۈۋالغاندىن كېيىن كومپيۇتېر ئارقىلىق سىناق قىلىپ ئۈچ پارچە كىتابنى ئارىيەت ئېلىش ئۈچۈن زاكاز بۇيرۇتتۇم. بۇلار گۇننار ياررىڭنىڭ «قەشقەرگە قايتا سەپەر»[1]، ئاندرېۋ فوربېسنىڭ «جۇڭگو ئوتتۇرا ئاسىياسىدىكى مۇسۇلمانلار ۋە مىلىتارىستلار: جۇڭخۇا مىنگو دەۋرىدىكى شىنجاڭ تارىخى(1911 — 1949)»[2] ھەمدە شۋېتسىيىنىڭ ھازىرقى زامان مەشھۇر ساياھەت ئەدەبىياتى يازغۇچىسى جان مىردالنىڭ «يىپەك يولى: پامىر ئېگىزلىكى، ئىلى ۋادىسى ئارقىلىق شىنجاڭ بىلەن گەنسۇغا سەپەر»[3] ناملىق

[1] Gunnar Jarring, *Return to Kashgar: Central Asian memories in the present*, Duke University Press, Durham, 1986

[2] Andrew D. Forbes, *Warlords and Muslims in Chinese Central Asia: A political history of Republican Sinkiang in 1911 - 1949*, Cambridge, 1986

[3] Jan Myrdal, *The Silk Road: A journey from the High Pamirs and Ili through Sinkiang and Kansu*, Victor Gollancz Ltd, London, 1980

AltunOq

كىتابلارنىڭ ئىنگلىزچە نۇسخىلىرى ئىدى. كىتابنى كومپيۇتېردا زاكاز قىلىپ بېرىپ كۈندىن كېيىن ئالغىلى بولىدىكەن. مەن ئەتە ئەتىگەندە كېلىپ ئېلىۋالماقچى بولدۇم.

بۇ يەردىن بىرگىت خانىم مېنى تار پەلەمپەي ئارقىلىق نەچچە ئون مېتىر ئېگىزلىكتىكى جاھازغا تىزىلغان قاتتىق مۇقاۋىلىق كىتابلار تەكچىسىگە ئېلىپ چىقتى. بۇ يەردە شۋېتسىيىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى مەشھۇر ئۇنىۋېرسىتېت شەھىرى لۇندتا نەشر قىلىنىدىغان داڭلىق پەسىللىك ئىلمىي ژۇرنال SCRIPTA MINORA نىڭ 20 ـ ئەسىردىن بۇيانقى يىللىق توپلاملىرى رەتلىك تىزىلغانىدى. بىرگىت خانىم بۇلارنىڭ ئىچىدىن 1946 — 1951 ـ يىلغىچە بولغان توپلاملارنى ئالدى ـ دە، گۇننار ياررىڭنىڭ مۇشۇ يىللاردا مەزكۇر ژۇرنالدا ئېلان قىلغان ئۇيغۇر فولكلورى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر چوڭ تېپتىكى تېكىستلىرىنى كۆرسەتتى. مەن شۇندىلا بۇ ئۇلۇغ ئالىمنىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى ئەمگەكلىرىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتىم. گۇننار ياررىڭنىڭ بىر ئۆمۈرلۈك ئىلمىي ئەمگەكلىرىنىڭ كۆپ قىسمى مۇشۇ ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان ئىكەن.

بىز پەسكە چۈشكەندىن كېيىن، بىرگىت خانىم مېنى ژۇرناللار بۆلۈمىگە ئېلىپ كىردى ـ دە، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرقشۇناسلىققا دائىر ئىلمىي ژۇرناللارنى كۆرسەتتى ھەمدە بۇلاردىن قانداق پايدىلىنىش ھەققىدە چۈشەنچە بەردى. شۇنداق قىلىپ خانلىق كۇتۇپخانىنىڭ كىتاب زاپىسى، ھەرقايسى بۆلۈملىرى، كىتابلارنى قانداق ئىزدەش ۋە بۇيرۇتما بېرىش، نېمىلەرگە دىققەت قىلىش ھەققىدە دەسلەپكى چۈشەنچىلەرگە ئېرىشتىم. ئاخىرىدا بىرگىت خانىم مېنى كۇتۇپخانىنىڭ يەر ئاستىغا جايلاشقان قەھۋەخانىسى (Cafeteria) غا باشلاپ كىردى. بۇ يەردە ھەم ئادەتتىكى تاماقلارنى يېگىلى، ھەم قەھۋە ئىچكەچ پاراڭلاشقىلى بولاتتى. بىز قەھۋە ئىچكەچ نۆۋەتتىكى پىلانىمىز ۋە ھەمكارلاشماقچى بولغان تېمىلىرىمىز توغرىلىق سۆزلەشتۇق.

ـــ سىز خانلىق كۇتۇپخانىنى بىر قۇر كۆردىڭىز، ئالدىمىزدىكى بىر يىل داۋامىدا كۆپ ۋاقتىڭىز بىزنىڭ ئىنستىتۇت بىلەن مۇشۇ كۇتۇپخانىدا ئۆتۈشى مۇمكىن. مېنىڭ ئۆيۈممۇ مۇشۇ ئەتراپتا، مەن ئادەتتە ئىنستىتۇتتا ئىشىم تۈگىسىلا مۇشۇ كۇتۇپخانىدا بولىمەن. سىزچە بۇ يەرنىڭ شارائىتى قانداقكەن؟ ـــ دېدى بىرگىت خانىم ماڭا سوئال نەزەرى بىلەن.

ـــ شارائىتى ناھايىتى ياخشىكەن، ـــ دېدىم ئۇنىڭغا جاۋابەن ، ـــ مېنىڭ مۇشۇ بىر يىل ئىچىدە قىلىدىغان بىرمۇنچە پىلانلىرىم بار، بۇنىڭ ئىچىدە خانلىق كۇتۇپخانىدىكى شىنجاڭغا دائىر ماتېرىياللارنى كۆرۈش ۋە توپلاش مېنىڭ مۇھىم كۈنتەرتىپلىرىمنىڭ بىرى.

ــ ناھايىتى ياخشى، مېنىڭچە سىز ئالدى بىلەن ئۆزىڭىزنىڭ مۇشۇ بىر يىل ئىچىدە قىلماقچى بولغان تەتقىقات پىلانلىرىڭىزنى تەپسىلىي يېزىپ چىقىڭ، مەن بىر كۆرەي! ئاندىن شۇ ئاساستا سىزنىڭ ئىشلىرىڭىزنى ئورۇنلاشتۇرايلى. ئىلگىرى دېيىشكىنىمىز بويىچە بىزنىڭ ئىنستىتۇتتا ئۆزبېك تىلى ئۆگىنىۋاتقان ئىككى ئاسپىرانت ئوقۇغۇچىغا ئۆزبېكچە سۆزلىشىش بويىچە دەرس بېرىسىز. بۇنى 2004 ـ يىل 1 ـ ئايدىن باشلاپ باشلىساق بولىدۇ. 5 ـ ئايغا بارغاندا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىن ئۈچ ئاي ئەتراپىدا دەرس ئورۇنلاشتۇرماقچىمىز. ئۇنىڭدىن باشقا، سىز بىلەن ھەمكارلىقتا ئىشلەيدىغان بىرقانچە مۇھىم تېما بار .بۇنى دۈشەنبە كۈنى تەپسىلىي سۆزلىشەيلى، ــ دېدى بىرگىت خانىم.

ــ بولىدۇ، مەن ئالدى بىلەن بىر يىللىق تەتقىقات پىلانىمنى تۈزۈپ چىقاي. مەن مۇشۇ بىر يىل ئىچىدە يەنە ئۇپسالا، لۇند ئۇنىۋېرسىتېتلىرىنىڭ كۇتۇپخانىلىرى، شۋېتسىيە دۆلەتلىك ئارخىپخانىسى، ئېتنوگرافىيە مۇزېيى، سۋېن ھېدىن فوندى جەمئىيىتى، شۋېتسىيە باش دىنىي جەمئىيىتىنىڭ ئارخىپخانىسى قاتارلىق ئىلمىي ئورۇنلاردىكى شىنجاڭغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى كۆرمەكچىمەن. ئەلۋەتتە، شەرق تىللىرى ئىنستىتۇتىدىكى ھەمكارلىشىدىغان ئىشلىرىمىز ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ، ــ دېدىم.

ــ مەن چۈشەندىم، بىزنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرىمىز تېخى كۆپ. بۈگۈن كەچ بولۇپ كەتتى، ئىنستىتۇتتا بارالمايدىغان بولدۇق. دۈشەنبە ئەتىگەن سائەت 9 دا مەن سىزنى ئىنستىتۇتتا كۈتىمەن، سىزنى ئىنستىتۇتتىكىلەرگە تونۇشتۇرىمەن، ئىشخانىڭىزنى، كومپيۇتېرلىرىڭىزنى كۆرىسىز، باشقا گەپلەرنى شۇ چاغدا تەپسىلىي سۆزلىشەيلى.

ــ بولىدۇ، دۈشەنبە كۆرۈشەيلى، ــ دېدىم مەنمۇ ئورنۇمدىن تۇرۇپ.

ــ ھە، راست، سىز تۈركچە بىلەمسىز؟ــ دېدى بىرگىت خانىم پەلتوسىنى كىيىۋېتىپ.

ــ بىرئاز بىلىمەن ــ دېدىم مەن.

ــ ئۇنداقتا، تولىمۇ ياخشى بولدى، بىزنىڭ ئارىلىقىمىز تېخىمۇ قىسقاردى، بىز بۇندىن كېيىن تۈركچە سۆزلىشەيلى، بولامدۇ؟

ــ بولىدۇ، لېكىن مەن تۈركچە كىتابلارنى ياخشى كۆرەلىسەممۇ، تازا راۋان سۆزلىيەلمەيمەن، يەنىلا ئىنگلىزچە سۆزلەشكىنىمىز ياخشىمىكىن!؟

" Evet, Süleyman bey, men Türkčini čok seviyorum, güzel ahšamlar! "

" Güzel ahšamlar, güle _ güle! "*

دېدىم مەنمۇ تۈركچە بىلەن جاۋاپ قايتۇرۇپ.

---

* مەنىسى: مەرھەمەت، سۇلايمان ئەپەندى، مەن تۈركچىنى بەكمۇ ياخشى كۆرىمەن، خەيرلىك كەچ!
ــ خەيرلىك كەچ، خوش ئەمىسە!

بىرگىمت خانىم بىلەن خوشلاشتىم. ئەتراپ ئاللىقاچان شىمالىي قۇتۇپنىڭ ئۇزاق كېچىسىگە باش قويغانىدى. جىمىرلاپ تۇرغان سان ـ ساناقسىز چىراغلار ستوكھولم شەھىرىنى ئاجايىپ رەڭدار تۈسكە كىرگۈزگەنىدى. قورسىقىمنىڭ بەك ئېچىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. ھاۋا نەم ۋە سوغۇق ئىدى. شۇ تۇرقىدا دۆڭكۈۋرۈكتىكى قايناق كەچكى بازارلار، مەززىلىك ھىدى ئەتراپنى بىر ئالغان كاۋاپخانىلار، ھورى ئۆرلەپ تۇرغان كاللا ـ پاقالچاق ۋە ئۆپكە ـ ھېسىپلار كۆزۈمگە كۆرۈنۈپ كەتتى ... ئۆزۈمچە كۈلۈپ كەتتىم ـ دە: «مانا بۇ ۋەتەن سىرتىدىكى ھايات، مانا بۇ چەت ئەل! » دېدىم ئۆز ـ ئۆزۈمگە.

تارچۇق كوچىلاردىن ئۆتۈپ، 76 ـ يولنىڭ ئاپتوبۇس بېكىتىنى ئوڭايلا تېپىۋالدىم.

## ئۈچىنچى باب

# شەرق تىللىرى ئىنستىتۇتىدا

دۈشەنبە كۈنى سەھەردە مېترو ئارقىلىق ستوكھولم ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەرق تىللىرى ئىنستىتۇتىغا باردىم. ھاۋا يەنىلا تۇتۇق، سۇس تۇمانلار ئەتراپتىكى قويۇق ئورمانلىق ئۈستىدە لەيلەپ تۇراتتى. ئىنستىتۇت كۆل بويىغا جايلاشقان بولۇپ، غەربچە ئۇسلۇبتا سېلىنغان ئۈچ قەۋەتلىك چىرايلىق بىنا ئىكەن.

بىرگىت خانىم ئىنستىتۇت ئالدىدا مېنى ساقلاپ تۇرغان ئىكەن، يىراقتىن مېنى كۆرۈپلا ئالدىمغا كەلدى ۋە تۈركچە سالام بەردى:

— مەرھابا، گۈزەل گۈنلەر!

— گۈزەل گۈنلەر! — دېدىم مەنمۇ تۈركچە جاۋاب قايتۇرۇپ.

— ئالدى بىلەن بىز ئۈچىنچى قەۋەتتىكى ئىشخانىغا چىقايلى، سىز ئىشخانىڭىزنى كۆرۈڭ، ئاندىن مەن سىزنى ئىنستىتۇتتىكىلەرگە تونۇشتۇراي.

— بولىدۇ!

مەن بىرگىت خانىمنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ئۈچىنچى قەۋەتكە چىقتىم. بۇ بىنانىڭ بىرىنچى قەۋىتىگە ياپون تىلى فاكۇلتېتى بىلەن ھىندى تىلى ۋە مەدەنىيىتى فاكۇلتېتى؛ ئىككىنچى قەۋىتىگە جۇڭگو تىل ـ ئەدەبىياتى فاكۇلتېتى، ئىنستىتۇت باشلىقى ئىشخانىسى ھەمدە كاتىپ ۋە باشقا مەمۇرىي خادىملارنىڭ ئىشخانىلىرى؛ ئۈچىنچى قەۋەتكە بولسا كورىيە تىلى ۋە مەدەنىيىتى فاكۇلتېتى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا تىل ـ مەدەنىيىتى بۆلۈمى جايلاشقان ئىكەن. پۈتۈن ئىنستىتۇت قارمىقىدا ئاسىيادىكى چوڭ تىللاردىن خەنزۇ، ھىندى، ئەرەب، ياپون، كورىيان ۋە تۈركىي تىللىرى ئۈچۈن مەخسۇس فاكۇلتېت ـ بۆلۈملەر تەسىس قىلىنغان ئىكەن. ئاسىيا تىللىرىدىن يەنە پارس تىلى ئۇپسالا ئۇنىۋېرسىتېتىدا، موڭغۇل تىلى لۇند ئۇنىۋېرسىتېتىدا تەسىس قىلىنغانلىقى ئۈچۈن مەزكۇر ئىنستىتۇتتا مەخسۇس بۆلۈم تەسىس قىلىنمىغان ئىكەن.

ئۈچىنچى قەۋەتتىكى ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ، لېكىن پاكىز ۋە رەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىشخانىلارغا كىردۇق. زالنىڭ سول تەرىپىدىكى ئىشخانىنى ماڭا ئورۇنلاشتۇرغان ئىكەن، ئىشىككە ئالدىن ئېسىپ قويۇلغان ئىسىم كارتىسى كۆزۈمگە چېلىقتى:

Dr. Asad Sulayman, Visiting scholar in FoCAS *

---

* ئوتتۇرا ئاسىيا تىللىرى بۆلۈمىنىڭ زىيارەتچى تەتقىقاتچىسى، دوكتور ئەسەت سۇلايمان.

بۇ ئىشخانا ئوتتۇرا ئاسىيا بۆلۈمىگە تەۋە بولۇپ، ئۈچ تامدىكى جاھازدا لىپمۇلىق كىتاب تىزىلغانىدى. ئىشخانىنىڭ خىزمەت ئەسلىھەلىرى تولۇق، مۇھىتى ئازادە ئىدى.

— مانا بۇ سىزنىڭ ئىشخانىڭىز! — دېدى بىرگىت خانىم ئىش ئۈستىلىدىكى كومپيۇتېرنى قوزغىتىپ، — ئالدى بىلەن كومپيۇتېرنى سىناپ كۆرۈڭ، ئىشخانىدىكى بارلىق كومپيۇتېرلار ئادەتتە 24 سائەت ئىنتېرنېت تورىغا ئۇلاقلىق تۇرىدۇ. سىز كېلىشتىن ئىلگىرىلا بىزنىڭ ئىنستىتۇتنىڭ ئومۇمىي تور پونكىتىدىن سىزگە ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقى ئېچىپ قويغان. ئىنستىتۇتتىكى ھەممەيلەننىڭ ئادرېسىمىز ئوخشاش بولۇپ، پەقەت ئىسىم فامىلىمىزلا پەرقلىنىدۇ. سىزنىڭ ئادرېسىڭىز مانا مۇنداق، ئېسىڭىزدە بولسۇن، «asad.sulayman@orient.su.se»، ئادەتتە ئىنستىتۇتنىڭ ئۇقتۇرۇش ۋە ھۆججەتلىرى، تەتقىقات ئۇچۇرلىرى، دەرسلىك پىلانلىرى، ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىنىڭ چاقىرىقلىرى ۋە باشقا زۆرۈر ئىشلار ئاپتوماتىك ھالدا ھەر كۈنى مۇشۇ ئادرېسىڭىزغا يوللىنىپ تۇرىدۇ. شۇڭا ھەر كۈنى ئىشقا كېلىپ بىرىنچى قىلىدىغان ئىشىمىز ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقىمىزنى ئېچىپ كۆرۈش بولىدۇ. سىزنىڭ پايدىلىنىشىڭىزغا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، كومپيۇتېرىڭىزغا ئىنگلىزچە ۋە شۋېتچە ئىككى خىل سىستېما قاچىلاپ قويغان. ئىنگلىزچىنى ئىشلەتسىڭىز بولىدۇ.

بىرئازدىن كېيىن بىرگىت خانىم مېنى ياندىكى بۆلۈمگە باشلاپ چىقتى. بۇ يەردە چوڭ تىپتىكى پرىنتېر، فاكس ماشىنىسى ۋە باشقا ئەسلىھەلەر قويۇلغان ئىكەن، بۇلارنى قانداق ئىشلىتىشنى ئۆگەتتى. ئاندىن ماتېرىياللارنى كۆپەيتىش توغرا كەلگەندە ھەرۋاقىت ئىشلىتىشىم ئۈچۈن كۆپەيتىپ بېسىش ماشىنىسىنىڭ خاس نومۇر تاختىسىدىن بىرنى بەردى. ئادەتتە ئىنستىتۇتتىكىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ھېساباتى ئايرىم بولۇپ، مۇشۇ مەخپىي نومۇرغا ئاساسەن ھېساباتى ئاپتوماتىك ھېسابلىنىپ ماڭىدىكەن.

ئاندىن ئوتتۇرىدىكى زالغا يانداش سېلىنغان ئاشخانا ئۆيىگە كىردۇق. بۇ ئۆيمۇ ئازادە ۋە پاكىز ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئادەتتە تاماقلارنى ئىسسىتىپ يېيىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان مىكرو دولقۇنلۇق قىزىتقۇ، توك ئوچاق، توڭلاتقۇ، قەھۋە قايناتقۇچ، چاي قايناتقۇچ، ۋىلكا ـ پىچاق ۋە ئاشخانىغا مۇناسىۋەتلىك باشقا ھەممە ئەسلىھەلەر تەل ئىكەن. بىرگىت خانىم ماڭا بۇلارنى بىر قۇر كۆرسەتكەندىن كېيىن، قەھۋە دەملەشكە تۇتۇش قىلدى.

— سۇلايمان بەي، قەھۋە ئىچەمسىز ياكى چايمۇ؟

— چاي ئىچەي! — دېدىم مەن كۈلۈپ تۇرۇپ ، — قەھۋە ئىچىشكە ئادەتلىنىپ كېتەلمىدىم، بىز ئادەتتە چاي ئىچىشنى ياخشى كۆرىمىز.

— شۇنداق، بۇنى بىلىمەن! تاشكەنتتىن ئۆتكەن قېتىم ئالغاچ كەلگەن

AltunOq

ياخشى چىپىم بار، شۇنىڭدىن ئىچىپ بېقىڭ، ئۆزبېكلەرمۇ ئۇيغۇرلارغا ئوخشاشلا چاي ئىچىشنى ياخشى كۆرىدىكەن. مانا بۇ چەينەك بىلەن پىيالىلەرنىمۇ تاشكەنتتىن ئالغانمەن.

ــــ ئەمسە ئۆزۈمنى تاشكەنت ياكى ئۈرۈمچىدە ئولتۇرغاندەك ھېس قىلىدىكەنمەن ــ دە!

ــــ ئەلۋەتتە شۇنداق ھېس قىلىسىڭىز بولىدۇ. لېكىن ئۇزاق ئۆتمەيلا چاينى تاشلاپ قەھۋەگە ئۆگىنىپ كېتەمسىز كىنتاڭ! ئىككى يىل ئاۋۋال قاراقالپاقىستاندىن بىر كىشى بىز بىلەن بىر تەتقىقات تېمىسى ئىشلەش ئۈچۈن بۇ يەردە ئالتە ئاي تۇرغان. دەسلەپ قەھۋە ئىچەلمەيمەن دەپ كۈندە ئۆزى ئەكەلگەن چاينى ئىچىپ يۈردى، كېيىن قارىسام چاينى تاشلاپ قەھۋە ئىچكىلى تۇرۇپتۇ. «نېمە بولدى، سۇلتان بەي! قەھۋە ئىچەلمەيتتىڭىزغۇ؟» دەپ سورىسام، كۈلۈپ كېتىپ: «شۋېتلارنى نېمىشقا قەھۋەگە خۇمار بولغاندەك كۈندە ئىچىدىكىن دېسەم مىجەزنى تەڭشەيدىكەن ئەمەسمۇ! بۇنداق ھاۋاسى نەم سوغۇق جايدا قەھۋە يارىشىدىكەن» دەپ جاۋاپ بەرگىنى ھېلىمۇ ئېسىمدە.

ــــ شۇنداق، مەنمۇ ھەيران قالىمەن، ياۋروپادا، بولۇپمۇ شىمالىي ياۋروپادا كىشىلەر قەھۋەدىن ئايرىلالمايدىكەن. خۇددى ئوتتۇرا ئاسىيادا كىشىلەر چايدىن ئايرىلالمىغاندەك.

ــــ توغرا ئېيتتىڭىز، قەھۋە شۋېتلار تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. بۇ يەردە كىشىلەر كۈندە ئىككى ـ ئۈچ قېتىم قەھۋە ئىچىشكە ئادەتلەنگەن. قەھۋەسىز كىشىلەر گويا ياشىيالمايدىغاندەكلا. ئەمدىكى ئىشىمىز مۇنداق، سۇلايمان بەي، مەن سىزنى ئىنستىتۇتتىكى خىزمەتداشلارغا تونۇشتۇرماقچىمەن، بولۇپمۇ ئىنستىتۇت باشلىقى، باش كاتىپ ۋە بىزنىڭ پېشقەدەم پروفېسسورىمىز ستافان ئەپەندىلەر بىلەن تونۇشۇشىڭىز بەكمۇ زۆرۈر. ئاندىن جۇڭگو تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى، مېنىڭ يېقىن دوستۇم مارىيە كايكونېن (Maria Kaikonen) خانىم سىزنى چۈشلۈك تاماققا تەكلىپ قىلدى. چۈشتە ئۈچىمىز بىللە تاماق يېگەچ پاراڭلىشىدىغان بولدۇق. سىزچە قانداق؟

ــــ بولىدۇ، رەھمەت!

مەن بىرگىت خانىمغا ئەگىشىپ ئالدى بىلەن ئىنستىتۇت باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا كىردىم. ئالمكۇۋىست (Almquest) ئەپەندى مېنىڭ كىرىدىغىنىمنى بىلگەندەكلا ئورنىدىن تۇرۇپ قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. بۇ كىشى سېمىز ھەم يوغان كىشى بولۇپ، چاچلىرى چۈشۈپ تولۇق ئايپاڭ بولۇپ كەتكەن بېشى چىراغ نۇرىدا مايلاپ قويغاندەك پارقىرايتتى. بىز بەش مىنۇتچە پاراڭلاشقاندىن كېيىن، كاتىپ ئايالنىڭ ئىشخانىسىغا كىردۇق. كاتىپ ئايال ئېگىز بوي، 45 ياشلار چامىسىدىكى سېرىق چاچلىق ئايال بولۇپ، پۈتۈن ئىنستىتۇتنىڭ مەمۇرىي

ئىشلىرىنى ئۆزى يالغۇز بىر تەرەپ قىلىدىكەن. ئۇ ماڭا ئىنستىتۇت بىناسىنىڭ چوڭ ئىشىكىدىن كىرىدىغان ماگنىتلىق كارتا بىلەن ئىشخانامنىڭ ئاچقۇچىنى، پوچتا ساندۇقۇمنىڭ نومۇر كارتىسىنى ۋە باشقا لازىملىق نەرسىلەرنى بەردى. بىز ئۇ يەردىن جۇڭگو تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا، ھىندى، ياپون، ئەرەب فاكۇلتېتلىرىغا كىرىپ، بۇ يەردە ئىشلەيدىغان مۇناسىۋەتلىك پروفېسسورلار، لېكتورلار ۋە دوكتورانتلار بىلەن بىرمۇ بىر تونۇشتۇق. بولۇپمۇ جۇڭگو تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ دوكتور ئاسپىرانتى فرېدرىك فولمان (Fredrik Fallman) مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. ئۇ مېنى كۆرۈپلا «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!» دەپ ئۇيغۇرچە سالام بەردى. ئاندىن ناھايىتى راۋان خەنزۇ تىلىدا:

— مەن سىزنىڭ كېلىدىغانلىقىڭىزنى بۇرۇنلا ئاڭلىغان، ناھايىتى ياخشى بولدى. مەن قەشقەر ۋە يەركەنلەرگە بارغانمەن. شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىدىن ئاز ـ تولا خەۋىرىم بار. بىز يەنە تەپسىلىي پاراڭلىشىمىز. مەن شۋېت تېلېۋىزىيونىرلىرىنىڭ 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا خوتەن ئۆلكىسى بىلەن شىنجاڭ رايونىدىكى پائالىيەتلىرى ھەققىدە بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلغان. سىزگە شۇ ماقالەمنىڭ خەنزۇچە ۋە ئىنگلىزچە نۇسخىسىدىن كوپىيە قىلىپ بېرەي! — دېدى.

— رەھمەت سىزگە، سىز بىلەن تونۇشقانلىقىمدىن خۇشالمەن! — دېدىم مەن ئۇنىڭغا جاۋابەن.

ئۇ يەردىن بىز ئۈچىنچى قەۋەتكە قايتىپ چىقتۇق. ئەمدى بىرگىت خانىم مېنى پروفېسسور ستافان رۆسېن (Stafan Rösen) ئەپەندىنىڭ ئىشخانىسىغا باشلاپ كىرمەكچى بولدى. مەن بىرگىت خانىمنىڭ تامدىكى ئەينەك ئالدىغا بېرىپ ئۆزىنى قايتا تۈزەشتۈرىۋاتقانلىقىغا ھەمدە كەيپىياتىنىڭ بىردىنلا جىددىيلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلدىم. مەن ئىچىمدە بۇ خانىم تەمتىرىگۈدەك قانداق سۈرلۈك كىشى بولغىدى دەپ ئويلىدىم. ئىشىك بوش چېكىلگەندىن كېيىن «كىرىڭ، رۇخسەت!» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. بىز ئىچكىرىگە كىردۇق. پروفېسسور ستافان ئەپەندى ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ بىز بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. بىرگىت خانىم مېنى تونۇشتۇرغاندىن كېيىن ستافان ئەپەندى كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ ئىنگلىزچە گەپ قىلدى:

— ھە، قارشى ئالىمىز! سىزنىڭ كېلىدىغانلىقىڭىزدىن خەۋىرىم بار. ئەمدى ياخشى بولدى، ئوتتۇرا ئاسىيا بۆلۈمىنىڭ سىز بىلەن ھەمكارلىشىدىغان نۇرغۇن ئىشلىرى بار. مەن شىنجاڭغا بارغان، 1994 ـ يىلى تەكلىماكان چۆلىدە ئېلىپ بېرىلغان جۇڭگو ـ شۋېتسىيە بىرلەشمە ئېكسپېدىتسىيە ئۆمىكى تەركىبىدە خوتەن ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى يارتوڭگۇز دەرياسىنى بويلاپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغانمىز. مانا بۇ ئىشلارغىمۇ 10 يىل بولاي دەپتۇ. ھەرقانداق مەسىلە بولسا بىۋاستە دېسىڭىز بولىدۇ. بىزنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا بۆلۈمىمىز يېڭىلا قۇرۇلغان، بىز

ئۇنى كۆچەيتىشكە تىرىشۋاتىمىز. سىزنىڭ كېلىشىڭىز بىزگە كۆپ جەھەتتىن ياخشى بولدى.

— رەھمەت، پروفېسسور! — دېدىم مەمنۇنلىقىمنى بىلدۈرۈپ، — مەنمۇ مۇشۇ بىر يىل جەريانىدا بۇ يەردە كۆپ ھاسىلاتلارغا ئېرىشەلەيمەن دەپ ئىشىنىمەن.

— پروفېسسور ستافان ئەپەندى مەرھۇم گۇننار ياررىڭنىڭ ھايات چېغىدىكى ئەڭ يېقىن دوستلىرىنىڭ بىرى، ياررىڭ ئەپەندى باش ئەلچىلىك خىزمىتىدىن بوشاپ پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن ستافان ئەپەندى بىلەن بىللە مۇشۇ ئىنستىتۇتتا ئۆزىنىڭ كۆپ ۋاقىتلىرىنى ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيىتى ھەققىدىكى تەتقىقاتلىرىغا سەرپ قىلغان ، — دېدى بىرگىت خانىم قوشۇمچە قىلىپ.

— شۇنداق، — دېدى ستافان ئەپەندىمۇ بىرگىت خانىمنىڭ گېپىنى تەستىقلاپ، — ياررىڭ ئەپەندىنىڭ ماتېرىياللىرىنى كۆرمەكچى بولسىڭىز مەندە ھەممىسى تولۇق، خالىغانچە كۆرسىڭىز بولىدۇ. ياررىڭ ئەپەندىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە ئۇنىڭ ئۆمرىدە يىغقان ۋە ئۆزى تەتقىق قىلغان بارلىق ماتېرىياللىرىنى ئائىلىسىدىكىلەر بىزنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا بۆلۈمىمىزگە تەقدىم قىلدى. ھازىر بىز ئۇنىڭ ياۋروپا تىللىرىدىكى ماتېرىياللىرىنىڭ كاتالوگىنى ئىشلەپ تۈگەتكەن بولساقمۇ، لېكىن زور كۆلەمدىكى ئۇيغۇرچە كىتاب ـ ماتېرىياللىرىنىڭ كاتالوگى تېخىچە ئىشلەنمىدى. بۇ جەھەتتە بىز ئەلۋەتتە سىزنىڭ ياردىمىڭىزگە موھتاج!

— مەن بۇنى خۇشاللىق دەپ بىلىمەن، — دېدىم مەن قىزغىنلىق بىلەن، — ياررىڭ ئەپەندىنىڭ ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيىتى ساھەسىدە ئېلىپ بارغان بۈيۈك ئىلمىي ئەمگەكلىرىنى كۆرۈش ۋە ئۇنى ئۇيغۇر خەلقىگە تونۇشتۇرۇش مېنىڭ بۇ يەردىكى تەتقىقات پىلانلىرىمنىڭ بىرى.

ستافان ئەپەندى ماڭا گۇننار ياررىڭنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا، يەنى 95 ياشقا كىرگەن يىلى نەشر قىلدۇرغان زور ھەجىملىك ئەمگىكى «ئوتتۇرا ئاسىيا يەر ناملىرى: لوپنۇر ۋە تارىم ئويمانلىقى مىسالىدا»[4] ناملىق قېلىن بىر توم كىتابىنى سوۋغا قىلدى. مەن ستافان ئەپەندىنىڭ ئىشخانىسىدىن خۇشال كەيپىيات ئىچىدە قايتىپ چىقتىم.

چۈشتە بىرگىت خانىم بىلەن بىللە ئىنستىتۇتتىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدىكى رېستورانغا باردۇق. جۇڭگو تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى مارىيە كايكونېن خانىم بىزنى ساقلاپ تۇرغان ئىكەن، بىر ئۈستەلنى تاللاپ ئولتۇردۇق. بۇ خېرىدارلار خالىغانچە تاللاپ يەيدىغان غەربچە رېستوران بولۇپ، ئازادە ۋە پاكىز ئىدى. مارىيە خانىم مېنىڭ ئىككىلىنىپ تۇرغانلىقىمنى كۆرۈپ قېشىمغا كەلدى ۋە ناھايىتى راۋان خەنزۇ تىلىدا:

---

[4] Gunnar Jarring, *Central Asian Turkic Place Names: Lop Nor and Tarim Area – An Attempt of Classification and Explanation based on Sven Hedin's Diaries and Published Works*, Stockholm, 1997

— كەچۈرۈڭ، بۇ ئەتراپتا مۇسۇلمانچە ئاشخانا تېپىش ناھايىتى تەس، شۇڭا تاللاپ يەيدىغان بۇ رېستورانىنى تاللىدىم. قاراڭ، ماۋۇ كالا گۆشى، ماۋۇ بېلىق، ئاۋۇ سالات ۋە مېۋە ــ چېۋىلەر، ئۆزىڭىزنىڭ كۆڭلى كۆتۈرگەن تائاملارنى تاللاپ ئېلىڭ، ئادەتتە ئەرەب تىلى فاكۇلتېتىدا ئىشلەيدىغان مىسىرلىق خىزمەتداشلىرىمىزمۇ مۇشۇ ئاشخانىدىن تاماق يەيدۇ، — دېدى.

دېگەندەك ئۇدۇلدىكى ئۈستەلدە بىرقانچە ئەرەبلەرمۇ غىزالىنىپ ئولتۇراتتى. مېنىڭ دېلىغۇل بولۇۋاتقان كۆڭلۈم سەل ئەمىن تاپقاندەك بولۇپ، بېلىق گۆشى، تۇخۇم پوشكىلى، سالات ۋە مېۋە ــ چېۋىلەردىن تاللاپ ئالدىم.

پروفېسسور مارىيە كايكونېن خانىم 50 ياشلارغا كىرگەن ئوتتۇرا بويى، چىرايلىق ئايال ئىدى. قىزغۇچ سېرىق كەلگەن دولقۇنلۇق چاچلىرى بىلەن ئۆزىگە ياراشتۇرۇپ قىلغان گىرىملىرى بۇ ئايالنىڭ ياش چاغلىرىدىكى گۈزەللىكى ۋە ئاياللىق لاتاپىتىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ناھايىتى راۋان خەنزۇ تىلى بىلەن سۆزلىشى مېنى خېلىلا ھەيران قالدۇردى.

— كايكونېن خانىم، خەنزۇچىنى تولىمۇ چىرايلىق سۆزلەيدىكەنسىز! سىز نەدە ئۆگەنگەن؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.

— ماختىغىنىڭىزغا رەھمەت! مەن فىنلاندىيىلىك، خەنزۇ تىلىنى 60 ــ يىللارنىڭ ئاخىرلىرى خېلسىنكى ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۆگىنىشكە باشلىغانمەن، كېيىن، يەنى 73 ــ يىلىدىن 76 ــ يىلىنىڭ باشلىرىغىچە بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا داۋاملىق ئۆگەندىم. شۇندىن باشلاپ مۇشۇ ئۇنىۋېرسىتېتتا ئىزچىل ھالدا خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشى ۋە جۇڭگو ئەدەبىياتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتىمەن.

— بېيجىڭدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىڭىزدا شىنجاڭغا بېرىپ باقتىڭىزمۇ؟

— ياق، بېرىش نېسىپ بولمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەن بېيجىڭدا ئوقۇۋاتقان 70 ــ يىللارنىڭ بېشىدا چەت ئەللىكلەرنىڭ چېگرا رايونلارغا بېرىشىغا، بولۇپمۇ شىنجاڭ بىلەن شىزاڭغا بېرىشىغا رۇخسەت قىلىنمايتتى.

— شۇنداق، جۇڭگونىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان چېگرا رايونلىرى 80 ــ يىللاردىن كېيىن ئاندىن چەت ئەللىكلەر ئۈچۈن ئېچىۋېتىلدى. ھازىر بۇ جايلارغا چەت ئەللىكلەرنىڭ ساياھەت ياكى ئىلمىي تەكشۈرۈشكە بېرىش ئىمكانىيىتى بار.

— توغرا دەيسىز، ھازىر ھەممىلا جايغا بېرىش مۇمكىنچىلىكى بار. لېكىن مېنىڭ تەتقىقات يۆنىلىشىم ئاساسەن خەنزۇ ئەدەبىياتى بولغاچقا، شىنجاڭغا بېرىش ئارزۇيۇم بولسىمۇ، بىراق ھەر قېتىم جۇڭگوغا بارغىنىمدا ئىچكى ئۆلكىلەردە تەكشۈرۈشتە بولۇپ، پۇرسەت چىقىرالمىدىم.

— كايكونېن خانىم، سىز ئاساسلىقى جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ قايسى دەۋردىكى

بۆلىكىنى تەتقىق قىلىسىز؟

ــــ مىنى مارىيە دەپ بىۋاسىتە ئاتىسىڭىزلا بولىدۇ، ــــ دېدى ئۇ ماڭا قاراپ، ــــ دەسلەپ چىلىڭ دەۋرىدىكى جۇڭگو ئەدەبىياتىنى ئاساسىي يۆنىلىش قىلىپ تاللىغانىدىم. كېيىنچە ئاستا ـ ئاستا جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىغا قاراپ يۈزلەندىم. مەن شىنجاڭ ئىنقىلابىدىن 1940 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى جۇڭگو ئەدەبىياتىغا بەكمۇ قىزىقىمەن. مۇشۇ ۋاقىتتىكى يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇشنى ياخشى كۆرىمەن. بۇ دەۋردىكى جۇڭگو يازغۇچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ سەنئەت قىممىتى يۇقىرى بولغان بىر يۈرۈش ئەسەرلىرى ئارقىلىق جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈردى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بۇ دەۋردىكى ئەھۋالى زادى قانداق، بۇ ھەقتە مەن ھېچقانداق ساۋاتقا ئىگە ئەمەسمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەدەبىي ئەسەرلىرى ناھايىتى ئازكەن. ئەگەر خالىسىڭىز، بىزنىڭ فاكۇلتېتتا ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدە بىر ـ ئىككى قېتىم لېكسىيە بەرگەن بولسىڭىز تولىمۇ ياخشى بولاتتى. بۇ بىزنىڭ جۇڭگو تىل ـ ئەدەبىياتىنى يۆنىلىش قىلىپ ئوقۇۋاتقان ئاسپىرانتلىرىمىز ئۈچۈن ياخشى دەرس بولۇپ قالاتتى!

ــــ بۇنى ئەلۋەتتە خۇشاللىق دەپ بىلىمەن. لېكسىيىنى ئىنگلىزچە سۆزلىشىم ئۈچۈن بىرئاز ۋاقىت تەييارلىق قىلىشىم كېرەك.

ــــ سىزگە رەھمەت! ئالدىرىماي تەييارلىق قىلىڭ، ئىككى قېتىملىق لېكسىيىنى كېلەر يىلى ئاپرېل بىلەن سېنتەبىر ئايلىرىغا ئورۇنلاشتۇرايلى.

كايكونېن خانىم بىلەن بىر ھازا خەنزۇچە پاراڭلاشقاندىن كېيىن، بىرگىت خانىمنى كۆزدە تۇتۇپ يەنە ئىنگلىزچە پاراڭلىشىشقا باشلىدۇق. شۇ ئارىدا كايكونېن خانىم مەندىن:

ــــ سىز ئىشلەۋاتقان شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا قانچىلىك ئوقۇغۇچى ئوقۇيدۇ؟، ــــ دەپ سورىدى.

ــــ مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى ئوقۇيدۇ.

ــــ ئۇنداقتا، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى كەسپىدە قانچىلىك ئوقۇغۇچى بار؟

ــــ ھەر يىلى بىر ياكى ئىككى سىنىپ ئوقۇغۇچى ئوقۇش پۈتتۈرىدۇ. بىر سىنىپتا ئادەتتە 30 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى ئوقۇيدۇ.

ــــ ئۇنداقتا، ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەرنىڭ ھەممىسى خىزمەت تاپالامدۇ؟

ــــ ئىلگىرى بىر تۇتاش خىزمەتكە تەقسىم قىلاتتى. ھازىر ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرى خىزمەت ئىزدەيدۇ. بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بىزنىڭ بۇ كەسىپتە ئوقۇيدىغانلارنىڭ خىزمەت تېپىشى بارغانسېرى تەسلىشىپ كېتىۋاتىدۇ.

AltunOq

— شۇنداق، مەنمۇ ھەيران قالدىم. شۋېتسىيىدە ئۇنىۋېرسىتېتقا كىرىپ ئوقۇيدىغانلار ئالدى بىلەن ئۆزى تاللىماقچى بولغان كەسىپتە ئوقۇسا كەلگۈسىدە خىزمەت تاپالامدۇ - يوق، مۇشۇ ئىمكانىيەتنى مۇقىملاشتۇرالىغاندىلا، ئاندىن شۇ كەسىپنى تاللايدۇ. ئەگەردە سىلەرنىڭ ئىنستىتۇتنىڭ ئۆزىدىلا ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بويىچە يىلىدا 30 – 60 قىچە ئوقۇغۇچى ئوقۇش پۈتتۈرسە، شىنجاڭدەك ئۆلكە دەرىجىلىك رايوندا خىزمەتكە ئورۇنلىشىش ئەلۋەتتە تەس بولۇشى مۇمكىن. قىسقىسى، مەن بۇنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن.

بىرگىت خانىممۇ مارىيە كايكونېننىڭ سۆزىنى تەستىقلىدى. مەن رېستوراندىن قايتىپ چىقىۋېتىپ، ئۇلارنىڭ سۆزلىرى ھەققىدە ئويلىنىپ قالدىم.

## تۆتىنچى باب

# FoCAS ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا كۇتۇپخانىسى

شۇنداق قىلىپ ستوكھولم ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ھاياتىم باشلاندى.

بۇ شۋېتسىيىدىكى داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ بىرى بولۇپ، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى قۇرۇلغان ئىكەن. ھازىر 30 مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى ئوقۇيدىغان، شىمالىي ياۋروپادا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان ئۇنىۋېرسىتېت ھېسابلىنىدىكەن. بۇ ئۇنىۋېرسىتېت پۈتۈن دۇنياغا ئېچىۋېتىلگەن بولۇپ، ھەرقايسى دۆلەتلەردىن كەلگەن تۈرلۈك ئىرقتىكى ئوخشاش بولمىغان تىللاردا سۆزلىشىدىغان ئوقۇغۇچىلارنى ئۇچراتقىلى بولىدىكەن. شۋېتسىيىدە ستوكھولم ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخى ئۇپسالا ئۇنىۋېرسىتېتىدەك ئۇنچىلىك ئۇزۇن بولمىسىمۇ، لېكىن پايتەخت شەھىرىدىكى ئەڭ مۇھىم ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ بىرى ئىكەن.

ھەر كۈنى سەھەر مېتروغا ئولتۇرۇپ ئۇنىۋېرسىتېت بېكىتىدە ئالدىراش كىشىلەر توپىغا قوشۇلۇپ، يەر ئاستىدىن چىققىنىمدا يۈزۈمگە نەم ساپ ھاۋا ئۇرۇلۇپ، مېنى خىياللار قاينىمىدىن سەگىتىدۇ. شۇندىلا ئۆزۈمنىڭ ئۇزاق مەركىزىي ئاسىيادىكى دېڭىزغا ئەڭ يىراق شەھەر ــ ئۈرۈمچىدە ئەمەس، بەلكى بالتىق دېڭىزىنىڭ يېنىك دولقۇنلىرىغا يۆگىلىپ تۇرغان شىمالىي ياۋروپادىكى پايتەخت شەھەر ــ ستوكھولمدا ياشاۋاتقانلىقىمنى سېزىمەن. يوللار، كوچىلار بىزنىڭ قايناق شەھەر ـ رەستىلىرىمىزدىكى چاڭ ـ توزان قاپلىغان تىقما ـ تىقما كۆرۈنۈشلەردىن يىراق. ئۇياقتىن بۇياققا ئۆتۈپ تۇرغان ماشىنىلار، پويىزلار، شۇنداقلا دېڭىز بوغۇزىدا يىراققا كېتىپ بارغان زور تىپتىكى پاراخوتلارنىڭ گۈدۈك ئاۋازىدىن باشقا ھېچقانداق شاۋقۇن ـ سۈرەننى ئاڭلىغىلى بولمايدۇ. مېترودا كېتىۋېتىپ ئەتراپىمدىكى يولۇچىلارغا قارايمەن، ھەممىسى بىر ـ بىرىگە شۇنچىلىك يات ۋە سوغۇق، ئاندا ـ ساندا بىر ـ بىرى بىلەن كۆزلىرى ئۇچرىشىپ قالغىنىدا زورىغا كۈلۈمسىرەپ قويىدۇ، خالاس. ھەتتا نۇرغۇنلىرى بىر ـ بىرى بىلەن كۆزلىرى روبىرو ئۇچرىشىپ قېلىشتىن قاچىدۇ. شۇڭا كۆپىنچىسى كىتاب ياكى ئەتىگەنلىك گېزىتتىن بېشىنى كۆتۈرمەستىن ئولتۇرىدۇ. ئادەمنىڭ ئىچىنى سىقىدىغان بۇنداق جىمجىتلىق ۋە سىرلىق كەيپىيات بىزدەك قايناق ئىجتىمائىي توپنىڭ ئىچىدە جامائەتچىلىك قاينىمىدا چايقىلىپ ياشاشقا كۆنگەن كىشىلەرگە تولىمۇ ئېغىر تۇيۇلىدۇ ...

بۇ يەردىكى ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ ھەيۋەتلىك دەرۋازىلىرى، قورشاۋ تېمى ھەمدە ئېگىزگە ئېسىلغان پىلاكات ۋە لوزۇنكىلىرى بولمايدۇ. ھەرقايسى ئىنستىتۇت ۋە فاكۇلتېتلار شەھەرنىڭ ئوخشاشمىغان جايلىرىغا جايلاشقان. شەرق تىللىرى ئىنستىتۇتى ستوكھولم ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كۇتۇپخانا، مەمۇرىيەت بىناسى، ئوقۇغۇچىلار پائالىيەت مەركىزى قاتارلىق مۇھىم تارماقلىرى جايلاشقان مەركىزي رايوندىن ئانچە يىراق ئەمەس. مەن بۇ شەھەرنىڭ شەرق تىللىرى ئىنستىتۇتى جايلاشقان كرافتريكت (Kraftrekt) رايونىنى ياخشى كۆرىمەن. بولۇپمۇ ئىنستىتۇتنىڭ ئارقا تەرىپىگە جايلاشقان پايانسىز كۆل ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى قويۇق ئورمانلىق كىشىگە بىر خىل شېئىرىي تۇيغۇ بېغىشلايدۇ. سەھەردە كۆلنى بويلاپ جىمجىت چىغىر يول بىلەن ماڭسىڭىز ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان سۇس ئاقۇچ تۇمان سىزنى 19 ـ ئەسىردە يېزىلغان ياۋروپانىڭ كلاسسىك رومانلىرىدىكى رومانتىك مەنزىرىلەرگە باشلاپ كىرىدۇ. قۇشلارنىڭ تىنىمسىز سايراشلىرى ۋە بىردىنلا ئۇچراپ قالىدىغان ياۋا توشقانلارنىڭ سەكرەپ ئويناشلىرى سىزگە تېخى تەبىئەتنىڭ ھەرۋاقىت ئويغاقلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇرىدۇ.

ھەر كۈنى ئەتىگەندىن چۈشكىچە شەرق تىللىرى ئىنستىتۇتى بىناسىنىڭ ئۈچىنچى قەۋىتىگە جايلاشقان ئازادە ئىشخانىدا مۇقىم ئىشلەشكە باشلىدىم. ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات بۆلۈمىدە بىرگىت خانىم بىلەن ئىككىمىزلا بار ئىدۇق. بىرگىت خانىم ئىچكىرىدىكى ئىشخانىدا، مەن تاشقىرىقى ئىشخانىدا ئىدىم. ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات بۆلۈمى شەرق تىللىرى ئىنستىتۇتىدا ئەڭ كېيىن قۇرۇلغان بۆلۈم بولۇپ، تەسىس قىلىنغىنىغا ئەمدىلا 10 يىل بولغان ئىكەن. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرىدا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە كاۋكاز رايونىدا تۈركىي تىللىق بىرقانچىلىغان جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ مۇستەقىللىققا ئېرىشىشى بىلەن مەرھۇم گۇننار ياررىڭنىڭ تەشەببۇسى ئارقىسىدا ستوكھولم ئۇنىۋېرسىتېتىدا مەزكۇر مەركەز قۇرۇلغان ئىكەن. بۇ بۆلۈمنىڭ ئىنگلىزچىدىكى قىسقارتىلمىسى FoCAS بولۇپ، تولۇق ئىنگلىزچە ئاتىلىشى Forum for Central Asian Studies، يەنى ئۇيغۇرچىدا «ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات مۇنبىرى» دېگەنلىك بولىدۇ. مەشھۇر دىپلومات، دۇنياغا داڭلىق ئۇيغۇرشۇناس گۇننار ياررىڭ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدا مەزكۇر ئىنستىتۇتتا بىر مەزگىل تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا، ئۆزىنىڭ مول سەمەرىلىك ئەمگەكلىرى ۋە يۇقىرى نوپۇزى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا بۆلۈمىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئاساس سالغان ئىكەن. گۇننار ياررىڭ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن بىرگىت خانىم پروفېسسور ستافان ئەپەندىنىڭ يېتەكچىلىكىدە مەزكۇر بۆلۈمگە مەسئۇل بولۇپ كېلىۋېتىپتۇ. بۇ مەركەز يالغۇز شۋېتسىيەدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل شىمالىي ياۋروپا ۋە سكاندىناۋىيە ئەللىرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى ساھەسىدىكى ئەڭ مۇھىم

ئورۇنلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدىكەن.

بىرگىت خانىمنىڭ ئەسلىي شۇغۇللانغان كەسپى تۈركىيە تۈركچىسى بولۇپ، 1984 ــ يىلى ستوكھولم ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەرق تىللىرى ئىنستىتۇتىدا تۈرك تىلى ھەققىدە يېزىلغان دىسسېرتاتسىيىسىنى ياقلاپ دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن ئىكەن. شۇندىن كېيىن ئىزچىل ھالدا تۈرك تىلى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپتۇ. 1993 ــ يىلى نويابىردا شەرق تىللىرى ئىنستىتۇتى قارمىقىدا ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات مەركىزى قۇرۇلغاندا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىرى ئاساسىي يۆنىلىش قىلىنىپ، تۈركىيە تۈركچىسى نەزەردىن ساقىت قىلىنغان ئىكەن. چۈنكى ئۇپسالا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاسىيا ــ ئافرىقا تىللىرى ئىنستىتۇتىدا مەخسۇس تۈرك تىلى كافېدراسى خېلى بۇرۇنلا تەسىس قىلىنغان بولۇپ، بۇ ساھەدە نۇرغۇن نەتىجىلەر ھاسىل قىلىنغان ئىكەن. شۇڭلاشقا بىرگىت خانىم ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات مەركىزىنىڭ يۆنىلىشىگە ماسلىشىپ، ئەسلىدىكى تەتقىقات نىشانى بولغان تۈركىيە تۈركچىسىنىڭ ئورنىغا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىرى تەتقىقاتىغا ئۆتۈپتۇ. ھازىر ئۇنىڭ ئاساسلىق تەتقىقات ئوبيېكتى ئۆزبېك تىلى بىلەن قاراقالپاق تىلى ئىكەن.

ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات مەركىزى گەرچە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى تۈركىي تىللارنى ئۆزىنىڭ مۇھىم تەتقىقات ئوبيېكتى قىلغان بولسىمۇ، لېكىن يېقىندىن بۇيانقى تەتقىقات يۆنىلىشى تېخىمۇ كەڭ ساھەگە، يەنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى دۆلەت ۋە خەلقلەرنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى، ئىقتىسادىي ئەھۋالى، مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى، ئەدەبىيات ــ سەنئىتى، قوشنا دۆلەتلەر ھەمدە غەرب ئەللىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قاتارلىق كۆپ ساھەلەرگە قاراپ راۋاجلاندۇرغان ئىكەن. شۇڭلاشقا مەزكۇر بۆلۈمدە يىلدا ئىككى قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان ئوتتۇرا ئاسىيا مۇھاكىمە مۇنبىرى(Central Asian Seminar at FoCAS) دە مۇشۇ ساھەلەرگە بېغىشلانغان تەتقىقات نەتىجىلىرى مەخسۇس مۇھاكىمە قىلىنىدىكەن.

2003 ــ يىل 11 ــ ئاينىڭ 26 ــ، 27 ــ كۈنلىرى، يەنى مەن ستوكھولم ئۇنىۋېرسىتېتىگە يېتىپ بېرىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن، شەرق تىللىرى ئىنستىتۇتىدا ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات مەركىزى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 10 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات مەركىزىدە ئىككى كۈن مەخسۇس ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ يىغىننىڭ ئېچىلىشى ماڭا شۋېتسىيىنىڭ نۆۋەتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى ئەھۋاللىرىنى چۈشىنىشىمگە ئىمكانىيەت ھازىرلاپ بەردى.

26 ــ نويابىر چۈشتىن كېيىن، بىرگىت خانىم بىر ھەپتە بۇرۇنلا ماڭا بەرگەن يىغىن كۈنتەرتىپىنى ئېلىپ ئىنستىتۇتقا باردىم. ھاۋا تۇتۇق، لەپىلدەپ قار يېغىۋاتاتتى. ئۇچىنچى قەۋەتتىكى ئىشخانامغا كىرىپلا ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدىم.

يان تەرەپتىكى بوش ئۈستەلدە دۇتار، تەمبۇر ۋە بىرقانچە كىشىنىڭ پەلتوسى تۇراتتى. قارىغاندا بىرگىت خانىم بۇ يىغىن ئۈچۈن ئۆزبېكىستاندىن بىرقانچە مۇزىكانت تەكلىپ قىلدىمۇ ـ نېمە؟ دېگەن سوئال كاللامدىن كەچتى. لېكىن ئۈستەلدىكى دۇتار، تەمبۇرغا ئىنچىكىلەپ قاراپ، ئۇيغۇر سازلىرى ئىكەن دېگەننى جەزىملەشتۈردۈم. بۇ ئۇيغۇر چالغۇلىرىنى بۇ يەرگە كىم ئېلىپ كەلگەندۇ؟ ئىچىمدە تەسۋىرلىگۈسىز بىر خىل ھاياجان ئۇرغۇشقا باشلىدى. شۇ ئارىدا بىرگىت خانىم ئالدىراش ئىشخانىغا كىرىپ كەلدى:

— مەرھابا، سۇلايمان بەي! ھەيران قېلىۋاتامسىز نېمە؟ يىغىنىدىن كېيىن بىرقانچە سەنئەتكارلار نومۇر كۆرسىتىدۇ. بۇ چالغۇلارنى شۇلار ئېلىپ كەلگەن. قېنى، مەرھەمەت! يىغىن زالىغا كىرىڭ، يىغىن ھازىر باشلىنىدۇ.

ياندىكى كارىدوردىن ئۆتۈپ يىغىن زالىغا كىردىم. زال ئىچى ئادەم بىلەن لىق تولغانىدى. ئۇدۇلدىكى مۇنبەر ئۈستىگە «ئوتتۇرا ئاسىيا مۇھاكىمە مۇنبىرى» دېگەن ئىنگلىزچە خەتلەر يېزىلغان ئىدى. مەن ئوتتۇرىدىكى بوش ئورۇنغا بېرىپ ئولتۇردۇم ـ دە، ئەتراپىمدىكى كىشىلەرگە نەزەر تاشلىدىم. يىغىن قاتناشچىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى كۆك كۆز، سېرىق چاچلىق شۋېتلار بولۇپ، كۆپىنچىسى ئىنستىتۇتنىڭ ئەرەب، ھىندى، جۇڭگو، ياپون ۋە كورېيان تىللىرى فاكۇلتېتلىرىدىن كىرگەن تەتقىقاتچى خادىملار ئىدى. قىزىق ئىش، دۇتار ـ تەمبۇرنى كىم چېلىپ، ئۇيغۇرچە ناخشا ئېيتىدىغاندۇ؟ دەپ ئويلىدىم ھەيرانلىقىمنى باسالماي.

مۇھاكىمە يىغىنى باشلاندى.

بىرگىت خانىم ئالدى بىلەن مۇنبەرگە چىقىپ يىغىن كۈنتەرتىپىنى ئوقۇپ ئۆتتى، ئاندىن بىرىنچى بولۇپ شەرق تىللىرى ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى پروفېسسور ئالمكوۋىست ئەپەندىنى سۆزگە تەكلىپ قىلدى. ئالمكوۋىست ئەپەندى ئىنستىتۇتقا ۋاكالىتەن ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات مەركىزى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 10 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن قولغا كەلگەن نەتىجىلەر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى تەتقىقات پىلانلىرى ھەققىدە قىسقا، ئەمما مېغىزلىق قىلىپ سۆزلىدى. مېنىڭ شۋېتسىيىگە كېلىپ ھەيران قالغىنىم شۇ بولدىكى، شۋېتلارنىڭ ھەممىسى ئىنگلىزچىنى شۇنچىلىك راۋان ۋە ئېنىق سۆزلەيدىكەن. ئادەتتە تۇرمۇشتا تولۇق شۋېتچە قوللىنىدىكەن، زۆرۈر تېپىلغاندا ئىنگلىزچە سۆزلەيدىكەن. ئۇنىۋېرسىتېتلاردا بولسا شۋېتچە بىلەن ئىنگلىزچە تەڭ ئىشلىتىلىدىكەن.

ئىككىنچى قېتىم بىرگىت خانىم سۆزگە چىقتى. ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات مەركىزىنىڭ 10 يىللىق تەرەققىيات مۇساپىسى ئۈستىدە توختالدى. نۆۋەتتىكى تەتقىقات تېمىلىرى، قولغا كەلگەن نەتىجىلەر، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ئېلىپ بېرىلغان ئىلمىي تەكشۈرۈشلەر، ھازىر تەسىس قىلىنغان دەرسلەر ھەمدە

Altun Oq

مەركەزنىڭ نۆۋەتتىكى تەتقىقات پىلانلىرى توغرىلىق ئەتراپلىق ئۇچۇر بەردى. ئاخىرىدا مېنى يىغىن ئەھلىگە تونۇشتۇرۇپ، جۇڭگودىن زىيارەتچى تەتقىقاتچى (Visiting Researcher) سۈپىتىدە ستوكھولم ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات مەركىزىگە كەلگەنلىكىمنى ھەمدە بۇ يەردە قىلماقچى بولغان ھەمكارلاشما تەتقىقات پىلانلىرىمنى سۆزلەپ ئۆتتى. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ كۆپچىلىككە ھۆرمەت بىلدۈردۈم. يىغىن ئەھلىمۇ قىزغىن چاۋاكلار بىلەن مېنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

شۇنىڭ بىلەن يىغىندا ئوقۇلىدىغان رەسمىي ماقالىلەرنى ئوقۇش باشلاندى. بىرگىت خانىم «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى ھەققىدە دوكلات»[5] ناملىق ماقالىسىنى ئوقۇپ ئۆتتى. ئۇ بۇ ماقالىسىدا ئۆزىنىڭ يېقىندا ئۆزبېكىستاندا ئېلىپ بارغان 20 كۈنلۈك تەكشۈرۈشى جەريانىدا توپلىغان ئۇچۇرلىرىغا ئاساسەن يېقىندىن مۇستەقىللىققا ئېرىشكەن ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، تىل، مەدەنىيەت، دىن ۋە مىللەتلەر مۇناسىۋىتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەڭ يېڭى يۈزلىنىشلىرىدىن دوكلاد بەردى. ئۇنىڭدىن كېيىن ستوكھولم ئۇنىۋېرسىتېتى سىياسىي پەنلەر ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى مىكائىل فرېدھولم «ئوتتۇرا ئاسىيادا سىياسىي كۈچ سۈپىتىدىكى ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى ۋە ئېكستىرېمىزمى»[6]؛ مۇھىت پەنلىرى ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى گىئا كېيللېن «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئارال دېڭىزىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىت مەسىلىلىرى»[7]؛ ئۆزبېكىستانغا قاراشلىق قاراقالپاق ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىدىن كەلگەن مارىنىكا باينەزەروۋا خانىم «قاراقالپاقىستان ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى سوۋېتسكى نامىدىكى سەنئەت مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان يىغمىلار»[8] قاتارلىق ماقالىلەرنى ئوقۇپ ئۆتتى. بۇ يەردىكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ماقالە ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن يىغىن قاتناشچىلىرى بەس ــ بەس بىلەن سوئال سورىشىدىكەن، ماقالە ئوقۇغۇچى نەق مەيداندا جاۋاب بېرىدىكەن. بۇنداق مۇنازىرە شەكلىدىكى مۇھاكىمە ھەتتا بەزى ماقالىلەر ئۈستىدە بىرەر سائەتچە داۋاملىشىدىكەن.

ئاخىرىدا بىرگىت خانىم ئوقۇلغان ماقالىلەر ھەققىدە قىسقىچە خۇلاسە چىقارغاندىن كېيىن، شۋېتسىيىدە ئوقۇۋاتقان ئىككى نەپەر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىنىڭ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ھازىر ئۇيغۇر خەلق

---

[5] Birgit Schlyter, *A Report on Recent Situation of Central Asia*

[6] Michael Fredholm, *Islamic Fundamentalism and Extremism as a Political Force in Central Asia*

[7] Gia Kjell□, *Environment Problems of Aral Sea in Central Asia*

[8] Marinika Babnazarova, *The Collection of the Sovetstky Art Museum of the Autonomous Republic of Karakalpakistan*

ناخشا ــ مۇزىكىلىرىدىن بىرقانچىنى ئورۇنداپ بېرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. يىغىن ئەھلى گۇلدۇراس ئالقىشلار بىلەن قارشى ئالدى.

دۇتار بىلەن تەمبۇرنىڭ يېقىملىق تەڭكەش سادالىرى قۇلىقىمنىڭ پەردىلىرىنى يېنىك چەككىنىدە يۈرىكىمنىڭ ئىختىيارسىز ئېرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. بۇ چۈشۈممۇ ياكى ئوڭۇممۇ دېگەن ئوي كاللامدىن يالت قىلىپ ئۆتتى. مۇنبەرنىڭ ئالدىدىكى بوش جايدا دوپپا كىيگەن ئىككى ئۇيغۇر يىگىتى ئۇيغۇر مۇقاملىرىدىن بىر ئارىيە چېلىۋاتاتتى. گەرچە ئۇلارنىڭ ئورۇنداش ماھارىتى كەسپىي مۇزىكانتلاردەك ئۇنچىلىك يۇقىرى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇر مۇقاملىرى قۇلىقىمغا بوگۇنكىدەك يېقىملىق ۋە گۈزەل ئاڭلانغىنىنى بىلمەيمەن. ئىچ ــ ئىچىمدىن ئۇرغۇپ چىققان بىر خىل سىرلىق ھاياجان ۋۇجۇدۇمنى لەرزىگە سالماقتا ئىدى. ئېھتىمال ئۇرۇمچى، قەشقەر ياكى غۇلجىدا تۇرۇپ ئاڭلىغان ئۇيغۇر مۇقاملىرى بىلەن ۋەتەندىن ناھايىتى يىراقتىكى يات بىر ئەلدە ئاڭلىغان ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ سېھرىي كۈچى ئوخشىمايدىغاندۇ. ئېھتىمال مېنىڭ مۇشۇ دەقىقىلەردىكى مۇزىكا سېزىمىمغا يات ئەلگە كەلگەندىن كېيىنكى مۇساپىرلىق ۋە ۋەتەن سېغىنچى قوشۇلۇپ كەتكەنىدۇ. ئېھتىمال كۆز ئالدىمدىكى ئاشۇ تونۇش چالغۇلارنىڭ تارلىرىدىن بۇلدۇقلاپ چىقىۋاتقان مۇقام كۈيلىرىگە مۇساپىرەتتىكى ۋەتەنداشلارنىڭ يۇرت مۇھەببىتى ۋە يۈرەك ئىنتىلىشلىرى يېڭىچە مۇڭلارنى ئاتا قىلغاندۇ! ...

گۇلدۇراس چاۋاك سادالىرى ئىچىدە ئۇلار ئىككىنچى نومۇرنى باشلىدى. بۇ «سېغىندىم» ناملىق ئۇيغۇر خەلق ناخشىسى ئىدى! تونۇش چىرايلار، تونۇش چالغۇلار، تونۇش كۈيلەر ۋە تونۇش تىلدىكى تونۇش مەزمۇنلار مېنىڭ تۇيغۇلىرىمنى يىراقتىكى تونۇش ۋەتەنگە ئېلىپ كەتتى. مەن شۇندىلا ھەر بىر خەلقنىڭ ئۆز كىملىكىنى ئىپادىلەش ئۇسۇلى بولىدۇ. بىزنىڭ ئۆزىمىزنى ئىپادىلەش ئۇسۇلىمىز ئاخىرقى ھېسابتا مىللىي سەنئەت بولۇپ قالامدۇ ــ قانداق، دېگەن خىياللارنى كاللامدىن ئۆتكۈزدۈم. ئانا تىلىمدا ئېيتىلىۋاتقان بۇ ناخشىنىڭ ئەتراپىمدىكى يات تىللاردا بىزگە ئوخشىمايدىغان تەپەككۇر ئۇسۇلىدا پىكىر قىلىدىغان سوغۇق قان شۋېتلارغا ماڭا ئوخشاشلا ئەڭ چوڭقۇر ھېسسىيات ئاتا قىلىشىنى ئۈمىد قىلدىم. شۇ مىنۇتلاردا ئادىل تۇنىيازنىڭ «قەشقەردىكى يەر شارى» ناملىق داستانىدىكى ۋەتەن ھەققىدە يېزىلغان مۇنۇ مىسرالار ئېسىمگە كەلدى:

*مەيلى تۇر پارىژنىڭ گۈزىلى بىلەن،*
*يەنىلا ئۆزۈڭنىڭ ئەمەستەك كۆلكەڭ.*
*ئەسلەيسەن نەم قىلىپ قولياغلىقىڭنى،*
*ۋەتەندە دەردىڭمۇ ئۆزۈڭنىڭ دەردى،*

ۋەتەندە يىغاڭمۇ ئۆز تىلىڭ بىلەن.
مىليونبىر بوپ كەتكىن بەرىبىر يەرلىك،
قەلەندەر ئالدىدا بىر كەپەڭمۇ يوق،
ھەر كىم باقالايدۇ كۆزۈڭگە سوغۇق.
مەيلى سەن شاراب ئىچ ئالتۇن قەدەھتە،
بىر كۆپۈك چىقسىلا ئۈستىگە لەيلەپ
ئوقۇساڭ يېزىلغان ۋەتەن دېگەن خەت.
بېرلىن ئاسمىنىدا كۆرىسەن ھەر كەچ
جىمىكى يۇلتۇزدىن ئۇيغۇر كۆزىنى.
مۇقەددەس بۇۋى مەريەم چېركاۋى
كۆرۈنەر سەن ئۆسكەن تار كوچىدىكى
كىچىك بىر مەسچىتتەك ئۇيغۇرلۇق سالغان.
ھەج قىلىپ مەككىگە بارساڭ مۇبادا،
تۇيۇلار يۇرتۇڭدا قالغاندەك خۇدا.
مۇبادا دوزاختا بولسىمۇ ۋەتەن،
مەڭگۈ بىر مۇھاجىر جەننەتكىمۇ سەن.
ۋەتەن، ئىھ ۋەتەن!
چىرايلىقتۇر ھەممە نەرسىسى،
چىرايلىق ئۇنىڭ قايغۇسىمۇ ھەم.
گۆھەردۇر، ئالمىدۇر، خۇش پۇراق گۈلدۇر،
ۋەتەن دالىسىدا كۆرگەن توڭ تېزەك.
ئەيسادۇر، مۇسادۇر يۇرتنۇڭ ئادىمى،
يات يۇرتتا تۇغقانمۇ تۇيۇلماس دوستتەك.
ۋەتەندە بىر ناتونۇش بالا
يۈگۈرۈپ ئۆتكەن بولسا ئالدىڭدىن
يۈز يىلدىمۇ چىقماس يادىڭدىن.
تىللاپ سالغان بولسا ئىلگىرى
ئۆز ئېلىڭدە ئۆز تىلىڭدا ئۆز؛
تاپالمايسەن دۇنيادا ھازىر
شۇ تىلدىنمۇ گۈزەلرەك بىر سۆز.
شېئىرىنى ئوقۇساڭ بەزەن
گېزىتلەردىن پاز يا ناگورنىڭ؛
تېتىمايدۇ ساڭا ئۇ قىلچە،
ئۆز يۇرتۇڭدا ئېيتقان قوشاقچە.

*ئۇزاتقاندا ئەزرائىل بىر كۈن*
*دەستە تىزىپ ئۆلۈم گۈلىدىن،*
*سەن ئۆزۈڭگە توقۇيسەن كېپەن*
*ۋەتەندىكى خىياللار بىلەن.*
*يات تۇپراقتا كۆمۈلگەندە سەن*
*كۆمۈلىدۇ قەلبىڭگە ۋەتەن...*

ئۇيغۇرچە سەنئەت نومۇرلىرى مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ بايىقى جىددىي ۋە سۈرلۈك كەيپىياتىغا يەڭگىللىك، جانلىقلىق ھەمدە سەنئەت سېزىمى ئاتا قىلدى. ھەممەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ چاۋاك چالغاچ ياندىكى كارىدورغا تەييارلانغان ئاددىي زىياپەت ئۈستىلىگە مېڭىشتى.

زىياپەت ئۈستىلىگە تۈرلۈك پېچىنە - پىرەنىك، سالاد، مېۋە - چېۋە ۋە ئىچىملىكلەر تەييارلانغان ئىكەن. كىشىلەر ئۈستەلدىكى تاتلىق - تۈرۈملارغا ئېغىز تەگكەچ بىر - بىرى بىلەن پاراڭلىشىشقا باشلىدى. بايا نومۇر ئورۇندىغان يىگىتلەرنىڭ بىرى قېشىمغا كېلىپ مېنىڭ بىلەن كۆرۈشتى. ئۇنىڭ ئىسمى رۇسلان بولۇپ، قازاقىستاندىن كەلگەن ئىكەن. ھازىر ستوكھولمدىكى بىر مۇزىكا ئىنستىتۇتىدا ئوقۇيدىكەن. ئۇلار بۇ قېتىمقى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات مەركىزىدىكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ، ئىككى ھەپتە ئىلگىرىلا بىرگىت خانىم بىلەن ئالاقىلاشقان ئىكەن. بىرگىت خانىم ئۇلارنى مۇھاكىمە يىغىنى ئارىلىقىدا ئۇيغۇرچە ناخشا - مۇزىكىلاردىن ئورۇنداپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىپتۇ. بىز ئۆزئارا ئەھۋال سورىشىپ پاراڭلاشتۇق. شۇ ئارىدا بىرگىت خانىم بىزنىڭ قېشىمىزغا كەلدى - دە، قىزغىن كەيپىياتتا:

— كەچۈرۈڭلار، پاراڭلىرىڭلارغا دەخلى قىلدىم. ئۇيغۇرچە ناخشا - مۇزىكىلار مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ كەيپىياتىنى جانلاندۇرۇۋەتتى. سىلەرگە كۆپ رەھمەت! سۇلايمان بەي، مەن سىزنى بىرقانچە كىشىگە تونۇشتۇرۇپ قويماقچى، بۇ كىشىلەر سىزنىڭ تەتقىقات تېمىڭىزغا كۆپ ياردەملەرنى بېرەلىشى مۇمكىن، — دېدى.

مەن بىرگىت خانىمغا ئەگىشىپ كىشىلەر توپى ئىچىدە تۇرغان بىرقانچە كىشى بىلەن تونۇشتۇم. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭغا دائىر تەتقىقاتلار بىلەن شۇغۇللانغان ياكى مۇشۇ ساھەگە قىزىقىدىغان كىشىلەر ئىكەن. بولۇپمۇ ستوكھولمدىكى سۆېن ھېدىن فوندى جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى خوكان ۋالكۆېست ئەپەندى، ئۇپسالا ئۇنىۋېرسىتېتى ئاسىيا - ئافرىقا تىللىرى ئىنستىتۇتى جۇڭگو تىل - ئەدەبىياتى كافېدراسىنىڭ دوتسېنتى يوئاكىم ئېنۋال ئەپەندى ھەمدە ئۇپسالا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەرقىي ياۋروپا تەتقىقات مەركىزىدە ئىشلەيدىغان ئىنگۋار سۋانبېرگ ئەپەندىلەر مەندە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ

ئىسىم كارتوچكىلىرىنى ماڭا بېرىپ، داۋاملىق ئالاقىلىشىپ تۇرۇشنى ئېيتتى. دېگەندەك شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر يىللىق تەتقىقات ھاياتىم داۋامىدا مەن بۇ كىشىلەر بىلەن نۇرغۇن قېتىملار سۆھبەتلەشتىم ھەمدە ئۇلارنىڭ كۆپ ياردەملىرىگە ئېرىشتىم.

ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات مەركىزى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 10 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئىككى كۈن داۋاملاشتى. بۇ جەرياندا مەن شۇېتسىيىنىڭ نۆۋەتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتىنىڭ رېئال ئەھۋالى ۋە يۈزلىنىشى ھەققىدە دەسلەپكى چۈشەنچىلەرگە ئېرىشتىم.

يىغىندىن كېيىن، بىرگىت خانىم كەلگۈسىدىكى بىر ئايلىق خىزمەت پىلانىم ھەققىدە مېنىڭ بىلەن سۆزلەشتى. ستوكھولم ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ يىللىق ئوقۇ ــ ئوقۇتۇش پروگراممىسى بويىچە قىشلىق تەتىل 12 ــ ئاينىڭ 20 ــ كۈنىدىن 1 ــ ئاينىڭ 8 ــ كۈنىگىچە بولىدىكەن. روژدېستىۋو بايرىمى بىلەن يېڭى يىل بايراملىرى دەل مۇشۇ ئارىلىققا توغرا كېلىدىكەن. مېنىڭ قىشلىق تەتىلگىچە يەنە 20 نەچچە كۈن ۋاقتىم بولغاچقا، بىرگىت خانىم ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات مەركىزىنىڭ يەر ئاستىدىكى ماتېرىيال بۆلۈمىدە گۇننار ياررىڭ قالدۇرغان زور مىقداردىكى كىتابلارنىڭ كاتالوگىنى ئىشلەپ بېرىشىمنى ئۆتۈندى. مەن بۇ ۋەزىپىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدىم.

ستوكھولم شەھىرى بارغانسېرى شىمالىي قۇتۇپنىڭ ئۇزاق قىش پەسلىگە كىرىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەر قۇتۇپ چەمبىرىگە يېقىن بولغاچقا كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ پەرقى كۈنسايىن چوڭىيىپ بېرىۋاتاتتى. ئاران بەش ــ ئالتە سائەت كۈندۈز بولىدىغان بۇ پەسىلدە سكاندىناۋىيە يېرىم ئارىلىنىڭ ئۇزاق كېچىلىرىنى ئۆتكۈزۈش مەندەك تۆت پەسلى ئېنىق، كېچە بىلەن كۈندۈزى نورمال ئايرىلغان مەركىزىي ئاسىيادىن كەلگەن بىر مۇساپىرغا ئاسان ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە.

شۇندىن كېيىنكى كۈنلىرىم شەرق تىللىرى ئىنستىتۇتى بىناسىنىڭ يەر ئاستى بۆلۈمىگە جايلاشقان «ئوتتۇرا ئاسىيا كۇتۇپخانىسى» دا ئالدىراشلىق ئىچىدە ئۆتۈشكە باشلىدى. مەن تاشقى دۇنيانى تامامەن ئۇنتۇدۇم. ئالدىمدا ياۋروپانىڭ بىر ــ ئىككى ئەسىردىن بۇيانقى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى بويىچە نەشر قىلىنغان كىتاب ــ ماتېرىياللىرى دۆۋىلىنىپ تۇرۇپتۇ. مەن بۇ قىممەتلىك كىتاب ــ ماتېرىياللارنىڭ بەزىلىرىنى ئاڭلىغان بولساممۇ، لېكىن ئىلگىرى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمىگەن ئىدىم، بەزىلىرىنى بولسا مانا ئەمدى كۆرۈشۈم! خۇددى گۆھەر تېپىۋالغاندەك ئەتىگەندىن كەچكىچە ئالدىمدىكى لىق كىتابلارغا پۈتلىشىپ ئىشلەشكە باشلىدىم. مەن بۇنىڭدىن بىر يىل ئاۋۋالقى مۇشۇ كۈنلەردە، يەنى 2002 ــ يىلىنىڭ دېكابىر ئايلىرىدا شىنىمەن ياسۇشى ئەپەندىگە ئەگىشىپ

AltunOq

توكيودىكى Bonko Toyo (شەرقىي ئوكيان كىتاب ـ ماتېرىيال ئامبىرى) كۇتۇپخانىسىنى زىيارەت قىلغىنىمدا ئەنە شۇنداق تۇيغۇدا بولغانىدىم.

بىرگىت خانىمنىڭ ئېيتىشىچە، شەرق تىللىرى ئىنستىتۇتى بىناسىنىڭ يەر ئاستىغا جايلاشقان «ئوتتۇرا ئاسىيا كۇتۇپخانىسى» ستوكھولم ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىنىڭ ئەڭ يېڭى تارمىقى سۈپىتىدە يېقىنقى ئون يىل مابەينىدە تەرەققىي قىلىپ مۇشۇ ھالەتكە كەلگەنىكەن. 2002 ـ يىلى مەشھۇر دىپلومات ۋە دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە ئۇيغۇرشۇناس گۇننار ياررىڭ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە بىر ئۆمۈر توپلىغان زور مىقداردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭغا دائىر كىتاب ـ ماتېرىياللىرى مۇشۇ كۇتۇپخانىغا تەقدىم قىلىنغان ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ كۇتۇپخانىنىڭ ماتېرىيال ئامبىرى زور دەرىجىدە تولۇقلىنىپ، شۋېتسىيىدىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر ماتېرىياللار ئەڭ كۆپ ساقلانغان مەخسۇس كۇتۇپخانىلارنىڭ بىرىگە ئايلانغان ئىكەن. بىرگىت خانىم ھازىر پروفېسسور ستافان رۆسېن ئەپەندى بىلەن بىرلىكتە ئۇنىۋېرسىتېت مۇدىرىغا دوكلات يېزىپ بۇ ماتېرىيال بۆلۈمىگە «ستوكھولم ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسى گۇننار ياررىڭ نامىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا شۆبە كۇتۇپخانىسى» دەپ نام بېرىشكە ھەرىكەت قىلىۋېتىپتۇ.

گۇننار ياررىڭ قالدۇرغان زور مىقداردىكى كىتاب ـ ماتېرىياللارنىڭ كۆپ قىسمى رەتلىنىپ، كاتالوگى ئىشلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇرچە ۋە باشقا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قېرىنداش تۈركىي تىللىرىدا نەشر قىلىنغان سلاۋيان يېزىقىدىكى كىتاب ـ ماتېرىياللارنىڭ كاتالوگى تېخى ئىشلەنمىگەنىدى. مەن پروفېسسور ستافان رۆسېن بىلەن بىرگىت خانىمنىڭ ھاۋالىسى بويىچە ئالدى بىلەن گۇننار ياررىڭ قالدۇرغان ئۇيغۇرچە كىتاب ـ ماتېرىياللارنىڭ كاتالوگىنى ئىشلەشكە باشلىدىم. كاتالوگنى ئالدى بىلەن خەلقئارا ترانسكرىپسىيە بويىچە يېزىۋالغاندىن كېيىن ئۇنى ئاپتورى، كىتاب نامى، نەشر ئورنى، نەشر ۋاقتى، بەت سانى، تىراژى، تۈرى بويىچە ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلدىم. باش كۇتۇپخانا خادىمى روگېر مەن تەرجىمە قىلغان ئىنگلىزچىغا ئاساسەن شۋېت تىلىغا تەرجىمە قىلدى، ئاندىن ئۇ ئۆچ خىل تىل بويىچە كومپيۇتېرغا كىرگۈزۈشكە باشلىدى.

شۇنداق قىلىپ يەر ئاستى بۆلۈمىدىكى بۇ كىتابلار دۆۋىسى ئىچىدە روگېر بىلەن ئىككىمىز كۈندە سەككىز سائەتتىن جاپالىق ئىشلىدۇق. لېكىن بۇ مېنىڭ ئۈچۈن كۆڭۈللۈك تۇيۇلدى. مۇشۇ پۇرسەتتە بۇ ئۇلۇغ ئالىم قالدۇرغان بىر ئەسىردىن بۇيانقى ئۆز ئانا تىلىمدىكى ئەڭ مۇھىم كىتاب ـ ماتېرىياللارنى كۆرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنىدىم. بۇ كىتابلارنىڭ ئەڭ بۇرۇنقىلىرى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە قەشقەر ياكى خوتەندە كۆچۈرۈلگەن چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قوليازمىلار ياكى قازان، تاشكەنت ۋە بۇخارادا تاش باسمىدا بېسىلغان كىتابلار ئىدى.

مېنى ئالاھىدە قىزىقتۇرغىنى شۇ بولدىكى، چاغاتاي تىل ـ يېزىقىدىكى قوليازمىلاردىن باشقا يىل دەۋرى نىسبەتەن بالدۇرراق بولغانلىرى شۋېت مىسسىئونېرلىرى 1892 ـ يىلىدىن باشلاپ قەشقەر ۋە يەركەندە دەسلەپ تاش باسما ئارقىلىق، كېيىنچە رەسمىي زامانىۋى باسمىدا نەشر قىلغان زور تۈركۈمدىكى ئۆتكۈنچى دەۋر (چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئۆتۈشتىكى ئۆتكۈنچى دەۋر، يەنى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى چارىكىدىن 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىغا قەدەر بولغان دەۋر) گە مەنسۇپ ئۇيغۇر تىلىدىكى نەشر بۇيۇملار ئىدى.

بۇ نەشر بۇيۇملار شۋېت مىسسىئونېرلىرى بىلەن بىر قىسىم يەرلىك موللىلارنىڭ ھەمكارلىشىشى ئارقىسىدا تەييارلانغان بولۇپ، 1892 ـ يىلىدىن 1912 ـ يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتا دەسلەپ خوتەن قەغىزىگە قولدا يېزىپ تەييارلانغاندىن كېيىن تاش باسما ئارقىلىق كۆپەيتىلگەن ئىكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە «ئىنجىل» نىڭ بىر قىسىم سۈرىلىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى دەسلەپكى تەرجىمىلىرى، مۇقەددەس ناخشىلار ھەمدە خرىستىئان دىنىنى تەرغىب قىلىدىغان پارچە ـ پۇرات ۋەز ـ نەسىھەتلەردىن باشقا، مۇتلەق كۆپ قىسمى دىنىدىن خالىي كىتاب ـ ماتېرىياللار ئىدى. بولۇپمۇ ئەڭ دەسلەپ تۈزۈلگەن «ئۇيغۇر تىلى ئېلىپبە»سى، 1907 ـ يىلىدىن باشلاپ نەشر قىلىنىشقا باشلىغان ئۇيغۇر تىلىدىكى كالېندار، «ئالتە شەھەرنىڭ بايانى» نامى بىلەن نەشر قىلىنغان جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ تارىخ ـ جۇغراپىيىسىگە دائىر ماتېرىياللار مۇھىم قىممەتكە ئىگە ئىدى. ئۇندىن باشقا ئەنگلىيە دىنىي جەمئىيىتى تەرىپىدىن تاش باسما ئارقىلىق بېسىلىپ كۆپەيتىلگەن ئىككى پارچە كىتاب مېنى بەكلا قىزىقتۇردى. بۇ كىتابتا شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، تاتار ۋە ئۆزبېك قاتارلىق مىللەتلىرىنىڭ ئەھۋاللىرى تونۇشتۇرۇلۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاساسىي قىسمى ئۇلارنىڭ ئۆز تىلى بىلەن خاتىرىلەنگەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى (قوشاق، چۆچەك، ماقال ـ تەمسىل، تېپىشماق، بېيىت ۋە باشقىلار) دىن ئۆرنەكلەر بېرىلگەنىدى. بۇ كىتابنىڭ قەيەردە بېسىلغانلىقى ئېنىق بولمىسىمۇ، لېكىن 1900 ـ يىللارنىڭ بېشىدا نەشر قىلىنغانلىقى ناھايىتى ئېنىق ئىدى.ئۇنىڭ ئۈستىگە، شىنجاڭدا ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، تاتار، ئۆزبېك دېگەن ئېتنىك ناملار ۋە ھازىرقى زامان مەنىسىدىكى مىللەت ئۇقۇملىرى تېخى ئۇ دەۋرلەردە ھازىرقىدەك كەسكىن چەك ـ چېگرا ئايرىمىغانىدى. بۇ خەلقلەرنىڭ تىللىرىدا، يەنى ھەممىگە ئورتاق بولغان چاغاتاي تىلىدا يېزىلغان كىتاب ـ ماتېرىياللار بىردەك تۈركىي كىتاب دېگەن ئومۇمىي نامدىلا ئىستېمال قىلىنغان ئىدى. شۇ ۋەجىدىن بۇ ھەقتە خېلىلا ئويلىنىپ قالدىم.

1912 ـ يىلىدىن كېيىن نەشر قىلىنغان كىتابلارنىڭ باسما سۈپىتىدە ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولغانىدى. زامانىۋى مەتبەدە بېسىلغان بۇ كىتابلارنىڭ

باسما سۈپىتى، خەت نۇسخىسى، قەغىزى، تۈپلىنىشى، مۇقاۋىسى ناھايىتى كۆركەم بولۇپ، ئىلگىرىكى قولىيازما ياكى تاش باسمىدا بېسىلغان كىتابلار دەۋرىگە خاتىمە بەرگەندەك تۇراتتى. بۇ كىتابلارنىڭ مۇقاۋا ۋە تىتۇللىرىغا «كاشىغەردىكى سۋېدىش مىسسىيونىنىڭ باسمەخاناسىدە باسىلدى» (Swedish Mission Press in Kashghar) دېگەن ئۇيغۇرچە ۋە ئىنگلىزچە خەتلەر يېزىلىپ، نەشر قىلىنغان يىل دەۋرى ئەسكەرتىلگەندى. 1912 ـ يىلىدىن باشلاپ رەسمىي زامانىۋى باسمىدا بېسىلىشقا باشلىغان بۇ كىتاب ـ ماتېرىياللار تاكى 1937 ـ يىلىغىچە داۋاملاشقانىدى. بۇ جەرياندا خرىستىئان دىنى ۋە «ئىنجىل» غا دائىر تەرجىمە كىتابلاردىن تاشقىرى مۇتلەق كۆپ قىسىم باسما ماتېرىياللار دەرسلىكلەر بىلەن ئەدەبىي ۋە ئىلمىي ساھەگە بېغىشلانغانىدى.

مەن ناھايىتى زور قىزىقىش ئىچىدە بۇ كىتاب ـ ماتېرىياللارنىڭ كاتولوگىنى ئىككى خىل تىلدا رەتلەپ چىقتىم. بولۇپمۇ بۇلارنىڭ ئىچىدىكى «ئا ـ ب كىتابى» (ئۇيغۇرچە ئېلىپبە دەرسلىكى)، «ھېساب ئىلمى»، «ئىلمىي جۇغراپىيە»، «ئادەم ۋە تەبىئەت»، «ئالتە شەھەر تۈركى: ئىلمى نەھۋى ۋە سەرف» (ئۇيغۇر تىلىنىڭ گراماتىكىسى)، «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخى»، «يارۇغلۇق: ئالتە شەھەرنىڭ رۇزنامەسى»، «ئالتە شەھەرنىڭ رەسمىي خەت ۋە ۋەسىقەلىرى»، «ئىنگلىش ـ تۈركىي دەرسلىك» (ئىنگلىزچە ـ ئۇيغۇرچە دەرسلىك)، «ئالتە شەھەرنىڭ زەبانى كاشىغەر ۋە ياركەندىدە پۈتۈلەدۇرغانگە مۇۋافىق كىتابى ئىلىم ئىملا» (ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسى)، «ئىپەكچىلىك»، «ماركىنى ئىشلىتىش ئۇسۇلى»، «ئەمەلىي جېئومېتىرىيە» (ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان گېئومېتىرىيە)، «نەقشىمى تۈركىستان» (شىنجاڭ خەرىتىسى) قاتارلىق ماتېرىياللار ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە ئىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، شۋېت باسمىخانىسىدا بېسىلغان ئۇيغۇر تىلىدىكى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش پروگراممىلىرى، سەھىيە ۋە پاكىزلىق قوللانمىلىرى، تەشۋىقات ۋاراقلىرى، ئېلان ـ ئۇقتۇرۇشلار، ماركا، بانكا چەكلىرى، قەغەز پۇل، زاكاز تالونلىرى، باغاق ـ تەكلىپنامىلەر، پاسپورت ـ ۋىزا بەتلىرى، يولخېتى، ئەرزنامىلەر، نوپۇس دەپتىرى، ۋىۋىسكىلار، تېلېگرامما تېكىستلىرى، ھۆكۈمەتنىڭ مەمۇرىي بۇيرۇقلىرى، باج تالونلىرى، ھېسابات جەدۋەللىرى قاتارلىق پارچە ـ پۇرات باسما بۇيۇملارمۇ بار ئىدى. مەن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر ـ بىرلەپ رەتلەپ كاتالوگىنى تۈزگەندىن كېيىن روگېرنىڭ كومپيۇتېرغا كىرگۈزۈشىگە بەردىم.

گۇننار ياررىڭنىڭ 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىن كېيىن توپلىغان كىتاب ـ ماتېرىياللىرىنىڭ ئىچىدە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى جۇمھۇرىيەتلىرىدە نەشر قىلىنغان ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك ۋە باشقا تىللاردىكى كىتاب ـ ماتېرىياللىرىمۇ خېلى سالماقنى ئىگىلەيتتى. بولۇپمۇ

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىياشۇناس ئالىملار ۋە تۈركولوگلاردىن تېنىشېف، باسكاكوف، كىلىياشتورنىي، مۇراد ھەمرايېف، قايداروف، غوجائەخمەت سەددىۋاققاسوف قاتارلىقلارنىڭ ئۆز ئىمزالىرىنى قويۇپ بەرگەن كىتابلىرى بار ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، مەشھۇر كومپوزىتور قۇددۇس غوجامياروف، داڭلىق يازغۇچى چىڭغىز ئايتماتوفلارنىڭمۇ ئۆز ئىمزالىرىنى قويۇپ تەقدىم قىلغان ئەسەرلىرى بار ئىكەن. بۇلارنىمۇ ئۆز رېتى بىلەن كىرىل يېزىقىدىكى تۈركىي تىللىرىدا نەشر قىلىنغان كىتابلار قاتارىغا ئايرىدىم.

مېنى تولىمۇ ھەيران قالدۇرغىنى شۇ بولدىكى، 50 ــ يىللاردىن كېيىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا نەشر قىلىنغان خېلى بىر قىسىم ئۇيغۇرچە كىتابلارمۇ گۇننار ياررىڭنىڭ يىغمىلىرى ئىچىدە ئالاھىدە سالماقنى ئىگىلىگەن ئىدى. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشكەنتتىكى «شەرق ھەقىقىتى» نەشرىياتى بىلەن ئالمۇتادىكى «يېڭى ھايات»، «قازاق ئېلى» قاتارلىق نەشرىياتلاردا ئەرەب يېزىقىدىكى ئۇيغۇرچە بىلەن نەشر قىلىنغان خېلى بىر قىسىم ئەدەبىي ۋە ئىلمىي كىتابلاردىن باشقا، قالغان مۇتلەق كۆپ قىسمى شىنجاڭدا نەشر قىلىنغان كىتابلار ئىكەن. 1960 ــ يىللاردىن كېيىن، بولۇپمۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دەۋرىدە لاتىن ھەرپلىرى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېڭى يېزىقى بىلەن نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىنىڭ قائىدىنى»، «خەنزۇچە ــ ئۇيغۇرچە لۇغەت»، «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسى»، «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» قاتارلىق كىتابلار كۆزۈمگە چېلىقتى. بولۇپمۇ 70 ــ يىللارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە»، «سۇ بويىدا»، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» قاتارلىق مەشھۇر رومانلارنىڭ ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىدىكى دەسلەپكى نەشر نۇسخىلىرى مېنى خېلىلا قىزىقتۇردى. ھازىر بۇ كىتابلارنى ئۈرۈمچىدىن تېپىشمۇ خېلى قىيىنغا توختايتتى.

گۇننار ياررىڭ تاكى 2002 ــ يىلى ئالەمدىن ئۆتكىچە بولغان ئارىلىقتا شىنجاڭ ۋە قازاقىستاندا نەشر قىلىنغان ئۇيغۇرچە كىتابلارنى ئاساسەن دېگۈدەك يىغىپ كەلگەنىكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنغان «قەشقەرگە قايتا سەپەر»، «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ جەۋھەرلىرى» ناملىق ئىككى پارچە كىتابىمۇ بار ئىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، تىلشۇناس مىرسۇلتان ئوسمانىنىڭ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ لوپنۇر شېۋىسى»، پروفېسسور خەمىت تۆمۈرنىڭ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» ناملىق كىتابلىرى ئاپتورلارنىڭ ئىمزالىرى قويۇلۇپ تەقدىم قىلىنغان ئىكەن.

تاكى قىشلىق تەتىلگە بىرقانچە كۈن قالغۇچە بولغان 20 كۈنگە يېقىن ۋاقىتتا ئىنستىتۇتنىڭ يەر ئاستىدىكى لىق كىتابلار بىلەن تولغان ماتېرىيال بۆلۈمىدە مىختەك ئولتۇرۇپ كاتالوگنى ئاخىرى تۈگەتتىم. كۇتۇپخانا خادىمى روگبېرمۇ مېنىڭ بىلەن بىللە كاتالوگقا رەتلەنگەن ئۈچ خىل تىلدىكى كىتابلار

تىزىملىكىنى كومپيۇتېرغا كىرگۈزدى. ئەمدى ستوكھولم ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىنىڭ تور بېتىگە كىرىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا شۆبە كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان گۇننار ياررىڭ توپلىغان ئۇيغۇرچە كىتابلارنى بىرقانچە مىنۇت ئىچىدىلا تېپىپ كۆرگىلى بولاتتى. مەزكۇر كاتالوگقا رەتلەنگەن ۋە كومپيۇتېرغا كىرگۈزۈلگەن ئۇيغۇرچە كىتابلار تىزىملىكى جەمئىي 798 پارچە بولۇپ، بۇ يەردە ساقلىنىۋاتقان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا تۈركىي تىللىرىدا نەشر قىلىنغان كىتابلار سانىغا قارىغاندا خېلىلا كۆپ ئىدى. مەن ئۆز ئەمگىكىمدىن تولىمۇ خۇرسەن بولدۇم. پروفېسسور ستافان رۆسىېن ئەپەندىمۇ، بىرگىسىت خانىممۇ مېنىڭ بۇ ئەمگەكلىرىمدىن كۆپ مىننەتدار بولۇشتى. ھەممىدىن كۆڭلۇم خۇش بولغىنى شىمالىي ياۋروپادىكى ئەڭ مەشھۇر ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ بىرىدە ئۇيغۇر تىلىدىكى كىتاب ـ ماتېرىياللارنىڭ باشقا تىللاردىكى كىتاب ـ ماتېرىياللارغا ئوخشاشلا پۈتۈن دۇنيادىكى ئوقۇرمەنلەرگە ئېچىۋېتىلىشى ئىدى. چۈنكى دۇنيانىڭ ھەرقانداق يېرىدىكى بىر ئوقۇرمەن ئىنتېرنېت تورىغا ئۇلانغان كومپيۇتېرنى ئېچىپلا ستوكھولم ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىنىڭ تور بېكىتىگە كىرسە ئوتتۇرا ئاسىياغا ئائىت كىتابلار كاتالوگى ئىچىدىن بۇ يەردە ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ تىزىملىكىنى بىمالال كۆرەلەيتتى. بۇ مەن ئۈچۈن ھەم بىر جاپالىق ئۆگىنىش جەريانى، ھەم روھىي جەھەتتىكى زور تەسەللى بولدى.

بەشىنچى باب

## دېكابىردىكى ستوكھولم

ستوكھولمدا لەپىلدەپ قار ياغقىلى تۇردى ...

ئۇستىلىمدىكى ئىشلىرىمنى تۈگىتىپ، شەرق تىللىرى ئىنستىتۇتىنىڭ بىناسىدىن چىققىنىمدا نەمخۇش ساپ ھاۋا يۈزلىرىمگە ئۇرۇلۇپ مېنى خېلىلا سەگىتىپ قويدى. تېخى چۈشتىن كېيىن سائەت 5:00 لەر بولغان بولسىمۇ، ئەتراپنى ئاللىقاچان قاراڭغۇلۇق قاپلاپ شىمالىي قۇتۇپنىڭ ئۇزۇن كېچىسى باشلانغانىدى. ئۇدۇل ئۆيگە قايتىش خىيالىدىن ۋاز كېچىپ، ستوكھولم شەھەر مەركىزىدىكى قەدىمىي كوچىلارنىڭ بىرىگە كەلدىم. ئىشتىن چۈشۈپ ئالدىراشلىق بىلەن ئۆيلىرىگە قايتىشقا ئالدىراۋاتقان كىشىلەر ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۆتۈشمەكتە ئىدى. بۇ يەر ئەسلىدە بىر ئارال بولۇپ، كېيىن قۇرۇقلۇق بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان ئىكەن. شۋېتسىيە پادىشاھلىرىنىڭ قەدىمىي ئوردىسىمۇ بۇ جايدا بولۇپ، بىنالىرىنىڭ كونىلىقى ۋە تىقما ـ تىقمىلىقى بىلەن قەشقەر شەھىرىنىڭ تار كوچىلىرىنى ئەسلىتەتتى. مانا بۇ جاي ستوكھولمدىكى ئەڭ داڭلىق قەدىمىي شەھەر رايونى بولۇپ، «گاملا ستان»(كونا شەھەر) دەپ ئاتىلاتتى.

ئۇستىۋېشىمغا تىنىمسىز قونۇۋاتقان قار ئۇچقۇنلىرى ئېرىپ يۈزىمنى ھۆل قىلىۋەتتى. شۇنداقتىمۇ ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماي يولۇمنى داۋاملاشتۇردۇم. ئۆزۈمنى شىمالىي ياۋروپانىڭ رەڭگارەڭ چىراغلار يېنىپ تۇرغان پايتەخت شەھىرىدە ئەمەس، بەلكى يىراق مەركىزىي ئاسىيادىكى قارا قىشنىڭ قار ـ مۇزلىرىغا ئورالغان ئۇرۇمچى كوچىلىرىدا كېتىپ بارغاندەك ھېس قىلماقتا ئىدىم. خىياللىرىم كۆپ، ھېسسىياتلىرىم مۇرەككەپ ئىدى ...

مانا، ۋەتەندىن ئايرىلىپ، قەلبىمگە بىر مۇنچە ئارزۇ ـ ئارمانلارنى پۈكۈپ شىمالىي ياۋروپادىكى بۇ تىنچ دۆلەتكە كەلگىلى 20 كۈنلەر بولۇپ قالدى. راستىنى دېسەم مەندىكى ياتسىراش تۇيغۇسى تۈگىمەكتە يوق، تېخى بارغانسېرى كۈچىيىپ بارماقتا ئىدى. ئەتراپىمدىكى ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇرغان ھەر خىل ئىرقتىكى كىشىلەر ئارىسىدا گويا ئۆزۈمنى ئاسماندىن چۈشۈپ قالغاندەك يات ۋە يوچۇن ھېس قىلماقتا ئىدىم. ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەتلەر جىددىي رەۋىشتە بىر ـ بىرىگە قوشۇلۇپ، يەر شارىلىشىش ئىشقا ئېشىۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيادا ئەجەبا بىز بۇ ئېقىمدىن شۇنچە يىراقتا قالدۇقمۇ ـ قانداق؟ ياۋروپادىكى ئوخشاش بولمىغان ئىككى دۆلەتتە تۇغۇلغان ئىككى ياۋروپالىق تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قېلىپ ئۆزئارا

سۆھبەتلەشكەندە ئۇلار تەبىئىي رەۋىشتە ئۆزلىرىنىڭ پىسخىك تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلىيالايدۇ. ۋەھالەنكى، بىر ياۋروپالىق بىلەن بىر ئاسىيالىق ئۆزئارا ئۇچراشقاندا بولسا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ پىسخىك مۇۋازىنىتىدە مەلۇم تەۋرەش يۈز بېرىشى مۇمكىن. ئۇنداقتا، تەڭرىتاغ بويلىرىدىن كەلگەن بىر ئۇيغۇر بىلەن شىمالىي ياۋروپالىق بىر كىشى ھەمسۆھبەتتە بولغاندا ئۇلارنىڭ پىسخىك مۇۋازىنىتى قانداق بولىدۇ؟!...

خىياللىرىم چېگىنشلىشىپ كەتتى. گاملاستانىنىڭ تارچۇق كوچىلىرىدىن چىقىپ دېڭىز بويىغا كېلىپ قالغانىدىم. پىرىستانغا توختىتىپ قويۇلغان زور تېپتىكى پاراخوتلار قار ئۇچقۇنلىرى ئىچىدە چوقچىيىپ تۇراتتى. بالتىق دېڭىزىدىن كېلىۋاتقان سوغۇق نەم ھاۋا يۈزۈمگە ئۇرۇلدى.

شۇنداق، مەركىزىي ئاسىيا چوڭقۇرلۇقلىرىدىكى بوستانلىقلاردا ئەسىر ــ ئەسىرلەردىن بۇيان «يەر ــ ئالتۇن قوزۇق» دېگەن ئەقىدىگە باغلىنىپ ياشاپ كەلگەن تارىملىق بىر دېھقان بىلەن ياۋروپا ئىتتىپاقىدىكى بىر دۆلەتتە ياشايدىغان مەلۇم كىشى ئوتتۇرىسىدا مۇقەررەر ھالدا پىسخىكا جەھەتتىن «مەدەنىيەت توقۇنۇشى» بولىدۇ. غەربتە بۇنى Culture Shock (يەنى «مەدەنىيەت ئەندىكىشى») دەپ ئاتىشىدۇ. كىشى ئۆزىنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ يات ئەلگە بارغىنىدا ۋە تامامەن يات بولغان باشقا بىر مەدەنىيەت مۇھىتى بىلەن ئۇچراشقىنىدا مەلۇم مەزگىل ئاشۇ خىل مەدەنىيەت ئەندىكىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان پىسخىك تەڭپۇڭسىزلىق ئىچىدە قالىدۇ. بەلكىم مەنمۇ ناتونۇش مەدەنىيەت مۇھىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان پىسخىك گاڭگىراشتىن تېخىچە قۇتۇلالماي يۈرۈۋاتسام كېرەك...

دېڭىز تەرەپتىن كېلىۋاتقان گۈدۈك ئاۋازى مېنى خىياللار قاينىمىدىن ئويغاتتى. فىنلاندىيىگە ماڭغان Viking (بۇ سۆز شىمالىي ياۋروپا تارىخىدا ئۇچرايدىغان «دېڭىز قاراقچىسى» دېگەن ئىبارىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ھازىر زور تىپتىكى پاراخوتنىڭ نامى سۈپىتىدە ئىستېمال قىلىنىدۇ) ناملىق چوڭ تىپتىكى يولۇچىلار پاراخوتى پىرىستاندىن ئاستا ــ ئاستا يىراقلاپ كېتىۋاتاتتى. ئېغىر ئۇيقۇدىن ئەمدىلا ئويغانغان كىشىدەك پىرىستان بويلاپ نىشانسىزلا ماڭدىم. نېمىشقىدۇر دېڭىز بويىدىن ئايرىلغۇم كەلمىدى. ستوكھولمغا كەلگەندىن بۇيانقى ياتسىراش ۋە تەنھالىق تۇيغۇلىرى بىراقلا ئۆزىنى ئاشكارىلاپ، مېنى ئۆز قوينىغا ئالغاندەك تۇراتتى. قارشى قىرغاقتىكى ئارالدا بىر ــ بىرىگە كىرىشتۈرۈلۈپ سېلىنغان داچىلارنىڭ چىراغلىرى دېڭىز يۈزىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان سۇس تۇمان ئىچىدە جىمىرلاپ تۇراتتى. قار بىر خىلدا لەپىلدەپ چۈشمەكتە ئىدى. كوچىدا ئادەملەر بارغانسېرى ئازىيىپ، بايىقى قاتناش قىستاڭچىلىقى بېسىققاندەك تۇراتتى.

Slussen (سلۇسسېن) بېكىتىگىچە مېڭىپ بېرىپ يەنە كەينىمگە ياندىم.

راستىنى دېسەم ئۆيگە ھازىرچە قايتقۇم يوق ئىدى. ھەر قېتىم شەرق تىللىرى ئىنستىتۇتىدىكى بىر كۈنلۈك ئىشلىرىمنى تۈگىتىپ ھارغىن ھالەتتە ئاپتوبۇستا چىققىنىمدا مېنى تەسۋىرلىگۈسىز بىر خىل غېرىبلىق چىرمىۋالاتتى. ئىش ئورنۇمدىن مەن تۇرۇۋاتقان ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونىغا بىر سائەتلىك يول ئىدى. ئاپتوبۇس ئىسسىق ۋە راھەت بولسىمۇ، لېكىن ئاندا ـ ساندا چىقىپ ۋە چۈشۈپ تۇرغان يولۇچىلار بىر ـ بىرىگە شۇ قەدەر جىمجىت ۋە سوغۇق ئىدى. بىر ـ بىرى بىلەن كۆزلىرى ئۇچرىشىپ قالسا پەقەت يېنىك باش لىڭشىتىپ ياكى كۈلۈمسىرەپ قوياتتى، خالاس. تونۇش كىشىلەر ئۆزئارا پىچىرلىشىپ سۆزلىشەتتى.

مەن تۇرۇۋاتقان ئۆي ستوكھولم شەھەر مەركىزىنىڭ شەرقىي جەنۇبى قىسمىدىكى «ناكا» ( Nacka) دەپ ئاتىلىدىغان رايوندا ئىدى. بۇ رايوندا نۇرغۇن ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونلىرى جايلاشقان بولۇپ، مەن تۇرۇۋاتقان ھېنرىكسدال مەھەللىسى ئېگىز بىر تاغنىڭ ئۈستىگە جايلاشقان ئىدى. بۇ تاغ بۈك ـ باراقسان ئورمان بىلەن قاپلانغان بولۇپ، ئەتراپى دېڭىز بىلەن ئورالغانىدى. بۇ يەردە تۇرۇپ ئىككى چوڭ مەنزىرىنى تاماشا قىلغىلى بولاتتى: بىرى، ستوكھولم شەھەر مەنزىرىسىنى يىراقتىن كۆرگىلى بولاتتى، يەنە بىرى، پەستىكى ئارال-لار ئارىسىدىن ئاستا ـ ئاستا ئۇچىسىز دېڭىزغا قاراپ كېتىۋاتقان زور تىپتىكى يولۇچىلار پاراخوتلىرىنى كۆرگىلى بولاتتى.

گۈزەل مەنزىرە ۋە سۈرەتتەك كۆرۈنۈشلەر دەسلەپ ئادەمنى مەست قىلىدۇ، قىزىقتۇرىدۇ، مەھلىيا قىلىدۇ. ئۆزىنى گويا رېئاللىقتا ئەمەس، بەلكى چۈش قاينىمىدا ياشاۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ. لېكىن ئادەمنى رومانتىك ھېسلارغا سۆرەپ كىرىدىغان بۇ گۈزەل مەنزىرىلەرنىڭ كەينىدە رەھىمسىز رېئاللىق بار. يۇكسەك دەرىجىدە ئىجتىمائىيلاشقان ۋە ياتلاشقان بۇ جەمئىيەتتە كىشىلەر ياشاش ئۈچۈن تىنىمسىز كۈرەش قىلىشقا، رىقابەت ئىچىدە ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاشقا ئادەتلەنگەن. شۇڭلاشقا ئەتراپىڭىزدىكى ئاشۇ گۈزەل مەنزىرىلەرنى پەقەت ئۆزىڭىز يالغۇز تاماشا قىلىشىڭىزغا، تەبىئەت بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى كۆرۈنمەس بىرلىكنى پەقەتلا يەككە ـ يېگانە ھالىتىڭىز بىلەن ھېس قىلىشىڭىزغا توغرا كېلىدۇ. بۇنداق يالغۇزلۇق، تەنھالىق ۋە يەككە ھالەتتىكى تۇرمۇش ئۇسۇلى بىزدەك جامائەتچىلىك ئېڭىنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويۇپ كەلگەن ئەنئەنە ئىچىدىكى خەلقلەر ئۈچۈن ئەلۋەتتە چۈشىنىكسىز ۋە يوچۇن تۇيۇلىدۇ.

شۇنداق، يېرىم ئاي ئۆتمەيلا مەنمۇ ھېنرىكسدال تېغىنىڭ سۈرەتتەك گۈزەل مەنزىرىسىگە كۆنۈپ قالدىم. دەسلەپ سائەت ـ سائەتلەپ قاراپ تۇرىدىغان دېڭىز مەنزىرىلىرىمۇ ئەمدى ماڭا سوغۇق ۋە يات تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالدى. پاراخوتلارنىڭ گۈدۈك ئاۋازلىرى قۇلىقىمغا كىرگىنىدە، بارغانسېرى يىراقلاپ بېلىتىق دېڭىزىدا قارىسى يىتىپ كېتىۋاتقان پاراخوتلارنى كۆرگىنىمدە، گويا ھەممە ئادەم مېنى

تاشلاپ كېتىۋاتقانىدەك، ئۆزۈم يالغۇز بۇ يەردە قېپقالغاندەك تەسىرلىنگۈسىز يالغۇزچىلىقنى ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدىم.

مەن تۇرۇۋاتقان جاي 53 ـ يول ئاپتوبۇسىنىڭ ئاخىرقى بېكىتى بولغاچقا، كۆپ ھاللاردا بېكەتكە يېتىپ كەلگۈچە ئاپتوبۇستا ئۆزۈم يالغۇز قالاتتىم. بۇ رايوندا كوچىلەر ئاز بولغاچقىمىكىن كۆك كۆز، سېرىق چاچلىق شۋېتلار ئارىسىدا تۇرۇپلا ئۆزۈمنى تىكەندەك يالغۇز ھېس قىلىپ كېتەتتىم. ئاندا ـ ساندا ئۇچراپ قالىدىغان نېگىرلار، ئەرەبلەر، ھىندىلار ياكى باشقا ئاسىيالىقلار ئاپتوبۇسقا چىقىپ قالغىنىدا ئۆزۈمنىڭ بۇ يەردىكى بىردىنبىر چەت ئەللىك ئەمەسلىكىمنى ئېسىمگە ئېلىپ خاتىرجەم بولۇپ قالغاندەك بىر تۇيغۇغا كېلىپ قالاتتىم. كۆپ ھاللاردا ئاپتوبۇس ھېنرىكسدال بېكىتىگە يېتىپ كەلگىنىدە ئەڭ ئاخىرقى بىر يولۇچى سۈپىتىدە ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ كېتىۋاتقىنىمدا ماڭا تونۇش نېگىر شوپۇر خۇددى مېنىڭ يالغۇزلۇقۇمنى چۈشىنىۋاتقاندەك كۈلۈمسىرىگەن ھالدا خوشلىشاتتى:

ـــ Hej då! (شۋېتچە «خەير ـ خوش!» دېگەن مەنىدە)

تەسىرلىنگۈسىز بىر خىل غېرىبلىق ئاپتوبۇستىن ماڭا ئەگىشىپلا چۈشەتتى. سكاندىناۋىيە يېرىم ئارىلىنىڭ ئۆزۈنغا سوزۇلىدىغان قۇتۇپ كېچىسى بۇ جەمجىت شەھەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سۈس شاۋقۇنلىرىنىمۇ ئۆز قوينىغا ئالاتتى. جىمىرلاپ تۇرغان چىراغ نۇرلىرى بىلەن پاراخوتلارنىڭ گۇدۇك ئاۋازلىرىدىن سىرت، ھاياتلىق بەلگىلىرىنى ئىپادىلەپ تۇرىدىغان ھېچقانداق ئالامەتنى ئىلغا قىلغىلى بولمايتتى. پەستىكى دېڭىز يۈزىدىن سىرغىپ چىقىۋاتقان ئاچچىق شامال ئادەمنىڭ جان ـ جېنىدىن ئۆتۈپ كېتەتتى. مەن سوغۇقتىن تىترەۋاتقان بەدەنلىرىمنى رۇسلاشقا تىرىشىپ مېنى ئارامىمغا قويمايۋاتقان غېرىبلىق بىلەن بىللە مەن تۇرۇۋاتقان ئىككىنچى قەۋەتتىكى ئۆينىڭ ئىشىكىگە ئاچقۇچ سالاتتىم ...

دېڭىز بويىلاپ گاملاستاننى يەنە بىر ئايلىنىپ چىقتىم. قار توختىمايدىغاندەك ئەمەس. مۇشۇ مىنۇتلاردا غەرب دۇنياسىنىڭ غېرىبلىقىنى ئەڭ چوڭقۇر دەرىجىدە ھېس قىلماقتا ئىدىم. ئەنە، دېڭىز بويىدا بىر خانىم ئىتىنى يېتىلەپ يالغۇز كېتىپ بارىدۇ. ئۇ جىمجىت دېڭىز، لەپىلدەپ چۈشۈۋاتقان ئاپئاق قار ۋە كەينىدىن سوگدىشىپ كېتىۋاتقان ئىتى بىلەن ئۇنسىز ھالدا دىئالوگلىشىدۇ، مۇڭدىشىدۇ، ئۆز غېرىبلىقىنى ئۇنتۇشقا تىرىشىدۇ. ئەتراپتىكى كىشىلەر ئېھتىمال بۇ خانىم ئۈچۈن شۇنچىلىك يىراق ۋە يات... ئەنە، دېكابىرنىڭ مۇشۇ سوغۇقىدا كەڭرى مەيداندىكى ياغاچ ئورۇندۇقتا بىر ياشانغان ئەر كىشى پىۋا ئىچىپ ئولتۇرىدۇ. ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىنى قار ئۇچقۇنلىرى باسقان، لېكىن ئۇ ئۆز ئەتراپىدىكى دۇنيانى تامامەن ئۇنتۇغاندەك كۆرۈنىدۇ. ئۇنىڭ سوغۇقتىن كۆكەرگەن لەۋلىرى بىلەن ئىپادىسىز

كۆزلىرىدە پەقەت ئىچكى سۈكۈنات ۋە تەبىئەت جىمجىتلىقى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن مۇرەككەپ كەيپىيات بىلىنەر ـ بىلىنمەس ئەكس ئېتىپ تۇراتتى ...

مۇشۇ دەقىقىلەردە ئۆزۈمنىڭ ياۋروپاغا بارغاندىن بۇيانقى ئەڭ چوڭقۇر مەدەنىيەت توقۇنۇشى ئىچىدە تېگىرقاپ تۇرۇۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلدىم. ھەقىقەتەنمۇ چارچىغان ئىدىم. ئېغىر دېرىجىدىكى ئۇيقۇسىزلىق ۋە مۇھىتقا كۆنەلمەسلىكتىن كېلىپ چىققان ۋەتەن سېغىنىشى مېنى خېلىلا ھارغۇزغان ئىدى. ئېغىر ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك بېشىمنى سىلكىپ ئېسىمنى تېپىۋېلىشقا تىرىشتىم. ئۆيگە قايتاي، دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە .

## ئالتىنچى باب

# شۋېتلارنىڭ خاراكتېرى

شۋېتلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي خاراكتېر جەھەتتىكى پەرقىنى ئوخشاش بولمىغان ئىككى مىللەت نۇقتىسىدىنلا ئەمەس، بەلكى يەنە غەرب بىلەن شەرقتىن ئىبارەت ئوخشاش بولمىغان ئىككى چوڭ مەدەنىيەت سىستېمىسى نۇقتىسىدا تۇرۇپ كۆزەتكەندە، ئاندىن تېخىمۇ ئەتراپلىق جاۋابقا ئېرىشىش مۇمكىن.

ياۋروپاغا بېرىپ باقمىغان ياكى ياۋروپا ئەللىرىدە ياشاپ باقمىغان كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ۋاستىلىق چۈشەنچىلىرىگە تايىنىپلا ياۋروپالىقلار خاراكتېر جەھەتتىن ئوچۇق – يورۇق، پىسخىكىسى تاشمايىل، يۇمۇرغا ئامراق، تەۋەككۇلچىلىككە ۋە يېڭىلىق يارىتىش روھىغا باي، ئەنئەنىگە باغلىنىپ قالمايدىغان كىشىلەردۇر، دەپ ئويلايدۇ. ھېچ بولمىغاندا ئۇيغۇرلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم زىيالىيلار قاتلىمى شۇنداق قارايدۇ.

ھالبۇكى، سىز كۈنپېتىشتىكى ئاشۇ يېشىل قىتئەنىڭ قارا توپىسى بىلەن تۇتاش چىملىقلىرىنى دەسسەپ، چۇمۇلىدەك ھەرىكەتچان تۇرمۇش رىتىمىغا پۇتلىشىپ، ئاچچىق قەھۋە ھىدى گۈپۈلدەپ پۇراپ تۇرغان تار كوچىلىرىنى ئايلىنىپ ياشىغىنىڭىزدا، ئۇلارنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنىڭ سىز ئويلىغاندەك ئۇنداق ئاددىي ئەمەسلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىسىز.

ئەگەردە سىز ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىنى بويلاپ بىرقانچىلىغان دۆلەتلەرنى ئايلىنىپ چىقسىڭىز، ئۇ چاغدا شىمالىي ياۋروپالىقلار (شۋېتسىيىلىكلەر، نورۋېگىيىلىكلەر، دانىيىلىكلەر، فىنلاندىيىلىكلەر ۋە ئىسلاندىيىلىكلەر) نىڭ خاراكتېر جەھەتتىن سوغۇق ۋە تەنھالىقىنى؛ گېرمانىيىلىكلەرنىڭ تەمكىن ۋە سىرلىقلىقىنى؛ فرانسىيىلىكلەرنىڭ رومانتىك ۋە يۇمۇرلۇقلىقىنى؛ ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ سالاپەتلىك ۋە سىپايىلىقىنى؛ ئىتالىيىلىكلەر بىلەن ئىسپانىيىلىكلەرنىڭ قىزغىن، ئەمما چېچىلاڭغۇ ئىكەنلىكىنى بايقايسىز. ئەمما بۇ پەقەت ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنىڭ باشقا مەدەنىيەت توپىدىن كەلگەنلەرگە ئاسانلا بىلىنىپ قالىدىغان تاشقى پوستى، خالاس.

مەن شۋېتسىيىدە تۇرغان بىر يىل ئىچىدە شۋېتلارنىڭ مەدەنىيەت پىسخىكىسىنى ۋە مىجەز – خاراكتېرىنى چۈشىنىشكە تىرىشىپ باقتىم. ئۆزۈمنىڭ خىزمەت ۋە كەسىپ دائىرىسىدىكى ئاز بولمىغان شۋېتلار بىلەن ئارىلاشتىم، دىئالوگلاشتىم. ئاپتوبۇس ۋە مېترودا كېتىۋېتىپ، رېستورانلاردا تاماق

يەۋېتىپ، دېڭىز بويلىرىدا سەيلە قىلىۋېتىپ، كوچىلاردا باشقىلاردىن يول سوراۋېتىپ ھەمدە ئۆيىگە تەكلىپ قىلغانلارنىڭ ھوزۇرىدا مېھمان بولۇۋېتىپ ئۇلارنى كۆزەتتىم.

ھالبۇكى، بۇ جەرياندا بېشىمدىن ئۆتكۈزگەن تالاي كەچۈرمىشلەرنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ ياكى بىر يىلدىن كېيىن ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ، شۋېتسىيىدىكى كۈنلىرىم ھەققىدە قايتا ئويلانغان چاغلىرىمدىمۇ شۋېتلارنىڭ مىللىي خاراكتېرىگە زادى قانداق تەبىر بېرىش لازىملىقىنى ئېنىق بىلەلمىدىم.

شۇنداق، شۋېتلار بىز ئۈچۈن ھەم تونۇش، ھەم ناتونۇش مىللەت. ئۇيغۇرلار بىلەن شۋېتلارنىڭ نوپۇس جەھەتتىكى ئوخشاشلىقى بىزنى ھەيران قالدۇرىدۇ: شۋېتسىيە 2004 ـ يىل 9 ـ ئايدا مەملىكەت نوپۇسىنىڭ 9 مىليونغا تولغانلىقىنى تەبرىكلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 مىليوندىن ئارتۇق كۆچمەنلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا شۋېتلارنىڭ نوپۇسى ئاران 8 مىليون بولىدۇ. چەت ئەللەردە ياشاۋاتقان شۋېتلارنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا ئۇلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 10 مىليونغا يېتىدۇ؛ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 2004 ـ يىللىق نوپۇس ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى 8 مىليون 700 مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، چەت مەملىكەتلەردىكى ئۇيغۇرلارنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا 10 مىليونغا يېقىنلىشىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا بۇ ئىككى مىللەتنىڭ يەر شارى ئاتموسفېراسىدىن ئورتاق نەپەس ئېلىپ ياشاۋاتقان جان سانى ئاساسەن ئوخشاش.

ۋەھالەنكى، ئوخشاش نوپۇسقا ۋە يەر شارىنىڭ ئورتاق گىراژدانلىقىغا ئىگە بولغان بۇ ئىككى خەلقنىڭ ياشاش ئۇسۇلى، تەپەككۇر شەكلى، پسىخىك ـ خاراكتېرى، مەدەنىيەت قۇرۇلمىسى ھەمدە ئېستېتىك ئىنتىلىشلىرىدە كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئوخشىماسلىقلار بار.

مەن شۋېتسىيىدىكى بىر يىللىق ھاياتىم ۋە ئۆگىنىشىم جەريانىدا شۋېتلارنىڭ پسىخىك ـ خاراكتېرى ھەققىدە ئۇيغۇرلار بىلەن سېلىشتۇرما قىلغان ھالدا مۇنداق بىرقانچە قاراشقا كەلدىم. بۇلار گەرچە بۇ مۆرەككەپ خەلقنىڭ پسىخىك قۇرۇلمىسىنىڭ تولۇق ۋە ئىلمىي شەرھىسى بولالمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ خاراكتېرىدىكى بەزى ماھىيەتلىك تەرەپلەرنى كۆرسىتىپ بېرەلىشى مۇمكىن دەپ ئويلايمەن:

**تەنھالىق:** تەنھالىق ياكى يالغۇزلۇق شۋېتلار خاراكتېرىنىڭ ئەڭ روشەن تەرەپلىرىدىن بىرى ھېسابلانسا كېرەك.

قويۇق ئورمانلىقلار ياكى ستوكھولمنىڭ ئەتراپىدىكى دېڭىزغا چېچىلىپ ياتقان ئاراللاردا ئارىلىقى بىر ـ بىرىگە يىراق قىلىپ سېلىنغان چىرايلىق داچىلار ھەرۋاقىت كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئەنە شۇ داچىلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، تەبىئىي بىر رەۋىشتە نەزەر تاشلىسىڭىز يېگانە بىر بوۋاينىڭ دېرىزە ئالدىدا سىرتقا

قاراپ سائەت ـ سائەتلەپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرىسىز. ئۇزاقتا سوزۇلغان قىش كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئىچىڭىز پۇشۇپ دېڭىزدىن كېلىۋاتقان غۇر ـ غۇر سوغۇق شامالغا قارىماي دېڭىز بويىنى ئايلىنىپ كەلگىلى بارسىڭىز بىر ئايالنىڭ ئىتىنى ئەگەشتۈرۈپ يالغۇز كېتىپ بارغانلىقىنى كۆرىسىز. سەھەردە ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ ئائىلىلەر ئولتۇراق رايونى ئارىلىقىدىكى بالىلارنىڭ ئويۇنچۇقلىرى ئورنىتىلغان كىچىك باغچىغا كىرسىڭىز ئالتە ياشلىق بىر كىچىك بالىنىڭ پوسمىسىنى چۆكۈرۈپ كىيگىنىچە ئۆزى يالغۇز ئويناپ ئولتۇرغىنىنى كۆرىسىز...

ـ مانا بۇ تەنھالىقتا كۆنۈككەن شۋېتلارنىڭ تۇرمۇشى.

ئۇلار تەنھالىق ئىچىدە تۇغۇلىدۇ، تەنھالىق ئىچىدە ياشايدۇ، تەنھالىق ئىچىدە بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىدۇ. تەنھالىق ئۇلارنىڭ ھاياتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرى. بىر كۈنى مەن ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرۇۋاتقان ئۆينىڭ ئىگىسى ماكس نورگاردتىن «شۋېتلار نېمە ئۈچۈن تەنھا ياشاشقا كۆنۈككەن؟» دەپ سورىسام، ئۇ ئىپادىسىز بىر رەۋىشتە: «بۇ يەردە بىر بالا تۇغۇلۇشى بىلەنلا ئەڭ چوڭقۇر دەرىجىدىكى تەنھالىقنى ھېس قىلىدۇ ھەمدە ئۇنى ئۆز تۇرمۇشىنىڭ بىر قىسمى دەپ چۈشىنىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.

بۇ يەردە بىر مەھەل ياشاپ كۆرگەندىن كېيىن، ئەتراپىڭىزدىكى كۆك كۆز، سېرىق چاچ شۋېتلارنىڭ ئادەمنىڭ جېنىدىن ئۆتكۈدەك تەنھالىق ئىچىدە ئۈن ـ تىنسىز تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ كىشىلەر بىلەن بولغان ئىجتىمائىي ئالاقە مۇھىتى ئىچىدە ئەمەس، بەلكى ئۆز ـ ئۆزى بىلەن بولغان ئىچكى مونولوگى ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىسىز. تېخىمۇ قىزىقارلىقى شۇكى، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىجتىمائىي پاراۋانلىق تۈزۈلمىسى بىلەن جامائەت مۇلازىمىتى سىستېمىسىدىكى قولايلىق ئىمكانىيەتلەر شۋېتلارنىڭ يەككە ھالەتتىكى شەخسىي تۇرمۇش ئۇسۇلىغا ۋە تەنھالىقىغا زور دەرىجىدە ماسلاشقان. ئادەتتە 80 ياشتىن ھالقىغان موماي ۋە بوۋايلارنىڭ ئۆزى يالغۇز غالتەكلىك ھارۋىلىرىنى ئىتتىرىپ ئاپتوبۇسقا ياكى مېتروغا چىققانلىقىنى كۆرىسىز. بۇ يەردىكى ئاپتوبۇسلارنىڭ مۇلازىمىتى شۇنچىلىك قولايلىقكى، ياشانغان بوۋاي ـ مومايلار ياكى بالىلىق ئاياللار ئاپتوبۇسنىڭ ئوتتۇرا ئىشىكىدىن چىقىدۇ. ئاپتوبۇس بېكەتكە كەلگەندە ئاپتوماتىك ھالدا ئوتتۇرىدىكى ئىشىكى بېكەت تەرىپكە تۆۋەنلەپ يەر يۈزى بىلەن تەڭلىشىدۇ. ياشانغانلار ھېچقانچە كۈچىمەيلا غالتەكلىك ھارۋىلىرىنى ئىتتىرىشىپ ئاپتوبۇسقا چىقىۋالىدۇ ـ دە، ئىشىك ئەتراپىدىكى مەخسۇس چوڭلار ئۈچۈن تەييارلانغان ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇشىدۇ. ماگىزىنلار، بانكىلار، پويىز ئىستانسىسى، قاتناش بېكىتى، ئايروپورت، مېترو بېكەتلىرى قاتارلىق ئاممىۋى ئورۇنلارنىڭ ھەممىسىدە ئادەتتە ئىككى قەۋەتكىمۇ مەخسۇس لىفت ئورۇنلاشتۇرۇلغان. گاس ـ گاچا ۋە ئەمالار ئۈچۈن كوچىلاردا مەخسۇس ئايرىم

يوللار ئاجرىتىلغان. شۇنداق بولغاچقا مەيلى كىچىك بالا بولسۇن ياكى ياشىنىپ قالغان كىشى بولسۇن ھېچكىمنىڭ ھېچكىمگە ھاجىتى چۈشمەيدۇ. ھەممىسى ئۆزىنىڭ ئىشىنى ئۆزى تېپىپ قىلالايدۇ. باشقىلارنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولۇپ ياشاشنى ياكى باشقىلارغا يۈلىنىپ قېلىشنى ھەرگىز خالىمايدۇ.

بۇ خىل ئۆزگىلا تايىنىپ تەنھا ياشاش ئۇسۇلى شۋېت جەمئىيىتىنى زور دەرىجىدە مېخانىكىلاشتۇرۇپ، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ياتلىشىشنى كۈچەيتىۋەتكەن. يىراقتىن كۆزەتسىڭىز ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىغا تېگى - تېگىدىن سىڭىپ كەتكەن يالغۇزلۇق، ئىچ مىجەزلىك ۋە سوغۇقلۇقنى ھېس قىلىسىز. بىزگە ئوخشاش ئەسىر - ئەسىرلەردىن بۇيان ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەر ۋە بىر جەمەت كىشىلىرى بىرگە ياشاپ كەلگەن، نۇرغۇن ئىشلارنى بىر شەخسنىڭ يەككە ئىرادىسى بويىچە ئەمەس، بەلكى جامائەتنىڭ ئورتاق خاھىشى بويىچە بىر تەرەپ قىلىشقا كۆنۈككەن كىشىلەر شىمالىي ياۋروپادىكى بۇ تەنھالىققا خۇشتار كىشىلەر ئارىسىغا بېرىپ قالغىنىمىزدا ئۆزىمىزنى گويا قەپەسكە كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلىمىز. چۈنكى بىزنىڭ جامائەتچىلىك بىلەن بىللە ئۇيۇم ياشايدىغان قايناق تۇرمۇش مۇھىتىمىزدا يېتىلگەن تاشمايىل پىسخىكا ئەندىزىمىز بىلەن شۋېتلارنىڭ تەنھالىقى ئوتتۇرىسىدا ئوت بىلەن سۇدەك چوڭ پەرق بار ئىدى. مۇشۇ پەرقلەرنى يېڭىپ شۋېتلار بىلەن بىللە ياشاش ئۇنچىلىك ئاسان ئەمەس ئىدى. ستوكھولم شەھىرى شىمالىي ياۋروپادا دانىيىنىڭ پايتەختى كوپېنھاگېندىن قالسىلا نوپۇسى 1 مىليونغا يېقىنلىشىدىغان چوڭ شەھەر بولسىمۇ، لېكىن كەچقۇرۇنلىرى كوچىلىرى ئادەمسىز، ئەتراپ شاۋقۇنلاردىن خالىي بولۇپ، كىشىگە قەدىمىي قەلئەدىكى ئۆلۈك جىمجىتلىقنى ئەسلىتەتتى. بۇنداق جىمجىتلىق بىزدەك قايناق تۇرمۇشقا كۆنۈككەن كىشىلەرنىڭ مۇساپىرەتتىكى غېرىبلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋېتەتتى. ئاشۇ مىنۇتلاردا غېرىبلىق ئەگىپ يۈرگەن كوچىلاردا نىشانسىز كېتىۋېتىپ، دۆڭكۆۋرۈكتىكى يېرىم كېچىگىچە داۋاملىشىدىغان قايناق بازارلارنى ئەسلەيمەن. ۋەتەندىكى چاغلىرىمدا ھەر قېتىم دۆڭكۆۋرۈك بىلەن كونسۇل كوچىسىنىڭ ئايرىلىقىدىكى يولدا كېتىۋاتقىنىمدا، يول بويىدىكى ئۇن - سىن دۇكانلىرىدا ئەڭ يۇقىرى ئاۋازدا قويۇلۇۋاتقان ناخشا - مۇزىكىلارنىڭ قۇلاقنى يارغۇدەك سادالىرىدىن بىزار بولغىنىم ئېسىمدە. بولۇپمۇ يەكشەنبە كۈنلىرى بازارغا چىقىپ قالسىڭىز ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن مۇرىلىرىڭىز تولا سۈركىلىپ ئاغرىپ كەتسە، قۇلاق - مېڭىڭىز ئەتراپتىكى سۈرەن - چۇقاندىن زىڭىلداپ كېتەتتى. ھەر كۈنى دېگۈدەك رېستورانلاردا ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان توي ۋە تۈرلۈك زىياپەتلەر، باش - ئاخىرى تۈگىمەيدىغان ئادەمگەرچىلىك ۋە رەسىم - قائىدىلەر، شۇنداقلا ھەپتىدە بىرقانچە پارچىسىنى تاپشۇرۇۋالىدىغان تەكلىپ - باغاقچىلاردىن قاقشىغانلىرىمىزمۇ ئېسىمدە ...

راستىنى دېسەم، ستوكھولمدا تەنھا ياشىغان دەسلەپكى ئۈچ ئاي داۋامىدا ئېغىر ئۈيقۇسىزلىقنىڭ ئازابىنى تارتمۇيتىپ ۋەتەندىكى ئاشۇ شاۋقۇن ـ سۈرەنگە تولغان قايناق تۇرمۇشنى بەكمۇ سېغىندىم. بىزنىڭ خاراكتېرىمىزنىڭ شۇيىتلاردەك بۇنداق ئۆلۈك جىملىق بىلەن جاندىن ئۆتىدىغان تەنھالىقنى خالىمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر دەرىجىدە ھېس قىلدىم. ھەر بىر خەلقنىڭ ئۆزىگە يارىشا ياشاش ئۇسۇلى بولىدۇ، يەنە كېلىپ بۇنداق ئۆزىگە خاس ياشاش ئۇسۇلىنى شۇ خەلقنىڭ ئىجتىمائىي كوللېكتىپى ئۇزۇن مۇددەتلىك تۇرمۇش تەجرىبىسى ۋە تارىخى جەريانىدا يېتىلدۇرگەن بولىدۇ. شۇنداقكەن، بىزنىڭ ئۆز تۇرمۇش ئەندىزىمىزدىن گۇمانلىنىپ، باشقىلارنىڭ ياشاش ئۇسۇلىغا مەپتۇن بولۇپ يۈرۈشىمىزنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بار؟ مۇشۇ سوئاللارنى ۋەتەندىن ئايرىلىپ يىراق ئەللەردە مۇساپىرچىلىقتا ياشاۋاتقان دەقىقىلەردىلا ئاندىن ئۆز ـ ئۆزۈمدىن سوراپ كۆردۈم.

2004 ـ يىلى مارت ئايلىرىنىڭ ئاخىرىدا ئائىلەم ستوكھولمغا يېتىپ باردى. مەن ئۆي ئىگىسى ماكس بىلەن سۆزلىشىپ، بۇ ئۆيدە داۋاملىق تۇرىدىغان بولدۇق. بىز ماكسنىڭ ئانىسى نورگارد مومايغا قارايدىغان ۋە ئۇنىڭ ئۈچ ۋاق تاماقىدىن خەۋەر ئالىدىغان بولدۇق، ئۇلار بىزدىن ئۆينىڭ ئىجارە ھەققىنى ئالمايدىغان بولدى. بىر ھەپتىدىن كېيىن ئۇلار نورگارد مومايىنى چوڭلار ساناتورىيىسىدىن بىز تۇرۇۋاتقان ئۆز ئۆيىگە ئەكېلىپ قويدى. نورگارد موماي 86 ياشقا كىرگەن، چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرىدىغان، چاچلىرى ئاپئاق ئاقارغان موماي ئىكەن. شۇندىن باشلاپ ئىككى ئايغىچە بىز نورگارد موماي بىلەن بىللە ياشىدۇق. ئايالىمنىڭ كۈندە ئۈچ ۋاق ئېتىدىغان ئۇيغۇرچە تاماقلىرى مومايغا تولىمۇ تېتىغان بولسا كېرەك، ئىككى ھەپتىگە بارمايلا مومايىنىڭ چىرايىغا قان يۈگۈرۈپ خېلىلا تېتىكلىشىپ قالدى. لېكىن موماي كەم سۆز، خىيالچان ئىدى. تاماقنى يەپ بولۇپلا ئۆزىنىڭ خانىسىگە كىرىپ كېتەتتى. بىز ئۇنى پاراڭغا تۇتۇپ كەيپىياتىنى جانلاندۇرۇشقا تىرىشساقمۇ، لېكىن موماي ئامال بار ئۆزىنىڭ خانىسىدا دېرىزىدىن سىرتقا قارىغىنىچە سائەت ـ سائەتلەپ يالغۇز ئولتۇرۇشنى ياخشى كۆرەتتى. بەزىدە قىزىمنىڭ ئىچى پۇشۇپ مومايغا ئەركىلەپ باقاتتى، ئىما ـ ئىشارەتلەر بىلەن ئويۇن كۆرسىتىپ باقاتتى. لېكىن موماي قىزىمنىڭ بۇ قىزغىنلىقىغا پەقەت مىيىقىدا بىلىنەر ـ بىلىنمەس كۈلۈپ قويۇپلا ئۆتكۈزۈۋېتەتتى. ۋەتەندىكى چاغدا موما ـ بوۋىلىرىغا يەتكۈچە ئەركىلەپ كۆنگەن قىزىم نورگارد مومايىنىڭ بۇنداق ئىپادىسىز كەيپىياتىغا قاراپ مومايىنىڭ قېشىغا بارمايدىغان بولدى.

بىر كۈنى ماكس ئايىسىنى يوقلاپ ئۆيگە كەلدى. زېرىكىپ تۇرغان قىزىم بىردىنلا ۋەتەندىكى چاغدا كۆنگەن قىزغىنلىقى بويىچە كىيىم يۆتكەپ ئۇسسۇل ئويناپ بەرمەكچى بولدى. ئۈرۈمچىدىكى چاغلىرىمىزدا ئۆيگە بىرەر مېھمان كەلسىلا قىزىم ئۆزىنىڭ ئۆيىگە ئۈچقاندەك يۈگۈرۈپ كىرەتتى ـ دە، يېڭىدىن ئىككىۈزۈپ



AltunOq

بەرگەن مىللىي پاسوندىكى ئۇسسۇل كۆڭلىكىنى ئالماشتۇرۇپ چىقىپ ئۇسسۇل ئوينايتتى. مېھمانلارنىڭ قىزغىنلىقى ۋە چاۋاكلىرى ئەمدىلا 6 ياشقا كىرگەن قىزىمغا تېخىمۇ زور ئىلھام بولاتتى.

مەن ئۈنئالغۇغا ئاپالىم ئۈرۈمچىدىن ئالغاچ كەلگەن ئۇيغۇر مەشرەپ ناخشىلىرىنىڭ لېنتىسىدىن بىرنى سالدىم. شوخ ۋە لەرزان ئۇسسۇل مۇزىكىسى ياڭرىشى بىلەنلا تۇرالماي قالغان قىزىم بالىلىق ھېسسىياتى بىلەن مېھمانخانا ئۆيدە ئۇسسۇلغا چۈشتى. ئاپالىم بىلەن ئىككىمىزمۇ تونۇش ناخشىلارنى ئاڭلاپ قىزىمىزنىڭ ئۇسسۇلىدىن ھاياجانلىنىپ ئولتۇرالماي قالدۇق. لېكىن ماكس بىلەن نورگارد مومايغا قارىسام ئۇلارنىڭ چىرايىدا ھېچقانداق بىر ئىپادە كۆرۈنمەيتتى. ئۇسسۇل ئەۋجىگە چىققاندا ئۇلار ئاز ـ تولا ھەيران بولغاندەك بىر ـ بىرىگە ھاڭۋېقىپ قاراپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما قىزىم ئۇسسۇلنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئۇلارغا سالام بەرگىنىدە ئانا ـ بالا ئىككىسى ئىپادىسىز بىر رەۋىشتە بۇتتەك قېتىپ ئولتۇردى. قىزغىن ئالقىش ۋە مەدھىيىنى كۈتكەن قىزىم ئۇلارنىڭ ئىپادىسىز چىرايىغا بىر ھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، قېشىمغا كېلىپ تىزىمغا بېشىنى قويغىنىچە ئېسەدەپ يىغلاشقا باشلىدى. مەن ئۇنىڭغا نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي:

— نېمە بولدىڭىز، قىزىم، نېمىشقا يىغلايسىز؟ — دەپ سورىدىم.

— ئۇلار كىچىك بالىنى ياخشى كۆرمەيدىكەن، ئۇسسۇلنىمۇ ياخشى كۆرمەيدىكەن، شۇنداقمۇ، دادا؟ — دېدى ياشلىرىنى سۈرتۈپ .

— ئۇنداق ئەمەس، قىزىم، كىچىك بالىنى ياخشى كۆرمەيدىغان ئادەم يوق، ئۇلار سىزنىڭ ئۇسسۇلىڭىزنى بىرىنچى قېتىم كۆرگەچكە ھەيران بولۇپ قېتىپ قاپتۇ! — دېدىم ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ . لېكىن ئۇلارنىڭ ئىپادىسىز چىرايىغا قاراپ ئىچىمدە، كىچىك بالا شۇنچە قىزغىنلىق بىلەن ئۇسسۇل ئويناپ بەرسە قىلچىمۇ ئىنكاس يوق ئولتۇرىدىغۇ بۇلار، ئەجەب سوغۇق مىجەز كىشىلەركەن! دەپ ئويلىدىم .

شۇندىن كېيىن قىزىم ئۇلارنىڭ ئالدىدا زادىلا ئۇسسۇل ئويناپ باقمىدى. گەرچە قىزىم ھېچنىمىگە قارىماي كەپسىزلىك قىلىدىغان بالىلاردىن بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا ئۆيدە كۆپ تىۋىش چىقارماي ئوينىشىنى تاپىلىدۇق. ھەمىشە سۈكۈت ئىچىدە ياشايدىغان بۇ كىشىلەرنىڭ قايناق تۇرمۇش شەكلىنى ياقتۇرمايدىغانلىقىنى ھەممىمىز ھېس قىلغانىدۇق.

بۇ ئۆيدە بىز تۇرغان ئىككى ئاي داۋامىدا نورگارد مومايىنىڭ ئوغلى ماكستىن باشقا بالىلىرى ئاساسەن كېلىپ باقمىدى. بىر قىزى بىر قېتىم كېلىپ غىل ـ پال كۆرۈنۈپ قويۇپلا قايتا كەلمىدى. موماي بىز بىلەن بىللە ئىككى ئاينى ئۈن ـ تىنسىز ئۆتكۈزدى. ھاۋا ياخشى بولغان بەزى كۈنلىرى موماي چاقلىق ھارۋىسىنى ھەيدەپ بالكونغا چىقاتتى ـ دە، تاكى كۈن قايرىلغىچە بىر ئېغىز لام ـ جىم

دېمەستىن سىرتقا قاراپ ئولتۇراتتى. بۇنداق چاغلاردا بىزنىڭ ئىچىمىز پۇشۇپ تىتىلداپ كېتەتتۇق. ئىككى ئايدىن كېيىن بىز ستوكھولمنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى شەھەرگە 60 كىلومېتىر كېلىدىغان رىمبو دېگەن كىچىك بازاردىن ئۆي تېپىپ كۆچۈپ كەتتۇق. موماي بىزگە تولىمۇ كۆنۈپ قالغاچقىمۇ قايتا ساناتورىيىگە كېتىشكە ئۇنىماپتۇ. بىر ھەپتىدىن كېيىن مومايني يوقلاپ كېلەيلى دەپ بىر يەكشەنبە كۈنى قىزىمىزنى ئېلىپ ھېنرىكسدال تېغىدىكى نورگاردلار ئائىلىسىگە كەلدۇق. ئۆيدە نورگارد موماي تىكەندەك يالغۇز ئىكەن. بىزنى كۆرۈپ موماي شۇنچىلىك خۇش بولۇپ كەتتى. ئايالىم بازاردىن ئېلىپ كەلگەن مېۋە ـ چېۋىلەرنى توڭلاتقۇغا سېلىپ قويماقچى بولۇپ قارىغان ئىدى، توڭلاتقۇنىڭ قۇپقۇرۇق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى. توۋا، موماي نېمە يەپ كۈن كەچۈرۈۋاتقاندۇ؟

ئەسلىدە بىز كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىن مومايىنىڭ بالىلىرى ئۇنى ياشانغانلار ساناتورىيىسىگە قايتىدىن ئاپىرىپ بەرمەكچى بولۇپتۇ. لېكىن موماي ئۇنىماي تۇرۇۋالغاچقا، ئۆيدە يالغۇز قالدۇرۇپ قويۇپتۇ. ساناتورىيىدىن بىر سېستىرا كۈندە ئۈچ ۋاق تاماقنى ئېلىپ كېلىپ، ئىشىكنىڭ ئاستى تەرىپىدىكى كىچىك تۆشۈكتىن ئۆيگە كىرگۈزۈپ بېرىدىغان بولۇپتۇ. بىز بۇنى ئۇقۇپ توۋا دېگىنىمىزچە ياقىمىزنى چىشلىدۇق. ئايالىم دەرھال يەڭلىرىنى تۇرۇپ ئاشخانىغا كىردى ـ دە، موماي ياخشى كۆرىدىغان گۆرۈچ تامىقىدىن بىرنى ئېتىپ بەردى. موماي خۇشاللىقىدا كۆزلىرىگە ياش ئالدى. بىز مومايىنىڭ ئۆيىدىن قايتىپ چىقىۋېتىپ بىر قىسما بولۇپ قالدۇق. شۇندىن كېيىن نورگارد مومايني قايتا كۆرمىدۇق.

شۋېتسىيىدە يەنە قانچىلىغان ياشانغانلارنىڭ نورگارد مومايغا ئوخشاش يەككە ـ يېگانە ھالدا ياشايدىغانلىقىنى بىلمەيمىز. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ چىرايلىق داچىلىرى، ئالمىلىق باغلىرى ۋە ئىشىكىدىن نېرى كەتمەيدىغان ئىتلىرى بار. ئۇلار ئۆمۈر بويى ئالدىراش ئىشلىگەچكە، پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىنكى سوغۇرتا مائاشى يۇقىرى، داۋالىنىشى ھەقسىز، ماددىي جەھەتتىن ھېچقانداق قىيىنچىلىقى يوق. لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قېرىغاندىن كېيىن تىكەندەك يالغۇز قالىدىغانلىقىنى، تەنھالىق ئىچىدە ئاخىرقى ئۆمرىنى ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى خېلى بۇرۇنلا بىلىدۇ ھەمدە بۇ رەھىمسىز رېئاللىقنى قوبۇل قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بالىلىرى ئايدا ـ يىلدا ۋاقتى چىققاندا كېلىپ كېتىدۇ، بەزىلىرى ھەتتا بىرقانچە يىللارغىچە كۆرۈنمەيدۇ. ئاتا ـ ئانىلارمۇ بالىلىرىنىڭ كەلمىگەنلىكىدىن ئاغرىنىپ كەتمەيدۇ. چۈنكى ئۇلارمۇ ئۆز دەۋرىدە ئاتا ـ ئانىسىغا قاراپ باقمىغان. ئىقتىسادىي جەھەتتە ئاتا ـ ئانىلار بىلەن بالىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇتلەق مۇستەقىللىق ھەمدە بىر ـ بىرىگە تايانماسلىق مۇناسىۋىتى ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئائىلىۋى ئالاقىلەرنى زور دەرىجىدە سۇسلاشتۇرۇۋەتكەن. ئۇنىڭ

ئۇستىگە، يېقىن ئەتراپتىكى قولۇم ـ قوشنىلار ئارا كىرىش ـ چىقىشنىڭ مەۋجۇت بولماسلىقى مۇئەييەن ئارىلىق قالدۇرۇپ سىلىنغان داچىلاردىكى بۇ سوغۇق مىزاجلىق كىشىلەرنى پەقەت ئۆز ئۆيىنىلا مەركەز قىلىپ ياشاشقا ئادەتلەندۇرگەن. شۇڭلاشقا تەنھالىق ۋە يالغۇزلۇق ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى. ئادەتتىكى كۈنلەردە ئۇلار ئالدىراش خىزمەت بىلەن ئۆزلىرىنىڭ تەنھالىقىنى ئۇنتۇيدۇ. ھەپتە ئاخىرى بولغاندا قايتىدىن ئىز بېسىپ كەلگەن تەنھالىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن يېقىن ئەتراپتىكى قەھۋەخانا ياكى بەزمىخانىلارغا بېرىپ قانغۇچە پىۋا ئىچىشىدۇ. پۇلنى بولۇشىغا خەجلەيدۇ. ئۆزىگە ئوخشاش يالغۇز ئولتۇرۇۋاتقان بىرىنىڭ قېشىغا بېرىپ ھەمشىرىك بولۇپ پىۋا ئىچىشىدۇ، پاراڭلىشىدۇ، ھەتتا يېقىن دوستلاردىنمۇ بولۇپ قالىدۇ. يېرىم كېچىگىچە مەست ھالەتتە يېڭىدىن تونۇشقان دوستى بىلەن خوشلىشىپ بولالماي تارتىشىپ يۈرىدۇ. لېكىن ئەتىسىدىن باشلاپ ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇپ ئىشلەشكە باشلايدۇ. ھەتتا بەزمىخانىدا تونۇشقان دوستىنىڭ ئىسمى فامىلىسى ۋە چىرايىنىمۇ ئۇنتۇپ كېتىدۇ. مانا بۇ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن قاتلامدا ياشاۋاتقان، نىكاھتىن ئاجراشقان تەنھا شۋېتلارنىڭ تۇرمۇشى.

سوغۇق قانلىق: ئادەتتە تىمساھ، يىلان تىپىدىكى ئۆمىلىگۈچى ھايۋانلارنى بىئولوگىيىدە سوغۇق قانلىق ھايۋانلار دەپ ئاتىشىدۇ. ئەگەردە يەر شارىدىكى ئىنسانلار تۈركۈملىرىنىمۇ ئىسسىق ۋە سوغۇق قانلىق دەپ ئايرىشقا توغرا كەلسە، شۋېتلار شەك ـ شۈبھىسىزكى سوغۇق قانلىق، ئۇيغۇرلار ئىسسىق قانلىق ئىنسانلار تۈركۈمىگە كىرىشى مۇمكىن. تەنھالىقتىن تاشقىرى، ئۇلارنىڭ خاراكتېرىدە ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان سوغۇقلۇق كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

سىز ئۇلار بىلەن شۇنچە ئۇزۇن ياشاپ ياكى بىللە خىزمەت قىلىپمۇ ئۇلارنىڭ بىرەر تاسادىپىي ۋەقەگە يولۇققاندا ھاياجانلانغانلىقىنى ياكى خاپا بولغانلىقىنى بىلەلمەسلىكىڭىز مۇمكىن. مەن شۋېتلارنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىدىكى سوغۇقلۇقىنىڭ مەنبەسىنى كۆپىنچە شىمالىي قۇتۇپنىڭ سوغۇق كىلىماتى بىلەن قىش مەزگىلىدىكى ئۇزاققا سوزۇلىدىغان قاراڭغۇ كېچىلىرىنىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك دەپ ئويلىدىم. يەنە بىر تەرەپتىن، شۋېتلارنىڭ ئەجدادلىرى ئۇزۇن مەزگىل ياۋروپا قىتئەسىگە سورۇقچىلىق سالغان شىمالىي ياۋروپا دېڭىز قاراقچىلىرىغا تۇتىشىدۇ. ياۋروپا تارىخىدا شىمالىي ياۋروپالىق دېڭىز قاراقچىلىرى Viking دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئۇلار ئىككى بېشى ئۈچلۇق يەلكەنلىك كېمىلىرىگە تايىنىپ ياۋروپا دېڭىز ساھىللىرىنى بويلاپ ئۇزاق مەزگىل بۇلاڭچىلىق ھاياتىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن. 10 ـ ئەسىردىن كېيىن خرىستىئان دىنىنىڭ شىمالىي ياۋروپاغا كەڭ كۆلەمدە ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ، شىمالىي ياۋروپالىق سوغۇق قانلىق بۇ دېڭىز قاراقچىلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى ئەڭ رايىش ۋە ئەڭ ئىخلاسمەن خرىستىئان مۇرىتلىرىغا ئايلانغان. شۇڭلاشقا خرىستىئان دىنى ئېلىپ كەلگەن ئېتىقاد

ئىنقىلابى شۋېتلارنىڭ ھازىرقى مىللىي خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىشىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن دېڭىز قاراقچىلىقى دەۋرىدىن قېپقالغان سوغۇق قان مىزاج ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن تامامەن يىتمەپ كەتمىگەن .

ستوكھولم ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەرق تىللىرى ئىنستىتۇتى جۇڭگو تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا خەنزۇ تىلىدىن دەرس بېرىدىغان گاۋ فامىلىلىك بىر خەنزۇ ئوقۇتقۇچى بىلەن تونۇشۇپ قالغانىدىم. ئۇ 40 ياشلاردىكى ئوتتۇرا بوي، بىر پۈتى تارتىشىپ ماڭىدىغان، لېكىن مىجەزى ئوچۇق ـ يورۇق كىشى ئىدى . بىر كۈنى ئىشخانىدا ئىشلەۋاتسام ئۇ دەرستىن چۈشۈپ قېشىمغا كىردى ۋە مېنىڭ بىلەن پاراڭلىشىشقا باشلىدى.

ــــ مەن سىزگە ئېيتسام، بۇ يەرگە ماسلىشىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن شۋېتلارنىڭ خاراكتېرىنى چۈشىنىش ھەممىدىن مۇھىم! ــــ دېدى ئۇ تاماكىسىغا ئوت تۇتاشتۇرۇۋېتىپ، ــــ نېمىشقا دېسىڭىز، شۋېتلارنى چۈشىنىش باشقا ياۋروپالىقلارنى چۈشىنىشتىن قىيىن. ئۇلار تەنھا ۋە سوغۇق كېلىدۇ. باشقىلار بىلەن ئاسان ئارىلىشىپ كېتەلمەيدۇ. كۆڭلىدە ئويلىغانلىرىنى ئېغىزىدا دېمەيدۇ. پەقەتلا سىزگە يېقىنلىشىپ باقمايدۇ. مەن بۇ يەردە ياشىغىلى 15 يىلدەك بولدى. لېكىن ھازىرمۇ ئۇلارنى چۈشىنىمەن دېيەلمەيمەن. ئەمما ئۇلار سىرتقى جەھەتتىن سوغۇق كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ناھايىتى تۈز كېلىدۇ. ھېيلىگەر ئەمەس، بىر مەزگىل ئارىلاشقاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئەمەلىيەتتە ئاق كۆڭۈل ۋە سەمىمىي ئىكەنلىكىنى بايقايسىز.

ــــ سىز قانداق قىلىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالغانتىڭىز؟ ــــ دەپ سورىدىم ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قىزىقىپ.

ــــ ھەي، سۆزلىسەم گەپ تولا، ــــ دېدى ئۇ تاماكىدىن يەنە بىر تالنى تۇتاشتۇرۇپ، ــــ مەن ئەسلىدە بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن. بىر پۈتۈم كىچىكىمدە پالەچ كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپ مېيىپ بولۇپ قالغاچقا، مېنى مەملىكەتلىك مېيىپلار جەمئىيىتىگە خىزمەتكە تەقسىم قىلدى.كومپيۇتېرغا ئۆز دەۋرىدە ناھايىتى پۇختا بولغانلىقىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە، يېزىقچىلىق جەھەتتىمۇ قابىلىيىتىم بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆز ۋاقتىدىكى مەملىكەتلىك مېيىپلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسىگە كاتىپ بولۇپ ئىشلىدىم. لېكىن ئائىلىمىز «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە تولىمۇ كۆپ دەرد تارتقاچقا دادام مېنىڭ يۇقىرى قاتلامدىكىلەر بىلەن بىللە ئىشلىشىمگە قەتئىي قارشى تۇردى ھەمدە سىياسىيغا ئارىلىشىپ قالما دەپ مېنى بۇ خىزمەتتىن توستى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئامالسىز بېيجىڭ رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىنستىتۇتىغا ئوقۇتقۇچىلىققا يۆتكىلىپ باردىم. 1989 ـ يىلىدىن كېيىن خىزمىتىمدىن رايىم قالدى ـ دە، شۇ يىلى شۋېتسىيىگە ئوقۇشقا چىقتىم. شۇندىن تارتىپ مېنىڭ بۇ

يەردىكى ئۇزۇنغا سوزۇلغان ھاياتىم باشلاندى. مەن تىرىشتىم، تىرماشتىم، بەزىدە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان چاغلىرىممۇ، مەغلۇپ بولغان چاغلىرىممۇ بولدى. بېشىمدىن تالاي ئىسسىق ـ سوغۇقلار ئۆتتى. كۆپ پىشىلدىم. يېڭى كەلگەن چاغلىرىمدا يول تاپالماي بىر مەھەل پۈتۈنلەي ئۈمىدسىزلىنىپ كەتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شۈبھىلارنىڭ سوغۇقلۇقى، ئۆزۈمنىڭ تىكەندەك يالغۇزلۇقۇم قوشۇلۇپ مېنى روھىي جەھەتتىن پۈتۈنلەي گۇمران قىلغىلى ئاز قالدى. بىرەر يىلدەك پۈتۈنلەي ئۇيقۇسىز بولۇپ كەتتىم. ئۆي ئىجارىسىنىمۇ تاپشۇرالماي قالىدىغان ۋاقىتلىرىم بولدى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ستوكھولمدىكى دېڭىز بوغۇزىنى تۇتاشتۇرغان چوڭ كۆۋرۈك ئۈستىگە پۈتلىرىمنى سۆرەپ مېڭىپ باردىم. غۇر ـ غۇر سوغۇق شامال دېڭىز يۈزىدىن سىرغىپ چىقىپ يۈزىمگە نەشتەردەك سانجىلاتتى. كۆۋرۈك ئۈستىدىكى يۇقىرى سۈرئەتلىك يولدا ماشىنىلار ئۇياقتىن بۇياققا غۇيۇلداپ ئۆتۈپ تۇراتتى. كاللامدا بۇنداق ياشىغاندىن ئۆلۈپلا تۈگەشمەيمەنمۇ دېگەن خىيال ئەگىشكە باشلىدى. كۆۋرۈكنىڭ پولات تۇتقۇچىنى تۇتۇپ پەسكە قارىدىم. تۆۋەندە لۆمشۈپ تۇرغان كۆپكۆك دېڭىز سۈيى گويا مېنى يۇتۇۋېتىشكە تەييار تۇرغاندەك ھەر تەرەپكە چايقالماقتا ئىدى. ھاياتتا بولغان ئاداققى مۇھەببەت بىلەن بۇ دۇنيانىڭ ئازابلىرىدىن قۇتۇلۇش ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن ئىچكى توقۇنۇش ئىچىدە ئۇزاققىچە دېلىغۇل بولۇپ تۇردۇم . كۆۋرۈك ئۈستىدە چايقىلىپ تۇرغان دېڭىزغا قاراپ قانچىلىك ئۇزۇن تۇرغانلىقىمنى بىلمەيمەن. بىر چاغدا بىر ئەر كىشىنىڭ:

— ھەي، يىگىت، دېڭىز نېمىدېگەن گۈزەل ـ ھە! خەيرلىك كۈنلەر، — دېگەن ئاۋازى قۇلىقىمغا كىردى. بۇرۇلۇپ قارىسام بىر بوۋاي پەلتوسىنىڭ ياقىسىنى كۆتۈرگەن پېتى ئىتتىنى يېتىلەپ يېنىمدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئىكەن. بوۋاي خۇددى مېنىڭ خىياللىرىمنى بىلىۋالغاندەك سوئال نەزەرى بىلەن ماڭا قارىغىنىچە بىر دەقىقە تۇردى ـ دە، يولىغا راۋان بولدى.

— شۇنداق، خەيرلىك كۈنلەر! ، — دېدىم مەنمۇ تېگى يوق خىياللار قايىنىمىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ .

شۇندىلا ئۆزۈمنىڭ نەقەدەر خەتەرلىك خىياللار ئىلكىدە داۋالغۇپ تۇرغانلىقىمنى ھېس قىلدىم، بېشىمنى سىلكىۋېتىپ يەنە دېڭىزغا قارىدىم. دېڭىز بۇ قېتىم كۆزۈمگە باشقىچە كۆرۈندى. ياق! دېدىم ئۆز ـ ئۆزۈمگە، مەن بۇنداق بىر ئەشەددىي مەغلۇبىيەتچى بولسام بولمايدۇ، مەن ياشىشىم كېرەك. ھېلىقى بوۋاي توغرا ئېيتىدۇ. دېڭىز گۈزەل، بۇ دۇنيا گۈزەل، ھاياتلىق ھەممىدىن گۈزەل! ھاياتنى ئىنكار قىلىش يولى بىلەن مەغلۇبىيەتنىڭ روھىي بېسىمىدىن قۇتۇلماقچى بولۇش نامەردلەرنىڭ ئىشى، مەن ئۇنداق نامەردلەردىن بولۇپ قالسام بولمايدۇ ...

چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىپ كۆۋرۈكنى بويلاپ يۈگۈردۈم، شۇ يۈگۈرگىنىمچە ئۆدۈل بىر ئېغىزلىق ئۆيۈمگە قايتىپ كەلدىم. ئىشىكنى ئېچىپ كىرىپ غېرىب


AltunOq

كۆلبەمنىڭ شۇ كۈندىكىدەك بۈنچىلىك ئىللىق ۋە سۆيۈملۈك تۇيۇلغانلىقىنى ئەسلا ھېس قىلغان ئەمەسمەن!

شۇنداق قىلىپ ھاياتقا باشقىدىن قايتىپ كەلدىم. كەيپىياتىمنى يېڭىۋاشتىن تەڭشەپ، بىر تەرەپتىن ئوقۇغاچ ئىشلىدىم. مانا تۆت يىل بولدى، ستوكھولم ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جۇڭگو تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا خەنزۇ تىلىدىن دەرس بېرىۋاتىمەن. ئۆزۈم يالغۇز ياشايمەن، لېكىن مەن يالغۇزچىلىقتا ئاللىقاچان كۆنگەنمەن. شۋېتلارنىڭ سوغۇق ۋە ئىچ مىجەز خاراكتېرىنىمۇ چۈشىنىپ يەتتىم. ئۇلار دەسلەپ سىزگە شۇنداق سوغۇق ۋە يوچۇن تۇيۇلىدۇ، لېكىن ئۇلار بىلەن سەمىمىي رەۋىشتە ئۇزاق مەزگىل ئارىلاشسىڭىز ئاستا ـ ئاستا باشقىلارغا سوغۇق كۆرۈنىدىغان سىرتقى پەردىسىنىڭ ئارقىسىدا ئىللىق قەلبلىرىنىڭمۇ بارلىقىنى ھېس قىلىسىز. قىسقىسى، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت پسىخىكىسى بىلەن مىللىي خاراكتېرىنى چۈشىنىشكە مەلۇم جەريان كېتىدۇ.

مەن گاۋ بىلەن بولغان شۇ قېتىمقى سۆھبەتتىن كېيىن، شۋېتلارنىڭ خاراكتېرىدىكى سوغۇق قانلىقنى دەسلەپكى قەدەمدە چۈشەنگەندەك بولدۇم. بۇ ئۇلارنىڭ بىر ـ ئىككى ئەسىردىن بۇيان يېتىلگەن خاراكتېر ئالاھىدىلىكى بولماستىن، بەلكى سكاندىناۋىيە يېرىم ئارىلىنىڭ شىمالىي قۇتۇپ كىلىماتى مۇھىتىدا ئۇزاق مۇددەتلىك مۇستەقىل ھايات يېتىلدۈرگەن تۇپ روھىي خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ بىرى ئىدى. شۇڭلاشقا شام نۇرى شۋېتلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئەڭ مۇھىم مەزمۇنلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. بولۇپمۇ قىش پەسلىدە ستوكھولمدا نۇرغۇن ئائىلىلەرنىڭ كەچلىك تاماق ۋاقتىدا ئېلېكتىر چىراغلىرىنى ئۆچۈرۈپ شام يورۇقىدا تاماق يەيدىغانلىقى كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى. روژدېستۋو بايرىمى يېقىنلاپ كەلگەندە كوچىلاردىكى ماگىزىنلارغا تۈرلۈك شەكىللەردىكى شاملار تولۇپ كېتەتتى. شۋېتلار بۇنداق چاغلاردا بولاق ـ بولاق شاملارنى سېتىۋالاتتى. دەسلەپ ئۇلارنىڭ شامغا بولغان بۇنداق كۈچلۈك مۇھەببىتىنى چۈشەنمەي يۈردۈم. كېيىن شۋېتسىيە تارىخى ھەققىدىكى كىتابلارنى ئوقۇپ، ئۇلارنىڭ يورۇقلۇققا ۋە ئىسسىقلىققا تەشنا روھىي قۇرۇلمىسىنى ئاستا ـ ئاستا چۈشىنىپ يەتتىم. شام نۇرىغا بولغان چوقۇنۇش يالغۇز شۋېتلارغىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل شىمالىي ياۋروپا ئەللىرى خەلقلىرىگە ئورتاق بولغان فولكلور ئەنئەنىسى ئىدى. شىمالىي قۇتۇپنىڭ ئۇزاققا سوزۇلغان قاراڭغۇ كېچىلىرىدە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى پەقەت شام نۇرى ئارقىلىقلا يورۇقلۇقنى ھېس قىلغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شام نۇرى يورۇقلۇقنىلا ئەمەس، بەلكى ئىسسىقلىق ۋە ئاتەشكىمۇ سىمۋول قىلىنغان. مەن شۋېتلارنىڭ چىرايى، مىجەزى، يېمەك ـ ئىچمىكى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىغا قاراپ ئۇلارنىڭ تەبىئىتىنىڭ مۇز سوغۇق مىللەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. گەرچە بىزنىڭ تەبىئىي تۇرمۇش بىلىمىمىز بىلەن مىللىي تېباببىتىمىزدىكى ئىسسىقلىق،

سوغۇقلۇق، ھۆللۈك، قۇرغاقلىق قاتارلىق مىزاج قاراشلىرىمىزنى شۆبىتلارغا
چۈشەندۈرۈش ئەسلا مۇمكىن بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىدىكى
سوغۇقلۇقنى شام نۇرى بىلەن قۇياش نۇرى ئارقىلىق تەڭشەيدىغانلىقىنى بايقاشقا
بولىدۇ. ئۇلارنىڭ تاماقلىنىش ئادەتلىرىگە قارىسىڭىز، ياڭيۇ، سۈت، كالا گۆشى
قاتارلىق تەبىئىتى سوغۇق يېمەكلىكلەرنى ئاساس قىلىدىغانلىقىنى؛ سەي ـ
كۆكتاتلارنى كۆپىنچە پىشۇرماي خام ھالەتتە ئىستېمال قىلىدىغانلىقىنى؛ ھورى
چىقىپ تۇرغان ئىسسىق تاماقلارنى ئەمەس، بەلكى سوۋۇغان تاماقلارنى
يەيدىغانلىقىنى كۆرىسىز. دېكابىرنىڭ جاندىن ئۆتكۈدەك سوغۇقىدا كوچىلاردا
چىشلىرىڭىزنى كاسىلدىتىپ كېتىپ بارسىڭىز غالتەكلىك ھارۋىغا قورسىقىنى
يۆگەپلا كالتە ئىشتان بىلەن سىيلىپ قويغان بوۋاقلارنىڭ ئاشۇ سوغۇقتا قولىدىكى
ئېمىزگۈگە قاچىلانغان مۇزدەك سۈتنى ئېمىپ ئولتۇرغانلىقىنى، چىرايلىرى
سوغۇقتىن كۆكىرىپ كەتسىمۇ يىغلىماستىن ئۆز ئويۇنىنى ئويناپ
ئولتۇرغانلىقىنى؛ يالىڭاچ ئېتىكىلا نىلۇن پايپاقنى تارتىپ پۇتىغا ئۇزۇن قونچلۇق
ئۆتۈك بىلەن ئۇستىنگە يېپىنىڭ پەلتو كىيىۋالغان سېرىق چاچلىق قىزلارنىڭ
قولىدىكى مىنېرال سۇ قۇتىسىغا مۇز تاشلاپ ئىچىۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز. شۇندىلا
شۆبىتلارنىڭ خاراكتېرىنىڭلا سوغۇق بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ
تەبىئىتىنىڭ، ھەتتا پۈتكۈل بەدەن ئەزالىرىنىڭمۇ سوغۇقتا كۆنۈك ئىكەنلىكىنى
چوڭقۇر ھېس قىلىسىز. شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە بىرقانچە قېتىم قويۇق
دەملەنگەن ئاچچىق قەھۋەگە شېكەر ياكى سۈتمۇ قوشماي قارا پېتى
ئىچىدىغانلىقىغا تەئەججۈپلىنىپ كەتمەيسىز!

ناھايىتى قىسقا بولىدىغان ياز كۈنلىرى كۈن نۇرى ياخشى چۈشىدىغان دېڭىز
ساھىللىرى ياكى كەڭرى چىملىقلار ئادەم بىلەن لىق تولۇپ كېتىدۇ. سىز بۇنداق
چاغدا شۆبىتلارنىڭ ئەر ـ ئايال دېمەستىن يالىڭاچ بولۇپ ساقەتلەپ كۈن نۇرىغا
قاقلىنىپ ياتىدىغانلىقىنى كۆرىسىز. يازدا كۈن نۇرىغا قاقلىنىش ئۇلارنىڭ ئەڭ زور
خۇشاللىقلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئىمكانىيەت تاپقانلىرىنىڭ كۆپىنچىسى يازلىق
دەم ئېلىشنى ئىسپانىيە، ئىتالىيە، گرېتسىيە، ماراكەش، ئالجىرىيە ۋە تۈركىيە
قاتارلىق كۈن نۇرى ياخشى چۈشىدىغان دۆلەتلەرگە بېرىپ ئۆتكۈزۈپ كېلەتتى. مەن
بۇنى ئۇلارنىڭ تەبىئىتىدىكى سوغۇقلۇقنى ھەيدەپ ئۆزلىرىنىڭ بەدەن
ئېكولوگىيىسىنى تەڭشەش، دەپ قىياس قىلدىم.

**ئىچ مىجەزلىك:** ئىچ مىجەز كىشىلەر گەرچە ھەرقانداق مىللەتنىڭ ئەزالىرى
ئىچىدە مەۋجۇت بولسىمۇ، لېكىن پۈتۈن بىر مىللەت گەۋدىسى بىلەن باشقىلارغا
خاراكتېر جەھەتتىن ئىچمايىل پىسخىك تەسىرات بېرىدىغان خەلقلەر ئاز بولسا
كېرەك. مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، ياۋروپادىكى باشقا دۆلەتلەرگە قارىغاندا
نىسبەتەن ساپ بولغان ياۋروپا ئىرقىنى ساقلاپ قالغان شۆبىتلارنىڭ خاراكتېرى ئەنە

ئاشۇ ئىچ مىجەزلەر تۈركۈمىگە كىرىدۇ.

ئادەتتە شۋېتلار بىلەن مۇئامىلىدە بولسىڭىز ئۇلار ھامان سىز بىلەن مەلۇم ئارىلىق ساقلايدۇ. نۇرغۇن ئىشلارنى ئۇششاق تەپسىلاتلىرىغىچە سىزگە زىغىرلاپ ئولتۇرمايدۇ. كۆپ ۋاقىتلاردا ئۆزىڭىزنىڭ ئاڭلىق ھالدا نېمىنى قىلىش، نېمىنى قىلماسلىقىڭىزنى بىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئەگەردە بەزى ئىشلارنى ئۇلارنىڭ ئويلىغىنىدەك قىلالمىسىڭىز ياكى دىققەت قىلىپ كېتەلمىسىڭىز سىزگە بىۋاسىتە ئېغىز ئاچماستىن، ۋاسىتىلىق ئىما ـ ئىشارەتلەر ئارقىلىق ئۆزىڭىزنىڭ ئاڭلىق ھالدا ھېس قىلىشىڭىزنى كۈتىدۇ. شۇڭلاشقا سىرتتىن قارىماققا ئاددىي، ئەمما ئەمەلىيەتتە ناھايىتى نازۇك بولغان شۋېتچە كىشىلىك مۇناسىۋەت مۇھىتى بىزدەك ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىگە ئىگە كىشىلەرنى قىيناپ قويىدۇ.

ستوكھولمدىن 250 كىلومېتىر جەنۇبقا جايلاشقان لىنشۆپىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مېدىتسىنا فاكۇلتېتىدا ئىچكى كېسەللىكلەر بويىچە ماگىستىرلىق ئاسپىرانتلىقىدا ئوقۇۋاتقان ئۈچقۇن ئىسىملىك بىر تونۇشۇم بار ئىدى. ئۇ ئۈرۈمچىدىكى بىر دوختۇرخانىدا ئىشلىگەن بولۇپ، دەسلەپ بۇ يەرگە زىيارەتچى تەتقىقاتچى بولۇپ كەلگەنىكەن. ئۇ ستوكھولمغا كەلگەن كۈنلىرىدە ماڭا ئۆزىنىڭ يېڭى كەلگەن چاغلىرىدا بېشىدىن ئۆتكەن مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى:

— شۋېتلارنى چۈشەنگىچە نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى ۋە بىئاراmچىلىقلارنى تارتتىم، — دېدى ئۈچقۇن كۈلۈپ تۇرۇپ، — يېڭى كەلگەن چاغلىرىم ئىدى، ئىشخانىدا ماڭا تېخى ئىشلەيدىغان ئورۇن ۋە كومپيۇتېرلارنى تەييارلىمىغان ئىكەن. شۇڭا كاماندىروپكىغا كەتكەن بىر ئايالنىڭ كومپيۇتېرىنى ۋاقىتلىق ئىشلىتىپ تۇرۇشۇمغا بەردى. مەن شۇندىن باشلاپ جىددىي ئىشقا كىرىشىپ كەتتىم. ئارىدىن 20 كۈنلەر ئۆتكەن ۋاقىتلار بولسا كېرەك، جىددىي ئىشلەۋاتقىنىمدا قېشىمغا بىر ئوتتۇرا ياشلىق ئايال كىلىپ، تەئەججۇپ بىلەن بىرئاز قاراپ تۇرغاندىن كېيىن مىيىقىدا كۈلۈمسىرەپ قويدى. مەنمۇ ئۇنىڭغا جاۋابەن كۈلۈمسىرەپ سالام بەردىم. ھېلىقى ئايال چىقىپ كەتتى. ئەتىسى ھېلىقى ئايال يەنە ئىشخانىغا كىردى ـ دە، يەنە كۈلۈمسىرەپ قويۇپ ئىشكاپتىن بىر ماتېرىيالنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئۆگۈنى ئىشخانىغا كىرسەم ئۈستەلدە بىر پارچە خەت تۇرىدۇ، ئېلىپ قارىسام شۋېتچە يېزىلغان ئىكەن، ئېھتىمال، بىرى خاتا قويۇپ قويغان ئوخشايدۇ دەپ بىر تەرەپكە قويۇپ قويۇپ، يەنە ئىشىمغا تۇتۇش قىلدىم. سائەت 10 بولغاندا باشقا ئىشخانىدىكىلەر ئوتتۇرىدىكى دەم ئېلىش ئۆيىگە يىغىلىپ قەھۋە ئىچىشكە باشلىدى. مەنمۇ ئەمدى ئورنۇمدىن تۇراي دەپ تۇرسام، ھېلىقى ئايال يەنە پەيدا بولدى ـ دە خاپا بولغاندەك تەلەپپۇزدا سۆزلەپلا كەتتى. مەن نېمە بولغانلىقىنى

ئۇقالماي:

— كەچۈرسىز، خانىم، نېمە ئىش بولدى؟ — دەپ سورىدىم ئىنگلىزچە.

— بۇ مېنىڭ ئورنۇم، كومپيۇتېرمۇ مېنىڭ، مەن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن سىز دەرھال ئورۇننى بوشىتىپ بېرىشىڭىز كېرەك ئىدى!

— ھە، شۇنداقمۇ، مەن ئۇقماپتىمەن، كەچۈرسىز.

— ئۇقماپتىمەن دېگىنىڭىز نېمىسى، ئۈچ كۈن بولدى، مەن ساقلىغىلى، بۇگۈن ئەتىگەن خەت يېزىپ سىزگە ئۇقتۇرغان بولساممۇ يەنىلا ئورنۇمنى بەرمىدىڭىز، مېنىڭ ئۈچ كۈنلۈك خىزمىتىم سۇرۇلۇپ كەتتى...

— مەن شۇبىتچە بىلمىگەچكە خېتىڭىزنى ئوقۇيالمىدىم، ئەسلىدە بىۋاسىتە ماڭا دېسىڭىز بولاتتى، مەن ھازىرلا نەرسە ـ كېرەكلىرىمنى يىغىشتۇراي، سىزدىن راستىنلا كەچۈرۈم سورايمەن!

كىتاب ـ ماتېرىياللىرىمنى دەرھال يىغىشتۇرۇپ ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتىم. ئەھۋالنى يېتەكچى ئوقۇتقۇچۇمغا ئېيتقان ئىدىم، ماڭا دەرھال تەجرىبىخانىدىن بىر ئورۇن ۋە بىر كومپيۇتېر ئاجرىتىپ بەردى. شۇندىن كېيىن شۇبىتلارنىڭ مىجەزىنى ئاستا ـ ئاستا چۈشىنىشكە باشلىدىم. ئۇلارنىڭ باشقىلار بىلەن بولغان مۇئامىلىدە ھامان ئارىلىق ساقلاپ، ئۆيلىگىنىنى قارشى تەرەپكە ئۇدۇل دېمەيدىغانلىقىنى، ھەممە ئادەمنىڭ ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن ئۆز ۋەزىپىسى ۋە مەسئۇلىيىتىنى ئادىلىق ھېس قىلىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتىم.

ئۆزىنى بىلىش، باشقىلارنىڭ ياشاش ۋە كىشىلىك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش، باشقىلار بىلەن بولغان كىشىلىك مۇناسىۋەتتە ھامان ئارىلىق ساقلاش، شاۋقۇن ـ سۈرەنگە تولغان شەرقچە قايناق تاشمايىل ئەندىزىنى ئەمەس، بەلكى جىمجىتلىقنى چىقىش قىلغان يەككە ھالەتتىكى ئىچمايىل ئەندىزىنى قوغلىشىش شۇبىت جەمئىيىتىنىڭ مەدەنىيەت پسىخىكىسىدىكى ئاساسىي تەرەپلەر ئىدى.

ئاپتوبۇس، مېترولارغا چىقسىڭىز كىشىلەر بىر ـ بىرى بىلەن پىچىرلىشىپ سۆزلىشەتتى. ھېچكىم يۇقىرى ئاۋازدا گەپ قىلمايتتى. بىراۋنىڭ چىرايىغا قادىلىپ قاراش، قاقاقلاپ كۈلۈش، چاقچاق قىلىش، ۋىلكىنى تەخسىگە قاتتىق ئاۋازدا تەگكۈزۈپ تاماق يېيىش، پەلەمپەيدە باشقىلارنىڭ ماڭىدىغان يولىنى توسىۋېلىش، ئۆچىرەتنى بۇزۇش قاتارلىق ئىشلار بۇ جەمئىيەت ئۈچۈن گويا يات ئۇقۇمدەك تۇيۇلاتتى. بۇنىڭغا شۇبىتلارنىڭ ئىچ مىجەزلىكى قوشۇلۇپ سىزگە كۆرۈنمەس بىر قەۋەت سوغۇق پەردىنى ھېس قىلدۇراتتى. رىمبو بازىرىدىكى ئاشخانا بىلەن ھاجەتخانىلىرى ئەپچىل ئورۇنلاشتۇرۇلغان بىر ئېغىزلىق ئۆيدە ئولتۇرۇۋاتقان كۈنلىرىمىزدە بىنانىڭ بىرىنچى قەۋىتىدە ئاشخانا ئاچىدىغان تۈركىيىلىك بىر كۇرد بىلەن تونۇشۇپ قالغانىدۇق. بۇ كىشىنىڭ ئىسمى نەئىم بولۇپ، 50

ياشلاردىكى سىمىز كىشى ئىدى. بىر كۈنى ئۇ بىزنى ئاشخانىسىغا چايغا تەكلىپ قىلدى. بىز قىنىق دەملەنگەن تۈركچە چاي ئىچكەچ پاراڭلاشتۇق. نەئىم ئەپەندى قىزىمغا بەكمۇ ئامراق ئىدى. ئۇ ھە دېسىلا قىزىق ئويۇنلارنى قىلىپ قىزىمنى كۈلدۈرەتتى.

— مەن شۋېتسىيىنى ياخشى كۆرىمەن، — دېدى نەئىم ئەپەندى چوڭقۇر ھاياجان بىلەن، — بولۇپمۇ بۇ دۆلەتنىڭ مۇكەممەل سىياسىي تۈزۈلمىسى بىلەن ئىجتىمائىي پاراۋانلىق سىستېمىسى دۇنيادا كەم ئۇچرايدۇ. ئادەم تىرىشسىلا بۇ يەردە ئۆز غايىسىنى رېئاللاشتۇرۇشقا مۇمكىنچىلىك بار. شۇڭا نۇرغۇن كىشىلەر، بولۇپمۇ بىزگە ئوخشاش ئىلگىرى ئۆز دۆلەتلىرىدە چىقىش يولى تاپالمىغان كۆچمەنلەر بۇ جاينى جەننەت دەپ بىلىدۇ. مېنىڭچىمۇ شۋېتسىيە يەر شارىدىكى ئېرەمباغقا ئوخشايدۇ. بىراق، مۇتلەق مۇكەممەل ۋە نۇقسانسىز جەمئىيەت بولمايدۇ. ئاينىڭمۇ يۈزىدە دېغى بار ئەمەسمۇ؟! شۇنداق، بۇ جەمئىيەتنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق نۇقسانلىرى بار، بولۇپمۇ بىزدەك شەرقلىق مۇسۇلمانلار ئۈچۈن شۋېت جەمئىيىتىدىكى بۇنداق نۇقسانلار ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ بارغانسېرى گەۋدىلىنىپ بارىدۇ. ئىجتىمائىي پاراۋانلىق سىستېمىسىنىڭ مۇكەممەللىكى، تۇرمۇشتىكى ياشاشقا زۆرۈر بولغان ماددىي ئەسلىھەلەرنىڭ قولايلىقلىقى، ئاۋام خەلقنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنىڭ مۇتلەق ھالدىكى كاپالەتلىكى بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ شەخس سۈپىتىدىكى يەككە - يېگانىلىقىنى كۈچەيتىۋەتكەن. شۇڭا ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە ئاسان ھاجىتى چۈشمەيدۇ ھەم بىر - بىرىگە تايانمايدۇ. ھەممىسى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. ئاتا - ئانا بىلەن پەرزەنتلەر، ئەر بىلەن خوتۇن ئوتتۇرىسىدىمۇ كۆرۈنمەس ئايرىلىق ساقلانغان بولىدۇ. ئىقتىسادىي جەھەتتىن ھەرقانداق كىشى مۇتلەق مۇستەقىللىقىنى ساقلايدۇ. شۇنداق بولغاچقا بۇ جەمئىيەتتە ئىنسانلار بىر بىرى بىلەن ياتلاشقان. سىزگە كىشىلەر سوغۇق ۋە سىرلىق كۆرۈنىدۇ. كىشىلەر ئارا قاينام - تاشقىنلىق قىزغىن كەيپىياتنى ھېس قىلغىلى بولمايدۇ. شۋېتلار خۇددى ئىچىمدىكىنى تاپ دېگەندەك ھامان سىزگە سىرلىق نەزەر بىلەن قارايدۇ. بۇ ھال سىزدىكى قىزغىن كەيپىياتنىمۇ سۇسلاشتۇرۇۋېتىدۇ. لېكىن سىز بىلەن مەن بىر قېرىنداشتەك ئۆتەلەيمىز. تاپقىنىمىزنى تەڭ يەپ، خۇشاللىقتىن بىللە بەھرىمەن بولۇپ، كۈلكە - چاقچاق بىلەن ئوچۇق - يورۇق ياشاش بىزنىڭ تەبىئىتىمىزگە ماس كېلىدۇ. مەن شۋېتسىيىدە ياشىغان ئۇزۇن يىللار مابەينىدە شۋېتلارنىڭ سوغۇق ۋە ئىچ مىجەز خاراكتېرىگە زادىلا كۆنەلمىدىم ...

نەئىم ئەپەندىنىڭ سۆزلىرى مېنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. بۇ ئاللىقاچان شىمالىي ياۋروپانىڭ تۇرمۇش رىتىمى ئىچىگە ئۆزلىشىپ كەتكەن بىر شەرقلىق مۇسۇلماننىڭ شەرقچە قايناق تۇرمۇش ئۇسۇلىغا بولغان سېغىنىشى ئىدى. ھەممە



AltunOq

كىشى ئۆز ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ھەممىدىن ياخشى دەپ قارايدۇ، ھەممە خەلق ئۆز تۇپىنىڭ ئىجتىمائىي يوسۇنلىرىنى ئەڭ مۇۋاپىق دەپ ئويلايدۇ، لوپنۇردىكى بىر دېھقانىنىڭ ئۆيىدە سېلىنغان بىخەتەر ئۇۋىدا تۇخۇمدىن چىققان قارلىغاچ بالىسى قىشنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ھىندىستانغا ئۇچۇپ كېتىشۋېتىپ يەنە ئۆزى تۇغۇلغان ئىسسىق ئۇۋىنى سېغىنىدۇ، ئىككىنچى يىلى باھار پەسلىدە نىشاندىن ئاداشماستىن يەنە ئۆز ئۇۋىسىغا قايتىپ تۇخۇم چىقىرىشقا تەرەددۇت قىلىدۇ...نەئىمق ئەپەندىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاۋېتىپ كاللامدىن شۇ خىياللار ئەگىپ ئۆتتى.

**راستچىللىق:** راستچىللىق ئىنسانىيەتنىڭ مەڭگۈلۈك ئەخلاق كاتېگورىيىلىرىنىڭ بىرى. ھەرقانداق ئىرق ۋە مىللەتنىڭ قىممەت ئۆلچىمى بىلەن ئەخلاقىي پرىنسىپلىرىدا راستچىللىق باشتىن ـ ئاخىر ئەڭ ئەقەللىي ئادىمىيلىك خىسلەتلىرىنىڭ بىرى قىلىنغان. ۋەھالەنكى، سىزگە سوغۇق كۆرۈنىدىغان شۋېت جەمئىيىتىنىڭ راستچىللىققا قويغان تەلىپىنىڭ كۈچلۈكلىكى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. راستچىللىق ۋە سەمىمىيلىك بۇ دۆلەتنىڭ پۈتكۈل ئىجتىمائىي ئاتموسفېراسىغا خۇددى ئوكسىگېندەك زۆرۈر ئېھتىياج سۈپىتىدە ئومۇملاشقان.

راستچىللىق ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە نىسبەتەنمۇ ئۇزاق تارىختىن بۇيان ئەجدادلار تەربىيىدىن ئىزچىل داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ۋە ئاۋام تەربىيىدىن بىردەك تەشەببۇس قىلىنغان ئەخلاقىي پرىنسىپلارنىڭ بىرى بولسىمۇ، لېكىن بۈگۈنكى كۈندە شۋېتلاردىكى راستچىللىق روھى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئادەمنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. لىن يۇتاڭ ئەپەندى ئۆزىنىڭ «جۇڭگولۇقلار: مېنىڭ خەلقىم، مېنىڭ تۇپرىقىم» ناملىق ئەسىرىدە، 10 ياشلىق بىر جۇڭگولۇق بالىنىڭ كاللىسىدا قانداق خىياللارنىڭ بارلىقىنى چاچلىرى ئاقارغان بىر ياۋروپالىق كىشى مەڭگۈ تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ، دەپ يازغانىكەن. دەرۋەقە، شۋېتلارنىڭ تۈزلۈكى ھەممىدە ھەممە كىشى راست سۆزلەيدۇ دېگەن ئەقىدىگە ئىشىنىشى سىزنى بەزىدە بۇ كىشىلەر نېمانداق ساددىدۇ دېگەن ئويغىمۇ كەلتۈرۈپ قويىدۇ.

شۋېت بالىلىرى تۇغۇلۇپلا قايناق ئىجتىمائىي كەيپىياتنى ئەمەس، بەلكى ئادەملەرئارا بەلگىلىك ئارىلىق ساقلانغان تەنھا دۇنيانى ھېس قىلىدۇ. ئۇلار ئۈچۈن ئەركىلەش، يېلىنىش، قىلىق چىقىرىش، خۇيلىنىش، يىغلاپ قورقۇتۇش، يىغلىغان بولۇپ ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى توسۇۋېلىپ بارماقلىرى ئارىسىدىن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كەيپىياتىنى ئوغرىلىقچە كۆزىتىش قاتارلىق بىز كۆرۈپ تۇرىدىغان شەرق بالىلىرىغا خاس قىلىقلار يات ۋە ناتونۇش. غالتەكلىك ھارۋىلاردا سائەتلەپ ئولتۇرغان بوۋاقلارنىڭ ماگىزىنلاردا ياكى ئاپتوبۇسلاردا ئۆز ئويۇنى بىلەن تۇرغانلىقىنى، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۇلارنى قولىغىمۇ ئېلىپ قويماي ئۆز ئىشى بىلەن

بەند بولۇۋاتقىنىنى كۆرگىنىڭىزدە بۇ باللار يىغلاپ خەقمۇ شىلىك قىلىشىنى ئۇقمامدىغاندۇ دەپ ئويلاپ قالىسىز. شۇڭا ئۇلار باللىق مەزگىللىرىدىن تارتىپلا رېئال دۇنيا ئىچىدە ياشايدۇ، تەنھالىقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدۇ، ئۆزىدىن باشقا ھېچكىمگە تايانغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئادەملەرئارا ئارىلىق ساقلاپ ئۆگەنگەچكە، باشقىلار بىلەن ئىچقويۇن ـ تاشقويۇن بولالمايدۇ. ئىچ پۇشۇقىنى ۋە يوشۇرۇن ھېسسىياتلىرىنى تەبىئەت بىلەن بولغان ئۇنىسىز دىئالوگ ئارقىلىق تەڭشەشنى ئۆگىنىدۇ. شۇڭا شەرقچە مۇرەككەپ كىشىلىك مۇناسىۋەتلەر ھەمدە بۇنىڭغا باغلىق بولغان غەيرىي نورمال رەسىم ـ قائىدىلەر ئۇلارغا يات ۋە يوچۇن تۇيۇلىدۇ. ئۇلار ياپتا گەپ، ياسالما قىلىق ھەمدە ئەگىتىپ تەگكۈزۈش دېگەنلەرنى ئەسلا چۈشەنمەيدۇ. شۇڭا سىرتتىن بارغان بىر كىشى ھېچ كۈچىمەيلا ياشانغان بىر شۋېتسىيەلىك تالاي يالغان گەپ بىلەن كولدۇرلىتالىشى ھەمدە ئۇز سۆزىگە ئىشەندۈرەلىشى مۇمكىن. لېكىن «ياغاچ قازاندا بىرلا قېتىم ئاش پىشىدۇ» دېگەن ماقال بار. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدىن باشلاپ دۇنيانىڭ نۇرغۇن جايلىرىدىن زور تۈركۈمدىكى كۆچمەنلەر شىمالىي ياۋروپادىكى يۇقىرى دەرىجىدىكى پاراۋان دۆلەتلەرگە كېلىشكە باشلىغان. شۋېتسىيەمۇ شۇ قاتاردا ئەمگەك كۈچىگە بولغان ئېھتىياج تۈپەيلى ئۆز چېگراسىنى دۇنياغا ئاچقان. ئۇرۇش ياكى تەبىئىي ئاپەت بولۇۋاتقان دۆلەتلەردىكى ئېشىنچا ئاھالە بۇ يەرگە قاراپ ئېقىشقا باشلىغان. بولۇپمۇ سومالى، پەلەستىن، ئىراق، ئىران، ئافغانىستان، تۈركىيە، چىلى، ۋېيتنام، يۇگوسلاۋىيە، رۇمىنىيە قاتارلىق ئەللەردىن كەلگەن زور كۆلەمدىكى كۆچمەنلەر شۋېتسىيىگە كېلىپ يەرلەشكەن. بۇنىڭ بىلەن شۋېتسىيىنىڭ بۇرۇنقى يەككە مىللەت ۋە يەككە مەدەنىيەتلىك قۇرۇلمىسىدا ئۆزگىرىش بولۇپ، دۇنيانىڭ تۈرلۈك جايلىرىدىن كەلگەن تۈرلۈك ئىرقتىكى كىشىلەرنىڭ رەڭگارەڭ مەدەنىيەتلىرى ئۆزئارا قوشۇلۇشقا باشلىغان. بۈگۈنكى كۈندە 1 مىليوندىن ئارتۇق كۆچمەن شۋېتسىيىنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئويناۋاتقان. ۋەھالەنكى، سىرتتىن كەلگەن تۆۋەن قاتلامدىكى بىر قىسىم كۆچمەنلەر شۋېت جەمئىيىتىنىڭ راستچىللىق پرىنسىپىغا خېلى زور خىرىس ئېلىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆز يۇرتلىرىدىكى قىيىن تۇرمۇش شارائىتىدا يېتىلدۈرگەن ناچار ئەخلاقىي ئىللەتلىرى بۇ دۆلەتكە ئېغىر بېسىم پەيدا قىلىشقا باشلىغاندى. شۇڭا كۆچمەنلەرگە نىسبەتەن گۇمانىي پوزىتسىيىدە بولۇش، ئۇلارغا ئىشەنمەسلىك، ئۇلار بىلەن مۇئەييەن ئارىلىق ساقلاش ياكى ئۆزىنى قاچۇرۇش خېلى بىر قىسىم يەرلىك شۋېت پۇقرالىرىدىكى ئورتاق خاھىش بولۇپ قالغاندى. شۇڭلاشقا شۋېتلار سىرتتىن كەلگەن بىر قىسىم كۆچمەنلەرنىڭ راست گەپ قىلمايدىغانلىقىدىن، يالغانچىلىقىدىن، سەمىمىيەتسىزلىكىدىن ئاغرىناتتى. ھەرقانداق ئىنساندا بولۇشقا تېگىشلىك ئەڭ ئەقەللىي ئىنسانىي خاراكتېرنىڭ بىر قىسىم كۆچمەنلەر

تەرىپىدىن بۇزۇلغانلىقىنى بىلگىنىمدە قاتتىق ئەپسۇسلىناتتى، كالىلىسىدىن ئۆتكۈزەلمەيتتى. گەرچە باشقا ئەللەردىن كەلگەن كۆچمەنلەرنىڭ ھەممىسى سەممىيەتسىز بولمىسىمۇ، لېكىن ئىلگىرى شۋېت جەمئىيىتىدە زادىلا كۆرۈلۈپ باقمىغان پەزىلەت كرىزىسلىرى يەرلىكلەردە كۆچمەنلەرنىڭ ھەممىسى ئىشەنچسىز دېگەن خاتا چۈشەنچىنىمۇ شەكىللەندۈرۈپ قويغانىدى. شۇنداقتىمۇ يەرلىك شۋېتلار كۆچمەنلەر بىلەن بولغان ئىجتىمائىي مۇئامىلىدە باشقا خەلقلەرگە بولغان سەلبىي قاراشلىرىنى يۇزتۇرانە چاندۇرمايتتى، بىۋاسىتە ئىپادىلىمەيتتى، ئۇلارنىڭ ئىچ مىجەزلىكى كۆڭلىدىكى گۇمانىي خاھىشلىرىنى ھامان يوشۇرۇپ تۇراتتى. لېكىن مەنپەئەتكە تاقىشىدىغان ھەل قىلغۇچ چاغلاردا ئۇلارنىڭ ئىرقىي ئايرىمىچىلىق خاھىشلىرىنى ئاشكارىلاپمۇ قوياتتى.

مەن ستوكھولمغا كەلگەن دەسلەپكى چاغلىرىمدا شەرخولمېن (Skärholmen)، فىتيا (Fitja)، رېنكبى (Renkby) قاتارلىق بازارلاردا ئەرەبلەر، تۈركلەر، سومالىلىقلار ۋە باشقا ئەللەردىن كەلگەن كۆچمەنلەرنىڭ ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى، كۆك كۆز، سېرىق چاچلىق شۋېتلارنىڭ ئاندا ـ ساندا ئۇچراپ قالىدىغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالغانىدىم. ھەتتا رېنكبى بازىرىنى دۆڭكۈۋرۈككە ئوخشاتقانىدىم. بۇ يەردە قايناپ تۇرغان سودا ـ سېتىق، شاۋقۇن ـ سۈرەن، قارا چاچلىق، بۇرۇتلۇق مۇسۇلمانلار، بولۇپمۇ كۆزىمىزگە ئىنتايىن تونۇش ۋە ئىللىق كۆرۈنىدىغان تۈركلەر ئادەمگە شىمالىي ياۋروپانى ئەمەس، بەلكى كونيا، باغدات، تاشكەنت قاتارلىق قەشقەرنى ئەسلىتەتتى. بەزىدە زېرىكىپ قالسام مۇشۇ بازارلارغا بېرىپ ئايلىنىپ كېلەتتىم، ئۇششاق تىجارەتچى تۈركلەر بىلەن پاراڭلىشاتتىم، 50 كرونغا بىر ۋاخ تۈرك پىزاسىنى يەپ خۇددى خوتەننىڭ گۆشگىردىسىنى يېگەندەك تۇيغۇدا قايتىپ كېلەتتىم.

كېيىن مەن ئىنستىتۇتنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا بۆلۈمىدە ئۇيغۇر تىلىدىن دەرس باشلىغىنىمدا رېنكبىدىكى تۈركچە مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىغان يالچىن ئىسىملىك بىر تۈرك كىشى دەرسىمنى ئاڭلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تۈركچە ئاساسىغا تايىنىپ سىنىپتىكى باشقا شۋېت كۇرسانتلىرىغا قارىغاندا تېز ئىلگىرىلىدى. بىر كۈنى دەرس ئارىلىقىدىكى تەنەپپۇس ۋاقتىدا مەن ئۇنىڭغا:

— يالچىن بەي، رېنكبىگە بارسا ئادەم ئۆز يۇرتىغا بېرىپ قالغاندەك تۇيۇلىدىكەن، سىزمۇ خۇددى ئەنقەرەدە تۇرغاندەك ھېس قىلارسىز! — دېدىم .

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، — مەن رېنكبىدە ياشاپ، تۈركچە مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغىلى ئۇزۇن يىللار بولدى. ئۇ يەرگە كۆنۈپ قاپتىمەن. سىزنىڭ يۇرتىڭىزدىكى بازارلارمۇ بىزنىڭ رېنكبىگە ئوخشامدۇ؟

— شۇنداق، ئۈرۈمچىدە دۆڭكۈۋرۈك دەيدىغان بىر بازىرىمىز بار. مەن رېنكبىنى شۇ بازارغا ئوخشىتىمەن، لېكىن بىزنىڭ دۆڭكۈۋرۈك بازىرىمىز

رېنكىبىدىن كۆپ دەرىجىدە قايناق. قىزىقارلىقى مەن رېنكىبىدە شۇپتىلارنى كۆپ ئۇچراتمىدىم. خۇددى بۇ جايلارنى كۆچمەنلەرگە تاشلاپ بەرگەندەكلا.

— مەسىلە دەل شۇ يەردە، سۇلايمان بەي! — دېدى يالچىن ئەپەندى ماڭا قاراپ، — شۇپتىلار راستتىنلا بۇ جايلارنى كۆچمەنلەرگە تاشلاپ بەرگەن. ئۇلار ئادەتتە كۆچمەنلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا تۇرۇشنى خالىمايدۇ. بۇنداق جايلاردىن كۆچۈپ كېتىدۇ. كۆچمەنلەر كۆپرەك ئولتۇراقلاشقان رايونلارنى قالايمىقان، شاۋقۇن ـ سۈرەنگە تولغان، جەمئىيەت تەرتىپى ياخشى ئەمەس دەپ قارايدۇ. ھەتتا كۆچمەنلەرگە گۇمانى نۇقتىئىنەزەر بىلەن قارايدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ خىل مۇئامىلىسىدىن بەزىدە قورسىقىڭىز كۆپىدۇ. ئەمما ئامال يوق، چۈنكى كۆچمەنلەر رايونىدا راستتىنلا باشقا جايلارغا قارىغاندا جىنايەت سادىر بولۇش نىسبىتى يۇقىرى، جەمئىيەت تەرتىپىمۇ قالايمىقانراق. شۇڭا كۆچمەنلەرمۇ بىر ـ بىرىگە ئىشەنمەيدۇ، لېكىن شۇپتىلارغا ئىشىنىدۇ. بۇلارنى ئويلىسىڭىز بىر قىسما بولۇپ قالىسىز!...

يالچىن ئەپەندىنىڭ سۆزلىرى مېنى راستتىنلا ئويلاندۇرۇپ قويدى. مەن ئەتراپىمدىكى كىشىلەردىن كۆچمەنلەر مەسىلىسىنىڭ شۇپتسىيىگە نىسبەتەن بىر باش قېتىنچىلىقى ئىكەنلىكىنى، شۇپت جەمئىيىتىدە كۆرۈلۈۋاتقان نۇرغۇنلىغان ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ كۆچمەنلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم. شۇپتسىيە يۇقىرى دەرىجىدىكى ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشقا ئاشقان دۆلەت بولغاچقا، يىلدىن ـ يىلغا كۆپىيىۋاتقان كۆچمەنلەر بۇ دۆلەتنىڭ پاراۋانلىق سىستېمىسىغا ئېغىر بېسىم پەيدا قىلىشقا باشلىغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، خېلى بىر قىسىم كۆچمەنلەر بۇ دۆلەتنىڭ پاراۋانلىق سىياسىتىدىكى بىر قىسىم يوچۇقلاردىن پايدىلىنىپ، پاراۋانلىق كاپالەت پۇلىغا تايىنىپ ئىشلىمەي يېتىۋېلىش، بالىلارغا بېرىلىدىغان پاراۋانلىققا تايىنىپ ياشاش، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى چېگرىدىن قانۇنسىز كىرگۈزۈش، يالغاندىن كېسەل ياكى سارالڭ بولۇۋېلىش، باجدىن قېچىش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا باش قېتىنچىلىقى تېپىپ بېرەتتى.

بىر كۈنى ئەتىگەندە ئۇنىۋېرسىتېتقا كېتىۋېتىپ ئاپتوبۇستا «مېترو» ناملىق ئەتىگەنلىك گېزىتتىن بىر نۇسخا ئېلىۋالدىم. بۇ گېزىت شۇپتسىيىدە ئەڭ كەڭ تارقىلىدىغان ھەقسىز گېزىت بولۇپ، كۈندە ئەتىگەندە بىر سان نەشردىن چىقاتتى. گېزىتنىڭ بىرىنچى بېتىگە «ئىراقلىق بىر كۆچمەن ئائىلىنىڭ ئارخىپى» دېگەن يوغان ماۋزۇدا بىر سۈرەتلىك خەۋەر بېسىلغان ئىكەن. نېمە خەۋەر بولغىدى دېگەن قىزىقىش بىلەن گېزىتنى قاتلاپ سومكامغا سېلىپ قويدۇم. كەچتە ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن «شۇپتچە ـ ئىنگلىزچە لۇغەت» نىڭ ياردىمىگە تايىنىپ ھېلىقى خەۋەرنى ھەجىلەپ ئوقۇدۇم. خەۋەر مۇنداق يېزىلغان ئىكەن:

*« شۋېتسىيىدە بىرمۇنچىلىغان كۆچمەنلەر سوتسىيال (يەنى ئەڭ تۆۋەن پاراۋانلىق كاپالەت پۇلى) غا تايىنىپ ياشايدۇ. ئۇلار خىزمەت قىلىپ، دۆلەتكە باج تاپشۇرۇپ ئۆز ئەجرى بىلەن ياشاشتىن قاچىدۇ. بالىلارغا ھەر ئايدا دۆلەتتىن بېرىلىدىغان ياردەم پۇلىنى ئۆز ئائىلە كىرىمىنىڭ مۇھىم مەنبەسى قىلىۋالىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال دۆلەتنىڭ پاراۋانلىققا مەسئۇل تارماقلىرىنى بېسىم ھېس قىلدۇرماقتا. مۇھەممەد تائىمفنىڭ ئائىلىسى ستوكھولمدىكى ئەنە شۇنداق كۆچمەنلەرنىڭ بىرىدۇر. ئۇنىڭ قىسقىچە ئارخىپى مۇنداق:*

*ئىسىم فامىلىسى: مۇھەممەد ئابدۇللاھ تائىمف*
*نىكاھ ئەھۋالى: نىكاھلانغان*
*يېشى: 48*
*ئەسلى ۋەتىنى: ئىراق*
*ھازىرقى ھوقۇقى: شۋېتسىيىدە مەڭگۈلۈك تۇرۇش رۇخسىتىگە ئېرىشكەن*
*پەرزەنتلىرى: 8 (بەش ئوغۇل، ئۈچ قىز)*
*خىزمىتى: ئاللاغا ئىبادەت قىلىش (ناماز ئوقۇش)*
*خىزمەت ئورنى: مەسچىت*
*كىرىمى: سوتسىيالغا تايىنىش، بالىلىرىنىڭ ياردەم پۇلى*
*باج تاپشۇرۇش ئەھۋالى: 0*
*تۇرمۇش مەزمۇنى: بىكار يېتىپ يېيىش»*

مانا بۇ شۋېتسىيىدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق بىر گېزىتنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقان كۆچمەنلەر مەسىلىسىگە بولغان ئىنكاسى ئىدى. مەزكۇر گېزىت خەۋىرىگە ئاچچىق كىنايە بىلەن مەسخىرە يوشۇرۇنغان ئىدى. بۇ كىچىككىنە گېزىت خەۋىرىدىن شۋېتلارنىڭ، بولۇپمۇ بۇ دۆلەتتىكى تەشۋىقات ۋاسىتىلىرىنىڭ كۆچمەنلەرنىڭ سەممىيىتىگە بولغان گۇمانى، دۆلەتكە كەلتۈرۈۋاتقان ئىجتىمائىي بېسىمغا بولغان نارازىلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس ئىدى. شۇڭلاشقا راستچىللىق بىلەن سەممىيەتنى ئۆز گىراژدانلىرىنىڭ ئەڭ زۆرۈر بولغان ئادىمىيلىك بەلگىلىرىنىڭ بىرى ھېسابلايدىغان بۇ دۆلەتتە بىر قىسىم كۆچمەنلەردە كۆرۈلۈۋاتقان بىنورمال ھادىسىلەر دەرھاللا پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ جامائەت پىكرىنى قوزغايتتى. بولۇپمۇ ئۆز بېشىمدىن ئۆتكەن مۇنداق بىر ئىش ماڭا شۋېت گىراژدانلىرىنىڭ سەممىيىتىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇردى.

بىر كۈنى نوردىيە (Nordea) بانكىسىدىن ئىشىمنى بېجىرىپ بولۇپ، ئۇدۇل ئىنىستىتۇتقا باردىم. پاسپورتۇمنىڭ كۆپىيە نۇسخىسى لازىم بولۇپ قالغاچقا، ئەتىگەندە پاسپورتنى پورتمالىمغا قوشۇپ بىر ھۆججەت خالتىسىغا سالغاندىن كېيىن سومكامنىڭ ئىچ تەرىپىگە سالغانىدىم. ئىشخانىغا كېلىپ سومكامنى ئاختۇرسام ئەتىگەن سېلىپ قويغان ھۆججەت خالتىسى يوق. مېڭەمدىن تۈتۈن


AltunOq

چىقىپ كەتتى، بەكمۇ جىددىيلىشىپ كەتتىم. پاسپورتۇم بىلەن پورتمالىم ھۆججەت خالتىسى بىلەن بىللە يوقالغانىدى. ئوغرى ئالدىمىكىن دېسەم سومكام ئۆز پېتى، كېسىلگەن ياكى تېشىلگەن يېرى يوق. پورتمالىمدا 5 مىڭ كرون نەق پۇل بىلەن بانكا كارتام بار ئىدى، تېخى يېقىندىلا ئۆچ ئايلىق مائاشىمنى بىراقلا كارتامغا سالغان ئىكەن، كارتىدا 20 مىڭ كروندەك پۇلۇم بار ئىدى. بۇنى بىزنىڭ پۇلىمىزغا سۇندۇرغاندا 5 مىڭ كرون نەق پۇل بىلەن قوشۇلۇپ جەمئىي 30 مىڭ يۈەن خەلق پۇلىغا يېقىنلىشاتتى. پۇلنىڭ ئىشىغۇ بىر گەپ، لېكىن پاسپورتۇم تېپىلمىسا بۇ يەردە پۈتۈنلەي سالاھىيەتسىز ۋە ۋەتەنسىز كىشىگە ئايلىنىپ قالاتتىم. قانداق قىلىشىمنى بىلمەي جىددىيلەشكەن پېتىم سومكا ۋە يانچۇقلىرىمنى قايتىدىن تەپسىلىي ئاقتۇرۇپ چىقتىم. ھېچيەردە يوق. بانكىدا چۈشۈپ قالغانمىدۇ؟ ياق، مۇمكىن ئەمەس، بانكىدا سومكامنى ئاچمىدىم. شۇ ئەسنادا مېتروغا چۈشكەندە سومكامدىن كىتاب ئېلىپ ئوقۇغىنىم ئېسىمگە كەلدى، لېكىن شۇ چاغدا سومكىنى ئاۋايلاپ ئاچقان. قارىغاندا مېترودا چۈشۈپ قالدىمۇ ـ نېمە؟ لېكىن ستوكھولمدا ئوخشاشمىغان ئالتە يۆنىلىشكە ماڭىدىغان مېترو بار، مەن ئولتۇرغىنى قايسى يۆنىلىشتۇ؟ ئۆگىسۇلۇم ئۆچكەن ھالدا مېترونىڭ باش بېكىتىدىكى ئىش سوراش ئورنىغا بېرىش ئۈچۈن تەييارلىنىپ تۇرسام، كاتىپ ئايال ئۆچراپ قالدى ـ دە، جىددىيلىشىپ تۇرغانلىقىمنى كۆرۈپ:

ــ نېمە بولدى، سىزگە، ياردىمىم لازىممۇ؟ ــ دەپ سوراپ قالدى.

ــ پاسپورتۇم سومكامدا يوق تۇرىدۇ، بۈگۈن ئەتىگەن بىر يەردە چۈشۈپ قالغان ئوخشايدۇ، ــ دېدىم مەن ئۆزۈمنى تەستە بېسىپ.

ــ ئەمدى قانداق قىلاي دەۋاتىسىز؟

ــ مېترونىڭ باش بېكىتىگە بېرىپ سۈرۈشتۈرۈپ كۆرەيمىكىن دەيمەن، ــ دېدىم مەن.

ــ ھېچقىسى يوق، غەم قىلماڭ، ئەگەر مېترودا چۈشۈپ قالغان بولسا كۆرگەنلەر ساقچىغا ياكى مېترونىڭ خىزمەتچى خادىملىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ، ــ دېدى ئۇ تەبىئىي رەۋىشتە.

مەن شۇنداقتىمۇ خاتىرجەم بولالماي ئۇدۇل مېترونىڭ شەھەر مەركىزىدىكى باش بېكىتىگە بېرىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلدىم. ئۇلار مېترودا يىتكەن نەرسىلەرنى ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بىر بۆلۈمنى كۆرسىتىپ قويدى. مەن ئۇ يەرگە بېرىپ يىتكەن نەرسىلىرىمنى تىزىملىتىپ، تېلېفون نومۇرۇمنى قالدۇرۇپ قويدۇم. ئاندىن ئۇدۇل ستوكھولم شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىگە بېرىپ ئۇ يەرگىمۇ ئەھۋالنى ئېيتتىم. ئۇلار يىتكەن نەرسىلىرىمنى تىزىمغا ئالغاندىن كېيىن، ئەگەر پاسپورتۇم تېپىلمىسا، ساقچىدىن ئىسپات قىلىپ بېرىدىغانلىقىنى، مۇشۇ ئىسپاتنى ئېلىپ جۇڭگو ئەلچىخانىسىغا بېرىپ

قايتا پاسپورت بېجىرىشىمنى ئېيتتى. مۇشۇنداق بولغاندا نۇرغۇن ۋاقتىم ۋە زېھنىمنى كۆچۈم مۇشۇ ئىشلار ئۈچۈن زايا بولاتتى. بۇلارنى ئويلاپ بىرقانچە كۈن غەش بولۇپ يۈردۈم. ئارىدىن تۆت كۈن ئۆتكەندىن كېيىن خەت ساندۇقىمغا نوردىيە بانكىسىدىن بىر پارچە خەت كەلدى. ئوقۇسام پاسپورت ۋە پورتماللىرىمنىڭ ئودېنپلان (Odenplan) دىكى تارماق بانكىدا چۈشۈپ قالغانلىقىنى، مۇشۇ خەتنى ئېلىپ بېرىپ بانكىدىن نەرسە ـ كېرەكلىرىمنى ئېلىۋېلىشىمنى يېزىپتۇ. خۇشاللىقىمدىن ۋارقىرىۋېتىشكە تاسلا قالدىم. ئۇدۇل بانكىغا بارسام پاسپورتۇم بىلەن پورتماللىمدىكى نەق پۇل ھەم كارتىلىرىم ئۆز پېتى ئىكەن. بانكا خادىملىرى پاسپورتۇمنى بايقىغاندىن كېيىن ئىسىم فامىلەمنى دەرھال كومپيۇتېرغا كىرگۈزۈپ شۋېتسىيىدىكى كىملىك نومۇرۇم (شۋېت گراژدانلىرى بىلەن شۋېتسىيىدە بىر يىلدىن ئارتۇق تۇرۇش ۋىزىسىغا ئېرىشكەن ھەرقانداق كىشى كىملىك نومۇرىغا ئىلتىماس قىلسا بولىدىكەن. بۇنى شۋېتچە Person beves دەپ ئاتايدىكەن، ئادەتتە باج ئىدارىسىدىن تۇغۇلغان يىل، ئاي، كۈنىنىڭ ئارقىسىغا مەخسۇس تۆت نومۇر قوشۇپ بېرىدىكەن. مۇشۇ نومۇرغا ئېرىشكەن كىشى شۋېتسىيىدە ھەقسىز داۋالىنىش ۋە ھەقسىز مائارىپتىن بەھرىمەن بولۇش ئىمتىيازىغا ئېرىشەلەيدىكەن. مۇشۇ تۆت نومۇر شەخسنىڭ كىملىكىگە ۋەكىللىك قىلىدىكەن، ھەرقانداق جايدا تۆت نومۇرنى كومپيۇتېرغا كىرگۈزسىلا بۇ ئادەمنىڭ پۈتكۈل ئارخىپى ئاپتوماتىك ھالدا ئېكراندا پەيدا بولىدىكەن) ئارقىلىق ئادرېسىم ۋە ئالاقىلىشىش تېلېفونىمنى تېپىپتۇ ھەمدە ماڭا خەت ئارقىلىق خەۋەر يەتكۈزۈپتۇ. مەن بانكا خادىملىرىغا تەشەككۈرۈمنى ئېيتىپ ئىشخانىغا قايتىپ كەلدىم. يول بويى ئۆزىمىز بىلەن بۇ يەردىكى دۆلەت مەمۇرلىرىنىڭ سەمىمىيىتى ۋە كىشىلىك سۈپىتى ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلاندىم. ئەگەردە ئۈرۈمچىدە پۇلىڭىز تۇرماق ئادەتتىكى بىر نەرسىڭىز يىتىپ كەتسە ئۇنىڭ تېپىلىشىدىن ئۈمىد ئۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ. باشقىلارنىڭ تېپىۋېلىپ ئىگىسىگە قايتۇرۇش مۇمكىنچىلىكى ناھايىتى تۆۋەن بولىدۇ. لېكىن شۋېتسىيىدە يىتكەن نەرسىلەرنىڭ ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇلۇش نىسبىتى ناھايىتى ئاز بولغان ئايرىم ئەھۋاللارنى ھېسابقا ئالمىغاندا 90 پىرسەنتتىن ئارتۇق مۇمكىنچىلىككە ئىگە ئىكەن. بولۇپمۇ يەرلىك شۋېتلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى سەمىمىيىتى ۋە راستچىللىقى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

مۇشۇ قۇرلارنى يېزىۋېتىپ شۋېتلارنىڭ خاراكتېرى ھەققىدە شۇنچىلىك يازالايدىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. دەرۋەقە، شۋېتسىيىدىكى بىر يىللىق قىسقىغىنا ھايات كەچۈرمىشلىرىم مېنىڭ شۋېتلارنىڭ مىللىي خاراكتېرى ھەققىدە بۇنىڭدىنمۇ سىستېمىلىق ۋە چوڭقۇر مۇلاھىزىلەرنى ئېلىپ بېرىشىمغا كۆپ پۇرسەت بېرەلمىدى. ئەلۋەتتە كۆزەتكەنلىرىم ۋە ھېس قىلغانلىرىم شۋېتلارنىڭ مىللىي خاراكتېرىنىڭ مەلۇم بىر تەرىپىلا بولۇشىمۇ مۇمكىن.

تەكىتلەشكە ئەرزىيدىغان بىر نۇقتا شۇكى، شۋېتلاردا دۇنيادىكى ھەممە خەلقلەردە بار بولغان، ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان ۋەتەنپەرۋەرلىك، تەبىئەتنى سۆيۈش، قانۇننى مۇقەددەس بىلىش، ئادەمنى تۈپ مەقسەت قىلىش قاتارلىق مەدەنىيەتلىك جەمئىيەتلەردە بولۇشقا تېگىشلىك ئالىي ۋە ئەخلاقىي پرىنسىپلار مەۋجۇت. لېكىن بۇلارنىڭ كونكرېت ئىپادىلىنىش شەكلى بىزگە قارىغاندا ئەمەلىي ھەم شوئارۋازلىقتىن يىراق. شۋېتسىيىنىڭ ھەرقانداق بىر يېرىدە، شۇنىڭدەك شىمالىي ياۋروپانىڭ ھەرقانداق بىر دۆلىتىدە ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىككى ھەققىدە كوچا ـ كويلارغا ھەيۋەتلىك لوزۇنكىلار ئېسىلمايدۇ. رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ۋە گېزىتلەردە دەبدەبىلىك چاقىرىقلار قىلىنمايدۇ. ئۇلار ۋەتەنپەرۋەرلىكنى ھەر بىر گراژداننىڭ ئانىدىن تۇغما مەنسۇپ سۈپەتلىرىنىڭ بىرى دەپ قارايدۇ. بۇ خۇددى ئاممىۋى سورۇنلاردا قالايمىقان ۋارقىرىماسلىق، خالىغان جايغا مىشقىرماسلىق ياكى تۈكۈرمەسلىك دېگەندەك ئەڭ ئەقەللىي ئىنسانىي ئادەتلىرىنى چوڭ خەتلىك لوزۇنكىلارغا يېزىپ كوچا ـ كويلارغا ئېسىپ قويۇشنىڭ ھېچقانداق بىر ھاجىتى يوقتەكلا بىر ئىش. نۇرغۇن ياۋروپالىقلار جۇڭگوغا كېلىپ ساياھەت قىلغاندا كوچا ـ كويلارنىڭ كۆزگە چېلىقىدىغان جايلىرىغا يېزىلغان «خالىغان جايغا تەرەت قىلماڭ، تۈكۈرمەڭ، مىشقارماڭ!»، «ئاممىۋى سورۇنلاردا ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلماڭ!»، «ئۆچىرەتكە رىئايە قىلىڭ!»، «يولنى كېسىپ ئۆتمەڭ!»، «بۇ يەرگە ئەخلەت تۆكمەڭ!»، «تاماكا چەكمەڭ!» دېگەندەك تەشۋىقات تاختىلىرىنى كۆرۈپ ھەيران قالىدىكەن. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بۇلارنى ئالايىتەن تەشۋىق قىلىپ، كوچا ـ كويلارغا يېزىپ قويمىسىمۇ، ھەرقانداق ئىنسان تەبىئىي رەۋىشتە رىئايە قىلىدىغان ئەڭ ئەقەللىي ئادىمىيلىك سۈپەتلەر ھېسابلىناتتى. شۇڭلاشقا قانۇن شۋېتلار ئۈچۈن مۇقەددەس ھېسابلىناتتى. قانۇننىڭ ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقى، مەيلى پادىشاھ ياكى باش ۋەزىر بولسۇن قانۇننىڭ ئالدىدا ئاۋام بىلەن باراۋەر تۇرىدىغانلىقى ئۇلارغا بەش قولدەكلا ئايان ئىدى. قانۇن بويىچە باج تاپشۇرۇشنى ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ ئەڭ روشەن بەلگىلىرىدىن بىرى دەپ ھېسابلايتتى. ناۋادا بىرىنىڭ باج ئوغرىلىغانلىقى ياكى باج تۆلەشتىن باش تارتقانلىقىنى كۆرسە ھەرقانداق بىر شۋېت قاتتىق غەزەپلەنگەن ھالدا: «مۇشۇنداق گۈزەل ۋەتەندە ياشاپ تۇرۇپ، مۇشۇنداق سۆيۈملۈك ۋەتەننى سۆيمىگەن قانداق گراژداندۇ!؟» دەپ سورىشى ناھايىتى تەبىئىي ئىدى.

لېكىن مەنزىرىسى سۈرەتتەك گۈزەل بۇ دۆلەتتە ئىستىقامەت قىلىۋاتقان كۆك كۆز، سېرىق چاچ بۇ خەلقنىڭ خاراكتېرىدىكى قان ـ قېنىغا سىڭىپ كەتكەن سوغۇق كەيپىيات ھەممىدە جاندىن ئۆتىدىغان تەنھالىق بەزىدە ئادەمنىڭ غەشلىكىنىمۇ قوزغايدۇ. سىز ئۇلار بىلەن ناھايىتى تەبىئىي ۋە قىزغىن مۇئامىلىدە بولۇشقا تىرىشسىڭىزمۇ ئۇلارنىڭ بەزىدە ئۆز كەيپىياتىنى

تەڭشىيەلمەيۋاتقانلىقىنى، قانداقتۇر بىر يوشۇرۇن پەردىنىڭ ئارىنى توسۇپ تۇرغانلىقىنى ھېس قىلىسىز. شۇنداق، ئۇلار سوغۇق ۋە تەنھا خەلق. ئۇلارنىڭ سوغۇقلۇقى شىمالىي قۇتۇپنىڭ ئۇزاققا سوزۇلغان قاراڭغۇ ۋە سوغۇق قىش پەسلىگە ئوخشايدۇ. ئۇلارنىڭ تەنھالىقى شىمالىي مۇز ئوكياندا يالغۇز ياشايدىغان قۇتۇپ ئېيىقىنىڭ تەنھالىقىغا ئوخشايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچ مىجەزلىكى ئۆلۈك دېڭىزنىڭ سۈكۈناتىنى ئەسلىتىدۇ. ئۇلارنىڭ تارتىنچاقلىقى ئۆزىنى ھامان يوشۇرۇشقا ئۇرۇنىدىغان قارا تۇپراقتىكى سازاڭ قۇرتىغا ئوخشايدۇ.

ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىن بالتىق دېڭىزى ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرۇش، شىمالىي قۇتۇپ چەمبىرىنىڭ ئۇزاققا سوزۇلىدىغان سوغۇق قىش پەسلىدە يېتەرلىك كۈن نۇرى كۆرمەي تۇتۇق ھاۋادا ياشاش، دېڭىز قاراقچىلىقى بىلەن ئۇزاق يىللار مەدەنىيەتلىك دۇنيادىن ئايرىلىپ ياشىغان ئەجدادلىرىدىن قېپقالغان ئىرسىي گېن تۈپەيلىدىنمۇ، ئىشقىلىپ ئۇلارنىڭ پىسخىك مۇۋازىنىتىدە ياۋروپادىكى باشقا خەلقلەرگە ئوخشىمايدىغان تەرەپلەر كۆپ ئىدى. ئىنسانشۇناسلارنىڭ شىمالىي ياۋروپا خەلقلىرى ئارىسىدا روھىي كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولغۇچىلار بىلەن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغۇچىلار نىسبىتىنىڭ دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىغا قارىغاندا كۆپ كۆرۈلىدىغانلىقى ھەققىدىكى كۆزىتىش نەتىجىلىرىمۇ بىزنىڭ شۋېتلارنىڭ خاراكتېرى ھەققىدىكى بىر قىسىم قاراشلىرىمىزنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

يەتتىنچى باب

## دانىيىگە سەپەر: ئاندېرسوننىڭ يۇرتىدا يېڭى يىلنى ئۆتكۈزۈش

ئىنستىتۇت بىناسىنىڭ يەر ئاستىدىكى ماتېرىيال بۆلۈمىدە جىددىي ئىشلەۋاتقان كۈنلىرىمنىڭ بىرىدە دانىيىنىڭ ئىككىنچى چوڭ شەھىرى ئارخۇستىكى دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتتا دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانى ئۈچۈن ئوقۇۋاتقان نەۋرە ئاچام ھاۋاخاندىن تېلېفون كەلدى. ئۇ تېلېفوندا مېنىڭ يېڭى يىلنى دانىيىگە كېلىپ ئۇلارنى بىللە ئۆتكۈزۈشۈمنى تەكلىپ قىلدى. بۇ قىشلىق تەتىلگە ئاز قالغان ۋاقىت بولۇپ، مېنىڭ قولۇمدىكى كاتالوگنىڭ ئىشىمۇ پۈتەي دەپ قالغانىدى.

مەن بىرگىت خانىمغا دانىيىگە بېرىپ كېلىش پىلانىمنى ئېيتتىم. ئۇ 12 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىن 1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىگىچە قىشلىق تەتىل بولىدىغانلىقىنى، بۇ مەزگىلدە ئىنستىتۇتنىڭ تاقىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى ھەمدە مېنىڭ بۇ ساياھەت پىلانىمنى قوللىدى. نەۋرە ئاچام مېنىڭ ستوكھولمدىن ئارخۇسقا بېرىپ كېلىش ئايروپىلان بېلىتىمنى كومپيۇتېر ئارقىلىق ئالدىن بۇيرۇۋاتقان ئىكەن، ئۇنى ئېلخەت بىلەن ماڭا ئەۋەتىپ بەردى. مەن ئۇنى پرىنتېردا بېسىپ چىقىرىۋالدىم. شۇنداق قىلىپ 12 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ستوكھولمدىن دانىيىنىڭ ئارخۇس شەھىرىگە ئۇچىدىغان بولدۇم.

يولغا چىقىدىغان كۈنى سەھەردە ئورنۇمدىن تۇرۇپلا ھەيران بولدۇم. ھاۋا شۇنچىلىك سۈزۈك ۋە يېقىملىق ئىدى. ئۇزاق مەزگىل ستوكھولمنىڭ تۇتۇق ۋە قاراڭغۇ ھاۋاسىغا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن، شۇ كۈنى تۇيۇقسىزلا ئاسماننىڭ چۈمپەردىسى ئېچىلىپ، زەڭگەررەڭ ئاسماننىڭ جۇلالىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ھاڭ ـ تاڭ قالدىم. بىردىنلا ۋۇجۇدۇمدىكى مېنى قىيناپ تۇرغان روھىي سىقىلىشلار بىراقلا تارقاپ كەتكەندەك ئۆزۈمنى يېنىك ھېس قىلدىم. خۇشال كەيپىياتتا سەپەر سومكىلىرىمنى تەييارلاپ شەھەر مەركىزىدىكى باش قاتناش بېكىتى (City Terminalen) گە باردىم. بۇ يەردىن ئايروپورتقا بارىدىغان مەخسۇس ئاپتوبۇس بار بولۇپ، ھەر بىر سائەتتە بىر نۆۋەت قاتنايدىكەن. ستوكھولمدا بىرقانچە چوڭ ئايروپورت بولۇپ، شەھەرنىڭ شىمالىدىكى ئارلاندا خەلقئارا ئايروپورتىدىن باشقا، يەنە بىرقانچە جايدا كىچىكرەك ئايروپورتلار بار ئىكەن. مەن بۇ قېتىم دانىيىگە



AltunOq

ستوكھولمنىڭ جەنۇبىغا 80 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى سكاۋستا (Skavsta) ئايرودرومىدىن ئۇچىدىكەنمەن.

ئاپتوبۇس مېڭىشقا يەنە 50 مىنۇتچە ۋاقىت بار بولغاچقا، بېكەتتىكى مەكدونالد (McDonalds) تېز تاماقخانىسىغا كىرىپ توخۇ گۆشى قىيمىسىدا قىلىنغان ھامبۇرگ بولكىسى بىلەن قورساق تويغۇزدۇم. ئۈرۈمچىدىكى چاغدا بولكا تۈرىدىكى نەرسىلەرنى نېمىشقىكىن پەقەت يېمەيتتىم. مانا ئۈچ ۋاخلىق تاماق بىر كۈنلۈك كۈنتەرتىپىنىڭ ئەڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدىغان جۇڭگو جەمئىيىتىدىن ئايرىلىپ، غەربنىڭ شىددەتلىك تۇرمۇش رىتىمى ئىچىدە ياشاۋېتىپ، كۆڭۈل كۆتۈرگەن نەرسىلەرنى ئىسسىق ــ سوغۇق ياكى قاتتىق ــ قۇرۇق دېمەي يەيدىغان بولدۇم. چۈنكى بۇ يەردە ئۈرۈمچى ياكى قەشقەردىكىدەك تاللاپ، ئىلغاپ ئەڭ ياخشى ئاشخانىلاردا ئەڭ مەززىلىك ئۇيغۇر تائاملىرىنى يەيدىغان، بىر ئۇستەل رەڭگارەڭ تاماقلارنى دۈۋىلىۋېلىپ كەچكىچە شۇنىڭغا قاراپ مەززە قىلىپ ئولتۇرىدىغان نەدىكى ۋاقىت ۋە ئىمكانىيەت دەيسىز!؟ جۇڭگو پۇلىدا 100 يۈەنسىز ئادەتتىكى ئاشخانىدا بىر ۋاخ ئاددىي غىزالانغىلى بولمايدىغان ستوكھولمدا، قورساقنى ئاران ئەستەرلىگىلى بولىدىغان ھامبۇرگ بولكىسى ئۈچۈن خەجلىگەن پۇلغىمۇ ئادەمنىڭ ئىچى ئېچىشىدۇ. ئەگەردە شىمالىي ياۋروپادىكى يۇقىرى پاراۋانلىق ئىشقا ئاشقان، بۇنىڭغا يارىشا ئىستېمال سەۋىيىسىمۇ يۇقىرى ئەللەردە بىر مەزگىل ياشاپ كۆرسىڭىز ، ئىقتىسادنىڭ قانچىلىك مۇھىملىقىنى، بىر تىيىننىمۇ ئۆز جايىغا خەجلەشنىڭ قانچىلىك زۆرۈرلۈكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىسىز. ستوكھولمدا قىممەتچىلىك دەستىدىن سىرتتا تاماق يېيىشكە كۆزۈم قىيماي جاپا تارتساممۇ ئۆيدە ئېتىپ يەي دەپ ھارغىن ھالدا پۇتلىرىمنى سۆرەپ ئۆيگە قايتقان كۈنلىرىمدە؛ مېترو ۋە ئاپتوبۇسلاردا ئالدىراش كېتىپ بارغان شۋېتلارنىڭ ۋاقىتنى تېجەش ئۈچۈن ئالما ۋە بولكا بىلەنلا قورساقنى ئەستەرلەپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىمدە؛ يۇقىرى مائاش ئالىدىغان ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئادەتتىكى رېستورانلاردا بىر كىشىلىك ئادەتتىكى تاماقلارنى ئىشتىھا بىلەن يەپ، تەخسىلىرىنى پاك ــ پاكىز يىغىشتۇرغانلىقىغا شاھىت بولغان چاغلىرىمدا ۋەتەندىكى بىھېساب ئىسراپچىلىقلارغا توۋا دېدىم!... بىزنىڭ بۇزۇپ چاچىدىغانغا، پۇلنى بولۇشىغا خەجلەپ ئۆزىمىزنى كۆز ــ كۆز قىلىدىغانغا، ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان تەخسە ــ تەخسە تاماقلارغا بىر چوكا تەگكۈزمەي كېتىپ قالىدىغانغا زادى قانچىلىك ئاساسىمىز بار؟ بىز يېگەن تاماقلار بىلەن بىز كىيىگەن كىيىملەرنى نۇرغۇن شۋېتلار يېمەيدۇ ھەم كىيمەيدۇ. ئۇلار پۇلى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئىقتىسادچان ۋە تېجەشلىك ياشاشقا كۆنگەنلىكى ئۈچۈن شۇنداق قىلىدۇ. ئۇلار بىزدەك ئىسسىق ــ سوغۇقنى تەڭشەپ، ھۆللۈك بىلەن قۇرغاقلىقنىڭ ئىچكى تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاش ئۈچۈن مىزاج بىلەن يېمەكلىكلەرنىڭ تەبىئىتىنى

ماسلاشتۇرۇشقا ھەسسىلەپ ۋاقىت ۋە زېھنىي كۈچ سەرپ قىلىپ ئولتۇرمايدۇ. بەلكى ئوزۇقلۇق مىقدارى يۇقىرى، ئاقسىل، ۋىتامىن ۋە ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسى مول بولغان يېمەكلىكلەر بىلەن بەدەن چېنىقتۇرۇشنىڭ ساغلاملىقنى ساقلاشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى، بولۇپمۇ تىنىمسىز ھەرىكەت سىجىللىقىنىڭ ھەممىدىن زۆرۈرلۈكىنى تەبىئىيلا ھېس قىلىپ ياشايدۇ. يۇقىرى ئىسسىقلىق كالورىيىسىگە ئىگە كاۋاپ، پولۇ ۋە ئۈچار قۇشلار گۆشلىرىنى يېيىش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلۈۋاتقان؛ ئۇيغۇر تېبابىتىدىكى قۇشقاچ مېڭىسى، باچكا گۆشى، بۇغا قېنى، توشقانزەدىكى، زەپە تالقىنى، بادام، ياڭاق مېغىزى قاتارلىق ئەشيالاردىن تەييارلانغان قۇۋۋەت دورىلىرىنى ئىستېمال قىلىش تەشەببۇس قىلىنىۋاتقان؛ يۈرەك ۋە ئەرلىك جىنسىي قۇۋۋىتىنى كۈچەيتىش، ئاياللارنىڭ ساغرا ۋە كۆكرەكلىرىنى چوڭايتىش ھەققىدىكى ئىزدىنىش ـ تېلېۋىزىيە ئېلانلىرى ھەممە جاينى قاپلاپ كەتكەن بۈگۈنكى كۈندە بىزنىڭ بەدەن ساپايىمىزنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە تۆۋەنلەپ كېتىۋاتقانلىقى كىشىنى ھەقىقەتەنمۇ تەئەججۈپلەندۈرىدۇ. بىر ئۆمۈر ئىسسىقلىق ۋە قۇۋۋەتلىك تائاملار بىلەن ھەپىلەشكەن كىشىلىرىمىزنىڭ 60 ياشقا بارمايلا قان بېسىمى، قاندا ماي ماددىسىنىڭ ئارتىپ كېتىشى ياكى قان تومۇرلارنىڭ توسۇلۇشى قاتارلىق قان تومۇر كېسەللىكلىرى، يۈرەك كېسەللىكلىرى ھەمدە شېكەر سىيىش كېسەللىكلىرى سەۋەبىدىن بالدۇرلا ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلىقى، سوغۇق تەبىئەتلىك شۋېتلارنىڭ بولسا ئۆمۈر بويى مۇز سوغۇق تائاملار بىلەن خام نەرسىلەرنى خالىغانچە ئىستېمال قىلىپ دۇنيادىكى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغان مىللەتلەر قاتارىدا تۇرۇۋاتقانلىقى كىشىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ ...

ئاپتوبۇس سىگنالىدىن چۆچۈپ ئورنۇمدىن تۇردۇم. يولۇچىلار ئاپتوبۇسقا چىقىپ بولغانىدى. خىيال بىلەن ئاپتوبۇستىن قېپقالغىلى تاسلا قاپتىمەن. سومكامنى ئېلىپ يۈگۈرگەن پېتىم ئاپتوبۇسقا چىقتىم. ئاپتوبۇس ناھايىتى ئازادە ۋە كەڭ ـ كۇشادە ئىدى. مەن ئورنۇمنى تېپىپ ئولتۇرۇشۇمغا ئاپتوبۇس قوزغالدى. يول بويىدىكى گۈزەل مەنزىرىلەرنى تاماشا قىلىپ ماڭدىم. ئاپتوبۇس يېرىم سائەتلەر ماڭغاندىن كېيىن، ستوكھولم شەھەر مەركىزىدىن يىراقلاپ، بۈك ـ باراقسان ئورمانلار بىلەن ياپيېشىل چىملىقلار ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن كەڭرى دالىغا چىقىپ كەتتى. دېكابىرنىڭ ئاخىرى بولۇپ قالغىنىغا قارىماي، ئاپئاق قار دالىنى پۈركەپ تۇرسىمۇ، لېكىن قارىغايلارنىڭ تېگىدىكى ئاق يەرلەردە چىملىقلارنىڭ تېخىچە ئۆز يېشىللىقىنى يوقاتمىغانلىقىنى ئىلغا قىلغىلى بولاتتى.

جىمجىت قىش پەسلىدە شىمالىي قۇتۇپنىڭ تۇتۇق ئاسمىنىنى يېرىپ چىققان ئالتۇن رەڭ قۇياش نۇرىنىڭ قارلىق دالىلاردا جىمىرلاۋاتقانلىقىنى تاماشا قىلىش نەقەدەر كۆڭۈللۈك ـ ھە؟! يول بويىدىكى قويۇق ئورمانلار ئارىسىدا ئاندا ـ

ساندا كۆرۈنۈپ تۇرغان چىرايلىق داچىلار ھەممىدە مۇشۇ داچىلاردا يىل بويى يالغۇز دېگۈدەك ياشايدىغان شىۋېتلارنىڭ ئۆز تەنھالىقىنى تەبىئەت بىلەن بولغان ئۈنسىز دىئالوگ ۋە ئىچكى سۈكۈناتتىن تولۇقلايدىغانلىقىنى ھېس قىلغىنىڭىزدا قىش كۈنلىرى تاسادىپىي پارلاپ چىقىدىغان قۇياش نۇرىنىڭ بۇ يەر ئۈچۈن ئاجايىپ زور مەنىلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىسىز...

ئاپتوبۇس ئالاھەزەل بىر يېرىم سائەت ماڭغاندىن كېيىن قويۇق ئورمانلار ئىچىدىكى كەڭرى ئوچۇقچىلىقتا جايلاشقان سكاۋستا ئايروپورتىغا يېتىپ كەلدى. بۇ كىچىككىرەك ئايروپورت بولۇپ، ياۋروپا ئىتتىپاقى تەۋەسىدىكى دۆلەتلەرگە قاتنايدىغان رىيانئايىر (Ryanair) ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ ئايروپىلانلىرى مۇشۇ جايدىن ئۇچىدىكەن.

15 مىنۇتقا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە رەسمىيەتلەرنى پۈتتۈرۈپ، ئايروپىلانغا چىقىشقا تەييارلاندۇق. ھېسابىمچە شىۋېتسىيىدىن ياۋروپا ئىتتىپاقىدىكى مەلۇم بىر دۆلەتكە ئۇچۇش ئۈچۈن تاموژنىدا كېتىدىغان رەسمىيەت ئۆتەش ۋاقتى جۇڭگودا ئۈرۈمچىدىن بېيجىڭغا بېرىش ئۈچۈن كېتىدىغان رەسمىيەت ئۆتەش ۋاقتىدىن كۆپ ئاددىي ۋە قىسقا ئىدى. ياۋروپا ئىتتىپاقىغا تەۋە دۆلەتلەرئارا ۋىزا رەسمىيەتلىرىنىڭ بىكار قىلىنىشى، بۇ يەردە ئىلگىرىكى مۇقەددەس چېگرا سىزىقلىرى پەيدا قىلغان تۈرلۈك توسالغۇلارغا خاتىمە بەرگەنىدى.

ئايروپىلان ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈشى بىلەن تەڭ ياپيېشىل ئورمانلار بىلەن قارلىق دالىلارغا پۈركەنگەن بىر پارچە رەڭدار زېمىن بارغانسېرى پەستە قېپقالدى. ھايال ئۆتمەي ئايروپىلان شىۋېتسىيە بىلەن دانىيىنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىپ تۇرغان ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ بالتىق دېڭىزى بىلەن تۇتىشىدىغان بوغۇزىنى كېسىپ ئۆتۈپ يەنە بىر قۇرۇقلۇققا يېنىككىنە قوندى. ئارخۇس شەھىرى دانىيە زېمىنىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان ئەڭ چوڭ ئارىلىنىڭ شىۋېتسىيە بىلەن قارىشىپ تۇرىدىغان دېڭىز قولتۇقىغا جايلاشقان گۈزەل شەھەر ئىدى.

ئايروپورتتىن چىقىپ، مەخسۇس ئاپتوبۇس بىلەن شەھەر مەركىزىدىكى باش بېكەتكە يېتىپ كەلگىنىمىزدە ئاللىقاچان قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەنىدى. نەۋرە ئاچام ھاۋاخان ئوغلى سەمەرجان بىلەن بېكەتتە مېنى ساقلاپ تۇرغانىكەن، قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتۇق. بىزنىڭ كۆرۈشمىگىنىمىزگە ئۇزۇن يىللار بوپتىكەن، بىر چاغلاردا يالا پېتى كۆرگەن ئوغلى سەمەرجان ئەمدىلىكتە بۇرۇتلىرى خەت تارتقان 15 ياشلىق يىگىت بولۇپ كېتىپتۇ. ئۈچىمىز پاراڭلاشقاچ بىر ھازا شەھەر كوچىلىرىنى كۆرگەچ پىيادە ماڭدۇق. سىمىلداپ قار ئارىلاش يامغۇر تامچىلىرى چۈشمەكتە ئىدى. جىمىرلاپ تۇرغان چىراغ نۇرىدا يۇيۇنۇپ تازىلانغان ئادەمسىز كوچىلار پارقىراپ كۆرۈنەتتى. يامغۇر كۈچىيىپ ئۈستىۋېشىمىز ھۆل بولۇپ كەتكەچكە، ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ قايتماقچى بولدۇق.

نەۋرە ئاچامنىڭ ئۆيى شەھەرنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى كۆچمەنلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەر رايونىدا ئىكەن. بۇ يەردە بىر قەۋەت قىلىپ سېلىنغان قاتار - قاتار ئۆيلەر، رەتلىك كوچىلارنى ھاسىل قىلغانىدى. نەۋرە ئاچام قازانغا پولۇنى دۈملەپ قويۇپ، مېنى كۆتۈۋالغىلى بېكەتكە بارغانىكەن، ئۆيگە كىرىشىمىزگە بۇرنۇمغا مەززىلىك پولۇ ھىدى گۇپۇلدەپ ئۇردى. ئىككى ئايدىن بۇيان ستوكھولمدا يالغۇزچىلىق ئىچىدە ئالدىراش كۈن كەچۈرگەچكە مەززىلىك تائام ھىدى گۇپۇلدەپ ئۇراپ تۇرغان نەۋرە ئاچامنىڭ ئۆيىگە كىرىپلا تەسۋىرلىگۈسىز بىر خىل ئىللىق ھېسسىياتقا چۆمۈلدۈم.

— قانداق، ئۆيۈڭگە كېلىپ قالغاندەك ھېس قىلىۋاتامسەن، يىگىت، دانىيىدىمۇ پولۇنىڭ ھىدىنى ئۇرىتىپ ئولتۇردۇق بىز! — دېدى نەۋرە ئاچام چاقچاق قىلىپ.

يۈز - كۆزلىرىمنى يۇيۇپ، تاماققا ئولتۇردۇم. نەۋرە ئاچامنىڭ ئۆيى ئەپلىك ھەم چاققان بولۇپ، كىشىگە ئازادە تۇيغۇ بېرەتتى. خۇددى ۋەتەندە ئولتۇرغاندەك ئۇزۇن يىللار كۆرۈشمىگەن تۇغقانلار جەم بولۇپ، قىزغىن پاراڭلاشقاچ تاماق يېدۇق.

— ئۆزۈڭنىڭ ئۆيىدەك ئەركىن - ئازادە ھېس قىلغىن، — دېدى نەۋرە ئاچام يېڭىدىن تەييارلىغان سالاتنىن تەخسەمگە سېلىۋېتىپ، — ئەمدى بىز ئىككى ھەپتە بىللە ياشايمىز، سەمەرجانمۇ ئۇرۇق - تۇغقانلارنى سېغىنىپ تۇرغان ئىدى، كەلگىنىڭ بەكمۇ ياخشى بولدى. مەن ۋەتەنگە بارمىغىلى ئۈچ يىلدەك بولدى، مۇشۇ شەھەردە ئوقۇشنى دەپ تىكەندەك يالغۇز ياشاۋاتىمىز، لېكىن كۆنۈپمۇ قالدۇق، مانا، روژدېستۋو بايرىمى بىلەن يېڭى يىل كېلەي دەۋاتىدۇ، ھەممە ئادەملەر بىر - بىرىنىڭ يېڭى يىللىرىنى تەبرىكلىشىدۇ. مۇشۇنداق كۈنلەردە ئۇرۇق - تۇغقانلار ۋەتەندىن يىراق ئەللەردە جەم بولسا، بۇ نېمە دېگەن ياخشى - ھە!؟...

— شۇنداق، مەنمۇ ناھايىتى خۇشال، خۇددى ئۆرۈمچىدە ئولتۇرغاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن! — دېدىم ئۇنىڭغا جاۋابەن.

نەۋرە ئاچام ئۈستەلدىكى شامنى ياندۇرۇپ قويدى. سۈس يىلىلداپ يېنىۋاتقان شام يورۇقىدا ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قارىدىم. 40 ياشتىن ھالقىغان بۇ تىرىشچان ئايال يەنە بۇرۇنقىدەكلا تېتىك ۋە جانلىق ئىدى. ئەمما ھارغىنلىق يەتكەن كۆزلىرىنىڭ ئەتراپىغا بىلىنەر - بىلىنمەس سۇس قورۇقلارمۇ ئاللىقاچان ئىز سالغانىدى. ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇشقا تىرىشىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئاۋازىدىن يېقىن تۇغقانلار بىلەن جەم بولغان چاغدىكى ئاياللارغا خاس بىر خىل ئىچكى ھاياجان بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئىلگىرى شىنجاڭ مېدىتسىنا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۇزۇن يىللار ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەنىدى. بۇنىڭدىن تۆت يىل بۇرۇن مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ، دانىيىنىڭ ئارخۇس ئۇنىۋېرسىتېتىغا زىيارەتچى تەتقىقاتچى سۈپىتىدە كەلگەن ئىدى. شۇندىن كېيىن شۇ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ فىزىئولوگىيە

فاكۇلتېتىدا دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانى ئۈچۈن ئوقۇۋېتىپتۇ. بىر ئايال كىشى ئۈچۈن، بولۇپمۇ 40 ياشتىن ھالقىغان بىر ئۇيغۇر ئايال ئۈچۈن ۋەتەندىن ئايرىلىپ بۇ يەردە ئۇزۇن مەزگىل ئوقۇماق ھەقىقەتەن ئاسانغا چۈشمەيتتى.

نەۋرە ئاچام ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا ئوغلى سەمەرجاننى ئۆز قېشىغا ئېلىپ كېلىۋالغان ئىدى. ئۈرۈمچىدە خەنزۇچە مەكتەپتە ئوقۇغان بۇ بالا ئەمدىلىكتە دانىيە تىلىدا راۋان سۆزلەيدىغان ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ قالغانىدى. مەن ئۇنىڭ بىلەن بولغان پاراڭ جەريانىدا مۇشۇ ئىككى يىل مابەينىدە بۇ بالىدا خېلى زور ئۆزگىرىشلەر بولغانلىقىنى، مەسىلىلەرنى كۆزىتىش ئىقتىدارىنىڭ خېلى كەڭ دائىرىدە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

بىز شۇ كۈنى كەچكىچە پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇردۇق، پاراڭلىرىمىزنىڭ تېمىسى كۆپىنچە ۋەتەن بىلەن شىمالىي ياۋروپانىڭ ئارىلىقىدا بولدى. قىزغىن پاراڭ جەريانىدا ۋاقىتنىڭ يېرىم كېچە بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئۇقالماي قاپتۇق.

شۇ كۈندىن باشلاپ مېنىڭ شىمالىي ياۋروپادىكى ئىككىنچى بىر دۆلەت — دانىيىدىكى كۈنلىرىم باشلاندى. نەۋرە ئاچام يېڭى يىل بايرىمى يېقىنلاپ كەلگەنلىكىگە قارىماي تەجرىبىخانىدىكى ئالدىراش ئىشلىرى بىلەن بەند بولدى. سەمەرجان يەكشەنبە كۈنىدىكى دەم ئېلىشىدىن پايدىلىنىپ ماڭا بىر كۈن ئارخۇس شەھىرىنى كۆرسەتتى، شۇنداقلا ئۆيگە قانداق بېرىپ كېلىش يوللىرىمنى كۆرسىتىپ قويدى. مەن نەۋرە ئاچام تەييارلاپ قويغان ۋېلسىپىت بىلەن كۈندە ئۆيدىن چىقىپ شەھەر مەركىزىدىكى بازارلارنى، ماگىزىنلارنى، مۇزېيلارنى، مەنزىرىلىك جايلارنى ھەمدە كىتابخانىلارنى ئايلاندىم. چۈشتىن كېيىن سەمەرجان بالدۇرلا مەكتەپتىن قايتىپ كېلەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز ئىككى ۋېلسىپىتكە مىنىپ يەنە سىرتلارنى ئايلىنىپ كېلەتتۇق. شۇنداق قىلىپ، ئارخۇس شەھىرىنىڭ ئىچى – تېشىنى خېلىلا پىششىق بىلىپ قالدىم.

يېڭى يىل كىرەي دەۋاتقان بولغاچقا، ھاۋا بىر يىل ئىچىدىكى ئەڭ سوغۇق پەسىلگە قەدەم قويغانىدى. لېكىن مەن ئارخۇسنىڭ ھاۋاسىنى ستوكھولمدىن سەل ئىلىلىقراق كۆردۈم. بۇنداق بولۇشى بۇ شەھەرنىڭ جۇغراپىيىلىك كەڭلىك جەھەتتىن ستوكھولمدىن خېلىلا جەنۇبتا بولۇشى بىلەن بىرگە، يەنە ئاتلانتىك ئوكيانىدىن كېلىدىغان ئىسسىق دېڭىز ئېقىمىنىڭ تەسىرىگە بىۋاسىتە ئۇچرىغانلىقىدىن بولسا كېرەك.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن سەمەرجان بىللە بىلەن ئارخۇسنىڭ غەربىي شىمالىي بۇرجىكىگە جايلاشقان مۇسۇلمانلار بازىرىغا باردۇق. بۇ جاي دانىيە تىلىدىمۇ ئوخشاشلا «بازار» دەپ ئاتىلىدىكەن. بۇ يەرگە بېرىپلا ھەيران قالدىم. بىزنىڭ دۆڭكۈۋرۈك ياكى بۇلاق بېشىغا ئوخشايدىغان بازارلار بۇ يەردىمۇ كۆز ئالدىمدا قايناپ تۇراتتى. بازاردىكى پۇتكۈل سودا قىلغۇچىلار بىلەن خېرىدارلارنىڭ مۇتلەق



AltunOq

كۆپ قىسمى بىزنىڭ كۆزىمىزگە تونۇش بولغان ئىرقتىكى كىشىلەر ئىدى. ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇرغان ئادەملەرنىڭ ئىچىدە ئەرەبلەر، تۈركلەر، ئىرانلىقلار، ئافغانلار، سومالىلىقلار، بېنگاللىقلار ۋە باشقا مۇسۇلمان ئەللىرىدىن كەلگەن كۆچمەنلەر بار ئىدى. ئاساسلىقى يېمەك ـ ئىچمەكنى مەركەز قىلغان بۇ بازاردا پۇرقىراپ ئىس ـ تۈتەك قايناپ تۇرغان كاۋاپدانلار، قوي ۋە كالىلارنىڭ ئىچ ئەزالىرى، ئىسسىق بەلۋاغنىڭ مېۋە ـ چېۋىلىرى، مىغ ـ مىغ ئادەم قايناپ تۇرغان تۈرك رېستورانلىرى ئادەمگە سېھىرلىك شەرقنى، بولۇپمۇ ئەنقەرەدىن خوتەنگىچە بولغان بىپايان تېررىتورىيىدىكى قەدىمىي تۇرمۇشنى ئەسلىتەتتى. شۇ تۇرقىدا قەلبىمدە ئۇرغۇپ تۇرغان ھېسسىياتىمنىڭ ستوكھولمدا تۇنجى قېتىم رېنكېبى بىلەن شەرخولمېن بازارلىرىغا بارغاندىكى ھېسسىياتلىرىم بىلەن تامامەن ئوخشايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. يۇكسەك دەرىجىدە ماشىنىلاشقان، ئادەملەرئارا ئىجتىمائىيەتتىكى قىزغىنلىق سۇسلاشقان، يەككە ـ يېگانە ۋە تەنھا تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ئاساسىي لىنىيە قىلغان شىمالىي ياۋروپا ئەللىرىدە شەرقتىكى مۇسۇلمان ئەللىرىدىن كەلگەن ۋۇجۇدى قايناق كۆچمەنلەرنىڭ ئۆز مەدەنىيەتلىرى ئارقىلىق بۇ يەرگە ھاياتىي كۈچ بەخش ئېتىۋاتقانلىقىدىن ھەيران بولدۇم. ئۈرۈمچىنىڭ بەيگە مەيدانىدىكى قۇشخانا ئەتراپىغا مەركەزلەشكەن مىللىي يېمەك ـ ئىچمەك بازىرى بىلەن سەنشىخاڭزىدىكى كونا ماللار بازىرى كۆز ئالدىمغا كەلدى. ئۆز ۋاقتىدا بۇ بازارلاردىكى سۈرەن ـ شاۋقۇن، توپا ـ توزان، ۋە قىستا ـ قىستاڭچىلىقتىن بىزار بولۇپ قاقشىغانلىرىم ھېلىمۇ ئېسىمدە. سوغۇق ۋە ھېسسىياتى قېرىغان شىمالىي ياۋروپادا زامانىۋىلىكنىڭ رەھىمسىز غېرىبلىقى ئىچىدىن شەرقنىڭ قايناق تۇرمۇش ھېسسىياتىنى ئەسلىتىدىغان بۇ كىچىك بازارلارنى كۆرۈۋېتىپ دۆڭكۆۋرۈك بىلەن بولاق بېشى ئارىلىقىدىكى بارغانسېرى قىستىلىپ قېلىۋاتقان بازارلىرىمىزنىڭ ئىچكى قىممىتىنى قايتا چۈشەنگەندەك بولدۇم.

شۇنداق، بىر خەلق ئۈچۈن ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىدىكى كىملىكى ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ تۈپ بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ. نۆۋەتتە يەر شارىدىكى مىليونلىغان خەلقلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەتلىرى گويا ماگنىت قۇتۇپىغا ئاققان تۆمۈر ئۇۋاقلىرىدەك جىددىي رەۋىشتە قوشۇلۇپ بارماقتا. يەرشارىلىشىشنىڭ شىددەتلىك دولقۇنى مىللەتلەر ۋە دۆلەتلەر چېگرىلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ مىللىي ۋە مەھەللىۋى پەرقلەرنى ئېزىپ ئۇن قىلماقتا. بىز ئەنە ئاشۇ سان ـ ساناقسىز خۇرۇچلارنىڭ ئارىلاشمىسىدىن تەييارلانغان، ئاللىقاچان ئۆز تەمىنى يوقاتقان يەر شارى بولكىسىنى يېمەكتىمىز!...

سەمەرجان بىلەن بىر تۈرك كاۋاپخانىسىغا كىرىپ، دۆنەر كاۋاپ يېدۇق. كاۋاپ ماڭا تولىمۇ تەملىك تۇيۇلدى. بىر چاغلاردا دۆڭكۆۋرۈك بازىرىدىكى پاكار ـ پاكار

كۆرۈمسىز ئاشخانىلاردا يېگەن مەززىلىك تاۋا كاۋاپلىرىنىڭ تەمى ئېسىمگە كەلدى. ئەتراپىمدىكى تاماق يەۋاتقان كىشىلەرگە نەزەر تاشلىدىم. قارا چاچ، بۇرۇتلۇق تۈركلەر، بۇدۇر چاچلىق قارامتۇل كەلگەن ئەرەبلەر، جۇغى كىچىك، تېرىسى قارا سومالىلىقلار... ئىشقىلىپ ئەتراپىمىزدىكىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئاق تەنلىكلەردىن باشقا ھەر خىل تىللاردا سۆزلىشىدىغان، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مۇسۇلمان كۆچمەنلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ بىزنىڭ تۇرقىمىزغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان تونۇش چىراي ـ شەكلى ھەمدە يۇرۇش ـ تۇرۇشلىرىغا بىر ھازا قاراپ ئولتۇرۇپ، ئاق تەنلىكلەر دۇنياسىدا ياشىغان ئىككى ئايدىن بۇيانقى ياتسىراشلىرىمغا بىرئاز تەسەللى تاپقاندەك بولۇپ قالدىم.

بىر كۈنى ئارخۇس شەھىرىنىڭ كوچىلىرىدىن بىرىنى ئارىلاۋېتىپ، بىر كىتابخانىغا كىرىپ قالدىم. كىتابخانا ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئۇنىڭدا تۈرلۈك مەزمۇنلاردىكى ھەر خىل كىتابلار قويۇلغانىدى. دانىيە تىل ـ يېزىقى مەن ئۈچۈن ناتونۇش بولغاچقا، ئىنگلىزچە كىتابلار بۆلۈمىنى ئارىلىدىم. شىمالىي ياۋروپا كىتابخانىلىرىنىڭ بىر ياخشى يېرى شۇكى، ئۇلارنىڭ ئۆز تىللىرىدىكى كىتاب ـ ماتېرىياللىرىدىن باشقا خېلى زور مىقداردىكى ئىنگلىزچە كىتابلارنى تاپقىلى بولاتتى. مەن كىتابلار ئىچىدىن ساموئېل خونتىڭتوننىڭ «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى»[9] ناملىق كىتابىنى كۆرۈپ قالدىم ـ دە، ئالدىدىكى بىرقانچە بېتىنى ئوقۇپ چىقتىم. كىتابنى بەكمۇ ئالغۇم بار بولسىمۇ، لېكىن باھاسى تولىمۇ قىممەت ئىدى. 250 دانىيە كرونى بىزنىڭ پۇلىمىزدا 370 يۈەنگە توغرا كېلەتتى. ئادەتتىكى 300 بەتلىك كىتاب ئۈچۈن بۇ بىزگە نىسبەتەن خېلىلا قىممەت باھا ئىدى. مەن ئۇ يەردىن يەنە بىر جاھازغا بېرىپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر، شەھەرلەر ۋە ساياھەت نۇقتىلىرىنى تونۇشتۇرغان كىتابلار ئارىسىدىن «ئوتتۇرا ئاسىيا» دېگەن كىتابنى ئالدىم ـ دە، تەپسىلىي ۋاراقلاپ چىقتىم. بۇ كىتابنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئەمەلىي ئىشلىتىلىش قىممىتى يۇقىرى، ئۇچۇرلىرى مول ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان، تۈركمەنىستان ۋە تاجىكىستان قاتارلىق يېڭىدىن مۇستەقىل بولغان بەش دۆلەتتىن تاشقىرى، ئافغانىستان بىلەن شىنجاڭمۇ تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغانىدى. بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيانى چۈشەنمەكچى بولغانلار ياكى بۇ جايغا ساياھەتكە بارماقچى بولغانلار ئۈچۈن كۆڭۈلدىكىدەك ساياھەت قوللانمىسى ئىدى. مەن بۇ كىتابنى سېتىۋېلىش قارارىغا كەلدىم. باھاسى 170 دانىيە كرونى بولۇپ، بىزنىڭ پۇلىمىزدا 250 يۈەنگە توغرا كېلەتتى. كىتابنىڭ پۇلىنى تۆلەپ، ئەمدىلا سىرتقا ماڭاي دەپ تۇرسام، مېنىڭ بىلەن تەڭ دېمەتلىك تۇرك چىراي بىر كىشى ئەدەپ بىلەن ئالدىمغا كەلدى:

---

[9] Samuel Huntington, *The Clash of Civilizations and the Remaking of world order*, Simon and Schuster inc. New York, 1996

— كەچۈرسىز، سىز قازاقىستاندىن كەلدىڭىزمۇ؟ — ئۆزبېكچىگىمۇ ھەم ئەزەربەيجانچىغىمۇ ئوخشىمايدىغان، ئەمما تولىمۇ يېقىملىق بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەيرانلىقىمدا بىر ھازا تۇرۇپلا قالدىم. ئۇ كىشى مېنىڭ ھەيران بولۇپ تۇرغانلىقىمنى كۆرۈپ ماڭا بۇ قېتىم رۇسچە گەپ قىلدى. مەن دەرھال ئىنكاس قايتۇرۇپ:

— كەچۈرسىز، مەن رۇسچە بىلمەيمەن، مەن جۇڭگودىن كەلدىم، ئۆزۈم ئۇيغۇر، — دېدىم ئۇيغۇرتىلىدا.

— ھە، شۇنداقمۇ، ئۇنداقتا ياخشى، مەن تۈركمەنىستاندىن كەلگەنمەن، باياتىن قارىسام «ئوتتۇرا ئاسىيا» دېگەن كىتابنى تەپسىلىي كۆرۈپ، ئاخىرى سېتىۋالدىڭىز، ئۆزىڭىزگە قارىساممۇ ئوتتۇرا ئاسىيالىقتەك تۇرىسىز، شۇڭلاشقا بىۋاسىتىلا گەپ قىلدىم، مېنىڭ تۈركمەنچە گېپىمنى چۈشىنىۋاتامسىز؟ — دېدى ئۇ كىشى ماڭا سىنچىلاپ قاراپ.

— شۇنداق، چۈشىنىۋاتىمەن، ناھايىتى ئېنىقكەن، مەن تۈركمەنچە كىتابلارنى ئوقۇغان بولساممۇ، لېكىن تۈركمەنچە سۆزنى بىرىنچى قېتىم ئۆز قۇلىقىم بىلەن بىۋاسىتە ئاڭلىشىم. سىزچۇ، ئۇيغۇرچىنى ئاڭلىغانمۇ؟ — دېدىم مەنمۇ خۇشال بولۇپ.

— مەن ئۇيغۇرلار بىلەن ئىلگىرى ئالاقىدا بولغان، تۈركمەنىستاندا مەلۇم ساندىكى ئۇيغۇرلار ياشايدۇ. مانا بۇ بىر ياخشى ئۇچرىشىش بولدى، مېنىڭ ئىسىم فامىلەم نۇرئەلى شىرمۇھەممەدوۋ، مەن ئاشخاباد دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ فىلولوگىيە فاكۇلتېتىدا لېكتور بولۇپ ئىشلەيمەن. بۇ يىل كوپېنھاگېن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەرق تىللىرى ئىنستىتۇتىغا بىر يىللىق تەتقىقاتچى ئوقۇغۇچى بولۇپ كەلدىم. ئۆتكەن ھەپتە بىزنى قىشلىق كانىكۇلغا قويۇپ بەردى، مۇشۇ پۇرسەتتە ئارخۇسنى كۆرۈپ كېلەي دەپ بۇ يەرگە كېلىشىم. ماڭا بۇ يەرگە كەلگىلى ئۈچ كۈن بولدى، يەنە ئىككى سائەتتىن كېيىن پويىز بىلەن كوپېنھاگېنغا قايتماقچىمەن.

— مەن ئۈرۈمچىدىن كەلگەنمەن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىمەن. ھازىر ستوكھولم ئۇنىۋېرسىتېتى شەرق تىللىرى ئىنستىتۇتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات مەركىزىدە زىيارەتچى تەتقىقاتچى بولۇپ تۇرۇۋاتىمەن. مەنمۇ سىزگە ئوخشاشلا قىشلىق كانىكول ۋاقتىمدىن پايدىلىنىپ، ئارخۇسنى كۆرۈپ كېتەي دەپ كېلىشىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە، نەۋرە ئاچام ئارخۇس ئۇنىۋېرسىتېتىدا دوكتورانت بولۇپ ئوقۇيدۇ، ئوغلىمۇ بۇ يەردە، شۇڭا ئۇلارنى يوقلىغاچ بۇ يەرگە كېلىشىم.

— ئەمىسە، تازا تېپىشىپتىمىز، پويىز ماڭغىچە مېنىڭ ۋاقتىم بار، ئەگەردە سىزنىڭ باشقا ئىشىڭىز بولمىسا بىرەر سائەت پاراڭلاشمايمىزمۇ؟ — دېدى نۇرئەلى

ماڭا قاراپ.

— بولىدۇ، مەنمۇ شۇنداق ئويلاۋاتاتتىم، يېقىن ئەتراپتا بىر تۈركنىڭ رېستورانىنى كۆرگەنىدىم، شۇ يەرگە بارايلى، قەھۋە ئىچكەچ پاراڭلىشىمىز.

بىز كىتابخانىدىن چىقىپ، شەھەر مەركىزىدىكى بىر تۈركچە دۆنەر كاۋاپ قىلىدىغان ئاشخانىغا كىردۇق. ئاشخانا كىچىكرەك بولسىمۇ، لېكىن ئادەم ئاز ھەم پاكىز ئىدى. بىز بىردىن كاۋاپ بۇيرۇتتۇق ھەمدە تاماقتىن كېيىن قەھۋە ئىچمەكچى بولدۇق. نۇرئەلى شىرمۇھەممەدوف ناھايىتى يېقىملىق تۈركمەن تىلىدا سۆزلەشكە باشلىدى. مەن تۈركمەنچىنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا ھەتتا قازاق تىلىدىنمۇ يېقىنلىقىنى، ناھايىتى ئاز بىر قىسىم سۆزلەردىن باشقا ھەممىسىنى تولۇق چۈشەنگىلى بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

— ھە، سۇلايمان بەگ، مەن بۇ يەردە سىزنى ئۇچراتقانلىقىمدىن تولىمۇ خۇرسەنمەن، نېمىلا دېگەنبىلەن بىز تىلىمىز، ئىرقىمىز ھەم مەدەنىيىتىمىز ئوخشايدىغان قېرىنداش خەلقلەردىن ئەمەسمۇ؟ مەن جۇڭگوغا ئەزەلدىن بېرىپ باققىنىم يوق، لېكىن يېقىنقى يىللاردىن بۇيان جۇڭگودا بولۇۋاتقان تەرەققىياتلاردىن خەۋىرىم بار.

— شۇنداق، مەنمۇ ناھايىتى خۇشال، بىزنىڭ خەلقىمىزمۇ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەھۋالىغا قىزىقىدۇ. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قازاقىستان، ئۆزبېكىستان ۋە قىرغىزىستانلار بىلەن بولغان ئىقتىسادىي، سودا ۋە مەدەنىيەت ئالاقىلىرى بىرئاز قويۇق، لېكىن تۈركمەنىستان بىلەن بولغان ھەرقايسى جەھەتلەردىكى ئالاقىلىرى تېخى ئۇنچىلىك كۆپ ئەمەسقۇ دەيمەن. ھازىر تۈركمەنىستاننىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ — مەن ئۇنىڭدىن سورىدىم.

— ھەي، قانداق دېسەم بولار، — دېدى نۇرئەلى شىرمۇھەممەدوف بىرئاز ئويلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن، — ئىشقىلىپ، خۇداغا شۈكۈر! كۈنىمىز ھەر ھالدا يىلدىن ـ يىلغا ياخشى بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، دەسلەپ مۇستەقىل بولغان يىللىرى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئايرىلىپ چىققان باشقا جۇمھۇرىيەتلەرگە ئوخشاشلا تۈركمەنىستاننىڭ ئىقتىسادىمۇ پۈتۈنلەي پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى. بۇنداق بولۇشىنى ئەلۋەتتە سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدىكى سىياسىي مەقسەتنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىقتىسادىي ئەندىزە كەلتۈرۈپ چىقارغان. بىرقانچە يىللار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يېڭىدىن مۇستەقىل بولغان قېرىنداش جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ ھەممىسىلا ئىقتىسادىي كاساتچىلىقنىڭ دەردىنى تارتتى. تۈركمەنىستانمۇ ئەلۋەتتە بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. خەلقنىڭ تۇرمۇشى بىراقلا تۆۋەنلەپ كەتتى. ئاكادېمىيىلەر، ئۇنىۋېرسىتېتلار ۋە باشقا ئىلمىي ئورۇنلارنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى كاپالىتى ناھايىتى تۆۋەنلەپ كەتكەچكە بىر مەزگىل ئىشلار تازا يۈرۈشمەي قالدى. لېكىن يېقىنقى بىرقانچە يىللاردىن بۇيان بىرئاز ياخشىلىنىش بولۇۋاتىدۇ، بولۇپمۇ

تۈركمەنىستان ئۆزىنىڭ نېفىت ۋە تەبىئىي گاز بايلىقىغا تايىنىپ، دۆلەت ئىقتىسادىنى خېلى زور دەرىجىدە يۈكسەلدۈردى. خەلقىنىڭ تۇرمۇشىدىمۇ بۇرۇنقىغا قارىغاندا ياخشىلىنىش بولۇۋاتىدۇ.

— مەنمۇ شۇنداق ئويلىدىم، — دېدىم مەن ئۇنىڭ سۆزىگە ئۇلاپلا، — بىزنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى قازاق، ئۆزبېك، ۋە قىرغىزلار ھەققىدە بىلىدىغانلىرىمىز بىرئاز كۆپرەك. قازاقىستان بىلەن قىرغىزىستان بىزنىڭ ئاپتونوم رايونىمىز بىلەن بىۋاسىتە چېگرىلىنىدۇ، شۇنداق بولغاچقا ئۇلار بىلەن بولغان سودا ۋە مەدەنىيەت ئالاقىلىرىمىز بۇرۇندىنلا قويۇق بولۇپ كەلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىزنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدىمۇ 1 مىليوندىن كۆپرەك قازاقلار، 100 مىڭدىن ئارتۇق قىرغىزلار ياشايدۇ. ئۆزبېكىستان بىلەن گەرچە بىۋاسىتە چېگرىداش بولمىساقمۇ، لېكىن تارىختىن بۇيان ئۇيغۇرلار بىلەن ئۆزبېكلەر ئوتتۇرىسىدا قويۇق مۇناسىۋەت ۋە مەدەنىيەت ئورتاقلىقى بولغاچقا ئۆزئارا چۈشىنىشىمىز خېلىلا چوڭقۇر. بولۇپمۇ ئۆزبېك ئەدەبىياتى ۋە ئۇنىڭ 20 ـ ئەسىردىكى ۋەكىللىك نەمۇنىلىرى شىنجاڭدا كۆپ تونۇشتۇرۇلدى. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، بىزدە تۈركمەنىستان ھەققىدە كۆپ چۈشەنچە يوق، ئۇچۇرمۇ ئاز. بېيجىڭدا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا مەن تۇرغان ئىنستىتۇتنىڭ كۇتۇپخانىسىدا سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە ئاشخاباتتا تۈركمەن تىلىدا نەشر قىلىنغان «گۆر ئوغلى» داستانىنىڭ تولۇق نۇسخىسىنى كۆرۈپ قېلىپ، ئوقۇپ چىققانىدىم. مانا ئارىدىن خېلى يىللار ئۆتۈپ سىزنىڭ ئېغىزىڭىزدىن تۈركمەن تىلىنى بىۋاسىتە ئاڭلاۋاتىمەن،

— ئىككىمىز بۈگۈنكى كۈندە تۈركمەن ياكى ئۇيغۇر دەپ ئوخشاشمىغان ناملار بىلەن ئاتالغان تىللاردا سۆزلىشىۋاتقاندەك كۆرۈنسەكمۇ، لېكىن بۇ تىللارنىڭ ئەمەلىيەتتە يىلتىزى ھەم تومۇرى بىر، شۇڭلاشقا مانا ئىككىمىز بىمالال ھالدا سۆزلىشىپ تىل تېپىشىۋاتىمىز ئەمەسمۇ! مەنمۇ ئىلگىرى تۈركمەنىستان ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇچرىشىپ باققان بولسامدۇ، لېكىن جۇڭگونىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ياشىغۇچى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ھەققىدە بىلىدىغانلىرىم كۆپ ئەمەس. ئەلۋەتتە بىز تېخىمۇ چوڭقۇر دەرىجىدە ئۆز ئارا چۈشىنىشكە موھتاجمىز.

پاراڭلىرىمىز بارغانسېرى قىزىپ كەتتى. نۇرئەلى شىرمۇھەممەدوف ئوچۇق ـ يورۇق ھەم چىقىشقاق كىشى ئىكەن. پاراڭ ئارىلىقىدا ئۆزىنىڭ ئاشخاباتتىن كوپېنھاگېن ئۇنىۋېرسىتېتىغا تەتقىقاتچى ئوقۇغۇچى بولۇپ كېلىش جەريانىنى سۆزلەپ بەردى. مەن شۇ ئارىلىقتا ئۇنىڭدىن ئۆزۈم گېزىتتىن كۆرگەن بىر خەۋەر ھەققىدە سورىدىم:

— نۇرئەلى بەگ، سىزدىن بىر ئىشنى سوراپ كۆرگۈم كېلىۋاتىدۇ، مەن


AltunOq

بۇنىڭدىن بىرقانچە يىللار ئىلگىرى جۇڭگودا چىقىدىغان تارقىلىش دائىرىسى ئەڭ كەڭ بولغان گېزىتلەرنىڭ بىرى «يەر شارى ۋاقىت گېزىتى» دە تۈركمەنىستان ھەققىدە بىر خەۋەرنى ئوقۇغانىدىم. ئۇنىڭدا ئېيتىلىشىچە، تۈركمەن زۇڭتۇڭى نىيازوف تۈركمەن تىلىغا ئىلگىرى رۇس تىلىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن يانۋار، فېۋرال قاتارلىق ئاي ناملىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ھەققىدە پەرمان چۈشۈرگەنلىكى، كېيىن پارلامېنتنىڭ تەستىقلىشى بىلەن بىرىنچى ئايغا «نىيازوف» دەپ نام بەرگەنلىكى، ئىككىنچى ئايغا خانىمىنىڭ، ئۈچىنچى ئايغا ئوغلىنىڭ ئىسىملىرىنى ئاي نامى قىلىپ بېكىتكەنلىكى ھەققىدە يېزىلىپتىكەن. مەن ئوقۇپ بۇ راستمىدۇ دەپ ئىشىنەلمەي قالغانىدىم. بۇ راستتىنلا شۇنداق بولغانمۇ؟

— بۇ خەۋەرلەر جۇڭگوغىمۇ تارقىلىپتۇ - دە! — دېدى ئۇ كۈلۈپ كېتىپ، — بىزگە مۇستەقىللىق خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا بىر كېچىدىلا قولىمىزغا كېلىپ قالدى. شۇڭلاشقا پۈتۈن خەلق كۈتۈلمىگەن بۇ ۋەقەدىن نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي ھاڭ - تاڭ قېلىشتى. ئىلگىرىكى سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدىكى تۈركمەنىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىرىنچى سېكرېتارى نىيازوف بىردىنلا يېڭىدىن دۇنياغا كۆز ئاچقان تۈركمەن دۆلىتىنىڭ تۇنجى زۇڭتۇڭىغا ئايلاندى. يېڭى دۆلەتكە ئەلۋەتتە تۇنجى زۇڭتۇڭنىڭ نوپۇزى ۋە خەلق ئىچىدىكى يۈكسەك ئابرويى كېرەك. شۇنداق بىر شارائىتتا زۇڭتۇڭنىڭ ئەتراپىدىكى سىياسىي ئەربابلار تەرەپ - تەرەپتىن ئىشقا كىرىشىپ نىيازوفنى ماختاپ كۆككە كۆتۈردى، زۇڭتۇڭنىڭ ئۆزىمۇ «تۈركمەن باشى» دېگەن نامنى قوبۇل قىلدى. بىر مەھەل پۈتۈن مەملىكەتتە شەخسكە چوقۇنۇش شامىلى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈپ، نىيازوفنىڭ چوڭايتىلغان سۈرەتلىرى ئاشخابادنىڭ كوچىلىرىدىن كاسپىي دېڭىزىنىڭ بويىدىكى كىچىك قىشلاقلارغىچە ئېسىلدى. شۇ مەزگىللەردە سىز دېگەن ئاي ناملىرىنى باشقىدىن بېكىتىش توغرىلىق كۆپ گەپ - سۆزلەر بولۇنغان. ھەتتا زۇڭتۇڭ ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى ئاي ناملىرى قىلىپ قوللىنىش ھەققىدىكى تەكلىپلەرنىڭ پارلامېنتتا مۇزاكىرە قىلىنغانلىقى ھەققىدە گەپلەر بولۇندى. لېكىن كېيىنچە خەلقئارا جامائەت پىكرىنىڭ بېسىمى ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىنمىكىن، بۇ ئىشلار بىرئاز پەسكويغا چۈشكەندەك تۇرىدۇ.

پاراڭ بىلەن بولۇپ كېتىپ، ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ئۇقماي قاپتىمىز. ھەمراھىمىزنىڭ ماڭىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. بىز سوۋۇپ قالغان قەھۋەلىرىمىزنى ئىچىپ بولۇپ ئاشخانىدىن چىقتۇق. مەن ئۇنى پويىز ئىستانسىسىغا ئۆزىتىپ بارماقچى بولدۇم. ئۇ مېنى كوپېنھاگېنغا بېرىپ كۆرۈپ كېتىشكە تەكلىپ قىلدى ھەمدە ئۆزىنىڭ ئادرېس ۋە تېلېفون نومۇرلىرىنى بەردى. مەنمۇ ۋاقتىمنى مۆلچەرلەپ ئاندىن بېرىش - بارماسلىق ھەققىدە قارار قىلماقچى بولدۇم. مەنمۇ ئۇنى قىش ئۆتۈپ ياز كەلگەندە ستوكھولمغا بېرىپ ئويناپ كېلىشكە

تەكلىپ قىلدىم. شۇنداق قىلىپ ئىككى سائەت ئىلگىرى تونۇشقان ئوتتۇرا ئاسىيالىق بۇ تۈركمەن قېرىندىشىم بىلەن كۆزۈم قىيمىغان ھالدا ئايرىلدىم. پويىز مېڭىپ كەتكەندىن كېيىن ئەتراپىمدىكى دۇنياغا قايتىپ كەلدىم. ئەمدىلىكتە كۆز ئالدىمدا ئوتتۇرا ئاسىيا ئەمەس، بەلكى شىمالىي ياۋروپانىڭ كوچىلىرى، كۆك كۆز، سېرىق چاچ ئادەملىرى تۇراتتى. شۇندىلا ئانا تىلىمدىكى خىياللىرىمدىن ئويغىنىپ، ئىنگلىز تىلى تەپەككۇرىغا قايتىپ كېلىشىم كېرەكلىكىنى ھېس قىلدىم. گويا يېقىن ئادىمىمنى يوقىتىپ قويغاندەك، يۇرت مۇھەببىتىدىن ئويغانغان بىر ئىللىق ھېسسىيات تۇيۇقسىز غايىب بولۇپ قەلبىمدە بىر بوشلۇق قېپقالغاندەك كەيپىياتتا نەۋرە ئاچامنىڭ ئۆيىگە قايتتىم.

نەۋرە ئاچام بۈگۈن ئىشتىن بالدۇرلا قايتىپ كېلىپ تاماق ئېتىپ تۇرۇپتۇ، سەمەرجانمۇ يولۇمغا قاراپ ئولتۇرغانىكەن، مېنى كۆرۈپلا باشقىچە روھلىنىپ كەتتى.

— يولدىن ئېزىپ قېلىپ ئۆينى تاپالماي يۈرگەن ئوخشايدۇ دەپ بەكمۇ ئەنسىرىگەنىدۇق. سەمەرجان تېخى ھازىرلا ئالدىڭغا بېرىپ باقاي دەپ تۇراتتى، — دېدى نەۋرە ئاچام ماڭا قاراپ.

كەچلىك تاماققا ئولتۇردۇق، نەۋرە ئاچام بىرقانچە قورۇمىلارنى تەييارلىغان ئىكەن، ئىتالىيىنىڭ «پاستا» (چۆپ) لىرى بىلەن قوشۇپ، لەززەن قىلىپ يېدۇق. بۇ ماڭا ناھايىتى تەملىك تۇيۇلۇپ كەتتى. مەن ئۇلارغا بۈگۈن كوچا ئايلىنىۋېتىپ كىتابخانىدا بىر تۈركمەن بىلەن تونۇشۇپ قالغانلىقىمنى ھەمدە ئىككىمىزنىڭ ئارىلىقىدا بولغان قىسقىچە سۆھبەتنى ئۇلارغا سۆزلەپ بەردىم.

— يەنىلا ئۆزىمىزنىڭ كىشىلىرىمىز، ھېچبولمىغاندا ئورتاق بىر مەدەنىيەت چەمبىرىكىگە تەۋە كىشىلەر بۇ يەردە ئادەمنىڭ كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنىدىكەن! — دېدىم مەن ئۆز ھېسسىياتىمنى ئېيتىپ.

— مەن ھازىرقى ھېسسىياتىڭنى چۈشىنىمەن، — دېدى نەۋرە ئاچام گېپىمگە جاۋابەن، — ياۋروپاغا دەسلەپ كەلگەن ئۈچ ئاي ئىچىدە ھەرقانداق ئۇيغۇردا شۇنداق بىر ھېسسىيات بولىدۇ. مەندىمۇ بولغان، ھەتتا بۇ يەردىكى كۆچمەن ئەرەبلەر، تۈركلەر ۋە باشقا مۇسۇلمانلار كۆزۈمگە دانىيىلىكلەردىن ئىسسىقراق كۆرۈنگەن ئىدى. بۇ دەل دەسلەپكى ئۈچ ئايدا، يەنى ياۋروپاغا كۆنۈش باسقۇچىدا بولىدىغان ھېسسىيات ئىكەن. لېكىن مۇشۇ مەزگىل ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن كۆزقاراش ۋە ھېسسىياتىڭدىمۇ ئۆزگىرىش بولىدۇ. سەن دېگەن بىر ئوغۇل بالا، ھېسسىيات جەھەتتە تېخىمۇ قاتتىقراق ۋە تەمكىن بولۇشۇڭ كېرەك. بىز ھازىر ناھايىتى رېئال بىر دۇنيادا ياشاۋاتىمىز. ۋەتەندە كۆنۈپ قالغان بۇرۇنقى ئوي ـ خىياللىرىمىز ئەمدى بۇ يەرگە ماسلاشمايدۇ. شۇڭلاشقا بۇ يەردە ئۆزۈڭ ياشاۋاتقان دۆلەتتىكى ئاساسلىق مىللەتنىڭ تىلى ۋە مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىشىڭ، سىرتتىن كەلگەن كۆچمەنلەرنىڭ چەمبىرىكى ئىچىگە چۈشلىپ قالماسلىقىڭ كېرەك. مەن سېنىڭ ئەمدى خەلقئارا

مۇھىتتا تەرەققىي قىلىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن.

— گېپىڭىز توغرا، ئۆزىمىزنىڭ تار دائىرىسىدىن ھالقىپ چىقىپ خەلقئارا سەھنىگە يۈرۈش قىلىش مېنىڭمۇ نىشانىم. لېكىن سىز شۇغۇللىنىۋاتقان مېدىتسىنا ئىلمى بىلەن مەن شۇغۇللىنىۋاتقان گۇمانىتار ئىجتىمائىي پەنلەر ئوتتۇرىسىدا خېلىلا زور پەرق مەۋجۇت. تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتسام، مېنىڭ كەسپىم بىزنىڭ ئانا تۇپرىقىمىز ۋە شۇ تۇپراقتا ياشاۋاتقان خەلقىمىز بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن. شۇڭلاشقا ئۆز تۇپرىقىمىزدىن ۋە مىللىي مۇھىتىمىزدىن ئايرىلىپ تۇرۇپ بۇ ساھەدە زور ئىشلارنى قىلغىلى بولمايدۇ. ئەگەردە مەنمۇ سىزدەك پۈتكۈل خەلقئاراغا ئورتاق بولغان مېدىتسىنا ئىلمى بىلەن شۇغۇللانغان بولسام ياكى فىزىكا، خىمىيە، ماتېماتىكا دېگەندەك تەبىئىي پەنلەر بىلەن ھەپىلەشكەن بولسام، مەن ئۈچۈن دۇنيانىڭ ھەممە يېرى ئوخشاش ئىدى، قەيەردە شارائىت ياخشى بولسا شۇ يەردە ئىشلىسەم ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانسام بولىۋېرەتتى. لېكىن مېنىڭ قىزىقىشىم ۋە شۇغۇللىنىۋاتقان كەسپىمنىڭ ناھايىتى زور دەرىجىدە مىللىي ۋە مەھەللىۋى چەكلىمىلىكى بار. ئىنگلىزچىنى سۇدەك بىلىپ، ياۋروپادىكى چوڭ ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ئىشلىيەلىگەن تەقدىردىمۇ، لېكىن ئۆزۈم شۇغۇللىنىۋاتقان ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتىنىڭ تۇپرىقىدىن ئايرىلىپ قالسام ھېچنەرسىنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايمەن.

— مەن ئۇنداق قارىمايمەن، — دېدى نەۋرە ئاچام مېنى قايىل قىلىشقا تىرىشىپ، — ھېس قىلىشىمچە تېخىچە ئۇيغۇرچە ئەنئەنىۋى تەپەككۇرنىڭ سىرتمىقىدىن قۇتۇلالمايۋېتىپسەن. مەن بۇلارنى دەپ سېنى ئەيىبلىمەكچى ئەمەسمەن، لېكىن كۆزۈڭنى ئېچىپ ئەتراپىڭغا ئوبدان قاراپ باققىن، خەق نېمە ئويدا، بىز نېمە ئويدا. شۇغۇللىنىۋاتقان كەسپىڭ گەرچە بىزنىڭ ئانا يۇرتىمىز بىلەن بىۋاسىتە باغلىنىشلىق بولسىمۇ، لېكىن دۇنيانىڭ باشقا جايىدا تۇرۇپ بۇ كەسپنى تەتقىق قىلغىلى بولمايدۇ دەيدىغان گەپ بولمايدۇ. قېنى، دەپ باقە، ھازىرغىچە نېمىگە ئېرىشتىڭ؟ ئۆزۈڭ ئويلىغان ۋە قىلماقچى بولغان خىياللىرىڭنىڭ ھەممىسىنى قىلالىدىڭمۇ؟ سېنىڭ بۇ جەھەتتە دۇچ كېلىۋاتقان قىيىنچىلىقلىرىڭنى، دەرد - ئەلەمىڭنى ئوبدان بىلىمەن. مېنىڭچە، ساڭا ئەمدى يېتەرلىك، ئەمدى خەلقئاراغا يۈزلىنىدىغان، تېخىمۇ ياخشى ئىشلەش ۋە ياشاش شارائىتى بار جايلاردا تەرەققىي قىلىدىغان ۋاقتىڭ كەلدى. مانا مەن 44 كە كىردىم، لېكىن تەقدىرىمنى ئۆزگەرتىش نىشانىمدىن يانغىنىم يوق، مۇشۇ يېشىمدا دوكتورلۇقنى ئوقۇۋاتىمەن، سەن ئەمدىلا 30 دىن ئېشىپ چوڭلىرىمىزدەك بۇنداق ئېھتىياتچان بولۇپ كەتسەڭ بولمايدۇ. سېنىڭ ئورنۇڭدا مەن بولسام كەسكىنلىك بىلەن قارار چىقارغان، كەينىمگە بۇرۇلۇپ قاراپ دېلىغۇل بولمىغان بولاتتىم.

نەۋرە ئاچام بىلەن يەنە داۋاملىق تالاشقۇم كەلمىدى. چۈنكى مەن قانچىلىك

تىركەشمەي بەرىبىر ئۇنىڭ ئۆز قاراشلىرىدا چىڭ تۇرۇشى ئېنىق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مېنىڭ شۇغۇللىنىۋاتقان كەسپىم، قىزىقىشىم ۋە ئويلايدىغانلىرىم بىلەن ئۇنىڭ قاراشلىرى ئوتتۇرىسىدا چوڭ پەرقلەر بار ئىدى. شۇڭلاشقا گەپ تېمىسىنى باشقا تەرەپكە بۇراپ، بۇ ھەقتىكى تالاش ـ تارتىشلىرىمىزنى ۋاقتىنچە توختاتتۇق.

روژدېستۋو بايرىمى ئۆتۈپ يېڭى يىلغا بىرقانچە كۈنلا قالدى. نەۋرە ئاچامنىڭ تەجرىبىخانىدىكى ئىشلىرى تېخىمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتى. سەمەرجانمۇ مەكدونالد تاماقخانىسىدىن قىشلىق كانىكۇللۇق ئىش تاپقان ئىكەن، كۈندۈزدە ئىشقا كېتىدىغان بولدى. مەن ئارخۇس شەھىرىنى ئاساسىي جەھەتتىن كۆرۈپ بولغاچقا مۇشۇ بىرقانچە كۈن ئىچىدە سىرتقا چىقماي ئۆزۈم ستوكھولمدىكى خانلىق كۇتۇپخانىدىن ئارىيەتكە ئېلىشىپ كەلگەن فوربېسنىڭ «جۇڭگو ئوتتۇرا ئاسىياسىدىكى مۇسۇلمانلار ۋە مىلىتارىستلار» دېگەن ئىنگلىزچە كىتابىنى ئوقۇشقا كىرىشىپ كەتتىم.

كۈندۈزلىرى كىتاب ئوقۇپ كۆزۈم تالسا ئۆيدىن چىقىپ ئەتراپتىكى مەھەللىلەرنى ئايلاندىم. بۇ جاي دۇنيانىڭ تۈرلۈك مەملىكەتلىرىدىن كەلگەن خىلمۇخىل ئىرقتىكى كىشىلەر ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان كۆچمەنلەر رايونى ئىكەن. مۇشۇ رايوندا بىر ئاممىۋى كۇتۇپخانا بار ئىكەن، ئۇنىڭدا كۆپ خىل تىللاردا نەشر قىلىنغان زور مىقداردىكى كىتابلاردىن باشقا، يەنە گېزىتلەر مېنى قىزىقتۇردى. بۇ گېزىتلەرنىڭ ئىچىدە ئەرەبچە، پارسچە، تۈركچە تىللاردىكى گېزىتلەر بولۇپ، ھەر كۈنى ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن كۇتۇپخانىغا بېرىپ گېزىت ئوقۇيدىغان بولدۇم. «ساباھ» ناملىق تۈركچە گېزىت مېنى تولىمۇ قىزىقتۇردى.

نەۋرە ئاچامنىڭ ئۆيى بىلەن بىر تام قوشنا ئۆيدە بىر جۈپ ياشانغان ئەر ـ خوتۇن ياشايدىكەن. ئۇلارنىڭ چاچلىرى قاردەك ئاقارغان بولۇپ، قارىماققا موماي بىلەن بوۋاي ھەر ئىككىسىلا 80 ياشتىن ھالقىغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇلار سىرتقا كەمدىن ـ كەم چىقاتتى. مەن كۈندە ئەتىگەن دېرىزىنىڭ پەردىسىنى قايرىۋېتىپ، ئۇدۇلدىكى ئۆيدە موماي بىلەن بوۋاينىڭ دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ ئۈن ـ تىنسىز ئولتۇرغانلىقىنى كۆرەتتىم. كەچقۇرۇن سىرتتىن ئۆيگە كىرىۋېتىپ ئۇلارنىڭ يەنە دېرىزە ئالدىدا ئەتىگەن مەن كۆرگەن ھالەتتە ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ تېخىمۇ ھەيران قالاتتىم. بىر ھەپتىدىن بۇيان ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق بىر خىل ھالىتىنى كۆرۈپ كۆنۈپمۇ قالدىم ھەمدە ھەيرانلىقىممۇ ئاستا ـ ئاستا پەسكويغا چۈشتى. بىر كۈنى نەۋرە ئاچام ئىشتىن قايتىپ كەلگەندە مەن بۇ ئىشنى ئالايىتەن ئۇنىڭدىن سورىدىم.

ـــ شۋېتلارنى تەنھا ۋە يالغۇزچىلىقنى خالايدىغان سوغۇق قان خەلق ئىكەن دەپ يۈرسەم، دانىيىلىكلەر ئۇلاردىنمۇ ئۆتەر يالغۇز ياشامدۇ ـ نېمە؟ ئۇدۇلدىكى ئۆيدە بىر جۈپ بوۋاي ـ موماي ئەتىگەندىن كەچكىچە دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ خىيال

سورۇپ ئۆلتۈرىدىكەن، يا تالا ـ تۈزگە چىقمايدىكەن، ئۇلارنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆندە كۆرۈپ مىنىڭ ئىچىم پۇشۇپ كېتىۋاتىدۇ.

ــــ ھە، سەنمۇ دىققەت قىپسەن ـ دە! ــــ دېدى ئاچام كۈلۈپ تۇرۇپ، ــــ مەن بۇ ئۆيگە كۆچۈپ كەلگەن دەسلەپكى چاغلىرىمدا ئۇلارغا قاراپ ئىچىم پۇشقان، ھەتتا ئىچىممۇ ئاغرىغان. بىر كۈنى تاماق ئېتىپ كۆتۈرگەن پېتىم ئۇلارنىڭ ئىشىكىنى چەكتىم ھەمدە «مەن يېڭى كەلگەن قوشنىڭلار بولىمەن، مىنىڭ ياردىمىم لازىممۇ؟ تاماق ئەتكەنىدىم، سىلەرنى تېتىپ باقسۇن دەپ ئېلىپ كىردىم، تونۇشۇپ قالايلى» دېسەم، بوۋاي بىلەن موماي ماڭا تىكىلگىنىچە بىر ھازا قاراپ تۇردى ـ دە: «رەھمەت، ھاجىتى يوق، بىز ئۆزىمىزنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالايمىز، تاماقىڭىزنى قوبۇل قىلالمايمىز» دەيدۇ. كىرگىنىمگە پۇشايمان قىلىپ قايتىپ چىقتىم. شۇندىن كېيىن ئۇلار بىلەن كارىم بولمىدى. باللىرى ئايدا ـ يىلدا كېلىپ قويايمۇ دېمەيدۇ. بۇ خەق مانا مۇشۇنداق جاندىن ئۆتىدىغان يالغۇزچىلىق ئىچىدە كۈنىنى ئۆتكۈزىدىكەن. شۇڭا شىمالىي ياۋروپا دۆلەتلىرىدە روھىي كېسەلگە گىرىپتار بولىدىغانلار، ھەتتا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدىغانلارنىڭ نىسبىتى دۇنيادا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىكەن.

شۇ پاراڭلار بىلەن تۇرساق، سەمەرجان بىر ھاۋۋا گېزىتنى سۆرەپ كىرىپ كەلدى. ئەمدىلا 15ياشقا كىرگەن بۇ بالا دانىيىلىك بالىلارغا ئوخشاشلا مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرۈش روھىنى يېتىلدۈرگەن بولۇپ، ئادەتتە ھەپتىدە ئۈچ قېتىم گېزىت تارقىتىدىكەن. بۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ بىر ئايلىق ئۇششاق ـ چۈششەك خىراجىتىنى تېپىۋالىدىكەن. ھاۋۋىدىكى گېزىتلەرنى ئۆيگە توشۇدۇق. ئاندىن ھەر بىر پارچە گېزىتنىڭ ئارىلىقىغا ھەپتىلىك مال سېتىۋېلىش ئېلانلىرىنى قوشۇپ رەتلىگەندىن كېيىن، گېزىتلەرنى قايتىدىن ھاۋۋىغا بېسىپ تارقىتىشقا ئېلىپ ماڭدۇق. مەن سەمەرجانغا ياردەملىشىپ گېزىت تارقىتىشىپ بەرمەكچى بولدۇم. سەمەرجان مۇشۇ ئەتراپتىكى بىر ئائىلىلىكلەر رايونىنىڭ گېزىتلىرىنى تارقىتىش ۋەزىپىسىنى ئالغان ئىكەن، بىز گېزىتلەرنى ھەر بىر ئائىلىنىڭ خەت ساندۇقىغا ياكى ئىشىكلەردىكى گېزىت تاشلايدىغان تۆشۈككە سېلىپ ماڭدۇق. تەخمىنەن بىر يېرىم سائەتلەردىن كېيىن ھاۋۋىدىكى گېزىتلەرنى تارقىتىپ بولدۇق. پەمىمچە 100 دىن ئارتۇق ئۆيگە تارقاتقان بولساق كېرەك. ھەر ئىككىمىزلا ئالدىراش ئىشلىگەچكە چىلىق ـ چىلىق تەرلەپ كەتكەنىدۇق. ھاۋۋىنى سۆرەپ ئۆيگە قايتىپ كېلىۋېتىپ، ئۇرۇمچىدىكى ھەممە نەرسىسىنى ئاتا ـ ئانىسى تەييار قىلىپ بېرىدىغان، ھەتتا توي قىلىپ ئۆي ئايرىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ مائاشىنى يەتكۈزەلمەي ئاتا ـ ئانىسىغا تايىنىپ ياشايدىغان بىر قىسىم ياشلارنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم. سەمەرجان 15 ياشقا كىرگەن بىر بالا بولۇشىغا قارىماي ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل قاراشقا ئىگە، ھەرىكەتچان ۋە تىرىشچان بالا بولغانىدى. مەن شۇندىلا



AltunOq

غەربتە ئۆسۈپ يېتىلگەن باللارنىڭ مۇستەقىل ياشاش روھى ھەمدە ئىجادىيەت ئىقتىدارىنىڭ بالا ۋاقتىدىن باشلاپلا ئىجرا قىلىنىشقا باشلايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتىم.

يېڭى يىل يېتىپ كەلدى. بۇ مېنىڭ شىمالىي ياۋروپادا ئۆتكۈزىدىغان تۇنجى يېڭى يىلىم ئىدى، شۇنداقلا 35 يېشىمنىڭ باشلىنىشى ئىدى. ئەسلىدە بۇرۇنقى پىلانىم بويىچە يېڭى يىلنى كوپېنھاگېندا ياكى ئاندېرسوننىڭ يۇرتى، يەنى دانىيىنىڭ ئۈچىنچى چوڭ شەھىرى ئودېنسې (Odense) دە ئۆتكۈزگەچ كۆرۈپ كەلمەكچى بولغانىدىم. لېكىن سەمەرجان يېڭى يىلدا ئۈچ كۈنلۈك ۋاقىتلىق ئىش تېپىپتىكەن، مېنىڭ بىلەن بىللە يېڭى يىل ساياھىتى قىلىش پىلانى ئۆزگىرىپ قالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاۋا تۇيۇقسىز ئۆزگىرىپ جۇدۇن بولۇپ كەتكەچكە مەن ساياھەت پىلانىمدىن ۋاز كېچىپ، يېڭى يىلنى تونۇغانلىرىم بىلەن بىللە ئارخۇستا ئۆتكۈزمەكچى بولدۇم.

يېڭى يىلنىڭ ھارپا ئاخشىمى ھەممىمىز ھەر ياقتىن تونۇش قىلىپ، تۈرلۈك تائاملارنى تەييارلىدۇق. كوچا - كويلار ئاجايىپ قىزىپ كەتكەنىدى. كىچىك باللار تۈرلۈك رەڭلەردىكى سالىيوتلارنى ئاسمانغا قويۇپ بېرىپ، پۈتكۈل ئارخۇسنىڭ ئاتموسفېراسىنى رەڭگارەڭ تۈسكە كىرگۈزگەنىدى. بىز سەمەرجان بىلەن بىللە ئارخۇسنىڭ يېڭى يىل ھارپىسىدىكى گۈزەل ئاخشىمىنى كۆرۈش ئۈچۈن ۋېلسىپىت بىلەن شەھەر مەركىزى تەرەپكە يۈرۈپ كەتتۇق. لەپىلدەپ قار چۈشۈۋاتاتتى، شەھەر كوچىلىرى رەڭلىك چىراغلار بىلەن بېزەلگەن بولۇپ، شىمالىي ياۋروپانىڭ ئادەتتىكى كۈنلەردىكى ئۆلۈك جىمجىتلىقى بىلەن جاندىن ئۆتىدىغان غېرىبلىقى قاياقلارغىدۇر غايىب بولغانىدى.

كوچىلاردا ئاق تەنلىكلەر، ئافرىقىدىن كەلگەن قارا تەنلىك كۆچمەنلەر، غەربىي ئاسىيالىق ئەرەبلەر، ئىرانلىقلار، تۈركلەر، شەرقىي ئاسىيادىن كەلگەن ياپونلار، جۇڭگولۇقلار، كورىيىلىكلەر، ۋيېتناملىقلار، جەنۇبىي ئامېرىكىدىن كەلگەن ئىسپان قان تېپىدىن بولغان قوڭۇر تەنلىكلەر بولۇپ رەڭگارەڭ ئىرقتىكى كىشىلەر بىلەن تولغانىدى. شەھەرنىڭ شەرقىي گىرۋىكىدىكى دېڭىز بويى تېخىمۇ قىزىپ كەتكەن بولۇپ، يىراقتىن پوسما كىيگەن ئەر - ئاياللارنىڭ ئېغىز - بۇرۇنلىرىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئاپئاق ھورلار ھاۋاغا تىنىمسىز ئۆرلىمەكتە ئىدى. بەزىلەر قولىغا شامپان ياكى پىۋا بوتۇلكىلىرىنى كۆتۈرۈۋالغان بولۇپ، سوغۇققا قارىماي بىر - بىرى بىلەن رومكا سوقۇشتۇرۇپ ئۆز ئارا يېڭى يىلنى تەبرىكلەشمەكتە ئىدى. يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتۇق، ئوتتۇرا ياشلاردىكى بىر ئېگىز بويلۇق كىشى قولىدىكى ئەمدىلا ئېچىلغان شامپان بوتۇلكىسىنىڭ ئېغىزىنى ئاسمانغا قارىتىپ، پۇرقىراپ ئېتىلىپ چىقىۋاتقان شامپان كۆپۈكلىرىنى تاماشا قىلغاچ، بىزگە توۋلىدى:

—— ھەي، ئەپەندىلەر، يېڭى يىلىڭلارغا مۇبارەك بولسۇن! كېلىڭلار بىر

رومكىدىن شامپان ئىچىشەيلى!

— يېڭى يىلىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن! — دېدۇق بىزمۇ ئۇنىڭ ياخشى كۆڭلىگە جاۋابەن، — ئىلتىپاتىڭىزغا رەھمەت، قېنى، كۆتۈرەيلى!

ھېلىقى كىشى ئۇزاتقان رومكىنى ئېلىپ ئۇنىڭ رومكىسى بىلەن سوقۇشتۇردۇم. مۇزدەك شامپان ئىچىمگە كىرىشى بىلەن تەڭ تېنىمگە تىترەك ئولىشىپ، تومۇرلىرىمدىكى قانلار غۇيۇلداپ كەتكەندەك ھېس قىلدىم. ئەتراپىمىزدا بىزگە ئوخشاش رومكا سوقۇشتۇرۇۋاتقان ناتونۇش كىشىلەرنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈپ، شىمالىي ياۋروپالىقلارنىڭ يېڭى يىلدىكى ئادەتتىن تاشقىرى قىزغىنلىقىغا ھەيران قالدىم. شەھەر مەركىزىدىكى ھەيۋەتلىك چىركاۋ جايلاشقان كەڭرى مەيداندىن ئېتىلىۋاتقان غايەت زور ساليوتلار ئاسمان بوشلۇقىنى يېرىپ ئۆتۈپ، تارام ـ تارام پارچىلانغاندىن كېيىن، گويا زېمىنغا قاراپ ئېقىۋاتقان رەڭدار چېچەكلەردەك گۈزەل كۆرۈنۈشلەرنى ھاسىل قىلاتتى.

مەن ئارخۇسنىڭ تار كوچىلىرىدىكى رەڭدار چىراغلار جىمىرلاپ تۇرغان مەنزىرىلەر ئىچىدە كېتىۋېتىپ، ئاندېرسوننىڭ «سەرەڭگە ساتقۇچى قىزچاق» ناملىق ھېكايىسىنى ئويلاپ قالدىم. بۇ مەشھۇر ھېكايىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى دەل بۇنىڭدىن 100 يىللار ئىلگىرىكى دانىيىنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقىدىن ئېلىنغانىدى. دەل مۇشۇ مىنۇتلاردا كۆز ئالدىمدىكى چىراغلار جىمىرلاپ تۇرغان كوچا بىردىنلا قاراڭغۇلۇققا ئايلاندى. تۆت ئات قوشۇلغان پەيتونلار ئۇيياقتىن ـ بۇياققا غۇيۇلداپ ئۆتمەكتە ئىدى. ھاۋا سوغۇق، لەپىلدەپ قار ياغماقتا، قەيەرلەردىندۇر توڭلاپ ئاچ قالغان بىر ئىت غىڭشىغىنىچە قۇيرۇقىنى ئىككى تەرەپكە قىيسايتىپ چىقىپ كەلدى. كىيىملىرى يېپىنىڭ، سوغۇقتىن توڭلاپ تاتىرىپ كەتكەن بىر قىزچاق كوچا بويلاپ ئاستا كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ سارغۇچ بۇدۇر چاچلىرى يەلكىلىرىگە چۈشۈپ تۇراتتى. تېشىلىپ كەتكەن ئايىغىنىڭ ئىچىگە سۇ كىرىپ كەتكەچكىمىكىن، قىزچاق تولىمۇ قىينىلىپ كېتىۋاتاتتى. كوچا قاراڭغۇ، ئادەمسىز بولۇپ قىزچاقنىڭ قولىدىكى بىر بولاق سەرەڭگىنى سېتىۋالىدىغان ئادەم چىقمىدى. سوغۇقتىن قىزچاقنىڭ چىرايلىرى كۆكىرىپ، چىشلىرى كاسىلداپ تىترەپ كەتتى. ئۇ كىچىككىنە قوللىرى بىلەن بىر تال سەرەڭگىنى ياندۇردى، سەرەڭگە بىر دەقىقە يورۇپلا كۆيۈپ تۈگىدى، قىز يەنە بىرتالنى ياندۇردى، ئۇمۇ ئۆچتى، ئاخىرى قىز قولىدىكى بىر قاپ سەرەڭگىنى يىرتىپ، ئۇنىڭدىن بىر تۇتامنى بىراقلا ياندۇردى، ئەتراپ بىراقلا يورۇپ كەتتى، قىزمۇ بىر تۇتام سەرەڭگىنىڭ ئىسسىقىدا بەدىنىنىڭ ئاستا ـ ئاستا ئىسسىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. شۇ ئەسنادا قىز ئاقۇچ بۇلۇتلار ئارىسىدىن ئاپئاق چاچلىق مومىسىنىڭ ئىككى قولىنى سوزۇپ ئۆزىنى چاقىرىۋاتقانلىقىنى كۆردى. تۇۋا، قىز ھەممىدىن ياخشى كۆرىدىغان مېھرىبان مومىسى ئۆلۈپ كەتكىلى بىرقانچە يىللار بولغان

ئەمەسمىدى!؟ قىز خۇشاللىقىدا يەنە بىر تۇتام سەرەڭگىنى ياندۇردى. ئۇ بۇ قېتىم كۆكتە تۇرۇپ ئۆزىنى چاقىرىۋاتقان موممىسىنى تېخىمۇ ئېنىق كۆردى. ۋارقىرىماقچى بولدى ــ بۇ، ئاۋازى بوغۇزىغا تىقىلىپ ئۈن چىقىرالمىدى. ئەمما قانداقتۇر بىر كۈچنىڭ تۈرتكىسىدە ئۆزىنىڭ يەر يۈزىدىن كۆتۈرۈلۈپ بوشلۇقتا ئۇچۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ئەتراپىدا ئاقۇچ تۇمانلارنىڭ لەيلەپ تۇرغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ موممىسىنىڭ قۇچىقىغا بارغانسېرى يېقىنلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى...

ــــ ئەسسەت ئاكا، قارىغىنا، ئاسماندىكى ساليوتلارغا! يېڭى يىل سىگنالى چېلىنىشقا 10 مىنۇتلا قاپتۇ.

سەمەرجاننىڭ يېڭىمنى تارتىپ تۇرۇپ ئېيتقان سۆزى مېنى خىياللىرىمدىن ئويغاتتى. مەن چۆچۈپ ئەتراپىمغا قارىدىم. كوچىدىكى كىشىلەر قىيا ــ چىيا قىلىشىپ، ئاسمانغا ھەدەپ ساليۇتلارنى قويۇپ بەرمەكتە ئىدى. سەرەڭگە ساتقۇچى قىزنىڭ بىردىنلا كۆز ئالدىمدىن غايىب بولۇپ، كۆككە ئۇچۇپ كەتكەنلىكىنى، مەن مېڭىۋاتقان بۇ كوچىنىڭ 100 يىللار بۇرۇنقى ئاندېرسوننىڭ قەلىمى ئاستىدىن بۈگۈنكى رېئاللىققا قايتىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

يېڭى يىل قوڭغۇرىقى چېلىندى. رەڭگارەڭ ساليۇتلار ئاسمان گۈمبىزىنى غايەت زور گۈلچەمبىرەككە ئايلاندۇردى. كوچىلاردىكى كىشىلەرنىڭ كەيپىياتى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى. مەن شۇ دەقىقىلەردە ئاتلانتىك ئوكيان بويىدىكى بۇ قەدىمىي شەھەردە تۇرلۇك ئىرقتىكى كىشىلەرنىڭ بىر ــ بىرىنى چىڭ قۇچاقلىشىپ تارىخنىڭ مىلادىيە 2004 ــ يىلىغا قەدەم قويغانلىقىنى تەبرىكلىشىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزۈمنىڭمۇ مۇشۇ كىشىلەر توپىغا قوشۇلۇپ ھاياتىمنىڭ 35 ــ يىلىنى كۈتۈۋالغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

سەككىزىنچى باب

# مەركىزىي ئاسىيا بىلەن شىمالىي ياۋروپانىڭ تارىخىي دىئالوگى

يېڭى يىلنىڭ 3 ـ كۈنى دانىيىدىكى ئىككى ھەپتىلىك سەپىرىمنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ستوكھولمغا قايتىپ كەلدىم. شۋېتسىيىدە ھاۋا ئېخىمۇ سوۋۇپ كەتكەنىدى. كۈندۈزلىرى ئالدىراش ئىشلىسەممۇ ھەر كەچقۇرۇن ھېنرىكسدال ئېغىدىكى ئۆيۈمگە قايتىپ كەلگەندە ھامان بىر خىل قۇتۇلغىلى بولمايدىغان يالغۇزچىلىقنى ھېس قىلماقتا ئىدىم. يانۋارنىڭ 8 ـ كۈنى قىشلىق كانىكۇل ۋاقتى ئاخىرلىشىپ، ئۇنىۋېرسىتېتتا رەسمىي ئوقۇش باشلاندى. مەنمۇ ئىلگىرىكىدەكلا نورمال خىزمىتىمنى باشلىدىم.

گۇننار ياررىڭنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا كۇتۇپخانىسىغا قالدۇرغان زور ھەجىمدىكى ئۇيغۇرچە ۋە باشقا تۈركىي تىللىرىدىكى كىتاب ـ ماتېرىياللىرىنىڭ كاتالوگىنى ئىشلەپ تۈگەتكەن بولساممۇ، لېكىن ئۇنىڭ رەتلەشكە تېگىشلىك باشقا ماتېرىياللىرى تېخى ئالدىمدا دۆۋىلىنىپ تۇراتتى. بىرگىت خانىم ماڭا مارت ئېيىدىن باشلاپ ئۆتۈلىدىغان «ئۆزبېك تىلىدا گەپىرىش (سۆزلىشىش)» دەرسىمنى باشلاشتىن بۇرۇن گۇننار ياررىڭنىڭ باشقا شەخسىي ماتېرىياللىرىنى رەتلەپ بېرىشىمنى ئۆتۈندى. شۇنداق قىلىپ بۇ كۆڭۈللۈك ھەم ئىنچىكە ئىشقا تۇتۇش قىلدىم.

نەچچە ئون ساندۇققا قاچىلانغان بۇ شەخسىي ماتېرىياللار ئىچىدە، گۇننار ياررىڭنىڭ تۇرلۇك گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىغان ماقالە ۋە ئەسەرلىرىنىڭ ئەسلىي نۇسخىلىرى، باشقىلار بىلەن يېزىشقان خەت ـ چەكلىرى، نۇرغۇن ئۇنىۋېرسىتېتلار ۋە تەتقىقات ئورۇنلىرىدا سۆزلىگەن نۇتۇقلىرىنىڭ تېكىستلىرى، شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر ھەر خىل تىللاردا ئېلان قىلىنغان تەكشۈرۈش دوكلاتلىرى، فوتو سۈرەتلەر، سىزما رەسىملەر ھەمدە بىر قىسىم يىغما بۇيۇملار بار ئىدى. مۇشۇ ماتېرىياللارنى رەتلەۋېتىپ قولۇمغا شۋېتسىيە بىلەن مەركىزىي ئاسىيانىڭ 18ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى تارىخىي ۋە مەدەنىيەت ئالاقىلىرىغا دائىر بىرقانچە پارچە ماتېرىيال چىقىپ قالدى. مەن ئىش ئارىلىقىدا بۇ ماتېرىياللارنى زور قىزىقىش بىلەن ئوقۇپ چىقتىم. گۇننار ياررىڭنىڭمۇ بۇ ھەقتە يازغان بىرقانچە پارچە ماقالىسىنى كۆرۈپ چىقتىم. كېيىن خانلىق كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتقان

18 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى شۋېتسىيە تارىخىغا دائىر تارىخىي ھۆججەتلەر ئىچىدىن بۇنىڭغا دائىر بەزى بايانلارنى كۆرۈپ چىقىپ، تېخىمۇ ئىشەنچلىك ئۇچۇرغا ئېرىشتىم. شۇڭا بۇ يەردە ئۆزۈم ئېرىشكەن بۇ تارىخىي ئۇچۇرلارنى ئوقۇرمەنلەرگە يەتكۈزۈشنى باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتىم دەپ قارىدىم.

مەشھۇر دىپلومات، دۇنياغا داڭلىق تۈركولوگ گۇننار ياررىڭ شۋېتسىيىلىكلەر بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى تارىخىي مۇناسىۋەت ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن ئىدى: «شىمالىي ياۋروپادىكى بىر كىچىك دۆلەت بىلەن جۇڭگونىڭ يىراق غەربىي قىسمىدىكى ئۆزاقىچە بېكىنمە ھالەتتە تۇرغان ئەڭ چوڭ ئاپتونوم رايونى ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى يېقىن مۇناسىۋەتلەرنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقى كىشىلەرنى تەئەججۈپلەندۈرۈشى مۇمكىن. ۋەھالەنكى، بۇ بىر تارىخىي رېئاللىق. بۇ خىل مۇناسىۋەتلەر ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلۇشتىن خېلى مەزگىللەر ئىلگىرىلا باشلانغان.»[10]

ياۋروپادا 18 ـ ئەسىردىن بۇيان يېزىلغان ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر بەزى كىتابلاردا شۋېتسىيە بىلەن تارىم ئويمانلىقىدىكى قەدىمىي شەھەر قەشقەر ئوتتۇرىسىدا بىر خىل رىۋايەت تۈسىنى ئالغان سىرلىق مۇناسىۋەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى ھەققىدە خاتىرىلەر ئۇچرايدۇ. بۇ خاتىرىلەرنىڭ قانچىلىك ئىلمىي ئاساسى بارلىقىغا تېخى ھېچكىم ئېنىق بىرنەرسە دېيەلمىسىمۇ، لېكىن بىزنىڭ دىققىتىمىزنى تارتىدۇ، ئەلۋەتتە. 1710 ـ يىلى فرانسىيە شەرقشۇناسى پېتىس دېلا كروكس (Petis Dela Croix) «چىڭگىزخاننىڭ تارىخى» ناملىق ئەسىرىنى ئېلان قىلىدۇ. 1772 ـ يىلى مەزكۇر ئەسەرنىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسى نەشر قىلىنىدۇ. كىتابتا كروكس ماركو پولونىڭ ئۆز دەۋرىدە قەشقەرنى زىيارەت قىلغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ ھەمدە كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان مۇنداق بىر يەكۈننى ئوتتۇرىغا قويىدۇ: «شۋېتلارنىڭ ئەجدادلىرى يىراق مەركىزىي ئاسىيادىكى قەشقەرىيىدىن كەلگەن.»[11] مايور تود 19 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرى ھىندىستاندىكى راجىستانلىقلار ھەققىدە بىر كىتاب نەشر قىلغان. ئۇ بۇ كىتابىدا قەدىمكى سكاندىناۋىيىلىكلەر بىلەن راجىستانلىقلارنىڭ تارىخىي مۇناسىۋەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى شەرھلىگەن. لېكىن سىر ھېنرى يۇل (Sir Henry Yule) ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى ماقالىسىدا يۇقىرىقى قاراشلارغا رەددىيە بېرىپ، قەشقەرنى شۋېتلارنىڭ

[10] Gunnar Jarring, *The Uyghurs of Xinjiang: Their Place in Swedish History and Research*, *Journal of Institute of Muslim Minority Affairs*, Vol. 12: 1, Jan., 1991, pp. 105 − 113

[11] Gunnar Jarring, *Swedish relations with Central Asia and Swedish central Asian Research, Asian Affairs, No. 61*, London, 1977;

贡纳尔·雅林：《瑞典与中亚的关系及瑞典的中亚研究》，《重返喀什噶尔》，新疆人民出版社，乌鲁木齐，1999

قەدىمكى يۇرتى دېيىش ئەمەلىيەتتە «جۇيلۇگەنلىك» دېگەن.[12] بىز ئەگەر فرانسۇز ئالىمى كروكسىنىڭ «چىڭگىزخاننىڭ تارىخى» ھەققىدىكى كىتابىنى يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ كۆرۈپ چىقساق، يۇقىرىقى قاراشنىڭ ئەمەلىيەتتە شۋېتسىيە شەرقشۇناسى يوھان گابرىيېل سپارۋېنفېلد (Johan Gabriel Sparwenfeldt) تىن كەلگەنلىكىنى بايقايمىز. كروكسىنىڭ خاتىرىسىگە قارىغاندا، ئۇ 1691 ـ يىلى پارىژدا سپارۋېنفېلد بىلەن يۈز كۆرۈشكەن. دەل مۇشۇ كىشى ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ شۋېتسىيىنىڭ بىر قەدىمكى تارىخنامىسىنى ئوقۇغانلىقى، ئۇنىڭدا يىراق قەدىمكى زاماندا مەركىزىي ئاسىيادا گوتلار دەپ ئاتالغان بىر قوۋمنىڭ قەشقەردىن يولغا چىقىپ، ئۆزلىرىنىڭ قەھرىمانى ئودېن (Oden) نىڭ باشچىلىقىدا ئەڭ ئاخىرى سكاندىناۋىيە يېرىم ئارىلىغا يېتىپ بارغانلىقى بايان قىلىنغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەن. سپارۋېنفېلد يەنە سكاندىناۋىيىلىكلەرنىڭ ئىلاھىي قەھرىمانى ئودېننىڭ شەرقتىكى تۈركلەر يۇرتىدىن كەلگەنلىكى، يۇنان رىۋايەتلىرىدىكى ترويا شەھىرىنىڭ تۈركلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالغان. 1764 ـ يىلىغا بارغاندا شۋېتسىيىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇنىۋېرسىتېت شەھىرى لۇندتا پروفېسسور سۋېن لاگېربرىڭ (Sven Lagerbring) بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلىپ، شۋېت تىلىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىرى بىلەن مەلۇم باغلىنىشقا ئىگە ئىكەنلىكىنى، يەنى سكاندىناۋىيە رىۋايەتلىرىدىكى ئىلاھىي قەھرىمان ئودېننىڭ ئاسىيادىن ئۆزى بىلەن بىللە تۈركىي تىللىرىنىڭ بىر قىسىم قەدىمىي سۆزلىرىنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى، بۇ سۆزلەرنىڭ كېيىنكى دەۋرلەردە سكاندىناۋىيە تىللىرىنىڭ شەكىللىنىشىدە مەلۇم تەسىرى بارلىقىنى بايان قىلغان.[13] ئەگەردە مۇشۇ قاراشلارنىڭ مەلۇم ئىلمىي ئاساسى بار دەپ قارايدىغان بولساق، ئۇ چاغدا تارىختا ئۇزاق مەزگىل شۋېتسىيىنىڭ ھامىيلىقىدا تۇرۇپ كەلگەن شىمالىي ياۋروپادىكى فىنلاندىيىنىڭ ئىككىنچى چوڭ شەھىرىنىڭ «تۇركو» (Turko) دېگەن نامىنىڭ تاسادىپىي ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىمىز.

ياۋروپانىڭ يېقىنقى زامان تارىخى خاتىرىلىرىدە ئۇچرايدىغان يۇقىرىقى كۆزقاراشلار كېيىنچە ئىلىم ساھەسىدە بىر مەزگىل تالاش ـ تارتىش قىلىنىپ، تەدرىجىي پەسكويغا چۈشۈپ قالغان. گۇننار ياررىڭمۇ بۇ ھەقتە توختىلىپ، «بىز قەدىمكى سكاندىناۋىيىنىڭ ئېپوسلار دەۋرىدە تىلغا ئېلىنغان شۋېتسىيە بىلەن مەركىزىي ئاسىيانىڭ زىچ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى رىۋايەتلىرى قايىنىمىدىن ئويغىنىپ رېئاللىققا قايتىپ كەلگىنىمىزدە، شۋېتسىيە بىلەن مەركىزىي ئاسىيانىڭ رېئال تارىخىي مۇناسىۋەتلىرىنىڭ شۋېتسىيە يېقىنقى زامان تارىخىدىكى ئەڭ ئاپەتلىك يىللاردا باشلانغانلىقىنى كۆرىمىز» دەيدۇ.[14]

[12] Gunnar Jarring, ibid.
[13] Gunnar Jarring, ibid.
[14] Gunnar Jarring, ibid.

دەرۋەقە، شۋېتسىيىلىكلەر بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدا 18 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپلا رېئال تارىخىي مۇناسىۋەتلەر باشلانغان. 1709 ـ يىلى شۋېتسىيە پادىشاھى چارلىس XII نىڭ ئارمىيىسى پولتاۋا ئۇرۇشىدا رۇسىيە ئارمىيىسى تەرىپىدىن قاتتىق مەغلۇپ بولىدۇ. شۇ ۋاقىتقا قەدەر شۋېتسىيە شىمالىي ياۋروپادىكى قۇدرەتلىك دۆلەت بولۇپ، ھازىرقى نورۋېگىيە، فىنلاندىيە، دانىيىنىڭ بىر قىسمى، ئېستونىيە، لاتۋىيە، لىتۋا ۋە رۇسىيىنىڭ بىر قىسىم زېمىنلىرى شۋېتسىيىگە تەۋە بولغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە شۋېت ئارمىيىسىنىڭ ياۋروپادا بولغان جەڭلەردە «يېڭىلمەس ئارمىيە» دېگەن نامى بولۇپ، كېڭەيمىچىلىك دەۋرىگە كىرگەن رۇس ئارمىيىسى بىلەن شىمالىي ياۋروپانىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلىرىنى تالىشىشتا تىركىشىش ھالىتىدە تۇرۇۋاتاتتى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا شۋېت ئارمىيىسى قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ، ئاپئاسىي كۈچى پۈتۈن سەپ بويىچە يىمىرىلىدۇ. 14 مىڭدىن ئارتۇق شۋېتسىيە ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلىرى رۇسىيىلىكلەر تەرىپىدىن ئەسىرگە ئېلىنىدۇ. ئۇرۇشتىن كېيىن ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى رۇسىيىنىڭ يېڭىدىن ئېچىلىۋاتقان سىبىرىيە رايونىغا سۈرگۈن قىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر قىسىملىرى رۇسىيە ئارمىيىسىگە قاتنىشىپ چېگرا رايونلاردا ھەربىي خىزمەت ئۆتەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا جىددىي كېڭەيمىچىلىك دەۋرىگە كىرگەن چاررۇسىيە ئىمپېرىيىسى ئوردا مالىيىسىنى تولۇقلاش ئۈچۈن جەنۇبىي سىبىرىيە ۋە ئالتاي تاغلىرى ئەتراپىدىكى ئالتۇن كانلارنى ئېچىپ پايدىلىنىش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تېخنىكا جەھەتتىن رۇسلاردىن كۆپ ئۈستۈن بولغان شۋېت ئۇرۇش ئەسىرلىرىدىن پايدىلانماقچى بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم شۋېت ئوفىتسېرلىرى رۇسلار تەرىپىدىن تەشكىللەنگەن ئېكسپېدىتسىيە ئۆمىكىگە قاتنىشىپ، ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى جۇڭغارىيە ئويمانلىقىغا قوۋم ئالتۇن كانى ئاپقىلى ئەۋەتىلىدۇ.

ۋەھالەنكى، بۇ ئېكسپېدىتسىيە ئۆمىكى ئۆز دەۋرىدە شىمالىي شىنجاڭغا پاراكەندىچىلىك سېلىۋاتقان جۇڭغار قالماقلىرى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىدۇ. قالماقلار ئۇلارنى ئىلى ۋادىسىدىكى ئۆزلىرىنىڭ مەركىزىي قارارگاھىغا ئېلىپ بارىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىلگىرى شۋېتسىيە ئارمىيىسىدە توپچى قىسىملارنىڭ قوماندانى بولغان مايور يوھان گۇستاف رېنات (1682 — 1744 ,Johan Gustaf Renat) مۇ بار بولۇپ، ئۇ رۇسلارنىڭ بۇ قېتىمقى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىگە باش تېخنىك بولۇپ كەلگەنىدى. جۇڭغار قالماقلىرى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنغانلارنىڭ ئىچىدە يەنە مايور رېناتنىڭ ئايالى، توقۇمىچىلىق تېخنىكىسىنى ياخشى بىلىدىغان برىگىتتا شېرزېنفېلت خانىم (1684 — 1735 ,Brigitta Scherzenfeldt) مۇ بار ئىدى. تۇتقۇنلار ئىلىدىكى جۇڭغار قالماقلىرىنىڭ باش قارارگاھىغا ئېلىپ بېرىلغاندىن

كېيىن، مايور رېنات ۋە ئۇنىڭ ئايالى ئۆزلىرىنىڭ ھەربىي ھەمدە تېخنىكا جەھەتتىكى قابىلىيىتى سەۋەبىدىن قالماق خاننىڭ نەزىرىگە چۈشىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ ئىلىدىكى ئۇزاققا سوزۇلغان يېڭى تۇتقۇنلۇق ھاياتى باشلىنىدۇ. مايور رېنات ئىلىدا تۇرۇپ قالماقلار ئۈچۈن شۋېتسىيىنىڭ ھەربىي تېخنىكىسىنى نامايىش قىلىدۇ ھەمدە زەمبىرەك ياساپ سىناق قىلىپ جۇڭغار قالماقلىرىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئۇز دەۋرىدە شۇنچە كۆپ زېمىنلارنى بېسىۋالغان، يەركەننى مەركەز قىلغان سەئىدىيە خانلىقىنى مۇنقەرز قىلغان جۇڭغار قالماقلىرىنىڭ ئۇرۇشتا ئىشلىتىدىغان زەمبىرەكنى تېخى بىرىنچى قېتىم كۆرۈشى ئىدى.

رېناتنىڭ ئايالى بىرگىتتا خانىم توقۇمىچىلىق ۋە تىكىمچىلىك جەھەتتىكى ئۇستا ماھارىتى بىلەن قالماق خاننىڭ قارارگاھىدىكى خاتۇن ۋە مەلىكىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدۇ. شۇ يىللىرى ئىلىدىكى جۇڭغار قالماقلىرىنىڭ شاھزادىسى يەركەن بېگىنىڭ قىزىنى ئەمرىگە ئالماقچى بولىدۇ. بىرگىتتا خانىم قالماق خاننىڭ پەرمانى بىلەن شاھزادىنىڭ يەركەن بېگىنىڭ قىزى بىلەن بولىدىغان توينى كۆچۈرۈپ كېلىش ۋەزىپىسىگە تەيىنلىنىپ ئىلىدىن يەركەنگە بارىدۇ. بۇ 1720 ـ يىللاردىكى ۋەقە بولۇپ، بىرگىتتا خانىم تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى ئۇيغۇرلار يۇرتىنى زىيارەت قىلغان تۇنجى ياۋروپالىق (جۈملىدىن شۋېتسىيىلىك) ئايال ھېسابلىنىدۇ[15].

شۇ قېتىمقى يەركەن سەپىرى بىرگىتتا خانىمدا چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرىدۇ. ئۇ بۇ جەرياندا موڭغۇل ۋە ئۇيغۇر تىللىرىنى پۇختا ئىگىلىۋالىدۇ. بولۇپمۇ يەركەننىڭ يىپەك توقۇلما بۇيۇملىرى ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. يەركەن بېگىنىڭ قىزىنى شاھزادىگە قوشۇپ ئىلىغا يولغا سالغاندىن كېيىن، بىرگىتتا خانىم قالماق خاننىڭ رۇخسىتى بىلەن يەركەندە بىر مەزگىل تۇرۇپ قالىدۇ. ئۇ پىلە قۇرتىدىن مەشۇت يىپ چىقىرىش ھەمدە ئەتلەس ۋە باشقا يىپەك توقۇلمىلارنى توقۇش ئۇسۇلىنى پۇختا ئۆگىنىدۇ. ئاندىن يىپەك توقۇمىچىلىق تېخنىمۇ تەرەققىي قىلغان خوتەنگە بېرىپ بىر مەزگىل تۇرىدۇ. ئۈچ ئايدىن كېيىن بىرگىتتا خانىم خوتەندىن يىپەك رەخت ۋە گىلەم توقۇيالايدىغان نەچچە ئون ئۇيغۇر قىز ـ يىگىتنى ئېلىپ ئىلىغا قايتىدۇ.

رېنات ۋە ئۇنىڭ ئايالى بىرگىتتا خانىم ئىلىدىكى 17 يىللىق تۇتقۇنلۇق ھاياتىدىن كېيىن، يەنى 1733 ـ يىلى شۋېتسىيىگە قايتىش پۇرسىتىگە ئېرىشىدۇ. بۇ ۋاقىتتا قېرى خان ئۆلۈپ ئۇنىڭ ئورنىغا شاھزادە جۇڭغار قالماقلىرىنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلغانىدى. يېڭىدىن تەختكە چىققان خان ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە قىلغان ئۇزۇن يىللىق خىزمىتى ۋە ساداقىتى ئۈچۈن ئۇلارغا ھۆرلۈك بېرىدۇ ھەمدە نۇرغۇن قىممەتلىك سوۋغا ـ سالاملار بىلەن يولغا سالىدۇ.

---

[15] Gunnar Jarring, ibid

قايتمش سەپىرىدە ئۇلار قالماق خانىنىڭ رۇخسىتى بىلەن يىپەك توقۇيالايدىغان خوتەنلىك ئون نەچچە ئۇيغۇر خىزمەتكارنى ئۆزلىرى بىللە شىۋېتسىيىگە ئېلىپ قايتىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلىك ۋەتىنىگە قايتىش سەپىرى باشلىنىدۇ. ئەپسۇسكى، ئۇلار ئىلىدىن ئايرىلىپ رۇسىيە تەۋەسىگە يېتىپ بارغاندا يەنە رۇسلارنىڭ تۇتقۇن قىلىشىغا ئۇچراپ رۇسىيىدە بىرقانچە يىل تۇرۇپ قېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۇزۇن ۋە جاپالىق قايتىش سەپىرىدە بۇ خىزمەتكارلارنىڭ كۆپ قىسمى كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كېتىدۇ. 1737 ـ يىلى ئۇلار مىڭ بىر جاپا ـ مۇشەققەتلەر ئىچىدە ئاخىرى ھايات قالغان ئۈچ نەپەر خوتەنلىك خىزمەتكار قىزلارنى ئېلىپ ستوكھولمغا يېتىپ بارىدۇ. ئۆز دەۋرىدىكى شىۋېتسىيە تارىخ ماتېرىياللىرى ۋە ئارخىپلىرىدا بۇ ئۈچ نەپەر ئۇيغۇر قىز Cottonske Esclavar دەپ خاتىرىلەنگەن بولۇپ، گۇننار ياررىڭ بۇنى «خوتەنلىك دىبەدەك قىزلار» دەپ ئىزاھلايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئۈچ قىزنىڭ ئىسىملىرى ئۇيغۇرچە بولۇپ، ئۆز دەۋرىدىكى شىۋېتچە ئارخىپلاردا «ئالتۇنقىز»(Altunkiz)، «يامانقىز»(Yamankiz) ۋە «سارە»(Sara) دەپ خاتىرىگە ئېلىنغان. ئۇلار ستوكھولمغا ئېلىپ بېرىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا چېركاۋدا چوقۇندۇرۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، ھەممىسىگە شىۋېتچە ئىسىم قويۇلىدۇ. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئۇلارنىڭ كېيىنكى ھاياتى ھەققىدە شىۋېت ئارخىپلىرىدا ھېچقانداق مەلۇماتلار قالدۇرۇلمىغان.[16] نېمىلا بولمىسۇن، بۇ ئۈچ نەپەر قىز 18 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدا تارىم ئويمانلىقىدىن شىۋېتسىيىگە يېتىپ بارغان تۇنجى ئۇيغۇرلار ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدىن 250 يىللار ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن بىر تۈركۈم ئۇيغۇر كۆچمەنلەر ۋە ئوقۇغۇچىلار شىمالىي ياۋروپادىكى بۇ دۆلەتتە پەيدا بولۇشقا باشلىغان.[17]

تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، مايور رېنات قايتىشىدا ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ تۇنجى خەرىتىسىنى ئۆزى بىللە شىۋېتسىيىگە ئېلىپ كەلگەنلىكى مەلۇم. ھازىر بۇ خەرىتە ئۇپسالا ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا. بۇ خەرىتە ھازىرغا قەدەر مۇھىم قىممەتكە ئىگە بولۇپ، شىۋېتسىيىلىكلەر ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ياۋروپالىقلارغا نىسبەتەنمۇ مەركىزىي ئاسىيا ھەققىدە ئېرىشكەن ئەڭ دەسلەپكى خەرىتىلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدىكەن .

---

[16] Gunnar Jarring, A Swedish lady at the southern Silk Road in the early $18^{th}$ century, *Türk Kültürü Araštirmalari*, Ankara □iversitesi Basimevi, Ankara, 1986

[17] كۆزىتىشلەرگە قارىغاندا، ئۇيغۇرلار 1990 ـ يىللاردىن باشلاپ شىۋېتسىيىگە كۆچمەن سۈپىتىدە كېلىشكە باشلىغان، ھازىرغا قەدەر شىۋېتسىيىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا 350 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر ئائىلىلىرى ياشىماقتا ئىكەن. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدىن كېلىپ ئولتۇراقلاشقانلار ئىكەن. شىنجاڭدىن كەلگەن ئاز بىر قىسىم ئۇيغۇر كۆچمەنلەر ۋە ئوقۇغۇچىلارمۇ بار ئىكەن.

شۇ دەۋرلەردىكى يەنە بىر شۋېتسىيىلىك ئورۇش ئەسىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى ئىزدىنىشىمۇ بىزنىڭ دىققىتىمىزنى تارتىدۇ. بۇ كىشىنىڭ ئىسمى فىلىپ يوھان فون ستراھلېنبېرگ (Filip Johan von Strahlenberg) بولۇپ، ئۇمۇ پولتاۋا ئۇرۇشىدا رۇسىيىلىكلەر تەرىپىدىن ئەسىرگە چۈشكەندىن كېيىن سىبىرىيىگە سۈرگۈن قىلىنىدۇ. سۈرگۈنلۈك ھاياتى داۋامىدا ئۇ ئۆزىنىڭ كۆپ قىسىم ۋاقتىنى جۇغراپىيە ۋە مىللەتشۇناسلىق تەتقىقاتلىرىغا سەرپ قىلىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ سىبىرىيىدىكى تۈركىي تىللىرى ھەققىدىكى تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقاتلىرى كېيىنچە ياۋروپا شەرقشۇناسلىرىنىڭ تۈركولوگىيە جەھەتتىكى تەتقىقاتلىرىنىڭ باشلىنىشىغا ئاساس يارىتىدۇ. 1730 ـ يىلى ستوكھولمدا ئۇنىڭ بىر گېرمانىيىلىك جۇغراپىيىشۇناس بىلەن بىللە ئىشلىگەن «سىبىرىيە قامۇسى» نەشر قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدا شىمالىي ئاسىيانىڭ تەپسىلىي خەرىتىسى قوشۇمچە قىلىنغان بولۇپ، شىنجاڭنىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرىمۇ بۇ خەرىتىگە كىرگۈزۈلگەن.[18]

شۇنىڭدىن كېيىن خېلى ئۇزاق زامانلارغىچە شۋېتسىيە بىلەن مەركىزىي ئاسىيا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر ئۈزۈلۈپ قالىدۇ. ئارىدىن 150 يىل ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئەڭ ئاخىرىكى چارىكىگە بارغاندا ئاندىن بۇ خىل جىمجىتلىق ئاخىرى بۇزۇپ تاشلىنىدۇ.

[18] Das nord ?und ostliche Theil von Europa und Asia , Stockholm, 1730; (Reprint: Szeged, Hungary, 1975); English translation: *An Historico  geographical Description of the North and Eastern Parts of Europe and Asia*, London, 1738 (Reprint: New York. 1970)



Altunoq

توققۇزىنچى باب

# سۋېن ھېدىن خاتىرە سارىيىدىكى ئىككى بوتۇلكا دۇغ سۇ

يانۋارنىڭ ئاخىرلىرى ستوكھولمدا ھاۋا بىردىنلا سوۋۇپ كەتتى. گۇننار ياررىڭنىڭ شەخسىي ماتېرىياللىرىنى رەتلەش ئىشىمۇ جىددىي ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى. ھەر كۈنى سەھەر ئۆيدىن چىقىپ ئالدىراش كىشىلەر توپىغا قوشۇلۇپ، كرافترېفت رايونىدىكى كۆل بويىغا جايلاشقان شەرق تىللىرى ئىنستىتۇتىنىڭ چىرايلىق بىناسىغا كەلگىنىمدە ئاخشامدىن بۇيانقى تىكەندەك يالغۇزلۇقۇم نەلەرگىدۇر غايىب بولۇپ، جۇشقۇن بىر كەيپىيات ئىچىگە چۆكىمەن. چۈنكى ئىنستىتۇتتىكى كۈنلىرىمنىڭ كۆپ قىسمى يىراقتىكى ئانا يۇرتۇمنىڭ بۇنىڭدىن يۈز يىللار ئاۋۋالقى خاتىرىلىرىگە، ھۆججەت ـ ۋەسىقىلىرىگە شاھىت بولۇش بىلەن ئۆتىدۇ. مەن ۋەتىنىمدە ئەمەس، بەلكى ۋەتەندىن يىراقتىكى بىر يات ئەلدە تۇرۇپ ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇ قىممەتلىك مىراسلىرىنى ئېپتىخار بىلەن ۋاراقلايمەن. ئۇلار بىلەن كۈندە ئۇچرىشىمەن، دىئالوگلىشىمەن، ئۇلارنىڭ ئۆپرىغان بەتلىرى ئارىسىغا يوشۇرۇنغان تارىخىي سىرلارنى ۋە روھ چەشمىلىرىنى قازىمەن. بەزىدە ئۆزۈمنى گويا ھازىرقى زامانغا مەنسۇپ ئەمەستەك، تاشقى دۇنيادىكى زامانىۋى ئەسلىھەلەر بىلەن جىددىي تۇرمۇش رىتىمىنىڭ مېنىڭ بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوقتەك، بۇنىڭدىن يۈز يىللار مۇقەددەم ستوكھولمدىن يولغا چىققان يەلكەنلىك كېمىگە چۈشۈپ، سۋېن ھېدىننىڭ ئېكىسپېدىتسىيە ئەترىتى بىلەن بىللە ئۇزاقتىكى قەشقەرگە كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىمەن. گۇننار ياررىڭنىڭ شەخسىي ئارخىپلىرى ماڭا ئانا يۇرتۇمنىڭ يېقىنقى زامانىدىكى ماڭا ھەم مېنىڭ ۋەتەنداشلىرىمغا تېخى ئايان بولمىغان ئىچ يۈزىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە ئىدى.

ھەر كۈندىكى ئادىتىم بويىچە بۈگۈن ئەتىگەنمۇ ئىشخانىغا كېلىپلا ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقۇمنى ئېچىپ خەتلىرىمگە قارىدىم. خوكان ۋالكۇۋىست ئەپەندىدىن خەت كەپتۇ. ئۇ خېتىدە ئۆزىنىڭ بۈگۈن چۈشتىن كېيىن ۋاقتى بارلىقىنى ھەمدە مېنىڭ بىلەن سۆزلەشكۈسى بار ئىكەنلىكىنى، ئەگەر ۋاقىت چىقىرالىسام دەرھال شۋېتسىيە ئېتنوگرافىيە مۇزېيىنىڭ ئۈچىنچى قەۋىتىگە جايلاشقان سۋېن ھېدىن فوندى جەمئىيىتىگە كېلىشىمنى ئېيتىپتۇ. مەن دەرھال خوكان ئەپەندىگە تېلېفون ئالدىم. بىز چۈشتىن كېيىن سائەت 2:00 دە ئۇنىڭ ئىشخانىسىدا كۆرۈشىدىغان بولۇپ كېلىشتۇق.

ئىنستىتۇتتا چۈشكىچە ئىشلىگەندىن كېيىن، ئۆيدىن تەييارلاپ

ئەكىلىۋالغان تامىقىمنى ئىسسىتىپ يېدىم ـ دە، ئاپتوبۇس بىلەن يولغا چىقتىم. بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن ئاپتوبۇس شەھەرنىڭ تارچۇق كوچىلىرىدىن چىقىپ، دېڭىز بويىدىكى كەڭرى ئوچۇقچىلىققا چىقتى. يانۋارنىڭ سوغۇقى كۈچەيگىنىگە قارىماي بالتىق دېڭىزى يەنىلا بىر خىلدا ئۆركەشلەپ تۇراتتى. دەل ـ دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى تۆكۈلۈپ يالىڭاچلانغان بولۇپ، ئەتراپتا بىر خىل ئۆلۈك جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى.

بىر سائەتتىن كېيىن ستوكھولمنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى دېڭىز قولتۇقىغا يېقىن تۈزلەڭلىككە جايلاشقان شۋېتسىيە دۆلەتلىك ئېتنوگرافىيە مۇزېيىغا يېتىپ باردىم. بۇ ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا سېلىنغان، كىشىگە سىتېرېئولۇق تۇيغۇ بېرىدىغان غەربچە چىرايلىق بىنا بولۇپ، قارشى تەرىپىدە دۆلەتلىك ئاپتوموبىل مۇزېيى جايلاشقانىدى. مەن كەڭرى مەيداندىن ئۆتۈپ ئېتنوگرافىيە مۇزېيىنىڭ دەرۋازىسىدىن كىردىم. خوكان ئەپەندى دەرۋازىدىكى خىزمەتچى خادىمغا ئالدىن ئۇقتۇرۇپ قويغان بولسا كېرەك، مېنى كۆرۈپلا ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىشىمنى ئېيتتى. بۇ بىنانىڭ بىرىنچى قەۋىتىگە ئېتنوگرافىيە مۇزېيىنىڭ كۆرگەزمە زاللىرى جايلاشقان ئىكەن. ئىككىنچى قەۋەتنىڭ بىر تەرىپىگە «سۋېن ھېدىن فوندى جەمئىيىتى»، «سۋېن ھېدىن تەتقىقات ئورنى» ھەمدە «سۋېن ھېدىن خاتىرە سارىيى» نىڭ ئىشخانىلىرى جايلاشقان ئىكەن.

سۋېن ھېدىن فوندى جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇلى خوكان ۋالكوۋىست ئەپەندى مېنى ئىككىنچى قەۋەتتىكى زالدا ساقلاپ تۇرغان ئىكەن. بىز قىزغىن كۆرۈشتۇق.

— ئوھوي، بىز تولىمۇ تەستە يۈز كۆرۈشتۇق، سولايمان ئەپەندى، كەچۈرىسىز، ئۆتكەن يىلى نويابىرنىڭ ئاخىرى بىرگىيت خانىم سىزنى ماڭا تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، مەن سىزگە قىزىققان ھەمدە يۈزتۇرانە كۆرۈشۈپ سۆھبەتلىشىش ئويىدا بولغانىدىم. ئەپسۇسكى، ۋاقىت چىقىرالمىدىم. سىز يازغان خەتنى ھىندىستاندا تۇرۇپ كۆردۈم، لېكىن جاۋاب قايتۇرالمىدىم. مانا تېخى ئۆتكەن ھەپتە ھىندىستاندىكى بىر ئايلىق تەكشۈرۈشۈمنى تۈگىتىپ قايتىپ كېلىشىم. سىزنى بۇ ياققا كېلىڭ دېيىشىمدە، بىزنىڭ ئېتنوگرافىيە مۇزېيى بىلەن سۋېن ھېدىن فوندى جەمئىيىتىمىزنى كۆرۈپ كەتسە ھەمدە بىرئاز سۆھبەتلەشسەك دەپ ئويلىغان، — دېدى خوكان ئەپەندى كۈلۈپ تۇرۇپ.

— بۇ بىر ياخشى كۆرۈشۈش بولدى، خوكان ئەپەندى، — دېدىم ئۇنىڭغا جاۋابەن، — سىزنىڭ ئالدىراشلىقىڭىزنى چۈشىنىمەن. سۋېن ھېدىننىڭ خاتىرە سارىيىنى كۆرۈش، ئۇنىڭ قالدۇرغان زور ھەجىملىك ئەمگەكلىرىنى زىيارەت قىلىش مېنىڭ بۇ يەردىكى مۇھىم پىلانلىرىمنىڭ بىرى ئىدى. شىنجاڭدىكى نۇرغۇنلىغان كەسىپداشلىرىمۇ مېنىڭ چوقۇم سۋېن ھېدىننىڭ تارىم ئويمانلىقى ھەققىدىكى خاتىرىلىرى ۋە ئەمگەكلىرىنى كۆرۈپ كېلىشىمنى ئۈمىد قىلىشقان. مانا بۈگۈن بۇ

يۇرسەتكە ئېرىشتىم.

— شۇنداق، سۋېن ھېدىننىڭ بىر ئۆمۈرلۈك ئېكسپېدىتسىيە ھاياتى سىزنىڭ يۇرتىڭىز بىلەن زىچ باغلانغان. ئېھتىمال، يېقىنقى زاماندىن بۇيان تارىم ئويمانلىقىنىڭ جۇغراپىيىلىك سىرى ۋە تەبىئىي مۇھىتى ھەققىدە سۋېن ھېدىندەك ئىچكىرىلەپ تەكشۈرگەن ياۋروپالىقلار ئاز بولسا كېرەك. ئەلۋەتتە، ئاۋرېل ستەيىن، پىرژېۋالسكىي قاتارلىقلارنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ. سىزگە دېسەم، سۋېن ھېدىن ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىنكى يېرىم ئەسىردىن بۇيان سىز ئۇيغۇرلاردىن بۇ يەرگە كەلگەن تۇنجى بىلىم ئادىمىسىز! شۇڭلاشقا ۋەزىپىڭىز تولىمۇ ئېغىرغۇ دەيمەن.

خوكان ئەپەندىنىڭ سۆزلىرى مېنى قاتتىق ئويلاندۇرۇپ قويدى. مەن ئۆز ئۈستۈمدىكى مەجبۇرىيەت ۋە بۇرچىنىڭ نەقەدەر ئېغىر ئىكەنلىكىنى مۇشۇ دەقىقىلەردە تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلماقتا ئىدىم.

خوكان ئەپەندى مېنى باشلاپ ئالدى بىلەن سۋېن ھېدىن ئەسەرلىرىنىڭ ھەر خىل تىللاردىكى نەشرلىرى رەتلىك تىزىلغان كۇتۇپخانىنى زىيارەت قىلدۇردى. كۇتۇپخانا چوڭ ۋە ئازادە بولۇپ، ئوتتۇرا ئەسىردىكى ياۋروپا ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى كۇتۇپخانىلىرىنى ئەسلىتەتتى. خوكان ئەپەندى كىتاب جازىلىرىدىكى قاتتىق مۇقاۋىلىق كىتابلار ئارىسىدىن سۋېن ھېدىننىڭ مۇھىم كىتابلىرىنى بىرمۇبىر ئېلىپ ماڭا كۆرسەتتى ۋە چۈشەندۈردى. كۇتۇپخانىدا سۋېن ھېدىننىڭ ھەر خىل تىللاردا نەشر قىلىنغان زور مىقداردىكى كىتابلىرىدىن سىرت، سۋېن ھېدىن ئەسەرلىرىنىڭ قولىيازمىلىرى، شەخسىي خەت ـ چەكلىرى، ئىشلەتكەن قەلەملىرى ۋە باشقا شەخسىي بۇيۇملىرىمۇ قويۇلغانىدى. 20 ـ ئەسىردە ياۋروپا ئىلىم ساھەسىدە يۇقىرى ئابرۇي قازانغان، تارىم ئويمانلىقىنىڭ جۇغراپىيىلىك سىرى ھەققىدە غەرب دۇنياسىغا كەڭ كۆلەمدە ئۇچۇر بەرگەن بۇ كىشىنىڭ بىر ئۆمۈرلۈك ئىلمىي ئەمگەكلىرى بىلەن شەخسىي بۇيۇملىرىنى كۆرۈۋېتىپ، بىزنىڭ بۇ ھەقتىكى ئىزدىنىشلىرىمىزنىڭ تولىمۇ يۈزە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

كۇتۇپخانىنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، ياندىكى يەنە بىر زالغا چىقتۇق. بۇ جايغا سۋېن ھېدىننىڭ شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلغان بەش قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىسى جەريانىدا ئىشلەتكەن ئەسلىھەلىرى، تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە باشقا خاتىرە بۇيۇملار تىزىلغانىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە سۋېن ھېدىننىڭ تەكلىماكاندا ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشلىرىگە يول باشلىغان، ياردەملەشكەن يەرلىك كىشىلەرنىڭ خاتىرە بۇيۇملىرى — قولاقچا، ناسۋال، بەلۋاغ، پىچاق قاتارلىق نەرسىلەرمۇ بار ئىدى. خوكان ئەپەندى ناھايىتى ھاياجانلانغان ھالدا بۇ بۇيۇملارنى ماڭا بىرمۇبىر چۈشەندۈردى.

— قارالڭ، بىزدە گەرچە سۋېن ھېدىننىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرى ۋە ئۇنىڭ

ئېكسپېدىتسىيە ھاياتىغا دائىر بۇيۇملار ئاساسىي جەھەتتىن توپلىنىپ بۇ ھەقتە كۆپ تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ئويمانلىقى ئېكسپېدىتسىيىسىگە ياردەملەشكەن ۋە يول باشلىغان يەرلىك كىشىلەر ھەققىدە ئىزدىنىشلىرىمىز يوق دېيەرلىك. سۋېن ھېدىن ئۆز خاتىرىلىرىدە بۇ كىشىلەرنى ئالاھىدە مۇھەببەت بىلەن «ئۈن ـ تىنسىز ياردەمچىلەر» (Silent Helpers) دەپ ئاتىغان. ھازىر بۇ ھەقتە سىلەردە تەتقىقاتلار بارمۇ ـ قانداق؟

ـــ بىزدە تېخى بۇ ھەقتە ئۇنچىلىك كۆپ تەتقىقاتلار يوق، سۋېن ھېدىننىڭ ئەسەرلىرى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنىش ئىمكانىيىتى بولمىدى. شۇنداقكەن، سۋېن ھېدىنغا ئۈن ـ تىنسىز ياردەملەشكەن تارىملىق ئۇيغۇر يول باشلىغۇچىلار ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئىمكانىيىتىمىز تېخىمۇ ئاز. يېقىندا ئاڭلىسام لوپنۇر رايونىدا ئۆردەكنىڭ ھەيكىلى تىكلىنىپتۇ دەيدۇ. لېكىن مەن تېخى بېرىپ كۆرمىدىم.

ـــ بىزمۇ ئاڭلىدۇق. ئۆردەكنىڭ ھەيكىلىنىڭ تىكلەنگەنلىكى ياخشى ئىشكەن، لېكىن بىزنىڭ ئېتنوگرافىيە مۇزېيىدا ئىشلەيدىغان بىر خادىمىمىز لوپنۇرنى زىيارەت قىلىپ كەلگەن ئىدى. ئۇ تەمىنلىگەن سۈرەتلەردىن كۆرسەك، ھەيكەلنىڭ ئاستىدىكى مەرمەر تاشقا ئويۇلغان ئۇيغۇرچە چۈشەندۈرۈشتە زور خاتالىق بار ئىكەن. خەنزۇچە خەتكە 瑞典 دەپ توغرا يېزىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇرچە چۈشەندۈرۈشتە «شۋېتسارىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى سۋېن ھېدىن» دەپ يېزىلىپتۇ. بۇنىڭدىن ھەيران قالدۇق. سۋېن ھېدىننىڭ شۋېتسىيىلىك ئىكەنلىكىنى پۈتۈن دۇنيا خەلقى بەش قولدەك بىلىدىغان تۇرسا، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئەجەبا ئۇنىڭ ۋەتىنىنى بىلمەسمۇ؟ شۋېتسىيە بىلەن شۋېتسارىيە ئايرىم ـ ئايرىم ئىككى دۆلەت تۇرسا! دەپ سوئاللار قويۇشتۇق. سىزگە دەيدىغىنىم قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئۇيغۇرچە چۈشەندۈرۈشتىكى بۇ خاتالىقنى تۈزىتىشكە كۈچ چىقارغان بولسىڭىز!

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي بىر ھازا تۇرۇپ قالدىم. مۇشۇ تۇرقىدا ماڭا ئاسمان ئېگىز، يەر قاتتىق بىلىنىۋاتاتتى. بىزدىكى بىپەرۋالىق، ئەستايىدىل بولماسلىق ۋە مەسئۇلىيەتسىزلىكنىڭ مۇشۇنداق ئىنچىكە ئىشلاردىمۇ كۆرۈلۈۋاتقانلىقى، بىر ئۇيغۇر زىيالىيسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن مېنى خوكان ئەپەندىنىڭ ئالدىدا قاتتىق تەڭلىكتە قالدۇردى.

ـــ ھە، مۇنداق دەڭ، مېنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋىرىم يوقكەن، تولىمۇ چوڭ خاتالىق كۆرۈلۈپتۇ، كەچۈرۈڭ! مەن قايتىپ بارغاندا بۇ خاتالىقنى ئوڭشاشقا تىرىشىمەن. ئۇيغۇر تىلىدا «شۋېتسىيە» بىلەن «شۋېتسارىيە» دېگەن ئىككى

دۆلەتنىڭ نامى رۇسچىدىن قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، تەلەپپۇزى يېقىنلىشىپ كېتىدۇ. شۇڭلاشقا نۇرغۇن كىشىلەر بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ نامىنى ئالماشتۇرۇپ قويىدۇ. ئەمما خاتىرە تاشقا خاتا يېزىپ قويغانلىقى تولىمۇ بىمەنىلىك بوپتۇ. مەن ئۇيغۇر خەلقىگە ۋاكالىتەن ئەپۇ سورايمەن! — دېدىم ناھايىتى تەڭلىكتە.

— سىزنى تەڭلىكتە قويدۇم، سۇلايمان ئەپەندى، ئەلۋەتتە بۇ سىزنىڭ خاتالىقىڭىز ئەمەس، تۈزىتىلسىلا بولىدۇ، مەن ئەھۋالىڭلارنى بىلىمەن، — دېدى خوكان ئەپەندىمۇ مېنى خىجالەتچىلىكتىن قۇتقۇزۇشقا تىرىشىپ.

خوكان ئەپەندى كۆرگەزمىدىكى بۇيۇملارنى ماڭا كۆرسىتىۋېتىپ، يەرلىك يول باشلىغۇچىلارنىڭ سۋېن ھېدىننىڭ ئېكسپېدىتسىيىسى داۋامىدا ئوينىغان مۇھىم روللىرىنى تىلغا ئالدى. بولۇپمۇ ئۆردەك، ئابدۇرېھىم، سادىق قاتارلىق نامى ئۇنتۇلۇپ كەتكەن نەچچە ئونلىغان يەرلىك ئۇيغۇر يول باشلىغۇچىلارنىڭ ھاياتىي پائالىيەتلىرى، ئېكسپېدىتسىيە داۋامىدا ئوينىغان روللىرى ھەمدە كېيىنكى ھاياتى ھەققىدە بىرەر كىتاب يېزىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تىلغا ئالدى. شۇ مىنۇتلاردا بايىقى بىئارامچىلىقلىرىم تارقاپ، ئىپادىلەپ بەرگۈسىز بىر خىل ھېسسىياتقا چۆمۈلدۈم. لوپنۇرلۇق يول باشلىغۇچىلار ۋە تارىم ئويمانلىقىدىكى يەرلىك ئۇيغۇرلارنىڭ بۇنىڭدىن يۈز يىللار بۇرۇنقى تۇرمۇش بۇيۇملىرى مېنىڭ خىياللىرىمنى قاناتلاندۇرۇپ يىراقتىكى ۋەتىنىمگە ئېلىپ كەتتى. ئۆزۈمنى شىمالىي ياۋروپانىڭ پايتەخت شەھىرىدە ئەمەس، بەلكى تارىم ئويمانلىقىدىكى بىر قەدىمىي بوستانلىقتا تۇرغاندەك ھېس قىلماقتا ئىدىم. مۇشۇ دەقىقىلەردە خىياللىرىم ئوتتۇرا ئاسىيا بويلاپ كېتىپ بارغان تۆگە كارۋىنىغا قوشۇلۇپ، ئۇپۇق سىزىقىغا قاراپ سىلجىماقتا ئىدى. كۆز ئالدىمدا زامان ۋە ماكان پەرقلىرى غايىب بولۇپ، ھازىرنىڭ ئۆزى ئۆتمۈش بىلەن تۇتىشىپ كەتكەنىدى. ئەنە، تېرە مالخىيىنى بېشىغا چۆكۈرۈپ كىيىپ، كروران شەھەر خارابىسى ئۈستىدە ئايلىنىپ يۈرگەن ئۆردەك؛ ئەنە، لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئاقساقىلى كۈنچىققانبەگ؛ ئەنە، سۋېن ھېدىن ياللىغان تۆگە ئەترىتىگە يول باشلاپ قۇملۇق ئىچىدە كېتىپ بارغان سادىق ۋە ئابدۇرېھىم ...

خوكان ئەپەندىنىڭ ئاۋازى مېنى خىياللار قاينىمىدىن ئويغاتتى. ئۇ مېنى ئىشخانىسىغا كىرىپ بىللە قەھۋە ئىچىشكە تەكلىپ قىلدى. بىز قەھۋە ئىچكەچ پاراڭلاشتۇق.

— سۋېن ھېدىنغا يول باشلىغان يەرلىك ئۇيغۇر يولباشلىغۇچىلار ھەققىدە مەن سۋېن ھېدىننىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى ئىچىدىن ئوقۇغانمەن. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدە سۋېن ھېدىننىڭ كروران قەدىمىي شەھەر خارابىسىنى بايقىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان ئۆردەك ھەققىدىكى بايانلار مېنى قىزىقتۇردى. شىنجاڭدا ئۇلارغا دائىر يازما ماتېرىياللار ياكى ئەسلىمىلەر ئېلان قىلىنىدىمۇ؟ ئەگەردە سىلەردە بۇ ھەقتە


AltunOq

يازما ماتېرىياللار بولسا، ھېچ بولمىغاندا خەلق ئىچىدىكى ئەسلىمىلەر ساقلانغان بولسا، ئۇنى سۋېن ھېدىننىڭ خاتىرىلىرىدىكى بايانلار بىلەن قوشۇپ مۇلاھىزە قىلغاندا يول باشلىغۇچىلار ھەققىدىكى مۇكەممەل تەزكىرىنى تۈزگىلى بولاتتى! — دېدى خوكان ئەپەندى قەھۋە ئىچكەچ.

— مەنمۇ سۆزىڭىزنى قۇۋۋەتلەيمەن، — دېدىم قىزىقىش بىلەن، — ئەپسۇسكى، بۇ ھەقتە بىزدە قالدۇرۇلغان يازما خاتىرىلەر يوق دېيەرلىك. خەلق ئىچىدىكى ئەسلىمىلەر تېخى رەتلىنىپ نەشر قىلىنغىنى يوق. بىز ئۆردەك ۋە باشقا لوپنۇرلۇق يول باشلىغۇچىلارنىڭ ئىسمىلىرىنى پەقەت سۋېن ھېدىننىڭ ئەسەرلىرى خەنزۇچە نەشر قىلىنغاندىن كېيىن ئاندىن بىلدۇق. مەن لوپنۇرلۇقلار ھەققىدە بىر پارچە ماقالە يازغان[19]. لېكىن بۇ ماقالەمدىكى يەرلىك لوپنۇرلۇقلار ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنى پىرژېۋالسكىينىڭ «لوپنۇر كۆلىگە سەپەر»[20] ناملىق كىتابى بىلەن سۋېن ھېدىننىڭ «كۆچمە كۆل»[21] ناملىق كىتابىدىكى بايانلاردىن ئالغانمەن، سىزنىڭ ئويىڭىز مەندە بىر يېڭى تەسەۋۋۇرنى ئويغاتتى.

بىزنىڭ پارالىڭ تېمىمىز سۋېن ھېدىننىڭ لوپنۇر رايونىدىكى ئېكسپېدىتسىيە پائالىيەتلىرى بىلەن يەرلىك لوپنۇرلۇقلارغا مەركەزلەشتى. بىز بۇ ھەقتە خېلى ئۇزاق پاراڭلاشتۇق.

پىرژېۋالسكىينىڭ لوپنۇر سەپىرىدىن 20 يىل كېيىن، يەنى 1896 ـ يىل 4 ـ ئايدا تولۇپ تاشقان شىجائەتكە ئىگە سۋېن ھېدىن سال بىلەن تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىنى بويلاپ، ئۆز دەۋرىدىكى لوپنۇر رايونىنىڭ مەركىزى بولغان ئابدان كەنتىگە يېتىپ باردۇ. سۋېن ھېدىن ئاللىقاچان ئالەمدىن ئۆتكەن پىرژېۋالسكىينىڭ لوپنۇر خاتىرىلىرىنى قانچە قېتىملار ئوقۇغان ھەمدە شەخسەن ئۆزى ئۇنى رۇسچىدىن شۋېتچىگە تەرجىمە قىلغان بولغاچقا، قېيىق ئابدان كەنتىگە يېتىپ كەلگەندە چەكسىز ھاياجانغا چۆمىدۇ. گويا ئۇزۇن يىللار ئىلگىرى بارغان بىر تونۇش جايغا باشقىدىن قايتىپ كەلگەندەك ئىللىق تۇيغۇ ئۇنى ئۆز ئىلكىگە ئالىدۇ. ئابدان كەنتىدىكى ھەممە كىشى — ئەڭ ئاخىرقى ئالتە ئۆيلۈك ئەر ـ ئايال، قېرى ـ ياش ھەممىسى قىرغاققا كېلىپ سۋېن ھېدىننى قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ. سۋېن ھېدىنمۇ ئۆزى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان، قېرىپ مۈكچىيىپ كەتكەن لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئاقساقىلى كۈنچىققانبەگنى يىراقتىنلا تونۇۋالىدۇ. سۋېن ھېدىننىڭ بۇ يەرگە كېلىشى لوپنۇرلۇقلار ئۈچۈن پىرژېۋالسكىيدىن كېيىنكى ئەڭ چوڭ ۋەقە ئىدى. ئەڭ ئاخىرقى لوپنۇرلۇقلار ئۆز دەۋرىدە

---

19 ئەسەت سۇلايمان: «كۆچمە كۆل ۋە لوپنۇرلۇقلارنىڭ ھايات شەجەرىسى»، «تارىم قوۋۇقى چېكىلگەندە: ئەسەت سۇلايمان ئەسەرلىرى (1) »، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىل 3 ـ ئاي نەشرى، 176 ـ ، 209 ـ بەتلەر.

20 [俄]普日瓦尔斯基：《走向罗布泊》，新疆人民出版社，1999 年版

21 [瑞典]斯文・赫定：《游移的湖》，新疆人民出版社，2000 年版

پىرژىۋالسكىينى «چولڭ تۆرەم» دەپ ئاتىغان بولسا، سۋېن ھېدىننى«ھايدىن تۆرەم» دەپ ئاتايدۇ ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن ناھايىتى تېزلا چىقىشىپ كېتىدۇ. چۈنكى سۋېن ھېدىننىڭ ئۇيغۇرچىنى راۋان سۆزلىيەلىشى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئارىلىقنى پىرژىۋالسكىيغا قارىغاندا خېلىلا قىسقارتقانىدى.

سېۋېن ھېدىن لوپنۇر رايونىدا ئۆز تەسەۋۋۇرىدىنمۇ كۆپرەك تەسىراتلارغا ئېرىشىدۇ. «كروراننىڭ ئەڭ ئاخىرقى پادىشاھى»، لوپنۇر ۋادىسىنىڭ تىرىك تارىخچىسى بولغان كۈنچىققانبەگ پۈتكۈل لوپنۇر رايونىنىڭ ئۇزاق ئۆتمۈشىنىڭ يېگانە گۇۋاھچىسى بولۇپلاقالماي، بەلكى يەنە ئابدان كەنتىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ئالتە ئۆيلۈك لوپنۇرلۇقلارنىڭمۇ روھىي تۈۋرۈكى ئىدى. لوپنۇر رايونىنىڭ بىر ئەسىردىن بۇيانقى ئۆزگىرىشلىرىنى ھېچكىم ئۇنىڭچىلىك بىلمەيتتى. كۈنچىققانبەگ بولغانلىقى ئۈچۈن سۋېن ھېدىننىڭ لوپنۇرغا بولغان تۇنجى سەپىرى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاخىرلاشتى. شۇنىڭدىن باشلاپ، ياۋروپالىق بۇ مەشھۇر ئېكسپېدىتسىيىچىنىڭ لوپنۇر كۆلى ۋە لوپنۇرلۇقلار بىلەن بولغان 40 يىللىق تارىخىي رىشتىسى باغلىنىدۇ.

1899 ـ يىلى، يەنى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر ئېيىدا سۋېن ھېدىن ئىككىنچى قېتىم لوپنۇر ۋادىسىغا قەدەم باسىدۇ ۋە لوپنۇر كۆلى ھەققىدە كەڭ كۆلەملىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ. ئەپسۇسكى، بۇ چاغدا لوپنۇرلۇقلارنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكى بولغان كۈنچىققانبەگ بىر يىل ئاۋۋال ئالەمدىن ئۆتكەنىدى. دەل شۇ يىلى، يەنى 1898 ـ يىلى لوپنۇر كۆلى بويىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ھاياتلىق چىرىغى ئۆچىدۇ. لوپنۇر ۋادىسىنىڭ مەمۇرىي مەركىزى بولغان ئابدان كەنتى قۇم ـ بورانىنىڭ دەھشەتلىك ھۇجۇمى ئارقىسىدا ۋەيران بولىدۇ. بۇ يەردىكى ئەڭ ئاخىرقى ئالتە ئائىلىلىك يەرلىك لوپنۇرلۇقلار كەنتنى تاشلاپ باشقا جايلارغا كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. كۈنچىققانبەگنىڭ مەنسىپىگە ۋارىسلىق قىلالمىغان ئوغلى توختىمئاخۇن سۋېن ھېدىننىڭ بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش ئەترىتىگە يول باشلىغۇچى بولىدۇ.

سۋېن ھېدىننىڭ لوپنۇر ۋادىسىغا قىلغان ئىككىنچى قېتىملىق سەپىرى ۋە بۇ جەرياندا ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۇنى دۇنياۋى مەشھۇر شەخسكە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. ئۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا، تارىختىكى ھەقىقىي لوپنۇر كۆلىنىڭ ئەسلىدە تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي شىمال بۇرجىكىدە ئىكەنلىكىنى، كېيىنچە بۇ سىرلىق كۆلنىڭ بۇنىڭدىن 1600 يىل ئىلگىرى سۇ مەنبەسىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى بىلەن قۇرۇپ كەتكەنلىكىنى، يېڭى لوپنۇر كۆلىنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىنىڭ شەرقىي قىسمىدا قايتىدىن پەيدا بولغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقىدۇ، شۇنداقلا «لوپنۇر كۆلى مەركىزىي ئاسىيادىكى كۆچمە كۆل» دېگەن ئاخىرقى خۇلاسىنى چىقىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ياۋروپا ئىلىم

ساھەسىدە ئۇزۇن مەزگىل بەس - مۇنازىرە قوزغىغان لوپنۇر كۆلى ھەققىدىكى تالاش - تارتىشلار ئاخىرلىشىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، سۋېن ھېدىننىڭ بۇ قېتىمقى بۈيۈك بايقىشىنىڭ ئارقىسىغا قەدىمكى كرورانلىقلارنىڭ ئەۋلادى بولغان ئۈچ نەپەر لوپنۇرلۇق يول باشلىغۇچىنىڭ تەڭداشسىز تۆھپىلىرى يوشۇرۇنغانىدى. ئۇلار كۆنچىقاننىبەگنىڭ ئوغلى توختىئاخۇن، ئۆردەك ۋە ئابدۇرېھىم قاتارلىق لوپنۇرلۇق يول باشلىغۇچىلار ئىدى. بولۇپمۇ، ئۆردەك بىلەن سۋېن ھېدىننىڭ مۇناسىۋىتى پەۋقۇلئاددە بولۇپ، ئۇلارنىڭ دوستلۇقى ئۇزۇن يىللار داۋاملاشقانىدى. ئەڭ ئاخىرقى تىپىك لوپنۇرلۇقلارنىڭ بىرى بولغان ئۆردەك ئېكسپېدىتسىيە داۋامىدىكى بىر بورانلىق كېچىدە يىتتۈرۈپ قويغان تۆمۈر گۈرجەكنى ئىزدەپ كېلىمەن دەپ تاسادىپىي ھالدا مۈگدەپ ياتقان بىر شەھەر خارابىسىنى بايقايدۇ. بۇ دەل تەكلىماكان قۇملۇقى ئاستىدا ئۇزۇن ئەسىرلەپ ئۇخلىغان قەدىمكى كروران شەھىرى ئىدى! قەدىمكى كروران شەھىرىنىڭ قايتا بايقىلىشى تارىم ئويمانلىقى ئېكسپېدىتسىيىسىنى مىسلىسىز ئۇلۇغ دەۋرگە باشلاپ كىردى. ئۆردەك — لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئاخىرقى ئەۋلادلىرىدىن بىرى بولغان قۇملۇقتىكى بۇ يول باشلىغۇچى ئاشۇ قەدىمكى شەھەرنى بايقىغان چاغدا، دۇنيانىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى ياۋروپا ئىلىم ساھەسىنىڭ زىلزىلىگە كېلىدىغانلىقىنى ئەسلا بىلمەيتتى.

سۋېن ھېدىن بۇ قېتىمقى تارىم ئويمانلىقى ئېكسپېدىتسىيىسىنى مول نەتىجىلەر بىلەن تاماملاپ، قەشقەردە ئاخىرقى قېتىم ئۆردەك بىلەن كۆڭلى قىيمىغان ھالدا خوشلىشىدۇ ۋە ياۋروپاغا قايتىدۇ. ئۆردەكنىڭ قەدىمكى كروران شەھەر خارابىسىنى بايقىشى سۋېن ھېدىنغا ئويلاپ باقمىغان شان - شەرەپلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇ بىراقلا ياۋروپا ئىلىم ساھەسىدىكى چولپانغا ئايلىنىدۇ.

1928 - يىلى سۋېن ھېدىن تۆتىنچى قېتىم چوڭ تەكشۈرۈش ئۆمىكىنى باشلاپ شىنجاڭغا كېلىدۇ. ئۇ تۇرپاندا لوپنۇرلۇق سودىگەر توختىئاخۇندىن كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى قۇرۇق دەريا ئىزىغا سۇ كەلگەنلىكى ۋە قۇم دەرياسى دەپ ئاتىلىشقا باشلىغانلىقىنى ئاڭلاپ ناھايىتى ھاياجانلىنىدۇ. چۈنكى ئەسلىدىكى قەدىمكى قۇرۇق ئېقىننىڭ ئورنىغا يېڭى دەريانىڭ پەيدا بولۇشى لوپنۇر كۆلىنىڭ يەنە ئەسلىدىكى ئورنىغا كۆچكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى! سۋېن ھېدىن دەرھال لوپنۇر ۋادىسىغا ئاتلانماقچى بولىدۇ، ئەمما ئۈرۈمچىگە يېتىپ بارغان ۋاقتىدا ياۋروپاغا قايتىش ھەققىدە جىددىي تېلېگرامما تاپشۇرۇۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئامالسىز قول ئاستىدىكى كىشىلەرنى لوپنۇر ۋادىسىغا بېرىپ تەپسىلىي تەكشۈرۈشكە قالدۇرۇپ، ئۆزى ياۋروپاغا قايتىدۇ.

1934 - يىلى سۋېن ھېدىن بەشىنچى قېتىم، يەنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم لوپنۇرغا سەپەر قىلىدۇ. لېكىن، بۇ چاغدا شىنجاڭ ئۇرۇش مالىمانچىلىقى ئىچىدە

قالغانىدى. سوڭرىن ھېلىدىن باشچىلىقىدىكى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى خېيىمخەتەرگە تەۋەككۇل قىلىپ، لوپنۇر كۆلى ھەققىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق تەكشۈرۈشنى باشلايدۇ، بۇ ۋاقىتتا ئۇ 70 ياشقا يېقىنلىشىپ قالغانىدى. بۇ قېتىملىق سەپىرىدە ئالدىغا ئۇچراپ بوۋاي بولۇپ قالغان ئۆردەك يەنە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولىدۇ! سىۋېن ھېدىن ئۆزىنىڭ «كۆچمە كۆل» ناملىق كىتابىدا بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىشنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: «قۇياش ئۇپۇق سىزىقىغا باش قويىدى، دەريا يۈزىدىن قايتقان قىزغۇچ نۇرلار قومغاق ساھىلىدىكى توغراق ۋە چاتقاللارنىڭ ياپراقلىرىدا ئەكس ئەتمەكتە ئىدى، قېيىقنىڭ باش تەرىپىدە ئولتۇرۇپ پالاق ئۇرۇۋاتقان سادىق تۇيۇقسىز توۋلىۋەتتى:

— ئۆردەك كەلدى!

مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ، يىراقتا ئۆردەكنىڭ قايسى تەرىپتىن ئۇچۇپ كەلگەنلىكىنى كۆرمەكچى بولدۇم. ئەمما، كۆز ئالدىمدا ياۋا ئۆردەك ئەمەس، بەلكى قىرغاقتا ئاتلىق ئىككى كىشى ماڭا قاراپ تۇراتتى. مەن دەرھال ئايرىلغىلى 30 نەچچە يىل بولغان لوپنۇرلۇق دوستۇم ئۆردەكنى تونۇدۇم. توۋا، ئۇ راستتىنلا ئۆردەك ئىدى! ئۇنىڭ چاچ ـ ساقاللىرى ئاقارغان، بوي ـ بەستى مۈكچەيگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ساغلام ۋە تېمەن ئىدى.

مەن قېيىقنى قىرغاققا ھەيدەشنى بۇيرۇدۇم. ئۆردەك ئاتتىن چۈشۈپ، كېيمگە چىقتى ۋە كۆزلىرىگە لىق ياش ئالغان پېتى مېنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

ئوتتۇز يىل بۇرۇنقى ياش، تەمبەل ئۆردەك ئەمدىلىكتە قېرىغانىدى. يىللار ئۇنىڭ قاتاڭغۇر چىسمىغا ئۆزىنىڭ رەھىمسىز ئىزلىرىنى سالغانىدى. يۈزىگە قورۇق چۈشكەن بولۇپ، كونىراپ رېڭى ئۆڭگەن چاپان كىيگەن، بېلىنى بەلۋاغ بىلەن باغلىغان، بېشىغا تېرە مالخاي كىيگەن ئۆردەك ماڭا ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرىكى لوپنۇرلۇقلارنى ئەسلەتتى.

— ئۆردەك، بۇنىڭدىن 32 يىل بۇرۇن بىز قەشقەردە خوشلاشقان، شۇندىن كېيىن سەن كۈنلىرىڭنى قانداق ئۆتكۈزدۈڭ؟

— ئۆزلىرىگە خىزمەت قىلغان كۈندىن باشلاپ، ماڭا خۇدايىم رىزقىمنى بېرىپ كەلدى. يامان ئەمەس كۈن ئۆتكۈزدۈم، لېكىن ئۆزلىرىنى قايتا كۆرەرمەن دېگەن خىيالدىن ئۈمىد ئۈزگەنىدىم.

— بىزنىڭ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىمىزنى قانداق ئۇقتۇڭ؟

— بىر ئاينىڭ ئالدىدا يېڭى كۆل تەرەپتىن كەلگەن بىرى ماڭا ئۆزلىرىنىڭ كورلىغا كەلگەنلىكلىرىنى ئېيتتى، شۇنىڭدىن تارتىپ مەن ئۆزلىرىنى ئىزدىدىم. 32 يىل ئىلگىرى بىز قەشقەردە ئايرىلىدىغان چاغدا، ئۆزلىرى ماڭا ھامان بىر كۈنى قايتىپ كېلىدىغانلىقلىرىنى ئېيتقان ئىدىلە، مەن ئۆزلىرىنى كۈتتۈم، ساقلىدىم، لېكىن قايتىپ كەلمىدىلە، ئىلگىرى ئۆزلىرىگە ئىشلىگەن نۇرغۇن كىشىلەر ئۆلۈپ

كەتتى، بۈگۈن دىدار كۆرۈشتۇق، مېنىڭ كۆڭلۈم ئاخىرى ئەمىن تاپتى!

ئۆردەك 1899 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن باشلاپ ماڭا يول باشلىغۇچى بولۇپ ئىشلىگەنىدى. ئۇ ماڭا ئەگىشىپ، يېڭى كۆلدىن چەرچەن تاتىراڭغىچە بولغان تەكلىماكاننى كېسىپ ئۆتۈش سەپىرىگە قاتناشقانىدى. 1900 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئۆردەك تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ، توساتتىن قەدىمكى كروران شەھەر خارابىسىنى بايقىغانىدى ۋە مېنى ئىسىلاپ باقمىغان مۇۋەپپەقىيەتلەر بىلەن تەمىنلىگەنىدى. 1901 ـ يىلى تىبەت ئېگىزلىكىدىكى لخاساغا قىلغان سەپىرىمگىمۇ يول باشلاپ ماڭغانىدى. تىبەت ئېگىزلىكىدىكى بىر بورانلىق كېچىدە كۆزەتچىلىك قىلىۋاتقان ئۆردەكنىڭ چېدىرىمغا ئۇسۇپ كىرىپ، مېنى ئۇيقۇدىن ئويغىتىپ، ‹بىر ئادەم كەلدى، تۆرەم!› دېگىنى ھېلىمۇ ئېسىمدە.

مەن 1901 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى قەشقەردە يول باشلىغۇچۇم ئۆردەك بىلەن خوشلاشقانىدىم. ئۇ مېنىڭ مەركىزىي ئاسىياغا قىلغان ئېكسپېدىتسىيە ھاياتىمدىكى ئەڭ سادىق بۇرادىرىم ئىدى.

مانا بۈگۈن قېيىقچى سادىقنىڭ ‹ئۆردەك كەلدى!› دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ، ئالدىمدا ماڭا قاراپ تۇرغان كونا ھەمراھىم ئۆردەكنى كۆرگىنىمدە ئۇنىڭ بىر زامانلاردا تىبەت ئېگىزلىكىدە قۇلىقىمغا ھودۇقۇش ئىچىدە پىچىرلىغان ‹بىر ئادەم كەلدى، تۆرەم!› دېگەن سۆزى ئېسىمگە كەلدى. يىللار بىزنى قېرىتقانىدى. بىز ئۇزاققىچە بىر ـ بىرىمىزدىن كۆز ئۈزمەي قاراپ كېتىشتۇق.

ئۆردەكنىڭ قېشىدىكى يەنە بىر ئاتلىق يىگىت ئۇنىڭ ئوغلى سادىق ئىكەن. بىز قەشقەردە ئاخىرقى قېتىم ئايرىلغاندىن كېيىن، ئۆردەك لوپنۇرغا قايتىپ كېلىپ توي قىپتۇ. يېڭى كۆلنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى چارا دېگەن جايدا قومۇش ساتما تىكىپ، بېلىقچىلىق ۋە ئوۋچىلىققا تايىنىپ ياشاپ كەپتۇ.»[22]

سۋېن ھېدىن يەنە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئۆردەك بۇ قېتىم يەنە بىزنىڭ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىمىزگە قوشۇلدى. ئۇ بىزگە ئۆزىنىڭ بىر قانچە يىللار ئىلگىرى بىر مۇنچە شەھەر خارابىلىرىنى كۆرگەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن ئۆيلەر ۋە بۇتخانىلارنىڭ بارلىقىنى ئېيتتى. بىز قىزىقىپ دەرھال ئۆردەكنىڭ ئارقىسىدىن ئاتلاندۇق، لېكىن، شۇنچە ئىزدەپمۇ ھېلىقى نامەلۇم شەھەر خارابىلىرىنى تاپالمىدۇق. ئۆردەك يەنە نۇرغۇن خارابىلارنىڭ بارلىقى ھەققىدە سۆزلەيتتىيۇ، ئەمما زادى قەيەردە ئىكەنلىكىنى ئۆزىمۇ دەپ بېرەلمەيتتى. مەن شۇ چاغدىلا ئۆردەكنىڭ روھىي كەيپىياتىنىڭ بىنورماللىقىنى، ئۇنىڭ قېرىغاندا خاتا تۇيغۇسىغا ئىشىنىپ قالىدىغان بىنورماللىق كېسەللىگە گىرىپتار بولغانلىقىنى بىلدىم. ئۆردەك راستىنلا قېرىغانىدى! ئۇنىڭ 1900 ـ يىلىدىكى جاسارىتى ۋە ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. خاتىرىسى خېلىلا چېكىنگەن

[22] [瑞典]斯文・赫定：《游移的湖》，新疆人民出版社，2000年版，第17－20页



AltunOq

بولۇپ، خىيالى تويغۇ بىلەن رېئاللىقنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

مەن شۇنداق قىلىپ، ئۆردەك بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم خوشلاشتىم. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنى قايتا كۆرمىدىم. كېيىن بىرگىماندىن ئاڭلىسام، ئۇنىڭ كېيىنكى كۈنلىرى تولىمۇ ئېچىنىشلىق ئۆتۈپتۇ. مەن ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىدىن ئايرىلىپ ئۈرۈمچىگە كەتكەندە، ئۆردەكمۇ ئەترەتتىن ئايرىلىپتۇ.

بىر كۈنى ئۇ تىكەنلىكتىكى بىر يەگىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىگە ئۇن ـ گۈرۈچ لازىملىقىنى، پۇلىنى كېيىن بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بەگ ئۇنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ، بىرنەچچە خالتا ئۇن ـ گۈرۈچ بېرىپتۇ. لېكىن ئۆردەك بۇ نەرسىلەرنى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىگە بەرمەي ئۆيىگە ئېلىپ كېتىپتۇ. بۇ ئىش ئاشكارىلانغاندىن كېيىن، ھېلىقى بەگ قاتتىق غەزەپلىنىپ ئۆردەكنى ھەپسىگە سولىتىۋېتىپتۇ.

بىچارە ئۆردەك! ئەسلىدە مەن ئۇنىڭ بىلەن قايتا يۈز كۆرۈشمىگەن بولسام ياخشى بولاركەن. چۈنكى ئۇنىڭ بۇ قېتىم ماڭا بەرگەن تەسىراتى بۇرۇنقىغا زادىلا ئوخشىمىدى، بۇنى پەقەت بىزنىڭ دوستلۇقىمىز جەريانىدىكى كىچىككىنە بىر كېلىشمەسلىك دېيىشكىلا بولاتتى، خالاس. مەن مۇشۇ ئىش تۇپەيلى 1900 ـ يىلىدىكى تەكلىماكاندا ئۆردەكنىڭ ماڭا قالدۇرغان ئۇنتۇلغۇسىز خاتىرىلىرىنى ھەرگىز، ھەرگىزمۇ ئۇنتۇپ كېتىشنى خالىمايمەن!...»[23]

خوكان ئەپەندى بىلەن ئۆردەك ۋە باشقا يەرلىك يول باشلىغۇچىلار ھەققىدىكى پاراڭلىرىمىز تولىمۇ قىزىپ كەتتى. شۇ ئەسنادا ئۇ پاراڭ تېمىسىنى يۆتكەپ، ئۆزلىرىنىڭ 1994 ـ يىلى، يەنى سۋېن ھېدىن تارىم ئويمانلىقىغا قەدەم قويغىنىغا 100 يىلدىن ئاشقان ۋاقىتتا ئۆزلىرىنىڭ سۋېن ھېدىننىڭ ئىزىنى بويلاپ خوتەن دەرياسىنىڭ كونا ئېقىنىنى زىيارەت قىلغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

ــــ بۇ ئىككى بوتۇلكا دۇغ سۇنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلىغانمۇسىز؟ ــــ دېدى خوكان ئەپەندى ئۈستەلدىكى جاھازدىن ئىككى بوتۇلكا سۇنى ئاۋايلاپ ئېلىپ تۇرۇپ، ــــ سىزگە سۆزلەپ بەرسەم بۇ بىر ئۇزۇن ھېكايە، 1895 ـ يىلى ئەتىيازدا سۋېن ھېدىن تەكلىماكان بويىدىكى مەكىتتىن قاسىمئاخۇن، ئىسلامباي، مۇھەممەدشاھ قاتارلىق يول باشلىغۇچىلارنىڭ ھەمراھلىقىدا تولۇق تەييارلىق بىلەن تەكلىماكانغا سەپەر قىلىدۇ. ئۇلار خوتەن دەرياسىنىڭ قۇرۇق ئېقىنىنى بويلاپ، تەكلىماكاننى كېسىپ ئۆتۈپ ئاخىرقى نۇقتا بولغان خوتەنگە بارماقچى بولىدۇ. لېكىن ئويلىمىغان يەردىن ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى خوتەن دەرياسىنىڭ غەربى بىلەن يەركەن دەرياسىنىڭ ئارىلىقىدىكى بىپايان چۆلدە يۆنىلىشتىن ئېزىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىچىدىغان سۇيى تۈگەپ كېتىپ ھەممىسى بىر ـ بىرلەپ قۇملۇققا يىقىلىدۇ. سۋېن ھېدىننىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھەمراھى

---

[23] [瑞典]斯文・赫定：《游移的湖》，新疆人民出版社，2000 年版，第54－52页

قاسىمئاخۇنمۇ ئۇسسۇزلۇق دەستىدىن ھالسىزلىنىپ ھوشىدىن كەتكەندىن كېيىن، ئۇ قاتتىق ئۇمىدسىزلىككە پاتىدۇ. لېكىن ئۇ يەنىلا مېڭىشنى توختاتمايدۇ. ئاخىرى خوتەن دەرياسىنىڭ قۇرۇغان ئېقىنىدا ئۆسۈپ قالغان قومۇشلۇق ئىچىدىكى بىر كۆلچەكنى بايقايدۇ. كۆلچەككە ئالدىنقى يىلىدىكى كەلكۈندە يىغىلىپ قالغان سۇ سۈيۈن ھېيدىنغا قايتا ھاياتلىق بەخش ئېتىدۇ. ئۇ كۆلچەكتىكى سۇنى ئىچىپ ئېسىگە كېلىۋالغاندىن كېيىن، پۈتىدىكى ئۆتۈكىنى سېلىپ، ئۇنىڭغا لىق سۇ ئالىدۇ ـ دە، بىر قۇرۇغان توغراق ياغىچىنى ئەپكەش قىلىپ قاسىمئاخۇننى قۇتقۇلدۇرغىلى ماڭىدۇ. ئۆتۈكتىكى سۇنى ئىچىپ ئۇمۇ ئېسىگە كېلىدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ كۆلچەك ئۇلارنى ئۆلۈم گىردابىدىن قۇتقۇلدۇرۇپ قالىدۇ. سۈيۈن ھېدىن ئۆز خاتىرىلىرىدە بۇ كۆلچەك ھەققىدە تولىمۇ تەسىرلىك قۇرلارنى يازىدۇ ھەمدە شۇ ۋاقىتتىكى كۆرۈنۈشلەرنى تېز سىزما قىلىپ سىزىپ قالدۇرىدۇ. كېيىنچە سۈيۈن ھېدىننى تەتقىق قىلغۇچىلار ۋە ئۇنىڭ تەرجىمىھالىنى يازغۇچىلار خوتەن دەرياسىنىڭ قۇرۇغان ئېقىنىدىكى بۇ كۆلچەكنى «ھېدىن كۆلچىكى» دەپ ئاتىشىدۇ.

1994 ـ يىلىنىڭ كەچ كۈز كۈنلىرى، شۋېتسىيە بىلەن جۇڭگونىڭ بىرلەشمە قىدىرىش ئەترىتى تەكلىماكانغا كىرمەكچى بولىدۇق. بۇ بىرلەشمە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىگە شۋېتسىيە تەرەپتىن پروفېسسور ستافان رۆسېن، مەن ۋە شۋېتسىيىنىڭ جۇڭگودىكى ئەلچىخانىسىدا مەدەنىيەت مەسلىھەتچىسى بولۇپ ئىشلەۋاتقان يوئاكىم ئېنىۋال ئۈچىمىز قاتناشقان ئىدۇق. بىز نىيىنىڭ شىمالىدىكى يارتوڭگۇز دەرياسىنى بويلاپ قىلغان ئېكسپېدىتسىيىمىزنى تاماملىغاندىن كېيىن، خوتەن دەرياسىنى بويلاپ تەكلىماكان قۇملۇقىنى جەنۇبتىن شىمالغا كېسىپ ئۆتۈش سەپىرىنى باشلىدۇق. بۇ سەپىرىمىز سۈيۈن ھېدىننىڭ بۇنىڭدىن يۈز يىل بۇرۇنقى تەكلىماكاننى كېسىپ ئۆتۈش سەپىرىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ئىدى. بىز سۈيۈن ھېدىننىڭ شۇ ۋاقىتتىكى خاتىرىسىگە ئاساسەن خوتەن دەرياسىنىڭ يەكەن دەرياسى بىلەن قوشۇلىدىغان جايىغا تەخمىنەن 100 كىلومېتىرچە كېلىدىغان جايدىكى قۇرۇق ئېقىن ئىچىدىن بىر كۆلچەكنى تاپتۇق ھەمدە بۇنى كۆپ جەھەتتىن تەكشۈرۈپ ئۆز دەۋرىدىكى سۈيۈن ھېدىننىڭ ھاياتىنى قۇتقۇلدۇرۇۋالغان كۆلچەك شۇ بولۇشى مۇمكىن دەپ جەزىملەشتۈردۇق. خاتىرە ئۈچۈن ماشىنىدىكى مىنېرال سۇنى ئىچمەي ئاشۇ كۆلچەكنىڭ سۈيىنى ئىچتۇق، ئاندىن بوشاپ قالغان ئىككى دانە مىنېرال سۇ بوتۇلكىسىغا كۆلچەكتىن سۇ ئالدۇق. بىز بۇ ئىككى بوتۇلكا سۇنى شۋېتسىيىگە ئېلىپ كەتمەكچى بولدۇق. ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىمىز ئۆز ۋەزىپىسىنى تۈگەتكەندىن كېيىن كورلىغا كېلىپ ئۈچ كۈن دەم ئالدۇق. بىر كۈنى كورلىدا سومكىلىرىمىزنى رەتلەش ئۈچۈن ھېلىقى ئىككى

بوتۇلكا دۇغ سۈيى ۋاقىتلىق ئۈستەلگە قويۇپ قويۇلغانىدۇق. چۈشتە سىرتتىن قايتىپ كىرسەك ئۈستەلدە سۇ يوق، كۆتكۈچىلەردىن سوراشتۇرساق، «ياتاقنى تازىلىغاندا كېرەكسىز سۇ ئوخشايدۇ دەپ ئەخلەتخانىغا تاشلىۋەتكەن ئىدۇق» دېدى. شۇ ھامان جىددىيلىشىپ ستافان ئەپەندى بىلەن بىرلىكتە مېھمانخانا دىرېكتورىغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلدۇق ھەمدە قانداقلا بولمىسۇن بۇ ئىككى بوتۇلكا دۇغ سۈيىنى تېپىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدۇق. كۆتكۈچىلەر ئەخلەتخانىغا كىرىپ تەكشۈرگەندىن كېيىن ئىككى سائەتلەر ئىلگىرى ئەخلەت ماشىنىسىنىڭ ئەخلەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىدىغان زاۋۇتقا ئېلىپ كەتكەنلىكىنى خەۋەر قىلىشتى. بىز تولىمۇ ئۈمىدسىزلىنىپ كەتتۇق. شۇ ئارىدا ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىمىزنىڭ جۇڭگو تەرەپ مەسئۇلى ئەھۋالنى كورلا شەھىرىنىڭ باشلىقىغا مەلۇم قىلغانلىقىنى، ھېلىقى ئىككى بوتۇلكا سۈيى چوقۇم نەدىن بولمىسا تېپىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغانلىقىنى ئۇقتۇق. بۇ ئىككى بوتۇلكا سۈينىڭ مەسىلىسى شۇ ۋاقىتتا كورلىدا زور ۋەقە بولغانىدى. تەلىيىمىزگە شەھەر باشلىقىنىڭ قاتتىق بۇيرۇقى بىلەن نۇرغۇن ئادەم ئەخلەت زاۋۇتىنى ئىزدەپ ئاخىرى ھېلىقى ئىككى بوتۇلكا سۈيى تېپىپ كەپتۇ. شۇندىلا ئۇھ دەپ، خاتىرجەم بولدۇق. مانا بۇ ئىككى بوتۇلكا سۇ بۇ سۈۋېن ھېدىن خاتىرە سارىيىدا تۇرغىلى 10 يىل بولدى، ھەر كۈنى ئۇنى كۆرسەم سۈۋېن ھېدىننىڭ تەكلىماكاندىكى تەۋەككۈلچىلىككە تولغان سەرگۈزەشتلىرىنى كۆرگەندەك بولىمەن.

خوكان ئەپەندىنىڭ ھېكايىسى مېنى تولىمۇ قىزىقتۇردى. مەنمۇ بۇ ئىككى بوتۇلكا سۈيى قولۇمغا ئېلىپ سىلاپ قويدۇم ــ دە:

ــــ بوتۇلكىنىڭ ئىچىدىكىسى تىنىق كۆلچەكتىكى دۇغ سۇ بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھېكايىسى تولىمۇ تەسىرلىك ۋە قىزىقارلىق ئىكەن! ــــ دېدىم.

ۋاقىت كەچ بولۇپ كەتكەنىدى. خوكان ئەپەندى بىلەن بولغان كۆڭۈللۈك سۆھبىتىمىز ماڭا ئىنتايىن مەنىلىك تۇيۇلدى.

قايتىش ئالدىدا مەن خوكان ئەپەندىگە ئۈرۈمچىدىن ئېلىپ كەلگەن يېقىندىلا نەشردىن چىققان ئۇيغۇرچە «سۈۋېن ھېدىن» دېگەن كىتابنى تەقدىم قىلدىم. ئۇ كىتابنى كۆرۈپ تولىمۇ خۇش بولدى ھەمدە كىتابنىڭ ئىسمى، ئاپتورى، نەشر قىلىنغان ئورنى ۋە قىسقىچە مەزمۇنىنى خەلقئارا ترانسكرىپسىيە بەلگىلىرى ھەمدە ئىنگلىزچە قىلىپ يېزىپ بېرىشىمنى ئۆتۈندى. مەن شۇ بويىچە يېزىپ بەردىم. خوكان ئەپەندىنىڭ كاتىپى مۇشۇ بويىچە دەرھال كومپيۇتېرغا كىرگۈزۈپ، سۈۋېن ھېدىن كۈتۈپخانىسىنىڭ كىتابلار كاتالوگىدىن ئورۇن ئالغۇزدى. ئۇ مېنىڭ ئالدىدا قولۇمنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ:

— سىزگە كۆپ رەھمەت! بىز سۈپىن ھېدىننىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنىشىنى ھەمدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆز يۇرتىنى كۆپ كەزگەن بۇ ئۇلۇغ ئېكسپېدىتسىيىچىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن ئۇچرىشىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. سىز تەمىنلىگەن بۇ كىتاب سۈپىن ھېدىن فوندى جەمئىيىتىگە تەقدىم قىلىنغان تۇنجى ئۇيغۇرچە كىتاب بولدى، شۇنداقلا سۈپىن ھېدىننىڭ تەرجىمىھالى ھەققىدىكى تۇنجى ئۇيغۇرچە كىتاب ئىكەن. گەرچە بۇ كىتابنى باشقا مىللەتتىن بولغان بىر ئاپتور يازغان ھەمدە خەنزۇ تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا ئاغدۇرۇلغان تەرجىمە كىتاب بولسىمۇ، لېكىن بىر ئۆمۈر تارىم ئويمانلىقى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت باغلىغان سۈپىن ھېدىننىڭ ھايات يولىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنىشى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە! — دېدى.

مەن مېڭىش ئالدىدا ئۇنىڭ بۇ كىتابنى كۇتۇپخانىنىڭ ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدىغان جايىغا تىزىپ قويغانلىقىنى كۆردۈم.

ئونىنچى باب

## توبىئاسىنىڭ ئازابى ۋە شۋېت شەرقشۇناسلىرى

## ھەققىدىكى تەنقىدىي ئويلار

مەن ئۇنى كۈندە دېگۈدەك كۆرۈپ تۇراتتىم. ئۇ مېنىڭ ئىشخانامنىڭ ئۇدۇلىدىكى بۆلۈمدە ئۆزى يالغۇز كۈن بويى كومپيۇتېرنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئىشلەيتتى. گاھىدا ياندىكى قەھۋە ئىچىدىغان ئاشخانا ئۆيىدە دوقۇرۇشۇپ قالاتتۇق. بۇنداق ۋاقىتتا بىر ــ بىرىمىزگە كۈلۈمسىرەپ شۋېتلارنىڭ ئادىتى بويىچە «ھەي!» دېيىشىپلا قوياتتۇق.

ئۇ ئېگىز بوي، ئورۇق، چاچلىرىنى كۆزىگە چۈشۈرۈۋالىدىغان بىر يىگىت ئىدى. پەمىمچە 30 ياشلاردىن ئەمدىلا ئاشقاندەك قىلاتتى. مەن ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ شەرقىي ئاسىيادىكى قايسى خەلقنىڭ قان تىپىدىن ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدىم. ئۇنىڭ ئىسمى توبىئاس ئىدى. بۇ بىر تىپىك شۋېتچە ئىسىم بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ شەرقىي ئاسىياغا باغلىنىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. بەزىدە ئۇنىڭ كورىيىلىك، ياپونىيىلىك، جوڭگولۇق ياكى ۋيېتنامىلىق ئىكەنلىكى ھەققىدە ئۆزۈمچە قىياس قىلىپ باقاتتىم. ئاخىرىدا ئۇنىڭ شەرق تىللىرى ئىنىستىتۇتىنىڭ كورىيە تەتقىقات ئورنىدا دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانى ئۈچۈن ئوقۇۋاتقانلىقىغا قاراپ كورىيىدىن بولسا كېرەك دەپ ئويلىدىم.

خوكان ئەپەندى بىلەن بولغان سۆھبەتتىن كېيىن مەن بىرقانچە كۈنلەر ئىنىستىتۇتتىكى ماتېرىياللار ئارىسىدىن سۆھبەت ھېدىنگە دائىر كىتابلارنى كۆرۈشكە باشلىدىم. بىر كۈنى ئەتىگەندە ئەمدىلا ئىشخانىغا كېلىپ، كومپيۇتېرنى قوزغىتىپ تۇرسام، توبىئاسىنىڭ تولىمۇ ئىككىلىنىۋاتقان ھالدا ئىشخانامغا كىرگەنلىكىنى كۆردۈم. مەن ھەيران بولۇپ:

— ھەي، خەيرلىك سەھەر! — دەپ سالام بەردىم شۋېتلارنىڭ ئادىتى بويىچە.

— خەيرلىك سەھەر! — دېدى ئۇمۇ دېلىغۇل بولغاندەك بىر ھالەتتە، — سىز بىلەن ئازراق پاراڭلاشسام بولامدۇ، ۋاقتىڭىز بارمىدۇ؟

— ئەلۋەتتە بولىدۇ، پاراڭلىشايلى!

— ئاڭلىسام سىزنى سۆۋېن ھېدىن بىلەن گۇننار ياررىڭنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ھەققىدىكى تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىنى تەتقىق قىلىدىكەن دېيدۇ. مۇشۇ ھەقتە ئازراق پاراڭلاشقان بولساق دەپ ئويلىغانىدىم.



Altun0q

— مەنمۇ پاراڭلىشىشنى خالايمەن، لېكىن مەن سۆزنى ھېلىقى ھەققىدە مەخسۇس تەتقىق قىلغان ئەمەسمەن. مېنىڭ قىزىقىدىغىنىم سۆزنى ھېلىقى، گۈزەل ياررىنىڭ ۋە باشقا شۆھرەت شەرقشۇناسلىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيىتى ھەققىدىكى بايانلىرىنى يىغىش ۋە توپلاش، خالاس. مەن تېخى بۇ ساھەگە ئەمدىلا قەدەم باستىم. كەلگۈسىدىكى بىر يىل ئىچىدە مۇشۇ تېما ئۈستىدە ئىزدەنمەكچىمەن.

— ھە، مەن چۈشەندىم. بۇ ھەقتە سىز بىلەن تەپسىلىيرەك پاراڭلىشىش خىيالىم بار، چۈشتە ۋاقتىڭىز بولسا بىللە تاماق يېگەچ پاراڭلاشساق ياخشى بولاتتى.

— بولىدۇ، ئەمىسە شۇنداق بولسۇن.

ئۇ ئىشخانامدىن چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ مەن بىلەن پاراڭلاشقان چاغدىكى دېلىغۇل ھالىتى خېلى ئۇزۇنغىچە كۆز ئالدىمدىن كەتمىدى. شۇبھىلار گەرچە مىجەز - خاراكتېر جەھەتتىن سوغۇق، باشقىلار بىلەن ئانچە ئارىلىشىپ كەتمەيدىغان خەلق بولسىمۇ، لېكىن ئاسىيا قان تېپىدىن بولغان بۇ يىگىتنىڭ غەيرىي نورمال مىجەزى مېنى ھەيران قالدۇرغانىدى.

چۈشتە دېيىشكىنىمىز بويىچە بىزنىڭ ئىنستىتۇتتىن ئىككى بېكەت يىراقلىقتىكى ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئوقۇغۇچىلار پائالىيەت مەركىزىگە باردۇق. بۇ يەردە ئوقۇغۇچىلار تاماقلىنىدىغان تېز تاماقخانىلار بولۇپ، ئازادە ھەم باھاسى ئەرزان ئىدى.

— مەن سىزنى مېھمان قىلاي، — دېدى ئۇ ئاشخانىغا كىرىپ ئەمدىلا ئولتۇرۇشىمىزغا، — نېمە تاماق يېگۈڭىز بار، مەن كورېيە تەييار چۆپى بىلەن كالا گۆشى قىيمىسى ئالىمەن، سىزچۇ؟

— ھە، مەن مۇسۇلمانچە تاماق يەيمەن، بۇ يەردە بارمىدۇ؟ — دېدىم ئەتراپتىكى تاماقلار تىزىملىكىگە قاراپ.

— كەچۈرۈڭ! سىز ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىسىز، شۇنداقمۇ؟ بۇ يەردە بېنگاللىق مۇسۇلمانلارنىڭ ھىندىچە تاماق بوتكىسى بار، سىزچە قانداق، بولامدۇ؟

— بولىدۇ، مەن ئۆزۈم بېرىپ كۆرۈپ باقاي.

بۇ ئوقۇغۇچىلار پائالىيەت مەركىزى باشقۇرىدىغان چوڭ تىپتىكى يۈرۈشلۈك تېز تاماقخانىلار بولۇپ، ئوتتۇرىدىكى زالنى چۆرىدەپ شۋېتچە، جۇڭگوچە، ھىندىچە، ئەرەبچە، كورېيەچە، ياپونچە ئۇسلۇبتىكى تاماق بوتكىلىرى ئورۇن ئالغانىدى. مەن بېنگاللىق قاراقۇمچاق ئىككى قىز تۇرغان بوتكىغا بېرىپ، مۇسۇلمانچە تاماق يەيدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. ئۇلار ھىندى ئۇسلۇبىدىكى يۇمشاق قانلىما نان بىلەن توخۇ گۆشى قىيمىسى، ياڭيۇ، پەمىدورقاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ پىشۇرغان كۆكتات قىيامىنى تەخسەمگە قويۇپ بەردى.

دېرىزىنىڭ قېشىدىكى بوش ئورۇنغا بېرىپ ئولتۇردۇق. توبىئاس ئالدىمىدىكى ئىستاكانغا كولا قۇيدى ـ دە:

— مەن كورېيىچە تاماقلارنى يېيىشنى ياخشى كۆرىمەن، — دېدى.

— سىز كورېيىلىكمۇ؟ — دېدىم ئۇنىڭغا سوئال نەزەرى بىلەن، — شىۋېتچىنى تولىمۇ ياخشى سۆزلەيدىكەنسىز!

— نېمە دېسەم بولار، — دېدى ئۇ كۆڭلىدىكى گېپىنى دېيەلمەيۋاتقاندەك قىينىلىپ، — سىزگە دېسەم، مېنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشۈم بىرئاز مۇرەككەپرەك. مەن كورېيىدە تۇغۇلغان ئىكەنمەن، ئاتا ـ ئانام مېنى تۇغۇپلا تاشلىۋېتىپتۇ، ئىككى ياشقىچە سېئولدىكى بىر دارىلئېتامدا تۇرۇپتىمەن، ئاندىن كورېيىگە ساياھەتكە بارغان ھازىرقى ئاتا ـ ئانام مېنى دارىلئېتامدىن ئېلىپ بېقىۋاپتۇ ۋە شىۋېتسىيىگە ئۆزلىرى بىللە ئېلىپ كېتىپتۇ. مەن ئۇ ئىشلارنى ئەسلىيەلمەيمەن. مېنىڭ بالىلىقىم شىۋېتسىيىنىڭ جەنۇبىدىكى مالمۇ دېگەن شەھەردە ئۆتتى. چوڭ بولغاندا ئۆزۈمنىڭ ئېمىشقا شىۋېتلارغا ئوخشىمايدىغانلىقىمنى، كۆزۈمدىكى ئۆز ئاتا ـ ئانامنىڭ مېنى ئېمىشقا تۇغۇپلا تاشلىۋەتكىنىنى ئۇقۇپ تولىمۇ ئازابلاندىم. مەن ئۆز ئاتا ـ ئانامنىڭ كىملىكىنى، ئۇلارنىڭ قەيەردە ياشايدىغانلىقىنى، ھەتتا ئىسىم فامىلىسىنىڭ نېمىلىكىنىمۇ ئۇقمايمەن. پۈتكۈل بالىلىقىم ئاق تەنلىك شىۋېتلارنىڭ ئىچىدە ئۆزۈمنى كەمسۇندۇرۇش، تەنھا ھېس قىلىش، ئادەملەردىن قېچىش پسىخىكىسى ئىچىدە ئۆتتى. گەرچە مېنى بېقىپ چوڭ قىلغان ئاتا ـ ئانام مېنى ياخشى كۆرسىمۇ، لېكىن چوڭ بولغانسېرى ئۇلار بىلەن مېنىڭ ئارىلىقىمدا بىر كۆرۈنمەس ھاڭنىڭ شەكىللىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىمەن. ئۇنىۋېرسىتېتقا كىرگەندىن كېيىن مالمۇدىكى ئاتا ـ ئانامنىڭ ئۆيىدىن ئايرىلىپ ئۇپسالاغا كەتتىم. شۇندىن بۇيان ئۆزۈمنى تېپىۋېلىشقا كۆپ تىرىشتىم. ئادەم ئۈچۈن ھەممىدىن قىيىن بولغىنى ئۆزىنى بايقاش ۋە ئۆزىدىن غالىب كېلىش ئىكەن. ئۇنىۋېرسىتېت پۈتتۈرگەندىن كېيىن، كورېيە تارىخىنى ئۆزۈمنىڭ دوكتورلۇق تەتقىقات تېمام قىلىپ تاللىۋالدىم. لېكىن شۇنچە ئۆگىنىپمۇ ئۆزۈمنىڭ كورېيان تىل سەۋىيەمنىڭ ئېسىمگە كېلىپ بىلگەن شىۋېت تىلىمغا يەتمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىمەن. راستىنى دېسەم مېنىڭ دوستۇم يوق. خۇشاللىقىمنى، ئازابلىرىمنى ئېيتىپ ئورتاقلىشىدىغان يېقىن ئادىمىم يوق. مەن شىۋېتلار بىلەن دوست بولۇپ ئۆتۈشنى خالىمايمەن، چۈنكى بالىلىق ۋاقىتلىرىمدىكى كۆڭۈلسىز سەرگۈزەشتىلىرىم — تەڭ دېمەت ئاق تەنلىك بالىلارنىڭ مېنى كەمسىتىشى، مازاق قىلىشى، خۇددى بىر يات مەخلۇققا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىشى مېنىڭ قەلبىمدە مەڭگۈ ساقايتقىلى بولمايدىغان جاراھەتلەرنى قالدۇردى. مەن چوڭ بولغاندىن كېيىنمۇ بەختسىز بالىلىقىمنى ئۇنتۇپ كېتەلمىدىم. شۇڭا مەن ئۆزۈمنى كىملىكىم ئايان بولغان كىملىكسىز ئادەمدەك ھېس قىلىمەن. مەن

ئەسلىدە سېرىق چاچلىق بۇ سوغۇق كىشىلەر ئارىسىدا چوڭ بولىدىغان بالا ئەمەس ئىدىم، خۇدا مېنى بۇنداق بەختسىزلىككە گىرىپتار قىلماسلىقى كېرەك ئىدى. قارالى، مېنىڭ چېچىم قارا، چىرايىم ۋە قېنىم تىپىك شەرقىي ئاسىيالىق، لېكىن روھىم، مەنىۋىيىتىم شىمالىي ياۋروپالىق. مەن ئۆزۈمدىكى شۇ قەدەر زور بولغان بۇ ئىككى چوڭ پەرق ئوتتۇرىسىدا قىيىنىلىپ ياشايمەن. بەلكىم سىزگە ئوخشاش ئۆز تۇپى ۋە قان ـ قېرىنداشلىرى ئارىسىدا ئۆسۈپ چوڭ بولغان كىشىلەر مېنىڭ ھېسسىياتىمنى ئانچە چۈشەنمەسلىكى مۇمكىن. نېمىشقا دېسىڭىز، سىز باللىقىڭىزدا ئاتا ـ ئانىڭىزدىن «مېنىڭ چېچىم نېمىشقا سېرىق ئەمەس، بەلكى قارا؟» دەپ ئەزەلدىن سوراپ باقمىغان بولۇشىڭىز ئېنىق. چۈنكى ئەتراپىڭىزدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ چېچى قارا. بۇنداق مۇھىتتا سىز ئۆزىڭىزنى باشقىلارغا نىسبەتەن يوچۇن ۋە يات ھېس قىلمايسىز. لېكىن مەن باللىقىمدا ھازىرقى ئاتا ـ ئانامدىن «مېنىڭ چېچىم نېمىشقا قارا، باشقىلارنىڭ چېچى نېمىشقا ھەممىسى سېرىق؟» دېگەن سوئالنى تالاي قېتىملار سورىغانمەن. چۈنكى مەن ئۆز ئەتراپىمدىكى مۇھىتنىڭ ئېسىمنى بىلگەن كۈندىن باشلاپلا ماڭا مەنسۇپ ئەمەسلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان. مانا بۇ مېنىڭ ھېكايەم! ئۆزۈمنىڭ شەخسىي كەچۈرمىشلىرىمنى سۆزلەپ سىزنىڭ ۋاقتىڭىزنى ئالدىم، كەچۈرىسىز.

توبىئاس ناھايىتى ئوچۇق ئىنگلىز تىلى بىلەن ئۆزىنىڭ شەخسىي ھېكايىسىنى سۆزلەپ تۈگەتتى. مەن شۇ مىنۇتلاردىلا ئۇنىڭ مىجەزىدىكى غەيرىي نورماللىقنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنگەندەك بولدۇم. مەن ئۇنىڭغا قارىدىم. ئەمدى ئۇ مېنىڭ كۆز ئالدىمدا پۈتۈنلەي تىپىك بولغان كورىيىلىككە ئايلانغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. بۈگۈنكى كۈندە دۇنيا مەدەنىيىتى توختاۋسىز رەۋىشتە يۇغۇرۇلۇپ، ئوخشاش بولمىغان ئىرق ۋە مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر ئازىيىپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن كونكرېت ئادەملەر ۋۇجۇدىدىكى مەدەنىيەت پەرقىنىڭ شۇ قەدەر چوڭلۇقى مېنى ھەيران قالدۇردى.

ــــ ئەمدى گېپىمىزنىڭ ئەسلىي تېمىسىغا كۆچەيلى، ــــ دېدى توبىئاس قولىدىكى كولادىن بىر يۇتۇم ئوتلاپ، ــــ سىز ھېلىدىنىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيىسى ھەققىدە قانداق قاراشتىسىز؟ مېنىڭ بۇنى بىلگۈم بار.

ــــ مەن ئۇنى ئۇلۇغ بىر ئېكسپېدىتسىيىچى، ئوتتۇرا ئاسىيا جۇغراپىيىسىنىڭ سىرلىق پەردىسىنى ئاچقۇچى دەپ تونۇيمەن، ــــ دېدىم مەن ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋابەن، ــــ مېنىڭ بۇ يەردىكى بىر يىللىق تەتقىقاتىم نوقۇل سۋېن ھېدىن ئەسەرلىرى بىلەن چەكلەنمەيدۇ. مەن شۋېت شەرقشۇناسلىرىنىڭ مەركىزىي ئاسىيا، بولۇپمۇ ئۇيغۇر تىل مەدەنىيىتى ھەققىدىكى تەتقىقاتلىرىنى ئۆگەنمەكچىمەن، ئۇنىڭدىن سىرت شۋېتسىيە ئارخىپلىرى ۋە كۇتۇپخانىلاردا ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇرچە يازما ۋەسىقىلەر، قوليازمىلارنى كۆرمەكچىمەن.

— ھەئە، چۈشەندىم. لېكىن مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، ھازىرغا كەلگۈچە غەرب دۇنياسى سۈبېن ھېدىنىنى ھەدەپ كۆككە كۆتۈرۈپ، تەڭگىلى بولمايدىغان بۈيۈك شەخس قىلىپ قويدى. مەن ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جۇغراپىيىسى ۋە يەر تۈزۈلۈشى ھەققىدە ئېلىپ بارغان بەش قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىسىنى ھەمدە بۇ جەرياندا قولغا كەلتۈرگەن مىسلىسىز نەتىجىلىرىنى ئىنكار قىلماقچى ئەمەسمەن، لېكىن بۇ ئاتالمىش ئۇلۇغ شەخسنىڭ ئىلىم - پەن ساھەسىدىكى ئۇلۇغۋار ئەمگەكلىرىنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغان سوئال بەلگىلىرىنى ئاختۇرۇپ كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئەسلىدىكى چىقىش نۇقتىسى، تۈپ مۇددىئاسى، سىياسىي مەۋقەسى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى يەتمەكچى بولغان مەقسىتى ھەققىدە مۇھاكىمە قىلىپ كۆردىڭىزمۇ؟

— كەچۈرۈڭ، مەن سۈبېن ھېدىنىنىڭ ئىدىيىسى ۋە مەۋقەسى ھەققىدە ئىزدىنىپ كۆرمىگەنمەن. مېنىڭ قىزىقىدىغىنىم پەقەت ئۇنىڭ خاتىرىلىرى ۋە تەكشۈرۈش دوكلاتلىرى ئىچىدىكى بىزنىڭ يۇرتىمىز ۋە خەلقىمىزنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى جەمئىيەت ئەھۋالىغا دائىر قىممەتلىك ئۇچۇرلار، خالاس. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى جۇڭگودا ئەمدىلا نەشر قىلىنىۋاتىدۇ، تېخى تولۇق ئەمەس، مەن بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىنلا ئاندىن ئۇنىڭ تولۇق ئەسەرلىرىنى كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتىم. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ ئىدىيىسى ۋە ئېكسپېدىتسىيە پائالىيەتلىرىنىڭ ئەسلىي چىقىش نۇقتىسى مەن ئۈچۈن تېخى قاراڭغۇ.

— مېنىڭ بۇ مەسىلىنى سورىشىم سۈبېن ھېدىنىدەك مەشھۇر ئېكسپېدىتسىيىچىنىڭ زور ئىلمىي ئەمگەكلىرىنىڭ كەينىدە سەل قاراشقا بولمايدىغان ياۋروپا مەركەزچىلىك تەلىماتىنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى، ئۇنىڭغا باھا بېرىشتە ئۇنىڭ ئىلىم - پەن ساھەسىدە داڭلىق نوپۇز ئىگىسى بولۇشتەك ئۇلۇغۋار بىر يۈزىنىڭ ئارقىسىدا ناتسىستلار گېرمانىيىسىگە ھېسداشلىق قىلىشتەك يەنە بىر غەيرىي يۈزىنىڭمۇ بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالماسلىق ئۈچۈندۇر. سىزنىڭ خەۋىرىڭىز بارمىكىن، ئۇ گەرچە ئىلىم - پەن ساھەسىدىكى گىگانت بىر شەخس بولسىمۇ، لېكىن بىرىنچى ۋە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىللىرىدە سىياسىي جەھەتتە ئىزچىل ھالدا گېرمانىيىگە ئۈمىد باغلاپ كەلگەن. بولۇپمۇ ناتسىستلار گېرمانىيىسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى بىلەن بولغان دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ كەلگەن. ھەتتا شۇ دەۋرلەردە ياۋروپا بويلاپ نۇتۇق سۆزلەپ، ناتسىستلار گېرمانىيىسىگە بولغان مايىللىقىنى ئوچۇق - ئاشكارا تەرغىب قىلغان. ھەتتا ئۇچىنچى ئىمپېرىيىنى مەدھىيىلەيدىغان كىتابمۇ يازغان.

مەن توبىئاسنىڭ گەپلىرىدىن ھاڭ - تاڭ قالدىم. شۇ كەمگىچە سۈبېن ھېدىنىنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرىگە قىزىقىپ، خېلى كۆپ كىتابلىرىنى يىغقان بولسامۇ، لېكىن ئۇنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى غايىسى ۋە مەيدانىغا كۆپ دىققەت

قىلمىغان ئىكەنمەن. شۇڭا مەن توبسىئاستىن ئىچكىرىلەپ سورىدىم.

— مەن مۇشۇ كەمگىچە سۈبىن ھېدىننىڭ بۇ تەرەپلىرىگە دىققەت قىلمىغان ئىكەنمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، جۇڭگودا ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيىسىگە دائىر ئەسەرلىرىلا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنغان. ئۇنىڭ «جياڭ جيېشى» ناملىق بىئوگرافىك كىتاب يازغانلىقىنى بىلسەممۇ، لېكىن ناتسىستلار گېرمانىيىسى بىلەن بولغان يوشۇرۇن رىشتىسىنى بىلمەيدىكەنمەن. ئۇنداقتا ياۋروپادا، بولۇپمۇ شۋېتسىيىدە ئۇنىڭغا قانداق قارايدۇ؟ بۇ ھەقتە يېزىلغان مەخسۇس ئەسەرلەر بارمۇ؟

— سۈبىن ھېدىن بىر مۇرەككەپ شەخس، ئۇ توغرىلىق ياۋروپادا تۈرلۈك قاراشلار مەۋجۇت. لېكىن ئۇنىڭ مەركىزىي ئاسىيانىڭ ئارخېئولوگىيە ۋە جۇغراپىيىسى ھەققىدە قولغا كەلتۈرگەن زور ئېكسپېدىتسىيىلىك مۇۋەپپەقىيەتلىرى سىياسىي جەھەتتىكى كۆڭۈلسىز سەرگۈزەشتىلىرىنى كۆمۈپ تاشلىغان. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلىشىپ ناتسىستلار گېرمانىيىسى گۇمران بولغاندىن كېيىن، ئۇ سىياسىي جەھەتتىكى سەۋەنلىكلىرى تۈپەيلى بىر مەزگىل كىشىلەر نەزىرىدىن چۈشۈپ كەتكەن. ھەتتا پۈتسۇنلەي سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچرىغان. كېيىنچە يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ تەۋەككۈلچىلىككە تولغان ھاياتىدىكى بۇ داغلارمۇ كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندەك تۇرىدۇ. ئىشقىلىپ نېمىلا بولمىسۇن، ئەگەر سىز سۈبىن ھېدىننى تەتقىق قىلماقچى بولسىڭىز، بۇ تەرەپلىرىگىمۇ دىققەت قىلىشىڭىز كېرەك دەپ ئويلايمەن. گۇننار ياررىڭ گەرچە بۇ جەھەتتە سۈبىن ھېدىندەك ئۇنچىلىك تىپىك بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قاراشلىرىدىمۇ ياۋروپا مەركەزچىلىك تەلىماتىنىڭ تەسىرىدە شەكىللەنگەن مەلۇم دەرىجىدىكى ئىرقچىلىق ئىدىيىلىرىنى يوق دېگىلى بولمايدۇ.

— شۇنداقمۇ، — دېدىم ئۆز ھەيرانلىقىمنى يوشۇرالماي، — سۈبىن ھېدىننىغۇ شۇنداق دەپ تۇرايلى، لېكىن گۇننار ياررىڭنىڭ قاراشلىرىدا ياۋروپا مەركەزچىلىك تەلىماتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئىرقچىلىق نۇقتىئىنەزىرى بارلىقىغا ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ. مەن ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلى، ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتى ھەققىدىكى ئەسەرلىرىنى تەپسىلىي كۆرۈۋاتىمەن، خۇسۇسىي خەت - چەك ۋە ئارخىپلىرىنىڭ كاتالوگىنى ئىشلەشكە ياردەملىشىۋاتىمەن. لېكىن سىز دەۋاتقان تەرەپلىرىنى مەن بايقىمىدىم. پروفېسسور ستافان رۆسېن ئەپەندى ۋە بىرگىت خانىملار بىلەن گۇننار ياررىڭنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدە كۆپ پاراڭلاشتۇق، لېكىن ئۇلارمۇ بۇ ھەقتە ماڭا ھېچ بىر ئەسكەرتىش بەرمىگەن.

— دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن مەن سىزگە بۇ تەرەپلىرىنى ئەسكەرتىۋاتىمەن. پروفېسسور ستافان رۆسېن بىلەن بىرگىت شىلبېتېر نېمە ئۈچۈن بۇ ھەقتە سىزگە گەپ قىلمايدۇ؟ چۈنكى ئۇلار بۇ تەرىپىنى بىزدىنمۇ ياخشى بىلىدۇ،



AltunOq

لېكىن ئۇلار بۇ ھەقتە گەپ قىلىشنى خالىمايدۇ. سىز سۈبىن ھېدىن ۋە باشقا ياۋروپا شەرقشۇناسلىرىغا غەربنىڭ مەيدانىدا ئەمەس بەلكى شەرقنىڭ، يەنى ياۋروپالىقلار تىكلەپ بەرگەن «غەيرىي شەرق» نىڭ ئەمەس، بەلكى شەرقلىقلەر ئۆزلىرى تىكلەۋاتقان «ئەسلىي شەرق» نىڭ نۇقتىئىنەزىرى بىلەن قاراپ بېقىڭ! شۇ چاغدىلا مېنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىمنى چۈشىنىسىز. مەن ئېدۋارد سەئىدگە چوقۇنىمەن، بولۇپمۇ ئۇنىڭ «شەرقچىلىق» ناملىق ئەسىرىنى ياقتۇرۇپ ئوقۇيمەن. ئۇ بىزگە غەرب تىكلەپ بەرگەن «شەرق» نىڭ خاتا ئۇقۇملىرىنى چۈۋۈپ كۆرسىتىپ، شەرقلىقلەرگە ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى ھەقىقىي «شەرق» ىنى قايتۇرۇپ بەردى. مەن شۈبھىسىزدە، ئاق تەنلىكلەرنىڭ مەدەنىيەت مۇھىتىدا ئۆسۈپ چوڭ بولغان شەرقلىق بىر تاشلاندۇق بالا. مەن غەربنىڭ «شەرق» ھەققىدىكى ئۇقۇملىرىنىڭ ئىچكى مەنىسىنى شەرقتە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ھەرقانداق بىر ئادەمدىنمۇ چوڭقۇرراق ھېس قىلالايمەن. مەن بۇ ھەقتە بىر پارچە ماقالە يازغان، لېكىن ھېچيەردە ئېلان قىلالمىدىم. سىزنىڭ ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقىڭىزغا ئەۋەتىپ بېرەي، كۆرۈپ بېقىڭ. لېكىن سىزدىن ئۆتۈنىدىغىنىم شۇكى، بۈگۈنكى سۆھبىتىمىز ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنى ھەققىدە بىرگىت خانىم ياكى ستافان ئەپەندىلەرگە ھېچنېمە دېمەڭ!

— بولىدۇ، تاماققا تەكلىپ قىلغىنىڭىزغا كۆپ رەھمەت! — دېدىم مەن ئورنۇمدىن تۇرغاچ، — بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قويغىنىم بولدى. لېكىن مەن راستىنى دېسەم، سۈبىن ھېدىن قاتارلىق شۋېت شەرقشۇناسلىرىنىڭ سىياسىي مەۋقەسى ياكى شەخسىي ئىدىيىسىگە قىزىقمايمەن. مېنىڭ قىزىقىدىغىنىم ئۇلارنىڭ مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ تىلى ۋە مەدەنىيىتى ھەققىدە ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈش خاتىرىلىرى ۋە تەتقىقات ئەسەرلىرى، خالاس. ئەمما سىز دېگەندەك ئۇلارنىڭ ئەمگەكلىرىگە بىرلا نۇقتىدىن ئەمەس، بەلكى كۆپ تەرەپلەردىن باھا بەرگىنىمىز ياخشى.

شۇنداق قىلىپ توبىئاس خۇبىنېتتى بىلەن بولغان چۈشلۈك تاماقتىكى ئۇزاق سۆھبىتىمىز ئاخىرلاشتى. مەن ئىشخانىمغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقىمغا ھېلىقى ماقالىسىنى ئەۋەتكەنلىكىنى بايقىدىم. ئوقۇپ كۆرسەم ماڭا دېگەن سۈبىن ھېدىن قاتارلىق شۋېت شەرقشۇناسلىرى ھەققىدىكى ناھايىتى ئۇزۇن تەنقىدىي ماقالە ئىكەن. ماقالىدىكى بىر قىسىم بايانلار ۋە سۈبىن ھېدىنىنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى ناتسىستلار گېرمانىيىسىنىڭ كاتتىۋاشلىرى بىلەن يېزىشقان خۇسۇسىي خەتلىرىدىن ئېلىنغان نەقىللەر مېنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇردى. ماقالىدا يەنە گۇننار ياررىڭنىڭ دىپلوماتىيە ساھەسىگە كىرگەندىن كېيىنكى بىر قىسىم نۇقتىئىنەزەرلىرىنى تەنقىدلىگەن بايانلارمۇ بار ئىدى. بۇلارنى ئوقۇپ قانداقتۇر ئۆزۈممۇ بىلمەيدىغان بىر تۆۋەن تۇيغۇغا چۆمۈلدۈم. ھەتتا بىر خىل ئۈمىدسىزلىككە ئوخشاپ كېتىدىغان كەيپىيات مېنى بىر مەزگىل ئىگىلىۋالدى.

شۇنداق قىلىپ بىرقانچە كۈن ۋاقىت چىقىرىپ سۇبىن ھىبدىننىڭ ئىنگلىزچە نەشر قىلىنغان خەت ـ چەكلەر توپلىمى بىلەن بىرقانچە خىل تەرجىمىھاللىرىنى ئوقۇشقا كىرىشىپ كەتتىم.

سۇبىن ھىبدىن 1935 ـ يىلى ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلغان بەشىنچى قېتىملىق زور كۆلەمدىكى ئېكسپېدىتسىيىسىنى تۈگىتىپ، ستوكھولمغا قايتىپ كەلگىنىدە، پۈتكۈل ياۋروپا بىر خىل داۋالغۇش ئىچىدىكى سىياسىي كەيپىياتتا تۇرۇۋاتاتتى. يىگىدىن باش كۆتۈرگەن ناتسىستلار گېرمانىيىسى ۋە ئۇنىڭ تەلۋە داھىيسىنىڭ چېكىدىن ئاشقان ئوتتۇق ـ تەشۋىقاتلىرى ياۋروپادىكى نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەرنى خاتىرجەمسىزلەندۇرۇپ، بىر مەيدان ساقلانغىلى بولمايدىغان دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ۋەھىمىسىدىن بېشارەت بېرىۋاتاتتى. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىلا سىياسىي جەھەتتە گېرمانىيىگە مايىل بولۇپ، گېرمانىيىنىڭ ياۋروپانىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىشىگە ئۈمىد باغلىغان ھىبدىن ئەمدىلىكتە يەنە شۇ ئۈمىدىنىڭ قايىنىمىغا كىرىپ قالغانىدى.

سۇبىن ھىبدىن ئىلىم ـ پەن ساھەسىدە زور ئابرۇيغا ئىگە بىر شەخس بولۇشىغا قارىماي، سىياسىي جەھەتتە ياۋروپا سەھنىسىدە ئۆزىنىڭ بىر كىشىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى ئويلىغانىدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ شۇ دەۋردە دۇنيادىكى نۇرغۇن سىياسىي داھىيلار، مەشھۇر زاتلار ھەمدە دۆلەت باشلىقلىرى بىلەن بولغان تونۇشلۇقى شۇنداقلا ئىلىم ساھەسىدىكى يۇكسەك نوپۇزى ئۇنى ئەمدىلىكتە بىر سىياسىي سەھنە بىلەن تەمىنلىگەنىدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدىن كېيىن سۇبىن ھىبدىننىڭ كۆپ قىسىم ئەسەرلىرى گېرمانىيىلىك نەشرىيات سودىگەرلىرىنىڭ مەبلەغ سېلىشى بىلەن گېرمانىيىدە نەشر قىلىنغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭ بىرقانچە قېتىملىق ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيىسىنىڭ مەبلىغى ئاساسەن گېرمانىيىدىن ھەل قىلىنغان بولۇپ، جىددىي رەۋىشتە قۇدرەت تېپىۋاتقان بۇ دۆلەت ئۇنىڭ ئاساسلىق مەبلەغ مەنبەسى بولۇپ كەلگەنىدى. شۇڭلاشقا ئۇ بالىنىق دېگىرى ئارقىلىق ئۆز ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ تۇرغان بۇ قۇدرەتلىك قوشنىسىغا نىسبەتەن ھېسسىيات جەھەتتىن باشتىن ـ ئاخىر مايىل بولۇپ كەلگەنىدى.

سۇبىن ھىبدىن ئاسىياغا قىلغان ئاخىرقى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىسىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ۋەتىنىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ياۋروپادىكى بىرقانچە دۆلەتلەرنى زىيارەت قىلىپ ئۆز مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تونۇشتۇرىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ گېرمانىيىگە قىلغان زىيارىتى ئۇنىڭ شان ـ شۆھرىتىنى بىراقلا يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. ئۇ بېرلىندىكى چېغىدا گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيە باش قوماندانى گېرىنگنىڭ ھەمراھلىقىدا ناتسىستلارنىڭ كاتتىۋېشى ئادولف گىتلېر بىلەن بىرىنچى قېتىم كۆرۈشىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ «ئۇلۇغۋار تەسەۋۋۇر» لىرىنى ئاڭلايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ

گىتلېر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى خېلى بالدۇرلا باشلانغان بولۇپ، 1933 ـ يىلى گىتلېر ھېدىننىڭ ئېكسپېدىتسىيە ھاياتىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن تېلېگرامما يوللىغانىدى. 1935 ـ يىلى گىتلېر يەنە بىر قېتىم ھېدىنغا تەبرىك تېلېگراممىسى يوللاپ، ئۇنىڭ 70 ياشقا تولغانلىقىنى تەبرىكلىگەنىدى.

1936 ـ يىلى بېرلىندا ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنى ئېچىلغاندا گېرمانىيە ھۆكۈمىتى ھېدىننى ئالاھىدە مېھمان سۈپىتىدە تەكلىپ قىلىدۇ. ھېدىن تەكلىپنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئولىمپىك يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا ياۋروپا ۋەكىلى سۈپىتىدە سۆز قىلىدۇ. يىغىندىن كېيىن گىتلېر ھېدىننى يەنە بىر قېتىم قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا يۇقىرى باھا بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ گېرمانىيىگە زور ئۈمىد باغلىغان ھېدىن 1935 ـ يىلى «گېرمانىيە ۋە دۇنيا تىنچلىقى» ناملىق بىر كىتاب يېزىپ گېرمانىيىنى ئېجابىي جەھەتتىن تەشۋىق قىلىدۇ. لېكىن يەھۇدىيلار ۋە باشقا بىر قىسىم مەسىلىلەردە ھېدىن ناتسىستلارنىڭ نەزەرىيىسىگە زىت پىكىردە بولغانلىقى ۋە ئۇنى ئۆزگەرتمەسلىكتە چىڭ تۇرغانلىقتىن، بۇ كىتاب گېرمانىيىدە نەشر قىلىنىش چەكلىنىدۇ.

1939 ـ يىل 1 ـ سېنتەبىردە گېرمانىيە چاقماق تېزلىكىدە ئۇرۇش قوزغاپ پولشانى بېسىۋالىدۇ. ئەنگلىيە، فرانسىيىلەر ئارقا ـ ئارقىدىن گېرمانىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئومۇميۈزلۈك پارتلايدۇ. زېمىن تەلىپى قانمىغان سوۋېت ئىتتىپاقى فىنلاندىيىگە ئەسكەر چىقىرىپ شىمالىي ياۋروپاغا تەھدىت سالىدۇ. ھېدىن سوۋېت ئىتتىپاقىنى پەقەت گېرمانىيىلا چەكلىيەلەيدۇ دەپ قاراپ، ئۆزى شەخسەن ئىككى قېتىم بېرلىنغا بارىدۇ ھەمدە گىتلېر بىلەن كۆرۈشۈپ ھەربىي كۈچ ئارقىلىق فىنلاندىيىنى قوغداشنى تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن گىتلېر ئەينى ۋاقىتتىكى دۇنيا ۋەزىيىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يامانلىشىشنى خالىمايدۇ. ھېدىننىڭ ئۇرۇنۇشلىرى ھېچقانچە ئۈنۈم ھاسىل قىلالمىغان بولسىمۇ، لېكىن فىنلاندىيە ھۆكۈمىتى ھېدىننىڭ بۇ تىرىشچانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئۆز دۆلىتىنىڭ ئالىي ئوردېنى ــ ئاق ئەتىرگۈل مېدالىنى تەقدىم قىلىدۇ.

ئۇزاق مەزگىل جۇڭگودا تۇرغان ھېدىن ئاسىيا ۋەزىيىتى ھەققىدە جۇڭگودا كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىگە ئاساسەن 1939 ـ يىلى «جياڭ جيېشى» ناملىق بىئوگرافىك ئەسەر يازىدۇ. ئۇ بۇ ئەسىرىدە ياپونىيىنىڭ جۇڭگوغا قىلغان تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنى ئەيىبلەيدۇ. ياپونىيە گېرمانىيە بىلەن ئوق مەركىزىگە تەۋە ئىتتىپاقداش دۆلەتلەردىن بولغاچقا، بۇ كىتابنى گېرمانىيىدە نەشر قىلدۇرالمايدۇ.

1940 ـ يىلى گېرمانىيە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قوزغاپ، ئاۋۋال دانىيىنى، ئاندىن

شۋېتسىيىنىڭ زېمىنىدىن ئۆتۈپ نورۋېگىيىنى بېسىۋالىدۇ. بۇنىڭدىن سۋېن ھېدىن قاتتىق تاسادىپىيلىق ھېس قىلىدۇ. ئۇ گىتلېرنىڭ قارا نىيىتىنى بىلگەن بولسىمۇ، لېكىن گېرمانىيە ياۋروپانىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ دېگەن خام خىيالىغا يەنىلا ئىشىنىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ناتسىستلار گېرمانىيىسى شۋېتسىيىگە بېسىم ئىشلىتىپ، نورۋېگىيىنىڭ شۋېتسىيىدە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنى ئېتىراپ قىلماسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. شۋېتسىيە جامائەتچىلىكى نامايىش ئۆتكۈزۈپ تاجاۋۇزچىلىقا ئۇچرىغان نورۋېگىيە تەرەپتە تۇرىدۇ ھەمدە ھۆكۈمەتتىن گېرمانىيىنىڭ يولسىز تەلىپىنى رەت قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ھېدىن ئۆزىنىڭ گىتلېرنىڭ نەزىرىدىكى ئابرۇيى ھەمدە ناتسىستلارنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى بىلەن بولغان يېقىن مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىپ گېرمانىيىنى گەپ بىلەن قايىل قىلىش ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم بېرلىنغا بارىدۇ. ئۇنىڭ بۇ قېتىملىق تىرىشچانلىقى ئۈنۈم بېرىدۇ. گىتلېر سۋېن ھېدىننىڭ ئىلتىماسىغا قوشۇلىدۇ ھەمدە ھېدىننىڭ ئارا تۇرۇشى بىلەن 13 نەپەر نورۋېگىيىلىك قارشىلىق كۆرسىتىش ئەزاسى ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە شۋېتسىيە بىتەرەپ دۆلەتلىك سۈپىتى بىلەن گېرمانىيىنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىمايدۇ. سۋېن ھېدىن شۋېتسىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقا ئۇچرىماسلىقتىكى سەۋەبىنى ئۆزىنىڭ دىپلوماتىيە تىرىشچانلىقى ۋە ناتسىستلار گېرمانىيىسى بىلەن بولغان ئالاھىدە مۇناسىۋىتىدىن بولغان دەپ قارايدۇ ھەمدە بۇنى ئۆز ئەسلىمىسىدە قىلچە يوشۇرماي يازىدۇ. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئومۇميۈزلۈك باشلىنىش ئالدىدا گېرمانىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى ھېدىننىڭ ستوكھولمدىكى داچىسىغا مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ ئامېرىكىغا بېرىپ ئۆزىنىڭ ئابرۇيى ئارقىلىق ئامېرىكىنى ئۇرۇشقا قاتناشماسلىققا كۆندۈرۈشنى ھاۋالە قىلىدۇ. سۋېن ھېدىن گېرمانىيىنىڭ بۇ تەلىپىنى سىلىق سۆزلەر بىلەن رەت قىلىدۇ. لېكىن ئۇ ئامېرىكىنى گېرمانىيە بىلەن ئۇرۇش قىلماسلىققا تەۋسىيە قىلىدىغان بىر كىتاب يېزىش تەكلىپىنى قوبۇل قىلىدۇ. 1942 ــ يىلى «چوڭ قۇرۇقلۇق ئۇرۇشىدىكى ئامېرىكا» ناملىق بۇ سىياسىي كىتاب گېرمانىيىنىڭ زور مەبلەغ سېلىشى بىلەن نەشر قىلىنىدۇ. لېكىن ئۇ چاغدا ئامېرىكا گېرمانىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلغان بولغاچقا، گىتلېرنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن بۇ كىتاب ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقاتقانىدى.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ھەل قىلغۇچ باسقۇچقا قەدەم قويغان يىللىرى سۋېن ھېدىن شۋېتسىيە بىلەن گېرمانىيە ئارىلىقىدا تالاي قېتىملار قاتراپ يۈرۈپ نۇتۇقلار سۆزلەيدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ نۇتۇقلىرىدا قايىل قىلارلىق سۆز ــ جۈملىلەر ئارقىلىق گېرمانىيە يۇقىرى قاتلامدىكىلەرگە تەسىر كۆرسىتىپ، نورۋېگىيە ئۈچۈن ئارا تۇرىدۇ ھەمدە زور دىپلوماتىك تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. شۇ

يىللىرى گېرمانىيىنىڭ ميۇنخېن ئۇنىۋېرسىتېتىدا «سۋېن ھېدىن ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئورنى» قۇرۇلدى. قۇرۇلۇش مۇراسىمىدا سۋېن ھېدىن ئۇزۇن نۇتۇق سۆزلەپ ئۆزىنىڭ ئاسىياغا قىلغان ئېكسپېدىتسىيە ھاياتىدىن خۇلاسە چىقىرىدۇ.

1944 ـ يىلى ئەنگلىيە ـ ئامېرىكا بىرلەشمە ئارمىيىسى نورماندىيىدە قۇرۇقلۇققا چىقىپ، دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ۋەزىيىتىدە زور بۇرۇلۇش يۈز بېرىدۇ. گېرمانىيە ئارمىيىسى ئومۇميۈزلۈك مۇداپىئە ھالىتىگە ئۆتىدۇ. مۇشۇنداق ۋەزىيەتتىمۇ سۋېن ھېدىن گېرمانىيىنىڭ ئاخىرىدا يېڭىدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنىدۇ. بەزىلەر ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن گېرمانىيىنى ئىزچىل قوللايدىغانلىقىنى سورىغىنىدا، ئۇ قىلچە ئىككىلەنمەستىن: «مەن گېرمانىيىگە شەكسىز ئىشىنىمەن!» دەپ جاۋاپ بېرىدۇ.

1945 ـ يىل 30 ـ ئاپرېل ناتسىستلارنىڭ داھىيسى گىتلېر ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدۇ، ئۇزاق ئۆتمەي گېرمانىيە شەرتسىز تەسلىم بولغانلىقىنى جاكارلايدۇ. گېرمانىيە ئەلچىلەر ئۆمىكى ستوكھولمدىن روھى چۈشكەن ھالدا چېكىنگەندە يېتىم قالغان سۋېن ھېدىن ئۆزى يالغۇز ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويىدۇ. شۇنداق قىلىپ، گېرمانىيىنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن تەڭ ياۋروپا سىياسىي سەھنىسىدىكى مۇھىم ئورنى ۋە ئابرۇيىدىن ئايرىلغان سۋېن ھېدىن ئۆزىنىڭ ستوكھولمدىكى كىچىك داچىسىدا بىكىنىپ بىر مەزگىل يالغۇز ياشايدۇ. ھەتتا كىشىلەرنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىگە ئۇچرايدۇ. ئىلىم ساھەسىدە يۇقىرى ئابرۇي قازانغان، ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيىسىدە غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەن سۋېن ھېدىننىڭ بىر مەزگىل سىياسىيغا مايىل بولۇپ ناتسىستلار گېرمانىيىسى ئۈچۈن تېرە تاراقشىتىشى ئۇنىڭ ھاياتىدىكى مەڭگۈلۈك ئەپسۇسلۇق بولۇپ قالىدۇ.

## ئون بىرىنچى باب

# شىۋىت ئارخىپلىرىغا كۆمۈلگەن سىرلار

بەزىدە پۈتكۈل ياۋروپاغا نىسبەتەن شىۋىتسىيىنى مۇتەئەسسىپ ۋە دىنىي كەيپىياتى ناھايىتى كۈچلۈك بىر دۆلەتتەك ھېس قىلىمەن. يەنە بەزىدە بۇ دۆلەتتىكى يۇقىرى پاراۋانلىق، ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنىڭ يۇقىرىلىقى ھەمدە دۇنيا سىياسىي سەھنىسىدىكى بىتەرەپلىك ئورنىغا قاراپ ئۇنى ئېچىۋەتكەن مۆتىدىل دۆلەتتەكمۇ ھېس قىلىمەن. ئىشقىلىپ نېمىلا بولمىسۇن، يېقىنقى زامان ياۋروپاسىدا سكاندىناۋىيە يېرىم ئارىلىدىكى بۇ كىچىك دۆلەتنىڭ ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرىدە خرىستىئان دىنىنى تارقىتىش پائالىيەتلىرى بىلەن ئاكتىپ شۇغۇللىنىپ كەلگەنلىكى مەلۇم.

ئۇنداقتا، شىۋىتسىيە نېمە ئۈچۈن ئاسىيا ۋە ئافرىقا رايونىدا خرىستىئان دىنىنى تارقىتىش ئىشىغا شۇنچە كۈچەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇنى شىۋىتسىيىنىڭ ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى ياكى سىياسىي پارتىيىلىرىنىڭ تەشەببۇسلىرى دېگەندىن كۆرە، بۇ دۆلەتتە خرىستىئان دىنى جەمئىيىتى ۋە چېركاۋلارنىڭ زور مىقداردىكى يەر ۋە مۇقىم مۈلۈككە ئىگە بولغانلىقىدىن دەپ قاراش توغرا ئىدى. شىۋىتسىيە خېلى ئىلگىرىلا دىنىي جەمئىيەتلەرنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلۇپ، دىن بىلەن سىياسىي ئايرىۋېتىلگەن سىياسىي سىستېمىنى بەرپا قىلغان، شۇنداقلا پادىشاھلىق تۈزۈم ساقلاپ قېلىنغان، لېكىن پادىشاھ جەمەتىنىڭ دۆلەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىشى چەكلەنگەن سوتسىيال دېموكراتىك سىستېمىدىكى دۆلەتلىك يولىغا ماڭغان. ئەمما ئۇزاق ئوتتۇرا ئەسىر مابەينىدە دىنىي جەمئىيەت ۋە چېركاۋ ئىزچىل ھالدا ھاكىمىيەت بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلگەنلىكى، ناھايىتى زور مىقداردىكى يەر ۋە مۈلۈككە ئىگە بولغانلىقى سەۋەبلىك بۇ دۆلەتتە زور دەرىجىدە ئۆز تەسىر دائىرىسىنى ساقلاپ كەلگەن. شۇڭلاشقا يېقىنقى زامان تارىخىدىن بۇيان زور ئىقتىسادىي مەبلەغقە ئىگە بولغان شىۋىتسىيە دىنىي جەمئىيىتى ئۆزىنىڭ پائالىيەتلىرىنى شىمالىي ياۋروپادىن ھالقىتىپ چىقىپ، ئاسىيا ۋە ئافرىقىدىكى بىر قىسىم رايونلارغا قاراتقان. ئۇلار بىر مەزگىل ئۆزلىرىنىڭ دىن تارقىتىش پائالىيەتلىرىنى كېڭەيتىشتە ھەتتا بۈيۈك برىتانىيە ۋە رۇسىيىنىڭ مىسسىئونېرلىرى بىلەن رىقابەتمۇ ئېلىپ بارغان. شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ نەزەر ــ گۇزىرى 19 ــ ئەسىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چارىكىدە يۇرتىمىزنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى قەشقەر ۋە يەركەنلەرگە تىكىلىپ، 20 ــ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئاز كەم

يېرىم ئەسىرگە سوزۇلغان ئەقىدە كرىزىسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

گۇننار ياررىڭنىڭ «قەشقەردىن كەلگەن باسما بۇيۇملار»[24] ناملىق كىتابىدىكى شۋېت مىسسىئونېرلىرىنىڭ قەشقەردىكى پائالىيەتلىرىگە دائىر بايانلار ھەممىدە ئۇلارنىڭ قەشقەردە نەشر قىلغان ئۇيغۇر تىلىدىكى باسما بۇيۇملىرى مېنىڭ دىققىتىمنى تارتتى. مەن بۇ ھەقتە شەرق تىللىرى ئىنستىتۇتىنىڭ جۇڭگو تىل ـ ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىدا دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانى ئۈچۈن ئوقۇۋاتقان فرېدرىك فولمان بىلەن سۆزلەشكەن ئىدىم. ئۇ ماڭا قىزغىنلىق بىلەن ياردەم بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇنىڭ ماگىستىرلىق ئىلمىي ئۇنۋانى ئۈچۈن ياقلىغان ماقالىسى شۋېت مىسسىئونېرلىرىنىڭ خوبېي ئۆلكىسىدىكى پائالىيەتلىرىگە بېغىشلانغان بولۇپ، ماڭا بىر نۇسخا بەرگەنىدى. ئۇ كېيىنچە ئۆزىنىڭ شۋېت مىسسىئونېرلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى پائالىيەتلىرى ھەققىدە بىر پارچە ماقالە يازغانلىقىنى دېدى ۋە بۇ ماقالىسىنىڭ كوپىيە نۇسخىسىنى ماڭا بەردى. ئۇ ئالدى بىلەن ستوكھولمدىكى دىنىي جەمئىيەتنىڭ تېگىنېرگاتان كوچىسىغا جايلاشقان ئارخىپخانىسى بىلەن ئالاقىلاشقاندىن كېيىن ماڭا خەۋەر قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە خانلىق كۇتۇپخانىدىن ئىنستىتۇتقا كېلىۋاتاتتىم. ھاۋا چۈشكە يېقىن ئېچىلىپ كەتكەنىدى. مەن ئىنستىتۇت بىناسىغا يېقىن جايدىكى كۆل بويىغا كەلگىنىمدە ئۇدۇلۇمدىن سېرىق چاچلىق، چىرايلىق ئىككى شۋېت قىز چىقىپ كەلدى. ئۇلار مېنى كۆرۈپلا توختىدى ـ دە، ئىنگلىز تىلىدا گەپ قىلدى:

— ئەپەندىم، سىز بىلەن پاراڭلاشقان بولساق، بەش مىنۇت ۋاقتىڭىزنى بەرگەن بولسىڭىز.

— بولىدۇ، — دېدىم مەن ھەيران بولغان ھالدا ئۇلارغا قاراپ، — نېمە ئىش ئىدى؟

— مۇنداق ئىش، بىز چېركاۋ ئۈچۈن خىزمەت قىلىمىز. قارىساق سىز چەت ئەللىكتەك تۇرىسىز، شۇڭا سىز بىلەن پاراڭلىشىپ كۆرەيلى دېگەنىدۇق.

— شۇنداقمۇ؟ — دېدىم مەن تېخىمۇ ھەيران بولۇپ، — نېمە ئىش توغرىلىق پاراڭلاشماقچىسىلەر؟

— مەسىلەن، ئېتىقاد مەسىلىلىرى، ئەيسا خرىستوس...

— كەچۈرۈڭلار! — دېدىم مەن ئۇلارنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى دەرھال پەملەپ، — مېنىڭ ئىشىم ئالدىراش، بۇ ئىشلارغا قىزىقمايمەن.

— لېكىن، ئەپەندىم، ئالدى بىلەن سۆزىمىزنى بىر تىڭشاپ باققان

---

[24] Gunnar Jarring: *Prints from Kashgar: The Printing – office of the Swedish Mission in Southern Xinjiang History and Production with an Attempt at a Bibliography*, Stockholm. 1991 123

بولىسىڭىز!...

مەن ئۇلارنىڭ سوئالىغا سوئال بىلەن جاۋاب بەرمەكچى بولدۇم. ئۇلار مېنىڭ پوزىتسىيەمدىكى كەسكىنلىكنى كۆرۈپ، بىرئاز بوشىدى بولغاي، يەنە ئارىسالدى بولغان ھالدا:

— بىزنىڭ سىزنى مەجبۇرلاش ھوقۇقىمىز يوق، ئەلۋەتتە. لېكىن بۇ كىتابچىنى كۆرۈپ باققان بولسىڭىز، تولىمۇ مەمنۇن بولغان بولاتتۇق!

— مەن سىلەرگە شۇنى دېمەكچى، — دېدىم مەن ئۇلارغا كەسكىنلىك بىلەن، — مەن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بىر مىللەتنىڭ پەرزەنتى، بىزنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىمىز ئىسلام دىنى بىلەن زىچ باغلانغان. ئەگەردە مەن سىلەرنىڭ ئالدىڭلارنى توسۇپ تۇرۇپ: «ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلساڭلار» دەپ تەلەپ قىلسام، سىلەر بۇنىڭغا نېمە دەيسىلەر؟

— No! (ياق)، — دەپ باش چايقاشتى ئۇلار ئىككىسى تەڭلا، — بىز ئەلۋەتتە بۇنى قوبۇل قىلالمايمىز.

— شۇنداق، مېنىڭ سىلەرگە بېرىدىغان جاۋابىممۇ «No!» — دېدىم ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئۇلارغا قايتۇرۇپ، — دۇنيادىكى ھەر بىر خەلق ئۆز ئېتىقادى، مىللىي مەدەنىيىتى ۋە ئۆزىگە خاس تۇرمۇش ئۇسۇلى بىلەن ياشايدۇ. دۇنيا شۇنىڭ ئۈچۈن خىلمۇ - خىل ۋە رەڭدار كۆرۈنىدۇ. شۇنداقكەن، سىلەرنىڭ دۇنيادىكى ھەممىلا ئادەمنى ئۆزۈڭلارنىڭ ئېتىقادىغا كىرگۈزۈشكە ئۇرۇنۇشۇڭلارنىڭ نېمە ھاجىتى. كەچۈرۈڭلار، مېنىڭ ئىشىم ئالدىراش، سىلەر بىلەن بۇ ھەقتە يەنە داۋاملىق پاراڭلىشىشقا قىزىقمايمەن.

— سىز بىز ئۇچراتقان چەت ئەللىك كۆچمەنلەرگە ئوخشىمايدىكەنسىز، گەپلىرىڭىزمۇ باشقىچە تۇرىدۇ ...

— مەن كۆچمەن ئەمەس، ستوكھولم ئۇنىۋېرسىتېتىغا بىر يىللىق تەتقىقاتچى بولۇپ كەلگەنمەن.

— ھە، مۇنداق دەڭ! — دېدى ئۇلار بىرئاز خىجىللىق ئىچىدە، — لېكىن بىر نۇقتىنى تەكىتلىسەك، خاپا بولمايسىز، ھازىر ئىسلام دىنى تېررورىزىم بىلەن بىر گەۋدىلىشىپ كەتتى.

— پۈتۈنلەي خاتا ئويلاپسىلەر، — دېدىم ئۇلارغا تىكىلىپ تۇرۇپ، — ئىسلامىيەت بىلەن تېررورىزىم ئايرىم - ئايرىم ئۇقۇم. «11 - سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىن دۇنيادا كۆرۈلۈۋاتقان ئايرىم ھادىسىلەر بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ ماھىيىتى ئوتتۇرىسىدا زور ئارىلىق بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە، غەرب مەتبۇئاتلىرىنىڭ بىر تەرەپلىمە تەشۋىقاتلىرىمۇ مۇشۇنداق خاتا قاراشنىڭ شەكىللىنىشىدە رول ئوينىغان. خەير - خوش، قىزلار، سىلەر بىلەن داۋاملىق مۇنازىرە قىلىشقا ۋاقتىم يوق. مەن كەتتىم.

ئۇلار مېنىڭ گەپلىرىمگە لام - جىم دېمەستىن تۇرغان يېرىدە قېتىپلا قالدى.

مەنمۇ تېز ـ تېز قەدەملەر بىلەن ئىنستىتۇتقا كەتتىم.

مەن باشــقىلارنىڭمۇ داۋاملىــق مۇشــۇنداق ئــىشقا يولۇقــىدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. بۇنىڭدىن شۇېتسىيە دىنىي جەمئىيەتلىرىنىڭ سىرتتىن كەلگەن كىــشىلەرنى تۇرلــۇك ۋاســىتىلەر بىــلەن ئــۆزىگە تارتــىشقا ئۇرۇنىــدىغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى.

* * *

ئۆتكەن يىلى ستوكھولمغا يېتىــپ كېلىــپ ئىككىنچى ھەپتىــسى شــەرق تىلــلىــرى ئىنســتىتۇتىدا ئۆتكــۈزۈلگەن «ئوتتــۇرا ئاســىيا تەتقىقــات مــۇنبىرى» قۇرۇلغانلىقىنىڭ 10 يىللىقىنى تەبرىلەش پائالىيىتىدە بىر شۇېت موماي بىلەن قىلىشقان سۆھبىتىمىز ھېلىمۇ ئېسىمدە تۇرۇپتۇ.

شۇ كۈنى يىغىن ئاريلىقىدىكى قەھۋە ۋاقتىدا چاچلىرى قاردەك ئاقارغان بىر شۇېت موماي مېنىڭ قېشىمغا كەلدى ـ دە، ئۆزىنىڭ ئىسىم كارتوچكىسىنى ماڭا بەرگەچ:

ـــ ئاڭلىسام سىزنى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن كەلدى دېيىشىدۇ. سىز قەشقەر ۋە يەركەنلەرگە داۋاملىق بېرىپ تۇرامسىز؟ ـــ دەپ سورىدى.

ـــ شۇنداق، ئادەتتە بىر يىلدا بىر ـ ئىككى قېتىم بېرىپ تۇرىمەن.

ـــ ناھايىتى ياخشى، ـــ دېدى موماي كۈلۈمسىرەپ، ـــ سىز مەن توغرىلىق ئاڭلىدىڭىزمۇ ـ يوق، بۇنى بىلمەيمەن. مېنىڭ ئىسمىم فامىلەم مارگارېتتا خوك (Margaretta Hook)، مەن 1930 ـ يىللاردا قەشقەردە تۇغۇلغانمەن. مېنىڭ ئاتا ـ ئانام شۇېتسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق دىن تارقىتىش ئورنىدا مىسسىئونېر بولۇپ ئىشلەپتىكەن، دەسلەپ يەركەندە تۇرۇپتۇ، ئاندىن قەشقەرگە يۆتكىلىپتۇ. 1930 ـ يىللارنىڭ بېشىدا قەشقەر مالىمانچىلىق ئىچىدە قالغاچقا ۋەتەنگە قايتىشقا مەجبۇر بولۇپتۇ. دەل شۇ قەشقەردىن ئايرىلىدىغان كۈنلەردە مەن تۇغۇلۇپتىمەن، بوۋاق پېتىم كارۋانغا قوشۇلۇپ قاراقۇرۇم تاغلىرىدىن ئۆتۈپ، ھىندىستان ئارقىلىق ۋەتەنگە قايتىــپ كەپتىمــىز. شۇڭا مەن بالىلىقىمىدىن تارتىپ ئاتا ـ ئانامنىڭ قەشقەر ھەققىدىكى تەسىراتلىرى ۋە ئەسلىمىلىرى ئىچىدە چوڭ بولغانمەن. بۈگۈن سىزنى كۆرۈپ ئالاھىدە ھاياجانلىنىپ كەتتىم.

مەن كۆز ئالدىمدىكى 70 ياشلارغا بېرىپ قالغان شۇېت مومايىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ھەيران بولغان ھالدا تۇرۇپ قالدىم. شۇ پەيتتە ئېسىمگە شۇېتسىيىگە مېڭىشتىن ئاۋۋال ئۈرۈمچىدە توردا كۆرگەن ئۇچۇر كەلدى.

ـــ سىزنىڭ تور بېتىڭىز بارمۇ؟ مەن سىز توغرىلىق ئىلگىرى توردا بىر ماتېرىيال كۆرگەندەك تۇرىمەن. ھە، ئېسىمگە كەلدى، توردا يەنە گۈننار ياررىڭ بىلەن چۈشكەن سۈرىتىڭىزمۇ بارغۇ دەيمەن، ـــ دېدىم .

— شۇنداق، توغرا دەيسىز، مەن بىر خۇسۇسىي تور بېتى ئاچقان. ئۇنىڭدا شۋېت مىسسىئونېرلىرىنىڭ مەن بىلىدىغان ئۇچۇرلىرىنى قويۇپ بەرگەنمەن. ئۆيۈمدە ئاتا ـ ئانامنىڭ قەشقەر ۋە يەركەندىن ئېلىپ كەلگەن نۇرغۇن يەرلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى بار. قەشقەردە شۇ مەزگىللەردە چۈشكەن سۈرەتلەرمۇ بار. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمىنى دۆلەتلىك ئارخىپتىكى «فرانكىي توپلاملىرى» غا تەقدىم قىلدىم. يەنە بىر قىسىم سۈرەتلەرنى ھازىرغىچە ساقلاۋاتىمەن. ئەگەر قىزىقسىڭىز ئۆيۈمنى زىيارەت قىلغاچ بۇ نەرسىلەرنى كۆرۈپ كېتىشكە تەكلىپ قىلىمەن.

— سىزگە كۆپ رەھمەت! — دېدىم ئۇنىڭغا، — سىز ئۆزىڭىز تۇغۇلغان قەشقەرگە قايتا بېرىپ باقمىدىڭىزمۇ؟

— باردىم، ئاخىرى باردىم! — دېدى موماي ھاياجان ئىلكىدە، — ئاتا ـ ئانام شۋېتسىيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بىزنىڭ قەشقەرگە قايتا بېرىشىمىزغا مۇمكىنچىلىك بولمىدى. ئۇنىڭغىچە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارتلاپ، ئاسىياغا بارىدىغان يول ئېتىلدى. مەن ستوكھولمدىكى بىر تېببىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئاتا ـ ئانامنىڭ ئارزۇسى بىلەن قىزىل كرېست جەمئىيىتىگە قاتنىشىپ، ھىندىستانغا بېرىپ ئىنسانپەرۋەرلىك خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندىم. 1950 ـ يىللاردا ھىندىستاننىڭ كەشمىر رايونىدىكى سىرىناگار شەھىرىدە، نېپالنىڭ كاتماندودىكى بىر قىزىل كرېست دوختۇرخانىسىدا سېستىرالار باشلىقى بولۇپ ئىشلىدىم. شۇ مەزگىللەردە قەشقەرنى كۆرۈپ كېلىش، ئۆزۈم تۇغۇلغان ماكاننى قايتا زىيارەت قىلىش ئارزۇيۇم بولسىمۇ، لېكىن جۇڭگوغا بارىدىغان ۋىزا ئېلىش مۇمكىن بولمىدى. بۇ ئارزۇيۇمنى قەلبىمگە پۈكۈپ تاكى 1986 ـ يىلىغىچە ياشىدىم، ئارزۇيۇم ئاخىرى ئەمەلگە ئاشتى. شۇ يىلى پاكىستان ئارقىلىق قەشقەرگە بارىدىغان بىر ساياھەت ئۆمىكى تەركىبىدە قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقتىم. يولدىشىممۇ مېنىڭ بىلەن بىللە بۇ ئۆمەككە قوشۇلدى. بىز بۇرۇنقى ئېكىسپېدىتسىيىچىلەرنى دوراپ پىيادە ۋە ئات ـ ئۇلاغلارغا مىنىپ بىر ئايدا قاراقۇرۇم تاغلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئاخىرى قەشقەرگە يېتىپ باردۇق. قەشقەر مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدىكىدىنمۇ بەكرەك ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ. مەن ئۆز ۋاقتىدا تېخى يېشىمغا توشمايلا قەشقەردىن ئايرىلغاچقا، كونا قەشقەر ھەققىدە ھېچقانچە تەسىراتىم يوق ئىدى. پەقەت ئاتا ـ ئانامنىڭ قەشقەر ھەققىدىكى پاراڭلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قەشقەردە چۈشكەن سۈرەتلىرىدىن كونا قەشقەرنىڭ قىياپىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ كەلگەنىدىم. بۇ قېتىم ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. يەرلىك ئۇيغۇرلار بىلەن سۆھبەتلەشتىم. ئىلگىرى ئاتا ـ ئانام تۇرغان ۋە ياشىغان كوچىلارنى زىيارەت قىلدىم. بولۇپمۇ يەركەندىكى شۋېتلارنىڭ دىن تارقىتىش پونكىتىنىڭ كونا ئۆيلىرىنى كۆرۈپ تولىمۇ ھاياجانلاندىم. شۇ قېتىم بىر مىڭ نەچچە يۈز پارچە سۈرەت تارتتىم. ھازىر بۇ سۈرەتلىرىمنىڭ بەزىلىرىنى تاللاپ ئېلان قىلدىم. ۋاقتىم چىققانچە ئۇنتۇپ

كەتمەسلىك ئۈچۈن ئۇيغۇر تىلىنى داۋاملىق ئۆگىنىپ تۇردۇم. مەن كىچىكىمدە ئاتا ـ ئانامدىن خېلى راۋان ئۇيغۇرچىنى ئۆگىنىۋالغان. كېيىن گۇننار ياررىڭ بىلەن كۆرۈشكەن چاغلىرىمدىمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرچە سۆزلەشكەندۇق. ئۇ بۇنىڭدىن تولىمۇ خۇرسەن بولغان ئىدى...

مارگارېتتا خۇكنىڭ سۆزلىرى مەندە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرغانىدى. شۇندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن بىرقانچە قېتىم تېلېفوندا سۆزلەشكەن بولساقمۇ، لېكىن يۈزتۇرانە كۆرۈشۈشكە پۇرسەت بولمىدى.

*　　　*　　　*

2 ـ ئاينىڭ سوغۇق كۈنلىرىنىڭ بىرىدە فرېدرىك فولمان ماڭا تېلېفون قىلىپ، ئارخىپخانا بىلەن سۆزلەشكەنلىكىنى، مېنىڭ دۈشەنبە كۈنى ئەتىگەندە ئۇدۇل تېگنېرگاتان كوچىسىدىكى 10 ـ نومۇرلۇق قورۇغا بېرىشىمنى ئېيتتى. ئۇ يەنە ئارخىپخانىنىڭ خىزمەتچى خادىمى كاتارىنا تىرىل خانىمنىڭ مېنى كۈتۈۋالىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

دۈشەنبە كۈنى سەھەردە مېترو بىلەن ئۇدۇل تېگنېر گاتان كوچىسىغا باردىم. سىپىرلىق فوتو ئاپپاراتىم بىلەن كومپيۇتېرىمنىمۇ ئېلىۋالدىم. بۇ ستوكھولمنىڭ كونا كوچىلىرىدىن بولۇپ، سېلىنغىلى نەچچە يۈز يىل بولغان بىنالار قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. مەن ئانچە قىينالمايلا 10 ـ نومۇرلۇق قورۇنى تاپتىم. دەرۋازىغا Svenska Mission Kyrkan دېگەن ۋېۋىسكا ئېسىلغان ئىكەن. بىناغا كىرگەندىن كېيىن، ئارخىپ بۆلۈمىنىڭ 5 ـ قەۋەتتە ئىكەنلىكىنى بىلدىم ـ دە، ئۈستىگە چىقتىم.

40 ياشلار چامىسىدىكى ئورۇق بىر ئايال مېنى قىزغىن قارشى ئالدى. بىز قول ئېلىشىپ كۆرۈشتۇق:

— كېلىڭ، كېلىڭ! سىز سۇلايمان ئەپەندىغۇ دەيمەن. فرېدرىك فولمان ماڭا ئېيتقان، مەن سىزگە خەت يازغان، كۆردىڭىزمىكىن؟

— خېتىڭىزنى تېخى كۆرۈپ ئۈلگۈرمىدىم، لېكىن فرېدرىك ماڭا تېلېفوندا خەۋەر قىلدى.

مەن ئارخىپخانىغا كىردىم. ئۇنىڭ ئىچى ئازادە ھەم رەتلىك بولۇپ، قاتار ـ قاتار ئارخىپ جازىلىرى بىر ـ بىرىگە جىپسىلاشتۇرۇپ تىزىلغانىدى. كاتارىنا خانىم ماڭا ئارخىپتىكى ماتېرىياللارنى ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئىنگلىزچىسى ئانچە ياخشى ئەمەس ئىدى. بەزى سۆزلەرنىڭ ئىنگلىزچىسىنى تاپالماي بېشىنى تاتىلاپ تۇرۇپ قالاتتى. بۇنداق چاغدا مەنمۇ ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ:

— ھېچقىسى يوق، نېمە دېمەكچى بولغانلىقىڭىزنى چۈشەندىم. مېنىڭمۇ

ئىنگلىزچەم ئانچە ياخشى ئەمەس، ـــ دەپ قويدۇم.

ـــ قاراڭ، بۇ يەردە مۇنداق بىرقانچە تۈردىكى ئارخىپلار بار، ـــ دېدى كاتارىنا خانىم كاتالوگنى كۆرسىتىپ، ـــ شۋېتسىيە دىنىي جەمئىيىتىنىڭ كونگو، كاۋكاز، ئىران ۋە جۇڭگودىكى دىن تارقىتىش ئۇقتىلىرى ھەققىدىكى پۈتكۈل خاتىرىلەر ۋە سۈرەتلەر بۇ يەردە ساقلانغان. سىز قايسىسىنى كۆرمەكچى؟ ھە، راست، فرىدرىك ماڭا دېگەن، شىنجاڭغا دائىر ماتېرىياللارنى كۆرىسىز، شۇنداقمۇ؟

ـــ شۇنداق، مەن شىنجاڭغا دائىر ماتېرىياللارنى كۆرمەكچىمەن.

ـــ بولىدۇ، مەن سىزگە كۆرسىتەي، چاپىنىڭىزنى سېلىپ كەلڭ ـ كۆشادە ئولتۇرۇڭ. ماتېرىياللار خېلى كۆپ. بۇنىڭ ئىچىدە شۋېتلارنىڭ قەشقەردىكى باسمىخانىسىدا بېسىلغان ئۇيغۇرچە كىتاب ـ ماتېرىياللار، مىسسىئونېرلارنىڭ يەركەن، قەشقەردە تۇرۇش جەريانىدا يازغان كۈندىلىك خاتىرىلىرى، شۋېتسىيىگە يوللىغان خەت ـ چەكلىرى ھەمدە شۇ مەزگىللەردە شىنجاڭدىن تارتىلغان فوتو سۈرەتلەر بار.




قەشقەردىكى شۋېت باسمىخانىسىدا نەشر قىلىنغان ئالتە شەھەرنىڭ خەت ـ چەك ئۈرنەكلىرى

ـــ ئالدى بىلەن سۈرەتلەرنى كۆرەي، ـــ دېدىم مەن ئۇنىڭغا، ـــ ئاندىن باشقا ماتېرىياللارنى تەرتىپى بويىچە كۆرسەم بولىدۇ.

كاتارىنا خانىم مېنى سۈرەتلەر ساقلىنىۋاتقان بۆلۈمگە باشلاپ باردى. جازىلار بىر بىرىگە كىرىشتۈرۈلگەن بولۇپ، ئاستىغا چاق بېكىتىلگەچكە سۈرگىلى بولاتتى. ھەر بىر تارتمىغا نومۇر قويۇلغان بولۇپ، مۇشۇ ئىندېكسكە ئاساسەن خالىغان سۈرەتنى تاپقىلى بولاتتى.

شۇنداق قىلىپ، پۈتۈن زېھنىم بىلەن شۋېت مىسسىئونېرلىرىنىڭ 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا جەنۇبىي شىنجاڭدىن تارتقان فوتو سۈرەتلىرىنى كۆرۈشكە باشلىدىم. ھەر بىر تارتمىغا تەخمىنەن يۈز پارچىدىن سۈرەت قويۇلغان بولۇپ، ھەر بىر پارچە سۈرەتنى كارتون قەغەزگە ئېھتىيات بىلەن چاپلاپ ئاستىغا شۋېتچە

چۈشەندۈرۈش يېزىلغان ۋە نومۇر بېرىلگەنىدى. چۈشكىچە بولغان ئارىلىقتا ئاران بەش تارتمىدىكى 500 پارچىغا يېقىن فوتو سۈرەتنى كۆرەلىدىم. بۇلارنىڭ ئىچىدىن قىممىتى يۇقىرى دەپ قارالغان سۈرەتلەرنى كاتارىنا خانىمنىڭ رۇخسىتى بىلەن سىپىرلىق فوتو ئاپپاراتىم ئارقىلىق سۈرەتكە تارتىپ ماڭدىم. بۇ سۈرەتلەر تۈرلۈك ساھەلەرگە چېتىلغان بولۇپ، شۋېت مىسسىئونېرلىرى تەرىپىدىن 1890 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن 1938 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا تارتىلغانىدى. بولۇپمۇ جون تۈرېنكۈۋىست تەرىپىدىن تارتىلغان سۈرەتلەر مۇتلەق كۆپ سانىنى ئىگىلەيتتى. سۈرەتلەرنىڭ مەزمۇنىغا كەلسەك، مىسسىئونېرلارنىڭ قەشقەر ۋە يەركەندىكى ئائىلىۋى تۇرمۇشى، دوختۇرخانىلىرى، باسمىخانىسى ھەمدە مەكتەپلىرىنىڭ كۆرۈنۈشلىرى؛ قاراقۇرۇم تاغلىرىدىن ھالقىپ قەشقەرگە بېرىشتىكى ھەيۋەتلىك يول مەنزىرىلىرى؛ قەشقەردىكى ئەنگلىيە كونسۇلخانىسى ۋە ئىنگلىزلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى؛ قەشقەر، يەركەن ۋە يېڭىسارلاردىكى يەرلىك ئۇيغۇرلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى، كىيىم ـ كېچەكلىرى، يېمەك ـ ئىچمىكى، ئائىلە ۋە ئۆي جازىلىرى، توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىم ئەھۋاللىرى؛ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بازارلار، مازار ـ خانىقالار، كوچا ـ كويلار، شەھەر سېپىللىرى، دەريا ـ ئۆستەڭلەر، ئېتىز ـ ئېرىقلار، سوپى ـ دەرۋىشلەر، جاھانكەزدى دىۋانىلەر، ئات ـ ئۇلاغلار، يارىبا ھارۋىلار، خامان ـ تۈگمەنلەر، ئۇستا ـ ھۈنەرۋەنلەر، ناۋاي ـ قاسساپلار، سۇ توشۇغۇچىلار، ساتىراشلار، ئاشپۇزۇللار ۋە باشقا تۈرلۈك ساھەلەرگە بېرىپ تاقىلاتتى. بۇ سۈرەتلەر ئومۇمەن


ا ـ ب كتابى

١٩٣٦

قەشقەردىكى شۋېتلار ئاچقان مەكتەپلەرنىڭ «ئېلىپبە» دەرسلىكى

20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت ئەھۋالى، خەلقنىڭ تۇرمۇشى، مەدەنىيەت ۋە ئۆرپ ـ ئادىتى، شەھەر ـ بازارلار ۋە يېزا ـ قىشلاقلارنىڭ ئەمەلىي كۆرۈنۈشلىرىنى چۈشىنىشتە تولىمۇ قىممەتلىك

ماتېرىياللار ھېسابلىناتتى، سۈرەتلەرگە قىزىقىپ كېتىپ، چۈش بولغانلىقىنى بىلمەي قاپتىمەن. كاتارىنا خانىم ئۆزىنىڭ تاماققا چىقمىدىغانلىقىنى، ئەگەر خالىسام بىللە تاماق يېگەچ پاراڭلىشىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ئالدىمدىكى ماتېرىياللارنى يىغىشتۇرۇپ كاتارىنا خانىم بىلەن بىللە سىرتقا چىقتىم. بىز تېگنېرگاتان كوچىسىدىكى تۈركلەر ئاچقان بىر تېز تاماقخانىغا كىردۇق.

تۈرك پىزاسى مەززىلىك ۋە يېيىشلىك ئىدى. مەن خۇددى ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇر ئاشخانىلىرىنىڭ بىرىدە گۆشنان يەۋاتقاندەك بىر تۇيغۇغا كېلىپ قالدىم. كاتارىنا خانىم ۋىلكا ـ پىچاقلار بىلەن ئالدىدىكى پىزانى ئەپچىللىك بىلەن كەسكەچ گەپ باشلىدى.

— سىز بۇ ئارخىپخانىغا كەلگەن تۇنجى ئۇيغۇر بولسىسىز. سىز كۆرۈۋاتقان بۇ سۈرەتلەر بۇ يەردە ئۇزاق مەزگىللەر تۇردى. مەرھۇم دىپلومات گۇننار ياررىڭ ئەپەندى ھايات چېغىدا كۆپ قېتىملار بۇ يەرگە كېلىپ سىز كۆرۈۋاتقان سۈرەتلەرنى كۆرگەن ئىدى. شۇندىن بۇيان بۇ ماتېرىياللارغا ھېچكىم قىزىقىپ باقمىدى بولغاي، پېچەتتى بۇزۇلماي تۇردى. مەن بۇ يەردە ئىشلەۋاتقىلى 15 يىللار بولۇپ قالدى. ئۆيۈم نۆرتەلىيەدە. نۆرتەلىيە ستوكھولمنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى دېڭىز بويىغا جايلاشقان كىچىك بىر شەھەر. كۈندە ئاپتوبۇس بىلەن بىر سائەت يول مېڭىپ كېلىمەن. ئارخىپتىكى ماتېرىياللار مەن ئۈچۈن بەش قولدەك تونۇش. مانا بۈگۈن ئاخىرى سىز كېلىپ ئۆز يۇرتىڭىزنىڭ بۇنىڭدىن ئۇزاق يىللار ئىلگىرىكى سۈرەتلىرىنى كۆرۈۋاتىسىز. مەن بۇنىڭ ئۈچۈن خۇشالمەن. مېنىڭ كەسپىم ئارخىپچىلىق قىلىش، شۇڭا ئارخىپتىكى ماتېرىياللارنى كۆرىدىغان ئادەم چىقسا، مەنمۇ ئەلۋەتتە خۇشال بولىمەن.

— سىزگە رەھمەت، كاتارىنا خانىم! — دېدىم ئۇنىڭغا تەشەككۈرۈمنى بىلدۈرۈپ، — ماڭا مۇشۇنداق پۇرسەت يارىتىپ بەرگەنلىكىڭىز ئۈچۈن سىزدىن كۆپ مىننەتدارمەن. مېنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ بۇ ماتېرىياللارنى كۆرۈشۈم ئاسانغا چۈشمىدى. بۇ يەردىكى سۈرەتلەر ۋە باشقا ماتېرىياللارنىڭ بىز ئۈچۈن قىممىتى زور. مەن يەنە داۋاملىق بۇ يەرگە كېلىپ ماتېرىياللارنى كۆرۈشۈم مۇمكىن.

— مەن سىزگە ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىمەن. ئەگەر مۇشۇ ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ بىرەر تەتقىقات نەتىجىسىنى يورۇقلۇققا چىقىرالىسىڭىز، شۇنىڭ ئۆزى خۇشاللىنارلىق ئىش. مىسسىيونېرلارنىڭ ئۆز دەۋرىدە شىنجاڭدىن تارتقان سۈرەتلىرى ناھايىتى كۆپ. ئۇلارنىڭ ئاساسىي قىسمى، يەنى 14 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق سۈرەت ھازىر دۆلەتلىك ئارخىپتا «فراننىي توپلاملىرى» (Franne Collection) ۋە «سىگفرىد مۇن توپلاملىرى» (Sigfrid Moen Collection) نامىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. بىزنىڭ بۇ ئارخىپتا ساقلىنىۋاتقان شىنجاڭغا دائىر سۈرەتلەر جەمئىي 5500 پارچىدىن ئاشىدۇ. بۇ

سۈرەتلەرنى ئۆز دەۋرىدە شىنجاڭدا خىزمەت قىلغان مىسسىئونېرلار ۋە ئۇلارنىڭ بالا ــ چاقىلىرى تەقدىم قىلغان. ئۇلارنىڭ كۈندىلىك خاتىرىلىرى، خەت ــ چەكلىرى ۋە بەزى خۇسۇسىي بۇيۇملىرىمۇ بار. ئۇنىڭدىن سىرت، شىنجاڭدىكى خىرىستىئان مۇرىتلىرىنىڭ مىسسىئونېرلارغا يازغان خەتلىرى سىزنى قىزىقتۇرۇشى مۇمكىن. بىز بۇنى ئۆز پېتى ساقلاۋاتىمىز.

ــــ بۇ قانداق خەتلەر، شىنجاڭدىكى خىرىستىئان مۇرىتلىرى دېگىنىڭىز كىملەرنى كۆرسىتىدۇ؟ مەن بۇ ھەقتە ئاڭلىماپتىكەنمەن.

ــــ بۇ بىر ئۇزۇن ھېكايە، گۇننار ياررىڭنىڭ «قەشقەرگە قايتا سەپەر» ناملىق كىتابىدا بۇ ھەقتە بىرئاز مەلۇمات بار. ئەگەردە جون ھۇلتىۋالنىڭ «مىسسىئونېرلار ۋە جۇڭگو ئوتتۇرا ئاسىياسىدىكى ئىنقىلاب»[25] ناملىق كىتابىنى كۆرۈپ چىققان بولسىڭىز، بۇ ھەقتە تولۇق چۈشەنچىگە كەلگەن بولاتتىڭىز. بۇ كىتاب شۋېت تىلىدە نەشر قىلىنغان. لېكىن بۇ كىتابنىڭ ئىنگلىزچە قىسقارتىلما تەرجىمىسى 1987 ــ يىلى ئەنگلىيىدە نەشر قىلىندى.[26] سىز شۇنى كۆرۈپ بېقىڭ.



ئۇيغۇرچە «ئېلىپبە» كىتابىنىڭ داۋامى

ــــ مەن گۇننار ياررىڭنىڭ كىتابىنى كۆرۈپ چىققان، ئۇنىڭدىكى بىر قىسىم بايانلاردىن خەۋىرىم بار. ئەمما سىز دېگەن خەت ــ چەكلەر مېنىڭ دىققىتىمنى تارتىۋاتىدۇ، ــــ دېدىم قىزىققان ھالدا.

ــــ ئەسلىدە بۇنى سىزگە دېمەسلىكىم كېرەك ئىدى. چۈنكى ئۇ يەردىكى خىرىستىئان مۇخلىسلىرىنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ساقلاش دىنىي جەمئىيەتنىڭ بىر پرىنسىپى. لېكىن بۇلار ھازىر تارىخقا ئايلاندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سىز تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىلمىي

[25] John Hultvall, *Mission och revolution i Centralasien: Svenska Missionsforbundets i Ostturkestan 1892 – 1938*, Gummessons, Stockholm, 1981

[26] John Hultvall, *Mission and Revolution in Central Asia*, Ruth Lyon trans., London 1987



AltunOq

ئادەم، شۇڭلاشقا سىزگە دەپ بېرەي. 1938 ـ يىلى قەشقەر ۋە يەركەنلەردىكى شۋېت مىسسىئونېرلىرى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قاتتىق بېسىمى ئاستىدا جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۇلار چېگرىدىن چىقىپ ھىندىستاننىڭ كەشمىر رايونىدىكى سىرىناگار قاتارلىق جايلاردا داۋاملىق ئۆز ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىپ شىنجاڭغا قايتىدىن بارىدىغان پۇرسەت ئىزدەيدۇ. لېكىن ۋەزىيەتتە ياخشىلىنىش بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن 1942 ـ يىلى ئۇلار ھىندىستاندىن ئايرىلىپ شۋېتسىيىگە قايتىپ كېلىدۇ. لېكىن ستوكھولمدىكى باش دىنىي جەمئىيەت جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مۇخلىسلىرى بىلەن بولغان خەت ـ ئالاقىسىنى داۋاملىق ساقلاپ قالىدۇ. شۋېت مىسسىئونېرلىرى جەنۇبىي شىنجاڭدا ئاز كەم يېرىم ئەسىر پائالىيەت ئېلىپ بېرىش جەريانىدا يەرلىك ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن نەچچە يۈزلىگەن مۇخلىسلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىدۇ. ئەنە ئاشۇ كىشىلەر خەت ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋاللىرىنى مەلۇم قىلىپ تۇرغانىكەن. ئۇلاردىن كەلگەن خەتلەر ئۇيغۇرچە بولغاچقا، دىنىي جەمئىيەت 1940 ـ يىللاردا يەركەندىن ئايرىلىپ شۋېتسىيىگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان ياكوب ستېففان (ئۇيغۇرچە ئەسلىي ئىسمى ياقۇپ) ئىسىملىك ئۇيغۇر كىشىنى تەكلىپ قىلىپ شۋېت تىلىغا تەرجىمە قىلدۇرغان ئىكەن. ئۇ كىشى مىسسىئونېرلاردىن خىرىستىئان ئەقىدىسىنى قوبۇل قىلغاچقا، شىنجاڭدا تۇرالماي شۋېتسىيىگە كەلگەن ئىكەن. كېيىن بىر شۋېت ئايال بىلەن توي قىلىپ ستوكھولمنىڭ سۇندسۋال دېگەن يېرىدە ئولتۇراقلىشىپتۇ. ھەمدە دىنىي جەمئىيەتتە خىزمەت قىلىپتۇ. ياكوب ستېففان 1970 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى ستوكھولمدا ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. ھازىر ئۇ كىشىنىڭ قىزىنى شۋېتسىيىنىڭ ئاۋستراليىدە تۇرۇشلۇق مۇئاۋىن باش ئەلچىسى بولدى دەپ ئاڭلايمەن. جەنۇبىي شىنجاڭدىن ستوكھولمدىكى باش دىنىي جەمئىيەتكە كەلگەن خەتلەر ئىچىدە تۇرنىسا ئىسىملىك بىر ئايالنىڭ خەتلىرى ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. بۇ ئايال 1920 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرى يەركەندىكى شۋېت مىسسىئونېرلىرى ئاچقان دارىلئېيتامغا كىرگەن بىر يېتىم قىز ئىكەن. كېيىن يەركەندىكى شۋېتلار ئاچقان مەكتەپتە تەربىيىلىنىپتۇ ھەمدە چېركاۋدا يۇيۇندۇرۇلۇپتۇ. شۋېتلار جەنۇبىي شىنجاڭدىن چېكىنگەندىن كېيىن، ئۇ قىز ئىزچىل ھالدا شۋېتسىيىگە كەتكەن مىسسىئونېرلار بىلەن بولغان خەت ـ ئالاقىسىنى ساقلاپ كەپتۇ. ئۇنىڭ 1940 ـ يىللاردىن باشلاپ تاكى 1980 ـ يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتا شۋېتسىيىگە يازغان يۈزلىگەن ئۇيغۇرچە خەتلىرى ھازىر بىزنىڭ ئارخىپتا ساقلانماقتا. تۇرنىسا 1986 ـ يىلى، يەنى شۋېت مىسسىئونېرلىرى جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئايرىلىپ توپتوغرا يېرىم ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىن، ستوكھولمدىكى باش دىنىي جەمئىيەتنىڭ تەكلىپى بىلەن شۋېتسىيىگە كەپتۇ. شۋېت مىسسىئونېرلىرى 1930 ـ يىللارنىڭ بېشىدا ياۋروپادا دەسلەپ ئىشلىتىلگەن كىنوغا ئېلىش ئاپپاراتى بىلەن يەركەندىكى

مەكتەپ باللىرىنى سۈرەتكە ئالغان ئىكەن. شۇ سۈرەتتە تۇرنىسامۇ بار ئىكەن. شۇڭا بۇ قېتىم شۋېتسىيە دۆلەتلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تۇرنىسانىڭ 1930 ـ يىللاردىكى ۋە ئۇ سۈرىتى بىلەن 1986 ـ يىلى شۋېتسىيىنى زىيارەت قىلغان چاغدىكى سۈرەتلىرىنى كىرىشتۈرۈپ بىر سۈرەتلىك تەپسىلىي خەۋەر ئىشلەپ، تېلېۋىزىيە ئارقىلىق پۈتۈن مەملىكەتكە تارقىتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن مىڭلىغان كۆرۈرمەنلەر بۇ ئايالنىڭ يېرىم ئەسىرلىك كۆلپەتلىك ھاياتى ۋە قايتىماس ئەقىدىسىدىن تەسىرلەنگەنلىكى مەلۇم. ئەگەر سىز قىزىقسىڭىز، بۇ لېنتىنى كۆرۈپ بېقىڭ. ھازىر ئارخىپتا ماتېرىيال قىلىپ ساقلاۋاتىمىز.



1935 ـ يىلى قەشقەردىكى شۋېت باسمىخانىسى نەشر قىلغان «ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى»

كاتارىنا خانىمنىڭ سۆزلىرى مېنى ھەقىقەتەنمۇ ئويلاندۇرۇپ قويىدى، بىز ھەر ئىككىمىز شۋېتلارنىڭ قائىدىسى بويىچە ئۆز ھېساباتىمىزنى ئۆزىمىز قىلىپ تۇرك ئاشخانىسىدىن قايتىپ چىقتۇق. كاتارىنا خانىم ۋەدىسى بويىچە ھېلىقى لېنتىنى تېپىپ سىنئالغۇدا قويۇپ بەردى. مەن 1930 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا يەركەن، قەشقەر شەھەرلىرىدە شۋېتلار تەرىپىدىن ئېلىنغان ۋە ئۇ لېنتىسىنى كۆردۈم. رەڭسىز ۋە سۈپىتى ھازىرقىدىن كۆپ تۆۋەن بولغان بۇ سىن لېنتىسىدا يۇرتىمىزنىڭ 1930 ـ يىللاردىكى كۆرۈنۈشلىرى، كوچا ـ كويلىرى، ئادەملىرىنىڭ چىراي ـ تۇرقى ۋە كىيىم ـ كېچەكلىرى تولىمۇ جانلىق ئەكس ئەتكەنىدى. ئىككىنچى لېنتىدا بولسا قەشقەر ۋە يەركەندىكى شۋېت مەكتەپلىرى ۋە بۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر باللىرى، تۇرنىسا ۋە ئۇنىڭ 50 يىلدىن كېيىن موماي بولغان ۋاقتىدا شۋېتسىيىنى زىيارەت قىلغان چاغدىكى كۆرۈنۈشلىرى ئېلىنغانىدى. بۇ لېنتىلار مېنىڭ بىلىشىمدە ئۇيغۇرلار ھاياتىدىن ئەڭ بۇرۇن ۋە ئۇ ئېلىنغان سىن ماتېرىيالى ھېسابلىناتتى.

مەن كاتارىنا خانىمغا مۇشۇ ئىككى لىبتنىنى كۆچۈرۈۋېلىش ئويۇمنىڭ بارلىقىنى ئېيتتىم. ئۇ ماڭا شەخسەن ئۆزى كۆچۈرۈپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇنىڭدىن تولىمۇ خۇش بولدۇم. مەن ئارخىپخانىنىڭ دۆۋە ـ دۆۋە ماتېرىياللىرى ئارىسىدىن يۇرتىمىزنىڭ يېقىنقى بىر ئەسىرلىك قىممەتلىك ماتېرىياللىرىنى ئىزدىگەنسېرى، ئىلگىرى سىر پېتى چۈشىنەلمەي قالغان تۈگۈنلەرنىڭ ئەمدىلىكتە بىر ـ بىرلەپ يېشىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم.

بىر كۈنى سەھەردە ئارخىپخانىغا كېلىپ، سۈرەتلەرنى كۆرۈپ ئولتۇرسام كاتارىنا خانىم قېشىمغا كېلىپ:

— بۇ يەردە تېخى پېچىتى بۇزۇلمىغان بىر ساندۇق ماتېرىيال بار، كۆرۈپ باقامسىز، مەن ئۇنىڭ مۇندەرىجىسىنى تۈرغۇزاي دەۋاتىمەن، — دېدى.

مەن دەرھال ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ھېلىقى ساندۇقنىڭ قېشىغا باردىم. ساندۇقنىڭ ئېغىزى شىلىملىق قەغەز بىلەن پېچەتلەنگەن بولۇپ، ئۈستىگە «Rachel Wingette خانىمنىڭ خۇسۇسىي خەت ـ چەك ۋە بۇيۇملىرى، 1954 ـ يىلى تاپشۇرۇۋېلىنغان، 1955 ـ يىلى رەتلىنىپ پېچەتلەنگەن» دېگەن ئىنگلىزچە خەتلەر تۇراتتى. شۇنىڭدىن قارىغاندا، بۇ ساندۇقنى يېرىم ئەسىردىن بۇيان بىرەرى ئېچىپ كۆرمىگەنىدى. بىز پېچەتنى يىرتىپ، ساندۇقنى ئاچتۇق. ساندۇقنىڭ ئىچىدىن نافتالىننىڭ ئاچچىق پۇرىقى دىمىغىمغا ئۇرۇلدى.

— بۇ ئەنگلىيىلىك قىز بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدا شۋېتسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق دىن تارقىتىش ئورنىدا ئىنگلىز تىلى ۋە رەسىم ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىگەن ئىكەن، — دېدى كاتارىنا خانىم ماڭا چۈشەندۈرۈپ، — بۇ قىز يۇقىرى مەلۇماتلىق بولۇپ، ئۆز دەۋرىدە لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن ئىكەن. كېيىن نېمە سەۋەبتىندۇر شۋېت مىسسىئونېرلىرىغا قوشۇلۇپ قەشقەرگە بېرىپتۇ. ئۇ يەردە مەلۇم مەزگىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلغاندىن كېيىن ئەنگلىيىگە قايتىپ كەتكەن ئىكەن. 1950 ـ يىللارنىڭ بېشىدا كېسەل سەۋەبىدىن بالدۇرلا ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. كېيىن ئۇنىڭ ئاكىسى سىڭلىسىنىڭ خۇسۇسىي خەت ـ چەكلىرىنىڭ شۋېتسىيە مىسسىئونېرلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بايقاپ، ئۇنى بىزنىڭ ئارخىپخانىنىڭ ساقلاپ قويۇشى ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئىكەن. مەن بۇ ئايال ھەققىدە شۇنچىلىكلا بىلىمەن.

مەن ساندۇقتىكى ماتېرىياللارنى ئاۋايلاپ ئېلىشقا باشلىدىم. ئالدى بىلەن قولۇمغا چىققىنى «راچېل ۋىنگېتتې» (Rachel Wingette) ئىمزاسىدىكى ئىككى پارچە ئىنگلىزچە ماقالىنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى بولدى. بۇ ماقالىنىڭ بىرسى 1930 ـ يىللاردا لوندوندىكى «ئاسىيا مەسىلىلىرى» (Asian Affairs) ناملىق ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان « ‹چىن تۆمۈر باتۇر قىسسەسى› نىڭ فاكسىمىلى، ئىنگلىزچە تەرجىمىسى ۋە ئىزاھاتلار» ناملىق ماقالە ئىكەن. يەنە بىرى

«مۇسۇلمانلار دۇنياسى» (MuslimWorld) ژۇرنىلىنىڭ 1951 ـ يىللىق سانىدا ئېلان قىلىنغان «جۇڭگو ئوتتۇرا ئاسىياسىدىكى دىن تارقىتىش پائالىيەتلىرى ۋە سىياسىي داۋالغۇشلار» ناملىق ماقالە ئىكەن. ئۇندىن باشقا قولۇمغا يەنە ۋىنگېتتىي خانىمنىڭ قەشقەردە 1920 ـ يىللاردا ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىللە چۈشكەن سۈرەتلىرى ھەمدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ رەسىم تاپشۇرۇقلىرى، ئىنگلىز تىلى مەشىق دەپتەرلىرى، نەتىجە كۆرسەتكۈچلىرى، مۇكاپاتلانغانلارنىڭ تىزىملىكى قاتارلىق نەرسىلەر چىقتى. مەن بۇلارنى بىرمۇ بىر كۆرۈپ چىقىپ، مۇھىم دەپ قارىغانلىرىمنى سۈرەتكە تارتىۋالدىم. ساندۇقنىڭ ئاستى تەرىپىدە يەنە ئىككى دانە خاتىرە ۋە بىر پارچە چوڭ تىپتىكى خەت تۇراتتى. خاتىرىلەرنى ئېچىپ كۆرۈپ، ئۇنىڭ ۋىنگېتتىي خانىمنىڭ 1922 ـ يىلىدىن 1926 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا قەشقەردە يازغان كۈندىلىك خاتىرىسى ئىكەنلىكىنى بىلدىم. بۇ خاتىرىلەردە ئەنگلىيىلىك بىر قىزنىڭ كۆزىدىن ئۆز دەۋرىدىكى قەشقەرنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقىغا دىئاگنوز قويۇلغان بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى جەمئىيەت ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. مەن بۇ خاتىرىلەرنى ۋاقىت چىقىرىپ تەپسىلىي ئوقۇپ كۆرۈشكە قالدۇردۇم. ئاخىرىدا ھېلىقى چوڭ قەغەزگە چىرايلىق قىلىپ يېزىلغان خەتنى ئاچتىم. بۇ ناھايىتى ئۇزاق يېزىلغان بىر پارچە كۈندىلىك خاتىرە ئۇسلۇبىدىكى خەت بولۇپ، ئۇنىڭدا ياش قىز راچېل ۋىنگېتتىي خېنىمنىڭ نېمە سەۋەبتىن لوندوندىن ئايرىلىپ دەسلەپ ھىندىستانغا بارغانلىقى، ئاندىن پاراخوتتا تونۇشۇپ قالغان شۋېت مىسسىيونېرلىرىغا ئەگىشىپ قەشقەرگە كەلگەنلىكى، ئۇ يەردىكى دەسلەپكى تەسىراتلىرى بايان قىلىنغانىدى. خەت لوندوندىكى راچېل خېنىمنىڭ دوستى كاسىرىن ئىسىملىك قىزغا يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ نېمە سەۋەبتىن ئەۋەتىلمەي



رەسىملىك ئېلىپبە كىتابىنىڭ بىر بېتى

قالغانلىقى نامەلۇم ئىدى. مەن خەتنى ئوقۇغان پېتىم ئىچىگە كىرىپلا كەتتىم. شۇ كۈنى خەتنىڭ باش قىسمىنى خاتىرەمگە تېز تەرجىمە قىلىپ كۆچۈرۈپ قويدۇم:

*« قەدىرلىك دوستۇم كاسىرىن!*

*مەن بۇخەتنى ئاخىرى يېزىش قارارىغا كەلدىم. مەن لوندوندىكى ۋىكتورىيە پرىستانىدىن سىلەر بىلەن خوشلىشىپ، شەرققە ماڭغان «تۆگىقۇش» نامىلىق پاراخوتقا چىققىنىمدا، ئەمدى ھېچكىم بىلەن ئالاقە قىلغىلى بولمايدىغان سىرلىق شەرقنىڭ بىر بۇلۇڭىغا ئۇن ـ تىنسىز سىڭىپ كېتىمەن دەپ ئويلىغانىدىم. مۇشۇنداق قىلىشلا مېنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى دەھشەتلىك روھىي ئازابلىرىمغا مەلھەم بېرىدىغاندەك ھېس قىلىپ كەتكەنىدىم. مەن ئۆزۈمنى ئەزەلدىن مۇنچىلىك ئاجىز ۋە ئۈمىدسىز ھالەتتە كۆرمىگەن ئىدىم...*

*سەن بىلىسەن، مەن مۇھەببەتتە مەغلۇپ بولدۇم. ئۆزۈم سۆيگەن كىشى تەرىپىدىن رەھىمسىزلىك بىلەن تاشلىۋېتىلدىم. مۇھەببەتتىكى مەغلۇبىيەت مېنى سارائ قىلىپ قويغىلى تاسلا قالدى. مەن ساختىلىق ۋە رەڭۋازلىققا تولغان بۇ جەمئىيەتتىن يىراقلىشىپ، شەرقتىكى ئۆزۈممۇ بىلمەيدىغان رىۋايەتلىك ماكانلارنىڭ بىرىگە كەتمەكچى بولدۇم. ھەتتا بىر مەزگىل موناخ بولۇپ بىر ئۆمۈر چېركاۋدا ياشاشنىمۇ ئويلىدىم. لېكىن ئەڭ ئاخىرى يەنىلا شەرققە بېرىشنى قارار قىلدىم. پاراخوت ئاتلانتىك ئوكيانىدىن جەبىلتارىق بوغۇزى ئارقىلىق ئوتتۇرا يەر دېڭىزىغا كىرگەندە مەن تۇمانلىق لوندوننىڭ ئەمدىلىكتە كۆز ئالدىمدىن مەڭگۈ غايىب بولغانلىقىنى، مېنىڭ ئازابلىق سەرگۈزەشتىلىرىمنىڭمۇ ئۈتمۈشكە ئايلانغانلىقىنى، يىراقتىن شەرقنىڭ ھىدىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. بىر كۈنى پالۇبىدا دېڭىزغا قاراپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرسام، بىر جۈپ ئوتتۇرا ياشلىق ئەر ـ ئايال قېشىمغا كېلىپ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:*



20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى قەشقەر شەھىرىدىن بىر كۆرۈنۈش

*ـــ سىز بىلەن پاراڭلاشساق بولامدۇ، گۈزەل قىز! ـــ دەپ سورىدى. مەن ئۇلارغا زەن سېلىپ قاراپ گېرمانىيىلىك ياكى گوللاندىيىلىك بولسا كېرەك دەپ*

ئويلىدىم. تەلەپپۇزى ۋە يۈرۈش ـ تۇرۇشىدىن ئەنگلىيىلىكلەرگە ئوخشىمايتتى.

— ئەلۋەتتە، بولىدۇ، — دېدىم مەن ئورنۇمدىن تۇرۇۋېتىپ.

— بىز شۋېتسىيىلىك ئەر ـ ئاياللارمىز، — دېدى ئايال ناھايىتى مېھرىبانلىق بىلەن، — بىز بىر كىچىك ئۆمەك بولۇپ، شۋېتسىيە دىنىي جەمئىيىتىنىڭ جۇڭگونىڭ يىراق غەربىي ئۆلكىسىدىكى قەشقەر دېگەن شەھىرىدە تەسىس قىلغان دىن تارقىتىش پونكىتىدا ۋەزىپە ئۆتىگىلى كېتىپ بارىمىز. مېنىڭ يولدىشىم مىسسىئونېر، ئۇ ئىلگىرى قەشقەردە تۇرغان، بۇ قېتىمقى ۋەتەنگە قايتىپ دەم ئېلىشىدا بىر ئۆمەكنى باشلاپ ماڭدى. ئىسىم فامىلىسى گۇستاف ئاھلبېرت، مېنىڭ ئىسمىم لۇسى ئاھلبېرت، بىزنىڭ ئىچىمىزدە يەنە ئەنگلىيىلىك بىر مىسسىئونېرمۇ بار. قارىساق نەچچە كۈندىن بۇيان پالۇبىدا دېڭىزغا قاراپ يالغۇز ئولتۇرىسىز. چوقۇم بىرەر كۆڭۈل ئاغرىقى بار بولۇشى مۇمكىن



20ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى قەشقەر كوچىلىرىدىن بىر كۆرۈنۈش

دەپ ئويلىدۇق. ھەممىمىز بىر كېمىدە كېتىپ بارغان سەپەرداشلارمىز، شۇڭلاشقا سىز بىلەن پاراڭلىشىپ ۋاقىتلىق بولسىمۇ كۆڭلىڭىزنى ئەمىن تاپقۇزايلى دەپ قېشىڭىزغا كېلىشتىمىز. سىزگە دەخلى قىلىپ قويدۇقمۇ ـ قانداق؟

— ياق، ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس! — دېدىم ئۇلارنىڭ ياخشى كۆڭلىگە تەشەككۈرۈمنى بىلدۈرۈپ، — مەن شەرققە بېرىپ باقمىغان، بۇ مېنىڭ بىرىنچى قېتىملىق ئۇزاق سەپىرىم. سىلەر بىلەن تونۇشقانلىقىم ئۈچۈن تولىمۇ خۇشالمەن!

— بىزمۇ شۇنداق! ستوكھولمدىن يولغا چىققىلى 15 كۈن بولدى. ئالدى بىلەن دانىيە، گېرمانىيىلەرگە باردۇق، ئۇ يەردىن ئامىستېردامغا بېرىپ پاراخوت بىلەن لوندونغا كېلىۋالدۇق. لوندوندا سەپەرداشىمىز ماھىر ئەپەندى بىلەن ئۇچرىشىپ، ھىندىستانغا بارىدىغان بۇ پاراخوتقا چىقتۇق. ئىلگىرى يولدىشىم رۇسىيە ئارقىلىق قۇرۇقلۇق يولى بىلەن بارغان ئىكەن. بۇ قېتىم دېڭىز يولى بىلەن مېڭىشنى تەۋسىيە قىلىپ تۇرۇۋالدى. قانداق، ئۆزىڭىز ھىندىستانغا بارامسىز؟

— ھەئە، ھىندىستانغا كېتىپ بارىمەن، دادام دېھلىدە خىزمەت قىلىدۇ.

— مۇنداق دەڭ، سىزگە بىرەر ئىش بولمىغاندۇ، بىزنىڭ ياردىمىمىز لازىممۇ؟

— دېدى ئاھلىبىرت خانىم ماڭا كۆيۈنگەن ھالدا.

— رەھمەت! مەن ھېچنېمە بولمىدىم، ئىسسىق بەلۋاغنىڭ دېڭىزى چىرايلىق ھەم زۇمرەتتەك كۆكۈچ كۆرۈنىدىكەن. مەن كۈندە دېڭىزنى تاماشا قىلىپ مېڭىۋاتىمەن. سىلەرگە خۇشاللىق تىلەيمەن!

شۇنداق قىلىپ پاراخوتتا شۋېتسىيىلىك بىر كىچىك مىسسىئونېرلار ئۆمىكى بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. ئۇلار يول بويى ماڭا ھىمالايا ۋە قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ ھەيۋەتلىكلىكى، يوللىرىنىڭ نەقەدەر مۇشكۈل ۋە خەتەرلىكلىكى، جۇڭگونىڭ غەربىي ئۆلكىسىدىكى ئاجايىپ قۇملۇقلار، قەشقەر شەھىرىنىڭ سىرلىق ھاياتى ھەققىدە سۆزلەپ ماڭدى. مەن تۇنجى قېتىم ئۇلارنىڭ ئېغىزىدىن ئاسىيانىڭ مەركىزىي رايونلىرى ھەققىدىكى ئادەمنى جەلپ قىلىدىغان پاراڭلارنى ئاڭلىدىم. دادام گەرچە ھىندىستان باش ۋالىيسىنىڭ ياردەمچىسى سۈپىتىدە دېھلىدە ئۇزۇن مەزگىل تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ھەقتە ئەزەلدىن ماڭا ئېغىز ئېچىپ باقمىغانىدى. ئۇ مېنىڭ شەرققە بېرىشىمغا قوشۇلمايتتى. مېنىڭ لوندوندىكى بىرەر ئالىي مەكتەپتە ياكى گېزىتتە ئىشلىشىمنى ئارزۇ قىلاتتى. لېكىن بۇ قېتىم مەن دادامنىڭ ئارزۇسىغا پۈتۈنلەي قارشى ھالدا شەرققە قاراپ تۇيۇقسىزلا يولغا چىقتىم.

پاراخوت ئوتتۇرا يەر دېڭىزىدىن ئۆتۈپ، مىسىرنىڭ ئىسكەندىرىيە پورتىدا بىر كۈن توختىدى. ماڭا نىسبەتەن ئەمەلىيەتتە شەرقنىڭ سىرلىق پەردىسى پۈتۈنلەي ئېچىلغانىدى. ئىككىنچى كۈنى ئىسكەندىرىيەدىن ئايرىلىپ سۇۋەيش قانىلى ئارقىلىق قىزىل دېڭىزغا كىردۇق. ئوتتەك يېلىنجاپ تۇرغان ئەرەب ساھىللىرىنى بويلاپ بىرقانچە كۈنلەر ماڭغاندىن كېيىن، بىيپايان ئەرەب دېڭىزىغا چىقىپ ھىندى ئوكيان تەۋەسىگە كىردۇق. شۇنداق قىلىپ دېڭىزدىكى ئۇزاق سەپەرنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئاخىرى ھىندىستاننىڭ بومباي پورتىدا قۇرۇقلۇققا دەسسىدۇق. مۇشۇ ئۇزاق سەپەر جەريانىدا پاراخوتتىكى سەپەرداشلىرىم — شۋېتسىيىلىك مىسسىئونېرلار ئۆمىكى مەندە ناھايىتى چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ھىمالايا تاغلىرىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى سىرلىق بوستانلىق قەشقەر

ھەققىدىكى بايانلىرى مېنى تولىمۇ قىزىقتۇردى. مېنىڭ مۇھەببىتىمنى ئازار يېگەن قەلبىمدە تېخى ھىندىستانغا بارماي تۇرۇپلا بىر كۈچلۈك ئارزۇ ئويغىنىشقا باشلىدى. شۇپىت مىسسىئونېرلىرىغا قوشۇلۇپ قەشقەرگە بېرىش ۋە ئۆزۈمنى ئاسىيانىڭ پىنھان بۇرجىكىدە سىناپ كۆرۈش ئويى پەيدا بولدى. لېكىن بۇ ئويۇمنى دەرھال ئېغىزىمدىن چىقىرالمىدىم.




شۇپىت مەكتەپلىرىدىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىنگلىزچە تاپشۇرۇق دەپتىرى

بومبايىدا دادام بىرقانچە ياردەمچىلىرى بىلەن ئالدىمغا چىققانىكەن، مېنى ئېلىپ ئۇدۇللا دېھلىگە قاراپ ماڭدى. مەن پاراخوتتا بىللە كەلگەن شۇپىتسىيىلىك سەپەرداشلىرىم بىلەن دېھلىدا كۆرۈشمەكچى بولدۇق. ئۇلار بومبايدا بىرقانچە كۈن تۇرۇپ ئاندىن دېھلىغا قاراپ يولغا چىقىدىغانلىقىنى، دېھلىدا بىرىم ئايدەك پۇختا تەييارلىق كۆرۈپ ئاندىن كارۋان بىلەن قەشقەرگە ماڭىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

دادام مېنىڭ ھىندىستانغا كەلگەنلىكىمدىن ئانچە رازى بولمىسىمۇ، لېكىن ماڭا لام ـ جىم دېمىدى. دېھلىغا كەلگەندىن كېيىن باش ۋالىي مەھكىمىسى ۋە ئۇنىڭ ھەيۋەتلىك تۇرالغۇ رايونىدا بىرقانچە كۈنلەرنى ئۆتكۈزدۈم. ھىندىستاننىڭ تامامەن باشقىچە مەدەنىيەت مۇھىتى مېنىڭ ئازاب ئىچىدىكى كۆڭلۈمنى بىرئاز سەگىتكەندەك قىلدى. دادامنىڭ خىزمىتى تولىمۇ ئالدىراش بولغاچقا، ئەتراپىمدىكى ئىنگلىز ئەمەلدارلىرىنىڭ خانىم ـ قىزلىرى بىلەن دېھلىنىڭ كوچىلىرىنى بىرقانچە كۈنلەر تاماشا قىلدىم. لېكىن كۆڭلۈمدە بارغانسېرى كۈچىيىپ كېتىۋاتقان ھېلىقى ئارزۇ مېنى زادىلا ئۆز ئارامىمغا قويمىدى. ئاخىرى قەتئىي نىيەتكە كېلىپ قەشقەرگە بېرىشنى قارار قىلدىم. شۇپىتسىيىلىك سەپەرداشلىرىم ماڭا بەرگەن ئادرېس بويىچە بىر كۈنى دېھلىنىڭ بىر چېتىگە جايلاشقان بىر مېھمانخانىدىن ئۇلارنى تاپتىم. ئۇلار قەشقەرگە مېڭىشنىڭ جىددىي تەييارلىقىنى قىلىۋاتقان ئىكەن، مەن ئۆز قارارىمنى ئۇلارغا دېگىنىمدە، ئۇلار بىر ھازاغىچە ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ تۇردى. ئاخىرىدا ئاھلىبىرت خانىم ماڭا يېقىن كېلىپ:

— ۋىنگېتتى خانىقىز، بۇ بىر مۇشكۈل سەپەر، سىز ياش ھەم چىرايلىق بىر قىز، ئوبدان ئويلاشتىڭىزمۇ؟ — دېدى.

— شۇنداق، مەن كۆپ ئويلىنىپ قارار قىلدىم. مەن ئۆزۈمنى سىناپ كۆرەي دەيمەن.

— بۇ ئىشتا دادىڭىزنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىشىڭىز كېرەك، بىز سىزنىڭ ئەڭ ياخشىسى باشقىدىن ئويلىنىپ كۆرۈشىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمىز، — دېدى ئالېبېرت ئەپەندىمۇ ئۆز ھەيرانلىقىنى باسالماي.


قەشقەردىكى شۋېتلار

— مەن ئۆز قارارىمنى ئۆزۈم چىقىرىشقا تامامەن ھوقۇقلۇق، — دېدىم مەنمۇ پىكرىمدىن يانماي، — ئەگەر قەشقەرگە بارسام ماڭا بىر كىشىلىك خىزمەت بېرىشكە ھۆددە قىلالامسىز؟

— ئەلۋەتتە بىز سىزدەك ياش ھەم پىداكار كىشىلەرگە موھتاجمىز، بولۇپمۇ قەشقەر ۋە يەركەنلەردە ئاچقان مەكتەپلىرىمىزگە ئوقۇتقۇچى كەمچىل. لېكىن يەنىلا دادىڭىز بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئالدىرىماي قارار قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز، — دېدى ئالېبېرت ئەپەندى تەلەپپۇزىنى ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ.

مەن ئۆز قارارىمنى دادامغا دېگىنىمدە ئۇ ھەيرانلىقىدىن داڭقېتىپ قالدى. دەسلەپ قاتتىق ئاچچىقى كېلىپ چىچىلدى، مېنى دەرھال لوندونغا قايتۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ پوپوزا قىلدى. لېكىن مېنىڭ ئۆز پىكرىمدىن قايتمايدىغانلىقىمنى بىلگىنىدە، يالۋۇردى، چىرايلىق سۆزلەر بىلەن نەسىھەت قىلدى. ئاخىرىدا لېۋىنى چىشلەپ مېنىڭ قارارىمغا قوشۇلماقتىن باشقا ئامالىنىڭ يوقلۇقىنى ھېس قىلدى.

شۇنداق قىلىپ، 1922 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ بېشىدا پۇختا تەييارلىق قىلىنغان بىر كارۋان بىلەن شۋېت مىسسىئونېرلىرىغا قوشۇلۇپ دېھلىدىن كەشمىرگە قاراپ يولغا چىقتۇق. دادام مېنى ئالايىتەن سىرىناگارغىچە ئۇزىتىپ باردى ھەمدە كۆزىنى ياشلىغان پېتى مېنىڭ بىلەن خوشلاشتى. ئۇ يەنە قاراقۇرۇم يولىدا ئۇزۇن مەزگىل قاتنىغان بىر كەشمىرلىك كىشىنى مېنىڭ يولدىكى ئەھۋالىمدىن خەۋەر ئېلىپ

قەشقەرگە ساق ـ سالامەت يەتكۈزۈپ قويۇشى ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇردى. ئاندىن برىتانىيىنىڭ قەشقەردىكى باش كونسۇلىغا تېلېگرامما يوللاپ بىزنىڭ كارۋاننى ئالدىدىن كۈتۈۋېلىشىنى تاپىلىدى.




شۋېت مەكتەپلىرىدىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىنگلىزچە ئۆگىنىش دەرسلىكى

شۇنداق قىلىپ جاپالىق سەپەرگە ئاتلاندۇق. قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ تار جىلغىلىرىدا، ئۇچار قۇشلار پەستە كۆرۈنىدىغان خەتەرلىك قىيالاردا ھەممە قار ـ مۇزغا پۈركەنگەن تاغ چوققىلىرىدا مىڭ بىر جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى چېكىپ يول يۈردۇق. يىرتقۇچلار ھۇۋلاپ تۇرغان تاغ قاپتاللىرىدا چېدىر تىكىپ تۈنىدۇق. ئۆمرۈمدە دۇچ كەلمىگەن بۇ ھايات ـ ماماتلىق سەپەردە كېتىۋېتىپ، ئەمدى ئۆزۈمنى مۇھەببەتتە مەغلۇپ بولغان بىر ئاجىز قىز ئەمەس، بەلكى قەيسەر جەڭچىدەك ھېس قىلدىم. كالپۇكلىرىم يېرىلىپ، بېشىم قېيىپ، كۆزلىرىم كۆكىرىپ كەتكەن، قىزلىق لاتاپىتىمنى ئۇنتۇغان ئاشۇ كۈنلەردە، قەلبىمدە ئۆزۈممۇ ھەيران قالغۇدەك بىر جاسارەتنىڭ ئورغۇپ تۇرغانلىقىنى ھېس قىلدىم. سىرىناگاردىن يولغا چىقىپ توپتوغرا قىرىق بىرىنچى كۈنى قاغىلىق دېگەن يۇرتنىڭ چوپان دېگەن تاغلىق يېزىسىغا يېتىپ كەلدۇق. قەشقەردىكى كونسۇلخانا ئەۋەتكەن كىشىلەر مۇشۇ جايدا ئالدىمىزغا چىقىپ تۇرۇپتىكەن، بىزنى ئېلىپ قاغىلىق، يەركەنلەر ئارقىلىق ئاخىرى قەشقەرگە ئېلىپ باردى.

مۇشۇ قېتىملىق تەۋەككۈلانە تاللاش ۋە دۇنيانىڭ ئۆزگىرىشى بولغان ھىمالايا

تاغلىرىنى كېسىپ ئۆتۈش سەپىرى مېنى تامامەن باشقىچە بىر ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويدى. مەن ئىلگىرىكى كۆز ياشلىرىمغا ۋە قەلب جاراھەتلىرىمگە مەڭگۈ ئەلۋىدا دېدىم. شۇنداق قىلىپ، قەدىمىي يىپەك يولىدىكى بۇ سىرلىق شەھەردە مېنىڭ يېڭى ھاياتىم باشلاندى.



شۇبىت مەكتەپلىرىدىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار سىزغان ھىندىستان خەرىتىسى

برىتانىيىنىڭ چىنىباغدىكى كونسۇلخانا بىناسىنى بۇ يەردىكى ئەڭ يارىشىملىق قۇرۇلۇشلارنىڭ بىرى دېيىشكە بولىدۇ. مەن بۇ بىنانىڭ ئىككىنچى قەۋىتىگە جايلاشقان ياسىداق ياتاق ئۆيۈمنىڭ دېرىزىسىنى ئېچىپ قويۇپ، يىراقتىكى مەنزىرىلەرنى تاماشا قىلىشنى ياخشى كۆرىمەن. بىر ـ بىرىگە مىنگەشتۈرۈپ پاكار ـ پاكار سېلىنغان كېسەك ئۆيلەردىكى سىرلىق ھايات، مەسچىت مۇنارىدىن كۈندە بەش قېتىم ئاڭلىنىدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئەزان ئاۋازى، بازار ـ رەستىلەردىكى غۇژمەك ـ غۇژمەك كىشىلەر توپى ۋە قايناق كۆرۈنۈشلەر، شەھەر دەرۋازىسىنىڭ كەچتە توپ ئاۋازى بىلەن تەڭ ئېتىلىپ، سەھەردە ئېچىلىشى مېنى 20 ـ ئەسىردە ئەمەس گويا «مىڭ بىر كېچە» رىۋايەتلىرىدىكى باغداد كوچىلىرىدا ياشاۋاتقاندەك ھېس قىلدۇرىدۇ.

مەن قەشقەرگە كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا شۋېت مىسسىئونېرلىرى ئاچقان ئۈچ سىنىپلىق مەكتەپتە ئوقۇتۇش خىزمىتىمنى باشلىدىم. سەبىيلىكى ۋە ئوماقلىقى چىقىپ تۇرغان يەرلىك بالىلار مېنىڭ كۆزۈمگە بۆلەكچىلا ئىسسىق كۆرۈندى. مەن ئۇلارغا ئىنگلىز تىلى بىلەن رەسىم دەرسى ئۆتىمەن. ئۇلارنىڭ قوشقاچتەك چۇرۇقلىشىپ، ئىنگلىز تىلىدىكى بەزى سۆزلەرنى تەلەپپۇز قىلغان چاغدىكى كۈلكىلىك ھالەتلىرى، رەسىم دەرسىدە بوياقلارنى قول ۋە يۈز ـ كۆزلىرىگە سۈركىۋېلىشلىرى مېنى تولىمۇ سۆيۈندۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ قاپقارا قوي كۆزلىرىدىن ئىنگلىز بالىلىرىدا بولىدىغان شوخلۇق ۋە بالىلارچە تەنتەكلىكنىڭ ئالامەتلىرىنى كۆرگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن بىلىپ بولمايدىغان رايىشلىق ۋە سەبىيلىك نۇرلىرى ئادەمنى ئويغا سېلىپ قويىدۇ. ئۇلار مېنىڭ ئىسمىمنى توغرا تەلەپپۇزى بويىچە «راچېل» دېيەلمەي، شۇ يەرلىك ئاياللاردا كۆپ ئۇچرايدىغان «راھىلە» دېگەن ئىسمغا يېقىنلاشتۇرۇپ «راھىل خانىم» دەپ چاقىرغىنىدا تولىمۇ يېقىملىق ھېس قىلىمەن.



قەشقەردىكى شۋېت باسمىخانىسىنىڭ نابور بۆلۈمى

بىر كۈنى ئۇلارغا ئىنگلىز چۆچەكلىرىدىن بىرىنى سۆزلەپ بېرىپ، تولىمۇ خۇش قىلىۋەتتىم. گەرچە بۇ چۆچەكنى ئىنگلىز تىلىدىن تۈركىي تىلغا تازا ياخشى تەرجىمە قىلىپ بېرەلمىگەن بولساممۇ، لېكىن بالىلار ناھايىتى خۇش بولۇشتى. ئاخىرىدا ئۆز چۆچەكلىرىڭلاردىن بىرىنى يېزىپ كېلىڭلار دەپ تاپشۇرۇق بەرسەم، بىرى «چىن تۆمۈر باتۇر قىسسىسى» دېگەن بىر ھېكايىنى تەييارلاپ كېلىپتۇ. بۇ چۆچەك مېنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى. مەن ئۇنى خاتىرىلىۋېلىپ، ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلىپ چىقتىم. مەن ھازىر جەددىي تۈردە بۇ يەردە كەڭ تۈردە قوللىنىلىدىغان تۈركىي تىلى (بۇ يەردە ئۇيغۇر تىلىنى دېمەكچى) نى ئۆگىنىۋاتىمەن. كەلگۈسىدە قەشقەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بوستانلىقلاردا ياشايدىغان خەلقلەرنىڭ تۇرمۇشى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، تىل ـ ئەدەبىياتى ھەققىدە بىر كىتاب يېزىش خىيالىم بار. ئاڭلىسام برىتانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسىدا ئۇزۇن مەزگىل كونسۇل بولۇپ

*تۇرغان ماكارتنىي ئەپەندىنىڭ خانىمى قەشقەر ھەققىدە بىر كىتاب يازغان دېيىشىدۇ. مەنمۇ ماكارتنىي خانىمنىڭ چىنىباغدىكى بۇ ياسىداق تۇرالغۇسىدا تۇرۇۋېتىپ قەشقەر ھەققىدە بىر كىتاب يېزىش پىلانىنى تۈزۈۋاتىمەن.*

*قەدىرلىك كاسىرىن، مەن ھازىرقى ئەھۋالىم ھەققىدە مۇشۇنچىلىك يازاي، يەنە پۇرسەت چىقىرىپ داۋاملىق يازىمەن. خېتىمنىڭ قانچىلىك ۋاقىتتىنا لوندونغا يېتىپ بارىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. قەشقەرگە دېھلىدىن بىر ئايدا بىر قېتىم پوچتىسكەش كېلىدۇ، قىش كۈنلىرى بىرقانچە ئايلارغىچە پوچتا ئۈزۈلۈپ قالىدۇ دەيدۇ. سېنى چىڭ قۇچاقلاپ:*

*يىراقتىكى دوستۇڭ    راچېل ۋىنگېتتې*

*1922 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، قەشقەر»*



شۋېت مەكتەپلىرىدىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار سىزغان شىنجاڭ خەرىتىسى

بۇ خەتنى ئوقۇپ بولۇپ، خېلى ئۇزۇنغىچە كۆزۈمنى يۇمۇپ سۈكۈتتە تۇردۇم. شۇ چاغدىلا ساندۇقتىن چىققان يازما بۇيۇملارنىڭ قىممىتىنى چۈشەنگەندەك، ئۆز دەۋرىدە راچېل خانىم ئىمزا قويغان ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ رەسىم تاپشۇرۇقلىرىنى قايتا ۋاراقلاپ چىقتىم. قەغەزلەرگە سىزىلغان رەسىملەر ئاددىي ۋە باشلانغۇچ سەۋىيىدە بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئوبرازلىق تەپەككۇرىنى خېلى جانلىق ئىپادىلەپ بەرگەنىدى.

كاتارىنا خانىم بىلەن ساندۇقتىكى بۇيۇملارنى قايتا جايىغا رەتلەپ سالدۇق. مەن باشقا ۋاقىت چىقىرىپ ۋىنگېتتىي خانىمنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىنى ئوقۇپ چىقماقچى بولدۇم. كېيىن قولۇمغا ۋىنگېتتىي خانىمنىڭ كېيىنكى ھاياتىغا دائىر بىر ماتېرىيال چۈشۈپ قېلىپ، ئۇنىڭ قەشقەردىن 1920 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى ئايرىلىپ ئەنگلىيىگە قايتىپ كەتكەنلىكىنى، بىر مەزگىل لوندوندىكى ئەنگلىيە ئوتتۇرا ئاسىيا ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەنلىكىنى، كېيىن سەۋەبى بىلەن 1953 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنى بىلدىم. ئۇنىڭ ئاكىسى ئائۇد ۋىنگېتتىي ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە بىرما ۋە ئېفىئوپىيىدىكى ئۇرۇشلاردا زور خىزمەت كۆرسەتكەن بولۇپ، ئەنگلىيە پادىشاھىنىڭ قەھرىمانلىق مېدالىغا ئېرىشكەن ئىكەن. ئۇ سىڭلىسى راچېل ۋىنگېتتىينىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، ئۇنىڭ قەشقەرگە دائىر بۇ شەخسىي ماتېرىياللىرىنى ستوكھولمدىكى دىنىي جەمئىيەتنىڭ ئارخىپخانىسىغا پوچتىدىن ئەۋەتىپ بەرگەنىكەن.



شۋېت مەكتەپلىرىدە ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار

كېيىنچە ئارخىپخانىدىكى شىنجاڭغا دائىر فوتو سۈرەتلەرنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، كاتارىنا خانىمنىڭ كۆرسىتىشى بويىچە شۋېتسىيىدە 1890 ـ يىللاردىن بۇيان نەشر قىلىنغان شىنجاڭغا دائىر كىتابلارنى كۆرۈشكە باشلىدىم. بۇلارنىڭ ئىچىدە لارش ـ ئېرىك خۆگبېرگ، يوھاننىس ئاۋېتارانىئان، گۇستاف رەكېت، ن. ف. ھۆيېر، جون تۆرنكۇۋىست، گ. پالمېر، گۇستاف ئالھېبېرت، ئوسكار ھېرمانسون، سىگفرىد مۇن، جورجى روبېرتىز قاتارلىق مىسسىئونېرلارنىڭ قەشقەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بوستانلىقلار، يەرلىك خەلقلەرنىڭ مەدەنىيىتى، ئىگىلىك شەكلى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ۋە دىنىي ئېتىقادى، شىنجاڭنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى سىياسىي ۋە مەمۇرىي

ئەھۋاللىرى، قەشقەر ۋە يەركەنلەردىكى دىن تارقىتىش ئەھۋاللىرى ھەققىدە يېزىلغان خەت ـ چەك، دوكلات ۋە كىتابلىرى ئالاھىدە كۆزگە چېلىقاتتى. بولۇپمۇ گ. پالمېر باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «يېڭى زېمىن ئېچىش يولىدا: شۋېتسىيە مىسسىئونېرلىرىنىڭ جۇڭگو ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دىن تارقىتىش پائالىيەتلىرى»[27] ناملىق كىتاب بىلەن جون تۈرنكۇۋىست يازغان «قەشقەر»[28] ناملىق كىتاب ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەردۇر.

ئۇندىن باشقا مۇشۇ مەزگىللەردە شۋېتسىيىدە نەشر قىلىنغان تۈرلۈك گېزىت ـ ژۇرناللاردا بېسىلغان شىنجاڭغا دائىر خەۋەر ۋە ماقالىلەر بىر قانچە قاپلاردا نومۇر قويۇلۇپ ساقلانغان بولۇپ، ئۇلاردا بېرىلگەن ئۇچۇرلارنىڭ قىممىتىمۇ ناھايىتى يۇقىرى ئىدى. بىر كۈنى كاتارىنا خانىم ستوكھولمغا يېقىن لىدىنگۆ ئارىلىدىكى تېئولوگىيە ئىنىستىتۇتىنىڭ ئارخىپخانىسىدىن بىر ساندۇقنى مەخسۇس مېنىڭ كۆرۈپ بېقىشىم ئۈچۈن ئەكەلدۈردى. مەن ساندۇقنىڭ ئىچىدىن ئۆز دەۋرىدە شىنجاڭغا بارغان شۋېت مىسسىئونېرلىرىنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىدىن ئوننەچچە خاتىرىنى بايقىدىم. لېكىن ناھايىتى ئەپسۇس شۋېتچە بىلمىگەنلىكىم ئۈچۈن بۇ خاتىرىلەرنىڭ ئىچىدە ساقلىنىۋاتقان سىرلار ئۆز پېتىچە قېپقالدى. ساندۇقنىڭ ئىچىدىن چىققان بىر زور كۆلەمدىكى تۈزۈلمە نەسەبنامە مېنى تولىمۇ قىزىقتۇردى. نەسەبنامە خوتەن قەغىزىگە ئىشلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا بېرىلگەن ئالتۇن رەڭ ھەللەر، رەڭدار گۈللۈك نەقىشلەر، قۇشلارنىڭ رەسىملىرى ناھايىتى ئوچۇق ساقلانغانىدى. كاتارىنا خانىم بىلەن نەسەبنامىنىڭ تۈزۈمىنى يېشىپ كۆردۇق. ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 50 مېتىرچە كېلىدىغان بۇ نەسەبنامىنى مەن شىنجاڭدا ياكى دۇنيانىڭ باشقا جايىدا ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغانىدىم. نەسەبنامىنى تەپسىلىي كۆرۈپ بېشىنىڭ ئادەمئاتا بىلەن ھاۋا ئانىدىن باشلىنىپ، مۇھەممەد پەيغەمبەر ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭغا ئىسلام دىنى تارقاتقان ساھابىلەرگە تۇتاشقانلىقىنى، ئەڭ ئاخىرىنىڭ قەشقەرگە بىر مەزگىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋەلىخان تۆرە بىلەن ئاخىرلاشقانلىقىنى بىلدىم. نەسەبنامە تۈزۈمىنىڭ ياغىچىغا ئىنگلىز تىلىدا «Swedish Mission, 1986» دېگەن تامغا بېسىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ قەشقەردىن 1896 ـ يىلى شۋېت مىسسىئونېرلىرى تەرىپىدىن قولغا چۈشۈرۈلگەنلىكى ناھايىتى ئېنىق ئىدى.

شۇنداق قىلىپ يانۋارنىڭ ئاخىرلىرىدىن فېۋرالنىڭ باشلىرىغىچە بولغان كۈنلىرىم تېگىنېرگاتان كوچىسىدىكى ئارخىپخانىنىڭ بەشىنچى قەۋىتىدە ماتېرىياللار دۆۋىسى ئىچىدە ئۆتۈپ كەتتى.

---

[27] G. Palmer ed., *En ny port oppnas: fran Swenska Missionsforbundet arbeta I Ostturkestan aren 1892 – 1938 och Indien pren 1940 – 1942* ( A new gate is opening: from the Mission Covenant Church of Sweden work in southern Xinjiang 1892 – 1938 and in India 1940 – 1942), Stockholm, 1942

[28] John Tornquist, *Kaschgar: Nagra bilder fran Innersta Asiens land, folk och mission*, Stockholm, 1926



AltunOq

## ئون ئىككىنچى باب

# شۋېت مىسسىئونېرلىرىنىڭ قەشقەردىكى پائالىيەتلىرى

بىزدە نۇرغۇن كىشىلەر تېخى 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى قەشقەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بوستانلىقلاردا چەت ئەللىك دىن تارقاتقۇچىلارنىڭ ئوينىغان ئويۇنلىرى ھەمدە بۇنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلىرى ھەققىدە چوڭقۇر دەرىجىدە ئويلانغىنى يوق. بۈگۈنكى كۈندە قەشقەرنىڭ تارچۇق كوچىلىرىدا ياكى يەركەننىڭ غۇژمەك بازارلىرىدا ھاسىسىغا تايىنىپ كېتىپ بارغان ياشانغان بوۋايلاردىن شۋېتلارنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى پائالىيەتلىرىنى سورۇشتۇرسىڭىز، ئۇلار «ناسارا دىنى» نى تەشۋىق قىلىدىغان بىر توپ «پەرەڭ» لەرنىڭ ئۆز دەۋرىدە دوختۇرخانا ئېچىپ، مەكتەپلەر تەسىس قىلغانلىقى ھەمدە «ئىنجىل» دىن ۋەز ئېيتىپ يۈرگەنلىكى ھەققىدە ئەسلەپ بېرىشى مۇمكىن.



1917 ـ يىلى ستوكھولمدا شۋېت تىلىدا نەشر قىلىنغان شىنجاڭ ھەققىدىكى چوڭ تىپتىكى كىتاب

مەن شۋېت ئارخىپلىرىغا كۆمۈلگەن يېقىنقى زامان تارىخىمىزدىكى ئۇنتۇلغان بەتلەرنى ۋاراقلىغانسېرى، بىزنىڭ 20 ـ ئەسىردىن بۇيانقى روھىيەت تارىخىمىزنىڭ شۇنچىلىك مۇرەككەپ ۋە سىرلىق ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىشقا باشلىدىم. ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختا نۇرغۇن دىنلارغا ئېتىقاد قىلغانلىقى ھەمدە مۇشۇ دىنلارغا مۇناسىۋەتلىك مەدەنىيەتلەر بىلەن دىئالوگلاشقانلىقى ھەممىگە مەلۇم. مىلادىيە 8 ـ، 9 ـ ئەسىرلەردە خرىستىئان دىنىنىڭ نېستورىيان مەزھىپىنىڭ تۇرپان ئويمانلىقىغا تارقالغانلىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان نېستورىيان دىنىغا دائىر مۇقەددەس ناخشىلار ۋە «ئىنجىل» نىڭ پارچىلىرىنىڭ تۇرپان ئويمانلىقىدىن تېپىلغانلىقى بۇ نۇقتىلارنى كۆرسىتىپ

تۇرۇپتۇ. ۋەھالەنكى، ئۇيغۇر خەلقى مىلادىيە 10 ــ ئەسىردىن بۇيان ئۇزاق مەزگىللىك ئىسلاملىشىش جەريانىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، پۈتۈن مىللەت گەۋدىسى بىلەن ئىسلام دىنىنى ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى دىنىي ئېتىقادى قىلىپ تاللىغاندىن كېيىنمۇ يېقىنقى زامانغا كەلگەندە شىمالىي ياۋروپادىن كەلگەن خرىستىئان دىنى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ مەلۇم دەرىجىدىكى زەرەتلىشىگە ئۇچرىشى بىزنى ئويغا سالماي قالمايدۇ، ئەلۋەتتە.

توپ ماھىيىتىدىن ئېيتقاندا، شۋېت مىسسىئونېرلىرىنىڭ ئىسلام دىنى ۋە مەدەنىيىتى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بۇ رايوندا خرىستىئان دىنىنى تارقىتىشقا كىرىشىشى ھەممىدە بەرلىك ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىيەت ئەقىدىسى بىلەن زىچ يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ۋە قىممەت قاراشلىرىنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنۇشى بىر خىل «مەدەنىيەت تاجاۋۇزچىلىقى» دىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. ھالبۇكى، 20 ــ ئەسىردىن بۇيانقى مەنىۋىيەت ئالەمىمىزگە قىستۇرۇلغان بۇ تاشقى تۈگۈننى ھەممىدە ئۇنىڭ جاراھەتلىرىنى ئېچىپ كۆرۈش ۋە توغرا دىئاگنوز قويۇش ئىشلىرى بىزدە تېخى قولغا ئېلىنغىنى يوق.

بىر كۈنى مەن تۇرۇۋاتقان ھېنرىكسدال تېغىدىكى ئۆيىنىڭ ئىگىسى ماكس نورگارد بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، شۋېتلارنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆزىنىڭ دۆلىتىدىن ھالقىپ ئاسىيا ــ ئافرىقىدىكى خەلقلەرنىڭ ئەسلىدىكى دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىشكە شۇنچە كۈچەيدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى سورىدىم. ئۇ بىر ھازا سۈكۈت قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

ــ بۇ تەرىپىنى مەنمۇ ئېنىق بىلمەيمەن. ئەمما شەخسەن ئۆزۈم دىنىي جەمئىيەتنىڭ بۇ خىل ئۇرۇنۇشلىرىغا قارشى پىكىردىمەن. سىز بىلمەيسىز، شۋېتسىيە گەرچە ناھايىتى بۇرۇنلا دىن بىلەن ھاكىمىيەت ئايرىلغان دېموكراتىك مونارخىيە تۈزۈمىگە كىرگەن دۆلەت بولسىمۇ، لېكىن دىنىي جەمئىيەت ۋە چېركاۋلار ھازىرمۇ زور مۇلۈككە ۋە مۇقىم مەبلەغقە ئىگە. شۇڭا ئۇلار دۆلەتتىن ھېچقانداق ئىقتىسادىي ياردەم تەلەپ



شۋېت مىسسىئونېرلىرىنىڭ قەشقەردىكى دىن تارقىتىش پونكىتى

قىلمىغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ دىن تارقىتىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىۋېرىدۇ. ئەمما ئۇلار نېمىشقا باشقىلارنىڭ ئەسلىدىكى دىنىي

ئېتىقادىنى، تۇرمۇش ئۇسۇلىنى، ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى ۋە قىممەت قاراشلىرىنى ئۆزگەرتىشكە كۈچەيدۇ؟ نېمىشقا ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادى ۋە قىممەت قارىشىنى باشقىلارغا تېڭىشقا ئۇرۇنىدۇ؟ بۇنىڭ ئۆزى شەخسەن مېنىڭ كاللامدىن ئۆتمەيدۇ. دۇنيادا ھەممە خەلق ئۆز ئېتىقادى، تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە قىممەت ئۆلچەملىرى بويىچە ياشىسا نېمىدېگەن ياخشى! ئەگەردە دۇنيادىكى ھەممە ئادەم ئوخشاش بىر خىل كىيىم كىيىپ، ھەممىسى ئوخشاش بىر خىل تاماق يېسە ياكى ھەممىسى ئوخشاش بىر خىل مۇقامنى تىڭشاپ يۈرسە دۇنيانىڭ گۈزەللىكى ۋە رەڭدارلىقى يوقاپ كەتمەمدۇ!؟...

شۋېتسىيە باش دىنىي جەمئىيىتىنىڭ نېمە ئۈچۈن يىراق مەركىزىي ئاسىيادىكى قاتمۇ قات تاغ تىزمىلىرىنىڭ قورشاۋى ئىچىدە تۇرغان، ئىسلام مەدەنىيىتى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان، بېكىك ھالەتتىكى قەشقەردە 19-ئەسىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر چارىكىدە ئۆزلىرىنىڭ دىن تارقىتىش پونكىتىنى تەسىس قىلماقچى بولغانلىقى نامەلۇم. ئەمما شۋېتسىيىنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى كاۋكازدا ۋە ئىراننىڭ غەربىي شىمالى قىسمىدىكى ئەزەربەيجانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايوندا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان مىسسىئونېرلىرىنىڭ ستوكھولمغا يوللىغان دوكلاتلىرىدىن بۇ ھەقتىكى بەزى سەۋەبلەرنى ھېس قىلىشىمىز مۇمكىن. گۇننار ياررىڭنىڭ بۇ ھەقتىكى مۇلاھىزىلىرىگە قارىغاندا، شۋېتسىيە دىنىي جەمئىيىتى شۇ يىللىرى چاررۇسىيە ئىمپېرىيىسى تەۋەسىدىكى كاۋكاز بىلەن جۇڭگونىڭ خۇبېي ئۆلكىسىدە دىن تارقىتىش نۇقتىلىرىنى تەسىس قىلغان بولۇپ، بۇ ئىككى نۇقتىنىڭ ئارىلىقى يىراق ۋە ئۆز ئارا ئالاقىلىشىش ناھايىتى قىيىن بولغان. مانا مۇشۇنداق ئەھۋالدا كاۋكازدىكى تېبلىس شەھىرىدە تۇرۇۋاتقان پوپ ن. گ. ھۆيجېر (N. F. Höijer) بۇ ئىككى نۇقتا ئارىلىقىدا بىر يېڭى دىن تارقىتىش ئورنى تەسىس قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئارىلىقىدىكى ئۇزاق مۇساپىنى قىسقارتىش ۋە ئۆزئارا ئالاقىلەرنى كۈچەيتىش تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ مەزگىللەردە ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ دىن تارقىتىش ئۇمەكلىرى ئىراندا ئاكتىپ پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ،


شۋېت مىسسىئونېرلىرىنىڭ يېڭىسارىدىكى دىن تارقىتىش پونكىتى

شۋېت مىسسىئونېرلىرىغا رىقابەت ئېلان قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كاۋكازدىكى شۋېت مىسسىئونېرلىرى ئىراندىن ۋاز كېچىپ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەلۇم بىر يېرىدە يېڭى پائالىيەت ماكانى ئاچماقچى بولىدۇ. هۆيجېر شىنجاڭنى، بولۇپمۇ برىتانىيە بىلەن چارروسىيە ئىمپېرىيىلىرىنىڭ پامىرنى تالىشىشتىكى سىياسىي مەركىزى بولغان قەشقەرنى ئۆزلىرىنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى ئەڭ مۇۋاپىق ماكان دەپ قارايدۇ.[29]



يوهاننېس ئاۋېتارانىئان، قەشقەرگە كەلگەن تۇنجى مىسسىئونېر (ئەسلىي ئىسمى مۇھەممەد شۇكۇر، تۈركىيىلىك)

سۈيىن ھېيدىن 1890 ـ، 1891 ـ يىللىرى قەشقەرگە تۇنجى قېتىم يېتىپ بېرىپ، تارىم ئويمانلىقى ۋە تەكلىماكان قۇملۇقىنى ئېكسپېدىتسىيە قىلىشنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچقاندىن كېيىن، ئىككىنچى يىلى، يەنى 1891 ـ يىلى دېكابىردا شۋېتسىيە دىنىي جەمئىيىتىنىڭ كاۋكازنىڭ تىبلىس شەھىرىدە تۇرۇشلۇق مىسسىئونېرى ن. ف. هۆيجېر بىرقانچە كىشىنىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. ئۇنىڭ مەقسىتى قەشقەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى رايونىدا خرىستىئان دىنىنى تارقىتىشنىڭ يېڭى ماكانىنى ئېچىش ئىدى.

هۆيجېر بىلەن بىللە سەپەرگە ئاتلانغانلارنىڭ ئىچىدە يوهاننېس ئاۋېتارانىئان (Johannes Avetaranian) ئىسىملىك تۈرك قان تېمىدىن بولغان بىر كىشى ۋە تېبلىسلىق ئىككى نەپەر ئەرمېنىيىلىك بار ئىدى. ئۇلار 1892 ـ يىلى يانۋاردا قەشقەرگە يېتىپ كېلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا قەشقەر تېخى ياۋروپالىقلار كەمدىن ـ كەم بارىدىغان ئوتتۇرا ئەسىر مۇھىتىدىكى بېكىك جاي ئىدى. ئۇلار بۇ قېتىمقى سىناپ بېقىش خاراكتېرلىق سەپىرى ئارقىلىق، قەشقەردە ئۆز تەسەۋۋۇرلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى كۆرۈپ باقماقچى بولىدۇ.

29 [瑞典]贡纳尔・雅林:《重返喀什噶尔》, 新疆人民出版社, 1994 年版, 第 70 页

ھۆيجېر قەشقەردە ئاران بىر قانچە كۈنلا تۇردۇ. ئۇ بۇ جاينىڭ ئەھۋالىنى بىر قۇر كۆزەتكەندىن كېيىن ئەرمىنىيىلىك ھەمراھلىرى بىلەن بىللە تىبلىسقا قايتىدۇ. ھۆيجېر تىبلىستىن ستوكھولمغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن باش دىنىي جەمئىيەتكە ئۆزىنىڭ قەشقەردىكى سىناق خاراكتېرلىك تەكشۈرۈشىنى دوكلاد قىلىدۇ ھەمدە جەنۇبىي شىنجاڭدا يېڭى دىن تارقىتىش پونكىتى ئېچىشنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىگە كىرىشىدۇ. بۇ مەزگىلدە ئاۋېتارانىئان ئۆزى يالغۇز قەشقەردە قېلىپ، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا خرىستىئان دىنىنى تارقىتىشنىڭ دەسلەپكى پائالىيەتلىرىنى باشلايدۇ.

يوھاننېس ئاۋېتارانىئان ئەسلىدە تۈركىيىنىڭ ئەرزۇرۇم دېگەن يېرىدە بىر تۈرك مۇسۇلمان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان كىشى بولۇپ، ئەسلىي ئىسمى مۇھەممەد شۈكۈر ئىكەن. ئۇ ياشلىق مەزگىلىدە تۈركىيە ئارمىيىسى تەۋەسىدە رۇسىيە بىلەن ئېلىپ بېرىلغان كاۋكاز ئۇرۇشىغا قاتنىشىدۇ. ئۇرۇشتا رۇسىيە ئارمىيىسى تەرىپىدىن ئەسىرگە چۈشكەندىن كېيىن، تۈرمىدە خرىستىئان دىنىغا كىرىدۇ. تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، تىبلىستا شۋېت مىسسىئونېرلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھۆيجېر دېگەن پوپ بىلەن دوست بولىدۇ. 1886 ـ يىلى ھۆيجېرنىڭ تەۋسىيىسى بىلەن شۋېتسىيىگە بېرىپ كرىستىنھام شەھرىدىكى خرىستىئان دىنىي مەكتىپىدە تەربىيىلىنىدۇ. 1891 ـ يىلى دېكابىردا ھۆيجېر قەشقەرگە بېرىش سەپىرىدە ئۇنى ئۆزىنىڭ ياردەمچىسى سۈپىتىدە تاللىۋالىدۇ.



شۋېت مىسسىئونېرلىرىنىڭ يەركەندىكى دىن تارقىتىش پونكىتى

ئاۋېتارانىئان قەشقەردە ئۆزىنىڭ ئانا تىلى بولغان تۈرك تىلىنى ياخشى بىلىشتەك ئەۋزەللىكىگە تايىنىپ، ناھايىتى تېزلا ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىۋالىدۇ. ئاندىن ئىگە ـ چاقىسىز يېتىم بالىلاردىن بىرقانچىنى ئۆزىگە قارىتىپ ئۇلارغا خرىستىئان دىنىنى تەشۋىق قىلىشقا باشلايدۇ. ئەمما قەشقەرگە ئوخشاش ئىسلام دىنى مۇھىتى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان بۇ جايدا ئۇ ھېچقانچە ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئېرىشەلمەيدۇ. شۇڭا شۋېت مىسسىئونېرلىرى رەسمىي قەشقەرگە يېتىپ كەلگىچە بولغان ئىككى يېرىم يىل جەريانىدا ئۇ ئاساسىي كۈچىنى «ئىنجىل» نىڭ ئايرىم قىسىملىرىنى



AltunOq

ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىش ئىشىغا قارىتىلدۇ.[30]

ھۆيجېرنىڭ قەشقەر ھەققىدىكى دوكلاتى ستوكھولمدىكى شۋېتسىيە باش دىنىي جەمئىيىتىنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ. 1893 ـ يىلى شۋېتسىيە دىنىي جەمئىيىتى ستوكھولمدا ئېچىلغان ئومۇمىي يىغىنىدا قەشقەرنى مەركەز قىلغان ھالدا جەنۇبىي شىنجاڭدا يېڭى دىن تارقىتىش نۇقتىسى ئېچىشنى قارار قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، شۋېتسىيىنىڭ كاۋكاز ۋە ئىراندا تۇرۇشلۇق دىن تارقىتىش ئورنىدىن بىر ئۆمەك تەشكىللىنىپ لارش ـ ئېرىك ھۆگبېرگ (Lars Erik Högberg) دېگەن پوپنىڭ يېتەكچىلىكىدە 1894 ـ يىلى فېۋرالدا قەشقەرگە يېتىپ باردۇ. بۇ ئۆمەكنىڭ ئىچىدە بىر شۋېت موناخ ئايالمۇ بار ئىدى. بۇنىڭ بىلەن قەشقەردە شۋېتسىيىنىڭ تۇنجى دىن تارقىتىش نۇقتىسى قۇرۇلىدۇ. ھۆگبېرگ بۇ جەھەتتە يول ئاچقۇچى سۈپىتىدە جەنۇبىي شىنجاڭدا تاكى 1916 ـ يىلىغا قەدەر 22 يىل تۇرىدۇ ھەمدە شۋېت مىسسىئونېرلىرىنىڭ بۇ جايدىكى ئىشلىرىغا باشچىلىق قىلىدۇ.[31]



شۋېت دوختۇرخانىسىدا كېسەل كۆرسىتىۋاتقان يەرلىك بىمارلار

قەشقەردە شۋېتسىيىنىڭ دىن تارقىتىش نۇقتىسى قۇرۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ئۇلار جىددىي رەۋىشتە ئۆز پائالىيەت دائىرىسىنى قەشقەر ئەتراپىدىكى باشقا شەھەر ۋە بازارلارغا كېڭەيتىشكە باشلايدۇ. ئۆز دەۋرىدە زەئىپلىشىپ دىپلوماتىيە جەھەتتىكى

[30] John Hultvall, *Mission och revolution i Centralasien: Svenska Missionsforbundets i Ostturkestan 1892 – 1938,Gummessons, Stockholm, 1981, pp. 42 – 43; Gunnar Jarring, Prints from Kashghar, p.8; Gunnar Jarring, Return to Kashghar, pp. 93 – 94; www. Margaretta Hook's homepage.se.*

[31] Gunnar Jarring, *Prints from Kashghar*, p. 8

ئىقتىدارىنى يوقاتقان چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى شۋېت مىسسىئونېرلىرىنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرىگە سۈكۈت قىلىدۇ. يەرلىك مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ بۇ ھەقتىكى قارشىلىقى ۋە ئەرز - پىكىرلىرىگىمۇ پەرۋا قىلمايدۇ.

شۋېت مىسسىئونېرلىرى بۇ ۋەزىيەتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ 1896 - يىلى يەركەندە، 1908 - يىلى قەشقەر يېڭىشەھەردە، 1912 - يىلى يېڭىساردا ئۆزلىرىنىڭ شۆبە دىن تارقىتىش نۇقتىلىرىنى قۇرىدۇ. كېيىنچە ئۇلار ھەتتا خوتەن، ئاقسۇ ۋە كۈچا قاتارلىق شەھەرلەردىمۇ ئۆزلىرىنىڭ شۆبە دىن تارقىتىش نۇقتىلىرىنى قۇرۇشنى پىلان قىلىدۇ. لېكىن تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ پىلانلىرى ئەمەلگە ئاشمايدۇ.[32]



جەنۇبىي شىنجاڭدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان شۋېت مىسسىئونېرلىرى

ئەلۋەتتە، شۋېت مىسسىئونېرلىرىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا دىن تارقىتىش نۇقتىلىرىنى تەسىس قىلىشىنىڭ ئۆز ئالدىغا پىلان ۋە مەقسەتلىرى بار ئىدى. شۇڭا ئۇلار دەسلەپكى مەزگىللەردىن باشلاپلا ئۆز مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن تۈرلۈك ۋاسىتىلەردىن پايدىلىنىپ خرىستىئان دىنىنى تارقىتىشقا باشلايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەقىقىي مەقسەتلىرى ھەققىدە گۇننار ياررىڭ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «شۈنىسى ناھايىتى ئېنىقكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كۈچلۈك دىنىي ھېسسىياتى ۋە غايىسىنى بىر مىنۇتمۇ ئېسىدىن چىقارمىغان. يەنى قەشقەر، يەركەن ۋە يېڭىسارنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خرىستىئان مەركەزلىرىگە ئايلاندۇرۇش خام خىيالىدا بولۇپ

[32] Gunnar Jarring, *Return to Kashghar, p. 94; The Report to the Svenska Missionsforbundet at Stockholm from the Swedish Mission Stations in Kashghar, China,* Swedish Mission Press, Kashghar, 1926

كەلگەن.»[33] بىراق، ئۆز دەۋرىدىكى قەشقەر ۋە يەركەنگە ئوخشاش ئىسلام دىنى ئەقىدىسى كۈچلۈك بولغان بۇ رايونلاردا ئۇلارنىڭ ئۆز مەقسەتلىرىگە دەرھال يېتىشى ناھايىتى تەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مىڭ يىللاردىن بۇيان ئىسلام ئېتىقادىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن بۇ يەردىكى يەرلىك مۇسۇلمان ئۇيغۇرلارنىڭ خرىستىئان دۇنياسىدىن كېلىۋاتقان بۇ ئەقىدە كرىزىسگە قارشى تۇرۇشى ناھايىتى ئېنىق ئىدى. شۋېت مىسسىئونېرلىرى بۇ نۇقتىنى ئاستا ـ ئاستا چۈشىنىپ يېتىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردە ئېلىپ بارغان تىرىشچانلىقلىرىنىڭ ھېچقانچە ئۈنۈم بەرمىگەنلىكىنى ھېس قىلغاندىن كېيىن، باشقىچە يول تۇتۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار بىۋاسىتە ھالدا ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا خرىستىئان دىنىنى تەشۋىق قىلىش ئۇسۇلىدىن ۋاز كېچىدۇ. ئالدى بىلەن دوختۇرخانا، مەكتەپ ۋە دارىلئېتام ئېچىش، كېسەل داۋالاپ بالا تەربىيىلەش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ دىن تارقىتىش مەقسىتىنى ئاستا ـ ئاستا ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولىدۇ .




1942 ـ يىلى ستوكھولمدا نەشر قىلىنغان شىنجاڭغا دائىر كىتاب

دېگەندەك، ئۇلارنىڭ يېڭى ئۇسۇلىنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ. ئۆز ۋاقتىدىكى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى يەرلىك ئاھالىلار ئىچىدە ئادەتتە كۆپ ئۇچرايدىغان كېسەللىكلەرنى داۋالاش جەھەتتە شۋېت مىسسىئونېرلىرىنىڭ دوختۇرلىرى زور ئۈنۈمگە ئېرىشىدۇ. شۇ ۋاقىتتا جەنۇبىي شىنجاڭدا كۆپ كۆرۈلىدىغان يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ بىرى كىچىك بالىلاردىكى چېچەك كېسەللىكى بولۇپ، ھەتتا بەزى شۋېت مىسسىئونېرلىرىنىڭ بالىلىرىمۇ چېچەك چىقىپ ئۆلۈپ كەتكەنىدى. ئۇندىن باشقا پوقاق، كېزىك، كۆز ۋە جىنسىي كېسەللىكلەر ھەمدە تېرە كېسەللىكلىرىمۇ كۆپ كۆرۈلەتتى. غەرب تېبابىتىنى ئاساس قىلغان شۋېت دوختۇرلىرىنىڭ خىمىيىۋى دورىلىرى بۇ كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ. 1906 — 1908 ـ يىللىرى شىنجاڭنى كەڭ كۆلەمدە قىدىرىپ تەكشۈرگەن، رۇسىيە

[33] Gunnar Jarring, *Return to Kashghar*, p 99

ئارمىيىسىدە يۇقىرى ھەربىي خىزمەت ئۆتىگەن فىنلاندىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى ۋە مەشھۇر ھەربىي گېنېرال كارل گۇستاف مانېرھېيم (Carl Gustaf Mannerheim) ئۆز تەكشۈرۈش خاتىرىسىدە يەركەنتدىكى شۋېت دوختۇرخانىسى ھەققىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بۇ يەردىكى دىن تارقىتىش پونكىتىدا ئەسلىھەلىرى تولۇق بولغان بىر دورىخانا بار بولۇپ، يەرلىك ئاھالىلار ناھايىتى ئەرزان باھادا بۇ يەردىن ئۆزلىرىگە لازىملىق دورىلارنى ئالالايدىكەن. بۇ يەردە يەنە پاكىز ۋە يورۇشلەشكەن داۋالاش ئۆسكۈنىلىرى ھەمدە بىمارلارنىڭ ھەقسىز داۋالىنىشى ئۈچۈن قۇرۇلغان كېسەل كارىۋاتلىرىمۇ بار ئىكەن. ھازىر قىرىق ئوقۇغۇچى سىغىدىغان بىر سىنىپلىق باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلۇشى پىلانلىنىۋېتىپتۇ. ئوقۇتۇش پروگراممىسىدا ئوقۇش، ئىنشا يېزىش، ھېساب، جۇغراپىيە، تەبىئەت قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتۈش ئاساس قىلىنىغان ئىكەن. ئۇندىن باشقا ئوقۇغۇچىلار يەنە بىر موللامىنىڭ يېتەكچىلىكىدە مۇسۇلمانلارنىڭ ناماز قائىدىلىرىنىمۇ ئۆگىنىدىكەن. مىسسىئونېرلارنىڭ ماڭا دېيىشىچە مائارىپ تارقىلىق يەرلىك ئاھالىلارنىڭ كۆزىنى ئاچقاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئوخشاشمىغان دىنىي ئەقىدىلەر ئىچىدىن ئۆز ئېتىقادىنى تاللىۋېلىشىغا زېمىن ھازىرلايدىكەن. بۇ يەردىكى دىن تارقىتىش پونكىتىنىڭ ئەسلىھەلىرى قەشقەردىكى باش پونكىتقا قارىغاندا ناچار ۋە ئاددىي ئىكەن. لېكىن گۇستاف رەكېتنىڭ رەپىقىسى ئېۋا رەكېتنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا پاكىز ھەم ئازادە تۇسكە كىرگۈزۈلۈپتۇ. يەرلىكلەردە دائىم كۆرۈلىدىغان كېسەللىكلەر ئىچىدە جىنسىي كېسەللىكلەر ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىكەن. تازىلىق ۋە سۇ مەسىلىسى ھەمدە داۋالىنىش شارائىتىنىڭ ناچارلىقى تۈپەيلىدىن بۇ خىل كېسەللىكلەر ئېغىرلىشىپ باشقا يامان خاراكتېرلىق كېسەللىكلەرگىمۇ ئايلىنىپ كېتىدىكەن. تارقىلىشچان كېسەللىكلەردىن چېچەك ۋە تەمرەتكە قاتارلىقلار كۆپ كۆرۈلىدىكەن، بولۇپمۇ



1926 ـ يىلى ستوكھولمدا نەشر قىلىنغان «قەشقەر» ناملىق شۋېتچە كىتاب

چېچەك چىقىش كەڭ ئومۇملاشقانىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەرلىك ئاھالىلارنىڭ كۆپ قىسمى دوختۇرغا كۆرۈنمەيدىكەن. بۇ يەردە پوقاق كېسەللىكى كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ سەۋەبى ئىچىملىك سۇدىن بولسا كېرەك. يەرلىك كىشىلەر چاقچاق قىلىپ «پوقىغى بولمىسا ھەقىقىي يەركەنلىك ھېسابلانمايدۇ» دېيىشىدىكەن.[34]

1896 ـ يىلى يەركەندە شۋېت مىسسىئونېرلىرىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تۇنجى داۋالاش نۇقتىسى تەسىس قىلىنىدۇ. 1910 ـ يىلىغا بارغاندا رەسمىي چوڭ دوختۇرخانا بولۇپ قۇرۇلىدۇ. 1900 ـ يىلى قەشقەردە شۋېت مىسسىئونېرلىرىنىڭ ئىككىنچى دوختۇرخانىسى قۇرۇلىدۇ، 1912 ـ يىلىغا بارغاندا يېڭى دوختۇرخانا بىناسى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلىدۇ. بۇ دوختۇرخانىلاردا ھەتتا چوڭ تىپتىكى ئوپېراتسىيىلەرمۇ ئېلىپ بېرىلىدۇ. شۋېتسىيە ئارخىپلىرىدا ساقلىنىۋاتقان بۇ ھەقتىكى ماتېرىياللارغا قارىغاندا، شۋېت مىسسىئونېرلىرى جەنۇبىي شىنجاڭدا تۇرغان 50 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە 400 مىڭغا يېقىن يەرلىك بىمارلارنىڭ بۇ دوختۇرخانىلاردا داۋالانغانلىقى مەلۇم.[35] شۋېت مىسسىئونېرلىرى كېسەل داۋالاش جەريانىدا ئۆزلىرىنىڭ دوختۇرخانىلىرىنى خرىستىئان دىنىنى تارقىتىشنىڭ مۇھىم بازىسى قىلغان ھەمدە تۆۋەن قاتلامدىكى نامرات دېھقانلار ۋە شەھەر پۇقرالىرى ئارىسىدا مەلۇم ئۈنۈمگىمۇ ئېرىشكەن. 1910 ـ يىلى شۋېتسىيە باش دىنىي جەمئىيىتى چىقارغان بىر دوكلات خاراكتېرلىق كىتابچىدە شۋېت مىسسىئونېرلىرىنىڭ ئاسىيا ۋە ئافرىقا قىتئەسىدىكى دىن تارقىتىش ئەھۋالى بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا شىنجاڭ ھەققىدە مۇنداق دېيىلگەن: «بۇ ناھايىتى مۇشەققەتلىك بىر رايون. بۇ يەردە مىسسىئونېرلارنىڭ تىرىشچانلىقى ھېچقانچە ئۈنۈم بەرمىدى. بۇ يەردىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك پائالىيەت كېسەل داۋالاش بولۇپ، شۋېت دوختۇرخانىسىغا كېلىپ داۋالىنىدىغان بىمارلار يىلدىن ـ يىلغا كۆپەيمەكتە.»[36]

شۋېت مىسسىئونېرلىرى دوختۇرخانىلارنى ئېچىپ، كېسەل داۋالاشتىن سىرت، يەنە مەكتەپ ۋە دارىلئېيتام ئېچىش ئىشلىرىنىمۇ جىددىي رەۋىشتە ئېلىپ بارغان. يۇقىرى قاتلامدىكى ئۇيغۇرلار ئۆز بالىلىرىنى ھەرگىزمۇ شۋېتلار ئاچقان مەكتەپكە ئەۋەتمىگەن. شۇڭا ئۇلار يەرلىك ئاھالىلارنىڭ ئىچىدىكى تۆۋەن قاتلام يوقسۇللارنىڭ پەرزەنتلىرىنى ۋە يېتىم بالىلارنى تەربىيىلەشنى ئاساس قىلغان. چۈنكى مىسسىئونېرلار كىچىك بالىلارنى تەربىيىلەش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ

[34] 《马达汉西域考察日记（1906 － 1908）》，王家骥 译，中国民族摄影艺术出版社，2004 年版，第 49 － 50 页

[35] John Hultvall, *Mission och revolution i Centralasien (Mission and Revolution in Central Asia)*, Stockholm, 1981, pp. 75 — 77; Fredrik Fallman, Swedish missionary, modernization and cultural exchange in China: the Mission Covenant Church of Sweden work in Hubei and Xinjiang, *Jidujiao yu Zhongguo wenhua congkan*, vol. 5, Hubei Jiaoyu Chubanshe, Wuhan, 2003, pp. 335 — 353

[36] Gunnar Jarring, *Return to Kahghar*, p. 94

ئېتىقادىنى ئاسانلا ئۆزگەرتكىلى بولمىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان.

1896 ـ يىلى شۋېت مىسسىئونېرلىرى ئاچقان تۇنجى مەكتەپ قەشقەردە قۇرۇلغان. بۇ مەكتەپ دەسلەپ ئىگە ـ چاقىسىز بالىلارنى ئوقۇتۇشتىن باشلىغان. كېيىنچە بۇ مەكتەپتە ئوقۇيدىغان بالىلارنىڭ سانى ناھايىتى ئاستا رەۋىشتە كۆپىيىپ بارغان. بۇ ھەقتە تەتقىقات ئېلىپ بارغان جون ھۇلتۋال (John Hultval) نىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، 1910 ـ يىللاردىن 1920 ـ يىللار ئەتراپىدا بۇ مەكتەپكە بارىدىغان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى يۈزدىن ئېشىپ كەتكەن. 1923 ـ يىلى ئەڭ يۇقىرى چەككە يېتىپ 200 دىن ئاشقان. قەشقەر كونا شەھەر، يېڭىشەھەر، يېڭىسار ۋە يەركەن قاتارلىق جايلاردا شۋېتلارنىڭ بىرقانچىلىغان مەكتەپلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلغان.[37]

شۋېت مىسسىئونېرلىرىنىڭ 1926 ـ يىلى قەشقەردىن ستوكھولمدىكى باش دىنىي جەمئىيەتكە يوللىغان دوكلاتىدا مۇنداق دېيىلگەن: «1926 ـ يىلى قەشقەردىكى شۋېت مىسسىئونېرلىرى ئاچقان مەكتەپتە ئىككى باشلانغۇچ سىنىپ بولۇپ، جەمى 40 ئوقۇغۇچى ئوقۇغان. قەشقەردىكى شۋېت دوختۇرخانىسىدا بىر يىل ئىچىدە 12461 نەپەر بىمار داۋالانغان؛ يەركەندىكى شۋېت مەكتىپىدە بىر باشلانغۇچ سىنىپ بولۇپ، جەمى 24 ئوقۇغۇچى ئوقۇغان، شۋېت دوختۇرخانىسىدا بىر يىل ئىچىدە 5347 نەپەر بىمار داۋالانغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەركەندە يەنە 1924 ـ يىلى مەخسۇس قىزلار دارىلئېيتامى ئېچىلىپ 20 نەپەر قىز قوبۇل قىلىنغان، 1926 ـ يىلى مەخسۇس ئوغۇللار دارىلئېيتامى ئېچىلىپ 28 ئوغۇل بالا قوبۇل قىلىنغان؛ قەشقەر يېڭىشەھەردە تەسىس قىلىنغان شۋېت مىسسىئونېرلىرىنىڭ مەكتىپىدە ئۈچ سىنىپ ئېچىلغان بولۇپ، بىرى باشلانغۇچ، بىرى ئوتتۇرا ۋە يەنە بىرى مەخسۇس قىزلار سىنىپى بولغان، ئۇلاردا جەمى 64 نەپەر ئوقۇغۇچى ئوقۇغان؛ يېڭىساردىكى شۋېتلار ئاچقان مەكتەپتە بىر باشلانغۇچ سىنىپ بولۇپ، 15 ئوقۇغۇچى ئوقۇغان. شۋېت دوختۇرخانىسىدا بىر يىل ئىچىدە جەمئىي 3321 نەپەر بىمار داۋالانغان.[38]

بۇنىڭدىن باشقا، شۋېت مىسسىئونېرلىرىنىڭ قەشقەر ۋە يەركەنلەردە ئۆز مۇرىتلىرىغا يەنە تۈرلۈك ھۈنەر ـ سەنئەت ۋە تېخنىكىلىك بىلىملەرنىمۇ ئۆگەتكەن. ئادەتتىكى باشلانغۇچ مائارىپ ئوقۇتۇشىدىن سىرت، شۋېت مىسسىئونېرلىرى تەسىس قىلغان مەكتەپلەردە يەنە كىچىك دائىرىدىكى ئائىلە سانائىتى ھەمدە توقۇمىچىلىق، تىككۈچىلىك، بوياقچىلىق ۋە گىلەمچىلىك قاتارلىق تېخنىكىلىق كۇرسلارمۇ تەسىس قىلىنغان. ماشىنىلاردىن قانداق پايدىلىنىش قاتارلىق تېخنىكىلىق دەرسلەر ئۆتۈلگەن.[39] 1926 ـ يىلى يەركەندە شۋېت

[37] John Hultvall, pp. 59 — 61

[38] *Annual Report to the Svenska Missionsforbundet from Swedish mission stations in Kashghar*, Swedish Mission Press, Kashghar, 1926

[39] Fredrik Fallman, Ibid

مىسسىئونېرلىرى بىر تولۇق ئوتتۇرا سىنىپ ئېچىپ ئۇنىڭغا 8 ئوغۇل 2 قىز ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغان. ئوقۇش مۇددىتى ئۈچ يىل بولۇپ، يەرلىكلەردىن ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان. بۇ سىنىپقا ئاساسلىقى «ئىنجىل» ۋە خرىستىئان بىلىملىرى، ئۇيغۇر تىلى، ماتېماتىكا، جۇغراپىيە، ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى، مېتودولوگىيە، پېداگوگىكا، تېئولوگىيە، ئوقۇتۇش پراكتىكىسى، رەسىم، ياغاچچىلىق، مۇزىكا، ۋە تەنتەربىيە قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلگەن. بۇ سىنىپ ئوقۇش تاماملىنىشتىن كېيىن، 1932 ــ يىلىدىن باشلاپ بىر چوڭلار مائارىپى سىنىپى ئېچىشنى پىلانلىغان. ۋەھالەنكى، 1933 ــ يىللاردا يۈز بەرگەن مالىمانچىلىقلار سەۋەبىدىن بۇ پىلان ئەمەلدىن قالغان.[40]



قەشقەردىكى شۋېت مەكتىپىدە ئوقۇغان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاپشۇرۇق دەپتىرى

شۋېت مىسسىئونېرلىرىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى دىن تارقىتىش پائالىيەتلىرى تۈپ ماھىيىتىدىن بىر خىل مەدەنىيەت تاجاۋۇزچىلىقى بولۇپ، يېقىنقى زامان مەدەنىيەت تارىخىمىزدا خەلقنى ئېتىقاد ۋە مەنىۋىيەت جەھەتتىن پارچىلاشتەك يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. شۇڭا ئۇلارنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا ئېلىپ بارغان ئاز كەم يېرىم ئەسىرلىك پائالىيەتلىرىگە باھا بېرىشتە بۇ نۇقتىنى ھەرگىزمۇ ئەستىن چىقارماسلىق كېرەك.

شۋېت مىسسىئونېرلىرىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى پائالىيەتلىرى ئىچىدە ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، قەشقەردە شۋېت باسمىخانىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە زور مىقداردىكى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ نەشر قىلىنىشىدۇر.

قەشقەردە شۋېت باسمىخانىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ئەڭ ئالدى بىلەن خرىستىئان

[40] G. Palmer ed., *En ny port oppnas: fran Swenska Missionsforbundet arbeta I Ostturkestan aren 1892 – 1938 och Indien pren 1940 – 1942* ( A new gate is opening: from the Mission Covenant Church of Sweden work in southern Xinjiang 1892 – 1938 and in India 1940 – 1942), Stockholm, 1942, pp. 143 – 150

دىنىغا دائىر باسما بۇيۇملارنى كۆپلەپ بېسىش، تارقىتىش ۋە تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش، شۇ ئارقىلىق شۋېتلارنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تەسىرىنى كېڭەيتىشنى مەقسەت قىلغانىدى. ۋەھالەنكى، بۇ زامانىۋى باسمىخانىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۆز دەۋرىدە جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنىڭ گېزىت ـ ژۇرنالچىلىق ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ جانلىنىشىدا مۇئەييەن روللارنىمۇ ئوينىدى. بولۇپمۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ چاغاتاي كلاسسىك يېزىق تىلىنىڭ ئەنئەنىلىرىدىن هازىرقى زامان ئورتاق ئەدەبىي تىلغا تەرەققىي قىلىشىغا مەلۇم دەرىجىدە تۈرتكە بولدى.

ئەسلىدە 1893 ـ يىلىلا ستوكھولمدىكى باش دىنىي جەمئىيەت قەشقەرگە بىر مۇكەممەل باسما ماشىنىسى ئەۋەتىشنى پىلانلىغان. لېكىن ئارىدىكى ئۇزاق مۇساپە ۋە يول شارائىتىنىڭ ناچارلىقى تۈپەيلىدىن بۇ پىلان تاكى 1910 ـ يىلىغىچە ئەمەلىيلەشمەيدۇ. 1901 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن قەشقەردىكى شۋېت مىسسىئونېرلىرى ئىلگىرىكى قولدا يېزىپ تارقىتىدىغان ئىپتىدائىي ئۇسۇلنى ئۆزگەرتىپ، ئۇنۇمى تېخىمۇ يۇقىرىراق بولغان يېڭىچە ئۇسۇل تېپىشقا تىرىشقان. بۇنىڭ بىلەن 1901 ـ يىلدىن باشلاپ ئۇلار تاش باسما ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ بىر قىسىم قولىيازمىلارنى كۆپەيتىشكە باشلىغان. 1910 ـ يىلىغا بارغاندا يېڭى تىپتىكى يۈرۈشلەشكەن زامانىۋى باسما ماشىنىسى ستوكھولمدىن روسىيە زېمىنى ئارقىلىق قەشقەرگە ئەۋەتىلىدۇ. بۇ يۈرۈشلەشكەن باسما ماشىنىسى شۇ ۋاقىتتىكى ئەڭ ئىلغار بولغان يۇقىرى سۈرئەتلىك بىر بېسىش ماشىنىسى، خەت تىزىش تاختىسى، كېسىش ماشىنىسى ۋە تۈپلەش ماشىنىسىدىن تەركىب تاپقانىدى. بۇ ماشىنا ئارقىلىق ئۆز دەۋرىدە ئەرەب يېزىقى، لاتىن يېزىقى ۋە كىرىل يېزىقلىرىدا كىتاب نەشر قىلغىلى بولاتتى. شۇنداق قىلىپ بۇ باسما ماشىنىسى 1912 ـ يىلىدا رەسمىي ئىشقا كىرىشتۈرۈلىدۇ.[41]

شۇندىن باشلاپ، قەشقەردىكى شۋېت باسمىخانىسى تاكى 1938 ـ يىلى شېڭ شىسەي هۆكۈمىتى شۋېت مىسسىئونېرلىرىنى جەنۇبىي شىنجاڭدىن قوغلاپ چىقارغانغىچە بولغان 25 يىل جەريانىدا توختىماستىن ئىشلىدى. 1930 ـ يىللاردىن كېيىن ئۆلكە مەركىزى ئۈرۈمچىدە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كىرگۈزۈلگەن زامانىۋى باسما ماشىنىلىرى ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈشتىن ئىلگىرى، بۇ باسما ماشىنىسى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بىردىنبىر زامانىۋى باسما ئەسلىھەسى سۈپىتىدە رول ئوينىدى. بۇ يىللاردا شۋېت باسمىخانىسىدا بېسىلغان نەچچە يۈزلىگەن تۈرلۈك ساھەلەرگە دائىر ئۇيغۇرچە كىتاب ـ ماتېرىياللارنىڭ ھەقىقىي سانىنى ئېلىشمۇ خېلى تەس. هازىر شۋېتسىيە ئارخىپلىرىدا ساقلىنىۋاتقان ئۆز دەۋرىدە قەشقەردە بېسىلغان ئۇيغۇرچە كىتاب ـ ماتېرىياللارنىڭ كاتالوگى گۇننار

41 Gunnar Jarring, *Prints from Kashghar*, pp. 9 – 10

ياررىڭ تەرىپىدىن 1991 ـ يىلى ستوكھولمدا نەشر قىلىندى.[42] بۇ باسمىخانىدا نەشر قىلىنغان بەزى دەرسلىكلەر ۋە كىتابلارنىڭ تىرازى ھەتتا 1000 – 2000 دىنمۇ ئاشقان. بەزىلىرى بىرقانچە قېتىم قايتا ـ قايتا نەشر قىلىنغان. 1933 ـ يىلىغا بارغاندا جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى ئۇرۇش مالىمانچىلىقى ئىچىدە قالدى. قەشقەردىكى شۋېت باسمىخانىسى بىر مەھەل يەرلىك كۈچلەرنىڭ كونتروللىقىغا ئۆتۈپ قالىدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي تەشۋىقاتلىرىنى نەشر قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن تاكى 1938 ـ يىلى شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىۋاستە ھەربىي ياردىمى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭنى تولۇق ھالدا ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالغىچە بولغان ئارىلىقتا شۋېت مىسسىئونېرلىرىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى پائالىيەتلىرى كۈندىن ـ كۈنگە قىيىنلىشىدۇ. 1933 — 1937 ـ يىللاردىكى قەشقەر، يەركەن ۋە خوتەنلەردە بولۇپ ئۆتكەن ئىنقىلابلار ۋە مالىمانچىلىقلاردا شۋېت مىسسىئونېرلىرىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا قۇرغان چېركاۋلىرى كۆيدۈرۈلىدۇ، مەكتەپلىرى تاقىۋېتىلىدۇ. مانا مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا شۋېت مىسسىئونېرلىرى ئۆزلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئامالسىز قالىدۇ. 1938 ـ يىلى ئەتىيازدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا مايىل شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بارلىق شۋېت مىسسىئونېرلىرىنىڭ شەرتسىز ھالدا چېگرىدىن چىقىپ كېتىشىنى ئۇقتۇرىدۇ. شۋېت مىسسىئونېرلىرى جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، گەرچە گۇستاف ئاھلبېرت (Gustaf Ahlbert)، جون ئاندېرسون (John Anderson) ۋە سىگفرىد موئېن (Sigfred Moen) قاتارلىق ئەڭ ئاخىرقى ئۈچ مىسسىئونېر ۋەزىيەتنىڭ ياخشىلىنىشىنى كۈتۈپ ئۆز ئورنىدا قېپقالغان بولسىمۇ،



2004 ـ يىلى ئاپرېلدا ستوكھولمدىكى خانلىق كۇتۇپخانىدا كۆرگەزمە قىلىنغان «قەشقەر باسما بۇيۇملىرى»

[42] Detailed information on this books is awailable Gunnar Jarring: *Prints from Kashgar: The Printing – office of the Swedish Mission in Xinjiang History and Production with an Attempt at a Bibliography*, Stockholm. 1991

لېكىن شۇ يىلى 17 ـ ئاۋغۇستتا ئۇرۇمچى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن مەجبۇرىي ھالدا برىتانىيىگە قارام ھىندىستانغا قوغلاپ چىقىرىلىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن شۋېت مىسسىئونېرلىرىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 50 يىللىغا يېقىن دىن تارقىتىش پائالىيەتلىرى ئاخىرلىشىدۇ. بۇ جەرياندا جەمئىي 60 نەپەر شۋېتسىيىلىك مىسسىئونېر ـــ ئۇلارنىڭ ئىچىدە 24 نەپىرى ئەر، 36 نەپىرى ئايال ـــ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قەشقەر، يەركەن ۋە يېڭىسار قاتارلىق شەھەرلەردە پائالىيەت قىلىدۇ. 1938 ـ يىلى كۈزدە ئۇلار شىنجاڭدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ھىندىستاننىڭ كەشمىر رايونىدىكى سىرىناگار شەھىرىدە يېڭى بازا قۇرۇپ، بۇ يەرگە جەنۇبىي شىنجاڭدىن كېلىپ ـ كېتىپ تۇرغان ئۇيغۇر مۇھاجىرلىرى ئارىسىدا دىن تارقىتىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارىدۇ. ئۇلار بۇ يەردە تاكى 1942 ـ يىلىغىچە تۇرۇپ شىنجاڭدىكى ۋەزىيەتنىڭ ياخشىلىنىشىنى كۈتكەن بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭغا قايتىدىن قايتىپ بارىدىغان ئىمكانىيەتنى تاپالمايدۇ. بۇنىڭ بىلەن بۇ رايوندىن ئۈمىدنى ئۈزۈپ شۋېتسىيىگە قايتىپ كېتىدۇ.



2004 ـ يىلى ئاپرېلدا ستوكھولمدىكى خانلىق كۇتۇپخانىدا كۆرگەزمە قىلىنغان «قەشقەر باسما بۇيۇملىرى»

ئەسلى ماھىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، شۋېت مىسسىئونېرلىرىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى پائالىيەتلىرى باشتىن ـ ئاخىر دىن تارقىتىشنى مەقسەت قىلغان. بۇ نۇقتىنى گۇننار ياررىڭمۇ ناھايىتى ئېنىق تەكىتلەيدۇ. ئەمما ئۇلار ئىسلام دىنى ۋە مەدەنىيىتى كۈچلۈك يىلتىز تارتقان بۇ رايوندا بۇ تۈپ مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بەزىبىر مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك پائالىيەتلىرىنىمۇ ئېلىپ بارىدۇ. بولۇپمۇ قەشقەردىكى شۋېت باسمىخانىسى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ۋە نەشرىياتچىلىق ئىشلىرى، شۇنىڭدەك ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىشىدە مەلۇم رولىلارنى ئوينىدى.

ۋەھالەنكى، ئۆز نۆۋىتىدە شۇنىمۇ تەكىتلەپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ئۇلارنىڭ ئىسلام ئېتىقادى ۋە مەدەنىيىتى مىڭ يىللاردىن بويان چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بۇ رايوندا، خرىستىئان دىنىنى تارقىتىش يولىدا ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى بۇ رايوندىكى



AltunOq

يەرلىك خەلقلەرگە بەزىبىر تراگېدىيىلىك ئاقىۋەتلەرنىمۇ قالدۇرۇپ كېتىدۇ. ئېتىقادى بۆلۈنگەن بەزى ئائىلىلەردىكى ئەر ـ خوتۇنلار ياكى ئاتا ـ بالىلار ئوتتۇرىسىدا كېيىنچە ئېچىنىشلىق ۋەقەلەر يۈز بېرىدۇ. ھەر خىل ۋاستىلەرنىڭ ئېزىقتۇرۇشى بىلەن ئېتىقادىنى ئۆزگەرتكەن بىر قىسىم ئۇيغۇرلار ئائىلە ۋە جەمئىيەتتىن كېلىدىغان قاتمۇ قات بېسىم ئىچىدە ياشايدۇ. بەزىلىرى ھەتتا 1930 ـ يىللارنىڭ بېشىدىكى قالايمىقانچىلىقتا ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆلتۈرۈلىدۇ. بەزىلىرى چەت ئەللەرگە قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. شۋېتلارنىڭ دىنىي ئېتىقاد جەھەتتە ئاۋام خەلققە ئېلىپ كەلگەن بۆلگۈنچىلىكى ۋە خىرىسى بىر قىسىم بالدۇر ئويغانغان يەرلىك زىيالىيلارنى قاتتىق ئويلاندۇرىدۇ. ئۇلار ئىقتىسادىي قاششاقلىق ۋە مەنىۋى مەھكۇملۇق ئىچىدە قالغان مىللەتنىڭ تەقدىرىدىن قاتتىق ئەندىشە قىلىشقا باشلايدۇ. ئۆز دەۋرىدىكى يەرلىك زىيالىيلار شۋېت مىسسىئونېرلىرىنى «دىن ئوغرىلىرى» دەپ ئاتاپ، ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى «مەدەنىيەت مۇستەملىكىچىلىكى» دەپ قارايدۇ ھەمدە ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن ئۇلارغا نارازىلىقلىرىنى بىلدۈرىدۇ. شۇ يىللىرى قەشقەردە ئابدۇقادىر داموللام (1862 — 1924) نىڭ باشچىلىقىدا شۋېت مىسسىئونېرلىرىنىڭ دىن تارقىتىش پائالىيەتلىرىگە قارشى خەلق نامايىشى يۈز بېرىدۇ.[43] ئابدۇقادىر داموللام شۋېت دىن تارقاتقۇچىلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىگە قاتتىق چەك قويۇش ئۈچۈن قەشقەردىكى بىر قىسىم شەھەر مۆتىۋەرلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرىدۇ. نەتىجىدە قەشقەر شەرئى مەھكىمىسىنىڭ مۇپتىسى ماموت ھاجىم بۇ ئىش توغرىلىق «قۇرئان» ۋە «ھەدىس» لەردىن ئاساس كەلتۈرۈپ پەتىۋا يازىدۇ، ئابدۇقادىر داموللام شەرئى مەھكىمىنىڭ قازى رەئىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن پەتىۋاغا مۆھۈر باسىدۇ. پەتىۋا قولدا كۆچۈرۈلۈپ، شەھەر ئىچىدىكى چوڭ ـ كىچىك مەسچىت ۋە مەدرىسىلەرگە تارقىتىلىدۇ.[44] مىڭلىغان ئامما شۋېتلارنىڭ قۇمدەرۋازىغا جايلاشقان «بەيتى خۇدا» دەپ ئاتالغان ۋاكالەتخانىسى ئالدىغا توپلىنىپ، شۋېتلارنىڭ قەشقەردە ئاچقان شىپاخانا، مەكتەپ ۋە چېركاۋلىرىنى تاقاشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۋېت باسمىخانىسى بېسىپ تارقاتقان «ئىنجىل» ۋە باشقا خىرىستىيان دىنىغا ئائىت كىتاب ۋە تەشۋىقات ۋاراقلىرىنى كۆيدۈرىدۇ. بۇ قېتىمقى خەلق نامايىشى شۋېت مىسسىئونېرلىرىنىڭ قەشقەر ۋە يەركەنلەردىكى دىن تارقىتىش پائالىيەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىپ، ئۇلارنى بىر مەزگىل پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. ئابدۇقادىر داموللام شۇ مەزگىللەردە خەلققە سۆزلىگەن بىر قېتىملىق نۇتقىدا، يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ چەت ئەل مىسسىئونېرلىرىنىڭ سىڭىپ كىرىشىگە سۈكۈت قىلغانلىقى ھەمدە يېڭى مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا قارشى تۇرغانلىقىغا قاتتىق رەددىيە بېرىدۇ:

[43] نۇرمۇھەممەت زامان: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 1995 ـ يىل نەشرى، 78 ـ بەت.

[44] باتۇر روزى: «ئابدۇقادىر داموللا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 ـ يىل نەشرى، 83 ـ بەت.

«ھەرقايسىلىرى يۈرتىنىڭ كۆزى، خەلقىنىڭ بېشى. ھالبۇكى، خەلقىمىزنى ئىلىم ـ مەرىپەتكە، تەرەققىياتقا باشلىماستىن، پۈتۈن ئىجتىھات ۋە ئىشتىياقلىرى بىلەن مۆھۈر ھەققىگە مەپتۇن بولۇپ، كۈندە چۈشكەن تەڭگىلەرنى ئەۋرەزگە كۆمۈپ خاتىرجەم ئۇخلاشسىلا، خەلقىمىزنىڭ ھالى قانداق بولار؟ بىز ئۆز بالىلىرىمىزغا مەكتەپ ئاچماي، ئۇلارنى تاشلىۋەتتۇق. ئامما ياۋروپادىن كەلگەن ئەغيارىلار ئۇلارنى ئۆز قوينىغا ئالماقتا. ئىنگلىزلار، شۋېتلار شىپاخانا قۇرۇپ، مەكتەپلەر ئېچىپ، ھەقسىز داۋالاش ۋە ئوقۇتۇش ئۇسۇلى بىلەن خەلقىمىزنى ئۆزىگە تارتماقتا. ئۇلار خەلققە بىر مىسقال تەسىر كۆرسىتىش ئۈچۈن يۈز سەر تەڭگە سەرپ قىلماقتا. بىز بولساق خەلقنى ئۆزىمىزدىن تېخىمۇ يىراقلاشتۇرماقتىمىز، ئۇلاردىن ھەدەپ پۇل ئۈندۈرمەكتىمىز. ھەر خىل جازا چارىلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئۇلارنىڭ قەلبىنى جاراھەتلەندۈرمەكتىمىز. ئەگەر بۇ توغرىدا قايغۇرمايدىغان بولساق، كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىز ئالدىدا نىھايەت ئۇياتقا قېلىشىمىز، لەنەت ـ نەپرەتكە كۆمۈلۈشىمىز مۇقەررەر گەپ!»[45]



قەشقەردىكى شۋېتلار ئاچقان مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر قىزى

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى بولغان شائىر ۋە جامائەت ئەربابى نىمشېھىت ئەرمىيا ئېلى سايرامى 1930 ـ يىللارنىڭ بېشىدا قەشقەردە شۋېت دىن تارقاتقۇچىلىرى بىلەن مۇنازىرە ئېلىپ بېرىپ ئۇلارنى يەڭگەنلىكى ھەمدە جامائەت ئىچىدە تونۇلغانلىقى ھەققىدە ئۆزىنىڭ تەرجىمىھال خاراكتېرلىك ئەسلىمىسى «مەن ئەرمىيانىڭ تەرجىمىھالىم» دە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «...قەشقەرگە يېڭى بارغان يىلىنىڭ قىشلىقى رەھمەتۇللا يۈسۈپ ۋە باشقا تالىپلاردىن ‹ قەشقەردە چەتتىن كەلگەن شۋېت دېگەن ئادەملەر بولۇپ، ئۇلار بىر تەرەپتىن دوختۇرلۇق قىلىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن خرىستىئان دىنىنى تارقىتىدۇ، دوختۇرخانىسىغا كېسەل كۆرسىتىشكە بارغانلارغا بىردىن بەش ـ ئالتە ۋاراق كېلىدىغان كىتاب تارقىتىدۇ. ئۇنىڭدا خرىستىئان دىنى تەرغىب قىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى ئادەملەر ئۇ كىتابنى تۇتمايدۇ. ئۇلار بۇنداق ئادەملەرگە دورا بەرمەيدۇ. يەنە ھەر يەكشەنبە كۈنى ئۆزىنىڭ ئىبادەتخانىسىدا خرىستىئان دىنىنى تەشۋىق قىلىدۇ. ھەركىم كىرىپ

[45] نۇرمۇھەممەت زامان: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 1995 ـ يىل نەشرى، 77 ـ بەت.

ئاڭلىسا توسمايدۇ» دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىدىم. يەنە، مەدرىسىلەردىكى تالىپلاردىن بىرىپ قالسا، بەزى چاغلاردا ئۇلارغا تۈرلۈك سوئاللارنى قويۇپ مۇنازىرىلىشىدۇ. مۇنازىرىدە تالىپلارنى يېڭىپ قويسا، چاۋاك چېلىشىپ خۇشال بولۇشۇپ كېتىدۇ. توقۇم مەدرىسىدىكى خوتەنلىك ئابدۇللا ئاخۇن دېگەن تالىپ ھەرقاچان شۇ يەردىن بەزى دورىلارنى ئەكىلىپ ئىشلىتىپ يۈرىدىكەن. بىر قېتىم دورىغا بارغاندا ئۇنىڭغا سوئال قويۇپ: «بىر ئادەم بىر ئاچا يولغا كېلىپ قايسى يولغا كىرىشىنى بىلمەي تۇرۇپ قاپتۇ. قارىسا ئۇ يەردە بىر ئۇخلاپ قالغان ئادەم، يەنە بىر ئويغاق ئادەم بار ئىكەن. ھېلىقى يولۇچى بۇ ئىككى ئادەمنىڭ قايسىسىدىن يول سورىشى كېرەك؟» دەپتۇ. ئابدۇللا ئاخۇن جاۋابنى مۇنداق بېرىپتۇ: «ئاچا يولنىڭ بېشىدا ئويغاق تۇرغان ئادەم ئۆزى ماڭىدىغان يولنى سوراش ئۈچۈن ئۇيقۇدىكى ئادەمنىڭ ئويغىنىشىنى كۈتۈپ تۇرغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر ئىككىلىسى ئۇخلاۋاتقان ئادەم ئويغانغۇچە كۈتۈپ



ئۇيغۇر مەكتەپ بالىلىرى سىزغان شىنجاڭنىڭ تېز سىزما خەرىتىسى

تۇرۇشى كېرەك»، بۇ جاۋابنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇلار يېڭىلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭغا دورا بەرمەي قايتۇرۇۋېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇللا ئاخۇن ئۇ يەرگە دورىغا بارمايدىغان بولدى، دېگەن گەپنى ئاڭلىدىم. شۇبىتلار بۇ سوئال جاۋابتىكى

«ئويغاق»، «ئويقۇدا» دېگەن ئىككى ئادەم ئارقىلىق ئەيسا بولسا ھايات بار، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەممە ئادەم ئەيسانىڭ يولىغا، يەنى خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىشى كېرەك. مۇھەممەد بولسا ئۆلگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ يولىدىن، يەنى ئىسلام دىنىدىن چېكىنىش كېرەك، دېمەكچى بولىدىكەن. يوقىرىقى سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مەنمۇ مۇنازىرىلىشىشكە قىزىقتىم. رەھمىتۇللا يۇسۇپ مېنى يازلىق تەتىل بولغاندا باشلاپ بارماقچى بولدى. 1930 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ باشلىرى، بىر يەكشەنبە كۈنى ئەتىگەندە رەھمىتۇللا يۇسۇپ، مەن، يەنە تۆت ـ بەش نەپەر تالىپ بىرلىكتە باردۇق. بىر ئازدىن كېيىن ئۇلار يىغىلدى. بىزمۇ ئۇلارنىڭ ئىبادەتخانىسىغا كىردۇق. ئۇ يەردە شۇۋېتلارغا بۇرۇندىن سېتىلغان ھەسەن، ئېلى دېگەن ئىككى ئادەم بولۇپ، ئۇ كۈنى ئىبادەتنى ھەسەن باشقۇردى. ھەمەيلەن ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن «ئىنجىل» نى ئوقۇدى. ئارقىدىن ھەسەن بىرمۇنچە تەرغىبات قىلدى. ئاخىرىدا دۇئا قىلىپ تۈگەتتى. زورمۇ زور مۇنازىرىلەشكىلى بولمىدى، قايتىپ كەلدۇق. مەن شۇ كۈنلەردە بەزگەك كېسەلى بولۇپ قېلىپ، تاغنىڭ ھاۋاسىدا بۇ كېسەل بىر ئاز ياخشى بولىدۇ دېگەن گەپكە ئاساسەن قەشقەر شەھىرىنىڭ غەربىدىكى تاغنىڭ تۈۋىگە جايلاشقان مۇش دېگەن يېزىغا چىقىپ كەتتىم، قىشچە ئوقۇدۇم. 1931 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ باشلىرىدىكى بىر بازار كۈنى (پەيشەنبە كۈنى بازار بولاتتى) نامازدىگەر ۋاقتى بىلەن تۇرپانلىق سالىئاخۇن دېگەن بىر تالىپ بىلەن ئىككىمىز تاماشا قىلىپ قۇمدەرۋازىنىڭ تېشىدىكى پاختا بازىرىغا باردۇق. قارىسام شۇۋېتلارنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا نۇرغۇن ئادەم توپلىشىپ قاپتۇ. بىز ئۇ يەرگە باردۇق. ئۇ يەردە ئىككى تالىپنى شۇۋېتلارنىڭ ئۈچ ـ تۆت سېتىلمىلىرى ئوتتۇرىغا ئېلىپ ھەر خىل سوئاللار بىلەن ئۇ تالىپلارنى يېڭىپ مەسخىرە قىلىشىۋېتىپتۇ. بازاردىن يانغان ئادەملەر توپلىشىپ تاماشا كۆرگىلى تۇرۇپتۇ. مەن ئەھۋالنى كۆرۈپ چىداپ تۇرالماي ئوتتۇرىغا چۈشتۇم. مۇنازىرىلىشىشنى تەلەپ قىلدىم. ئۇلار يۇقىرىدا يېزىلغان سوئالنى قويدى. مەنمۇ تەييار جاۋابنى بەردىم. يەڭگىنىم ئۈچۈن مەنمۇ مەسخىرە قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مېنى قورۇنىڭ ئىچىگە كىرىشكە زورلىدى، مەن ئۇنىمىدىم. ئاخىرى قولۇمدىن تۇتۇپ سۆرەپ ماڭدى. شۇ چاغدا كۆپچىلىك ئارىلىشىپ ئاجرىتىپ قويدى. قايتىپ كېلىپ كېچىچە ئويلىنىپ ئەتىگەنلىكى شۇۋېتلار ھەرىكىتىگە رەددىيە ئاساسىدا بىر پارچە دىنىي تەشۋىقات قوللانمىسى يېزىپ چىقتىم. تالىپلار كۆرۈپ قوشۇلدى. شۇ كۈنى جۈمەدە بۇ تەشۋىقنى بىرنەچچە ئورۇندا ئېلىپ باردۇق. بۇنىڭ تەسىرى خېلى چوڭ بولدى. بىر ھەپتىگە قەدەر شۇۋېتلار دەرۋازىسىنى ئاچمىدى. دوختۇرخانىنىمۇ ئاچمىدى. شۇۋېتلار سەمەن رايونىنىڭ كاندىر دېگەن يېرىدە بىر ئادەمنىڭ يېرىنى سېتىۋېلىپ ئۇ يەردە مەكتەپ ئېچىش ئۈچۈن تاملىرىنى پۈتتۈرۈپ، ئۈستىگە ياغاچ چىقىرىپ قويغانىكەن. تەشۋىقنى ئاڭلىغان دېھقانلار ئۇنى بۇزۇپ تاشلاپتۇ. شۇۋېتنىڭ ئادەملىرى ئۇ يەرگە

ئىككىنچى بارالماپتۇ، دەپ ئاڭلىدىم. شۇنىڭدىن كېيىن تالىپلارمۇ ئۇلارنىڭ ۋاكالەتخانىسىغا بارمايدىغان، بارسىمۇ كىرگۈزمەيدىغان بولدى. تەشۋىق قىلىشنى ھۆكۈمەت تەرەپ چەكلەپ قويىدى. بۇ ئىش شۇنىڭ بىلەن تۈگىدى (ئەسكەرتىش: مەن كېيىن ئىلىغا چىققاندىن كېيىن 1949 ـ يىلى شۇيت دېگەنلەرنىڭ ئېيمىلىكى بىلەن تونۇشۇپ چىقتىم. ئەسلىدە ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ ‹بوفمانىزم› دېگەن بىر جاسۇسلۇق تەشكىلاتى بولۇپ، ئۇلار شۇ تەشكىلاتنىڭ ئادەملىرى ئىكەن. ئۇنى ئۇققاندىن كېيىن شۇ چاغدا ئىلىدا نەشر قىلىنغان ‹ئىتتىپاق› ژۇرنىلىنىڭ بىر سانىغا مۇشۇ ئەھۋالنى پاش قىلىپ ‹بوفمانىزم نىقابى ئاستىدا› دېگەن تېما بىلەن بىر مەقالە يازغانىدىم...)»[46]

يۇقىرىقى بايانلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مەشھۇر شائىر نىمشېھىتمۇ



ستوكھولمدىكى باش دىنىي جەمئىيەتنىڭ ئارخىپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان
خوجىلارنىڭ نەسەبنامىسى (19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى قەشقەردىن يىغىۋېلىنغان)

ئۆزىنىڭ قەشقەردىكى مەدرىسە ھاياتى داۋامىدا شۇيت مىسسىئونېرلىرىنىڭ دىن تارقىتىش پائالىيەتلىرىگە قارشى تۇرغان. ئۇزى ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۇلار بىلەن ئوچۇق ـ ئاشكارا مۇنازىرىلەشكەن ھەمدە ئۇلارنى يەڭگەن. لېكىن شائىر شۇ دەۋرلەردە

[46] ئابلىز ئوسمان: «پىداكار شائىر ــ نىمشېھىت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 ـ يىل نەشرى، 36 ـ، 40 ـ بەتلەردە كەلتۈرۈلگەن نەقىلگە قاراڭ.



AltunOq

شۋېت مىسسىئونېرلىرىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا كېلىشتىكى ئارقا كۆرۈنۈشى ھەمدە ياۋروپا ئەللىرىنىڭ قەشقەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارغا بولغان قىزىقىشىنىڭ سەۋەبلىرىنى تازا ئېنىق چۈشىنىپ كېتەلمىگەن. شائىر ئۆزىنىڭ ئەسلىمىسىنىڭ ئاخىرىدا بەرگەن ئەسكەرتىشىدە شۋېت مىسسىئونېرلىرىنىڭ ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى تەشكىللىگەن «بوفمانىزم» دېگەن جاسۇسلۇق تەشكىلاتىنىڭ ئەزاسى ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ. ناھايىتى ئېنىقكى، شائىرنىڭ بۇ قاراشلىرىغا ئۆز دەۋرىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوچ ۋىلايەت دائىرىسىدە ئېلىپ بارغان تەشۋىقاتلىرى تەسىر كۆرسەتكەن. ئەمەلىيەتتە، شۋېت مىسسىئونېرلىرىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا دىن تارقىتىش نۇقتىلىرىنى تەسىس قىلىشى ستوكھولمدىكى باش دىنىي جەمئىيەتنىڭ قارارى بولۇپ، ئەنگلىيە سىياسىي تارماقلىرى بىلەن ئالاقىسى يوق. ئۇلارنىڭ تۈپ مەقسىتى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا خرىستىئان دىنىنى تارقىتىش ۋە بۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت مۇستەملىكىچىلىكىنى يۈرگۈزۈش بولۇپ، ئۆز دەۋرىدىكى قەشقەردىكى ئەنگلىيە ۋە رۇسىيە كونسۇلخانىلىرىغا ئوخشاش روشەن سىياسىي خاھىشنى ئىپادىلىمىگەن.



قەشقەردىكى شۋېت باسمىخانىسىدا نەشر قىلىنغان ئۇيغۇر تىلىنىڭ تۇنجى ئىملا قائىدىسى

شۇنداق قىلىپ، 1938 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە شىنجاڭ ۋەزىيىتىدىكى جىددىي ئۆزگىرىشلەر ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقى تەسىرىنىڭ قەشقەر رايونىغا كۈچلۈك دەرىجىدە سىڭىپ كىرىشى تۈپەيلىدىن شۋېتلارنىڭ داۋاملىق جەنۇبىي شىنجاڭدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى قىيىنلىشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن شۋېت مىسسىئونېرلىرىنىڭ ئاز كەم يېرىم ئەسىرگە سوزۇلغان جەنۇبىي شىنجاڭدىكى دىن تارقىتىش پائالىيەتلىرى ئاخىرلىشىدۇ. شۋېتسىيە دىنىي جەمئىيىتىنىڭ ئافرىقىدىكى كونگو، جۇڭگونىڭ خۇبېي ئۆلكىلىرىدىكى دىن تارقىتىش نۇقتىلىرىغا سىلىشتۇرغاندا، ئۇلارنىڭ قەشقەر ۋە يەركەندىكى دىن تارقىتىش پائالىيەتلىرى ھېچقانچە ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلالمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆز دەۋرىدە زادى قانچىلىك ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنى خرىستىئان ئېتىقادىغا

ئىشەندۈرەلىگەنلىكى بىر سىر. لېكىن بۇ ھەقتە تەتقىقات ئېلىپ بارغان گۇننار ياررىڭ ياكى جون ھۇلتۋاللارنىڭ قىياسى ھەمدە شۋېت مىسسىئونېرلىرىنىڭ قەشقەردىن ستوكھولمدىكى باش دىنىي جەمئىيەتكە يوللىغان دوكلاتلىرىدىكى بايانلارغا ئاساسلانغاندا، شۋېتلارنىڭ چېركاۋلىرىدا يۈيۈندۈرۈلگەن يەرلىك ئۇيغۇرلارنىڭ سانىنىڭ نەچچە يۈزگىمۇ يەتمەيدىغانلىقى قەيت قىلىنىدۇ. شۇڭلاشقا 1940 ـ يىللارنىڭ بېشىدا شىنجاڭغا قايتىپ بېرىشتىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن شۋېت مىسسىئونېرلىرى ھىندىستاننىڭ كەشمىر رايونىدىن ۋەتىنىگە قايتىپ كېتىۋېتىپ، ئۆز تىرىشچانلىقلىرىنىڭ پۈتۈنلەي مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقانلىقىدىن ئاھ ئۇرغانلىقى مەلۇم.

شۋېت مىسسىئونېرلىرىنىڭ دىيارىمىزنىڭ جەنۇبىي بۆلىكىدە ئاز كەم يېرىم ئەسىرگە يېقىن داۋاملاشتۇرغان دىن تارقىتىش پائالىيەتلىرى ئۇزاق مەزگىللىك ئوتتۇرا ئەسىر مۇھىتىدا دۇنيا ئېقىمىدىن ئايرىلىپ قالغان بۇ خەلقنىڭ يېڭى تارىخىي دەۋردىكى تەرەققىيات مۇساپىسىدە كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ كېتىلگەن بىر پەردە كۆڭۈلسىز تىياتىر بولۇپ قالدى. بۇ 20 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ روھىيەت بوشلۇقىغا مەلۇم دەرىجىدە ئۆز كۆلەڭگىسىنى چۈشۈرەلمەي قالمىدى. ھەتتا نۇرغۇن ئائىلىلەر ۋە شەخسلەرنىڭ تۇرمۇشىدىكى پاجىئەلەرگە سەۋەب بولدى. مىللەتنىڭ ئېتىقاد بىرلىكى ۋە روھىي بىرلىكىنىڭ مۇستەھكەملىنىشىگە سەلبىي تەسىرلەرنى كۆرسەتتى. بۇ تەرىپىنى ئەلۋەتتە ئەستىن چىقارماسلىق كېرەك. ئەمما تەكىتلەشكە تېگىشلىك بىر مەسىلە شۇكى، شۋېتلارنىڭ قەشقەردىكى زامانىۋى باسمىخانىسىدا بېسىلغان زور كۆلەمدىكى ئۆتكۈنچى دەۋرگە مەنسۇپ دىنىدىن خالىي ئۇيغۇرچە


قەشقەردىكى شۋېت باسمىخانىسىدا ئۇيغۇرچە
نەشر قىلىنغان سىلما لاگېرلوفنىڭ ئەدەبىي ئەسىرى

كىتاب ـ ماتېرىياللار ۋە باسما بۇيۇملار 20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا مۇئەييەن قىممەتكىمۇ ئىگىدۇر.

بۈگۈنكى كۈندە شىنجاڭنىڭ ھەرقانداق يېرىدىن بولمىسۇن ئۆز دەۋرىدە قەشقەردىكى شۋېت باسمىخانىسى نەشر قىلغان ئۇيغۇرچە كىتاب ـ ماتېرىياللارنى تېپىش تولىمۇ قىيىن. بۇ باسما ماتېرىياللار ئۆز ۋاقتىدا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا كەڭ تارقىتىلغان بولسىمۇ، لېكىن تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ھازىرغىچە ساقلانمىغان. ھەتتا قەشقەر ياكى يەركەن ۋە ياكى ئاپتونوم رايوننىڭ مەركىزى بولغان ئۈرۈمچىدىكى ھەرقانداق بىر ئارخىپ ياكى كۇتۇپخانىدىن بۇ ماتېرىياللارنى تاپقىلى بولمايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى مەزكۇر رايوننىڭ ئۇزۇن يىللىق تارىخىي، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي داۋالغۇشلار ئىچىدە تۇرۇپ كەلگەنلىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، ئەلۋەتتە.




قەشقەردىكى شۋېت باسمىخانىسىدا نەشر قىلىنغان ئۇيغۇرچە كالېندار (1932 ـ يىلى)

ۋەھالەنكى، شۋېتلارنىڭ قەشقەردىكى باسمىخانىسىدا بېسىلغان زور مىقداردىكى ئۇيغۇرچە كىتاب ـ ماتېرىياللار ھازىرغا قەدەر شۋېتسىيە ئارخىپخانىلىرىدا ساقلانماقتا. ھازىر ھەرقانداق بىر كىشى بۇ باسما ماتېرىياللارنى شۋېتسىيىنىڭ جەنۇبىدىكى لۇند ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىنىڭ گۇننار ياررىڭ نامىدىكى شەرق قوليازمىلىرى بۆلۈمىدىن، ستوكھولمدىكى خانلىق كۇتۇپخانىدىن، ستوكھولم ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسى ئوتتۇرا ئاسىيا ماتېرىياللىرى بۆلۈمىدىن ھەمدە ئۇپسالا ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدىن تاپالايدۇ. بۇ ئۇيغۇرچە ماتېرىياللارنىڭ خېلى كۆپ بىر قىسمى ھەمدە ئۆز دەۋرىدە جەنۇبىي شىنجاڭدا تۇرغان مىسسىئونېرلارنىڭ خەت ـ چەك ۋە كۈندىلىك خاتىرىلىرى ھەبلەھەم ستوكھولمدىكى باش دىنىي جەمئىيەتنىڭ ئارخىپخانىسىدا ۋە ستوكھولمغا يېقىن لىدىنگۆ (Lidingö) ئارىلىدىكى تېئولوگىيە (ئىلاھىيەتشۇناسلىق) ئىنستىتۇتىنىڭ ئارخىپخانىسىدا ساقلانماقتا .

1912 ـ يىلدىن 1938 ـ يىلغا قەدەر 25 يىل جەريانىدا قەشقەردىكى شۋېت باسمىخانىسىدا بېسىلغان تۈرلۈك مەزمۇنلاردىكى كىتاب ـ ماتېرىياللار ۋە نەشر

بۇيۇملىرىنىڭ ھەقىقىي سانىنى ئېلىش ناھايىتى قىيىن. گۇننار ياررىڭمۇ 1991 ـ يىلى نەشر قىلدۇرغان «قەشقەردىكى باسما بۇيۇملار» ناملىق كىتابىدا بۇ نۇقتىنى ئېنىق تەكىتلەيدۇ: «ھازىر ئۆز دەۋرىدە قەشقەردىكى شۋېت باسمىخانىسىدا بېسىلغان باسما بۇيۇملارنىڭ تولۇق ۋە مۇكەممەل تىزىملىكىنى تۈزۈش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. مېنىڭ بۇ كاتالوگۇمدا بىر قىسىم باسما بۇيۇملارنىڭ تىزىملىكىنىڭ چۈشۈپ قالغانلىقىدا شەك ـ شۈبھە يوق. بەزى باسما بۇيۇملارنىڭ نۇسخىسىنى ھەتتا باسمىخانىمۇ ئۆز ۋاقتىدا ساقلاپ قالالمىغان. يەنە بىر قىسىملىرى 1930 ـ يىللاردا جەنۇبىي شىنجاڭدا يۈز بەرگەن مالىمانچىلىقلاردا يوقاپ كەتكەن.»[47]



قەشقەردىكى شۋېت باسمىخانىسىدا نەشر قىلىنغان تۇنجى ئۇيغۇرچە «جۇغراپىيە» دەرسلىكى

بۇ نەشر بۇيۇملار ۋە كىتاب ـ ماتېرىياللارنىڭ مەزمۇنى تۈرلۈك ساھەلەرگە چېتىلغان بولۇپ، تەخمىنەن 50% دىن كۆپرەكىنى خرىستىئان دىنىي ھەمدە «ئىنجىل» غا دائىر كىتابلار ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا شۋېت مىسسىئونېرلىرىنىڭ مەكتەپلىرى ئۈچۈن تۈزۈلگەن ئۇيغۇرچە دەرسلىك كىتابلار مۇھىم سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدىن شەرقىي تۈركىي تىلى (شۋېتلار ئۆز ۋاقتىدا ئۇيغۇر تىلىنى «شەرقىي تۈركىي تىلى» دەپ ئاتىغان) ئوقۇتۇشىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئا ـ ب كىتاب، گىرامماتىكا كىتابى، ئوقۇش كىتابى، ئىملا كىتابى قاتارلىق بىر يۈرۈش كىتابلارنى؛ تەبىئىي پەن كىتابلىرىدىن ھېساب كىتابى، جۇغراپىيە، پەن ـ تېخنىكا، ئاناتومىيە ۋە تەبىئەت قاتارلىق كىتابلارنى؛ چەت ئەل تىلى ئوقۇتۇشىغا دائىر كىتابلاردىن ئىنگلىزچە ـ ئۇيغۇرچە لۇغەت، ئىنگلىز تىلى ئوقۇشلۇقى قاتارلىقلارنى؛ تارىخقا دائىر كىتابلاردىن ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنى ھەمدە گۇستاف ئاھلبېرت تەرىپىدىن تۈزۈلگەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ تۇنجى ئىملا كىتابى قاتارلىقلارنى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ.

ئۇندىن باشقا، ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، شۋېت

47 Gunnar Jarring, Ibid, p.5

مىسسىئونېرلىرى 1908 ـ يىلىدىن باشلاپ ئۇيغۇر تىلىدا يىللىق كالېندار چىقىرىشقا باشلىغان. ئەڭ دەسلەپكى ئۇيغۇرچە كالېندار گوستاف رەكېت (Gustaf Raquette) تەرىپىدىن 1908 ـ يىلى چىقىرىلغان. 1912 ـ يىلىدىن باشلاپ تاكى 1938 ـ يىلىغىچە قەشقەردىكى شۋېتلارنىڭ زامانىۋى مەتبەسىدە ھەر يىللىق ئۇيغۇرچە كالېندار ئۆز ۋاقتىدا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغان. يەنە بىر ئەمەلىي قىممەتكە ئىگە ئەمگەكلەردىن بىرى ئۇيغۇرچە ئۆلچەملىك خەت ـ چەك يېزىش ئۆرنەكلىرى بولۇپ، 1931 — 1937 ـ يىللاردا قايتا ـ قايتا ئۈچ قېتىم نەشر قىلىنغان.

بۇ يىللاردا يەنە قەشقەردىكى شۋېت باسمىخانىسىدا دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى بىر قىسىم ئەسەرلەردىن ئۆلگىلەر ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ۋە بېسىلىپ تارقىتىلغان. بۇ ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى دىنىي مەزمۇنلارغا چېتىلىدىغان ئەسەرلەر بولۇپ، بىۋاسىتە ئەرەب، ئىنگلىز ۋە شۋېت تىللىرىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. بۇلاردىن دەسلەپكى يىللاردا تەرجىمە قىلىنىپ بېسىلغان ئەدەبىي پارچىلاردىن «ھەسەننىڭ ئۆيى» (1913)، «جىرىڭلامايدۇرغان تىللا» (1913)، «سەھرايى كەبىردە ئازىققان ئىككى بىر تۇغقاننىڭ ھېكايەسى» (1913)، «بوساغە ۋە بۇلۇڭ: فاس ئەرەبلەرىنىڭ تەمسىلى» (1913)، «بۇلبۇلنىڭ ھېكايەسى» (1914) قاتارلىقلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن. كېيىنكى يىللارغا بارغاندا ئوسكار ھېرمانسون (Oscar Hermansson) تەرىپىدىن يەنە شۋېتسىيەنىڭ نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن مەشھۇر ئايال يازغۇچىسى سېلما لاگېرلوف (Selma Lagerlof) نىڭ «ئورشىلىمنىڭ مۇقەددەس بېيتىدە قىسسە» (1931:6)، «سەدھۇ سۇندار سىڭگى» (1933:3)، «مۇقەددەس فرانسىسكوس» (1934:4) قاتارلىق ئەدەبىي ئەسەرلىرى ھەمدە لېۋىس ۋاللىس(Lewis Walles) نىڭ «بېن خۇر» (1935:7) قاتارلىق ئەسەرلىرى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ بېسىلغان ۋە تارقىتىلغان. بۇ ئەسەرلەر جەنۇبىي شىنجاڭدا سىياسىي مالىمانچىلىق بولۇۋاتقان 1930 ـ يىللارنىڭ بېشىدا نەشر قىلىنغان.



«ئىلمى جۇغراپىيە» ناملىق كىتابنىڭ بىر بېتى

ئۇنىڭدىن باشقا، قەشقەردىكى شۋېت باسمىخانىسىدا بېسىلغان ئۇيغۇرچە گېزىت ـ ژۇرناللارنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش زۆرۈر. 1914 ـ يىلى قەشقەردىكى شۋېت مىسسىئونېرلىرىنىڭ باش شتابى گوستاف رەكېتنىڭ مۇھەررىرلىكىدە ئۇيغۇر تىلىدا ئايلىق گېزىت چىقىرىشنى پىلانلىغان. گېزىتنىڭ نامى «يارۇغلۇق: ـ ئالتە شەھەرنىڭ رۇزنامىسى» بولۇپ، پەقەت دەسلەپكى سىناق سان چىقىپلا نەشردىن توختاپ قالغان. گېزىتتە دۇنيا ۋەزىيىتى ۋە ئۆلكە ئىچىدىكى يەرلىك خەۋەرلەرنى باسماقچى بولغان. بەزىلەر بۇ گېزىتنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تۇنجى ئۇيغۇرچە گېزىت دەپ قارايدۇ.[48] ئەمما شىنجاڭدىكى يەرلىك تارىخي ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە 1910 ـ يىلىلا قەشقەردە قۇتلۇق ھاجى شەۋقى تەرىپىدىن «ئاڭ گېزىتى» ناملىق گېزىتنىڭ چىقىرىلغانلىقى مەلۇم. ئامما بۇ گېزىت ئۇزۇن ئۆتمەيلا تورلۇك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن نەشر قىلىنىشتىن توختىتىلغان.[49] 1930 ـ يىللاردىكى ئىنقىلاب مەزگىلىدە شۋېت باسمىخانىسى قەشقەردىكى يەرلىك كۆچلەرنىڭ بىرقانچىلىغان گېزىت ـ



«ئىلمى تەبىئەت» ناملىق كىتابنىڭ بىر بېتى

[48] Fredrik Falmann, Ibid

[49] ئابدۇرەھىم راخمان: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى»، «تىل ۋە تەرجىمە»، 2/1996، 27 ـ، 42 ـ بەتلەر.

ژۇرناللىرىنى ئۆزلىرىنىڭ زامانىۋى مەتبەسىدە بېسىپ بەرگەن.[50] ئۇندىن باشقا شۋېت باسمىخانىسى يەنە يەرلىك كۈچلەرنىڭ تۈرلۈك تەشۋىقات ماتېرىياللىرى ۋە ھۆججەتلىرىنى بېسىشقا مەجبۇرلانغان. ھازىر بۇ خىلدىكى باسما بۇيۇملارنىڭ بىر قىسمى شۋېتسىيە ئارخىپلىرىدا ساقلانماقتا.

يۇقىرىقى كىتاب ۋە چوڭ ھەجىملىك باسما ماتېرىياللاردىن باشقا، قەشقەردىكى شۋېت باسمىخانىسى يەنە ئىقتىسادىي كىرىم قىلىش ئۈچۈن قەشقەردىكى چەت ئەل كونسۇلخانىلىرىنىڭ تۈرلۈك خەت ـ چەك ۋە ھۆججەتلىرى، يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ پوچتا تالونلىرى، قەشقەردىكى رۇسىيە بانكىسىنىڭ جەدۋەللىرى قاتارلىقلارنىمۇ باسقان. ئۇندىن باشقا يەنە ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى ۋە شەخسلەر ئۈچۈن تۈرلۈك پلاكاتلار ۋە ئېلانلار، كىتابچىلار ۋە ئوقۇشلۇقلار، تەكلىپنامە ـ باغاقچىلار، جەدۋەل ۋە ئىلتىماس قەغەزلىرى، تۈرلۈك شەكىلدىكى تالون ـ ھۆججەتلەر قاتارلىقلارنىمۇ ئۇيغۇرچە ۋە پارسچە تىللاردا بېسىپ بەرگەن.[51]

20 ـ ئەسىردىن بۇيانقى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىشى ھەققىدىكى تەتقىقاتلاردا قەشقەردىكى شۋېت باسمىخانىسىدا بېسىلغان زور كۆلەمدىكى ئۇيغۇرچە كىتاب ـ ماتېرىياللارنىڭ تىل ئالاھىدىلىكىگە تىلشۇناسلار ناھايىتى ئاز دىققەت قىلدى ياكى ئاساسەن دىققەت قىلمىدى. شىنجاڭدا بولسا بۇ ھەقتە ھازىرغىچە ھېچقانداق تەتقىقاتلار يوق. مەزكۇر باسما ماتېرىياللار 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قەشقەردە بېسىلىپ تارقىتىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۈگۈنكى كۈندە شىنجاڭدىكى ھەرقانداق بىر كۈتۈپخانا ياكى مۇزېيدىن تاپقىلى بولمايدۇ. بىز بۇ قىممەتلىك ماتېرىياللارنىڭ تىل ئالاھىدىلىكىنى تەكشۈرگىنىمىزدە، ئۇيغۇر تىلىنىڭ جەنۇبىي دىئالېكتىنىڭ 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى تەرەققىيات ئەھۋالى ۋە يېڭى يۈزلىنىشىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز.

بىز ئىلگىرى تەكىتلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، بۇ نەشر بۇيۇملىرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى خرىستىيان دىنىغا ئائىت تۈرلۈك كىتابلار تەشكىل قىلىدۇ. شۋېت مىسسىئونېرلىرى قەشقەر ۋە يەركەنلەردە دىن تارقىتىش نۇقتىلىرى تەسىس قىلغان دەسلەپكى يىللاردىلا «ئىنجىل» نى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىش ئىشلىرىنى باشلايدۇ. بولۇپمۇ مىسسىئونېرلارنىڭ ئىچىدىكى يوھاننېس ئاۋېتارانىئان، گۇستاف رەكېت قاتارلىقلار ئالدى بىلەن يەرلىك ئۇيغۇرلارنىڭ تىل ـ يېزىقىنى پۇختا ئۆگىنىدۇ. كېيىنكى مەزگىللەردە بولسا گۇستاف ئاھلېبرت،

[50] ھازىر شۋېتسىيىنىڭ لۇند ئۇنىۋېرسىتېتى كۈتۈپخانىسى «گۇننار ياررىڭ نامىدىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا شەرق قوليازمىلىرى مەركىزى» دە ساقلىنىۋاتقان ماتېرىياللار ئىچىدە شۋېتلارنىڭ قەشقەردىكى باسمىخانىسىدا بېسىلغان ئۇيغۇرچە كىتاب ـ ماتېرىياللارنىڭ تولۇق نۇسخىسىنى تاپقىلى بولىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە 1930 ـ يىللاردا شۋېت باسمىخانىسى قەشقەردىكى يەرلىك كۈچلەرگە بېسىپ بەرگەن «ئىستىقلال»، «يېڭى ھايات»، «يېڭى ھايات ھۆرىيىتى» قاتارلىق بىرقانچىلىغان ئۇيغۇرچە گېزىت ـ ژۇرناللارمۇ بار.

[51] Gunnar Jarring, *Prints from Kashghar*, p. 15 – 18

ئوسكار ھېرمانسون، سىگفرىد مۆن قاتارلىق مىسسىئونېرلار ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقى جەھەتتە پۇختا بىلىمگە ئىگە مۇتەخەسسىسلەردىن بولۇپ قالىدۇ .

شۋېت مىسسىئونېرلىرى ئۆزلىرىنىڭ دىن تارقىتىش مەقسىتىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەڭ ئالدى بىلەن «ئىنجىل» ۋە باشقا خرىستىيان دىنىي تەلىماتلىرىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىشنىڭ ناھايىتى مۇھىملىقىنى ھېس قىلغانىدى. شۇڭا قەشقەرگە تۇنجى بولۇپ كەلگەن تۈرك قان تىپىدىن بولغان مىسسىئونېر يوھاننېس ئاۋېتارانىئان بۇ يەردىكى بىرىنچى ئىشىنى «ئىنجىل» نىڭ قىسمەن بابلىرىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىش ئىشىدىن باشلايدۇ.


رسملى الفبا
[illegible]
Swedish Mission Press, Kashgar 2000

قەشقەردىكى شۋېت باسمىخانىسى نەشر قىلغان «ئۇيغۇر تىلىنىڭ رەسىملىك ئېلىپبەسى»

ئاۋېتارانىئان ئۆز ئانا تىلى بولغان ئوسمانلى تۈرك تىلىنى ياخشى بىلىشىدەك ئەۋزەللىككە تايىنىپ، تۈركىي تىللىرىنىڭ شەرقىي دىئالېكتلىرىدىن بولغان ئۇيغۇر تىلىنى تېزلا ئۆگىنىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ «ئىنجىل» نىڭ بەزى بابلىرىنى تېزلىك بىلەن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىقىدۇ. تەرجىمىسى پۈتكەن قىسىملىرىنى قولىيازما شەكلىدە تارقىتىدۇ. لېكىن ئاۋېتارانىئان تەرجىمە قىلغان «ئىنجىل» نىڭ پارچىلىرىغا نىسبەتەن باشقا شۋېت مىسسىئونېرلىرى تەنقىدىي پوزىتسىيە تۇتىدۇ. ئۇلار ئاۋېتارانىئاننىڭ تەرجىمىسىدە مەسىلە بار، ئۇنى «ئىنجىل» نىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۆلچەملىك تەرجىمىسى سۈپىتىدە ئومۇملاشتۇرۇشقا بولمايدۇ دېگەن پىكىرنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئاۋېتارانىئان بولسا بۇ پىكىرلەرگە قارشى چىقىپ، ئۆزىنى «ئىنجىل» نى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىشقا ئەڭ مۇۋاپىق كىشى دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە باشقا شۋېت مىسسىئونېرلىرىغا قارىغاندا ئۆزى تۈركىي تىللىرىنى بىلىشتە ئۈستۈن

ئەۋزەللىككە ئىگە ئىدى. شۇڭا «ئىنجىل» نى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىشتا ئۇ ئۆزىنى ئەڭ ھوقۇقلۇق دەپ بىلەتتى. شۇ سەۋەبتىن ئاۋىتارانىئان بىلەن قەشقەردىكى باشقا شۋېت مىسسىئونېرلىرى ئوتتۇرىسىدا «ئىنجىل» نىڭ تەرجىمىسى ھەققىدە قاتتىق ئىختىلاپ تۇغۇلىدۇ. نەتىجىدە ئۇ 1897 ـ يىلى قەشقەردىن ئايرىلىپ بۇلغارىيىگە كېتىدۇ ۋە ئۇ يەردىكى گېرمان مىسسىئونېرلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا باشلايدۇ .

ئاۋىتارانىئان قەشقەردىن ئايرىلغاندىن كېيىن، بۇلغارىيىدە «ئىنجىل» نى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىش ئىشىنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

ئاۋىتارانىئان قەشقەردىن ئايرىلغاندىن كېيىنمۇ قەشقەردىكى شۋېت مىسسىئونېرلىرى بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى «ئىنجىل» نىڭ تەرجىمىسى ھەققىدىكى ئىختىلاپلار ئىزچىل داۋاملىشىدۇ. ھۇلتىۋال ئۆز كىتابىدا بۇ ۋەقەنى «ئىنجىل ماجىراسى» دەپ ئاتايدۇ. «ئىنجىل» نىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسىدىن قوزغالغان بۇ ۋەقە 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا غەرب دۇنياسىدىكى دىنىي جەمئىيەتلەرنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغايدۇ. بىرىتانىيىنىڭ چەت ئەللەردىكى ئىنجىل جەمئىيەتلىرىمۇ بۇ ئىشقا ئارىلىشىدۇ. گېرمان شەرقشۇناسلىرى بۇ ۋەقە ھەققىدە مەخسۇس ماقالىلەر ئېلان قىلىدۇ. 1909 ـ يىلى بېرلىندا بۇ مەسىلىنى مۇۋاپىق ھەل قىلىش يۈزىسىدىن مەخسۇس مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلىدۇ. ئاۋىتارانىئان تەرجىمە قىلغان «ئىنجىل» نىڭ مەتتا قىسمى


قەشقەردە 1912 ـ يىلى شۋېت باسمىسىدا بېسىلغان
«ھەسەننىڭ ئۆيى» ناملىق ئەدەبىي ئەسەر

ھۆگبېرگ ۋە رەكېت قاتارلىق مىسسىئونېرلار تەرىپىدىن تەھرىرلىنىپ، تەرجىمىسى بېكىتىلگەندىن كېيىن 1910ـ يىلى تىبلىس شەھرىدە نەشر قىلىنىدۇ. ئۇزاق تالاش ـ تارتىشلار ۋە كېلىشتۈرۈشلەردىن كېيىن، ئاۋىتارانىئان ئاخىرى رەكېت قاتارلىق شۋېت مىسسىئونېرلىرى بىلەن «ئىنجىل» نىڭ

ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ھەققىدە ھەمكارلىشىشقا قوشۇلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بىرقانچە يىللىق قايتا ـ قايتا ئىشلەش ئارقىلىق 1914ـ يىلى «ئىنجىل شېرىف: يېڭى ئەھد» نىڭ تولۇق ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى تاماملىنىپ، بۇلغارىيىنىڭ فىلىپپوپولىس شەھىرىدە نەشر قىلىنىدۇ.[52]

تۇنجى قېتىم ئۇيغۇر تىلىغا تولۇق تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنغان «يېڭى ئەھد» نىڭ مىڭلارچە نۇسخىلىرى جەنۇبىي شىنجاڭغا كەلتۈرۈلۈپ تارقىتىلىشقا باشلايدۇ. بۇنىڭ خەلق ئارىسىدا ساقلانغان نۇسخىلىرىنى ھازىرمۇ ئۇچرىتىش مۇمكىن. «يېڭى ئەھد يەنى ئىنجىل شەرىف» نامى بىلەن ئاتالغان بۇ كىتابنىڭ تىلى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئۆتكۈنچى باسقۇچتا تۇرۇۋاتقان ـــ كلاسسىك چاغاتاي تۈركىي تىلىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئۆتۈۋاتقان دەۋردىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ قەشقەر شېۋىسىنى ئاساس قىلغان. تىل قۇرۇلمىسى جەھەتتىن چاغاتاي يېزىق تىلىنىڭ ئەنئەنىلىرىنى ساقلاش بىلەن بىرگە، يەنە ئۇيغۇر جانلىق ئېغىز تىلىغا زور دەرىجىدە يېقىنلاشقان. شۇڭا بۇ كىتاب ئۇيغۇر تىلى تارىخىدا ئىسلامىيەتتىن باشقا دىنىي دەستۇرلارنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىش ئىشلىرىدىكى زور بىر قەدەم ھېسابلىنىدۇ. بولۇپمۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ شەكىللىنىش باسقۇچىدىكى دىنىي ئاتالغۇلارنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

شۇنىڭدىن كېيىن قەشقەردىكى شۋېت مىسسىئونېرلىرى «ئىنجىل» نىڭ قالغان قىسىملىرىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىش ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. 1917 ـ يىلى «ئالەمنىڭ يارالمىش قىسسىسى»، 1921 ـ يىلى «يوب قىسسىسى»، 1923 ـ يىلى «مۇقەددەس ناخشىلار كىتابى» تەرجىمە قىلىنىدۇ ھەمدە قەشقەردىكى شۋېت باسمىخانىسىدا بېسىلىپ چىقىدۇ. 1935 ـ يىلى گۇستاف ئاھلبېرت بىلەن ئوسكار ھېرمانسون بىرلىكتە «يېڭى ئەھد يەنى ئىنجىل شېرىف» نىڭ تولۇق ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى قايتىدىن ئىشلەپ چىقىدۇ ھەمدە برىتانىيىنىڭ چەت ئەللەردىكى ئىنجىل جەمئىيىتىنىڭ مەبلىغى بىلەن 1939 ـ يىلى قاھىرەدە نەشر قىلىدۇ. 1942 ـ يىلىدىن باشلاپ ئۇلار «كونا ئەھد يەنى ئىنجىل شېرىف» نى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىشقا باشلايدۇ ھەمدە 1950 ـ يىلى قاھىرەدە نەشر قىلدۇرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، «ئىنجىل» نىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى تولۇق تەرجىمىسى ۋە مۇكەممەل نەشرى ئاخىرقى ھېسابتا تاماملىنىدۇ.[53]

ئۇنىڭدىن باشقا شۇ يىللاردا يەنە قەشقەردىكى شۋېت باسمىخانىسىدا زور تۈركۈمدىكى دىنىي مەزمۇندىكى ماتېرىياللار نەشر قىلىنغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە چېركاۋ ناخشىلىرىنىڭ تېكىستلىرى، تەشۋىقات كىتابچىلىرى ۋە ۋەز ـ نەسىھەتلەر

[52] Gunnar Jarring, *Prints from Kashghar*, p. 12

[53] Ibid, p. 13



AltunOq

ۋاراقچىلىرى ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى شۋېت، ئىنگلىز ۋە ئەرەب تىللىرىدىن ئۇيغۇر تىلىغا بىۋاسىتە تەرجىمە قىلىنغان.

گۇننار ياررىڭ ئۆز كاتالوگىدا يەنە شۋېت مىسسىئونېرلىرىنىڭ خېلى بىر قىسىم تۈرلۈك مەزمۇنلاردىكى ئەسەرلەرنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغانلىقى ۋە بېسىشقا تەييار قىلغانلىقى، لېكىن ئۇلارنىڭ 1938 ـ يىلى كۈزدە شىنجاڭ چېگراسىدىن قوغلاپ چىقىرىلغانلىقى سەۋەبلىك بېسىشقا ئۈلگۈرەلمىگەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ. مەسىلەن، ئوسكار ھېرمانسون ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان ئەسەرلەردىن «قەدىمكى يادىكارلىقلار تارىخى»، «ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئۈچۈن شۋېتسىيە تارىخى» قاتارلىق تارىخقا دائىر كىتابلار؛ «كەلىلە ۋە دىمنە» دىن تاللانما ھېكايىلەر»، سېلما لاگېرلوفنىڭ «يەتتە ئېغىر گۇناھ» ناملىق رومانى ھەمدە كارل پېترشون تەرپىدىن تۈزۈلۈپ ئوسكار ھېرمانسون تەرپىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان «ئەمەلىي گېئومېترىيە» قاتارلىق دەرسلىكلەر؛ گۇستاف ئورېل شۋېت تىلىدىن تەرجىمە قىلغان سۋېن ھېدىننىڭ «ئىبرايلار تارىخى» ناملىق كىتابى ھەمدە ئوسكار ھېرمانسون قايتا تۈزگەن ۋە تولۇقلىغان «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى» ناملىق ئەسەرلەر شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.[54]



1932 ـ يىلى نەشر قىلىنغان شۋېت باسمىسىدىكى كىتابلارنىڭ كاتالوگى

بۇ يەردە يەنە تەكىتلەشكە تېگىشلىك بىر نۇقتا شۇكى، جەنۇبىي شىنجاڭدا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ پائالىيەت ئېلىپ بارغان 60 نەپەر ئەر ـ ئايال شۋېتلار ئىچىدىن كېيىنچە ئۇيغۇر تىلى، ئەدەبىياتى، فولكلورى، تارىخى ھەمدە باشقا ساھەلەر بويىچە تەتقىقات ئېلىپ بارغان بىرمۇنچە كىشىلەر يېتىشىپ چىقتى. ئۇلارنىڭ ئۆز دەۋرىدە شىنجاڭدىن ئېلىپ كەتكەن زور كۆلەمدىكى ماتېرىياللىرى — قول ھۈنەر بۇيۇملىرى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، قوليازما

[54] Ibid, pp. 27 – 28

ئەسەرلەر، ھۆنەر ـ كەسىپ رىسالىلىرى، نەسەبنامىلەر، يەر ھۆججەتلىرى، تىبابەت كىتابلىرى، مەھكىمە شەرئىنىڭ پەتىۋالىرى ۋە ۋەھاكازالار ـــ كېيىنكى مەزگىللەردە شۋېتسىيىدىكى بىرقانچە ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ كۇتۇپخانىلىرى،



قەشقەردىكى شۋېت دوختۇرخانىسى

مۇزېيلار ۋە ئارخىپخانىلارنى شىنجاڭنىڭ مول ۋەسىقىلىرى بىلەن تەمىنلىدى. ئۇلارنىڭ ئۇز دەۋرىدە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ھاياتىدىن تارتقان زور مىقداردىكى فوتو سۈرەتلىرى، ستوكھولمغا يوللىغان مىڭلىغان دوكلاتلىرى ھەمدە شىنجاڭدا ياشاش جەريانىدا يازغان جىلد ـ جىلد كۈندىلىك خاتىرىلىرى شۋېتسىيە ئارخىپخانىلىرىنى ياۋروپا ئۇيغۇرشۇناسلىرى تەلپۈنىدىغان ماتېرىيال ئامبىرىغا ئايلاندۇردى.

بۇلارنىڭ ئىچىدە شۋېتسىيىنىڭ بىرىنچى ئەۋلاد ئۇيغۇرشۇناسلىرى سۈپىتىدە گۇستاف رەكېت (1871 — 1945) نى ئالاھىدە كۆرسىتىش مۇمكىن. ئۇ ئەسلىدە شۋېت مىسسىئونېرلىرىنىڭ تەركىبىدە 1896 ـ يىلى قەشقەرگە كەلگەن ھەمدە شۋېتسىيە مىسسىئونېرلىرىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا تەسىس قىلغان دوختۇرخانىلىرىدا تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى بولۇپ ئىشلىگەن. بۇ جەرياندا ئۇزىنىڭ مېدىتسىنا ئىلمى بويىچە يېزىلغان دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسىنى يەركەندە تاماملاپ، 1903 ـ يىلى ئەنگلىيىنىڭ لىۋېرپول شەھىرىدىكى ۋىكتورىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىسسىق بەلۋاغ كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ئىلمى بويىچە دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ئۇ قەشقەر ۋە يەركەندە شۋېت مىسسىئونېرلىرى ئاچقان دوختۇرخانىلاردا باش دوختۇر بولۇپ تاكى 1921 ـ يىلغىچە جەمئىي 25 يىل ئىشلىگەن ۋە ياشىغان. بۇ جەرياندا ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتىغا چوڭقۇر ئىشتىياق باغلاپ، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلىنىڭ جەنۇبىي شېۋىلىرىنى، يەنى قەشقەر ۋە يەركەن شېۋىسىنى پۇختا ئۆگىنىۋالغان ھەمدە شۋېت مىسسىئونېرلىرى ئىچىدىكى ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى

بىلەن شۇغۇللانغان تۇنجى ئەۋلاد تىلشۇناس بولۇپ يېتىشكەن. 1907 ـ يىلى گۇستاف رەكېت يەركەندە تۇرۇپ، ستوكھولمدىكى شۋېتسىيە باش دىنىي جەمئىيىتىگە شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى بايان قىلىنغان بىر تەپسىلىي ئىلمىي دوكلاتنى يوللىغان. بۇ دوكلاتنىڭ نامى «شىنجاڭنىڭ شەھەر ـ بازارلىرى، دەريالىرى ھەمدە بۇ يەردە ياشىغۇچى ئاھالىلەر ۋە مەمۇرىي بىرلىكلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى»[55] بولۇپ، ئۇز دەۋرىدە شىمالىي ياۋروپالىقلارنىڭ شىنجاڭ ھەققىدە ئېرىشكەن ئەڭ دەسلەپكى تەپسىلىي مەلۇماتلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. گۇستاف رەكېتنىڭ ئۆز قەلىمى بىلەن يېزىلىپ تاش باسمىدا كۆپەيتىلگەن بۇ كىتابچە ھازىر ستوكھولمدىكى دىنىي جەمئىيەتنىڭ ئارخىپخانىسىدا ۋە ستوكھولم ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا.[56]



تۇمەن دەريا سۈيىنى كېچىپ تۇرغان قەشقەر قىزلىرى

1907 ـ يىلى يەنە گۇستاف رەكېتنىڭ بىۋاسىتە يېتەكچىلىكى بىلەن يەركەندە ئۇيغۇر تىلىدىكى تۇنجى كالېندار ـــ «تەقۋىمى تۇركىستان، يەنى ئاي، كۈن، يىلنىڭ ھېسابى»[57] تۈزۈلۈپ، تاش باسمىدا كۆپەيتىلىپ تارقىتىلىشقا باشلىغان. 1912 ـ يىلى قەشقەردە شۋېت باسمىخانىسى رەسمىي ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن، ھەر يىللىق كالېندار ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە ـ ئىنگلىزچە ـ رۇسچە يېزىقلاردا يىل، ئاي، كۈنلەرنىڭ سېلىشتۇرۇلمىسى بويىچە زامانىۋى مەتبەدە بېسىلىپ تارقىتىلغان. دېمەك، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇر تىلىدىكى كالېندارنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە بېسىلىپ تارقىتىلىشىدا گۇستاف رەكېتنىڭ كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى ناھايىتى زور بولغان.

1912 ـ، 1913 ـ يىللىرى گۇستاف رەكېت تۈزگەن «شەرقىي تۈركىي تىلى

[55] Gustaf Raquette, *Ost – Turkestan, dess stader och floder samt nagra samlade uppgifter om landets folkmangd och administration till missionarernas tjanst,* Jarkend, 1907

[56] ئاپتور 2003 ـ يىل 11 ـ ئايدىن 2004 ـ يىل 10 ـ ئايغىچە شۋېتسىيىدە ئوقۇش ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا شۋېتسىيە ئارخىپخانىلىرىدا ساقلىنىۋاتقان بۇ قوليازمىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشتى.

[57] Gunnar Jarring, *Prints from Kashghar*, pp. 34 – 35

گراماتىكىسى»[58] ناملىق ئۈچ جىلدلىق ئۇيغۇرچە ـ ئىنگلىزچە سېلىشتۇرما گراماتىكا ئەسىرى بېرلىندا نەشر قىلىنغان. بۇ ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىسى ھەققىدە مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياۋروپادا بېسىلغان ئەڭ مۇھىم ئىلمىي ئەسەرلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەسەرنىڭ يورۇقلۇققا چىقىشى گۇستاف رەكېتنى تۈركولوگىيە تەتقىقاتى ساھەسىدە ياۋروپادىكى مۇھىم تىلشۇناسلارنىڭ بىرىگە ئايلاندۇردى. 1914 ـ يىلى گۇستاف رەكېت بىۋاسىتە باشچىلىق قىلىپ، قەشقەردىكى شۋېت باسمىخانىسىدا ئۇيغۇر تىلىدا زامانىۋى گېزىت چىقىرىشقا تۇتۇش قىلدى. شۇ يىلى 8 ـ ئايدا قەشقەردە شۋېت باسمىخانىسى «يارۇغلۇق: ئالتە شەھەرنىڭ رۇزنامىسى»[59] ناملىق ئۇيغۇرچە زامانىۋى گېزىتنىڭ سىناق سانىنى نەشر قىلدى. لېكىن بۇ گېزىتنىڭ سىناق سانى چىقىپلا تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن نەشر قىلىنىشتىن توختاپ قالغان.

شۇندىن كېيىن، گۇستاف رەكېت قەشقەردىكى شۋېت باسمىخانىسى نەشر قىلغان ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ باش لايىھىلىگۈچىسى ۋە تەھرىرى سۈپىتىدە مەدەنىيەت ۋە نەشرىياتچىلىق ساھەسىدە ئاكتىپ رول ئوينىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن قەشقەر ۋە يەركەنلەردىكى شۋېت دوختۇرخانىسىدا كېسەل داۋالاش ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر تىلى، ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىغا دائىر يازما ۋەسىقىلەرنى يىغىش، توپلاش ھەمدە تەتقىق قىلىش ئىشلىرى بىلەن پائال شۇغۇللاندى. ئۇنىڭ بۇ ساھەدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى شۋېتسىيە ۋە ياۋروپادىكى ئىلمىي ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىپ تۇردى. 1921 ـ يىلى گۇستاف رەكېت ئۆزىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 25 يىللىق ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ شۋېتسىيىگە قايتىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ ياۋروپا ئىلىم ساھەسىگە نىسبەتەن يىراق مەركىزىي ئاسىيادىكى — تارىختا زور شۆھرەت قازانغان، لېكىن يېقىنقى زامانغا كەلگەندە تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تارىخ سەھنىسىدىن يىراقلاپ كەتكەن — ئۇيغۇر مىللىتى ۋە ئۇلارنىڭ تىل مەدەنىيىتى ساھەسىدىكى نوپۇزلۇق شەخسلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالغانىدى.

گۇستاف رەكېت شۋېتسىيىگە قايتقاندىن كېيىن، 1924 ـ يىلى لۇند ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ، تۈركىي تىللىرى بويىچە ياردەمچى پروفېسسورلىققا تەيىنلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ، لۇند ئۇنىۋېرسىتېتىدا 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن تارتىپ توختاپ قالغان تۈركولوگىيە ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى گۇستاف رەكېتنىڭ كۈچىشى بىلەن قايتىدىن جانلىنىشقا باشلايدۇ. ئۇ شۇندىن باشلاپ، لۇند ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوسمانلى تۈركچىسى بىلەن شەرقىي تۈركىي تىلى (گۇستاف رەكېت ۋە گۇننار ياررىڭ قاتارلىق شۋېت ئۇيغۇرشۇناسلىرى ئۇيغۇر تىلىنى ئىزچىل ھالدا «شەرقىي تۈركى تىلى» دەپ ئاتاپ كەلگەن ھەمدە ئىلىم ساھەسىمۇ مۇشۇ

[58] Gustaf Raquette, *Eastern Turki Grammar: Practical and Theoretical with Vocabulary*, Part 1, Part 2, Part 3, Berlin, 1913

[59] Gunnar Jarring, *Prints from Kashghar*, pp. 14 – 15

ئاتالغۇنى قوللىنىشنى تەشەببۇس قىلىپ كەلگەن) ئوقۇتۇشى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. 1926 ـ يىلى گۇننار ياررىڭ لۇند ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەندىن كېيىن گۇستاف رەكېتنىڭ تەۋسىيەسى بىلەن شەرقىي تۈركى تىلى (ئۇيغۇر تىلى) كەسپىنى تاللايدۇ ھەمدە گۇستاف رەكېتنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئوقۇيدۇ. كېيىنكى مەزگىللەرگە كەلگەندە ياررىڭ ئەپەندى رەكېتتىن كېيىنكى شۋېتسىيىنىڭ ئەڭ داڭلىق ئۇيغۇرشۇناسى بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ.

1927 ـ يىلى گۇستاف رەكېت تۈنجى «ئىنگلىزچە ـ ئۇيغۇرچە لۇغەت»[60] تۈزۈپ چىقتى ۋە نەشر قىلدۇردى. شۇندىن باشلاپ ئۇ تاكى 1945 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكىچە بولغان جەرياندا ئۇيغۇر تىلى، ئەدەبىياتى ۋە فولكلور مەدەنىيىتىگە دائىر كۆپلىگەن ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى ھەمدە شۋېتسىيىدىكى ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ تەرەققىياتىغا تېگىشلىك تۆھپىلەرنى قوشتى. ئۇنىڭ بىر قىسىم ماقالىلىرى ۋە شىنجاڭدىن توپلىغان ئېتنوگرافىيىلىك ماتېرىياللىرى ئۇنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن گۇننار ياررىڭ تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلانغان. گۇننار ياررىڭ ئۆزىنىڭ «قەشقەرگە قايتا سەپەر» ناملىق كىتابىدا ئۇستازى گۇستاف رەكېت ھەققىدە ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «گۇستاف رەكېت ئېزىز ئۆمرىنىڭ ئەڭ مۇھىم پەيتلىرىنى يەركەن ۋە قەشقەردە ئۆتكۈزدى. ئۇ بۇ يەردە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئۇيغۇر تىلىنىڭ مۇتەخەسسىسى بولۇپ يېتىشتى شۇنداقلا خەلقئارادا ئېتىراپ قىلىنغان تۈركولوگىيە ساھەسىدىكى نوپۇزلۇق ئەرباب بولۇپ قالدى.»[61]

گۇستاف رەكېت بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە جەنۇبىي شىنجاڭدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان شۋېت مىسسىئونېرلىرى ئىچىدە بىرمۇنچىلىغان ئۇيغۇرشۇناسلار يېتىشىپ چىقتى. بۇلاردىن ئالدى بىلەن ماگنۇس بەكلۇند (Magnus Baklund) نى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا بولىدۇ. ئۇ گۇستاف رەكېت بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، كېزىك كېسىلى سەۋەبىدىن بالدۇرلا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇندىن باشقا گۇستاف ئاھلبېرت (Gustaf Ahlbert, 1884 — 1943) بىلەن يەنە سىگفرىد مۇن (Sigfrid Moen, 1897 — 1989) قاتارلىق ئىككى مىسسىئونېرنىڭ ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى ھەققىدىكى تەتقىقاتلىرى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.گۇستاف ئاھلبېرت قەشقەردە تۇرغان مەزگىللەردە شۋېت باسمىخانىسى نەشر قىلغان ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ تەرجىمىسى ۋە تەھرىرلىك ئىشلىرىغا يېقىندىن ھەمكارلاشتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى ھەققىدىكى بىلىمىنىڭ چوڭقۇرلىقىغا تايىنىپ، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە فولكلور مەدەنىيىتىگە دائىر كۆپلىگەن ماتېرىياللارنى توپلىدى. ئۇ ماتېماتىكا، جۇغراپىيە ۋە تەبىئەت

---

[60] Gustaf Raquette, *English – Turki Dictionary: Based on the dialects of Kashgar and Yarkand*, Lund □ Leipzig, 1927

[61] 贡纳尔・雅林：《重返喀什噶尔》，新疆人民出版社，乌鲁木齐，1999，第 36 页



AltunOq

پەنلىرىگە دائىر ئۇيغۇرچە دەرسلىك كىتابلارنى تەرجىمە قىلىش ۋە نەشر قىلىش جەھەتتە ئالاھىدە تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. 1929 ـ يىلى گۇستاف ئاھلبېرت تۈزگەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ تۇنجى ئىملا قائىدىسى «ئالتە شەھەرنىڭ زەبانى، يەنى كاشغەر ۋە يەركەندىدە پۈتۈلەدۇرغانغە مۇۋاپىق كىتابى ئىلىم ئىملا»[62] نەشر قىلىندى. شۇندىن باشلاپ قەشقەردىكى شۋېت باسمىخانىسى گۇستاف ئاھلبېرت تۈزگەن ئىملا قائىدىسى بويىچە كىتاب نەشر قىلغان ھەمدە باشتىن ـ ئاخىر ئىملا قائىدىسىنى ئىزچىللاشتۇرغان. دېمەك، بۇ كىتابنى ئۇيغۇر تىلىنىڭ 20 ـ ئەسىردىكى تۇنجى ئىملا قائىدىسى كىتابى دېيىشكە بولىدۇ.



قەشقەر يېڭىشەھەر دەرۋازىسىدىن چىقىۋاتقان ئۇيغۇر قىزى

سىگفرىد مۇن 1925 ـ يىلىدىن 1938 ـ يىلىغىچە قەشقەر ۋە يەركەنلەردە تۇرۇش جەريانىدا ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيىتى ھەققىدە مول ماتېرىياللارغا ئېرىشكەن. ئۇ يەنە قەشقەردىكى شۋېت باسمىخانىسىنىڭ كونكرېت ئىشلىرىغا ئىشتىراك قىلغان. كۆپلىگەن ئۇيغۇرچە دەرسلىك كىتابلار ۋە ئوقۇشلۇقلارنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىشىغا ئاكتىپ رول ئوينىغان. بولۇپمۇ ئۇنىڭ فوتوگرافىيە جەھەتتىكى تۆھپىسى ئالاھىدە زور بولۇپ، 20 ـ ئەسىرنىڭ 20 — 30 ـ يىللىرى جەنۇبىي شىنجاڭدىن تارتقان زور مىقداردىكى فوتو سۈرەتلىرى كېيىنچە شۋېتسىيە دۆلەتلىك ئارخىپخانىسىدا شىنجاڭغا دائىر رەسىملەر بۆلۈمىنىڭ قۇرۇلۇشىدا

[62] Ahlbert, Gustaf, ed., Abdul Qadir Akhond assis., *Altä Šähärning Zäbani Kašğär wä Yarkänddä Pütülädurğanğä Muwafiq Kitabi Ilm Imla* (The guide of orthography for Eastern Turki language of the Six Cities), Swedish Mission Press in Kashgar, 1929

مۇھىم رول ئوينىغان.

ئوسكار ھېرمانسون (Oscar Hermansson, 1889 — 1951) جەنۇبىي شىنجاڭدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان شۋېت مىسسىئونېرلىرى ئىچىدىكى يەنە بىر مۇھىم تىلشۇناسلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى ساھەسىدە ئېلىپ بارغان مۇھىم ئەمگەكلىرىنىڭ بىرى «ئىنجىل» نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدۇر. 1939 ـ يىلى قاھىرەدە نەشر قىلىنغان «ئىنجىل»[63] نىڭ ئۇيغۇرچە تولۇق تەرجىمىسى ئاساسەن ئوسكار ھېرمانسوننىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ئەمگىكى ئاساسىدا ۋۇجۇدقا چىققان. 1935ـ يىلى ئوسكار ھېرمانسون ئۆزى باش بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ گراماتىكا كىتابىنى تۈزدى ۋە قەشقەردىكى شۋېت باسمىخانىسىدا نەشر قىلدۇردى.[64] بۇ گۇستاف رەكېتنىڭ 1912 — 1914 ـ يىللىرى بېرلىندا نەشر قىلدۇرغان ئۇيغۇر تىلىنىڭ


روسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق باش كونسولى ـ پېتروۋىسكى

تۇنجى گراماتىكا كىتابىدىن كېيىن شۋېتلار تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ نەشر قىلىنغان مۇشۇ ساھەدىكى ئىككىنچى ئىلمىي ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. 1936 ـ يىلىغا بارغاندا ئوسكار ھېرمانسون يەنە ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن شىنجاڭ رايونىنىڭ تارىخى ھەققىدە تۇنجى ئامىباب ئۇيغۇرچە كىتاب «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخى»[65] نى نەشر قىلدۇردى. بۇ كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشى ئۆز دەۋرىدە ئۇيغۇر تارىخى ھەققىدىكى بىر بوشلۇقنى تولدۇردى.

1938 ـ يىلى شۋېت مىسسىئونېرلىرى جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئايرىلغاندىن

63 *Kitabi Muqäddäs – Injil*, Briti?Forin Baybul Sosaytining Xiraji Bil□ Qahir□ Misirda Basildi, 1939

64 Hermansson, Oscar, ed., *Altä Šähär Türki Ilmi Näwhi wä Särf* (The Turki Language of the Six Cities: Sintax and Declension. Grammatica), Swedish Mission Press, Kashgar, 1935

65 Hermansson, Oscar, ed., *Otra Asiyaning Tarixi* (History of Central Asia), Swedish Mission Press, Kashgar, 1936

كېيىن، ئۇلارنىڭ قەشقەردە بىر مەھەل تازا راۋاجلانغان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەشرىياتچىلىق ئىشلىرى پەسكويغا چۈشۈپ قالدى. ئۆز دەۋرىدىكى شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى قەشقەردىكى شۋېت باسمىخانىسىنى ئۆتكۈزۈۋالدى. شۇنىڭ بىلەن شۋېت مىسسىئونېرلىرى شۋېتسىيىگە قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

1920 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە شۋېتسىيىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى ئۇنىۋېرسىتېت شەھىرى — لۇندتا ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ يېڭى مەركىزى دۇنياغا كەلدى. گۇستاف رەكېت ۋە ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىسى گۇننار ياررىڭ قاتارلىق تۇنجى ئەۋلاد ئۇيغۇرشۇناسلارنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا لۇند ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا «گۇننار ياررىڭ نامىدىكى شەرق قولىيازمىلىرى بۆلۈمى» تەسىس قىلىندى. 1929 ـ يىل 9 ـ ئايدىن 1930 ـ يىل 3 ـ ئايغىچە گۇننار ياررىڭ قەشقەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردا ئۇيغۇر تىلى بويىچە تەكشۈرۈشتە بولغان مەزگىللەردە خېلى زور مىقداردىكى ئۇيغۇر چاغاتاي يېزىقىدىكى قولىيازمىلارنى قولغا چۈشۈردۇ. ياررىڭ ۋەتىنىگە قايتىشىدا ئۆزى بىلەن بىللە بىرقانچە ساندۇققا قاچىلانغان جەمئىي 115 پارچە چاغاتاي يېزىقىدىكى ئۇيغۇرچە قولىيازما ئەسەرنى ئېلىپ كېتىدۇ. 1931 ـ يىلى لۇند ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسى ياررىڭ شىنجاڭدىن ئېلىپ كەلگەن قولىيازمىلار ئىچىدىن جەمئىي 72 پارچىنى سېتىۋالىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە 59 پارچىسى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا، 8 پارچىسى پارس تىلىدا، 5 پارچىسى ئەرەب تىلىدا يېزىلغان قولىيازمىلار ئىدى. شۇندىن باشلاپ لۇند ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسى ياررىڭ يىغىپ كەلگەن قولىيازمىلار ئاساسىدا مەخسۇس «ئۇيغۇر ۋە باشقا شەرق خەلقلىرى قولىيازمىلىرى مەركىزى» نى قۇرۇشقا كىرىشىدۇ. كېيىنچە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى دىن تارقىتىش پائالىيەتلىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ شۋېتسىيىگە قايتقان كۆپلىگەن مىسسىئونېرلار، جۈملىدىن گۇستاف ئاھلبېرت، جون ئاندېرسون، ئوسكار ھېرمانسون، سىگفرىد مۇن، جورجى روبېرنتىز، لارش ئېرىك خۆگبېرگ، ھاننا ئاندېرسون قاتارلىق ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىغا پۇختا كىشىلەر زور مىقداردىكى چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قولىيازمىلارنى تەقدىم قىلغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە گۇستاف ئاھلبېرت تەمىنلىگەن قولىيازما ئەسەرلەرلا 100 پارچىدىن ئاشىدۇ.

لۇند ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسى تەسىس قىلغان «گۇننار ياررىڭ نامىدىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا شەرق خەلقلىرى قولىيازمىلىرى مەركىزى» ئۇيغۇر ۋە باشقا تىللاردىكى قولىيازما ئەسەرلەرنى يىغىپ توپلاشتىن سىرت، يەنە ئۆز دەۋرىدە شۋېت مىسسىئونېرلىرى قەشقەردىكى باسمىخانىسىدا باسقان زور تۈركۈمدىكى ئۇيغۇرچە باسما بۇيۇملارنى ۋە شۇ يىللاردا جەنۇبىي شىنجاڭدا نەشر قىلىنغان گېزىت ـ ژۇرناللارنىمۇ توپلىدى. شۇنداق قىلىپ، بۇ كۇتۇپخانا شىمالىي ياۋروپادىكى ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر ئەڭ كۆپ ساقلانغان ئورۇن بولۇپ قالدى.

ئاخىرىدا شۋېتسىيىدىكى ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ مۇھىم نەتىجىلىرىدىن بىرى بولغان شىنجاڭغا دائىر فوتو سۈرەتلەر ھەققىدە توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ھازىر شۋېتسىيە دۆلەتلىك ئارخىپ سارىيىدا ھەمدە شۋېتسىيە دىنىي



Roza Ahmad
Talib
Hashir
Hamid
Barat
'Abd al 'Aziz
'Abd al Rahim
Ismail
Latif

Roza Ahmad
'Abd al Rahim
Talib
Hashir
Latif
Alphabet

Writing /20
Roza Ahmad
Abd al Rahim
Abd al Aziz
Hashir
Talib
Barat
Tokhti
Tiwir
Hamid
Ya'qub
Latif
Ismail
Sadiq
Roza

Essay /20
Roza Ahmad
'Abd al Rahim
Hashir
'Abd al 'Aziz

Arabic /40
Roza Ahmad 31
Hashir 28
'Abd al 'Aziz 25
'Abd al Rahim 26

قەشقەردىكى شۋېت مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەتىجە كۆرسەتكۈچى

جەمئىيىتىنىڭ ستوكھولمدىكى باش ئارخىپخانىسىدا 1892 — 1938 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا جەنۇبىي شىنجاڭدىن تارتىلغان زور مىقداردىكى فوتو سۈرەتلەر ساقلانماقتا. بۇ سۈرەتلەرنى ئۆز دەۋرىدە شۋېتسىيىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى دىن تارقىتىش ئۆمىكىدە ئىشلىگەن مىسسىئونېرلىرىدىن جون تۆرنكۈېست، سىگفرىد مۆن، ھانىنا ئاندېرسون قاتارلىقلار تارتقان بولۇپ، ئۆز دەۋرىدىكى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ

مەنزىرىسى، كۈندىلىك تۇرمۇشى، فولكلور مەدەنىيىتى، مەشھۇر شەخسلەر، سىياسىي ئەربابلار، مائارىپ، ساقلىقنى ساقلاش، دېھقانچىلىق، سودا ـ سېتىق، قىرغىزلار ھاياتى، بىناكارلىق، كارۋان يوللىرى، ئائىلە مەدەنىيىتى قاتارلىق نۇرغۇن مەزمۇنلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.بولۇپمۇ قەشقەر يېڭىشەھەردە ئۇزاق مەزگىل تۇرغان جون تۆرنكۇۋىست بىر كەسپىي فوتوگراف بولۇش سۈپىتى بىلەن زور مىقداردىكى فوتو سۈرەتلەرنى تارتقان. ئۇ مۇشۇ سۈرەتلەر ئاساسىدا 1926 ـ يىلى ستوكھولمدا «قەشقەر»[66] ناملىق رەسىملىك ئېتنوگرافىك كىتابىنى نەشر قىلغان.

1988 ـ يىلى ساموئېل فرانكىي ئىسىملىك ئارخىتېكتور ۋە كەسپىي فوتوگراف ئۆز دەۋرىدە شىنجاڭدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان شۋېت مىسسىئونېرلىرىنىڭ قولىدىن شىنجاڭغا مۇناسىۋەتلىك زور مىقداردىكى فوتو سۈرەتلەرنى يىغىپ توپلاپ، ئۇلارنى شۋېتسىيە دۆلەتلىك ئارخىپ سارىيىغا تەقدىم قىلىدۇ.شۇنداق قىلىپ، مەزكۇر سارايدا «فرانكىي يىغمىلىرى» نامىدا جەنۇبىي شىنجاڭغا دائىر مەخسۇس بىر فوتو سۈرەتلەر مەركىزى دۇنياغا كېلىدۇ. ھازىر بۇ مەركەزدە جەمئىي 3116 پارچە كارتون قەغەزگە چاپلانغان 8631 پارچە فوتو سۈرەت ساقلانماقتا. ئۇنىڭدىن سىرت يەنە مەزكۇر ئارخىپ سارىيىدا سىگفرېد مۇن نامىدا شىنجاڭغا دائىر فوتو سۈرەتلەر بۆلۈمى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا 17 ئالبومدا جەمئىي 5500 پارچە فوتو سۈرەت ساقلانغان. بۇ سۈرەتلەرنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا جەمئىي 14131 پارچىگە يېتىدۇ. ئۇنىڭغا ستوكھولمدىكى شۋېتسىيە باش دىنىي جەمئىيىتىنىڭ ئارخىپىدا ساقلىنىۋاتقان 5000 پارچىدىن ئارتۇق شىنجاڭغا دائىر فوتو سۈرەتلەرنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا جەمئىي 20 مىڭ پارچىدىن ئاشىدۇ. مەن 2003 — 2004 ـ يىللىرى شۋېتسىيىدىكى بىر يىللىق تەتقىقات ھاياتىم داۋامىدا بۇ سۈرەتلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى كۆرۈپ چىقتىم ھەمدە ئىمكانىيەت يار بەرگەن دائىرە ئىچىدە ئۇلاردىن نۇسخا ئالدىم.

[66] John Tornquist, *Kaschgar: Nagra bilder fran Innersta Asiens land, folk och mission*, Stockholm, 1926



AltunOq

# ئون ئۈچىنچى باب

## لۈبېكتىن بېرلىنغىچە: گېرمانىيىدە كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىم

يېڭى يىل كىرگەندىن بۇيان قاتتىق ئىشلىگەچكىمۇ ئۆزۈمنىڭ تولىمۇ چارچاپ كەتكەنلىكىمنى ھېس قىلدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە مارتنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئورنىدا بىرگىت خانىمنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىغا ئۆزبېك تىلىدىن سۆزلىشىش دەرسىنى باشلىماقچى بولغانىدىم. شۇنداق بولغاندا ئىيۇن ئايلىرىنىڭ ئاخىرىغىچە ستوكھولمدىن ئايرىلالمايتتىم.

شۇ كۈنلەردە بېرلىن پەن ـ تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا پوستدوكتورلۇق تەتقىقات تېمىسى ئىشلەۋاتقان ئۇمىد خالىقتىن خەت تاپشۇرۇۋالدىم. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاپرېلغىچە بېرلىندا بولىدىغانلىقىنى، ئەگەردە مۇشۇ ئارىلىقتا ۋاقىت چىقىرالىسام گېرمانىيىگە بېرىپ كۆرۈپ كېتىشىمنى ئېيتىپتۇ. مەن بىرەر ھەپتە دەم ئېلىشنى خىيال قىلىپ تۇرغاچقا، قولۇمدىكى ئىشلىرىمنى دەرھال ئورۇنلاشتۇرۇپ گېرمانىيىگە بېرىشنى قارار قىلدىم.

شۇ ئارىلىقتا ئۇمىد بىلەن بىرقانچە قېتىملا تېلېفونلىشىپ، بېرلىنغا بېرىش ۋاقتىمنى مەسلىھەتلەشتۇق. مەن ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوبۇس بىلەن ستوكھولمدىن بېرلىنغىچە بولغان جايلارنى كۆرگەچ مېڭىشنى ئويلىدىم. ياۋروپادا ئاپتوبۇس بىلەن ساياھەت قىلىش كۆڭۈلدىكىدەك تاللاش ھېسابلىناتتى. ئەمما ستوكھولمدىكى خەلقئارا قاتناش مەركىزىدىن سوراشتۇرۇپ كۆرگەندىن كېيىن بۇ ئويۇمدىن ۋاز كەچتىم. بىرىنچىدىن، ئاپتوبۇس بىلەن ماڭغاندا بېرلىنغا يېتىپ بارغىچە بىر كېچە ئىككى كۈندۈز ۋاقتىم كېتىدىكەن، قىش پەسلىدە ئاپتوبۇس بىلەن مېڭىش ياز پەسلىدىكىدەك كۆڭۈللۈك بولمايدىكەن. ئىككىنچىدىن، ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوبۇسنىڭ كىرا ھەققى ئايروپىلانغا قارىغاندا بىر ھەسسىدىن كۆپرەك قىممەت بولۇپ، بېرلىنغا بېرىپ كېلىش ئۈچۈن بېلەت باھاسى 2500 كرون، تاماق ھەققى بىلەن قوشۇلۇپ 3000 كروندىن ئېشىپ كېتىدىكەن. بۇنى خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 3500 يۈەنگە يېقىنلىشىدۇ. ياۋروپادىكى قاتناش ئەھۋالىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا بۇ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن قاتلامدىكىلەر ئۈچۈن قىممەت باھا ھېسابلىناتتى. جۇڭگوغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۈچ دۆلەتنى كېسىپ ئۆتىدىغان بۇ سەپەر ئۈچۈن 3500 يۈەن قاتناش ھەققى ئەرزان باھا ھېسابلىناتتى. ھەتتا ئۈرۈمچىدىن بېيجىڭغا بېرىپ كېلىش ئۈچۈن ئايروپىلاننىڭ ئېتىبار باھادىكى بېلىتىنى ئادەتتە 3500 يۈەن ئەتراپىدا ئالغىلى بولاتتى.

ياۋروپادا ئىنتېرنېتتىن كېلىدىغان ئۇچۇر ۋە ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ

ئەھۋالىدىن تولۇق خەۋەردار بولسىلا كۆپ پۇل سەرپ قىلمايلا ساياھەت قىلغىلى ھەمدە ئاممىۋى ئەسلىھەلەر ۋە پاراۋانلىق سىستېمىلىرىنىڭ قۇلايلىق شارائىتلىرىدىن تولۇق پايدىلانغىلى بولاتتى. شۇڭلاشقا مەن بۇرۇنقى تەجرىبەمگە ئاساسەن، يەنىلا رىيانئايىر (Ryanair) ئاۋئاتسىيە شىركىتىنىڭ ئەرزان باھالىق بىلىتىنى ئالماقچى بولدۇم. ئىنتېرنېتتىن بۇ شىركەتنىڭ كەلگۈسىدىكى 40 كۈن ئىچىدە گېرمانىيىگە قاتنايدىغان ئايروپىلانلىرىنىڭ بىلەت باھاسىنى تەكشۈرۈپ كۆردۈم. بۇ شىركەتنىڭ ستوكھولمدىن گېرمانىيىنىڭ ئۈچ چوڭ شەھىرىگە ــ ھامبۇرگ، بېرلىن ۋە فرانكفورتلارغا قاتنايدىغان ھاۋا يولى تەسىس قىلىنغان ئىكەن. مەن ئالدى بىلەن ھامبۇرگقا بېرىپ، ئۇ يەردىن بېرلىنغا پويىز ياكى ئاپتوبۇستا ئولتۇرۇپ بارماقچى بولدۇم. مۇشۇنداق قىلغاندا ھەم قاتناش ھەققىنى زور دەرىجىدە تېجىگىلى ھەم گېرمانىيىنى غەربىدىن شەرقىگە ماشىنا بىلەن كۆرۈپ ماڭغىلى بولاتتى. مەن ئىنتېرنېت ئارقىلىق ستوكھولمدىن ھامبۇرگغا بېرىپ كېلىدىغان ئايروپىلان بىلىتىنى ئاپتوماتىك بۇيرۇتتۇم. بۇنىڭ ئۈچۈن بانكا كارتىمدىن پەقەت 840 كرونلا پۇل تۆلىدىم. بىلەتنىڭ ئەسلى نۇسخىسىنى ئېلىش ھاجەتسىز بولۇپ، ئىنتېرنېتتىن بۇيرۇتۇلغان زاكاز بىلەت جەدۋىلىنى پرىنتېردا بېسىپ چىقىرىۋالسىلا بولاتتى.

شۇ كۈنى ئۆمىدتىن يەنە خەت تاپشۇرۇۋالدىم. ئۇ خېتىدە ئۆزىنىڭ ئىنتېرنېت ئارقىلىق ھامبۇرگدىن بېرلىنغا قايتىدىغان بىر كىچىك ماشىنا ئۇقۇشقانلىقىنى، مېنىڭ ھامبۇرگغا يېتىپ بېرىپلا پويىز ئىستانسىسىدا ئاندرېئاس (Andreas) ئىسىملىك بىر كىشى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭ ماشىنىسى بىلەن بېرلىنغا كېلىشىمنى ئېيتىپتۇ. دېمەك، يولۇم تېخىمۇ راۋانلاشقانىدى.

21 ـ فېۋرال ستوكھولمنىڭ جەنۇبىدىكى سكاۋستا ئايروپورتىدىن رىيانئايىر ھاۋا يوللىرىنىڭ ئايروپىلانىغا چىقتىم. شۇ كۈنى تەلىيىمگە ھاۋا ئوچۇق بولدى. ئايروپىلان شۋېتسىيىنىڭ جەنۇبىدىكى بۈك ـ باراقسان ئورمانلار، دەريا ـ كۆللەر ۋە شەھەر بازارلارنى كېسىپ ئۆتۈپ، بالتىق دېڭىزى ئارقىلىق ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىغا كىردى. پەستە بىر قەۋەت ئاقۇچ تۇمانلار ئاستىدا گېرمانىيىنىڭ غەربىي شىمالىي بۆلىكىدىكى بىپايان يېشىل تۈزلەڭلىك سوزۇلۇپ ياتاتتى. قىش پەسلى بولۇشىغا قارىماي زېمىن يۈزىدىكى يېشىللىقلار ئۆز رەڭگىنى يوقاتمىغانىدى. ئايروپىلان تۇمانلار ئارىسىدىن شۇڭغۇپ ئۆتۈپ، بالتىق دېڭىزىدىن ئانچە يىراق بولمىغان كىچىك شەھەر لۇبېك (Lübeck) ئايروپورتىغا قونۇشقا تەمشەلگىنىدە، ئۆزۈمنىڭ دۇنيا پەلسەپىسىنىڭ يۈكسەك پەللىسىنى ياراتقان، 20 ـ ئەسىردە ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىنى قوزغىغان شۇنداقلا ياۋروپا ئەللىرىنىڭ پاراۋوزى ھېسابلانغان بىر ئەلنىڭ سۇرلۇك قوينىغا كىرىپ كەلگەنلىكىمنى ھېس قىلدىم.

ئايروپورت ئورمانلار ئارىسىدىكى بىر تەكشىلىككە جايلاشقان بولۇپ، لۇبېك

شەھىرىگە 10 كىلومېتىر كېلىدىكەن. سائەت شۇ يەر ۋاقتى 3:20 ئۆتكەنىدى. مەن ئاندرېئاس ئەپەندى بىلەن ھامبۇرگ پويىز ئىستانسىسىدا سائەت 6 دە كۆرۈشىدىغانغا كېلىشىپ قويغاچقا، ئالدىراپ ــ تېنەپ ئايروپورتتىن چىقتىم ــ دە، كوچا ئاپتوبۇسىغا ئولتۇرۇپ لۇبېك شەھەر مەركىزىگە ماڭدىم.

لۇبېك تولىمۇ گۈزەل شەھەر ئىدى. كوچا ــ كويلاردىكى ئۆياق ــ بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇرغان خىلمۇ خىل ئىرقتىكى ئادەملەر، چىرايلىق قىلىپ سېلىنغان ئىككى ــ ئۈچ قەۋەتلىك بىنالار ھەمدە تېخى تامامەن يالىڭاچلىنىپ كەتمىگەن دەل ــ دەرەخلەر ئادەمگە ئۆتتۈرا ئەسىردە يېزىلغان ياۋروپا كىتابلىرىدىكى ئوتوپىك شەھەرلەرنى ئەسلىتەتتى. مېنى ھەممىدىن ھەيران قالدۇرغىنى كوچىلاردىكى كۆچمەنلەرنىڭ كۆپلۈكى ئىدى. مەن چىققان ئاپتوبۇسنىڭ ئۆزىدىلا ئونىنەچچە ئەر ــ ئايال تۈركنىڭ قۇلىقىمغا تونۇش بولغان تۈركچە سۆز بىلەن پاراڭلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم. كوچىلاردا بېشىغا ياغلىق سالغان تۈرك ئاياللار، ئايپاڭباش، بۇرۇتلۇق تۈرك ئەرلىرى قەدەممۇ قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇراتتى. گېرمانىيىدە بىرنەچچە مىليون تۈرك كۆچمەنلىرىنىڭ ياشايدىغانلىقىنى ئىلگىرى ئاڭلىغان بولسامۇ، لېكىن لۇبېكتەك بۇنداق كىچىك تېپتىكى شەھەرلەردىمۇ قەدەممۇ قەدەمدە بىر تۈرك كۆچمەنلىرىنىڭ ئۇچرىشى مېنى ھەيران قالدۇردى. مەن مۇشۇ ئەھۋاللارغا قاراپ، ياۋروپادا چوڭ دۆلەت ھېسابلىنىدىغان گېرمانىيىنىڭ شىمالدا يالتىق دېڭىزى ئارقىلىق ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىن ئايرىلىپ تۇرغان شۋېتسىيىگە زادىلا ئوخشىمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

لۇبېك پويىز ئىستانسىسىغا يېتىپ بېرىشىمغا، ھامبۇرگغا ماڭىدىغان تېز پويىزنىڭ بەش مىنۇتنىڭ ئالدىدا كېتىپ بولغانلىقىنى بىلدىم. كېيىنكى قېتىملىق پويىز يەنە بىر سائەتتىن كېيىن ماڭىدىكەن. ئاندرېئاس ئەپەندى بىلەن دېيىشكىنىمىز بويىچە سائەت 6 دە كۆرۈشىدىغان بولغاچقا كېچىكىپ قالىدىغانلىقىمنى ئويلاپ جىددىيلىشىپ قالدىم. بارغانسېرى قاراڭغۇ چۈشۈپ، ۋوگزالدا ئادەملەر شالاڭلىشىشقا باشلىدى. پويىز بېلىتىنى ئاپتوماتىك ماشىنىدىن ئالىدىغان بولغاچقا، بېلەت سېتىش ماشىنىسىدىكى گېرمانچە خەتلەرنى ئوقۇيالماي تىت ــ تىت بولدۇم. ياۋروپادا، بولۇپمۇ گېرمانىيىدەك بىر دۆلەتتە ئىنگلىز تىلىنى بىلىشنىڭلا يەتمەيدىغانلىقىنى، گېرمان تىلىنى بىلمىگەندە تۇرمۇشتا زور قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. شۇ ئارىدا ۋوگزالدا چارلاپ يۈرگەن بىر ساقچىغا ئىنگلىزچە بىلەن ئەھۋالىمنى ئېيتىپ ياردەم بېرىشىنى ئۆتۈندۈم. ساقچى بېلەت سېتىش ماشىنىسىدىكى بىرمۇنچە كونۇپكىلارنى بېسىپ ھامبۇرگغا بارىدىغان كېلەر قېتىملىق پويىزنىڭ بېلىتىنى ئېلىپ بەردى.

ۋوگزالدا بىر سائەت ئۆياقتىن بۇياققا مېڭىپ يۈرۈپ ۋاقىتنى تەستە

توشقۇزدۇم. ئادەمسىز ۋوگزالدا ئۆزۈم يالغۇز تۇرۇپ خېلىلا توڭلىغانىدىم. ئاخىرى يېنىك تىنۇش چىقىرىپ پويىز يېتىپ كەلدى. شۇ پەيتتە كۆز ئالدىمدا بىردىنلا ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى تېما قىلىنغان كىنولاردىكى گېرمانىيىنىڭ سۆرلۈك پويىز ئىستانسىلىرى، پۇشقىرىتىپ تۇتەك چىقىرىپ ۋوگزالغا كىرگەن پويىزلار ھەمدە يۇلقىنىپ تۇرغان ئاپشاركىلارنى يېتىلىۋالغان قارا شىلەپىلىك گېستاپو خادىملىرى...كۆرۈنگەندەك بولدى. بىر دەقىقە بەدىنىمگە يېنىك تىترەك ئولىشىپ ئۆتۈپ كەتتى. سوغۇقتىن توڭلاپ كەتكەچكىمۇ ياكى كەيپىياتىمدىكى جىددىيلىشىشتىنمۇ، ئەيتاۋۇر ئۆزۈممۇ سەزمىگەن ھالدا يالت قىلىپ ئۆچكەن بىر خىل خاتا تۇيغۇنىڭ ئىسىمنى دەقىقە ئارىلىقىدا ئۆز ئىلكىگە ئېلىپ ئۆتكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. بىر ھازادىن كېيىن ئۆزۈمنىڭ پويىزدا تۇرغانلىقىمنى، ئازادە ۋە يوپيورۇق ۋاگون ئىچىدە ئاندا ــ ساندا يولۇچىلارنىڭ ئۆز ئىشلىرى بىلەن بەند بولۇپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردۈم. مەن تارىختا ئەمەس، بەلكى ھازىرنىڭ ئۆزىدە تۇرۇۋاتاتتىم. كۆز ئالدىمدا تۇرغىنىمۇ كىنو ئېكرانىدىكى كۆرۈنۈشلەر ئەمەس، بەلكى رېئاللىقنىڭ ئۆزى ئىدى. تومۇرلىرىمىدا قانلىرىمنىڭ غۇيۇلداپ ئېقىۋاتقانلىقىنى، تىنىقلىرىمنىڭ داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى، بەدىنىمدىكى ھارارەتنىڭ سوۋۇمىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئالدىمدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان چاچلىرى ئاقارغان بىر كىشىنىڭ ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ سالام قىلغانلىقىنى كۆردۈم.

مەن نېمە بولدۇم!؟

شۇنچىلىك قىسقا ۋاقىتنىڭ ئىچىدە تۇيۇقسىزلا قانداقتۇ بىر غەيرىي تۇيغۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ قالغىنىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. مەن ئىلگىرى بۇنداق غەيرىي تۇيغۇنى ھېس قىلىپ باقمىغان، كېيىن شۇنچە ئويلاپمۇ بۇ تۇيغۇنىڭ قانداقلارچە مېنىڭدە پەيدا بولغانلىقىنى بىلەلمىدىم.

پويىزنىڭ رادىئوسىدىن گېرمانچە سۆزلەر ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ئۇدۇلۇمدا ئولتۇرغان ھېلىقى كىشى پويىزنىڭ 10 مىنۇتلار كېچىكىپ ھامبۇرگغا يېتىپ بارىدىغانلىقىنى ئېيتتى. يول بويى پويىزنىڭ دېرىزىسىدىن يېشىل چىملىقلار، كىچىك ــ كىچىك كەنتلەر، ئورمانلارنىڭ ئارىسىدىكى داچا شەكلىدە سېلىنغان چىرايلىق تۇرالغۇ ئۆيلەر غۇيۇلداپ ئۆتۈپ تۇراتتى. ھايات پويىز سىرتىدىكى كەڭرى ماكاندا يەنە ئۆزبېتىنىسى بويىچە داۋاملاشماقتا ئىدى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئىس ــ تۇتەكلىرى ۋە ناتسىستلار دەۋرىدىكى گېرمانىيىدىن ھېچقانداق ئەسەرمۇ قالمىغانىدى.

پويىز سائەت 6:10 لار بىلەن ھامبۇرگ شەھىرىدىكى باش ئىستانسىغا يېتىپ باردى. ئىستانسا ئاجايىپ چوڭ ۋە ھەيۋەتلىك بولۇپ، مىغىلداپ تۇرغان يولۇچىلار ئالدىراشلىق ئىچىدە ئۇياقتىن بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. ئۇمىد ماڭا ستوكھولمدىكى چېغىمدىلا تېلېفون قىلىپ، ھامبۇرگ پويىز ئىستانسىسىدا پەرىدە ئىسىملىك بىر

ئۇيغۇر قىزنىڭ مېنى كۆتۈۋېلىپ ئاندرېئاس ئەپەندىنىڭ ماشىنىسىغا سېلىپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. مەن پويىزدىن ئالدىراپ چۈشۈپ ئەتراپقا قارىدىم. ۋوگزال غايەت زور كۆلەمدىكى بىرقانچە قەۋەت زالدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئالدىراش يۈگۈرۈشۈپ يۈرگەن ئادەملەر گويا ئۈزۈلسى بۇزۇلغان چۈمۈلىلەردەك ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى. بىر ھازا ئۇياق ـ بۇياققا قاراپ پەردە ئىسىملىك ئۇيغۇر قىزنى ئىزدىدىم. ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. مەن ئۇ قىز بىلەن ئىلگىرى كۆرۈشۈپ باقمىغاچقا، چىرايىنىمۇ ئۇقمايتتىم. سومكامنى سۆرەپ پەلەمپەي قېشىغا بېرىشىمغا ئارقامدىن بىرىنىڭ ئۇيغۇرچە گەپ قىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— سىز ئەسەت ئاكاش بولامسىز؟

كەينىمگە دەرھال ئۆرۈلۈپ قارىدىم. يارىشىملىك شارپا ئورىغان بىر ئۇيغۇر قىز كەينىمدە تۇراتتى. ئۇنىڭ چىرايىدىن مېنى خېلى ئۇزاق ساقلىغانلىقى، ۋە تىت ـ تىت بولغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. شۇ مىنۇتلاردا ئەتراپىمىزدىكى ئۇياقتىن بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇرغان مىڭلىغان ناتونۇش كىشىلەر ئارىسىدىن ئانا تىلىمىزدا گەپ قىلىۋاتقان بۇ قىز كۆزۈمگە شۇنچىلىك يېقىملىق، شۇنچىلىك ئىسسىق كۆرۈنۈپ كەتتى.

— ھەئە، سىز پەرىدەمۇ؟ ساقلىتىپ قويدۇمغۇ دەيمەن، كەچۈرۈڭ، ئالدىنقى قېتىملىق پويىزغا ئۈلگۈرەلمەي قالدىم.

— ھېچقىسى يوق، — دېدى پەرىدە قىز قولۇمدىكى سومكامدىن بىرىنى ئېلىپ: — نېمىلا بولمىسۇن كۆرۈشتۇق، سىزنى يولدىن ئېزىپ قالدىمۇ دەپ كۆپ ئەنسىرىدىم.

بىز ئالدىراپ ئۇستۇنكى قەۋەتكە چىقتۇق. بۇ يەردە كىچىك ـ كىچىك ماگىزىنلار، تېز تاماقخانىلار بار ئىكەن. بىز ئالدى بىلەن ئاندرېئاس ئەپەندىنىڭ ماشىنىسىنى تېپىۋېلىپ ئاندىن تاماق يېمەكچى بولدۇق. ۋوگزالدىن چىقىپلا ئالدىمىزدىكى مەيداندا ئاندرېئاس ئەپەندىنىڭ «مازدا» ماركىلىق ماشىنىسىنى ئانچە كۆپ قىيمايلا تاپتۇق. ئاندرېئاس ئەپەندى 45 ياشلاردىكى ئوچۇق ـ يورۇق كىشى ئىكەن. ئۇ بىزنى ساقلاپ تۇرغانىكەن. بىز ئۇنىڭغا 10 مىنۇت تەخىر قىلىپ تۇرۇشىنى، ئازراق بىرنەرسە يەۋالغاندىن كېيىن مېڭىشنى ئۆتۈندۇق. ئۇ ماقۇل بولدى.

ۋوگزالدىكى تېز تاماقخانىلارنىڭ بىرىگە كىرىپ ئاددىيلا غىزالاندۇق. پەرىدە ھامبۇرگدىكى بىر تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقىلى ئۈچ يىل بوپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئاددىيلا قىلىپ سۆزلەپ بەردى. مەنمۇ ئۆزۈمنى تونۇشتۇرغاچ ۋاقتىنى ئالغانلىقىم ئۈچۈن تەشەككۈرۈمنى بىلدۈردۈم.

مەن پەرىدە بىلەن شۇ يەردە خوشلاشتىم. قىز قولۇمنى پۇلاڭلاتقىنىچە



AltunOq

سغىلداپ تۇرغان كىشىلەر ئارىسىدا كۆزۈمدىن غايىب بولدى. ۋەتەندىن يىراق بىر يات ئەلدە ئۆز قېرىندىشىڭىز ۋە ئۆز تىلىڭىزدا سۆزلەيدىغان ۋەتەندىشىڭىز بىلەن دىدارلىشىشنىڭ قانچىلىك زور خۇشاللىق ئىكەنلىكىنى شۇ مىنۇتلاردا چوڭقۇر ھېس قىلدىم. ئىچىمدە ئۇنىڭغا سالامەتلىك ۋە مۇۋەپپەقىيەتلەر تىلىگىنىمچە يولغا چىقتىم.

ئاندرېئاس ئەپەندى ئىنگلىزچىنى راۋان سۆزلەيدىغان خۇش چاقچاق كىشى ئىكەن. يول بويى ئۇ ئەتراپتىكى جايلار ۋە ئاھالىدە مەنزىرىلەرنى تونۇشتۇرغاچ ماڭدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە ھامبۇرگدا ئىككى مىليوندىن ئارتۇق ئاھالە ياشايدىغان بولۇپ، بېرلىندىن قالسىلا گېرمانىيىنىڭ ئىككىنچى چوڭ شەھىرى ھېسابلىنىدىكەن. ھامبۇرگ بىلەن بېرلىننىڭ ئارىلىقى 300 كىلومېتىردىن ئارتۇقراق بولۇپ، يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول ۋە تۆمۈريوللار تۇتاشتۇرۇلغان ئىكەن. كەچقۇرۇن يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولدا ماشىنا ئاز بولغاچقا يوللار تولىمۇ ئازادە ئىدى. ئاندرېئاس ئەپەندى بىر تەرەپتىن قىزىق پاراڭلارنى سالغاچ، ماشىنىسىنى سائىتىگە 220 كىلومېتىرلىق سۈرئەت بىلەن ھەيدەشكە باشلىدى. مېنىڭ كىچىك ماشىنا بىلەن بۇنداق تېز سۈرئەتتە مېڭىشىم بىرىنچى قېتىم بولغاچقا بىرئاز خاتىرجەمسىزلەندىم. شۇنداقتىمۇ ئاندرېئاس ئەپەندىنىڭ قىزىق گەپلىرى مېنى بۇ تەشۋىشلەردىن خالاس قىلدى.

كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە چىراغلىرى چىمىرلاپ تۇرغان ھامبۇرگ شەھىرى كەينىمىزدە قېپقالدى. ماشىنا گېرمانىيىنىڭ غەربىدىن شەرقىگە قاراپ كىچە قاراڭغۇلۇقىدا غۇيۇلداپ ئۇچماقتا ئىدى. مەن ئاندرېئاس ئەپەندىگە جۇڭگو ھەققىدە، بولۇپمۇ يۇرتىمىز شىنجاڭ ھەققىدە سۆزلەپ بەردىم. ئۇ جۇڭگوغا بىرىپ باقمىغان ئىكەن، شۇڭا سۆزلىرىمنى قىزىقىپ ئاڭلىدى. گېپىم تۈگىشىگە توختىماستىن سوئاللارنى ئۆلاپ توردى. مەن ئۇنىڭ پاراڭخۇمارلىقىدىن جىمجىت يول مېڭىشنى ياقتۇرمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

— سىز ماشىنىڭىزغا دائىم ئادەم ئېلىۋالامسىز؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن،

— بۇ قېتىم مېنىڭ يولۇم تولىمۇ ئوڭ كەلدى.

— ياۋروپادا قۇرۇق ماڭىدىغان ماشىنىلار ئاز بولىدۇ. شەخسەن مەن بىر جايغا ماڭسام ئادەتتە ئادەم ئېلىۋالىمەن. ھەر قېتىم بېرلىندىن بىرەر جايغا مېڭىشنىڭ ئالدىدا ماڭىدىغان ۋاقتىم، ماشىنا ماركام ۋە نومۇرۇم، ئىسىم فامىلەمنى تورغا چىقىرىپ قويىمەن. ماڭىدىغان يولۇچىلار مۇشۇ ئۇچۇرغا ئاساسەن مېنىڭ ئادرېسىمغا خەت يېزىپ ئۆزلىرىنى مەلۇم قىلىدۇ. مەن ئۇلارنى دېيىشكەن جايدىن ئېلىۋالىمەن. مانا، قاراڭ، بۇ قېتىم سىزنى ئېلىۋالدىم. ئەگەر پويىز ياكى ئاپتوبۇس بىلەن ھامبۇرگدىن بېرلىنغا بارماقچى بولسىڭىز ئەڭ ئەرزان بولغاندا 50 ياۋرولۇق بېلەت ئالىسىز. لېكىن ماڭا پەقەت 10 ياۋرو بەرسىڭىزلا ماشىنامدا راھەت ئولتۇرۇپ

ماڭمىسىز، ۋاقىت جەھەتتىنمۇ ئۈتمىسىز. مەن بولسام بىرىنچىدىن پاراڭلىشىپ ماڭىدىغان ئادەمگە ئىگە بولمىغان ھەمدە يولدىكى يالغۇزچىلىق ۋە زېرىكىشتىن خالاس بولمىغان، يەنە بىر تەرەپتىن سىز تۆلىگەن 10 ياۋرو بىلەن ماشىنامنىڭ ماي پۇلى چىقىدۇ. بۇنداق سەپەر سىزگىمۇ، ماڭىمۇ كۆڭۈللۈك تۇيۇلىدۇ. ئەگەر ئۇچۇرغا سەزگۈر بولسىڭىزلا ياۋروپادا مۇشۇنداق ئۇسۇل ئارقىلىق ناھايىتى ئەرزان ۋە كۆڭۈللۈك ساياھەت قىلغىلى بولىدۇ.

ئاندرېئاس ئەپەندىنىڭ ئۇچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن قىلغان گەپلىرى مېنى تولىمۇ قىزىقتۇردى. ئادەتتە ھېچنەرسە ئىسراپ بولۇپ كەتمەيدىغان، ئاممىۋى ئەسلىھەلەر ۋە پاراۋانلىق سىستېمىلىرىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىدىغان ياۋروپا جەمئىيىتىدە كىشىلەرنىڭ ھەتتا شەخسىي ماشىنىلىرىنىڭ چاقىنىمۇ ئورۇنسىز چۆرگىلەتمەيدىغانلىقى كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى.

تەخمىنەن ئىككى سائەتلەردىن كېيىن بېرلىنغا يېتىپ باردۇق. ئىنسانىيەت تارىخىدىكى نى ـ نىلىغان زور ۋەقەلەرگە، بولۇپمۇ 20 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدىكى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاچچىق تراگېدىيىلىرىگە شاھىت بولغان بۇ شەھەر كۆز ئالدىمدا سوزۇلۇپ ياتماقتا ئىدى. رەڭگارەڭ چىراغلار جىمىرلاپ تۇرغان كوچىلار ماشىنا دېرىزىسىدىن غۇيۇلداپ ئۆتمەكتە ئىدى. ئاندرېئاس ئەپەندى مېنى ئۇدۇل بېرلىندىكى باش قاتناش بېكىتىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ قويدى. دوكتور ئۇمىد خالىق بىلەن فرېيبې ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تۈركولوگىيە بۆلۈمىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىغان دوكتور ئابلەت سەمەت ئىككىيلەن مېنى باش بېكەتتە ساقلاپ تۇرغانىكەن. ئۇلار بىلەن قىزغىن كۆرۈشتۇق. ئۇمىدنىڭ تەكلىپى بويىچە باش بېكەتتىن 23 ياۋروغا بىر ھەپتىلىك بېرلىندىكى قاتناش بېلىتىنى ئېلىۋالدىم. ھەپتىلىك بېلەت ئېلىۋالغاندا ھەم ئەرزان ھەم قولايلىق بولىدىكەن. ئۇدۇل ئۇمىد خالىق تۇرۇۋاتقان ئۆيگە باردۇق. ئۆيدە تەلئەت ۋە تاھىر ئىسىملىك ئىككى نەپەر ئوقۇغۇچى بالا تاماق قىلىپ تۇرغانىكەن. تاماق يېگەچ ئەھۋال سورىشىپ قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتۇق. شۇنداق قىلىپ بىر كۈنلۈك سەپەر جەريانىدىكى ھېرىپ ـ چارچاشلىرىم ھەمدە بىرقانچە ئايدىن بۇيانقى مۇساپىرەتتىكى يالغۇزلۇقلىرىم بېرلىندىكى ۋەتەنداشلىرىمنىڭ ئارىسىدا ئىز ـ تىزسىز غايىب بولدى.

گېرمانىيىدىكى بىر ھەپتىلىك قىسقىغىنا دەم ئېلىشىم باشلاندى. 22 ـ فېۋرال سەھەردە مەن تەلئەت، تاھىر ئىسىملىك ئىككى ئوقۇغۇچى بالىنىڭ ھەمراھلىقىدا بېرلىندىكى كۆرۈشكە تېگىشلىك مۇھىم جايلارنى ۋە ساياھەت نۇقتىلىرىنى كۆرۈپ كېلىش ئۈچۈن سەھەردە ئۆيدىن چىقتۇق. ئۇمىدنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتتىكى ئىشلىرى ئالدىراش بولغاچقا بىزنى يولغا سېلىپ قويۇپ ئۆزى ئىشخانىسىغا كەتتى.

ھاۋا تولىمۇ سوغۇق ئىدى. مەن بېرلىننىڭ ستوكھولمغا قارىغاندا كەڭلىك

گرادۇس جەھەتتىن خېلى جەنۇبتا بولۇشىغا قارىماي، قىشتا بەكرەك سوغۇق بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. بۇنداق بولۇشى ئېھتىمال شۋېتسىيىنىڭ دېڭىز كىلىماتىغا، گېرمانىيىنىڭ چوڭ قۇرۇقلۇق كىلىماتىغا مەنسۇپ بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك.

ئۇلار مېنى ئالدى بىلەن پادىشاھ ئوردىسىغا باشلاپ باردى. گېرمانىيە ئۆز قوشنىسى فرانسىيىگە ئوخشاش پادىشاھلىق تۈزۈم بالدۇرلا ئەمەلدىن قالغان دۆلەت بولغاچقا ئوردا ھازىر كۆرگەزمىخانا قىلىنىپ، ساياھەتچىلەر ئۈچۈن ئېچىۋېتىلگەن ئىكەن. لېكىن مەن بېرلىندىكى خان سارىيىنى ستوكھولمنىڭ گاملا ستان رايونىغا جايلاشقان پادىشاھ ئوردىسىغا ياكى كېيىن كۆرگەن پارىژدىكى لۇۋېر خان سارىيى بىلەن لوندوندىكى بېرمىنھام خان سارايلىرىغا سېلىشتۇرۇپ، بىناكارلىق سەنئىتى ۋە قۇرۇلۇش كۆلىمى جەھەتتىن ئادەتتىكىدەك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. بۇنداق بولۇشىدا تارىختا گېرمانىيىنىڭ ئۇزاق مەزگىل ئۇششاق كىنەزلىكلەر بويىچە بۆلۈنمە ھالەتتە تۇرۇپ كەلگەنلىكى، فرانسىيە ياكى ئەنگلىيىدەك بىرلىككە كەلگەن، ھوقۇق مەركەزلەشكەن پادىشاھلىق ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىنىڭ ئۇزۇن داۋاملاشمىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك دەپ ئويلىدىم.

ئۇ يەردىن بىز بېرلىن شەھەر مەركىزىدىكى كۆيۈك چېركاۋ بار مەيدانغا باردۇق. بۇ چېركاۋ ئەسلىدە بېرلىندىكى ئەڭ ھەيۋەتلىك قۇرۇلۇشلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلىشىش مەزگىلىدە ئەنگلىيە ـ ئامېرىكا بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ بومباردىمانچى ئايروپىلانلىرى تاشلىغان بومبىدا ۋەيران بولۇپ كۆيۈپ كەتكەنىكەن. ئۇرۇشتىن كېيىن سابىق فېدېراتىپ گېرمانىيە ھۆكۈمىتى خاتىرە ئۈچۈن كۆيۈك چېركاۋنىڭ يېرىمىنى ئۆز پېتى ساقلاپ قاپتۇ. چېركاۋنىڭ مۇنارى بىلەن ئالدى تېمىنىڭ ئاساسىي قىسمى ساقلانغان بولۇپ، ئۆز دەۋرىدە كۆچلۈك پارتلاش نەتىجىسىدە ۋەيران بولغان ۋە ئوتتا كۆيگەن ھالىتى ئېنىق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. كۆيۈك چېركاۋ كىشىگە 1945 ـ يىلى ئەتىياز ۋە ياز پەسىللىرىدىكى بومباردىمان ئىچىدە قالغان بېرلىن شەھىرىنى ئەسلىتەتتى.

ئۇ يەردىن بېرلىندىكى مەشھۇر سۇ سائىتىنى زىيارەت قىلدۇق. ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا ياسالغان بۇ سۇ سائىتى كىشىگە ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ياۋروپانى يېڭى ئىلىم ـ پەن ئېراسىغا ئېلىپ كىرگەن سانائەت ئىنقىلابى دەۋرىنىڭ تېخنىكا ئىختىرالىرىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى.

ئۇ يەردىن ئۆتۈپ، بېرلىندىكى «ئەركىنلىك پەرىشتىسى» مۇنارى (ئېگىز مۇنار ئۈستىگە بىر قاناتلىق پەرىشتىنىڭ ھەيكىلى تىكلەنگەن ئىكەن) نى ھەمدە ئۇنىڭ يېنىدىكى زوڭتۇڭ مەھكىمىسىنى كۆردۇق. زوڭتۇڭ مەھكىمىسى ۋاشىنگتوندىكى ئاق سارايغا ئوخشاپراق كېتىدىكەن. ئەتراپىدا ھېچقانداق تام ـ توسۇق يوق بولۇپ،

ئادەمگە ھاكىمىيەت ئاپپاراتلىرى مەركەزلەشكەن قۇرۇلۇشلارنىڭ سۈر - ھەيۋىتىنى ئەمەس، بەلكى تىنچلىق ئىچىدىكى ئازادىلىكنى ھېس قىلدۇراتتى. ئادەمنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، زوڭتۇڭ سارىيىنىڭ ئالدىدا پەقەت بىرلا نەپەر ئامانلىق ساقلىغۇچى خادىم كۆزەتچىلىك قىلىدىكەن. ئادەملەر زوڭتۇڭ مەھكىمىسىنىڭ ئالدىدىن ئەركىن - ئازادە ئۆتۈپ تۇراتتى.

گېرمانىيىدە ئەمەلىي ھوقۇق زوڭلى (Chancellor) نىڭ قولىدا بولۇپ، زوڭتۇڭ جۇڭگودىكى دۆلەت رەئىسى ياكى ھىندىستاننىڭ زوڭتۇڭىغا ئوخشاش دۆلەتنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە تۇرىدىكەن. بىز زوڭتۇڭ مەھكىمىسىنىڭ ئالدىدا ئايلىنىپ يۈرسەك، چېنىقىپ يۈرگەن بىر كىشى قېشىمىزغا كېلىپ: «سۈرەتكە چۈشۈشنى ئويلىغان بولساڭلار، مەن ياردەملىشەي!» دېدى. بىزمۇ سۈرەتكە چۈشمەكچى بولۇپ تۇرغاچقا ئۇ كىشىگە تەشەككۈرىمىزنى بىلدۈرۈپ رەسىم ئاپپاراتىمىزنى بەردۇق. ئۇ كىشى بىز ئۈچەيلەننى بىللە سۈرەتكە تارتىپ قويدى.

بۇ يەردىن بېرلىندىكى ئەڭ چوڭ ئىستىراھەت باغچىسىنى كېسىپ ئۆتتۇق. قىش كۈنلىرى بولۇشىغا قارىماي، باغچىدا ئادەملەر خېلىلا كۆپ ئىدى. ئورۇندۇقلاردا پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان، ئىتلىرىنى ئەركىلىتىپ تۇرغان ياكى ئويياقتىن بۇياققا يۈگۈرۈپ چېنىقىپ يۈرگەن كىشىلەرنى ئۇچراتقىلى بولاتتى. بىز شۇ ئارىدا قورسىقىمىزنى بىرئاز ئەستەرلىۋېلىش ئۈچۈن، يېقىن ئەتراپتىكى بىر تۈرك ئاشخانىسىدىن كاۋاپ، تۈرك بولكىسى ۋە كولا قاتارلىق نەرسىلەرنى سېتىۋالدۇق ھەمدە ئىستىراھەت باغچىسىدىن ئۆتۈپ، گېرمانىيە پارلامېنت بىناسى جايلاشقان كەڭرى مەيدانغا كەلدۇق. ئىككىنچى ئاي بولۇشىغا قارىماي تېخىچە تامامەن ئۆز رەڭگىنى يوقاتمىغان بۇ چىملىق مەيدان شۇنچىلىك كەڭرى بولۇپ، كىشىگە ئاسمىنى كەڭرى تەبىئەت قوينىغا كىرىپ قالغاندەك ئازادىلىك ۋە چەكسىزلىك ھېس قىلدۇراتتى. ئۈرۈمچىنىڭ مۇكىدەك زىچ سېلىنغان ئاسمان - پەلەك بىنالىرىنىڭ ئارىسىدا پۈتۈن قىش بويى كۈننىڭ نۇرىنى كۆرمەي قىسىلچىلىقتا ياشايدىغان بىزدەك كىشىلەرگە نىسبەتەن ياۋروپادىكى بىر پايتەخت شەھەرنىڭ تەبىئەت بىلەن بولغان گارمونىك ماسلىقى ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتمەي قالمايدۇ، ئەلۋەتتە.

بىز بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، يىراقتىكى ھەيۋەتلىك پارلامېنت بىناسىنى تاماشا قىلغاچ تۈرك رېستورانىدىن سېتىۋالغان يېمەكلىكلىرىمىزنى يېيىشكە باشلىدۇق. مەن قېشىمدىكى ئوقۇغۇچى بالىلاردىن ئۆز ئەھۋاللىرىنى ماڭا سۆزلەپ بېرىشىنى سورىدىم. تەلئەت ئۆتتۇرا بوي، سۆزمەن بالا ئىدى. ئۇ قولىدىكى كولادىن بىر يۇتۇم ئوتلاپ ئۆز سۆزىنى باشلىدى.

— ئەسەت ئاكا، يۇرتىمىزدىن كەلگەن بىرەرى بىلەن ئارامخۇدا ئولتۇرۇپ ئۆز تىلىمىزدا پاراڭلاشمىغىلى ئۇزۇن ۋاقىتلار بولۇپتىكەن، بۈگۈن مەن ناھايىتى

خۇشال! — دېدى ئۇ يىراقلارغا نەزەر تاشلاپ، — مانا مەن ۋەتەندىن ئوقۇش ئارزۇسىنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ گېرمانىيىگە كەلگىلى ئۈچ يىل بولدى. بۇ جەرياندا ئىلگىرى كۆرۈپ باقمىغان نەرسىلەرنى كۆردۈم، دۇنيانىڭ چوڭلۇقىنى ھېس قىلدىم. جاپانىمۇ يەتكۈچە تارتتىم. ھازىر ھەرقانداق قىلىپ بولسىمۇ ئۆز كۈنۈمنى ئېلىپ ئوقۇشۇمنى داۋاملاشتۇرالايدىغان تەجرىبىگە، يات ئەلنىڭ تۇرمۇشىغا ماسلىشالايدىغان ياشاش ئىقتىدارىغا ئىگە بولدۇم، قىسقىسى، پىششىلدىم، تاۋلاندىم. مەن شۇنىڭدىن خۇشال. ۋەتەندىكى چاغدا مەنمۇ باشقا نۇرغۇنلىغان بالىلارغا ئوخشاشلا ئاتا ـ ئانام ھەر ئايدا ئەۋەتىپ تۇرىدىغان تۇرمۇش پۇلىغا تايىنىپ ئالىي مەكتەپنى خاتىرجەم پۈتتۈرگەن غەمسىز بالا ئىدىم. پۇلنىڭ قانداق جاپادا تېپىلىدىغانلىقى، ئاتا ـ ئانىلىرىمىزنىڭ تۇرمۇش بېسىملىرىنى قانداق قىلىپ كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئانچە ئويلاپ كەتمەيتتىم. بىر چاغلاردا چوڭلارنىڭ ئۆز بالىلىرىنى «ياغنىڭ ئىچىدىكى بۆرەكتەك چوڭ بولغان بالام» دېگەن گەپلىرىنىڭ تېگىگە ئەمدى يېتىۋاتىمەن. ئىچكىرىدىكى بىر ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، تەلىيىم ئوڭدىن كېلىپ گېرمانىيىگە بېرىپ ئوقۇيدىغان پۇرسەتكە ئېرىشتىم. ئاتا ـ ئانام ئۆزلىرىنىڭ يىغقان پۇللىرى ھەمدە ئۇرۇق ـ تۇغقانلاردىن يىغىش قىلغان ئىقتىساد بىلەن مېنى يولغا سېلىپ قويدى. ئۇلار بىلەن خوشلىشىۋېتىپ، بىر جۈپ جاپاكەش ئاتا ـ ئانىنىڭ كۆزلىرىدىن ئۆز ئوغلىنىڭ چەت ئەللەردە ئوقۇپ زور نەتىجىلەر قازىنىشىدىن ئۈمىد كۈتۈۋاتقان ئىلتىجالىرىنى، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى كۆرۈپ يەتتىم.

بېرلىنغا يېتىپ كېلىپ، گېرمانىيىدىكى مۇستەقىل ھاياتىمنى باشلىغان ئاشۇ كۈندىن ئېتىبارەن پۈتۈنلەي ئۆزۈمگە تايىنىدىغانلىقىمنى، ئۆز ئارزۇلىرىم ئۈچۈن تىنىمسىز كۈرەش قىلىدىغانلىقىمنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتتىم. ئاتا ـ ئانامنىڭ مىڭ تەستە يىغىپ بەرگەن پۇللىرى ياۋروپادىكى يۇقىرى ئىستېمال ۋە قىممەتچىلىك شارائىتىدا، شۇنچە تېجىسەممۇ ئاران بىرقانچە ئايغا دال بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېڭى بارغان چاغدىكى ماسلىشالماسلىق، تىل بىلمەسلىك ۋە يۇرتنى سېغىنىش تۇيغۇلىرى قوشۇلۇپ مېنى خېلىلا ھالسىراتتى. ئۇنىۋېرسىتېتتىكى ئوقۇش ھەقسىز بولسىمۇ، لېكىن ئۆي ئىجارىسىنىڭ قىممەتچىلىكى، تۇرمۇش كەچۈرۈشنىڭ قىيىنلىقى مېنىڭ بېسىمىمنى كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى. مېنىڭ ئالىدىغان ئوقۇش مۇكاپاتىم بولمىغاچقا ئىش تېپىپ ئىشلىشىمگە توغرا كەلدى. ئۆزىڭىز كۆرۈۋاتىسىز، بېرلىندا ھەرقايسى دۆلەتلەردىن كېلىپ ياشاۋاتقان بىرنەچچە يۈزمىڭ كۆچمەن ئىش پۇرسىتىگە ئېرىشىشكە موھتاج. شۇنداقكەن، مېنىڭدەك بۇ يەرنىڭ ئەلمى ـ تەلمىنى تازا بىلىپ كېتەلمىگەن بىر ئوقۇغۇچىغا نىسبەتەن ئىش تېپىشنىڭ ئۆزى ئۇنداق ئاسان ئەمەس. بىر كۈنلەرگە كېلىپ ئىجارە ھەققىنىمۇ تۆلىيەلمەي قالدىم.



AltunOq

ئامالسىز تۈركلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايوندىكى بىر تۈرك مەسچىتىدە يېتىپ قوپۇشقا مەجبۇر بولدۇم. مەسچىتنىڭ ئىمامى ئاق كۆڭۈل بىر تۈرك كىشى ئىكەن، مېنىڭ ئەھۋالىمنى ئۇققاندىن كېيىن، ماڭا تەسەللى بېرىپ: «ھېچقىسى يوق، يىگىت، ئوغۇل بالىنىڭ بېشىغا كەلمەيدىغان كۈن يوق. بۇ سەن ئۈچۈن ۋاقىتلىق قىيىنچىلىق. ئاللا ئۆز بەندىلىرىگە شۇنداق ئېغىر كۈنلەرنى سېلىپ سىنايدۇ، روھىڭنى تاۋلايدۇ. مەنمۇ ياش ۋاقتىمدا گېرمانىيىگە كېلىپ سېنىڭدىنمۇ ئېغىر كۈنلەرنى كۆرگەنمەن. ھازىر سەنلا ئەمەس، بۇنداق قىيىنچىلىقلارغا يولۇققۇۋاتقان مىڭلىغان كۆچمەنلەر بۇ دۆلەتتە ياشاۋاتىدۇ. شۇڭلاشقا ئۆزۈڭگە ئىشەن، بۇ مەسچىتتە ئىلگىرىمۇ سەندەك ئوقۇغۇچىلار ۋە مۇساپىرلار تۇرغان. شۇڭا خاتىرجەم بولۇپ ئىش تېپىۋالغىچە يېتىپ قوپسالىڭ بولىدۇ. مەسچىتتە تۇرسالىڭ قەلبىڭ خۇداغا تېخىمۇ يېقىن تۇرىدۇ...» دېدى. شۇ گەپلەردىن كېيىن بىرئاز كۆڭلۈم ئەمىن تېپىپ، مەسچىتتە يېتىپ قوپۇشقا باشلىدىم. تاڭ سەھەردە ئەتراپتىكى تۈرك مۇسۇلمانلار بامدات نامىزىغا كەلگىچە ئورنۇمدىن تۇرۇپ ھويلىلارنى تازىلايمەن، ئەتىگەنلىك ناشتامنى قىلىپ چىقىپ كېتىمەن.

شۇنداق قىلىپ بىر ئايدىن كېيىن بىر ئىش تاپتىم. قانداق ئىش دېمەمسىز؟ كۈندە ئەتىگەن ماشىنىغا ئولتۇرۇپ پولشا چېگراسى قېشىدىكى چېقىلىدىغان قورۇلۇشلار رايونىغا بارىمىز ـ دە، يوغان بازغانلار بىلەن سېمونت ئىچىگە ئېلىنغان پولات چىۋىقلارنى ئاجرىتىمىز. كۈچۈم بار، سالامەتلىكىم ياخشى، شۇنداق بولغاچقا كۈچۈمنى سېتىپ ئۆزۈمگە تايىنىپ ياشىسام ياخشى ئەمەسمۇ؟ كۈندە قاق سەھەردىن چۈش بولغىچە پولشا چېگراسىدا قاتتىق ئىشلەپ، چۈشتىن كېيىن بېرلىنغا قايتىپ كېلىپ ئوقۇدۇم. شۇنداق قىلىپ ئالتە ئاي ئىچىدىلا زور دەرىجىدە تاۋلاندىم. پۇلمۇ تاپتىم، ئەھۋالىمدا ئۆزگىرىش بولدى.

— ئۇ قورۇلۇشلارنى نېمە ئۈچۈن چاقىدىكەن، ياۋروپادا ئادەتتە بىنالار نەچچە يۈز يىلغىچە تۇراتتىغۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قىزىقىپ.

— بۇنى ياخشى سورىدىڭىز، ئاكا، — دېدى تەلئەت ماڭا قاراپ، — مەنمۇ دەسلەپ نېمىشقا يېپيېڭى بىنالارنى چاقىدىغاندۇ دەپ ھەيران بولغان. لېكىن كېيىنچە بۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنىپ يەتتىم. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئەنگلىيە ـ ئامېرىكا ھۆكۈمەتلىرى گېرمانىيىنى دېموكراتىك گېرمانىيە ۋە فېدېراتىپ گېرمانىيە دەپ ئىككىگە بۆلۈپ ئىدارە قىلىغانىكەن. بۇ دەل ئىلگىرى بىز ئاتاپ كەلگەن شەرقىي گېرمانىيە ۋە غەربىي گېرمانىيىلەردۇر. غەربىي گېرمانىيىدە، يەنى فېدېراتىپ گېرمانىيىدە ئەنگلىيە ـ ئامېرىكا ھۆكۈمەتلىرى ئۆزلىرىنىڭ مەلۇم مىقداردىكى ئارمىيىسىنىلا تۇرغۇزۇپ دۆلەتنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئانچە ئارىلىشىپ كەتمىگەن

ئىكەن. شۇڭا غەربىي گېرمانىيىنىڭ ئىگىلىكى ئۇرۇشتىن كېيىن تېز ئەسلىگە كېلىپ، 1970 ـ يىللاردىن كېيىن ياۋروپا ئىقتىسادىنىڭ پاراۋوزىغا ئايلانغان ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە غەربىي گېرمانىيىنىڭ يۇتكۇل تەرەققىياتى گېرمانىيىنىڭ ئىلگىرىكى تەرەققىيات ئەنئەنىسى ئاساسىدا راۋاجلىنىپ مېڭىپتۇ. لېكىن شەرقىي گېرمانىيە بولسا بۇنىڭ ئەكسىچە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غەرب بىلەن تىركىشىشىدىكى مۇھىم بازىسىغا ئايلىنىپتۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى شەرقىي گېرمانىيىدە زور كۆلەمدە ئەسكەر تۇرغۇزغاندىن سىرت، يەنە پىلانسىز ۋە كېلەڭسىز ھالدا زور تىپتىكى ياۋروپا ئۆلچىمىگە چۈشمەيدىغان قۇرۇلۇشلارنى ئېلىپ بېرىپتۇ. 1990 ـ يىللارنىڭ بېشىدا سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىپ، شەرقىي ياۋروپادىكى دۆلەتلەر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، ئىككى گېرمانىيىمۇ بىرلىككە كېلىدۇ، بېرلىن تېمى بۇزۇۋېتىلىدۇ. شۇڭا بىرلىككە كەلگەندىن كېيىنكى يېڭى گېرمانىيە ھۆكۈمىتى قارار ماقۇللاپ، ئىلگىرىكى شەرقىي گېرمانىيە تەۋەسىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن قالايمىقان سېلىنغان، ھازىرقى ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ قۇرۇلۇش ئۆلچىمىگە توشمايدىغان بىنالارنى چېقىپ قايتىدىن سېلىشقا باشلايدۇ. شۇڭا پولشا چېگرىسىغا يېقىن ئاھالىلەر رايونىدىكى بىنالارنى چېقىپ، سېمونت ئىچىگە ئېلىنغان پولات چىۋىقلارنى ئاجرىتىپ ئېلىش ئىشى بىزدەك ئىش ئىزدەپ يۈرگەنلەرنى يېڭى ئىش پۇرسىتى بىلەن تەمىن ئەتكەن گەپ!

تەلئەت مۇشۇ ئىشلارنى سۆزلەۋېتىپ كۈلۈپ قويىدى. ئۇنىڭ بۇ يەردىكى كەچۈرمىشلىرى ئادەمنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ بايان قىلىش ئۇسلۇبىغا بىر خىل يېنىك يۇمۇرئارىلاشقاچقا ئادەمنى يېنىك ھېس قىلدۇراتتى.

— قېنى سۆزىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇڭ، ئۇكام، مەن بىر تەسىرلىك ھېكايە ئاڭلايدىغان بولدۇم! — دېدىم ئۇنىڭغا قاراپ.

— سىزنىڭ كىتابلىرىڭىزنى ۋەتەندە چېغىمدا ئوقۇغانمەن، ئەمدى قايتىپ بېرىپ مېنىڭ ھېكايىلىرىمدىن بىر كىتاب يېزىپ مېنىڭ سىرىمنى ئاشكارىلىۋەتمەڭ ـ يەنە؟ ۋەتەندىكى ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرىم مېنى «جەننەت» تە ياشاۋاتىدۇ دەپ ئويلايدۇ، تېخى نۇرغۇن قىزلار ماڭا ھەۋەس قىلىشىپمۇ يۈرىدۇ — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، — چاقچاق قىلدىم، ئەسەت ئاكا. ئەگەر مەن توغرىلىق يازىمەن دېسىڭىز بۈنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن كەچۈرمىشلىرىمنى سۆزلەپ بېرىشىم مۇمكىن. مەن ۋەتەندىكى چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇشنى ئارزۇ قىلىپ يۈرگەن نۇرغۇن ياشلارنى مېنىڭ كەچۈرمىشلىرىمنى بىلسىكەن، ۋاقتىنى، ياشلىقىنى بىكار ئىسراپ قىلىۋەتمىسىكەن، بالدۇرراق ئۆزىنى تېپىۋالسىكەن دەپ ئويلايمەن.

— مۇشۇ قاراشلىرىڭىزنىڭ ئۆزى قىممەتلىك، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا تەسەللى

بېرىپ، — ئەگەردە بىزنىڭ ياشلىرىمىزنىڭ كۆپىنچىسى قۇرۇق خىياللار ئىچىدە چۆرگىلەپ يۈرگەندىن كۆرە، سىزدەك ئۆزىنى سىناپ بېقىشقا تىرىشسا، ئۆزىنىڭ كىملىكىنى بالدۇرراق بايقىيالىسا باشقىچە بولغان بولاتتى.

— توغرا ئېيتىسىز، — دېدى ئۇ سۆزۈمگە ئۇلاپلا، — مەن بايىقى ھېكايەمنىڭ كەينىنى چۈشۈرۈۋېتەي. پولشا چېگراسىدا 6 ئاي ئىشلىگەندىن كېيىن خېلى پۇل تاپتىم. تۈركلەر رايونىدىكى مەسچىتتىن يېتىپ چىقىپ بىر بىنادىن باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ ئۆي ئىجارە ئالدىم. ئوقۇشۇممۇ جايىغا چۈشتى. كېيىنچە تەنتەربىيە كۇلۇبلىرىدا تازىلىقچى خادىم، تۈركلەرنىڭ رېستورانلىرىدا كۆتكۈچى، گېزىت ۋە ئېلان ۋاراقلىرىنى تارقاتقۇچى بولۇپ ئىشلىدىم. ھازىر بۇ ئىشلار مەن ئۈچۈن ھېچنېمە ھېسابلانمايدۇ. ياۋروپانى، بولۇپمۇ گېرمانىيىنى خېلىلا چۈشىنىپ قالدىم. بىرقانچە يىللاردىن بۇيان بەزىدە ئافرىقىدىن كەلگەن تېگىرلار بىلەنمۇ، بەزىدە شەرقىي ياۋروپا ئەللىرىدىن كەلگەن كۆچمەنلەر بىلەنمۇ، يەنە بەزىدە ئوتتۇرا شەرقتىن كەلگەن ئەرەب مۇساپىرلىرى بىلەنمۇ بىر ئۆينى تەڭ ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرۇپ كۆردۈم. ھازىر گېرمانىيىگە تامامەن كۆنۈپ كەتتىم. قايسى شەھەرىدە بولمىسۇن ياشاپ كېتەلەيمەن. يەنە بىر يىلدىن كېيىن ئۇنىۋېرسىتېتتىكى ئوقۇشۇم پۈتىدۇ. مەن بۇ يەردە ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ تولۇق كۇرسىنى قايتا ئوقۇپ چىققان بولدۇم. ھازىر بىر بولسا ئاسپىرانتلىقنى داۋاملاشتۇرۇپ ئوقۇيمىكىن دەيمەن، ياكى بولمىسا كېلەر يىلى ئوقۇشۇم پۈتكەندىن كېيىن ئەنگلىيىگە كېتىشنى ئويلاۋاتىمەن. ئىنگلىز تىلى ئىشلىتىدىغان بىر دۆلەتتە ئوقۇسام كەلگۈسىدە تېخىمۇ كەڭرەك ئىمكانىيەتكە ئېرىشكىلى بولامدىكىن دەيمەن.

— ئارىلىقتا ۋەتەنگە قايتىپ باقتىڭىزمۇ؟

— ئۈچ يىل بولدى، قايتمىدىم. لېكىن ۋەتەننى شۇ دەرىجىدە سېغىنىپ كەتتىم. خۇدايىم بۇيرۇسا كېلەر يىلى ئوقۇشۇمنى پۈتتۈرۈپ بېرىپ كېلىشنى ئويلاۋاتىمەن. ئوتتۇرا مەكتەپتە چېغىمدا ئوقۇغان ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ ۋەتەن سېغىنچى ھەققىدىكى «تورنا قەسىدىسى» ناملىق شېئىرىنىڭ مۇنۇ مىسرالىرى ھېلىمۇ ئېسىمدە تۇرىدۇ. سىزگە ئوقۇپ بېرەي:

*قاقماي تۇرغىن قېرىنداشىم ئۈستۈڭنى،*
*تورۇمىسۇن يۇرتتىن كەلگەن تورنىلار.*
*ئۇنى سورەي كۆزلىرىمگە، سۆيەي مەن،*
*مەن تېنىمگەن، يولدىن ئازغان قورالىلار!*

سىزنى كۆرۈپ شۇ قەدەر خۇش بولدۇم. ئانا يۇرتنىڭ تۇپىسى ۋە ئۇنىڭ يېقىملىق ھىدى بىزگە قارىغاندا سىزنىڭ ۋۇجۇدىڭىزدا تېخى ئۈنچىلىك تارقاپ كەتمىگەندۇ دەپ ئويلىدىم. مەن شۇنى ھېس قىلدىمكى، ئۇيغۇرلارنىڭ يۇرت سېغىنچىنى باشقا ھەرقانداق مىللەت بىلەن سېلىشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەسكەن.

— مەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن، — دېدىم ئۇنىڭ سۆزىگە ئۇلاپلا، — ئىككى يىل ئىلگىرى ياپونىيىگە بارغىنىمدا ئۇيغۇرلارنى تەتقىق قىلىدىغان بىر پروفېسسور بىلەن بۇ ھەقتە سۆزلىشىپ قالدۇق. ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز يۇرتىنى سېغىنىشتىكى ئاجايىپ مۇھەببىتى ھەمدە چەت ئەللەردە ئۆز ئارا تونۇشمايدىغان ئىككى ئۇيغۇرنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان چاغدىكى پەۋقۇلئاددە ھاياجان ۋە قىزغىنلىقى ھەققىدە سۆزلەپ مۇنداق دېگەنىدى: «مەن ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلغىلى شۇنچە ئۇزۇن يىللار بولدى. لېكىن ئۇيغۇرلارنىڭ يۇرتىنى سېغىنىش ھېسسىياتىدىكى پەۋقۇلئاددە قىزغىنلىقىدىن ھازىرغىچە ھەيران قالىمەن. نېمىشقا دېسىڭىز ياپونىيىلىكلەرنىڭ خاراكتېرىدىن بۇنداق قىزغىنلىقنى تاپقىلى بولمايدۇ، ئۇلارمۇ ئوخشاشلا ئۆز ۋەتىنىنى سۆيىدۇ، چەت ئەللەردە تۇرغاندا ۋەتىنىنى سېغىنىدۇ. لېكىن ياپونىيىلىكلەر بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىپادىلىنىش ئۇسۇلى ئوخشىمايدۇ. ئەگەردە بىر ـ بىرى بىلەن تونۇشمايدىغان ئىككى ئۇيغۇر توكيودا ياكى پارىژدا ۋە ياكى دۇنيانىڭ باشقا بىر يېرىدە تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالسا ئۇلار ھاياجاندىن ۋارقىرىۋېتىشى، بىر ـ بىرىنى قۇچاقلاپ ئۆز يۇرتىدىشىغا بولغان مۇھەببىتىنى ئىپادە قىلىشى، ھەرقانداق مۇھىم ئىشىنىمۇ تاشلاپ بىر ھازا بىر ـ بىرى بىلەن مۇڭدىشىشى مۇمكىن. لېكىن چەت ئەللەردە تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالغان ئىككى ياپونىيىلىكتە مۇنداق قىزغىنلىق كۆرۈلمەيدۇ. بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ئەنگلىيىنىڭ شىمالىدىكى بىر كىچىك شەھەردە يېرىم يىللىق تەتقىقات ئىشىم بىلەن تۇرۇپ قالدىم. بۇ يەردە لوندون كوچىلىرىغا ئوخشاش ياپونىيە تائاملىرىنى ياكى ياپونىيىدىن كەلگەن ۋەتەنداشلارنى ئۇچراتقىلى بولمايتتى. بىر كۈنى باغچىدا كېتىۋېتىپ تۇيۇقسىزلا ياپونىيىلىك بىر كىشىنى ئۇچرىتىپ قالدىم. ئۇنىڭ چىرايى، يۈرۈش ـ تۇرۇشى ھەمدە باشقا قىياپەتلىرىدىن ياپونىيىلىك ئىكەنلىكى ئېنىق چىقىپ تۇراتتى. مەن ئۇيغۇرلاردىكى يۇرتداشلىق ھېسسىياتىنىڭ تەسىرىگە بەكرەك ئۇچراپ كەتتىممۇ ياكى ۋەتەننى بەك سېغىنىپ كەتتىممۇ، ئەيتاۋۇر ئۆزۈممۇ سەزمىگەن ھالدا ھېلىقى كىشىنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ بېرىپ ياپونچە گەپ قىلدىم: «ئەپەندىم، كەچۈرۈڭ، مەن ياپونىيىلىك، سىزمۇ ياپونىيىلىكقۇ دەيمەن؟!». ھېلىقى كىشى چۆچۈپ كەينىگە قارىدى ـ دە، چىرايىنى ئۆزگەرتمىگەن ھالدا بىر ھازا تۇرغاندىن كېيىن، سوغۇققىنە قىلىپ: «شۇنداق، مەن ياپونىيىلىك. لېكىن ئۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟» دېدى ـ دە، ئۆز يولىغا كېتىپ قالدى. مەن تۇرغان يېرىمدە بىر ھازا بۇزتەك قېتىپ تۇرغاندىن كېيىن بىردىنلا ئۆزۈمنىڭ ئۇيغۇر ئەمەس، بەلكى ياپونىيىلىك ئىكەنلىكىمنى، مەن ھاياجان بىلەن گەپ قىلغان كىشىنىڭمۇ ئۇيغۇر ئەمەس، بەلكى مېنىڭ ياپونىيىلىك ۋەتەندىشىم ئىكەنلىكى ئېسىمگە كەلدى.»

— بۇ تولىمۇ تەسىرلىك سىرلىك سىبلىشتۇرما بوپتۇ، — دېدى تەلئەت گېپىنى

داۋاملاشتۇرۇپ، — ئۆتكەن يىلى مەن بىلەن بىللە بىر تەنتەربىيە كۇلۇبىدا تازىلىق قىلىدىغان تۈرك تونۇشۇم ھامبۇرگدا بىر ھەپتىلىك ئىشنىڭ بارلىقىنى، ھەققىنىڭ خېلى يۇقىرىلىقىنى، ئەگەر خالىسام ئالاقىلىشىپ كۆرۈشۈمنى ئېيتتى. مېنىڭ تەتىل مەزگىلىم بولغاچقا بۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەسلىك ئۈچۈن دەرھال تېلېفون بېرىپ سورۇشتۇردۇم. ھامبۇرگدىكى ئادەم ئىشلەتمەكچى بولغان شىركەت دەرھال كېلىشىمنى ئېيتتى. شۇنداق قىلىپ شۇ كۈنىلا ھامبۇرگغا ماڭىدىغان پويىزنىڭ بېلىتىنى ئېلىپ يولغا چىقتىم. يولغا چىقىشنىڭ ئالدىدا ھامبۇرگدا ئوقۇۋاتقان بىر ئۇيغۇر بالىغا تېلېفون قىلىپ ئۇنىڭ ياتىقىغا چۈشمەكچى بولدۇم. پويىزدا يولۇچىلار شالاڭ بولۇپ مەن ئولتۇرغان ئورۇننىڭ ئۇدۇلى بوش ئىدى. بىر چاغدا ئارىلىقتىكى بىر بېكەتتىن بىرقانچە يولۇچىلار چىقتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئىككى قىزنىڭ ئۇيغۇرچە گەپ قىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ ھەيران بولغان ھالدا ئۇلارغا قارىدىم. راستتىنلا ئۇيغۇر قىزلار ئىكەن! ئۇلار ئەتراپقا بىر قۇر قاراپ خۇددى بىلگەندەك مېنىڭ ئۇدۇلۇمدىكى بوش ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇردى. مەن ئۇلارغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ سالام قىلدىم، ئۇلارمۇ كۈلۈمسىرەپ قويدى ـ دە، ئۆز پارىڭىغا چۈشۈپ كەتتى.

— ئۇدۇلدىكى بالا ئەجەب ئۇيغۇرلارغا ئوخشايدىكەن، ئۇيغۇر ئەمەستۇ ـ ھە! — دېدى قىزلارنىڭ بىرى ماڭا يالت قىلىپ قاراپ، — كۆزۈمگە ئۇيغۇردەكلا كۆرۈنۈپ كەتتى ...

— ھەي نېمە دەيدىغانسەن، ئاداش، — دېدى قىزلارنىڭ يەنە بىرى ماڭا قايتىدىن سەپ سېلىپ، — بۇ پويىزدا ئۇيغۇر نېمە ئىش قىلسۇن، تۈركتۇ ھەرقاچان!؟

مەن دەرھال ئۇلارغا «مەن ئۇيغۇر!» دەپ ئۆزۈمنى تونۇشتۇرۇشقا تەمشەلدىم ـ يۇ، ئۇلارنىڭ كېيىنكى سۆزلىرىنى ئاڭلاپ توختاپ قالدىم ھەمدە ئۇلارغا دىققەت قىلمىغان بولۇپ قولۇمدىكى گېزىتكە قاراپ ئولتۇردۇم. تۇۋا! ئۇلارنىڭ ئۆزئارا قىلىشقان گەپلىرىنى ئاڭلاپ سەسكىنىپ كەتتىم. ئۇلار ئەسلىدە پاھىشە قىزلار ئىكەن ئەمەسمۇ! ئۇلارنىڭ بىرى تۈنۈگۈن كېچە ئۆزىنى ئېلىپ كەتكەن بىر ياشانغان كىشىنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزگەن كەچۈرمىشلىرىنى دوستىغا سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇ قېرىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقىغا قارىماي بىر جىنسىيەت تەلۋىسى ئىكەنلىكىنى، ئۆزىدىن قانداق ئۇسۇللار بىلەن جىنسىي ھېسسىياتىنى قوزغاشنى تەلەپ قىلغانلىقىنى، سەھەردە قايتار ۋاقتىدا قانچىلىك پۇل بەرگەنلىكىنى ھېچ بىر ئۇيالماستىن سۆزلىدى. ئۇنىڭ دوستىمۇ ئۆزىنىڭ كېچىدىن بۇيانقى ئىشلىرىنى سۆزلەشكە باشلىغىنىدا يانفونۇم جىرىڭلاپ كەتتى. تېلېفوننى ئالسام ھامبۇرگدىكى مەن ئۆيىگە چۈشمەكچى بولغان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى ئىكەن، مېنىڭ ئۇيغۇرچە سۆزلىگىنىمنى ئاڭلاپ ھېلىقى ئىككى قىز بىر ـ بىرىگە قارىشىنىچە داڭقېتىپ

تۇرۇپ قالدى. مەنمۇ تېلېفوندىكى سۆزۈمنى تۈگىتىپ، ناھايىتى بىئاراملىقتا قىزلارغا ئېغىز ئاچتىم:

— كەچۈرۈڭلار، مەنمۇ ئۇيغۇر!

— ۋېيەي، بالدۇرراق تونۇشلۇق بەرسىڭىزچۇ! ئەمدى بىزگە نېمە كۈن بۇ، بايىقى گەپلىرىمىزنى ئاڭلىدىڭىز، شۇنداقمۇ؟ — ئۇلار كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە ماڭا بىر ھازا قاراپ ئولتۇرۇپ قالدى.

ئارىمىزدا ناھايىتى قىيىن بولغان بىر خىل كۆڭۈلسىز كەيپىيات ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. ئالدىمىدىكى ئورۇندۇقتا ئىككى نەپەر ۋەتەندىشىمنىڭ تولىمۇ خىجالەتچىلىكتە ئولتۇرغانلىقىنى ھېس قىلىۋاتىمەن. ئۆزۈممۇ بۇ يەردە ئارتۇقچە ئادەمدەك، ئاڭلىماسلىقتا تېگىشلىك ئىشنى ئاڭلاپ قالغانلىقىم ئۈچۈن قاتتىق تەڭقىسلىق ئىچىدە قالدىم. قىزلار ھەقىقەتەنمۇ چىرايلىق ۋە جەزبىدار ئىدى. ۋەتەنىدىكى چېغىمىدا ئىچكى ئۆلكىلەردە، بولۇپمۇ دېڭىز بويلىرىدىكى چوڭ شەھەرلەردە بىر تۈركۈم ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ مۇشۇنداق يولغا كىرىپ كەتكەنلىكى ھەققىدىكى گەپلەرنى ئاڭلىغانىدىم. لېكىن چەت ئەلدە، يۇرتىمىزدىن يىراق بىر ئەلدە چېگرا ئاتلاپ بۇ يەرگە كېلىپ مۇشۇنداق يولغا كىرىپ قالغان ئۇيغۇر قىزلىرىنى ئۇچرىتىپ قېلىشىمنى ھەرگىز ئويلىمىغانىدىم. راستىنى ئېيتسام مەن ئۇلارغا نەپرەتلىنىشنى ياكى ھېسداشلىق قىلىشنى بىلەلمەي قالدىم. شۇ ئارىدا قىزلارنىڭ بىرى ئارىدىكى ئازابلىق جىمجىتلىقنى بۇزۇپ ئېغىز ئاچتى:

— ئۆزىڭىز كىم بولىسىز؟

— مەن ئوقۇغۇچى، بېرلىندا ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇيمەن. ھامبۇرگقا بىر ئىش بىلەن ماڭدىم.

— شۇنداقمۇ، — دېدى ھېلىقى قىز گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بىز ئەسلىدە سىز بىلەن ئۇچرىشىپ قالمىساق بولمىدىغان كىشىلەر ئىدۇق. لېكىن تەقدىر بىزنى يات بىر ئەلنىڭ پويىزىدا ئۇچراشتۇرۇپ قويدى ھەمدە بىزنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىمىزنى سىزگە ئاشكارىلاپ قويدى. شۇنداق، ئەمدى يوشۇرۇشنىڭ ھاجىتى قالمىدى، بايىقى پاراڭىمىزدىن بىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىمىزنى بىلىپ بولدىڭىز، بىز پاھىشە قىزلارمىز. بۇمۇ بىز ئۆزىمىز خالاپ تاللىغان يول ئەمەس، بىرقانچە يىللار تۇرمۇشنىڭ بوران ـ چاپقۇنلىرىدا قامغاقتەك ئۇچۇپ ئىچكى ئۆلكىلەردە شەھەرمۇ شەھەر يۈردۇق، كېيىن تەقدىرىمىزنى ئۆزگەرتىشكە تىرىشىپ، ئويلىمىغان بىر پۇرسەتتە ياۋروپاغا كېلىپ قالدۇق. لېكىن بۇ يەردىمۇ تەقدىر بىزگە ئوڭ كۆزى بىلەن باقمىدى، ياشاش ئۈچۈن يەنە مۇشۇ يولدا مېڭىشقا توغرا كەلدى. سىزنى بىزنى توغرا چۈشەنسىكەن دېمەكچى ئەمەسمىز، بىز مانا مۇشۇنداق قىزلار. لېكىن بىز ئوقۇغان ئادەمنى، بولۇپمۇ سىزدەك يات ئەلدە بىلىم ئېلىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان ئوقۇغۇچىنى ھۆرمەتلەيمىز. ئەگەردە بېشىڭىزغا بىرەر كۈن چۈشسە

ياكى قىيىنچىلىقتا دۇچ كەلسىڭىز سىزگە قولىمىزدىن كېلىشىچە ياردەم بېرىشنى خالايمىز. مانا بۇ بىزنىڭ ئالاقىلىشىش تېلېفونىمىز. بىزنى باشقىچە ئويلىمىسىڭىز تارتىنماستىن تېلېفون قىلىڭ، سىز ئۆكىمىزدەك بالا ئىكەنسىز، سىزگە ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىمىز.

— رەھمەت! — دېدىم مەن نېمە دېيىشىمنى ئۇقماي، — مەن چۈشەندىم، ياخشى كۆڭلۈڭلەرگە كۆپ رەھمەت.

— بىز كېيىنكى بېكەتتە چۈشۈپ قالىمىز. ئەمدى كۆرۈشەلمەسلىكىمىز مۇمكىن. سىزگە ئامەتلەر تىلەيمىز. بىز ياردەم قىلىدىغان ئىش بولسا تارتىنماي تېلېفون قىلىڭ، خوش، خۇداغا ئامانەت!

قىزلار سومكىلىرىنى مۇرىلىرىگە ئېسىپ ئورنىدىن تۇردى. پويىز ھايال بولمايلا ھامبۇرگقا يېقىن بىر بېكەتتە توختىدى. مەن ناھايىتى مۇرەككەپ بىر ھېسسىياتتا ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويدۇم. شۇندىن كېيىن بىرقانچە كۈنلەرگىچە گاراڭ بولۇپ يۈردۈم. بۇ ئىش ماڭا قاتتىق تەسىر قىلغانىدى. قىزلارنى بۇ يولدىن قايتۇرۇش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيتتى. تېخى ئۇلارنىڭ مەندەك بىر نامرات ئوقۇغۇچىغا ياردەم بېرىشنى خالايمىز دېيىشى مېنى باشقىچە ئويلاندۇرۇپ قويدى. ھازىرمۇ ئۇلارنىڭ بىز ئۇچرىشىپ قالغان چاغدىكى ھالىتى كۆز ئالدىمدا تۇرىدۇ. شۇندىن كېيىن ئۇلارنى قايتا ئۇچرىتىپ باقمىدىم.

تەلئەتنىڭ سۆزلىرى مېنى ئويغا سېلىپ قويدى. بىر ھازا بىراقلارغا قارىغان پېتىم سۈكۈتتە ئولتۇردۇم.

تاماقىمىزنى يەپ بولۇپ، نەرسە - كېرەكلەرنى پاكىز يىغىشتۇردۇق - دە، ئالدىمىزدا كۆرۈنۈپ تۇرغان پارلامېنت بىناسىغا قاراپ ماڭدۇق. بۇ ياۋروپا ئۇسلۇبىدىكى قەلئە شەكلىدە ياسالغان ھەيۋەتلىك قۇرۇلۇش ئىدى. بىنانىڭ تۆت بۇرجىكىدە گېرمانىيىنىڭ قارا، قىزىل ۋە سېرىق رەڭلەردىكى دۆلەت بايرىقى لەپىلدەپ تۇراتتى. مەن بىناغا يېقىن بېرىپ، يۇقىرىدىكى پەشتاقتا Dem Deutschen Volk دېگەن گېرمانچە خەتلەرنىڭ نەقىش قىلىنىپ ئويۇلغانلىقىنى كۆردۈم. بۇ «ھەممە گېرمان خەلقى ئۈچۈن!» دېگەنلىك بولىدىكەن. گېرمانىيە ھۆكۈمىتى ۋە خەلقنىڭ زور ئىشلىرى مۇھاكىمە قىلىنىدىغان بۇ ھەيۋەتلىك بىنا پۈتكۈل گېرمانىيە گراژدانلىرى ۋە ساياھەتچىلەر ئۈچۈن ئېچىۋېتىلگەن بولۇپ، ھەر كۈنى ئون مىڭلىغان كىشىلەر بۇ يەرنى زىيارەت قىلىدىكەن. ھەتتا پارلامېنت ئەزالىرى دۆلەتنىڭ مۇھىم ئىشلىرىنى ئوتتۇرىدىكى ئەينەكلىك زالدا مۇھاكىمە قىلىۋاتقان كۈنلىرىدىمۇ سىرتتىكى كىشىلەر ئۇلارنى ئېنىق كۆرۈپ تۇرىدىكەن. بىزمۇ كىشىلەر توپىغا قوشۇلۇپ ئۆچىرەتتە تۇردۇق. بىر سائەتتەك ئۆچىرەت ساقلاپ ئاخىرى بىنانىڭ ئىچىگە كىردۇق. ئامانلىق ساقلىغۇچىلار زىيارەت قىلغۇچىلارنى بىر - بىرلەپ تەپسىلىي تەكشۈرگەندىن

كېيىن ئاندىن چوڭ بىر لىفت ئارقىلىق بىنانىڭ ئۈستىگە ئېلىپ چىقىدىكەن. ئۇلار پەقەت بىخەتەرلىك ئۈچۈنلا زىيارەتچىلەرنى تەپسىلىي تەكشۈرسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ پاسپورت ياكى كىملىك دېگەندەك كىنىشكىلىرىنى كۆرمەيدىكەن.

ئەينەكتىن شارسىمان قىلىپ ياسالغان ھەيۋەتلىك گۈمبەز ئىچىدىكى ئايلانما يول ئارقىلىق بىنانىڭ ئەڭ تۆپىسىدىكى ئۈچۈقچىلىققا چىقتۇق. زالنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئەينەك رامكىلار ئىچىگە گېرمانىيە تارىخىغا، بولۇپمۇ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى گېرمانىيىگە دائىر تارىخىي سۈرەتلەر كۆرگەزمە قىلىنغان ئىكەن. بىنانىڭ ئۈستىدىن پۈتۈن بېرلىن شەھىرى كۆرۈنىدىكەن. بىز ئەتراپتىكى شەھەر مەنزىرىسىنى بىر ھازا تاماشا قىلغاندىن كېيىن بىنادىن چۈشتۇق.

يان تەرەپتىكى چوڭ كوچىغا كىرىشىمىزگە مىڭلىغان كىشىلەردىن تەشكىللەنگەن زور كۆلەملىك كىشىلەر توپىغا دۇچ كەلدۇق. بۇ كىشىلەر گېرمانىيىنىڭ ئەنئەنىۋى كاردىنال بايرىمىنى تەبرىكلەۋاتقان نامايىشچىلار ئىكەن. ئۇلار ھەر خىل رەڭلەردىكى ئەنئەنىۋى كىيىملەرنى كىيىپ، داقا ـ دۇمباق چېلىشىپ، تۈرلۈك ئۇسسۇللارنى ئوينىشىپ چىرايلىق بېزەلگەن ماشىنىلار بىلەن كېتىپ باراتتى. بىزمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ بىر ھازا ماڭدۇق. ھاۋانىڭ سوغۇق بولۇشىغا قارىماي، ئۇلارنىڭ كەيپىياتى تولىمۇ يۇقىرى ئىدى. ئۇلار ئەتراپقا ئولىشىپ بۇ مەنزىرىلەرنى تاماشا قىلىۋاتقان كۆرۈرمەنلەرگە كەمپۈت، شاكىلات ۋە تۈرلۈك يەل ـ يېمىشلەرنى چاچقۇ قىلىپ تاشلايتتى. ئەتراپتىكى كىشىلەرمۇ ئۇلارغا ماسلىشىپ قىقاس ـ سۈرەنلەر توۋلاشماقتا ئىدى. بۇنداق زور ئاممىۋى سەنئەت پائالىيىتىنى ۋە ھەيۋەتلىك مەنزىرىنى ياۋروپاغا كېلىپ بىرىنچى قېتىم كۆرۈشۈم بولغاچقا تولىمۇ ھاياجانلىنىپ كەتتىم.

بىرئازدىن كېيىن بۇ زور نامايىشچىلار قوشۇنى بىز تۇرغان كوچىدىن ئۆزاپ كەتتى. بىز تارىخىي خاراكتېرلىق بېرلىن تېمىنىڭ ئورنىغا كېلىپ قالغانىدۇق. بېرلىن تېمى ئۆرۈۋېتىلگەندىن كېيىن قايتىدىن بىرلىككە كەلگەن گېرمانىيە ھۆكۈمىتى خاتىرە ئۈچۈن بۇ تامدىن ئىككى مېتىر جايىنى شۇ پېتى ساقلاپ قالغانىكەن. بىز شۇ يەردە خاتىرە ئۈچۈن سۈرەتكە چۈشتۇق. بېرلىن تېمى (1961 — 1989) سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەشەببۇسى ۋە بىۋاسىتە قول تىقىشى بىلەن سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى تىكلىگەن شەرقىي گېرمانىيىنى، يەنى سابىق دېموكراتىك گېرمانىيە ۋە ئۇنىڭ قىزىل پايتەختى بولغان شەرقىي بېرلىننى غەرب كاپىتالىزمىنىڭ تەسىرىدىن ساقلاش ئۈچۈن سېلىنغانىكەن. تام پولات ۋە بېتوندىن قۇيۇلۇپ 4 – 5 مېتىر ئېگىزلىكتە سېلىنغان بولۇپ، ئۈستىگە يۇقىرى بېسىملىق يالىڭاچ توك سىمى تارتىلغانىكەن. ئۆز دەۋرىدە شەرقىي بېرلىندىن ئەركىن دۇنياغا كېتىشنى ئارزۇ قىلىپ يۈرگەن قانچىلىغان گېرمانىيە ياشلىرى بۇ

تامغا يامىشىشى بىلەن تەڭ بەزىدە يۇقىرى بېسىملىق توك سوقۇپ، بەزىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېگرا ساقلىغۇچى ئەسكەرلىرىنىڭ ئوقىدا ھاياتىدىن ئايرىلغانىكەن. مەن بىر چاغلاردا بىر دۆلەت خەلقىنى ئوخشاش بولمىغان تۈزۈم ۋە ئىدېئولوگىيىگە ئايرىپ، بىر ـ بىرىگە دۈشمەنلىك بىلەن قارايدىغان قىلىپ قويغان بۇ سىرلىق تامنىڭ ئۆرۈۋېتىلگەن ئىزىنى دەسسەپ تۇرۇپ، مەرھۇم يازغۇچىمىز زوردۇن سابىرنىڭ «سىزىق ئادەملەرگىلا» ناملىق ھېكايىسىنى ئېسىمگە ئالدىم. يازغۇچىنىڭ 1980 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا بېرلىنغا بارغىنىدا مۇشۇ ھېكايىگە دېتال بولغان بۇ تامنى كۆرگەن چاغدىكى ھېسسىياتى مېنىڭ مۇشۇ دەقىقىلەردىكى ھېسسىياتىم بىلەن ئوخشاپ قالىدىغاندۇ، دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە. ئەمما ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، مەرھۇم يازغۇچىمىز بېرلىن تېمى تېخى ئۆرۈلمىگەندە كۆرگەن، مەن بولسام بېرلىن تېمى ئۆرۈلۈپ 15 يىلدىن كېيىن بۇ يەرنى كۆرۈۋاتىمەن.

ئۇ يەردىن گېرمانىيىدىكى داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېت ھۇمبولت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەركىزىي رايونىغا باردۇق. بۇ يەردە ماركس بىلەن ئېنگېلسلارنىڭ غايەت زور مىس ھەيكىلى، ئۇنىڭ نېرىسىدا بېرلىندىكى ئەڭ گۈزەل قۇرۇلۇشلارنىڭ بىرى بولغان ھەيۋەتلىك چېركاۋ بار ئىكەن. بۇلارنى بىر قۇر كۆرگەندىن كېيىن قايتماقچى بولدۇق. كۈنمۇ كەچ بولغانىدى. شۇنداق قىلىپ بېرلىندىكى تۇنجى كۈنلۈك زىيارىتىم ئاخىرلاشتى.

ئەتىسىدىن باشلاپ يەنە تەلەيتىنىڭ يول باشلىشى بىلەن بېرلىننىڭ باشقا جايلىرىنى كۆردۇم. بولۇپمۇ بېرلىندىكى تۈركلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون مەندە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى. باشقىلارنىڭ دېيىشىچە بېرلىندا 500 مىڭدىن ئارتۇق تۈرك كۆچمەنلىرى ياشايدىكەن. بۇ رايوندا ئايلانسا ئادەم ئۆزىنى ياۋروپانىڭ بىر پايتەخت شەھىرىدە ئەمەس، بەلكى ئاناتولىيىدىكى بىر شەھەردە تۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلىدىكەن. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن بېرلىندىكى چوڭ ـ چوڭ كىتابخانىلارنى ئايلىنىپ كىتاب كۆردۇم. بۇ يەردە چوڭ كىتابخانىلارنىڭ لايىھىلىنىشى ئۆزگىچە بولۇپ، ئادەمگە شۇنداق ئازادە ۋە راھەت تۇيغۇ بېرىدىكەن. كىتابخانا ئىچىدە يۇمشاق ساپا ۋە ئورۇندۇقلار، ئۈيقۇسى كەلسە بىردەم پۇتىنى سوزۇپ يېتىۋالىدىغان ئايرىم ئورۇنلار، قەھۋە ئىچىپ ئۆز ئارا تۆۋەن ئاۋازدا پاراڭلاشقىلى بولىدىغان شىرە ـ ئورۇندۇقلار، ئىستېمال قىلىشقا بولىدىغان جايلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىكەن. چۈشتىن كېيىنكى يېرىم كۈننى ئۆزۈم يالغۇز كىتابخانا ئىچىدە تولىمۇ ھۇزۇرلىنىپ ئۆتكۈزدۈم. بۇ يەردە كىتاب سېتىۋالمىسىڭىزمۇ، كىتابلارنى خالىغانچە كۆرۈپ ئوقۇپ، خاتىرە يېزىۋالغىلى بولىدىكەن. كىتابخانىدىكى كىتابلارنىڭ كۆپىنچىسى گېرمان تىلىدىكى كىتابلار بولسىمۇ، لېكىن ئىنگلىزچە ۋە باشقا تىللاردىكى كىتابلارنىمۇ تاپقىلى بولاتتى.

24 ـ فېۋرال ئەتىگەندە دوكتور ئابلەت سەمەت بىلەن كۆرۈشكەن بولدۇق. ئۇمۇ مېنى فرەيبىي ئۇنىۋېرسىتېتىغا بارىدىغان مېتروغا سېلىپ قويدى. دېيىشكەن بېكەتتە پويىزدىن چۈشۈپ يەر ئۈستىگە چىقسام ئايسىما (تىلشۇناس، تەتقىقاتچى مىرسۇلتان ئوسمان ئاكىنىڭ قىزى) مېنى ساقلاپ تۇرغان ئىكەن. ئۇدۇل فرەيبىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تۈركولوگىيە بۆلۈمىگە باردۇق. ئابلەتنىڭ ئەتىگەندە دەرسى بولغاچقا بىز ئۇنىڭ ئىشخانىسىدا ساقلاپ تۇردۇق. قىرغىزىستاندىن كەلگەن بىر قىرغىز ئوقۇغۇچىمۇ ئابلەت بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەنىكەن. بىردەم ئۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەھۋالى ھەققىدە پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇق.


IDP NEWS

Berlin's Re-united Collections

بېرلىندىكى ھىندى سەنئەت مۇزېيى بېسىپ تارقاتقان تۇرپانغا دائىر يادىكارلىقلار خەۋىرى

بىرەر سائەتتىن كېيىن ئايسىما مېنى تۈركولوگىيە بۆلۈمىنىڭ ماتېرىيال بۆلۈمىنى كۆرستىش ئۈچۈن پەسكە ئېلىپ چۈشتى. ماتېرىيال بۆلۈمى ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ، لېكىن ساقلانغان كىتابلارنىڭ كۆپلۈكى مېنى ھەيران قالدۇردى. مەن بۇ يەردىكى تونۇش بىلەن تەڭ قىلىپ تىزىلغان تۆرلۈك تىللاردىكى تۈركولوگىيىگە دائىر كىتابلارنى كۆرۈشكە باشلىدىم. تۈركچە كىتابلار ھەممىدىن كۆپ بولۇپ، ئومۇمەن تۈركىيىدە نەشر قىلىنغان تۈركولوگىيىگە دائىر ئەڭ يېڭى كىتابلارنىڭ ھەممىسى بۇ يەردە تېپىلىدىكەن. ئايسىما ماڭا فرەيبىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تۈركولوگىيە بۆلۈمى دەسلەپ تۈركىيە تۈركچىسىنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغانلىقى ۋە شۇ ئاساستا راۋاجلانغانلىقىنى ، يېقىنقى 10 نەچچە يىلدىن بۇيان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ مۇستەقىللىققا ئېرىشىشى بىلەن بۇ بۆلۈمنىڭ پەقەت تۈركىيە تۈركچىسىنىلا ئاساس قىلىدىغان تاق يۆنىلىشلىك ھالەتتىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى تۈركىي تىللىرىنى تەتقىق قىلىشقا قاراپ



AltunOq

كېڭمېنۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ئايسىما ھازىر گېرمانىيىنىڭ غەربىي جەنۇبى قىسمىدىكى گۆتتىنگېن (Göttingen) ئۇنىۋېرسىتېتىدا مەشھۇر تۈركولوگ رۆھبۆرن (Röhrbörn) ئەپەندىنىڭ قولىدا ئاسپىرانتلىقنى تاماملاپ، دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانى ئۈچۈن ئوقۇۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋە بۇ تىلدىكى ۋەسىقىلەرنى ياخشى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن ئۇستازىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن موڭغۇل ۋە تىبەت تىللىرىنى ئۆگىنىۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

ئابلەتنىڭ ئەتىگەنلىك دەرسى تۈگەپ ئىشخانىسىغا قايتىپ كىردى. ئۇ سائەت 2 لەر بىلەن تۈركولوگىيە بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى، پروفېسسور باربارا خانىمنىڭ مېنىڭ بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتتى. بىز بىرئاز بىرنەرسە يەپ قورساقنى ئەستەرلىگەندىن كېيىن باربارا خانىمنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىشكە تەييارلاندۇق.

چىرايلىق ھەم ياسىداق ئىشخانىدا باربارا خانىم كومپيۇتېرنى ئېچىپ قويۇپ بىرنەرسە يېزىۋاتاتتى. بىز كىرىشىمىز بىلەن تەڭلا ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئالدىمىزغا كەلدى. بىز قول ئېلىشىپ كۆرۈشتۇق. ئابلەت مېنى تونۇشتۇردى. باربارا خانىم ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن ئۆزىنىڭ ئىسىم كارتوچكىسىنى ماڭا ئۇزاتتى ھەمدە:

— قايسى تىلدا پاراڭلىشىمىز، سۇلايمان ئەپەندى، ئىنگلىزچىدىمۇ؟ ياكى تۈركچە سۆزلىسەم بولامدۇ؟ — دېدى.

— مەيلى تۈركچە بولسىمۇ بولىدۇ، — دېدىم مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ ئىسىم كارتوچكامنى تەييارلاپ.

— ئۇنداقتا ياخشى، ماڭا ئابلەت سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزنى بۇرۇنلا دېگەن ئىدى. مانا بۈگۈن كۆرۈشتۇق. سىز ستوكھولمدىن كەلدىڭىزغۇ دېيمەن، شۋېتسىيە ياخشى دۆلەت، ئۇ يەردە ئۇيغۇر تىلىغا دائىر ماتېرىياللار خېلىلا كۆپ. سىز قايسى يۆنىلىشتە تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتىسىز؟

— مەن بىر يىللىق زىيارەتچى تەتقىقاتچى سۈپىتىدە ستوكھولم ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئورنىدا تۇرۇۋاتىمەن. شۋېتسىيە ئارخىپلىرىدا ساقلىنىۋاتقان يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيىتىگە دائىر ماتېرىياللارنى، بولۇپمۇ شۋېت مىسسىئونېرلىرىنىڭ 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قەشقەردە نەشر قىلغان ئۇيغۇرچە باسما بۇيۇملىرىنى ئۆگىنىلىق كۆرۈۋاتىمەن.

— ناھايىتى ياخشى، بۇ بىر بوش ساھە، ئىلگىرى مەشھۇر تۈركولوگ گۇننار ياررىڭ بۇ ھەقتە تەتقىقاتلار ئېلىپ بارغان. شۇندىن كېيىن بۇ ساھەدە ئىزدىنىدىغان مەخسۇس ئادەم بولمىدى. بىر ئۇيغۇر ياشنىڭ بۇ ھەقتىكى ئىزدىنىشلىرى ئەلۋەتتە بىزنىڭ دىققىتىمىزنى تارتىدۇ.

— رەھمەت! — دېدىم مەن ئۇنىڭغا جاۋابەن، — سىلەرنىڭ بۇ بۆلۈمدە

ئاساسلىقى تۈركىيە تۈركچىسى مەركەز قىلىنىدۇ دەپ ئاڭلىدىم.

— شۇنداق، دەسلەپ بۇ بۆلۈم تەسىس قىلىنغاندا تۈركىيە تۈركچىسىنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان. بۇنداق بولۇشى گېرمانىيىدە تۈرك كۆچمەنلىرىنىڭ كۆپ بولۇشى ھەمدە گېرمانىيىنىڭ تۈركىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ئىزچىل قويۇق بولۇپ كەلگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دېيىشكىمۇ بولىدۇ. چۈنكى تۈركىيە تۈركچىسىنى ئۆگىنىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ گېرمانىيىدە خىزمەتكە ئېرىشىش پۇرسىتىمۇ بىر قەدەر ياخشى بولغان. لېكىن كېيىنچە باشقا تۈركىي تىللىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتىمىزنىمۇ بارغانسېرى كېڭەيتىپ بېرىۋاتىمىز. مانا مەن تۈركىيىدە تۈرك تىلى بويىچە دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانى ئۈچۈن ئوقۇغانمەن، لېكىن يېقىنقى ئوننەچچە يىلدىن بۇيان تەتقىقاتىمنى ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ تىل سىياسىتىگە قاراتتىم. مانا بۇ مېنىڭ يېقىندا نەشردىن چىققان مۇستەقىللىققا ئېرىشكەندىن كېيىنكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە كاۋكاز رايونىدىكى تۈركىي تىللىق 5 دۆلەتنىڭ مىللىي تىل تەرەققىياتى ۋە سىياسىتىگە دائىر ئىلمىي ئەمگىكىم. مەن سىز ئىشلەۋاتقان ستوكھولم ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى بىرگىت شلېتېرنى بىلىمەن. ئۇنىڭ بىلەن يۈزتۇرانە كۆرۈشۈپ باقمىغان بولسامۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تىل - يېزىق سىياسىتى ھەققىدە يېزىلغان ماقالىلىرىنى كۆرگەنمەن. مېنىڭ سالىمىمنى يەتكۈزۈڭ، مەن بۇ كىتابىمدىن ئۇنىڭغا بىرنى ھەدىيە قىلاي، سىز ئالغاچ بارسىڭىز.

— بولىدۇ، مەن سىزنىڭ سالىمىڭىزنى يەتكۈزىمەن، — دېدىم ئۇنىڭغا.

باربارا خانىم كۆزلىرى دېڭىزدەك كۆك، چاچلىرى سېرىق، چىرايلىق ئايال ئىدى. ئۇنىڭ سۆزلىگەن چاغدىكى ئاۋازى ۋە يارىشىملىق ھەرىكەتلىرى ئادەمگە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇراتتى. ئۇنىڭ بىلەن بولغان سۆھبىتىمىزنىڭ تولىمۇ كۆڭۈللۈك بولغانلىقىنى ھېس قىلدىم. باربارا خانىم مەندىن:

— سىز تۈركىيىدە تۇرغانمۇ، تۈركچىنى چىرايلىق سۆزلەيدىكەنسىز!؟ — دەپ سوراپ قالدى.

— ماختىغىنىڭىزغا رەھمەت! — دېدىم مەن، — ئۈرۈمچىدە ئۆزلۈكۈمدىن ئۆگىنىپ تۈركچە كىتابلارنى كۆرەتتىم، لېكىن سۆزلىشىپ كۆرمىگەن، ستوكھولمغا كەلگەندىن كېيىن بىرگىت خانىم بىلەن تۈركچە سۆزلىشىپ خېلى كۆنۈپ قالدىم.

— مۇنداق دەڭ، بىزنىڭ ماتېرىيال بۆلۈمىدە تۈركولوگىيىگە دائىر خېلى كۆپ تۈركچە كىتابلار بار. ئەگەر لازىم بولسا ئېيتىڭ، بىز كوپىيە قىلىپ بېرەيلى، — دېدى.

مەن باربارا خانىمنىڭ ياخشى كۆڭلىگە رەھمەت ئېيتتىم. بىز ئۇنىڭ ئىشخانىسىدا بىللە بىرقانچە پارچە سۈرەتكە چۈشتۇق. چۈشتىن كېيىن ئۇنىڭ

دەرسى بار ئىكەن، بىز خوشلىششىپ قايتىپ چىقتۇق.

ئابلەت ئۆيگە قايتقاچ مېنى ئاسىيا مۇزېيىنىڭ ھىندىستان بۆلۈمىگە جايلاشقان تۇرپان يادىكارلىقلىرى بۆلۈمىنى زىيارەت قىلدۇرماقچى بولدى. بىز مۇزېيغا يېتىپ بارغىنىمىزدا چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتلەر بولغانىدى. مۇزېيدا ئادەملەر شالاڭ ئىكەن. ئابلەت دەرۋازىدىكى بىلەت ئېلىش ئورنىغا بېرىپ بېرىپ ئۇلارغا مېنىڭ شىنجاڭدىن كەلگەنلىكىمنى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىغانلىقىمنى ئېيتقانىدى، ئۇلار بىزنى بىلەتسىزلا مۇزېي كۆرۈشكە كىرگۈزدى.

— ئۆزىمىزنىڭ نەرسىلىرى بولغاندىكىن، ھەقسىز كۆرۈشىمىز كېرەك ـ تە!

— دېدى ئابلەت ماڭا قاراپ، — شىنجاڭدىن ئادەم كەلسە مەن ئەھۋالنى ئېيتىپ داۋاملىق ھەقسىز زىيارەت قىلغۇزىمەن.

بىز مۇزېينىڭ سول قول تەرىپىگە جايلاشقان چوڭ زالغا كىردۇق. كۆز ئالدىم بىردىنلا يورۇپ كەتتى. ئەجدادلىرىمىز ئۆز قولى بىلەن مىڭ يىللار مۇقەددەم ياراتقان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بۇ يەردە رەت ـ رېتى بىلەن تۇراتتى. ئىدىقۇت ئۇيغۇر پادىشاھلىرى ۋە شاھزادىلىرىنىڭ يىپەك رەختكە چۈشۈرۈلگەن رەڭدار سۈرەتلىرى، تۇرپاننىڭ يەر ئاستىدىن قېزىۋېلىنغان تۈرلۈك ھەيكەللەر ۋە باشقا يادىكارلىقلار ئەينەك رامكا ئىچىگە ئېلىنىپ كۆرگەزمىگە قويۇلغانىدى. مەن ناھايىتى ھاياجان



20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى تۇرپاندىكى گېرمانىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچىلەر ۋە يەرلىك ئۇيغۇرلار

ئىلكىدە بۇ نەرسىلەرنى زەن قويۇپ كۆرۈۋاتسام ئابلەت قېشىمغا كېلىپ:

— خاتىرە ئۈچۈن سۈرەتكە چۈشۈۋېلىڭ، بۇنداق پۇرسەت ئەمدى كەلمەيدۇ، بۇ رەسىملەرنى بۇرۇن كىتابلاردا كۆرگەن بولسىڭىز، مانا ئەمدى ئۆز كۆزىڭىز بىلەن

كۆرۈۋاتىسىز! — دېدى.

— مېنىڭچە بۇ يەردە بەكمۇ سۈرەتكە چۈشكۈم بار ئىدى، لېكىن سۈرەتكە چۈشۈش مەنئى قىلىنغان ئىكەنغۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— شۇنداق، زىيارەت قىلغۇچىلارنىڭ سۈرەتكە چۈشۈشى چەكلىنىدۇ. لېكىن بىز ئوخشىمايمىز ـ دە، ئۆز ئەجدادلىرىمىز ياراتقان يادىكارلىقلار ئالدىدا سۈرەتكىمۇ چۈشەلمىسەك قانداق بولغىنى؟ خاتىرجەم بولۇپ بىرقانچە پارچە چۈشۈۋېلىڭ، مەن ئۇلارغا چۈشەندۈرەي.

مەن بىرئاز دېلىغۇل بولۇپ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر پادىشاھلىرىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن يىپەك توقۇلما بۇيۇمنىڭ قېشىغا بېرىپ تۇردۇم. ئابلەت مېنى سۈرەتكە تارتتى. شۇ ئەسنادا رەسىم ئاپپاراتىنىڭ نۇر چاقناتقۇسىدىن چىققان نۇرنى كۆرۈپ ئامانلىق ساقلىغۇچى خادىم يۈگۈرۈپ قېشىمىزغا كەلدى.




بېرلىندىكى تۇرپانشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ تەتقىقات ئۇچۇرلىرى مەجمۇئەسى

— كەچۈرۈڭلار، بۇ يەردە سۈرەتكە چۈشۈش چەكلەنگەن، — دېدى.

— مۇنداق گەپ، — دېدى ئابلەت ئۇنىڭغا ئالدىرىماي چۈشەندۈرۈپ، — بۇ كىشى مۇشۇ يادىكارلىقلارنىڭ ماكانىدىن كەلگەن، ئۆزىمۇ تۇرپانشۇناسلىققا دائىر تەتقىقاتلار بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، شۇڭلاشقا بۇ يەردە بىرقانچە پارچە سۈرەتكە چۈشكۈسى بار.

— بەلگىلىمە بويىچە ئەسلى سۈرەتكە چۈشۈشكە بولمايدۇ، — دېدى ھېلىقى خادىم بىرئاز ئىككىلەنگەن ھالدا، — لېكىن ئالاھىدە ئەھۋال ئىكەن، بوپتۇ، بىرنەچچە پارچە چۈشۈۋالسۇن.

بىز ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپ، بىرقانچە پارچە سۈرەتكە چۈشتۇق. شۇ مىنۇتلاردا ئۆز مىللىتى ياراتقان پارلاق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا بولغان ھەقدارلىق تۇيغۇسىنى سوغۇق قان كېلىدىغان، قانۇن ـ بەلگىلىمە ئېغى كۈچلۈك بولغان گېرمانلارنىڭ چۈشەنگەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

ئاستىنقى قەۋەتتە مەخسۇس تۇرپاننىڭ بېزەكلىك بىلەن كۈچادىكى قىزىل مىڭئۆيلىرىدىن ئېلىپ كېلىنگەن تام رەسىملىرىنى كۆرگەزمە قىلغان كىچىك

زال بار ئىكەن. مەن بۇ يەرگە كىرىپلا ئۆزۈمنى بېرلىندا ئەمەس، بەلكى بېزەكلىكتىكى مىڭئۆيلەر بىلەن قىزىلدىكى توپلىق قىيادا تۇرغاندەك ھېس قىلىپ كەتتىم. 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا لېكوك، گورېنۋېدىل قاتارلىق گېرمانىيە ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى تۇرپان ۋە تارىم ئويمانلىقىدىن ئېلىپ كەلگەن بۇ نەپىس تام رەسىملىرى ئۆز ھالىتى بويىچە قايتىدىن قۇراشتۇرۇلۇپ، مىڭئۆيلەردەك ھالەتكە كەلتۈرۈلگەن ئىكەن. تام رەسىملىرىنىڭ نەپىسلىكى ۋە رەڭدارلىقى ئادەمنى ئوتتۇرا ئاسىيا بۇددىزم سەنئىتىنىڭ ئىچكى ئالىمىگە باشلاپ كىرەتتى. بۈگۈنكى كۈندە بىز تۇرپان بېزەكلىك ياكى كۇچادىكى قىزىل مىڭئۆيلىرىنى زىيارەت قىلغىنىمىزدا، كۆپلىگەن كېمىر ئۆيلەردىكى تام رەسىملىرىنىڭ سىزىۋېتىلگەنلىكى ياكى ئوتتا كۆيدۈرۈلۈپ ئەسلىدىكى گۈزەل ھالىتىنىڭ بۇزۇۋېتىلگەنلىكىنى كۆرىمىز. لېكىن بېرلىندىكى بۇ يەر ئاستى مىلڭ ئۆيىدە لېكوك قاتارلىقلار ئات ئۇلاغ ۋە تۆگىلەرگە ئارتىپ ئېلىپ كەلگەن بۇ قىممەتلىك تام رەسىملىرىنىڭ ئۆز ھالىتىدە تۇرۇشى ئادەمدە روشەن بىر خىل سېلىشتۇرۇش ھېسسىياتىنى پەيدا قىلىدۇ. بۇ تام رەسىملىرىنىڭ بىر قىسمى ناھايىتى ئەپسۇس ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلىشىش ھارپىسىدا ئەنگلىيە ـ ئامېرىكا بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ بومباردىمانچى ئايروپىلانلىرى بېرلىنغا تاشلىغان بومبىلاردا ۋەيران بولغان بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭدىكى يەرلىك دېھقانلارنىڭ دىنىي قىزغىنلىقى تۈپەيلى سىزىپ ـ جىجىسۋەتكەن ياكى مەدەنىيەت ئىنقىلابىي مەزگىلىدە «كونىلىقنى يوقىتىش» دولقۇنىدا ۋەيران قىلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا سېلىشتۇرغاندا ھېچقانچە ئەمەس ئىدى.

بىز ھەممىسىنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى چوڭ زالغا چىقتۇق. بۇ يەردە مەزكۇر مۇزېيدىكى يادىكارلىقلارنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن كالېندار ۋە ئاتكىرىتكىلار سېتىلىدىكەن. ئابلەت بۇلارنىڭ ئىچىدىن شىنجاڭدىن تېپىلغان يادىكارلىقلارنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن كالېندار ۋە ئاتكىرىتكىلاردىن بىرقانچىنى سېتىۋېلىپ خاتىرە ئۈچۈن ماڭا سوۋغا قىلدى.

شۇنداق قىلىپ ناھايىتى يۇقىرى كەيپىياتتا مۇزېيدىن چىقىپ ئابلەتنىڭ ئۆيىگە قايتتۇق.

25 ـ فېۋرال ئابلەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە چۈشتىن بۇرۇن ھۇمبولت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تۈركولوگىيە بۆلۈمىدىكى پروفېسسور بالدوف خانىمنى، چۈشتىن كېيىن تۇرپانشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنى ۋە مەزكۇر ئىنستىتۇتنىڭ مەسئۇلى پروفېسسور پېتېر زېمى ئەپەندىنى زىيارەت قىلماقچى بولدۇق. ئابلەت ئۇلار بىلەن تېلېفوندا ئالدىن سۆزلەشكەن ئىكەن، بىراق پېتېر زېمى ئەپەندى بىلەن ئالاقىلىشالماپتۇ.

شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن پىلانىمىز بويىچە ھۇمبولت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ

تۈركولوگىيە بۆلۈمىگە باردۇق. بۇ ئىككىمىز بىر بىنانىڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىگە جايلاشقان بۆلۈم بولۇپ، پروفېسسور بالدوف خانىم بىزنى ساقلاپ تۇرغان ئىكەن. بىز ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا يېتىپ كىرىشىمىزگە ناھايىتى راۋان ئۆزبېك تىلىدا:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، خۇش كېلىپسىزلەر، سىزلەر بىلەن كورۈشكەنلىكىمدىن جۇدە خۇرسەندمەن! — دەپ ئەھۋال سورىدى.

بىزمۇ ئۇنىڭ سالىمىغا سالام بېرىپ ئۇدۇلدىكى دىۋانغا بېرىپ ئولتۇردۇق. بالدوف خانىم ئۆزبېكىستاندىن ئېلىپ كەلگەن چەينەك ۋە چىنە ـ قاچىلىرىغا قارا چاي دەملىدى ھەمدە بىز بىلەن قىزغىن پاراڭلىشىشقا باشلىدى.

— ھە، سىزنى شۋېتسىيىدىن كەلدى دەپ ئاڭلىدىم، قانداق ئۇ ياقتىكى ئىشلىرىڭىز ئۇنۇملۇك بولۇۋاتامدۇ؟

— يامان ئەمەس، ستوكھولم ئۇنىۋېرسىتېتىغا بارغىنىمغا تۆت ئايدىن ئاشتى.

— شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قايسى فاكۇلتېتىدا ئىشلەيسىز؟

— مەن ھازىر فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا ئىشلەيمەن، ئىلگىرى تىل ـ




گېرمانىيە ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى شىنجاڭدىن يىغۋالغان يادىكارلىقلارنىڭ جايلىشىش خەرىتىسى

ئەدەبىيات ۋە تارىخ فاكۇلتېتلىرى ئايرىم ـ ئايرىم ئىدى. ھازىر ھەممىسى قوشۇلۇپ بىر ئىنستىتۇت بولدۇق.

— مۇنداق دەڭ، مەن ئوتتۇرا ئاسىيادا، بولۇپمۇ ئۆزبېكىستاندا ئۇزۇن مەزگىل

تۇرغانمەن، شىنجاڭغا بېرىشنى كۆپ ئويلىغان بولسامۇ، لېكىن پۇرسەت بولمىدى. مەن ئۆزبېكچىنى ياخشى بىلگەچكە، ئۇيغۇرچىنىمۇ قىينالمايلا چۈشىنىمەن.

— سىزنىڭ ئۆزبېك تىل ـ ئەدەبىياتى ھەققىدىكى تەتقىقات ماقالىلىرىڭىزدىن بىر قىسمىنى كۆرگەنمەن، — دېدىم مەن، — ھازىرقى تەتقىقات يۆنىلىشىڭىزدە ئۆزگىرىش بولدىمۇ ـ قانداق؟

— ھە، سىزمۇ دىققەت قىپسىز ـ دە! — دېدى بالدوف خانىم كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئىلگىرى گېرمانىيىنىڭ چوڭ ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدىكى تۈركولوگىيە بۆلۈملىرى ئاساسەن تۈركىيە تۈركچىسىنى ئاساسلىق كەسىپ قىلىپ راۋاجلانغان. كېيىنچە ئەزەربەيجان، ئۆزبېك، قازاق تىللىرى بويىچىمۇ ئانچە ـ مۇنچە تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلدى. بىراق سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى غەربلىكلەر ئۈچۈن چەكلەنگەن رايون بولغاچقا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىرىنى چوڭقۇرلاپ ئىزدىنىش ئىمكانىيىتى ئاز بولدى. گېرمانىيىدىكى بىر قىسىم ئۇنىۋېرسىتېت ۋە تەتقىقات ئورۇنلىرىدا قەدىمكى ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىدا يېزىلغان ۋەسىقىلەرنى تەتقىق قىلىش جەھەتتە خېلى كۆپ خىزمەتلەر ئىشلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى بويىچە ئىزدىنىشلەر كۆپ بولمىدى. مەنمۇ يېقىنقى ئوننەچچە يىلدىن بۇيان ئۆزبېك تىل ـ ئەدەبىياتى بويىچە بىرقانچە قارار ئاسپىرانتلارنى تەربىيىلىدىم ۋە بۇ ساھەدە بىر قىسىم تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئېلان قىلدىم. لېكىن تۈركىي تىللىرىنىڭ ئىچىدە ئۇزۇن مەزگىل بىر خىل تىلنىلا تەتقىق قىلىش مەلۇم چەكلىمىلىككە ئىگە. نېمىشقا دېسىڭىز بۇ كەسىپتە ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسى بار. شۇڭلاشقا بىر ـ ئىككى يىلدىن بۇيانقى يۆنىلىشىمىزدە ئۆزگىرىش بولدى. يەنى تۈركىي تىللىرىنىڭ ئىچىدىكى يوقىلىش خەۋپىگە دۇچ كېلىۋاتقان بىر قىسىم كىچىك تىللارغا بەكرەك



بېرلىندىكى تۇرپانشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھۆججەت

قىزىقىۋاتىمىز.

— يوقىلىش خەۋپىگە دۇچ كېلىۋاتقان كىچىك تىللار دېگىنىڭىزدە، كونكرېت قايسى تىللارنى دېمەكچىسىز؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.

— «خەتەر ئىچىدىكى تىللار» (Endangerment Languages) دېگەن ئاتالغۇ ۋە بۇ ھەقتىكى تالاش ـ تارتىشلار ھازىر دۇنيا تىلشۇناسلىق ساھەسىدىكى بىر قىزىق نۇقتا بولۇپ قالدى. شۇڭلاشقا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان گېرمانىيىدىكى تۈركولوگىيە ساھەسىدىمۇ تۈركىي تىللىرى ئىچىدىكى «خەتەر» گە يۈزلىنىۋاتقان بىر قىسىم كىچىك تىللار مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. مەسىلەن، ئىراندىكى قاشقاي تۈركلىرىنىڭ تىلى، بالتىق رايونىدىكى قارايىملارنىڭ تىلى، جۇڭگودىكى سالار، يۇغۇر(سېرىق ئۇيغۇر)، كۆك مونچاق (تۇۋا) لارنىڭ تىلى ھەمدە روسىيە فېدىراتسىيىسى تەۋەسىدىكى سىبىرىيە ۋە يىراق شەرق رايونلىرىدا ياشىغۇچى بىر قىسىم تۈركىي خەلقلەرنىڭ تىللىرى شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

— بۇ راستتىنلا مۇھىم مەسىلىكەن، — دېدىم مەن ئۇنىڭ سۆزىگە ئۇلاپلا، — ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن باشلاپ بىر قىسىم چەت ئەللىك تىلشۇناسلار جۇڭگودىكى نوپۇسى ئاز، ئەتراپتىكى چوڭ تىللارنىڭ تەسىرىدە بارغانسېرى يوقىلىپ كېتىش خەۋپى ئىچىدە تۇرۇۋاتقان تىللارنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى باشلىغان ئىدى. بۇ جەھەتتە جۇڭگونىڭ يۇننەن ئۆلكىسىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىللىرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئىشلىرى خېلى كۆپ بولدى. ئۇندىن باشقا مانجۇ، شىبە، سالار، يۇغۇر، تۇۋا تىللىرى ھەققىدىكى تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقاتلارمۇ مۇئەييەن دائىرىدە ئېلىپ بېرىلدى. لېكىن بۇ ھەقتە بىزدە تېخى كەڭ كۆلەملىك ئىزدىنىشلەر بولمايۋاتىدۇ.

— مەن سىزدىن بىر ئىشنى سوراپ باقسام، مۇمكىن بولسا ياردەم قىلغان بولسىڭىز، — دېدى بالدوف خانىم، — بىز كەلگۈسىدىكى بىر ـ ئىككى يىل ئىچىدە بىزنىڭ بۆلۈمدە سالار تىلى بويىچە بىر ئاسپىرانتلار كۇرسى ئېچىش پىلانىمىز بار ئىدى.لېكىن ھازىر سالار تىلىنى ياخشى بىلىدىغان ئوقۇتقۇچى مەسىلىسىگە دۇچ كېلىۋاتىمىز. ئەگەردە شىنجاڭدا ياكى جۇڭگونىڭ باشقا جايىدىكى ئىلمىي ئورۇنلىرىدا سالار تىلىنى بىلىدىغان بىرەر كىشى بولغان بولسا بىزگە ئالاقىلىشىپ بەرگەن بولسىڭىز. بىز يۇقىرى مائاش بىلەن ئىككى يىللىق توختام بويىچە تەكلىپ قىلالايتتۇق. لېكىن بىر شەرت ئۇ كىشى سالار تىلىغا پۇختا بولۇپلا قالماستىن گېرمان ياكى ئىنگلىز تىلىدىن بىرىنى ياخشى بىلىدىغان بولۇشى كېرەك.

— بولىدۇ، مەن سۈرۈشتۈرۈپ كۆرەي، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا جاۋابەن، — سالار تىلىنى بىلىدىغان كىشىلەر ھېلىھەم سالارلار ئىچىدە تېپىلىدۇ. بۇ ھەقتە تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بارغان بىر قىسىم تەتقىقاتچىلارمۇ بار بولۇشى

مۇمكىن. لېكىن ئىنگلىز ياكى گېرمان تىلىنى پۇختا بىلىدىغان، سالار تىلىدىن دەرس ئۆتەلەيدىغان بىرىنى تېپىش سەل تەسمىكىن.

— ئىشقىلىپ جۇڭگوغا قايتقاندىن كېيىن بىر سۈرۈشتۈرۈپ كۆرسىڭىز دېگەن ئۈمىدتىمەن.

بالدوف خانىم قارا چاچلىق ئېگىز بوي ئايال ئىدى. مۇنداق بىر قارىغان ئادەم ئۇنى ياۋروپالىق دەپ ئويلىمايتتى. ئۇزاق مەزگىل ئۆزبېكىستاندا تۇرۇش ۋە ئۆزبېك تىلى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا ئۇنىڭ چىرايىمۇ ئۆزبېك ياكى تاجىكلارنى تارتىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرى، ئاۋازى، تەلەپپۇز ۋە ئىنتوناتسىيىسىدىكى دەللىككە قاراپ، ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت مۇھىتىدا ئۆسكەن بىر ئايالدەك ھېس قىلىشقا بولاتتى.

مەن بالدوف خانىمغا ئۆزۈم ئالغاچ بارغان كىتابىمدىن ئىككى نۇسخا بەردىم. ئۇمۇ ئۆزىنىڭ يېقىندا ئېلان قىلىنغان ماقالىلىرىدىن تېرقانچىنى كۆرۈپ بېقىشىم ئۈچۈن بەردى. بىز ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇسلۇبىدا دەملەنگەن چايدىن ئىچىپ بولۇپ، بالدوف خانىم بىلەن خوشلاشتۇق.

چۈش بولۇپ قالغانىدى. بىز بىرئاز نەرسە يېگەندىن كېيىن تۈرپانشۇناسلىق ئىنستىتۇتىغا بارماقچى بولدۇق. بىر چوڭ كوچىدىن ئۆتۈپ، ئالدى تەرەپتىكى كەڭرى مەيدانغا بېرىشىمىزغا بىرمۇنچە كىشىلەرنىڭ قىيا ـ چىيا قىلىشىپ تۇرغانلىقىنى كۆردۇق. بىر توپ قىز ـ ئوغۇللار قوللىرىغا كىچىك تىپتىكى سىنئالغۇ ۋە رەسىم ئاپپاراتلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ سۈرەن ـ چۇقانلار بىلەن بىر كىشىنى ئورىۋېلىشقاندەك قىلاتتى. نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي، يېقىن بېرىپ قارىغان ئىدۇق. ھەيرانلىقىمدىن داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدىم. بىر جۈپ ئەر ـ ئايال قىپيالىڭاچ ھالەتتە كىشىلەر توپى ئارىسىدا ھېچ بىر ئۇيالماستىن مېڭىپ يۈرەتتى. ئەتراپتىكى قىز ـ ئوغۇللار كۈلۈشكەن پېتى ئۇلارنى سىنئالغۇ ۋە رەسىملەرگە ئالماقتا ئىدى. شۇنچە سوغۇقتا بۇ ئىككى كىشىنىڭ ئاندىن تۇغما بولۇپ كوچىدا يۈرۈشى مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمغا زادىلا سىغمىدى. بىر ھازادىن كېيىن ئىككى ساقچى ماشىنىسى كېلىپ ئۇلارنىڭ قېشىدا توختىدى. ماشىنىدىن ئىككى ئەر، ئىككى ئايال ساقچى چۈشتى ـ دە، ھېلىقى قىپيالىڭاچ ئەر ـ ئايالنىڭ قېشىغا بېرىپ كىيىملىرىنى كىيىۋېلىشقا نەسىھەت قىلدى. لېكىن ئۇلار ساقچىلارنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى ھەمدە ساقچىلارنىڭ ئۆزلىرىگە يېقىنلىشىشىغا يول قويمىدى. ئامالسىز قالغان ساقچىلار ماشىنىدىن ئىككى ئەديالنى ئېلىپ ئۇلارنىڭ ئورىنىۋېلىشىنى ئۆتۈندى. ئۇلار يەنىلا رەت قىلىپ، ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ قىيا ـ چىيالىرى ئىچىدە قىپيالىڭاچ پېتى ياندىكى كوچىغا كىرىپ كەتتى. مەن قېشىمدىكى ئابلەتتىن:

— بۇ نېمە گەپ ئۇزى، غەربنىڭ ئەركىنلىك ھەققىدىكى تەلىماتلىرى

كىشىلەرنىڭ ئەركىنلىك تۇيغۇسىنى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنمۇ قانداق؟ — دەپ سورىدىم.

— مەن گېرمانىيىدە ياشاۋاتقىلى بىرقانچە يىللار بولدى، بەزىدە بۇ خەقنىڭ ئىشلىرى پەقەتلا كاللامغا سىغمايدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا تاسادىپىيلا پاھىشە ئاياللارنىڭ قىپيالىڭاچ بولۇپ نامايىش قىلغانلىقىنى، ئوخشاش جىنسلىقلار ئارا مۇھەببەتلىشىدىغان زەيپانىلەرنىڭ ئۆز ھوقۇقلىرىنى قوغداش ئۈچۈن ئوچۇق ـ ئاشكارا چۇقان سېلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قېلىشىڭىز مۇمكىن. مانا بۇ غەربنىڭ بىزگە تېخى ئايان بولمىغان بىر تەرىپى. ھەتتا ياۋروپادىكى بىر قىسىم دۆلەتلەر زەيپانە ـ بەچچىۋازلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى دېگەن نەرسىنى قانونلاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىۋاتىدۇ. بىزگە نىسبەتەن ئۆز مىللىتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاق مىزانلىرىدىنمۇ گۈزەل تاللاش بولمىسا كېرەك، — دېدى ئابلەت ئويلانغان ھالدا.

— ئۇلار كوچىدا نېمىشقا قىپيالىڭاچ بولۇپ يۈرىدۇ؟



بېرلىندىكى ھىندى سەنئەت مۇزېيىدا كۆرگەزمە قىلىنغان بېزەكلىك مىڭئۆينىڭ قېزىۋېلىنغان پارچىسى

— بۇنىسىنى ماڭىمۇ نامەلۇم. ئېھتىمال، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتكە ياكى ھۆكۈمەتكە بولغان نارازىلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ياكى بولمىسا باشقا سەۋەبتىن بولسا كېرەك.

بىز ترامۋايغا چۈشۈپ، بېرلىننىڭ ئادەتتىكى كوچىلىرىنىڭ بىرىگە جايلاشقان تۇرپانشۇناسلىق ئىنستىتۇتى (Institut Turfanforschung) غا باردۇق. ئىنستىتۇتنىڭ ئىشخانىلىرى بىر بىنانىڭ ئىككىنچى قەۋىتىگە جايلاشقان بولۇپ، ئازادە ۋە رەتلىك ئىدى. بۇ پۈتكۈل ياۋروپا بويىچە بىردىنبىر «تۇرپانشۇناسلىق» نامى بىلەن ئاتالغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىدىكى يازما ۋەسىقىلەرنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلمىي ئورۇن ئىدى.

پروفېسسور پېتېر زېمې (Peter Zieme) بىلەن ئالدىن ئالاقىلىشالمىغان بولغاچقا، ئۇدۇللا بارغانىدۇق. دېگەندەك ئىشخانىسىدا يوق ئىكەن. سورۇشتۇرسەك باشقا بىر شەھەرگە ئۆچ كۈنلۈك يىغىنغا كېتىپتۇ. لېكىن بىزنى ئىنستىتۇتنىڭ كاتىپى بىلەن پېتېر زېمېنىڭ

بېتەكلىشىدە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بويىچە دوكتورلۇقتا ئوقۇۋاتقان ئىككى ئوقۇغۇچى قىزغىن قارشى ئالدى. ئۇلار تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر ھۆججەتنى ئوقۇۋاتقان ئىكەن، مەن ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىمىزنىڭ مىڭ يىللار ئاۋۋالقى قەدىمكى تىلدا يېزىلغان بۇ ۋەسىقىنى ئىنچىكىلىق بىلەن ئوقۇپ يېشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئاجايىپ بىر ھېسسىياتقا كەلدىم. ناھايىتى ئەپسۇس، مۇشۇ خەلقىنىڭ پەرزەنتى تۇرۇپ مەنمۇ بۇ قىممەتلىك ۋەسىقىلىرىمىزنى ئوقۇشقا قۇربىم يەتمەيتتى. شۇڭا ئۇلارغا ھەۋەس بىلەن قاراپ تۇرماقتىن باشقا ئامال بولمىدى.

مۇشۇ دەقىقىلەردە بىزنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشىمىزنىڭ پەقەت سىرتقى قاتلام بىلەنلا چەكلىنىپ كەلگەنلىكىنى، ئىچكى ماھىيەتكە چوڭقۇرلىشىشىمىزغا تېخى مەلۇم ئارىلىق بارلىقىنى ھېس قىلدىم. كاتىپ ئايال مېنىڭ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن كەلگەنلىكىمنى بىلتىپ، ئىنستىتۇتنىڭ ئارخىپ ئامبىرىنى زىيارەت قىلىشىمغا قوشۇلدى. بۇ يەردە 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا لېكوك، گرۇنۋېدىل قاتارلىق ئېكسپېدىتسىيىچىلەر تۇرپان ئويمانلىقىنى قىدىرىپ تەكشۈرۈش جەريانىدا قولغا چۈشۈرگەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى 40 مىڭدىن كۆپرەك ھۆججەت ۋە ۋەسىقىلەر ساقلىنىۋاتقان ئىكەن. ئادەتتە ۋەسىقىلەرنىڭ بىخەتەر ۋە ئۇزۇن ئەسلى بويىچە ساقلىنىشى ئۈچۈن ئارخىپخانىنى باكتېرىيىسىزلەندۈرگەن بولۇپ، مەخسۇس تەتقىقاتچى خادىملاردىن باشقا كىشىلەرنىڭ كىرىشىگە رۇخسەت قىلىنمايدىكەن. مەن كاتىپ ئايالنىڭ ئىلتىپاتىغا رەھمەت ئېيتىپ، ئارخىپقا كىرگەندە كىيىش ئۈچۈن مەخسۇس تەييارلانغان ئاق خالاتنى كىيىپ، ئايىغىمنى ئالماشتۇردۇم. ئارخىپخانىنىڭ ئىچى ناھايىتى ئىنچىكە ۋە پىلانلىق ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى.

كۆز ئالدىمدا بىر يېڭى دۇنيا نامايان بولدى. قاتار ـ قاتار ۋەسىقىلەر ۋە ھۆججەتلەر ئىككى تەرىپىگە باكتېرىيىدىن مۇداپىئەلىنىش ئەينىكى ئېلىنغان ھالدا ئالاھىدە لايىھىلەنگەن جازىلاردا تىزىقلىق تۇراتتى. ئىلگىرى كىتابلاردىن بۇ قىممەتلىك مىراسلىرىمىزنىڭ بىر قىسىم فوتوكوپىيە نۇسخىسىنى كۆرگەن بولساممۇ، لېكىن نەق ئۆزىنى كۆرۈشۈم بىرىنچى قېتىم ئىدى. 20 ـ ئەسىردىن بۇيان گېرمانىيە تۇپرىقىدا ئالبېرت فون لېكوك (A. von LeCoq) ، ف. ۋ. ك. مۇللېر (F.W.K.Müller)، ۋىلھېلم باڭ (Wilhelm Bang)، كلاپروت (J. Klaproth) گابائىن (A.von Gabain)، پېتېر زىمې (Peter Zieme)، كلائۇس رۆھبۆرن(Klaus Röhrbörn) قاتارلىق ئالىملار بۇ ئارخىپتىكى ۋەسىقىلەرنى تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىپ دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە ئالىملاردىن بولۇپ يېتىشىپ چىققانىدى. ھازىرغىچە بۇ ئارخىپ ئامبىرى ياۋروپادىكى قەدىمكى ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر ئەڭ مەركەزلىك ساقلانغان ئورۇن ھېسابلىناتتى. مەن ئارخىپنى

تەپسىلىي كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، كاتىپ ئايالنىڭ رۇخسىتى بىلەن بۇ يەردە ئىككى پارچە خاتىرە سۈرەتكە چۈشۈۋالدىم.

تۈرپانشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدىن قايتىپ چىقتۇق. كۈنمۇ خېلى كەچ بولۇپ قالغانىدى. ئەمدى ئۈممەدىنىڭ قېشىغا قايتىپ كېتىشىم كېرەك ئىدى. ئەتە، يەنى 26 ـ فېۋرال گېرمانىيىدىكى بىر ھەپتىلىك زىيارىتىمنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ستوكھولمغا قايتىمىسام بولمايتتى.

ئابلەت مېنى ئۈممەدىنىڭ ئىشخانىسىغا بارىدىغان مېترو لىنىيىسىگە سېلىپ قويدى. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتىم. ئۈممەد يەنە ئىنتېرنېت ئارقىلىق ئەتە ئەتىگەن بېرلىندىن ھامبۇرگغا قايتىدىغان بىر شەخسىي ماشىنا بىلەن كېلىشىپ قويغان ئىكەن. مەن شۇ كۈنى كەچقۇرۇن يول تەييارلىقلىرىمنى پۈتتۈرۈپ، ئەتىسى سەھەر يولغا چىقتىم. ئۈممەد مېنى مەركىزىي بېكەت ئالدىدىكى مەيدانغا ئەكىلىپ ھېلىقى ماشىنىغا سېلىپ قويدى. شۇنداق قىلىپ بېرلىندىكى بىرقانچە كۈنلۈك كۆڭۈللۈك ۋە ئەھمىيەتلىك ساياھىتىم ئاخىرلاشتى.

ھامبۇرگغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن لۈبېكتىكى ئايروپورتقا بىۋاستە قاتنايدىغان ئاپتوبۇسنى تېپىپ، شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئايروپىلاننىڭ ۋاقتىغا ئۈلگۈرۈپ يېتىپ باردىم. گېرمانىيە سەپىرىمنىڭ ئوڭۇشلۇق ۋە مەنىلىك بولغانلىقىدىن تولىمۇ خۇشال ئىدىم.

## ئون تۆتىنچى باب

# گۇننار ياررىڭنىڭ روھ ئالەمىنى ئىزدەپ

گېرمانىيىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، يەنە ئالدىراش خىزمەت قايىنىمىغا كىرىپ كەتتىم. مارت ئايلىرىدىكى دەرسىم باشلىنىشتىن بۇرۇن ئوتتۇرا ئاسىيا كۇتۇپخانىسىدىكى گۇننار ياررىڭنىڭ شەخسىي ماتېرىياللىرى ۋە ئارخىپلىرىنى



گۇننار ياررىڭ شۋېتسىيىنىڭ لۇند شەھىرىدە چىقىدىغان كۈندىلىك گېزىتتە ئېلان قىلىنغان شىنجاڭغا ئائىت ماقالە

روگېر ئەپەندىگە ياردەملىشىپ رەتلەش ئىشىنى داۋاملاشتۇردۇم. بۇ جەرياندا ياررىڭ ئەپەندىنىڭ ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيىتىگە دائىر زور مىقداردىكى تەتقىقات ماقالىلىرىدىن باشقا، يەنە ئۇنىڭ تۈرلۈك ساھەلەر ھەققىدە يېزىلغان بىر قىسىم

يازمىلىرى، ئوتتۇرا ئاسىياشۇناس ئالىملارنىڭ ئەسەرلىرىگە يازغان تەقرىز ـ باھالىرى، باش ئەلچى بولۇپ تۇرۇۋاتقان مەزگىللىرىدە يازغان سىياسىي ـ ئىجتىمائىي تېمىلاردىكى ماقالىلىرىمۇ قولۇمغا چىقتى.

شۇنىڭ بىلەن گۇننار ياررىڭنىڭ ھايات پائالىيىتى، قەشقەر بىلەن بولغان بىر ئۆمۈرلۈك رىشتىسى، ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيىتىگە بولغان چوڭقۇر ئىشتىياقى ھەمدە بۇ ساھەدە قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى، خەلقئارا دىپلوماتىيە ساھەسىدىكى ئاجايىپ خىزمەتلىرى شۇنىڭدەك ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدىكى تىنىمسىز ئىزدىنىشلىرى ھەققىدە تېخىمۇ چوڭقۇر بولغان ئۇچۇرلارغا ئىگە بولدۇم.

بەزىدە خىزمەت ئارىلىقىدىكى قەھۋە ۋاقتىدا ياررىڭ ئەپەندىنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى يېقىن دوستى، پروفېسسور ستافان رۆسېن ئەپەندى بىلەن گۇننار ياررىڭنىڭ كىشىلىك پەزىلىتى، مىجەز ـ خاراكتېرى ھەمدە كىشىلەر بىلەن بولغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتى ھەققىدە كۆپرەك پاراڭلىشاتتۇق. بىرگىت خانىممۇ ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىدىكى يوغان بىر دۆۋە ئورىگىنالنى ماڭا كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «قاراڭ، بۇ ياررىڭ ئەپەندىنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا بىزنىڭ ئىنستىتۇتتا لوپا ئەينەكنى قولىدا تۇتۇپ ئولتۇرۇپ يېزىپ رەتلىگەن ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى. بۇ لۇغەتنىڭ دەسلەپكى قىسمى 1964 ـ يىلى ستوكھولمدا ‹شەرقىي تۈركىيچە (ئۇيغۇرچە) ـ ئىنگلىزچە دىئالېكت لۇغىتى›[67] نامى بىلەن نەشر قىلىنغان. كېيىن ياررىڭ ئەپەندى دىپلوماتىيە ساھەسىدىن چېكىنىپ دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن بىزنىڭ ئىنستىتۇتتا بۇ لۇغەتنىڭ داۋامىنى بىرقانچە يىللار ئىشلىدى. بۇ ۋاقىتتا ئۇ ياشىنىپ قالغاچقا قەلەم تۇتسا قولى تىترەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. بۇ ئورىگىناللارغا قارىسىڭىز، بۇنى ئېنىق ھېس قىلالايسىز» دېگەنىدى. دېگەندەك مەن ئۇنىڭ نەچچە مىڭ ئورىگىناللىق قولىيازمىسىغا قاراپ، خەتلەرنىڭ تىترەپ يېزىلغانلىقىنى، ئوبدان دىققەت قىلمىسا، بەزى خەتلەرنى ئېنىق ئايرىۋالغىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم.



گۇننار ياررىڭ خەلقئارا دىپلوماتىيە ساھەسىدە نام چىقارغاندىن كېيىن گېزىتلەردە بېرىلگەن ھەجۋىي رەسىمى

[67] Jarring, Gunnar, *An Eastern Turki – English Dialect Dictionary*, Lund: CWK Gleerup, 1964

ھازىرغىچە بىزدە گۇننار ياررىڭنىڭ «قەشقەرگە قايتا سەپەر»[68]، «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ جەۋھەرلىرى»[69] قاتارلىق ئىككى پارچە ئەسىرى ئۇيغۇر تىلىدا نەشىر قىلىنغان بولۇپ، ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى دۇنياۋى تەسىرگە ئىگە بۇ شەخسنىڭ هاياتىي پائالىيەتلىرى ھەققىدە تېخى تولۇق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەس ئىدى. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، شۋېتسىيە ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەكىلى ھەمدە ئۆزىنىڭ خەلقئارا دىپلوماتىيە ساھەسىدىكى يۈكسەك تەسىرى بىلەن ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىلمىنى خەلقئارالاشتۇرۇشتا مۇئەييەن رول ئوينىغان بۇ كىشىنىڭ هايات پائالىيەتلىرى ھەققىدە ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىگە ئۇچۇر بېرىش زۆرۈر ئىدى.



گۇننار ياررىڭنىڭ ياشلىق مەزگىلى

ئۇنداقتا، گۇننار ياررىڭ كىم؟ ئۇنىڭ 20 ـ ئەسىردىكى شۋېتسىيە ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتىغا قوشقان مۇھىم تۆھپىلىرى قايسى جەھەتلەردە كۆرۈلىدۇ؟

شۋېتسىيىدە گۇننار ئالفرېد ياررىڭ ھەممىگە تونۇشلۇق بىر شەخس. بولۇپمۇ 20 ـ ئەسىرنىڭ 60 — 70 ـ يىللىرى ئۇ ئۆزىنىڭ خەلقئارا دىپلوماتىيە ساھەسىدىكى يۇقىرى نوپۇزى ھەمدە ئاكتىپ پائالىيەتلىرى بىلەن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان. تۈركولوگىيە ساھەسىدە بولسا ئۆزىنىڭ يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيىتى جەھەتلەردىكى مول سەمەرىلىك ئەمگەكلىرى بىلەن دۇنيا ئىلىم ساھەسىدە زور شۆھرەت قازانغان. ئۇ ئۆزىنىڭ دۇنيا دىپلوماتىيە مۇنبىرىدىكى تەڭداشسىز نوپۇزى ۋە تەسىرى بىلەن ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ شىمالىي ياۋروپادىكى بۇ كىچىك دۆلەتتىن ھالقىپ چىقىپ خەلقئارا ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇشىدا ھەم مۇھىم رول ئوينىغان.

گۇننار ياررىڭ 1907 ـ يىلى شۋېتسىيىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى سكانىيە ئۆلكىسىگە قاراشلىق ۋىكېن (Viken) بازىرىدا تۇغۇلغان. 1926 ـ يىلى ئۇ لۇند ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىرىدۇ ھەمدە گۇمانىتار ئىجتىمائىي پەن كەسپىنى تاللايدۇ. بولۇپمۇ تىلشۇناسلىق ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى شەرق تىللىرى ئۇنىڭ قىزىقىشىنى قوزغايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇنىۋېرسىتېتتا ئالدى بىلەن سېلىشتۇرما

[68] گۇننار ياررىڭ: «قەشقەرگە قايتا سەپەر»، ئابدۇغوپۇر سەئىدىن تەرجىمىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

[69] گۇننار ياررىڭ: «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ جەۋھەرلىرى»، مەمتىمىن يۈسۈپ، بارىجان زەپەر نەشرگە تەييارلىغان، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2000 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.



AltunOq

تىلشۇناسلىقتىكى مۇھىم تىللارنىڭ بىرى بولغان سانسكرىت (قەدىمكى ھىندى) تىلىنى ئۆگىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە گېرمان، رۇس، چېخ تىللىرىنىمۇ ئۆگىنىشكە باشلايدۇ. كېيىنچە رۇس تىلى ئوقۇتقۇچىسى مىخائىل خاندەمىروفنىڭ رۇس تىلىغا تۈركىي تىللىرىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەر ھەققىدىكى لېكسىيىسى ئۇنىڭ قاتتىق قىزىقىشىنى قوزغايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدا تۈركىي تىللىرنى ئۆگىنىش ئىشتىياقى قوزغىلىدۇ.

شۋېتسىيىنىڭ بىرىنچى ئەۋلاد تۈركولوگلىرىدىن گۇستاف رەكېت دەل مۇشۇ ۋاقىتتا لۇند ئۇنىۋېرسىتېتىدا تۈركولوگىيە ئوقۇتۇشى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتاتتى. ئۇ 1921 ـ يىلى قەشقەر ۋە يەركەندىكى 25 يىللىق ئۇزۇنغا سوزۇلغان دوختۇرلۇق ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ شۋېتسىيىگە قايتىپ كەلگەن بولۇپ، 1924 ـ يىلىدىن باشلاپ لۇند ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ تۈركولوگىيە كەسپىنى تەسىس قىلغان ۋە مۇشۇ كەسپىنىڭ شۋېتسىيىدىكى تۇنجى قارار پروفېسسورى بولغانىدى. گۇستاف رەكېتنىڭ تەسىرى ۋە قوللاپ قۇۋۋەتلىشى ئارقىسىدا ئۇنىۋېرسىتېت ھاياتىنى ئەمدىلا باشلىغان گۇننار ياررىڭ گېرمان ۋە سكاندىنوۋىيە تىللىرىغا قوشۇمچە قىلىپ تۈركىي تىللىرنى ئۆگىنىشكە باشلايدۇ.



تۈركولوگىيە ساھەسىدە چاقنىغان ياررىڭ
ئەپەندىنىڭ ھەجۋىي رەسىمى

1928 ـ يىلى ياررىڭ 21 يېشىدا لۇند ئۇنىۋېرسىتېتىدا گېرمان ۋە سكاندىناۋىيە تىللىرى بويىچە باكالاۋرلىقنى تۈگىتىدۇ. شۇندىن كېيىن، گۇستاف رەكېتنىڭ تەشەببۇسى بىلەن تۈركىي تىلى بويىچە ئاسپىرانتلىققا كىرىپ ئوقۇيدۇ. شۇندىن باشلاپ گۇننار ياررىڭنىڭ ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيىتى ھەققىدىكى ئۇزاق مەزگىللىك تەتقىقاتى باشلىنىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ «قەشقەرگە قايتا سەپەر» ناملىق تەرجىمىھال خاراكتېرلىق ئەسىرىنىڭ «مەن نېمە ئۈچۈن قەشقەرنى تاللىدىم» دېگەن بابىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: «كىشىلەر دائىم مەندىن نېمىشقا تۈركىي تىللىرىنى تەتقىق قىلىشنى تاللىۋالدىڭىز دەپ سورىشىدۇ. راستىنى دېسەم بۇنىڭغا ئۆزۈممۇ ئوچۇق بىرنەرسە دېيەلمەيمەن. مەن 1928 ـ يىلى ئەدەبىيات پەنلىرى بويىچە باكالاۋرلىقنى تۈگەتكەندىن كېيىن، مەخسۇس تۈركىي تىل ـ ئەدەبىياتى ۋە تىلشۇناسلىقى بويىچە ماگىستىرلىقتا ئوقۇشنى قارار قىلدىم. نۇرغۇن دوستلىرىم مېنىڭ بۇ قارارىمنى پۈتۈنلەي ئەقىلدىن ئازغانلىق دەپ قاراشتى.

ئۆلارنىڭ قارىشىچە پەقەت نومۇر ئېلىش ئېھتىياجىدىن بۇ پەننى ئۆگىنىشنى توغرا چۈشەنگىلى بولىدۇ، لېكىن تېخىمۇ يۇقىرى بولغان ئىلمىي ئۇنۋان ھەمدە كەلگۈسىدىكى خىزمەت مەسىلىسىنى دەپ بۇ كەسىپنى تاللاش پۈتۈنلەي ئەخمىقانىلىق ھېسابلىناتتى. شۇڭلاشقا مەن ئۇنىۋېرسىتېتىمىكى ساۋاقداشلىرىم ئارىسىدا «ئىلىم ساھەسىدىكى سەرگەردان» دېگەن ئاتاقنى ئالدىم. ۋەھالەنكى، گۇستاف رەكېت مېنىڭ بۇ تاللىشىمنى قەتئىي قوللىدى. چۈنكى مەن ئۇنىڭ لۇند ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئەمدىلا تەسىس قىلىنغان يېڭى كەسپىنىڭ تۇنجى تىرىك ئىسپاتى ئىدىم. تېخىمۇ مۇھىمى، ئاتا - ئاناممۇ مېنىڭ بۇ تاللىشىمنى قوللىدى. دادام تولىمۇ ئەمەلىي كىشى بولغاچقا، ئىقتىسادىي سەۋەب تۈپەيلى مېنىڭ ئانچە رېئال بولمىغان بۇ تاللىشىمنى رەت قىلىشىمۇ بولاتتى. چۈنكى ئۇ چاغلاردا مەن تۇرمۇش


INTERNATIONAL REVIEW SERVICE

THE ARAB-ISRAEL CONFLICT AND THE UN

THE 1967 ROUND
PRELUDE - JUNE WAR - JARRING MISSION

BIG FOUR PEACE PROPOSALS
BIG FOUR INVOLVEMENT AND ACTIVITIES IN MIDDLE EAST
POSITIONS OF COMBATANTS — ISRAEL/UAR, JORDAN, SYRIA
U THANT — SECURITY COUNCIL — ASSEMBLY
SUMMARIES OF POSITIONS OF OTHER COUNTRIES

ب د ت نىڭ ئەرەب- ئىسرائىلىيە مەسىلىسىنى ياراشتۇرۇشتىكى پەۋقۇلئاددە ھوقۇقلۇق ئەلچىسى- گۇننار ياررىڭنىڭ 1967- يىلىدىكى دوكلاتى

راسخوتى جەھەتتىن پۈتۈنلەي دادامنىڭ ياردىمىگە تايىناتتىم. ئەمما دادام ئۇنداق قىلمىدى، بەلكى ماڭا ھەم مېنىڭ تاللىشىمغا ئىشەندى. ئۇ دېھقان بولۇپ، مەن ئوقۇماقچى بولغان كەسپنىڭ ياخشى - يامانلىقىنى ئانچە چۈشىنىپ كەتمەيتتى. ئۇنىڭ ماڭا بولغان ئىشەنچىلا ئۇنىڭغا مېنىڭ تاللىشىمنىڭ توغرا بولغانلىقىدىن دالالەت بېرىپ تۇراتتى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا كۆۋەجەپ تۇرغان دىنىي ھېسسىياتىمۇ ماڭا بولغان ئىشەنچىنى كۈچەيتكەن بىر ئامىل بولۇشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭلاشقا مەن قىلىچە ئىككىلەنمەستىن تۈركولوگىيە ئىلمىنى ئۆزۈمنىڭ ئۆمۈرلۈك كەسپىم قىلىپ تاللىدىم».[70]

1928 - يىلى ئەتىيازدا ياررىڭ ئاسپىرانتلىق ئوقۇشىدىكى كەسپىي ئېھتىياج تۈپەيلىدىن بېرلىندا ئېچىلغان «شەرقشۇناسلىق مەخسۇس كۇرسى» غا كىرىپ ئوقۇيدۇ. بۇ ئەينى ۋاقىتتا پۈتكۈل ياۋروپادىكى ئەڭ مەشھۇر شەرقشۇناسلىق مەركىزى ئىدى. ئۇ بېرلىندىكى كۇرسقا بارغاندىن كېيىن مەشھۇر گېرمان تۈركولوگى ۋىلھېلم باڭدىن «تارانچى تىلى» (يەنى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىلى شېۋىسى)

70 [瑞典]贡纳尔·雅林：《重返喀什噶尔》，新疆人民出版社，1994年版，第34，38页

توغرىسىدا دەرس ئاڭلايدۇ. بۇ كۇرسقا قاتناشقانلارنىڭ ئىچىدە ئاننېمارىيە ۋون گاباتىن، كارل مېنگېس، رەشىت رەھمەتى ئارات، سائادەت چاغاتاي قاتارلىقلارمۇ بار بولۇپ، كېيىنچە ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى دۇنياغا داڭلىق تۈركولوگلاردىن بولۇپ يېتىشىپ چىققانىدى.

ۋىلھېلم بالڭ قاتارلىق گېرمان تۈركولوگلىرى ئۆز دەۋرىدە رادلوف قاتارلىق رۇس تۈركولوگلىرىنىڭ تۈركىي ئېغىز تىلىنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدىكى قاراشلىرىغا رەددىيە بېرىپ، ئورتاق تۈركىي ئەدەبىي تىلىنى قېلىپلاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلاتتى. گۇستاف رەكېتمۇ تۈركىي ئەدەبىي تىلنى تەشەببۇس قىلىپ ئۆز تەتقىقات يۆنىلىشىنى شۇ تەرەپكە قاراتقانىدى. شۇڭلاشقا ياررىڭ ئۇلارنىڭ قاراشلىرىغا قارشى ھالدا تۈركىي ئېغىز تىلىنى تەتقىق قىلىشقا قىزىقىپ قالىدۇ ھەمدە بۇ ھەقتە بىر قېتىملىق ئەمەلىي تىل تەكشۈرۈشى ئېلىپ بېرىشنى كۆڭلىگە پۈكىدۇ. دەل شۇ پەيتتە ئۇ گېزىتتىن سۋېن ھېدىننىڭ بېرلىندا ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ بەشىنچى قېتىملىق ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيىسى ئۈچۈن ئىقتىساد توپلاۋاتقانلىق خەۋىرىنى كۆرىدۇ. ئۇ بۇنىڭغا قىزىقىپ سۋېن ھېدىننىڭ ئېكسپېدىتسىيە ئۆمىكى تەركىبىدە شىنجاڭغا بېرىپ تىل تەكشۈرمەكچى بولىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ بۇ خىيالى ئۆز ۋاقتىدا ئەمەلىيلەشمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ قارارىدىن يېنىپ، بۇداپېشتقا كېتىدۇ.




گۇننار ياررىڭنىڭ ئامېرىكىدا چىقىدىغان «ھەپتىلىك خەۋەرلەر» ژۇرنىلىنىڭ مۇقاۋىسىغا بېسىلغان سۈرىتى

1929 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ئۇ بۇداپېشتتا تۈركىيە دىپلوماتىيىسى بويىچە ئېچىلغان مەخسۇس كۇرسقا كىرىپ ئوقۇيدۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ تۈركولوگىيە جەھەتتىكى بىلىمىنى يەنىمۇ ئاشۇرىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ بۇداپېشتتا مەشھۇر تۈركولوگ گيولا نېمېس بىلەن تونۇشىدۇ ھەمدە يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىدۇ.

گۇننار ياررىڭ ئۆز خاتىرىسىدە بېرلىن ۋە بۇداپېشتتا ئوقۇۋاتقان ۋاقىتلىرىنىڭ ناھايىتى جاپالىق بىر جەريان بولغانلىقىنى يازىدۇ: «بېرلىن بىلەن بۇداپېشتتا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا، تۇرمۇش ئۆلچىمىم ئىنتايىن تۆۋەن ئىدى. ھازىرقى ئوقۇغۇچىلار بۇنى پەقەتلا تەسەۋۋۇرىغا سىغدۇرالمايدۇ ھەم قوبۇل قىلالمايدۇ. تولىمۇ چەكلىك تۇرمۇش خىراجىتىمنى تېجەپ ئىشلىتىپ كۈن كەچۈرەتتىم. بەزىدە بەرداشلىق بېرەلمىگىلى تاسلا قالاتتىم. مەن بېرلىندا تۇرغاندا ئالېكساندىر

پراتسدىن ئانچە يىراق بولمىغان بىرجايدىن ئۆي ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇردۇم. ئۇ يەردە گاھ پەيدا بولۇپ، گاھ يوقىلىپ تۇرىدىغان چۈشلارنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتتىم. كېيىن ۋېندسور مېھمانخانىسىغا ئورۇنلاشتىم. بۇ مېھمانخانا ئانچە چوڭ ئەمەس ئىدى، لېكىن پاكىز، ياتاق باھاسىمۇ ئەرزان ئىدى. ئەڭ تىۋۋەن تۇرمۇش راسخوتىغا تايىنىپ كۈن ئۆتكۈزۈش، بەزىدە ئادەمنى راستتىنلا ئازابلايتتى. بىراق، بۇنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە ئالغا ئىلگىرىلىشىمگە ناھايىتى زور پايدىسى بولدى. بۇداپېشتتا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا، شەھەر ئەتراپىدا ئولتۇرۇشلۇق بىر ۋېنگىرىيىلىكنىڭ بىر ئېغىز ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇردۇم. بۇداپېشتتا 1 ـ ، 2 ـ ئايلاردا سوغۇق قاتتىق بولاتتى. پار تۇرۇبىسى ئىسسىمىغاچقا، ھەر كۈنى كەچقۇرۇن يوتقانغا يۆگىنىپ ئولتۇرۇپ ئۆگىنىش قىلاتتىم». [71]



گۇننار ياررىڭنىڭ دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئۈچۈن يازغان دىسسېرتاتسىيىسى: «ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات»، 1933 ـ يىلى

ئۇ بۇداپېشتتىكى كۇرسىنى تاماملاپ، لۇند ئۇنىۋېرسىتېتىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن بەزىدە بانكىدىن قەرز ئېلىپ، بەزىدە گېزىتلەرگە ماقالە يېزىپ تاپقان قەلەم ھەققىگە تايىنىپ مۇستەقىل ياشايدۇ. ئەلۋەتتە، شۋېت ياشلىرىدىكى 18ياشتىن كېيىن ئۆزىگە تايىنىپ ياشاش روھىنى بىزدىكى ئاتا ـ ئانىغا تايىنىۋېلىش خاھىشى بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. شۇنداق قىيىن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ بىر ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ياردىمى بىلەن لۇند ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدىن بىر كىشىلىك خىزمەتكە ئېرىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ تۇرمۇش راسخوتى كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ ھەمدە ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

1929 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئۇ ئوقۇتقۇچىسى گۇستاف رەكېت بىلەن ماگىستىرلىق ماقالىسىنىڭ تېمىسى ھەققىدە سۆزلىشىدۇ ھەمدە بېكىتىلگەن تېما ئاساسىدا كەلگۈسىدىكى دوكتورلۇق ماقالىسى ئۈچۈنمۇ ئاساس سالماقچى بولىدۇ. رەكېت ئۇنىڭغا مۇنداق ئىككى خىل تەكلىپنى بېرىدۇ: بىرى ھازىرقى زامان تۈركىيە تۈركچىسى بويىچە

---

[71] [瑞典]贡纳尔・雅林：《重返喀什噶尔》，新疆人民出版社，1994 年版，第41页
گۇننار ياررىڭ: «قەشقەرگە قايتا سەپەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 ـ يىل نەشرى، 83 ـ، 84 ـ بەتلەر.

ئىزدىنىش. بۇنى تاللىغاندا چوقۇم ئىستانبۇلغا بېرىپ بىر مەزگىل ئوقۇش ۋە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش؛ يەنە بىرى، شەرقىي تۈركىي تىلى بويىچە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ قەشقەرگە بېرىش.

ئۇ بۇ ئىككى خىل تاللاشنى تەپسىلىي دەڭسەپ كۆرۈپ، ئەڭ ئاخىرىدا قەشقەرگە بېرىشنى قارار قىلىدۇ. بۇ خىل تاللاشنىڭ ئۇنىڭ كېيىنكى ھايات يولىدا قانچىلىك مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغانلىقىنى ئۇ كېيىنكى ئەسلىمىلىرىدە ئوچۇق تىلغا ئالىدۇ. ئۇستازى گۇستاف رەكېتمۇ ياررىڭنىڭ قارارىدىن ناھايىتى خۇشال بولىدۇ ھەمدە پۈتۈن كۈچى بىلەن ئوقۇغۇچىسىنىڭ قەشقەرگە بېرىشتىكى ئۇزۇن سەپىرى ئۈچۈن ياردەم بېرىدۇ. 1929 - يىلى كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ستوكھولمدىن بىر مىسسىئونېرلار ئۆمىكىنىڭ قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقىش ئالدىدا تۇرغانلىقى ھەققىدە خەۋەر كېلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن گۇستاف رەكېت دەرھال بۇ كىچىك ئۆمەك بىلەن ئالاقىلىشىپ، ياش ياررىڭنىڭ بۇ ئۆمەككە قوشۇلۇپ قەشقەرگە بىللە بېرىشىنى سۆزلىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار سكاندىناۋىيە يېرىم ئارىلىدىكى بۇ تىنچ دۆلەتتىن يىراقتىكى قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقىدۇ.

گۇننار ياررىڭ قوشۇلغان بۇ كىچىك ئۆمەك 1929 - يىل 8 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ستوكھولمدىن يولغا چىقىپ، فىنلاندىيىنىڭ پايتەختى خېلسىنكى ئارقىلىق، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ لېنىنگراد (ھازىرقى سانكت - پېتېربۇرگ) شەھىرىگە يېتىپ بارىدۇ. ئۇ يەردىن موسكۋاغا بېرىپ، پويىز بىلەن ئۇدۇل تاشكەنتكە بارىدۇ. ئۇ يەردىن ئوشقا كېلىپ، مەخسۇس كارۋان بولۇپ تەشكىللىنىپ، جاپالىق سەپەرلەر ئارقىلىق تەڭرى تاغلىرىنى كېسىپ ئۆتۈپ ئەڭ ئاخىرىدا قەشقەرگە يېتىپ بارىدۇ. شۇنداق قىلىپ، گۇننار ياررىڭ 1929 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن 1930 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە


1972- يىلى 11- يانۋاردا گۇننار ياررىڭ ب د ت باش كاتىپلىق سايلىمىدا ئۈچ ئاۋاز كەم بولۇشى بىلەن رىقابەتچىسى — ئاۋستىرىيىلىك كۇرت ۋالدىيھەيمغا ئۇتتۇرۇپ قويىدى

قەشقەر، يېڭىسار، ئاتۇش قاتارلىق جايلاردا ئۇيغۇر تىلى ۋە فولكلور مەدەنىيىتى بويىچە مەخسۇس تەكشۈرۈشتە بولىدۇ. بۇ قېتىمقى قەشقەر سەپىرى ئۇنىڭغا ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ جاپالىق ۋە ئۇزاق مەزگىللىك قوۋۇقىنى ئېچىپ بېرىدۇ. ئۇ يېڭىساردىكى ئوردام مازىرىنى تەكشۈرۈش جەريانىدا كېزىك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قەشقەردە بىرقانچە ئاي ئۇرۇن تۇتۇپ يېتىپ قالىدۇ. قىزىتمىسى


AltunOq

ئۆزۈنغىچە يانماي ھاياتىدىن ئايرىلغىلى تاسلا قالدۇ. ساقايغاندىن كېيىن سالامەتلىكى ئەسلىگە كېلەلمىگەچكە، يەركەن ۋە خوتەنلەرگە بېرىپ تىل تەكشۈرۈش پىلانىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئۇ ۋەتىنىگە قايتقاندىن كېيىن، بۇ قېتىملىق ئەمەلىي تىل تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرى ئاساسىدا 1933 ـ يىلى «شەرقىي تۈركىي تىلى (ئۇيغۇر تىلى) فونېتىكىسى ھەققىدە تەتقىقات»[72] ناملىق دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسىنى غەلىبىلىك تاماملايدۇ ھەمدە پەلسەپە پەنلىرى بويىچە دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن لۇند ئۇنىۋېرسىتېتىدا تۈركولوگىيە كەسپى بويىچە ياردەمچى پروفېسسور بولۇپ ئىشلەيدۇ. شۇ يىللىرى يەنە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى، شىمالىي ھىندىستان، ئافغانىستان، ئوتتۇرا شەرق، تۈركىيە قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقاتلاردا بولىدۇ. بولۇپمۇ 1935 ـ يىلى شىنجاڭغا يەنە بىر قېتىم بېرىپ ئۇيغۇر تىلى ۋە فولكلور مەدەنىيىتى بويىچە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا تىرىشقان بولسىمۇ، لېكىن ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭ ۋەزىيىتىنىڭ جىددىيلىكى تۈپەيلىدىن چېگرىدىن كىرىشكە ئىجازەت ئالالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئامالسىز كەشمىر ۋە ئافغانىستاندىكى ئۇيغۇر كۆچمەنلىرى ئارىسىدا تىل ۋە فولكلور تەكشۈرۈشى ئېلىپ بارىدۇ ھەمدە مول ماتېرىياللارغا ئېرىشىدۇ. چۈنكى شۇ دەۋرلەردە جەنۇبىي شىنجاڭدىن ھىندىستاننىڭ كەشمىر رايونىغا كېلىپ ـ كېتىپ تۇرىدىغان خېلى كۆپ ئۇيغۇر سودىگەرلىرى ۋە كارۋانلىرى بار ئىدى. شۇڭلاشقا ياررىڭ كەشمىرنىڭ سىرىناگار شەھىرىدە بىر مەزگىل تۇرۇپ شىنجاڭدىن مال ئېلىپ كەلگەن ئۇيغۇر سودىگەرلىرى ئېغىزىدىن ئۇيغۇر فولكلورىغا دائىر مول ماتېرىياللارنى توپلايدۇ. شۇندىن كېيىن ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېك تىللىرى، شۇنىڭدەك فولكلور مەدەنىيىتىگە دائىر ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلىشقا باشلايدۇ. 1939 ـ يىلى ياررىڭ تاسادىپىي بىر پۇرسەتتە شۋېتسىيە دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ ۋاقىتلىق تۈرك تىلى تەرجىمانلىقى ئىشىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. شۇندىن باشلاپ شۋېتسىيە دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى ئۇنىڭ شەرق تىللىرى جەھەتتىكى مول



ياررىڭ ئەپەندى ئايالى بىلەن يۇرتى ۋىكېن بازىرىدا

[72] Jarring, Gunnar, *Studien zu einer ostt□ischen Lautlehre*, Lund – Leipzig, 1933;
贡纳尔·雅林:《维吾尔语语音学研究》,《重返喀什噶尔》，新疆人民出版社，1994 年版

بىلىمىگە قىزىقىپ قالىدۇ. 1940 ـ يىلى ياررىڭ لۇند ئۇنىۋېرسىتېتىدىن ئايرىلىپ، دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىغا يۆتكىلىپ كېلىدۇ ھەمدە شۇ يىلى شۋېتسىيىنىڭ ئەنقەرەدىكى ئەلچىخانىسىغا خىزمەتچى خادىم سۈپىتىدە ئەۋەتىلىدۇ. ئۇنىڭ تۈرك، پارس، ئەرەب تىللىرى، شۇنىڭدەك ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى تۈركىي تىللىرى جەھەتتىكى بىلىمى ۋە تىل قابىلىيىتى دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكىدىكىلەرنىڭ قايىللىقىنى قوزغايدۇ. ئۇ 1941 — 1945 ـ يىللىرى شۋېتسىيىنىڭ يېڭى دېھلى ۋە باغداتتا تۇرۇشلۇق دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلىنىدۇ. 1946 ـ يىلى ئۇ شۋېتسىيىنىڭ ئېفىئوپىيەدىكى تۇنجى ئەلچىخانىسىنى قۇرىدۇ ھەمدە باش ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. 1948 ـ يىلى ئۇ يەنە شۋېتسىيىنىڭ ھىندىستان ۋە سىرىلانكىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلىكىگە تەيىنلىنىدۇ. 1951 — 1956 ـ يىللىرى ۋەتىنىگە قايتىپ دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىدا خىزمەت قىلىدۇ. كېيىن يەنە شۋېتسىيىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلىكىگە تەيىنلىنىدۇ. 1957 — 1958 ـ يىللىرى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلىنىپ، ھىندىستان بىلەن پاكىستان ئوتتۇرىسىدىكى كەشمىر مەسىلىسىنى ياراشتۇرغۇچى تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىل بولىدۇ. 1958 — 1964 ـ يىللىرى شۋېتسىيىنىڭ ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى بولىدۇ. 1964 — 1973 ـ يىللىرى شۋېتسىيىنىڭ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن موڭغۇلىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. 1967 ـ يىلى ب د ت باش كاتىپىنىڭ ئوتتۇرا شەرق رايونىدىكى تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى بولۇپ، پەلەستىنلىكلەر بىلەن ئىسرائىلىيە ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنى ياراشتۇرۇش ئىشلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ.1971 ـ يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى باش كاتىپلىقىنىڭ نامزاتلىقىغا كۆرسىتىلىپ، ئاخىرقى سايلامدا ئۈچ بىلەتنىڭ كەم چىقىشى بىلەن ئاۋستىرىيە دىپلوماتى ۋالدېيمغا ئۇتتۇرۇپ قويىدۇ. 1973 ـ يىلى گۇننار ياررىڭ كەسپىي دىپلوماتلىق ئورنىدىن ئايرىلىپ پېنسىيىگە چىقىدۇ.



شۋېتسىيىنىڭ ئامېرىكىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان گۇننار ياررىڭ ئامېرىكىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلىك ۋەزىپىسىدە تۇرۇۋاتقان جورج بۇش بىلەن بىللە

شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش زۆرۈركى، گۇننار ياررىڭ ناھايىتى ئالدىراش دىپلوماتىيە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان يىللاردىمۇ ئۇيغۇر تىلى، ئەدەبىياتى، تارىخى ۋە مەدەنىيىتى ھەققىدىكى تەتقىقاتىنى ئەسلا تاشلاپ قويمايدۇ. ئۇ 1946 — 1951 - يىللىرى ئېفىئوپىيە ۋە ھىندىستاندا باش ئەلچى بولۇپ ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان يىللىرى بوش ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ 1930 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا كەشمىردىكى ئۇيغۇر كارۋانلىرى ئارىسىدىن توپلىغان فولكلور ماتېرىياللىرىنى رەتلەپ تۆت توملۇق «ئۇيغۇر خەلق بىلىملىرى ماتېرىياللىرى»[73] ناملىق فولكلور مەنبەشۇناسلىقىغا دائىر ئەسەرىنى ئېلان قىلىدۇ. بۇ تۆت توملۇق كىتابتا ياررىڭ قەشقەر، كۇچا، يەركەن ۋە خوتەن رايونىدا ئەل ئارىسىدا ساقلىنىپ ۋە ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان چۆچەكلەر، لەتىپىلەر، رىۋايەت - قىسسىلەر، تېپىشماقلار، ماقال - تەمسىللەر، ئۆرپ - ئادەتلەر، زور تارىخىي ۋەقەلەر، كۈندىلىك ھاياتقا دائىر بايانلار، كىيىم - كېچەك ۋە يېمەك - ئىچمەككە دائىر بىلىملەر، سەپەر ۋە يول تەسۋىرلىرى، باللار ۋە ئاياللارغا دائىر بايانلار بولۇپ ناھايىتى كۆپ مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئەسەر كېيىنچە ياۋروپا تۈركولوگلىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلى ۋە فولكلور مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشىدا مۇھىم مەنبە سۈپىتىدە رول ئوينايدۇ. بۇ تۆت توملۇق ئەسەرنىڭ ئۇيغۇرچە قىسقارتىلغان نۇسخىسى 2000 - يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.[74] 1964 - يىلى ئۇ «شەرقىي تۈركىيچە - ئىنگلىزچە دىئالېكت لۇغىتى»[75] نى نەشر قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ جەنۇبىي دىئالېكتلىرىنىڭ 20 - ئەسىردىكى مۇكەممەل لۇغەتلىرىدىن بىرى دۇنياغا كېلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىنكى يىللاردا گۇننار ياررىڭ يەنە ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى ھەققىدە نەچچە ئونلىغان تېكىستلەر ۋە ماقالىلەرنى ئېلان قىلىدۇ. ئۇ دىپلوماتىيە خىزمىتى ئىشلەۋاتقان ئالدىراش يىللاردىمۇ، پېنسىيىگە چىقىپ شۋېتسىيىنىڭ جەنۇبىدىكى گۈزەل بازار ۋىكېنگە قايتقان ئاخىرقى ئۆمرىدىمۇ ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيىتى ھەققىدىكى تەتقىقاتىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن ئېلان قىلغان «قەشقەر تېكىستلىرى» ھەمدە ئۇيغۇر فولكلور مەدەنىيىتىگە دائىر زور ھەجىملىك ماقالىلىرى خەلقئارا ئىلىم ساھەسىدە كۈچلۈك تەسىر قوزغايدۇ.

---

[73] Jarring, Gunnar, *Materials to the knowledge of Eastern Turki: Tales, poetry, proverbs, riddles, ethnological and historical texts from the southern parts of Sinkiang* (Book 1. Texts from Kashgar and Yarkand, 1946; Book 2. Texts from Kashgar, Tashmaliq and Kucha, 1948; Book 3. Folklore from Guma, 1951; Book 4. Ethnological and historical texts from Guma, 1951) Lund: CWK Gleerup.

[74] گۇننار ياررىڭ: «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ جەۋھەرلىرى»، مەمتىمىن يۈسۈپ، بارىجان زېپەر نەشرگە تەييارلىغان، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 2000 - يىل نەشرى.

[75] Jarring, Gunnar, *An Eastern Turki - English Dialect Dictionary*, Lund: CWK Gleerup, 1964

1979 ـ يىلى گۇننار ياررىڭ شىنجاڭغا، جۈملىدىن قەشقەرگە قايتا كېلىش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولىدۇ. ئۇ «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» ئاخىرلىشىپ جۇڭگو هۆكۈمىتى سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىشقا باشلىغاندىن كېيىن شىنجاڭغا زىيارەتكە كەلگەن تۇنجى ياۋروپالىقلارنىڭ بىرى ھېسابلىناتتى. 1929 ـ يىلى ئۇ قەلبىگە يېقىن ئارزۇ ـ ئارمانلارنى يۈكۈپ، تاغ ـ دەريالار ئاتلاپ شىمالىي ياۋروپادىكى كىچىك دۆلەتتىن يىراق مەركىزىي ئاسىيادىكى قەشقەرگە تۇنجى قېتىم كەلگىنىدە ئەمدىلا 22 ياشقا كىرگەن ياش يىگىت ئىدى. ئۇ ئۆز دەۋرىدىكى قەشقەرمۇ قەدىمىي يىپەك يولى بويىدىكى تېخىچە ئوتتۇرا ئەسىر مەنزىرىسىنى يوقاتمىغان بىكىك بىر شەھەر ئىدى. يېرىم ئەسىردىن كېيىن خەلقئارا دىپلوماتىيە ساھەسىدە داڭق چىقارغان، ياۋروپا ئۇيغۇرشۇناسلىقىنىڭ يېتەكچىلىرىدىن بىرىگە ئايلانغان بۇ كىشى بۇ قەدىمىي تۇپراققا قايتا دەسسىگىنىدە چاچلىرىغا ئاق ئارىلىغان 72 ياشلىق بىر بوۋايغا ئايلانغانىدى. قەشقەر شەھىرىمۇ ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى ئوتتۇرا ئەسىرگە خاس قەدىمىي لاتاپىتىنى يوقىتىپ، زامانىۋى دولقۇنىنىڭ بوسۇغىسىدا تۇرۇۋاتاتتى. بۇ قېتىمقى قەشقەر سەپىرى گۇننار ياررىڭنى يەنە قولىغا قەلەم ئېلىپ قەشقەر ھەققىدە ئەسلىمە يېزىشقا قىستىدى. شۇ يىلى 70 ياشتىن ھالقىغان بۇ بوۋاي ئاتلانتىك ئوكيان بويىدىكى جىمجىت بازار ۋىكېندىكى داچىسىدا مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ «قەشقەرگە قايتا سەپەر»[76] ناملىق كىتابىنى يېزىپ چىقتى. كېيىن بۇ كىتابنىڭ ئىنگلىزچە، خەنزۇچە تەرجىمىلىرىمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن نەشردىن چىقتى. 1998 ـ يىلى بۇ كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى. ئۇ مەزكۇر كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە نەشرىگە مۇنداق بېغىشلىما يېزىپ بېرىدۇ: «مەن قەشقەرنى بىرىنچى قېتىم زىيارەت قىلغىنىمغا ناھايىتى ئۇزۇن يىللار بوپتۇ. ئارىدىن يېرىم ئەسىر ۋاقىت ئۆتۈپ بۇ يەرگە قايتا كەلگىنىمدە كۆرگىنىم زامانىۋى تۇرمۇشقا لايىق ھەممە نەرسە تېپىلىدىغان، يېپيېڭى قەشقەر بولدى. ئەمما مېنىڭ سېغىنىدىغىنىم يەنىلا قەشقەرنىڭ ئاۋۋالقى ئاشۇ سېھرىي كۆچى ۋە مېنى قەدىناس



گۇننار ياررىڭ دەم ئېلىش كۈنلىرىدە ئايالى
ۋە ئامراق ئىتى بىلەن بىللە

[76] Jarring, Gunnar, □er till Kaschgar , Stockholm ,1979; Gunnar Jarring, *Return to Kashgar*, Durham, N. C. 1986;
贡纳尔・雅林：《重返喀什噶尔》，新疆人民出版社，乌鲁木齐
گۇننار ياررىڭ: «قەشقەرگە قايتا سەپەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 1998 ـ يىل.

دەپ بىلىدىغان ئۇيغۇر خەلقىدۇر.»[77]

1991 ـ يىلى گۇننار ياررىڭ شىۋېت مىسسىيونېرلىرىنىڭ قەشقەردىكى باسمىخانىسى ھەمدە بۇ باسمىخانىدا بېسىلغان ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ مۇندەرىجىسى ۋە ئومۇمىي ئەھۋالى ھەققىدە «قەشقەردىكى باسما بۇيۇملار»[78] ناملىق مەنبەشۇناسلىق ئەسىرىنى ئېلان قىلدى. بۇ كىتاب شىۋېت مىسسىيونېرلىرىنىڭ قەشقەردىكى باسمىخانىسى 25 يىل جەريانىدا (1912 — 1938) قەشقەردە باسقان ئۇيغۇرچە كىتاب ـ ماتېرىياللارنى توپلاش ئاساسىدا يورۇقلۇققا چىققان بولۇپ، ئۆز دەۋرىدىكى قەشقەردە بېسىلغان باسما بۇيۇملارنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

1997 ـ يىلى، ياررىڭ ئەپەندى 90 ياشقا كىرگەن ۋاقتىدا «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي يەر ـ جاي ناملىرى — لوپنۇر ۋە تارىم ۋادىسى تىمىسالىدا»[79] ناملىق زور ھەجىملىك ئىزاھلىق ئىلمىي ئەسىرىنى نەشر قىلدۇرىدۇ. بۇ زور ھەجىملىك ئىلمىي ئەمگەكتە ئۇ شىۋېتسىيىلىك مەشھۇر ئېكسپېدىتسىيىچى سۋېن ھېدىننىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى ۋە ئەسلىمىلىرى ـ كېيىن بولۇپ ئېلان قىلىنغان نەچچە ئونلىغان ئىلمىي ئەسەرلىرىدە ئۇچرايدىغان لوپنۇر ۋە تارىم ئويمانلىقىغا دائىر يەر ـ جاي ناملىرىنى رەتلەپ، تۈرگە ئايرىپ ھەمدە ئىزاھلاپ چىقىدۇ. بۇ ئەسەرنىڭ ئېلان قىلىنىشى شىنجاڭنىڭ يەر ناملىرى ئىلمىي تەتقىقاتىدىكى دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە زور قەدەم بولۇپ قالدى.

قىسقىسى، گۇننار ياررىڭ شىۋېتسىيىنىڭلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ياۋروپادىكى ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ 20 ـ ئەسىردىكى ئەڭ مەشھۇر نامايەندىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. ئۇ 2002 ـ يىلى 95 يېشىدا ئۆز يۇرتى ۋىكېندە ئالەمدىن ئۆتتى.

مەن ستوكھولم ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىغا قاراشلىق ئوتتۇرا ئاسىيا شۆبە كۇتۇپخانىسىدا گۇننار ياررىڭنىڭ ئۇيغۇرچە كىتاب ـ ماتېرىياللىرىنى رەتلەۋېتىپ، كامىل ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر زىيالىيسى تەرىپىدىن 2001 ـ يىلى گۇننار ياررىڭغا تەقدىم قىلىنغان «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ جەۋھەرلىرى» ناملىق كىتابنى كۆرۈپ قالدىم. كىتابنىڭ ئىچ مۇقاۋىسىنى ئېچىپ كۆرسەم كامىل ئىسىملىك ھېلىقى ياشنىڭ ئىمزاسى چېكىلگەن مۇنداق خەتلەر

---

[77] Original text: ?Many years have passed si nce I visited Kashgar the first time. When I came back some 50 years later it was a new Kahsgar I met, a modern city with all the amenities of modern life. And yet, I encountered so much of its old charm and the Uyghurs of Kashgar received me as an old friend.?

مەزكۇر كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە نەشرىنىڭ تىتول بېتىگە قاراڭ.

[78] Jarring, Gunnar, *Prints from Kashgar: The Printing -office of the Swedish Mission in southern Xinjiang, History and Production with an Attempt at a Bibliography,* Stockholm, 1991

[79] Jarring, Gunnar, *Central Asian Turkic Place -names: Lopnor and Tarim Area – An Attempt at Classification and Explanation Based on Sven Hedin's Diaries and Published Works,* Stockholm, 1997



AltunOq

تۇرىدۇ: « پۈتۈن ئۆمرىنى ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتىغا بېغىشلىغان ئۇلۇغ ئالىم گۇننار ياررىڭ ئەپەندىگە ئۇيغۇر خەلقى نامىدىن تەقدىم. سىزنى ئۇيغۇر خەلقى مەڭگۈ ئۇنتۇمايدۇ!».

كېيىن مەن كامىل ئىسمىلىك بۇ يىگىتنىڭ فىنلاندىيىدە ئىكەنلىكىنى، بىر مەزگىل شىۋېتسىيىدىكى ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۇيغۇر تىلىدىن دەرس بەرگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. 2004 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى ئائىلەمنى ئېلىپ فىنلاندىيىگە بىر كۈنلۈك ساياھەتكە بارغىنىمدا، خېلسىنكىدا ئەتىگەندىن كەچكىچە توختىماي يامغۇر ياغدى. شۇنىڭ بىلەن خېلسىنكىدا كامىل دېگەن ھېلىقى ئۇيغۇر يىگىت بىلەن كۆرۈشۈش ئىمكانىيىتىم بولمىدى. ستوكھولمغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان بىر بالىدىن كامىلنىڭ گۇننار ياررىڭ بىلەن بىۋاسىتە كۆرۈشكەن ئەڭ ئاخىرقى ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى ئاڭلىدىم. ئۇ بالىنىڭ دېيىشىچە، كامىل گۇننار ياررىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشتىن بىر يىل بۇرۇن شۋېتسىيىنىڭ جەنۇبىدىكى ۋېكېن بازىرىغا مەخسۇس زىيارەتكە بېرىپتۇ. ئۇ چاغدا ياررىڭ ئەپەندىنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ ئۆز داچىسىدا داۋالىنىۋاتقان ئىكەن. ياررىڭ ئەپەندىنىڭ بالا ـ چاقىلىرى زىيارەتكە كەلگەن كىشىلەرنى دوختۇرنىڭ بۇيرۇقى بويىچە كىرگۈزىدىكەن. ئەپسۇسكى، ئۇ كۈنى ياررىڭ ئەپەندىنىڭ كېسىلى بىرئاز يامانلىشىپ قالغاچقا دوختۇر كامىلنىڭ كۆرۈشۈش تەلىپىنى رەت قىپتۇ. ئۇ دوختۇرغا گۇننار ياررىڭنىڭ ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ جەۋھەرلىرى» ناملىق كىتابىنى بېرىپ قويۇشنى ئۆتۈنۈپتۇ. دوختۇر ئىچكىرىگە كىرىپ كۆزلىرىنى يۇمۇپ ياتقان ياررىڭ ئەپەندىگە بىر ئۇيغۇر يىگىتنىڭ ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ ھەمدە ئۇ كىتابنى كۆرسەتكەن ئىكەن، ياررىڭ ئەپەندى كۆزلىرىنى لەپپىدە ئېچىپ، ئۆزىنىڭ دەرھال ھېلىقى ئۇيغۇر يىگىت بىلەن كۆرۈشكۈسى بارلىقىنى ئېيتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ كامىل گۇننار ياررىڭ بىلەن بىۋاسىتە دىدارلىشىپتۇ.

مەن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ياررىڭ ئەپەندىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى قايتا ھېس قىلغاندەك بولدۇم. شۇ كۈنلەردە ياررىڭ ئەپەندىنىڭ شەخسىي ماتېرىياللىرى ئىچىدىن ئۆز فامىلىسى بولغان «ياررىڭ» دېگەن شۋېتچە سۆزنى ئۇيغۇرچە بىلەن ئىزاھلاپ چۈشەندۈرگەن مۇنداق بىر ۋاراق قوليازمىنى كۆرۈپ قالدىم: «مەن 1929 — 1930 ـ يىللىرى قەشقەرگە تۇنجى قېتىم بارغىنىمدا ۋە 1935 ـ يىلى سىرىناگاردىكى ئۇيغۇر كارۋانلىرى ئارىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتقان چاغلىرىمدا نۇرغۇن ئۇيغۇرلار مەندىن: ‹ھۆرمەتلىك ساھىب، سىزنىڭ [ياررىڭ] دېگەن ئىسمىڭىزنىڭ مەنىسى نېمە؟› دەپ سورىغانىدى. مەن كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇلارغا: ‹شۇنىمۇ چۈشەنمىدىڭلارمۇ؟ مېنىڭ ئىسمىم ئۇيغۇرچىدۇر. مەنىسى [مەن سىلەرنىڭ يارىڭلار!] دېگەنلىكتۇر›، دەپ جاۋاب بەرگەنلىكىم ھېلىمۇ

ئېسىمدە. ئۇلار مېنىڭ چاقچاق قىلىۋاتقىنىمنى چۈشەنمەي: «شۇنداقمۇ؟ تولىمۇ مەنىلىك ئىسىمكەن، توۋا! شۋېدىيە تەرەپتىمۇ بىزنىڭ تىلىمىزدا ئىسىم قويىدىغىنىنى بىلمەيدىكەنمىز» دېيىشىپ ساقاللىرىنى سىلاشقانىدى. ئەمەلىيەتتە، «يارىڭ» دېگەن بۇ ئىسىم شۋېتلاردا كۆپ ئۇچرايدىغان كىشى ئىسمى بولۇپ، ئۇيغۇرچە بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق ئىدى. ۋەھالەنكى، مېنىڭ بۇ فامىلەم ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىككىنچى شەخس ھالىتىدە «سېنىڭ يارىڭ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «يارىڭ» دېگەن سۆز بىلەن دەل چۈشكەنىدى. شۇڭلاشقا مەن ئۇيغۇرلار ھەققىدە ھەردائىم ئويلىغىنىمدا ئىچ ـ ئىچىمدىن «مەن سىلەرنىڭ يارىڭلار!» ــ دېگۈم كېلىدۇ».

ئون بەشىنچى باب

# ئۇپسالا ئۇنىۋېرسىتېتىدا بولغان كۈنلەر

شۋېتسىيىگە بېرىشتىن ئىلگىرىلا ئۇپسالا ئۇنىۋېرسىتېتى ئاسىيا ـ ئافرىقا تىللىرى ئىنىستىتۇتى تۈركىي تىللار بۆلۈمىنىڭ پروفېسسورى ئېۋا كىشاتو ـ يوھانسون خانىم بىلەن خەت ئالاقە قىلىشقانىدۇق. ئېۋا خانىم شۇ چاغدا مېنىڭ شۋېتسىيىگە بارماقچى بولغانلىقىمنى بىلىپ، ئۆزىنىڭ تۈركولوگىيە بۆلۈمىگە بېرىپ زىيارەتچى تەتقىقاتچى سۈپىتىدە ئىشلىشىمنى ئېيتقانىدى. لېكىن، مەن ستوكھولمنىڭ پايتەخت شەھىرى بولۇشى ۋە دۆلەتلىك كۇتۇپخانا ۋە مۇزېيلارنىڭ بۇ يەرگە جايلاشقانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ ئالدى بىلەن ستوكھولم ئۇنىۋېرسىتېتىگە بېرىشنى قارار قىلغانىدىم. مەن ستوكھولمغا يېتىپ بېرىشنىڭ ئالدىدا ئېۋا خانىم تۈركىيىگە ئۈچ ئايلىق تىل تەكشۈرۈشىگە كەتكەن ئىكەن. 2004 ـ يىلى بىرىنچى ئاينىڭ ئاخىرلىرى ئېۋا خانىمدىن بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالدىم. ئۇ خېتىدە ئۆزىنىڭ تۈركىيىدىن يېقىندا قايتىپ كەلگەنلىكىنى، مېنىڭ بىلەن ئۇپسالادا كۆرۈشكۈسى بارلىقىنى ئېيتىپتۇ. مەن شۇ ۋاقىتتىچە ئۇپسالاغا بېرىپ باقمىغانىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇپسالا ئۇنىۋېرسىتېتىدا شىنجاڭدىكى قازاقلارنىڭ فولكلور مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىنگۋار سۋانبېرگ (Ingvar Svanberg) ئەپەندى بىلەنمۇ يۈزتۇرانە كۆرۈشۈشنى ئويلاپ يۈرەتتىم. شۇڭلاشقا دەرھال ئۇپسالاغا بېرىشنى قارار قىلدىم.

ھاۋا تولىمۇ سوغۇق بىر جۈمە كۈنى شەھەرلەرئارا قاتنايدىغان ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ، ئۇپسالاغا قاراپ يولغا چىقتىم. يولغا چىقىشتىن بۇرۇن ئېۋا خانىم بىلەن ئىنگۋار ئەپەندىگە ئالدىنئالا تېلېفون بەردىم. ئاپتوبۇس ستوكھولم شەھەر رايونىدىن چىقىپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا قار قاپلىغان كەڭرى دالىغا چىقىپ كەتتى. يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇتاش ئورمانلار بىلەن قارلىق داللار ئۇزاقلارغىچە سوزۇلۇپ ياتماقتا ئىدى. يول بويىدا ئاندا ـ ساندا كەنتلەر ۋە شەخسلەرنىڭ تۇرالغۇ ئۆيلىرى ئۇچراپ تۇراتتى. ئەتراپتىكى جىمجىت مەنزىرە، قارلىق دالا ۋە يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولدا ئاندا ـ ساندا ئۇچراپ تۇرىدىغان ماشىنىلار ئادەمگە شىمالىي قۇتۇپ چەمبىرىكىگە يېقىن بۇ ئەلنىڭ 21 ـ ئەسىرگە كىرگەندىن كېيىنمۇ تەبىئەت بىلەن بولغان ناھايىتى يېقىن گارمونىك بىرلىك ئىچىدە تۇرۇۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

ستوكھولم بىلەن ئۇپسالا شەھىرىنىڭ ئارىلىقى 80 كىلومېتىرچە بولۇپ، بىر

سائەتتىلا يېتىپ بارغىلى بولىدىكەن. يولدىكى خىياللىرىمنىڭ داۋامى تېخى تۈگىمەيلا ئۇپسالادىكى مەركىزىي قاتناش بېكىتىگە يېتىپ كەلدۇق. ئاپتوبۇستىن چۈشسەم بېكەتتە ئېۋا خانىم ساقلاپ تۇرغانىكەن، يىراقتىنلا تونۇدۇم. مەن ئۇرۇمچىدىكى چېغىمدىلا ئۇپسالا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تور بېتىگە كىرىپ، ئېۋا خانىمنىڭ رەسىمى، تەرجىمىھالى ۋە ئىلمىي ئەمگەكلىرىنىڭ مۇندەرىجىسى بىلەن تونۇشقانىدىم.

— گۈزەل كۈنلەر، سۇلايمان بەي، سىز بىلەن كۆرۈشكەنلىكىم ئۈچۈن خۇرسەنمەن! — دېدى ئېۋا خانىم يىراقتىنلا قولىنى تەڭلەپ، — قانداق، ئۇپسالاغا خۇش كەلدىڭىز!؟

— تەشەككۈرلەر! — دېدىم مەنمۇ ئېۋا خانىمنىڭ سالىمىغا تۈركچە جاۋاپ قايتۇرۇشقا تىرىشىپ: — سىز بىلەن كۆرۈشكەنلىكىم ئۈچۈن مەنمۇ ناھايىتى خۇشال، سىزنى مەن يىراقتىنلا تونۇدۇم.

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى ئېۋا خانىم ماڭا قاراپ، — ناھايىتى ياش ئىكەنسىز، مەن ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شىمالىي ياۋروپاغا كەلگەن ئۇيغۇرلاردىن تۇنجى بولۇپ سىزنى كۆرۈشۈم، ئىلگىرى گېرمانىيىدە ئابدۇرېشىت ياقۇپ بىلەن كۆرۈشكەن، ئۇمۇ ناھايىتى تىرىشچان يىگىت. بۇ يەرگە كەلگىنىڭىزدىن راستتىنلا خۇشال بولدۇم. تۈركىيىدىن ئۆتكەن ھەپتىدە قايتىپ كەلدىم. بىز ھازىر بىزنىڭ بۆلۈمگە بارايلى، ئىشخانىدا كەڭ - كۇشادە سۆزلەشكىلى بولىدۇ.

ئېۋا خانىم بىلەن بېكەتتىن چىقىپ، ئالدىمىزدىكى چوڭ كوچىنى بويلاپ، ئۇدۇل يۇقىرى تەرەپكە قاراپ ماڭدۇق. ئالدى تەرەپتە ئېگىز دۆڭلۈك بولۇپ، قەلئە شەكىللىك بىرقانچە بىنا مۇشۇ ئېگىزلىككە جايلاشقان ئىكەن. ئۇپسالا بىر ئۇنىۋېرسىتېت شەھىرى بولۇپ، يەر تۈزۈلۈشى جەھەتتىن تەكشىسىز، ئېگىز - پەس توقايلىقلار بىلەن دەريا - ئېقىنلار گىرەلىشىپ كەتكەنىدى. ئېۋا خانىم مىجەزى ئوچۇق، خۇشخۇي ئايال بولۇپ، پەمىمچە 50 ياشلاردىن ئاشقاندەك قىلاتتى. ئۇ يول بويى ئۇپسالا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەھۋاللىرىنى ماڭا چۈشەندۈرگەچ ماڭدى. ئېۋا خانىم قولىغا بىر ئېغىر سومكا كۆتۈرۈۋالغان بولۇپ، ئېگىزلىككە قاراپ ماڭغىنىمىزدا بىرئاز قىينىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم - دە، قولىدىن سومكىنى ئېلىشقا تەمشەلدىم:

— قولىڭىزدىكى سومكا ئېغىردەك قىلىدۇ، مەن كۆتۈرۈۋالاي!

— رەھمەت، ھېچقىسى يوق، ئۆزۈم كۆتۈرەلەيمەن، ئادەتتە قول كومپيۇتېرىمنى سومكىدا ئېلىپ يۈرىمەن، كۆنۈپ قالدىم.

مەن ئېۋا خانىمنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قايتا تالىشىپ ئولتۇرمىدىم. چۈنكى ياۋروپالىقلارنىڭ ئۆزى قىلالايدىغان ئىشنى ھەرگىزمۇ باشقىلارغا ھاۋالە قىلمايدىغانلىقىنى، ناۋادا باشقىلاردىن ياردەم سورىسا بىۋاسىتە دەيدىغانلىقىنى،

بولۇپمۇ ياشانغانلارنىڭ ئۆزىنىڭ قېرىغانلىقىغا تەن بەرمەيدىغانلىقىنى چۈشەنگەچكە يەنە تالىشىپ ئولتۇرۇشنى ئەپسىز كۆردۈم.

— مەن ئادەتتە پىيادە مېڭىشنى ياخشى كۆرىمەن، — دېدى ئېۋا خانىم بىرئاز توختاپ، — شۇڭا سىزگە ئاپتوبۇس ياكى تاكسىغا چۈشەيلى دېمىدىم.

— بۇ ياخشى بولدى، مەن ئەتراپنى كۆرۈپ ماڭىدىغان بولدۇم، ئادەتتە مەنمۇ پىيادە مېڭىشنى ياخشى كۆرىمەن، — دېدىم مەنمۇ ئۇنىڭغا جاۋابەن.

بىز ئاخىرى ئېگىز دۆڭلۈكنىڭ ئۈستىگە سېلىنغان ھەيۋەتلىك بىر بىنانىڭ ئالدىغا يېتىپ چىقتۇق. مەن بىنانىڭ ئالدى پەشتىقىدىكى Biblioteket دېگەن خەتنى كۆرۈپ، ئۇپسالا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كۇتۇپخانىسى بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم. دېگەندەك ئويۇم توغرا بولۇپ چىقتى:

— بۇ ئۇپسالا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كۇتۇپخانىسى، — دېدى ئېۋا خانىم بىرئاز توختاپ، — بۇ دۆڭلۈكتىن پۈتۈن ئۇپسالا شەھىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ. قاراڭ، ئاۋۇ ھەيۋەتلىك قۇرۇلۇش شۋېتسىيىدىكى ئەڭ چوڭ چېركاۋ ھېسابلىنىدۇ. بىز ئادەتتە ئۇنى كاسېدرال دەپ ئاتايمىز. باشقا بىر كۈنى كەلگىنىڭىزدە مەن سىزنى باشلاپ كىرىپ زىيارەت قىلدۇراي.

مەن دۆڭلۈكتىن پەسكە قارىدىم. ئۇپسالا شەھىرى ئاپئاق قارغا پۈركۈنۈپ سوزۇلۇپ ياتاتتى. كوچىلاردا ئاندا ـ ساندا كىشىلەر ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. ماشىنىلارمۇ كۆپ ئەمەس ئىدى. بۇ شەھەرنىڭ قويۇق ئىلمىي كەيپىياتى، دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ شەھەرلەرگە ئوخشىمىغان ھالدا شاۋقۇن ـ سۈرەنلەردىن خالىي جىمجىت مۇھىتى، ياۋروپانىڭ كلاسسىك بىناكارلىق ئۇسلۇبىغا خاس قەلئە شەكىللىك قۇرۇلۇشلىرى ئادەمگە ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىكى ياۋروپا ئۇنىۋېرسىتېتلىرىنىڭ قىياپىتىنى ئەسلىتەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممە تەرەپكە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان چېركاۋنىڭ ھەيۋەتلىك گەۋدىسى بىلەن ئاسمان ـ پەلەككە تۇتاشقان مۇنارى بۇ شەھەرگە ئوتتۇرا ئەسىر ياۋروپاسىنىڭ قويۇق دىنىي كەيپىياتىنى بېغىشلىغانىدى.

— مەن سىزگە ئۇپسالا ھەققىدە بىرئاز چۈشەنچە بېرەي، — دېدى ئېۋا خانىم يولنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئۇپسالا شىمالىي ياۋروپادىكى ئەڭ قەدىمكى ئۇنىۋېرسىتېت شەھىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئۇنىۋېرسىتېت 1477 ـ يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ھازىرغىچە 500 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە. دەسلەپ خرىستىئان ئىلاھىيەتشۇناسلىقىنى ئاساس قىلىپ راۋاجلانغان بولۇپ، كېيىنچە دىنىي تۈسى بارغانسېرى سۇسلاپ، ئوقۇتۇش بىلەن ئىلمىي تەتقىقات بىرلەشتۈرۈلگەن بىر ئۇنىۋېرسال ئۇنىۋېرسىتېتقا ئايلانغان. ھازىر ئۇپسالا ئۇنىۋېرسىتېتىدا تېئولوگىيە (ئىلاھىيەتشۇناسلىق)، قانۇنشۇناسلىق، سەنئەت، تىلشۇناسلىق، ئىجتىمائىي پەنلەر، مائارىپشۇناسلىق، مېدىتسىنا، دورىگەرلىك، پەن ـ تېخنىكا قاتارلىق توققۇز



AltunOq

ئىنستىتۇت تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ھەر بىر ئىنستىتۇتنىڭ قارمىقىدا يەنە بىر قانچىلىغان فاكۇلتېت ۋە تەتقىقات ئورۇنلىرى بار. ئۇنىۋېرسىتېتتا جەمئىي 40 تىن ئارتۇق يەن تۈرى ئىچىدە 1800 خىلدىن ئارتۇق كەسپىي دەرسلەر تەسىس قىلىنغان. ھازىر ئومۇمىي ئوقۇغۇچى سانى 40 مىڭدىن ئاشىدۇ. ماگىستىرلىق ۋە دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانى ئۈچۈن ئوقۇۋاتقان ئاسپىرانتلار 2500 بولۇپ، ھەر يىلى 400 دىن ئارتۇق دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسى ياقلىنىدۇ. ھەر يىلى 5000 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرى ئېلان قىلىنىدۇ. ئۇنىۋېرسىتېتتا 6000 دىن ئارتۇق ئىشچى ــ خىزمەتچى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇتقۇچىلار 3800، پروفېسسورلار 500 دىن ئاشىدۇ. ئۇپسالا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دۇنيادىكى 400 تىن ئارتۇق ئۇنىۋېرسىتېت بىلەن ئىلمىي تەتقىقات ھەمكارلىقى بار بولۇپ، 40 تىن كۆپرەك دۆلەتلەردىن كەلگەن چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلار ئوقۇيدۇ. مېنىڭ بىلىشىمچە ئۇپسالا ئۇنىۋېرسىتېتىدا 20 ــ ئەسىر مابەينىدە نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن پروفېسسورلاردىن سەككىزى بار. بۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا، شىمالىي ياۋروپادىكى ھەرقانداق بىر ئۇنىۋېرسىتېت ئۇپسالاغا يەتمەيدۇ. ئەمدى بىزنىڭ بۆلۈمگە كەلسەك، تىل ئىنستىتۇتىنىڭ ئىچىدە تۆت فاكۇلتېت تەسىس قىلىنغان، ئۇلار ئىنگلىز تىلى فاكۇلتېتى، سكاندىنوۋىيە تىللىرى فاكۇلتېتى، ھازىرقى زامان تىللىرى فاكۇلتېتى ۋە ئاسىيا ــ ئافرىقا تىللىرى فاكۇلتېتىدىن ئىبارەت. ئاسىيا ــ ئافرىقا تىللىرى فاكۇلتېتى يېقىندا نامىنى ئۆزگەرتىپ، تىلشۇناسلىق ۋە فىلولوگىيە فاكۇلتېتى بولۇپ قايتا تەشكىللەندى. بۇ فاكۇلتېتنىڭ قارمىقىدا ئەرەب تىلى، ھىندى تىللىرى، پارس تىلى، ئارامىي تىللىرى، ئاسسۇرى ۋە قەدىمكى سۇرىيە تىللىرى، كۇرد تىلى، خەنزۇ تىلى، تامىل تىلى، تۈركىي تىللىرى قاتارلىق بۆلۈملەر تەسىس قىلىنغان. مەن سىزنى ئەنە شۇ تۈركىي تىللىرى بۆلۈمىگە ئېلىپ كېتىۋاتىمەن.

بىز كۆتۈپخانىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى باغچىنى كېسىپ ئۆتۈپ، ئاسىيا ــ ئافرىقا تىللىرى فاكۇلتېتىنىڭ بىناسىغا كەلدۇق. بىنانىڭ شىمالىي تەرىپىدە غايەت زور قەبرىستانلىق بولۇپ، بۇك ــ باراقسان ئورمان ئىچىدە رەتلىك تىكلەنگەن ئېگىز ــ پەس قەبرە تاشلىرى كىشىگە بىر خىل سۈرلۈك تۇيغۇ بېغىشلايتتى. بىز تۆتىنچى قەۋەتكە جايلاشقان تۈركولوگىيە بۆلۈمىگە چىقتۇق. ئېۋا خانىمنىڭ ئىشخانىسى كىچىك بولسىمۇ، لېكىن رەتلىك ۋە ئىللىق كۆرۈنەتتى. ئېۋا خانىم مېنى قەھۋە ئىچكەچ پاراڭلىشىدىغان بىر چوڭ زالغا باشلاپ كىردى.

ــــ ھە، سۇلايمان بەي، بىز قەھۋە ئىچكەچ پاراڭلىشايلى، مانا كۆرۈۋاتىسىز، بىزنىڭ تۈركولوگىيە بۆلۈمى ئانچە چوڭ ئەمەس. ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا رەسمىي بۆلۈم بولۇپ قۇرۇلدى. مەنمۇ ئۇپسالا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تۇنجى تۈركولوگىيە پروفېسسورى بولدۇم. بىزنىڭ بۇ بۆلۈممۇ ياۋروپادىكى باشقا نۇرغۇن

ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ تۈركولوگىيە بۆلۈملىرىگە ئوخشاشلا تۈركچىسىنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان. لېكىن يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بىز باشقا تۈركىي تىللار ھەققىدىكى ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقاتلارنى كېڭەيتىۋاتىمىز. ھازىر مەن يېتەكلەۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا تۈركلەردىن سىرت، يەنە ئەزەربەيجان، تۈركمەن، قازاق، تاتار ۋە قارايىم قاتارلىق ئېتنىك گۇرۇپپىلارغا تەۋە ئوقۇغۇچىلارمۇ بار. مانا سىزنىڭ كەلگىنىڭىز ياخشى بولدى، مەن سىزنى بىزنىڭ بۆلۈمدە ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيىتىگە دائىر بىر ـ ئىككى نۇۋەت لېكسىيە بېرىشكە ئورۇنلاشتۇرماقچى، قانداق، سىز قانداق قارايسىزكىن؟

— مەن بۇنى خۇشاللىق دەپ بىلىمەن، — دېدىم ئالدىمدىكى قويۇق دەملەنگەن قەھۋەدىن ئىچكەچ، — مەن سىزنىڭ تەتقىقات يۆنىلىشىڭىز ۋە ماقالىلىرىڭىز ھەققىدە ئۈرۈمچىدىكى چېغىمدىلا ئىنتېرنېتتىن بىرئاز ئۇچۇرغا ئىگە بولغانمەن. مېنىڭ پەرىزىمچە ياۋروپادىكى تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ تىل مەدەنىيىتى ھەققىدە كۆپرەك تەتقىق قىلىسىزغۇ دەيمەن.

— شۇنداق، دېگەنلىرىڭىز توغرا، مەن دەسلەپ تۈركىيە تۈركچىسى بويىچە ئۇزۇن مەزگىل ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغانمەن. ھازىرمۇ بىزنىڭ بۆلۈمدە ئاساسلىقى تۈركچە ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللىنىمەن. لېكىن يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تۈركىي تىللار ئىچىدىكى بىر قىسىم كىچىك تىللارنى، مەسىلەن، بالتىق دېڭىزىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى يېڭىدىن مۇستەقىللىققا ئېرىشكەن لاتۋىيە، لىتۋا، ئېستونىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە ياشايدىغان قارايىملار، ۋولگا دەرياسى بويىدىكى باشقىرتلار، ئىراندىكى قاشقايلارنىڭ تىل مەدەنىيىتى ھەققىدە بىر قىسىم تەتقىقاتلارنى ئېلىپ باردىم. مېنىڭچە ھازىر تۈركولوگىيە تەتقىقاتىدا ئەڭ مۇھىم بولۇۋاتقىنى بىر قىسىم كىچىك تىللار ۋە مۇشۇ تىللارغا مۇناسىۋەتلىك ئېتنىك مەدەنىيەتلەرنى قۇتقۇزۇش، تەتقىق قىلىش ئىشىدۇر. چۈنكى سۆزلىشىدىغان ئادەم سانى ئاز، ئەتراپىدىكى چوڭ تىللار ۋە مەدەنىيەتلەرنىڭ كۈچلۈك خىرىسىغا دۇچ كېلىۋاتقان، ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاش قىيىن بولۇپ قالغان بىر قىسىم تۈركىي تىللار ھازىر ياۋروپا تۈركولوگلىرىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك دىققىتىنى قوزغىماقتا. مېنىڭ بىلىشىمچە، جۇڭگودىمۇ مۇشۇنداق تۈركىي تىللاردىن بىرقانچىسى بارغۇ دەيمەن.

— بۇ ھەقىقەتەنمۇ دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر تەتقىقات تېمىسىكەن، — دېدىم مەن ئېۋا خانىمغا چۈشەنچە بېرىپ، — ھازىر جۇڭگودا مۇشۇنداق ھالەتتە تۇرۇۋاتقان بىرقانچىلىغان تۈركىي تىللىرى تىلشۇناسلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ھەقتە كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش تازا يېتەرلىك بولمايۋاتىدۇ. مەسىلەن، جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمال قىسمىدىكى خېيلوڭجياڭ ئۆلكىسىدە مىڭدىن ئارتۇق قىرغىزلار ياشايدۇ. ئۇلار 17 — 18 ـ

ئەسىرلەردە يېنىسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىن جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمال ئۆلكىلىرىگە كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلاشقان. ھازىر ئۇلارنىڭ تىلى ۋە مەدەنىيىتى ھەققىدە ئىنچىكە تەتقىقاتلار يوق دېيەرلىك. خېيلوڭجياڭ ئۆلكىسىدىكى ئاز بىر بۆلۈك قىرغىزلار بىلەن شىنجاڭدىكى قىرغىزلار ھەمدە قىرغىزىستان قىرغىزلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تىل، مەدەنىيەت ۋە باشقا جەھەتلەردىكى باغلىنىشلار تۈركولوگلارنىڭ تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرماقتا. جۇڭگونىڭ خۇنەن ئۆلكىسى تاۋيۇەن ناھىيىسىدە بىر بۆلۈك ئۇيغۇرلار ياشايدۇ. ئۇلار موڭغۇل ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە ئىچكىرىگە بېرىپ ئولتۇراقلاشقان. يەنە گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ سۇنەن ناھىيىسىدە «يۇغۇر» نامى بىلەن ئاتالغان بىر بۆلۈك خەلق ياشايدۇ. ئۇلارنى ئادەتتە «سېرىق ئۇيغۇر» دەپمۇ ئاتايمىز. تەكشۈرۈشلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، سېرىق ئۇيغۇرلار قەدىمكى گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى بىلەن كېيىنچە شىنجاڭدىن كۆچۈپ بارغان بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنىڭ قوشۇلۇشىدىن شەكىللەنگەن ئالاھىدە ئېتنىك قاتلام بولۇپ، ئۇلارنىڭ غەربىي بۆلىكى ھازىرغىچە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنى ساقلاپ قالغان. لېكىن 20 ـ ئەسىردىن بۇيان يۇغۇرلار ئەتراپىدىكى چوڭ مىللەتلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئۆز تىل مەدەنىيىتىنىڭ چەمبىرىكى بارغانسېرى كىچىكلەپ بارغان. ھازىر بۇ تىلنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش تىلشۇناسلارنىڭ سەل قاراشقا بولمايدىغان جىددىي ۋەزىپىلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭدىن باشقا گەنسۇ ۋە چىڭخەي ئۆلكىلىرىدە سالار دېگەن بىر ئېتنىك قاتلام مەۋجۇت بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەنبەسىنى بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار تۈركمەنلەر بىلەن باغلىماقتا. سالار تىلى ۋە مەدەنىيىتىمۇ جۇڭگودىكى جىددىي قۇتقۇزۇشقا تېگىشلىك بىر تۈر بولۇپ تۇرماقتا. شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ئالتاي ۋىلايىتى بىلەن موڭغۇلىيە جۇمھۇرىيىتى چېگرىلىنىدىغان جايدا «تۇۋا» دەپ ئاتىلىدىغان ئالاھىدە بىر خەلق ياشىماقتا. ئۇلارنى ئادەتتە شىنجاڭدىكى يەرلىك خەلقلەر «كۆك مونچاقلار» دەپمۇ ئاتايدۇ. ئۇلارنىڭ نوپۇسى ناھايىتى ئاز بولۇپ، بەزىلىرى موڭغۇل تىلىنى، بەزىلىرى قازاق تىلىنى ئۆزىنىڭ ئانا تىلى قىلىپ ئىشلىتىدىكەن. شۇڭا تىلشۇناسلارمۇ ئۇلارنى بەزىدە موڭغۇللارغا مەنسۇپ ئالاھىدە ئېتنىك قاتلام دېسە، بەزىدە تۈركىي تىللار تۈركۈمىگە مەنسۇپ بىر قاتلام دەپ قارىماقتا. 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 — 40 ـ يىللىرى شىنجاڭنىڭ شىمالىدىكى ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقلىرىدا بىر تۈركۈم قازاقلار گەنسۇ، چىڭخەي ئۆلكىلىرىنىڭ غازكۆل رايونىغا كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلاشقان ئىكەن. 1950 ـ يىللاردىن كېيىن ئۇلار گەنسۇ ئۆلكىسىگە قاراشلىق ئاقساي قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى بولۇپ تەشكىللەنگەن. ھازىر ئاقسايدىكى قازاقلار بىلەن شىنجاڭ قازاقلىرىنىڭ تىل ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردىكى ئىچكى باغلىنىشىمۇ تۈركولوگىيە ئىلمىنىڭ تەتقىق قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرماقتا. ئۇنىڭدىن باشقا شىنجاڭدا يەنە تاتار، ئۆزبېك، تاجىك، شىبە، داغۇر

قاتارلىق سانى ئاز بىر قىسىم ئېتنىك قاتلاملار بولۇپ، ئۇلارنىڭ تىل ۋە مەدەنىيىتى ھەققىدىمۇ كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش زۆرۈر بولۇپ تۇرماقتا.

ئېۋا خانىم مېنىڭ سۆزۈمنى ئەستايىدىل ئاڭلىغاندىن كېيىن، بىرھازا سۈكۈتتە تۇردى. ئاندىن مۇنداق دېدى:

— سىزنىڭ بايانلىرىڭىز مېنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. بىزنىڭ ھەمكارلىشىپ قىلىدىغان نۇرغۇن ئىشلىرىمىز باردەك قىلىدۇ. مەن جۇڭگوغا بىرىپ باقمىغان. لېكىن جۇڭگودىكى تۈركىي تىللار ھەققىدە بىر تەتقىقات تۈرى تۇرغۇزۇشىمىز زۆرۈردەك قىلىدۇ.

— ئەگەر شۇنداق بولسا تولىمۇ ياخشى بولاتتى، — دېدىم مەن سۆزۈمنى داۋاملاشتۇرۇپ، — يېقىنقى يىللاردىن بۇيان جۇڭگو تىلشۇناسلىرىدىن باشقا، ياپونىيە، كورىيە، ئامېرىكا، گېرمانىيە، ئەنگلىيە، رۇسىيە ۋە تۈركىيە تىلشۇناسلىرىمۇ جۇڭگودىكى تۈركىي تىللىرىدا سۆزلىشىدىغان بىر قىسىم ئالاھىدە ئېتنىك قاتلاملار ھەققىدە مەلۇم تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقاتلارنى ئېلىپ باردى. لېكىن بۇلار ئاندا ـ ساندا ۋە كىچىك دائىرىدە بولۇپ، مەخسۇس ئىشلار بويىچە چوڭقۇرلاشمىدى. ئەگەردە مۇشۇ دائىرىدە بىر خەلقئارالىق تەتقىقات تۈرى تۇرغۇزۇلسا، مەلۇم ئۈنۈملۈك نەتىجىلەرگە ئېرىشكىلى بولاتتى.

— شۇنداق، بۇنى ئويلىشىپ كۆرسەك بولىدىكەن، — دېدى ئېۋا خانىم ماڭا تاتلىق ـ تۇرۇملاردىن تۇتقۇزۇپ، — ئەمدى، سۇلايمان بەي، سىزنىڭ شۋېتسىيىدىكى تەتقىقات پىلانىڭىزنى ئاڭلاپ باقسام بولامدۇ؟

— ئەلۋەتتە، مەن بۇ ھەقتە سىز بىلەن سۆزلىشىشنى ئارزۇ قىلىپ كەلدىم. مەن مۇشۇ بىر يىللىق ۋاقتىمدىن پايدىلىنىپ شۋېتسىيىنىڭ ھەرقايسى كۇتۇپخانىلىرى، مۇزېيلىرى، ئارخىپخانىلىرى ھەمدە تەتقىقات ئورۇنلىرىدا ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇر تىلىدىكى يازما ۋەسىقىلەر ۋە ماتېرىياللار بىلەن تونۇشۇپ چىقماقچى. بولۇپمۇ شۋېت مىسسىئونېرلىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا قەشقەردىكى شۋېت باسمىخانىسىدا نەشىر قىلغان ئۇيغۇر تىلىدىكى باسما بۇيۇملارنىڭ تىلى ھەققىدە ئىزدىنىپ كۆرۈشنى ئويلاۋاتىمەن. مانا بۇ مېنىڭ بىر يىللىق تەتقىقات پىلانىم.

مەن سومكامدىن تەتقىقات پىلانىم چۈشەندۈرۈلگەن ماتېرىيالىمنى ئېلىپ ئېۋا خانىمغا بىر نۇسخا بەردىم. ئۇ مېنىڭ پىلانىمنى بىر قۇر كۆرگەندىن كېيىن، مۇنداق دېدى:

— ناھايىتى ياخشى، ياخشى ئويلاپسىز! گۇننار ياررىڭ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن شۋېتسىيىدە ئۇيغۇرشۇناسلىق ھەققىدىكى تەتقىقاتلار پەسكويغا چۈشۈپ قالغاندەك بولۇپ قالدى. ئەگەردە ئۇپسالادا بۇ ھەقتىكى ماتېرىياللار بىلەن تونۇشماقچى بولسىڭىز مەن سىزگە ياردەم بېرىمەن.

مەن ئېۋا خانىمغا رەھمىتىمنى ئېيتتىم. ئۇ ماڭا ئابدۇرېشىت ياقۇپنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا دائىر بىر پارچە ماقالىسى بىلەن ئۆزىنىڭ يېقىندا نەشر قىلىنغان بىرقانچە ماقالىسىنى كۆرۈپ بېقىشىم ئۈچۈن بەردى. ئاندىن ئۆزىنىڭ يولدىشى، ياۋروپادىكى مەشھۇر تۈركولوگ لارش يوھانسون (Lars Johanson) نىڭ «تۈركىي تىللىرىنىڭ ئۇچرىشىشى» ناملىق كىتابىنىڭ كوپىيە نۇسخىسىنى بەردى. مەنمۇ ئېۋا خانىمغا ۋەتەندىن ئالغاچ كەلگەن «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» نىڭ بىر توملۇق قىسقارتىلما نۇسخىسى بىلەن ئۆزۈمنىڭ كىتابىدىن سوۋغا قىلدىم. شۇ ئارىدا ئېۋا خانىم سائىتىگە قاراپ:

— ئەمدى مۇنداق بولسۇن، سۇلايمان بەي، ھازىر مېنىڭ ئاسپىرانتلارغا ئىككى سائەت دەرسىم بار، ھازىر سىزگە ئىراندىن كەلگەن بىر ئەزەربەيجان يىگىت ھەمراھ بولسۇن، ئۇنىڭ ئىسمى كازىم، سىزنى بىزنىڭ فاكۇلتېتنىڭ كۇتۇپخانىسىنى زىيارەت قىلدۇرسۇن. چۈشتە يولدىشىم لارش يوھانسون سىز بىلەن كۆرۈشمەكچى، بىز بىللە تاماق يېگەچ پاراڭلىشايلى.

ئېۋا خانىم ئۇدۇلدىكى ئىشخانىدىن بىر يىگىتنى چاقىرىپ چىقتى ــ دە، مېنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇرۇپ قويدى. ئاندىن ئۆزى سومكىسىنى كۆتۈرۈپ باشقا بىر بىناغا كەتتى.

كازىم ئوتتۇرا بوي، خۇشخۇي بىر يىگىت ئىدى. ئۇ ماڭا ئانچە راۋان بولمىغان ئىنگلىز تىلىدا:

— پروفېسسور ئېۋا خانىم سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزنى ماڭا ئېيتتى. بىز تۈركچە سۆزلەشسەك قانداق، ئىنگلىزچە تازا راۋان سۆزلىيەلمەيمەن، — دېدى.

— بولىدۇ، ئەگەردە ئەزەربەيجانچە سۆزلىسىڭىز ئۇيغۇر تىلىغا تۈرك تىلىدىنمۇ يېقىن ۋە چۈشىنىشلىك بولۇشى مۇمكىن. مەن ئۈرۈمچىدە ئەزەربەيجانلار بىلەن سۆزلىشىپ كۆرگەن.

— مۇنداق دەڭ، ئۈرۈمچىدىمۇ ئەزەربەيجانلار بارمۇ؟ مەن بۇنى پەقەتلا ئاڭلىمىغان ئىكەنمەن.

— بۇرۇندىن ئولتۇراقلاشقان ئەزەربەيجانلار يوق. سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن ئەزەربەيجان جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى باكۇدىن ئۈرۈمچىگە بىۋاسىتە ھاۋا يوللىرى ئېچىلدى. بۇنىڭ بىلەن بىر تۈركۈم ئەزەربەيجانلىق سودىگەرلەر ئۈرۈمچىگە كېلىپ جۇڭگو ماللىرىنى ئەزەربەيجانغا توشۇپ ساتىدىغان بولدى. ھازىر ئۈرۈمچىدە بىزنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتقا يېقىن جايدا ئەزەربەيجانلارنىڭ ئاشخانىلىرىمۇ پەيدا بولدى.

— ھە، چۈشەندىم، مەن ئەزەربەيجان جۇمھۇرىيىتىدە ياشىغۇچى ئەزەربەيجانلارنىڭ ئەھۋالىنى ئانچە ياخشى چۈشەنمەيمەن، مەن ئىراندىن كەلگەنمەن. ئىران ئىسلام ئىنقىلابىدىن كېيىن ئىراندىن كېلىپ ئولتۇراقلاشقان زور



AltunOq

تۈركۈمىدىكى ئەزەربەيجان كۆچمەنلىرى ھازىر ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئەللەردە ياشىماقتا. شۋېتسىيىدىمۇ خېلى بىر تۈركۈم ئەزەربەيجانلار ياشايدۇ. ھەر يەكشەنبە كۈنى ستوكھولم خەلقئارا رادىئو ئىستانسىسىدىن بىرىم سائەت ئەزەربەيجان تىلىدا ئاڭلىتىش بېرىدۇ.

— شۇنداقمۇ، مەن بۇنى ئۇقمايدىكەنمەن. بىزنىڭ ئىلگىرى كىتاب ـ ماتېرىياللاردىن ئوقۇپ كۆپرەك بىلىدىغىنىمىز سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئەزەربەيجان جۇمھۇرىيىتىدە ياشىغۇچى ئەزەربەيجانلار بولغان. ئىراندىكى ئەزەربەيجانلار ھەققىدە چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە ئەمەسمىز. ھازىر ئىراندا قانچىلىك ئەزەربەيجانلار ياشايدۇ؟

— مېنىڭ بىلىشىمچە 20 مىلىيوندىن ئاشىدۇ. يەنى ئەزەربەيجان جۇمھۇرىيىتىدىكى ئەزەربەيجان خەلقىنىڭ نوپۇسىدىن تەخمىنەن ئىككى يېرىم ھەسسە كۆپ. بىراق ئىراندا بىز ئۈچۈن ھېچقانداق ئاپتونومىيە ھوقۇقى بېرىلمىگەن. شۇڭلاشقا ئىران ئىسلام ئىنقىلابىدىن كېيىن ئىراندىن بىر بۆلەك ئەزەربەيجان سىياسىئونلىرى ياۋروپاغا پاناھلىق تىلەپ چىقىپ كەتكەن. ئۇلار ھازىرغىچە ياۋروپادا ئىرانغا قارشى ھەرىكەتلەر ئېلىپ بېرىپ ئىران تەۋەسىدىكى ئەزەربەيجانلارنىڭ مۇختارىيىتى ئۈچۈن كۈرەشمەكتە. ھازىر ياۋروپادا ياشاۋاتقان تۈركىي تىللىق كۆچمەنلەر ئارىسىدا تۈركىيە تۈركلىرىدىن قالسىلا ئەزەربەيجانلار ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

— ئۇنداقتا، سىز بۇ يەرگە قاچان كەلگەن ئىدىڭىز؟

— مەن كەلگىلى بەش يىلدىن ئاشتى، دەسلەپكى ئىككى يىل شۋېتچە ئۆگەندىم، ئاندىن ئېۋا خانىمنىڭ يېتەكلىشىدە ماگىستىرلىقنى ئۆتكەن يىلى تاماملىدىم. ھازىر بۇ يەردە دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئېلىش ئۈچۈن ئوقۇۋاتىمەن.

كازىم بىلەن بىردەمدىلا چىقىشىپ كەتتۇق. ئۇمۇ مېنىڭ بىلەن تەڭ دېمەتلىك ئىدى. ئۇ ئۆز ئائىلىسىنىڭ تېخىچە ئىراننىڭ تەبرىز شەھىرىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى، دوكتورلۇقنى پۈتتۈرۈپ بىرەر خىزمەتكە ئېرىشكەندىن كېيىن ئاندىن ئائىلىسىنى ئېلىپ كېلەلەيدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ قىزىنى تولىمۇ سېغىنغانلىقىنى ئېيتىپ ئېغىر خورسىندى.

— قىزىڭىز قانچە ياشقا كىردى، ئىسمى نېمە؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.

— بۇ يىل 7 ياشقا كىردى. مەن قىزىم ئىككى ياش ۋاقتىدا ئائىلەمدىن ئايرىلغان ئىدىم. ئارىلىقتا شۇنچە تىرىشساممۇ ئامالى بولمىدى. ھازىر شىمالىي ياۋروپانىڭ كۆچمەنلەر سىياسىتى بەكمۇ چىڭىپ كەتتى. قىزىمنىڭ ئىسمى گۈلنار، مانا سۈرىتىنى كۆرۈپ بېقىڭ.

مەن سۈرەتنى قولۇمغا ئېلىپ قارىدىم. چىرايلىق، سەبىي بىر قىز كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىككىنىچە قاراپ تۇراتتى. بىر تۇتام بودۇر چېچى بېشىدىكى

ياغلىقىدىن چىقىپ تۇراتتى. خۇددى ئۆز قىزىمنىڭ رەسىمىنى كۆرۈۋاتقاندەك ۋۇجۇدۇمدا بىر ئىسسىق ئېقىم ئۇرغۇدى.

— كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، كازىم بەي، خۇدا بۇيرۇسا ئائىلىڭىز بىلەن پات ئارىدا جەم بولىسىلەر، مېنىڭ قىزىممۇ بۇ يىل 7 ياشقا كىردى، مەن بۇ رەسىمنى كۆرۈپ ئۆز قىزىمنى كۆرگەندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالدىم. ئۇرۇمچىدە مېنىڭ قىزىمنىڭ كىچىكىدىن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان بىر دوستى بار. ئۇ قىزنىڭ ئىسمىمۇ گۈلناز. ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا سوۋېت ئەزەربەيجان يازغۇچىسى مىرزا ئىبراھىموفنىڭ «شۇنداق كۈنلەر كېلىدۇ» ناملىق بىر رومانىنى ئوقۇغانىدىم. بۇ روماندا ئىراندىكى ئەزەربەيجانلارنىڭ پەھلەۋى شاھىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى ئېچىنىشلىق تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن. شۇ رومانىدىكى گۈلناز ئىسىملىك بىر قىزنىڭ ئوبرازى ھازىرغىچە ئېسىمدە تۇرىدۇ. قىزىڭىز چوقۇم ئەقىللىق ۋە چىرايلىق چوڭ بولدى.

— رەھمەت! سىزنىڭ گەپلىرىڭىزنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم كۆتۈرۈلۈپ قالدى. سىزمۇ ئائىلىڭىزگە ۋە قىزىڭىزغا مەندىن سالام ئېيتىڭ.

بىز كازىم بىلەن ئاسىيا ـ ئافرىقا تىللىرى فاكۇلتېتىنىڭ كۇتۇپخانىسىنى بىر قۇر كۆرۈپ چىقتۇق. شۇ ئارىدا مەن كۇتۇپخانىدىن شۋېت مىسسىئونېرلىرىنىڭ قەشقەردىكى باسمىخانىسىدا نەشر قىلىنغان، رەڭلىك رەسىملەر قىستۇرۇلغان «ئىلمى جۇغراپىيە»[80] ناملىق كىتابنى بايقىدىم ـ دە، تولۇق كوپىيە قىلدۇردۇم. ئۇنىڭغىچە ۋاقىت بىر يەرگە بارغاچقا تۆتىنچى قەۋەتكە قايتىپ چىقتۇق، ئېۋا خانىم ئەمدىلا دەرستىن چۈشۈپ تۇرۇپتىكەن، يولغا چىقىشىمىزنى ئېيتتى. مەن كازىم بىلەن خوشلاشتىم. ئۇ ستوكھولمغا بارغاندا مېنى ئىزدەيدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— بىز ماڭغاچ پاراڭلىشايلى، يولدىشىم ھازىر بىزنى شەھەر مەركىزىدىكى بىر تۈرك رېستورانىدا ساقلاۋاتىدۇ، — دېدى ئېۋا خانىم پەلتوسىنى كىيىپ، — شۋېتسىيىنىڭ قىشى تولىمۇ ئۇزۇن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاۋا ياخشى بولمايدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيادەك پارلاپ تۇرغان قۇياشنى كۆرۈش بىزگە نېسىپ بولمايدۇ.

— سىز قاچاندىن باشلاپ ئۇپسالا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىشلەۋاتىسىز، ئىسمىڭىزغا قارىسام شۋېتلارنىڭ ئىسمىغا ئانچە ئوخشىمايدىكەن، — دېدىم مەن ئېۋا خانىمنىڭ شەخسىي كەچۈرمىشلىرىگە قىزىقىپ.

— سىزمۇ بايقاپسىز ـ دە، — دېدى ئېۋا خانىم كۈلۈپ تۇرۇپ، — مېنىڭ كېلىپ چىقىشىم بىرئاز مۇرەككەپ، مەن ۋېنگىرىيىلىك، ياش چاغلىرىمدا ئاۋۋال گېرمانىيىدە، ئاندىن تۈركىيىدە ئوقۇدۇم. شۇ يىللىرى ھازىرقى يولدىشىم لارش يوھانسون بىلەن تونۇشتۇم. كېيىن بىز توي قىلدۇق ۋە شۋېتسىيىدە

---

[80] G. Ahlbert / Abdul Qadir Ahond ed., *Ilmi Juğrafiyä* (Geographical Science), Swedish Mission Press, Kashgar, 1927, pp. 206

ئولتۇراقلاشتۇق. كېيىنچە يولدىشىم تۈركولوگىيە ساھەسىدە نام چىقىرىپ، گېرمانىيىنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىدىكى ئۇنىۋېرسىتېت شەھىرى مايىنزدا ئۆمۈرلۈك پروفېسسورلۇققا تەكلىپ قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن مەن شۇ يىلىسىدە، يولدىشىم گېرمانىيىدە ئايرىلىپ تۇرۇپ خىزمەت قىلىشقا باشلىدۇق. لېكىن ھازىر كۆنۈپمۇ قالدۇق. ئادەتتە يولدىشىم جۈمە كۈنى مايىنزدىن ئۇپسالاغا ئايروپىلان بىلەن كېلىپ يەكشەنبە كەچ مايىنزغا قايتىدۇ. بەزىدە مەن مايىنزغا بېرىپ ـ كېلىپ تۇرىمەن. شۇنداق قىلىپ بىرقانچە يىللار مۇشۇنداق ئىشلەپ ھازىر كۆنۈپ قالدۇق. مەن توي قىلغاندىن كېيىن قوش فامىلە ئىشلەتتىم. بىرىنچى فامىلەم «كىشاتو» بولۇپ، تىپىك ھونگارچە ئىسىمدۇر. ئىككىنچى فامىلەم «يوھانسون» تىپىك شۋېتچە بولۇپ، يولدىشىمنىڭ فامىلىسىنى قوبۇل قىلغانمەن. شۇڭا كۆپىنچە كىشىلەر مېنىڭ فامىلەمنىڭ بىرئاز ئالاھىدىرەك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. ئەگەردە مېنىڭ يىراق ئەجدادلىرىمنى سۈرۈشتۈرۈپ كەلسە، كىم بىلىدۇ سىز بىلەن تۇغقان چىقىپ قالىمىزمۇ تېخى! چۈنكى بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز تارىختا ئوتتۇرا ئاسىيادىن ياۋروپاغا كۆچۈپ كەلگەن ئەمەسمۇ!؟

ئېۋا خانىمنىڭ سۆزلىرى ئوچۇق ۋە يۇمۇرلۇق ئىدى. ئۇ يول بويى ماڭا قىزىق پاراڭلارنى قىلىپ ماڭدى. بىز ئۇپسالا شەھەر مەركىزىدىكى كەڭرى مەيدانني كېسىپ ئۆتۈپ، بىر تۈرك رېستورانىغا كىردۇق. رېستوران ئازادە ۋە راھەت ئىدى. لارش ئەپەندى بىر ئۈستەلدە بىزنى ساقلاپ تۇرغانىكەن، بىزنى كۆرۈپلا ئالدىمىزغا كەلدى.

— ھە، قانداق ئەھۋالىڭىز، سۇلايمان بەي، مەن سىز توغرىلىق ئابدۇرېشىت ياقۇپتىن ئاڭلىغان، ئېۋامۇ بۈگۈن سىزنىڭ ئۇپسالاغا كېلىدىغىنىڭىزنى ماڭا ئېيتقان، مانا يۈز كۆرۈشتۇق، ياخشى بولدى!

— سىز بىلەن كۆرۈشكەنلىكىم ئۈچۈن تولىمۇ خۇشالمەن، مەن سىزنىڭ نامىڭىزنى ۋە بىر قىسىم ماقالىلىرىڭىزنى ئوقۇغانمەن، — دېدىم مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ.

بىز ئۈستەلدە ئولتۇردۇق. لارش ئەپەندى ئالدىنئالا تاماقنى بۇيرۇتۇپ تۇرغانىكەن، ھايال ئۆتمەيلا كۈتكۈچىلەر تۈرك كاۋىپى بىلەن سالات كەلتۈردى. لارش ئەپەندى بىرئاز پىۋا بۇيرۇدى.

— مەن ئالدىنقى ھەپتە مايىنزدىن ئىككى ھەپتىلىك دەم ئېلىشقا كەلدىم. ئېۋامۇ تۈركىيىدىكى ئۆزىنى تەكشۈرۈشنى تۈگىتىپ قايتىپ كەلدى. بىز مۇشۇنداق بېرىپ ـ كېلىپ، ئىككىمىز ئىككى دۆلەتتە ئىشلەۋاتقىلى بىرقانچە يىللار بولدى. ئاڭلىسام ئابدۇرېشىت ياقۇپ بىلەن بىر ئۇنىۋېرسىتېتتا ئىشلەيدىكەنسىز، ھازىر قايسى كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىسىز؟ — دېدى لارش ئەپەندى ئېستاكانلارغا پىۋا قۇيۇۋېتىپ.

— مەن ھازىر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئادىمىيەت پەنلىرى[81] ئىنستىتۇتىدا ئىشلەۋاتىمەن. ئاساسلىق كەسپىم ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە فولكلور مەدەنىيىتى. لېكىن شۋېتسىيىگە كەلگەندىن كېيىن بۇ يەردىكى تەتقىقاتىمنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىمەن. چۈنكى ھازىر مەن تۇرۇۋاتقان ستوكھولم ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئورنى ئاساسلىقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىرى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن.

— گۇستاف رەكېت، گۇننار ياررىڭ قاتارلىق ئالدىنقى ئەۋلاد شۋېت تۈركولوگلىرى ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى بويىچە زور ئەمگەكلەرنى ياراتقان، لېكىن يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بۇ ساھەدە مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بارىدىغان ئادەم بولمايۋاتىدۇ. شۋېتسىيە ئارخىپلىرىدا شۋېت مىسسىئونېرلىرى قەشقەردە نەشر قىلغان زور مىقداردىكى ئۇيغۇرچە باسما بۇيۇملار ساقلانماقتا. بۇ باسما بۇيۇملار ئۇيغۇر تىلىنىڭ كلاسسىك دەۋردىن ھازىرقى زامان دەۋرىگە قەدەم قويۇشىدىكى ئۆتكۈنچى مەزگىلدىكى تىل خۇسۇسىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مۇمكىن بولسا، سىز مۇشۇ ساھەدە ئىزدىنىپ باققان بولسىڭىز ياخشى بولاتتى.

— مەنمۇ مۇشۇ باسما بۇيۇملارغا قىزىقىۋاتىمەن، ستوكھولمغا كەلگەندىن بۇيان، بۇ ھەقتە ئاز بولمىغان ماتېرىياللارنى توپلىدىم. بۇ ھەقتە بىر پارچە تەتقىقات دوكلاتى يازاي دەۋاتىمەن.

— ئەمىسە، مەن بىر زاكاز بېرەي، ھازىر گېرمانىيىدە مەن باش مۇھەررىرلىك قىلىۋاتقان «تۈركىي تىللار تەتقىقاتى» ناملىق خەلقئارالىق ئىلمىي ژۇرنال بار. سىز مۇشۇ تېمىدا بىر ماقالە يېزىپ بېرىڭ. پەمىمچە، بىر يىل سىز ئۈچۈن تولىمۇ قىسقا، شۇڭا ئاز بولغاندا ئىككى يىل تۇرالىسىڭىز، ئاندىن چوڭراق بىر ئىلمىي ئەمگەكنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولۇشى مۇمكىن.

— مېنىڭمۇ مۇمكىن بولسا ئۇزۇنراق تۇرۇش ئويۇم بار، لېكىن ھازىر ئېلىۋاتقان تەتقىقات راسخوتىم پەقەت بىر يىللىق بولۇپ، يەنە تۇرۇش توغرا كەلسە، بىرەر فوندى جەمئىيەتنىڭ تەتقىقات مۇكاپاتىغا ئېرىشىشىمگە توغرا كېلىدىكەن. شۇڭا بۇ ئىشقا بېشىم قېتىۋاتىدۇ.

— ئەمىسە مۇنداق بولسۇن، ئالدى بىلەن شۋېتسىيە ئىنستىتۇتىنىڭ چەت ئەللىك تەتقىقاتچىلار ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان تەتقىقات مۇكاپاتىغا ئىلتىماس قىلىپ بېقىڭ، ئۇنىڭدا بولمىسا، گېرمانىيىدە ھۇمبولت تەتقىقات مۇكاپاتى بار، سوممىسىمۇ يۇقىرى، مەن سىزگە ئۆز نامىمدىن تونۇشتۇرۇش خېتى يېزىپ بېرەي.

---

[81] ئادىمىيەت پەنلىرى — ئىنگلىزچىدىكى Humanities ۋە خەنزۇ تىلىدىكى 人文学科 ئاتالغۇلىرىنىڭ نىسبەتەن توغرا تەرجىمىسى بولۇپ، ھازىر ئۇيغۇرچىدا ئۇنى خاتا ھالدا «فىلولوگىيە پەنلىرى» دەپ قوللانماقتا.

ئەگەر بۇ مۇكاپاتلاردىن بىرەرسىگە ئېرىشىپ قالسىڭىز، ئىقتىسادىي جەھەتتىن خاتىرجەم بولۇپ، ياۋروپادا يەنە بىر ـ ئىككى يىل تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنالايسىز.

مەن لارش ئەپەندىنىڭ كۆڭۈل بۆلگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتتىم. ئېۋا خانىممۇ مېنىڭ يۇقىرىقى فوندى جەمئىيەتلىرىگە ئىلتىماس قىلىپ كۆرۈشۈمنى ئېيتتى، سۆھبىتىمىز ياۋروپادىكى تۈركولوگىيە تەتقىقاتىنىڭ ئەڭ يېڭى مەسىلىلىرى، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭدىكى تۈركىي تىللىرىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋاللىرى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلدى.

ئىككى سائەتلەردىن كېيىن بىز رېستوراندىن چىقتۇق. مەن پىلانىم بويىچە ئىنگۋار ئەپەندىنىڭ ئىشخانىسىغا بېرىشىم كېرەك ئىدى. شۇڭلاشقا پروفېسسور لارش يوھانسون ۋە ئۇنىڭ خانىمى پروفېسسور ئېۋا كشاتو ـ يوھانسون بىلەن خوشلاشتىم. ئېۋا خانىم مېنىڭ بىلەن يەنە ئالاقىلىشىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئۇپسالا شەھىرىنىڭ مەركىزىدىكى پىيادىلەر كوچىسىنى كېسىپ ئۆتۈپ، دەريا بويىغا كەلدىم. ئىنگۋار ئەپەندى خېتىدە يېزىپ بەرگەن ئادرېس بويىچە ئۇپسالا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كۆپ خىل ئېتنىك گۇرۇپپىلار تەتقىقات ئورنى (Multiethnic Research Institute) نى تاپتىم. ئۈچ قەۋەتلىك بۇ كىچىك بىناغا بىرقانچە تەتقىقات ئورۇنلىرى جايلاشقان ئىكەن.

ئۈچىنچى قەۋەتتىكى كىتابلار بىلەن تولغان يىغىنچاق بىر ئىشخانىدا ئىنگۋار ئەپەندى كومپيۇتېرنى ئېچىپ قويۇپ ئىشلەپ ئولتۇرغان ئىكەن، مېنى كۆرۈپلا ئورنىدىن تۇرۇپ ئالدىمغا كەلدى:

ــــ جاغدايىڭىز قالاي، سۇلايمان مىرزا، ــــ دېدى ئۇ ماڭا قازاقچە سالام بېرىپ:
ـ ئەمدى ئىنگلىزچە سۆزلەشسەك قانداق، قازاقچە كىتابلارنى كۆرەلىسەممۇ لېكىن سۆزلىيەلەيدىغان سۆزلىرىم تولىمۇ چەكلىك، ئۇيغۇرچىنى تېخىمۇ سۆزلىيەلمەيمەن. مەن شىنجاڭغا 1986 ـ يىلى بارغان، ئۈچ ئايلىق تەكشۈرۈش جەريانىدا ئۇيغۇر ۋە قازاقلار بىلەن بىۋاسىتە ئارىلىشىپ قۇلىقىم خېلىلا پىشىپ قالغان. مانا 20 يىلدەك ۋاقىت ئۆتۈپ كۆپ نەرسىلەر ئۇنتۇلۇپ كەتتى!

ــــ ياخشى سۆزلەيدىكەنسىز، ــــ دېدىم مەن ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، ــــ سىزنىڭ شىنجاڭ ھەققىدىكى ماقالىلىرىڭىزنى كۆپ كۆرگەن بولساممۇ، لېكىن مانا ئەمدى كۆرۈشۈش نېسىپ بولدى. قانداق، ئۆزىڭىزمۇ ياخشى تۇرغانسىز؟

ــــ يامسان ئەمەس، مەن زۆھرەدىن سىزنىڭ ستوكھولمغا كەلگەنلىكىڭىزنى ئاڭلىغان، ئۇ قىز سىز بىلەن تونۇشقان كېلىمىز دەيدۇ، شۇنداقمۇ؟ تولىمۇ تىرىشچان قىز ئىكەن. سىزنىڭ شۋېتسىيىگە كەلگىنىڭىز ياخشى بولدى. ھازىرغىچە ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىن مەخسۇس ئىلمىي تەتقىقات ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلگەن ئادەم يوق. سىز بۇ جەھەتتە يول ئاچتىڭىز!



AltunOq

— رەھمەت، بۇ بىر يىل جەريانىدا سىزنىڭ يېتەكلىشىڭىز ۋە ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئىنگۋار ئەپەندى مېنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. كىتابلارنىڭ كۆپلۈكىدىن ئۆزىدىن باشقا ئاران بىرلا ئادەم سىغىدىغان بۇ ئىشخانىدا ئۇدۇللىمۇ ئۇدۇل ئولتۇردۇق. ئۇ ماڭا قويۇق شۋېت قەھۋەسى دەملەپ بەردى.

ئىنگۋار ئەپەندى ئوتتۇرا بويلۇق، سېمىز كەلگەن، سىم ساقال كىشى ئىدى. قارىماققا ئوتتۇرا ياشلىق تىپىك شۋېت ئەرلىرىگە ئوخشايتتى. گەپ ـ سۆزلىرىدىن شۋېتلارغا خاس ئەستايىدىللىقى ۋە سەممىيلىكى چىقىپ تۇراتتى. مەن شۋېتسىيىگە كېلىشتىن خېلى يىللار ئىلگىرى ئۇنىڭ تۈركىيىدىكى قازاق كۆچمەنلىرى ھەققىدە يازغان بىر كىتابىنى ئوقۇغانىدىم. ئۇپسالا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇيدىغان ئۇيغۇر قىز زۆھرەمۇ ئىنگۋار ئەپەندى ھەققىدە ماڭا سۆزلەپ بەرگەنىدى.

— زۆھرەگە تېلېفون بېرەي، بىللە پاراڭلىشايلى، مەتن بىلەرنى تاماققا تەكلىپ قىلاي، — دېدى ئىنگۋار ئەپەندى ماڭا قاراپ.

— رەھمەت، مەن ئېۋا خانىم ۋە ئۇنىڭ يولدىشى بىلەن بىللە چۈشلۈك تاماق يېدىم. زۆھرە ئۆتكەن ھەپتە قىشلىق تەتىلنى ئۆتكۈزۈپ كېلىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە قايتتى. بۇ يەردە بولغان بولسا بىللە كېلەتتۇق.

— ھە، ئۇنداق بولسا مەيلى، مەن كېيىنكى قېتىم مېھمان قىلاي، چۈنكى مەن ئۈرۈمچىدە بولغان كۈنلىرىمدە نۇرغۇن ئۇيغۇر ۋە قازاق دوستلارنىڭ ئاش ـ تۇزىنى يېگەن. بۈگۈن ئىشخانىدا پاراڭلىشايلى.

— سىز ھازىرمۇ شىنجاڭدىكى قازاقلار توغرىسىدىكى تەتقىقاتىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇۋاتامسىز، مەن سىزنىڭ شىنجاڭ قازاقلىرى ھەققىدىكى ئۈچ پارچە كىتابىڭىزنى ۋە بىرقانچىلىغان ماقالىلىرىڭىزنى كۆرگەن. شۇڭا بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلىرىڭىز ھەققىدە بىلگۈم بار.

— ھەي، نېمە دېسەم بولار، — دېدى ئىنگۋار ئەپەندى كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى بەزىدە سىزدىن ناھايىتى كەڭ دائىرىلەرگە چېتىلىشىڭىزنى تەلەپ قىلىدىكەن. مەن ئەسلىدە جۇڭگودىكى قازاقلارنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى ھەققىدە مەخسۇس شۇغۇللىناي دەپ ئويلىغان، لېكىن كېيىنكى ئەھۋاللىرىم مېنىڭ بۇ ئويۇمنى چەكلەپ قويدى. ئىلگىرى مەن ئۇپسالا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كۆپ خىل ئېتنىك گۇرۇپپىلار تەتقىقات ئورنىدا ئونнەچچە يىل ئىشلىگەن. بۇ جەرياندا ئىزچىل ھالدا جۇڭگو قازاقلىرى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان. كېيىن بۇ ئورۇندىكى توختامىم توشقاندىن كېيىن باشقا جايدىن خىزمەت تېپىشقا توغرا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇپسالا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەرقىي ياۋروپا تەتقىقات ئورنىدا ياردەمچى تەتقىقاتچىلىق ئورنىغا ئېرىشتىم. ھازىرغىچە مۇشۇ يەردە ئىشلەۋاتىمەن. شۇڭلاشقا شۇنىڭغا يارىشا تەتقىقات يۆنىلىشىمنى

ئۆزگەرتىشىمگە توغرا كەلدى. شۇڭا مەن قىزىقىدىغان ساھە كۆپىيىپ كەتتى. كېلەر يىلى بۇ يەردىكى توختامىم توشىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن نېمىلەرنى تەتقىق قىلىمەن ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. ھازىر ياۋروپانىڭ ئىقتىسادى ئىزچىل ھالدا بىر ئىزدا توختاپ قېلىش ھالىتىدە تۇرۇپ كەلگەچكە، ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىغا سالىدىغان مەبلەغمۇ يىلدىن - يىلغا ئازىيىپ كېتىۋاتىدۇ. مۇشۇ ساھەدىكىلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىمۇ بارغانسېرى تەسلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. يېقىنقى بىرقانچە يىللاردىن بۇيان مەن ئۆسۈملۈك ئېتنوگرافىيىسىگە قىزىقىپ قېلىۋاتىمەن. بىر مەزگىل سكاندىناۋىيە ئەللىرىنىڭ شىمالىي قىسمىدا ياشايدىغان ئاز سانلىق مىللەت ساملارنىڭ ئېتنوگرافىيىسى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ باردىم. لېكىن شىنجاڭ ھەمدە شىنجاڭدىكى قازاقلار ھەققىدە داۋاملىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئويۇمدىن تامامەن ۋاز كەچكىنىم يوق. مەن مۇشۇنداق ئۇنىۋېرسالراق ئادەم.

— سىز شىنجاڭدىكى قازاقلارغا نېمە سەۋەبتىن قىزىقىپ قالغان ئىدىڭىز؟

— بۇ بىر ئۇزۇن ھېكايە، — دېدى ئىنگۋار ئەپەندى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئۇپسالا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كۆپ خىل ئېتنىك گۇرۇپپىلار تەتقىقات ئورنىغا يېڭىلا ياردەمچى تەتقىقاتچىلىق خىزمىتىگە ئورۇنلاشقان چاغلىرىم ئىدى. شۋېتسىيىدىكى نوپۇسى ئاز كۆچمەنلەر ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلمىسى ھەققىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش خىيالى بىلەن بىر نۇقتا ئىزدەپ يۈرەتتىم. بىر كۈنى تاسادىپىيلا بىر ئوقۇغۇچى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇ ئۆزىنىڭ قازاق ئىكەنلىكىنى، ستوكھولمنىڭ غەربىدىكى ۋېستراس دېگەن بازاردىن كەلگەنلىكىنى، بۇ يەردە 60 ئائىلىلىكتىن كۆپرەك قازاقلارنىڭ ياشايدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. مەن شۇ ۋاقىتقىچە قازاقلار توغرىسىدا ھېچقانداق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەس ئىدىم. شۇنىڭ بىلەن مەندە ۋېستراستىكى قازاق كۆچمەنلىرىنى تەكشۈرۈپ بېقىش ئويى تۇغۇلدى. بۇ 1979 - يىلىنىڭ باشلىرى ئىدى. مەن بىر كۈنى ھېلىقى ئوقۇغۇچىنىڭ ھەمراھلىقىدا ستوكھولمدىن ئاپتوبۇس بىلەن ۋېستراسقا باردىم. بۇ بىر كىچىك تىپتىكى چىرايلىق بازار ئىكەن. تەكشۈرۈش جەريانىدا شۇنى ھېس قىلدىمكى، بۇ يەردە 60 ئۆيلۈكتىن ئارتۇق قازاق كۆچمەنلەر توپلىشىپ ياشايدىكەن. ئۇلار ئاساسەن ئائىلىدە تۈركچە سۆزلىشىدىكەن. تۇرمۇش ئەنئەنىسى جەھەتتىن ئازراق تۈركچە ئادەتلەر قوشۇلغاندىن سىرت، ئاساسەن كۆچمەن قازاقلارنىڭ خېلى كۆپ تۇرمۇش ئۇسۇللىرىنى ساقلاپ كەپتۇ. ئۇلارنىڭ ئەسلىي تېگى - تەكتى جۇڭگونىڭ شىنجاڭ ئۆلكىسىدىن بولۇپ، 20 - ئەسىرنىڭ 30 — 40 - يىللىرىدا شىنجاڭدا يۈز بەرگەن مالىمانچىلىقلار تۈپەيلىدىن يۇرت - ماكانلىرىنى تاشلاپ كۆچۈشكە مەجبۇر بولۇپتۇ. دەسلەپ جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىي قىسمىدىكى گەنسۇ، چىڭخەي ئۆلكىلىرىگە سەرگەردان بولۇپ بېرىپتۇ. 40 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا يەنە بىر تۈركۈم قازاقلار شىنجاڭدىن كېلىپ ئۇلارغا قوشۇلۇپتۇ ھەمدە تىبەت

ئارقىلىق ھىندىستانغا ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئۇ يەردە مۇھىتقا كۆنەلمەي، ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق ۋە باشقا سەۋەبلەردىن مىڭلىغان قازاقلار ئۆلۈپ كېتىپتۇ. كېيىن ئۇلار ئافغانىستانغا بېرىپتۇ، ئۇ يەردىن مىڭ بىر جاپالار بىلەن 1950 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىغا بارغاندا تۈركىيىگە بېرىپ ئولتۇراقلىشىپتۇ. ئۇلار تۈركىيىگە يېتىپ بارغاندا ئەسلىدە گەنسۇ، چىڭخەيدىن يولغا چىققان 5000 دىن ئارتۇق قازاق مۇساپىردىن ئاران 1500دىن ئارتۇق كىشى ھايات قاپتۇ. قالغانلىرى بىرقانچە يىللىق جاپالىق سەرگەردانلىق تۇرمۇش جەريانىدا ئۇرۇش، كېسەللىك ۋە ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىپتۇ. تۈركىيە ھۆكۈمىتى ئۇلارغا ئاناتولى ئېگىزلىكىنىڭ ئىچكىرىسىدە مەخسۇس مەھەللىلەر قۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. ئۇلار بۇ مەھەللىلەرگە «ئالتاي كۆي»، «كۆرتۇلۇش» دېگەندەك نامالارنى قويۇپ، ئىلگىرىكى كۆچمەن چارۋىچىلىقتىن قول ئۈزۈپ ئولتۇراق تۇرمۇشقا كۆچۈپتۇ. 60 ـ يىللارنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە بۇ يەردىكى بىرقىسىم قازاق ئائىلىلىرى ئاناتولى ئېگىزلىكىدىن ئىستانبۇلغا كۆچۈپ بېرىپ شەھەرلىشىپتۇ. بۇ دەل تۈركىيىدە ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ياۋروپا ئەللىرىگە ئېقىشى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن يىللار ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىرقانچە يۈز قازاق ئائىلىرى تۈركىيىدىن ئايرىلىپ كۆچمەن سۈپىتىدە ياۋروپاغا قاراپ سۈرۈلۈپتۇ. ئۇلار گېرمانىيە، ئاۋستىرىيە، فرانسىيە ۋە گېرمانىيىلەردە ئايلىنىپ يۈرۈپ، 60 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا شۋېتسىيىگە بېرىپ ماكانلىشىپتۇ. شۋېتسىيە ھۆكۈمىتى ئۇلارنى ستوكھولمغا 100 كىلومېتىر كېلىدىغان ۋېستراس بازىرىغا يەرلەشتۈرۈپ، ھەممىسىگە بىر تۇتاش ئولتۇراق ئۆي تەقسىم قىلىپ بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇلار شۋېتسىيىنىڭ قانۇنلۇق گراژدانلىرىغا ئايلىنىپتۇ.

ئىنگۋار ئەپەندى ئۇستىلدىكى سوۋۇپ قالغان قەھۋەدىن بىر يۇتۇم ئوتلىدى. ئۇنىڭ ھېكايىسى مېنى تولىمۇ قىزىقتۇردى. شۇ چاغقىچە شۋېتسىيىدە قازاق كۆچمەنلىرىنىڭ ياشايدىغانلىقى ھەققىدە ئاڭلاپ باقمىغانىدىم. شۇڭلاشقا ئۇنىڭدىن يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ سورىدىم:

— شۇنداق قىلىپ قازاقلار ھەققىدىكى تەتقىقاتىڭىز ۋېستراستىن باشلاندى دەڭ، بۇ تولىمۇ قىزىقارلىق بىر جەريان بوپتۇ!

— شۇنداق، شۇ قېتىم ۋېستراستا بىر ھەپتە تۇردۇم، نۇرغۇن قازاق ئائىلىلىرىنى زىيارەت قىلدىم. ئۇلارنىڭ مەسچىتىنىڭ ئىمامى مېنى قوبۇل قىلدى ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ تۈركىيىدىن شۋېتسىيىگە كېلىش جەريانىنى سۆزلەپ بەردى. مەن ئۇپسالاغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مۇشۇ ماتېرىياللىرىم ئاساسىدا بىر تەتقىقات تېمىسى ئىلتىماس قىلدىم. تەلىيىمگە شۋېتسىيە تەتقىقات ئىنستىتۇتى مېنىڭ بۇ تېمامنى تەستىقلىدى ھەمدە مەلۇم تەتقىقات خىراجىتى ئاجراتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن تۈركىيىگە بېرىپ، ئۇ يەردىكى قازاق كۆچمەنلىرى ئارىسىدا

6 ئاي ئېتنوگرافىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردىم. بۇ جەرياندا ناھايىتى مول بولغان ئاغزاكى ۋە يازما ماتېرىياللارغا ئېرىشتىم. خەلىپە ئالتاي قاتارلىق قازاق زىيالىيلىرى بىلەن سۆھبەتتە بولدۇم. شۇ قېتىملىق ئەمەلىي تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقاتىم ئاساسىدا «تۈركىيىدىكى قازاق كۆچمەنلەر»[82] ناملىق كىتابىمنى يازدىم. شۇنىڭدىن كېيىن تۈركىيىدىكى قازاق كۆچمەنلىرىنىڭ مەنبەسى بولغان شىنجاڭغا بېرىش قارارىغا كەلدىم. 1986 ـ يىلى كۈزدە شىنجاڭغا باردىم، باركۆل، مورى، ئۈرۈمچى ھەمدە ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى تەۋەسىدە ئۈچ ئايلىق ئەمەلىي تەكشۈرۈشتە بولدۇم ھەمدە نۇرغۇن ماتېرىياللارغا ئېرىشتىم. شىنجاڭ قازاقلىرىنىڭ چەت ئەللەرگە كۆچۈشى ئاساسەن گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، گومىنداڭ ئارخىپلىرىدىن بۇ ھەقتىكى مەلۇماتلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا تەيۋەنگە باردىم. تەيۋەندە ئامېرىكىلىق تەتقىقاتچى ئايال لىندا بېنسون بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇمۇ ئۆزىنىڭ دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسى «ئىلى ئۆزگىرىشى»[83] ئۈچۈن ماتېرىيال توپلاش مەقسىتىدە تەيۋەندە تۇرۇۋاتقان ئىكەن. ئۇ مېنىڭ تېمامغا قىزىقىپ قالدى. چۈنكى ئۇ 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ جەمئىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلسا، مەن قازاقلارنىڭ شۇ مەزگىلدىكى جەمئىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلىۋاتاتتىم. شۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز كېڭىشىش ئارقىلىق بىرلىكتە كىتاب يېزىشقا كېلىشتۇق. دەسلەپ ئىككىمىزنىڭ بۇ ھەقتىكى ماقالىلىرىمىزنى توپلاپ «جۇڭگو قازاقلىرى: بىر ئاز سانلىق مىللەت ھەققىدىكى تەتقىقاتلار»[84] ناملىق ئىنگلىزچە توپلامنى نەشر قىلدۇق. ئاندىن بىرقانچە يىللار قايتا پىششىقلاشلار ۋە ئۆزگەرتىشلەر ئارقىلىق ئاخىرىدا «جۇڭگودىكى ئەڭ ئاخىرقى كۆچمەن چارۋىچىلار: جۇڭگو قازاقلىرىنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى»[85] ناملىق ئىلمىي تەتقىقات ئەسىرىمىزنى ئېلان قىلدۇق. بۇلاردىن سىرت، كېيىنكى يىللاردا يەنە قازاقلارنىڭ ئېتنوگرافىيىسى ۋە فولكلور مەدەنىيىتىگە دائىر بىرقانچىلىغان ماقالىلەرنى يازدىم. مېنىڭ شىنجاڭ قازاقلىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتلىرىم مۇشۇنچىلىك.

— مەن سىزنىڭ «تۈركىيىدىكى قازاق كۆچمەنلەر» ناملىق كىتابىڭىزنى ئۈرۈمچىدە ئوقۇغانمەن، ھازىرغىچە ئۇنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى مەندە بار، لېكىن

---

[82] Ingvar Svanberg, *Kazak Refugees in Turkey: A Study of Cultural Persistence and Social Change* (Studia Multiethnica Upsaliensia, 8), Uppsala, 1989, pp.211

[83] Linda Benson, The Ili Rebellion: *The Moslem Challenge to Chinese Authority in Xinjiang 1944 – 1949*, Armonk, New York: M.E. Sharpe, Inc., 1990

[84] Linda Benson / Ingvar Svanberg ed., *The Kazaks of China: Essays on an Ethnic Minority* (Studia Multiethnic Upsaliensia, 5), Uppsala, 1988, pp. 250

[85] Linda Benson / Ingvar Svanberg, *China's Last Nomads: The History and Culture of China's Kazaks*, M. E. Sharpe, Armonk, New York, pp. 251

كېيىنكى ئىككى كىتابىڭىزنى بۇ يەرگە كېلىپ كۇتۇپخانىلاردىن كۆردۈم. بۇ ھەقتە سىز بىلەن كېيىنچە تېخىمۇ چوڭقۇرلىغان ھالدا سۆزلەشكۈم بار.

— مەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن، بۇ تېمىدا شۋېتسىيىدە سۆھبەتلەشكۈدەك باشقا ئادەم يوق، سىزنىڭ كېلىشىڭىز ماڭا يېڭىدىن ئىلھام ئاتا قىلدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتى ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتى ھەققىدە شۋېتسىيىدە ساقلىنىۋاتقان ماتېرىياللار قازاقلارغا قارىغاندا خېلىلا كۆپ. بۇ جەھەتتە مېنىڭمۇ سىز بىلەن ھەمكارلاشقۇم بار. بەزى تېمىلارنى بىرلىشىپ ئىشلىسەك بولىدۇ. مەن سىزنى بىر قازاق قىز بىلەن تونۇشتۇرۇپ قوياي دەپ ئويلاۋاتىمەن. ئۇ ۋېستراستىكى قازاق كۆچمەنلىرى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، شۋېتسىيىدە چوڭ بولغان. ھازىر ستوكھولمدىكى بىر گېزىتتە مۇخبىر بولۇپ ئىشلەيدۇ. ئۇمۇ شىنجاڭ قازاقلىرىنىڭ ئاۋۋال تۈركىيىگە، تۈركىيىدىن ياۋروپاغا كۆچۈش تارىخى ھەققىدە بىر كىتاب يېزىشنى ئويلاپ يۈرىدۇ. سىزنىڭ خەۋىرىڭىزنى ئاڭلاپ مەن ئۇنىڭغا ئېيتقان. ئېھتىمال، پات ئارىدا سىزنى ئىزدەپ بېرىشى مۇمكىن.

ئىنگۋار ئەپەندى كىتابلىرىنىڭ ئارىسىدىن شىنجاڭ قازاقلىرى ھەققىدە يېزىلغان كېيىنكى ئىككى كىتابىغا ئىمزا قويۇپ ماڭا تەقدىم قىلدى. ئاندىن يەنە يېقىنقى يىللاردا ئېلان قىلىنغان «لوپنۇرلۇقلار: تارىم ئويمانلىقىدا غايىب بولغان بېلىقچىلىق ۋە يىغما مەدەنىيەت»[86] ۋە «شىنجاڭدىكى ئېتنىك تەركىبلەر ۋە ئۇلارنىڭ كۆپ قاتلاملىق مەدەنىيىتى: يەركەن دەرياسى بويىدىكى دولانلار ھەققىدە تەتقىقات»[87] ناملىق ئىككى پارچە ماقالىسىنى مېنىڭ كۆرۈپ بېقىشىم ئۈچۈن بەردى. مەنمۇ ئۆزۈم ئالغاچ بارغان كىتابلىرىمدىن بىرقانچىسىنى ئۇنىڭغا تەقدىم قىلدىم.

شۇنداق قىلىپ، ئىنگۋار ئەپەندى بىلەن بولغان كۆڭۈللۈك سۆھبىتىمىز ئاخىرلاشتى. ئىنگۋار ئەپەندىنىڭ قىزىنى يەسلىدىن ئالىدىغان ۋاقتى توشۇپ قالغاچقا بىز بىرگە سىرتقا چىقتۇق. قىش مەزگىلى بولغاچقا ئەتراپقا قاراڭغۇ چۈشكەنىدى. ئىنگۋار ئەپەندى مېنى بېكەتكىچە ئۇزىتىپ قويىدى. مەن ئۇپسالادىكى بىر كۈنلۈك پائالىيىتىمنىڭ تولىمۇ كۆڭۈللۈك ۋە مەنىلىك بولغانلىقىنى ھېس قىلىپ، خۇشال كەيپىياتتا ستوكھولمغا قايتتىم.

شۇندىن كېيىن مېنىڭ ئۇپسالا بىلەن بولغان باغلىنىشىم تېخىمۇ كۈچەيدى. ئارىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتۈپ، ئېۋا خانىم مېنىڭ ئۇپسالاغا يەنە بىر قېتىم

---

[86] Ingvar Svanberg, The Loplyks: A Vanishing Fishing and Gathering Culture in Xinjiang, *Svenska Forskninginstitutet i Istanbul, Meddelanden* 12, 1987, pp. 53 – 81

[87] Ingvar Svanberg, The Dolans in Xinjiang, Paper presented at t5he Joseph Fletcher Inner Asien Memorial Seminar — *The Islamic Legacy of China,* John King Fairbank Center, Harvard University, Cambridge, Massachusetts, April 14 – 16, 1989



AltunOq

كېلىشىمنى ئېيتىپ خەت يېزىپتۇ. مەن ئىككىنچى قېتىم ئۇپسالاغا بېرىپ، ئېۋا خانىم بىلەن بىرلىكتە ئاسىيا ـ ئافرىقا تىللىرى فاكۇلتېتىدا سۆزلەيدىغان لېكسىيەمنىڭ تېمىسى ئۈستىدە مۇزاكىرىلەشتۇق. ئېۋا خانىم ئالدى بىلەن شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى ھەققىدە بىر لېكسىيە بېرىشىمنى ئېيتتى. مەن بۇ تېما ھەققىدە بىر قۇر ئويلانغاندىن كېيىن، قولۇمدىكى ماتېرىياللىرىم ۋە تەييارلىقىمغا ئاساسەن «ئەنئەنە ۋە يېڭىلىنىش ئىچىدە تۇرۇۋاتقان بۈگۈنكى ئۇيغۇر خەلق مەدەنىيىتى» (Current Uyghur Folk Culture between Tradition and Innovation) دېگەن تېمىدا ئالدى بىلەن بىر لېكسىيە بېرىشنى، ئۇيغۇر تىلى ھەققىدىكى لېكسىيىنى كېيىنكى قېتىمغا قالدۇرۇشنى ئېيتتىم. ئېۋا خانىم قوشۇلدى. لېكسىيىنىڭ ۋاقتىنى 2004 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن دەپ بېكىتتۇق.

بۇ ئىشلار پۈتكەندىن كېيىن، ئېۋا خانىم مېنى چۈشتىن كېيىن ئۆتكۈزۈلىدىغان بىر ئىلمىي سۆھبەت يىغىنىغا قاتنىشىپ بېرىشىمنى تەكلىپ قىلدى.

شۇ كۈنى چۈشتە ئىنگۋار ئەپەندى بىلەن بىرلىكتە تاماققا باردۇق. ئۇ مېنى ئۇپسالا شەھەر مەركىزىدىكى بىر ھىندى رېستورانىغا باشلاپ كىردى. ئۇ قولىغا ئىككى پارچە كىتاب ئېلىۋالغان ئىكەن، تاماق ئارىلىقىدا ماڭا بەردى:

— مەن كىتابلىرىم ئارىسىدىن مۇنۇ ئىككى كىتابنى سىزگە ئېلىپ كەلدىم. مەن بۇ كىتابلارنى ستوكھولمدىكى كونا كىتابلارنى ساتىدىغان بىر كىتابخانىدىن ئالغان. سىزنىڭ ۋاقتىڭىز بولسا شۇ كىتابخانىغا بېرىپ بېقىڭ، مەن گۇننار ياررىڭنىڭ بۇرۇنقى ئەسەرلىرىنى شۇ يەردە كۆرگەن. مېنىڭچە بۇ ئىككى كىتابنىڭ سىزگە بىۋاستە مۇناسىۋىتى بار.

مەن رەھمەت ئېيتىپ كىتابلارنى ئالدىم. بۇنىڭ بىرى جون تۆرنكۇۋىست دېگەن كىشىنىڭ 1926 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «قەشقەر»[88] ناملىق شۋېتچە كىتابى ئىكەن. كىتابتا ئۆز دەۋرىدە شۋېت مىسسىئونېرلىرىنىڭ قەشقەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردىن تارتقان بىرقانچە يۈز پارچە رەسىملىرى قوشۇمچە قىلىنغانىدى. يەنە بىرى ئەنگلىيىلىك روبېرت باركلېي شاۋنىڭ 1871 ـ يىلى لوندوندا نەشر قىلدۇرغان «تاتارىيە ئېگىزلىكى، يەركەن ۋە قەشقەرگە زىيارەت»[89] ناملىق ئىنگلىزچە كىتابى ئىكەن. مەن بۇ كىتابنىڭ ئىسمىنى بۇرۇنلا ئاڭلىغان بولسامۇ لېكىن ئۆزىنى تاپالمىغانىدىم. شۇڭلاشقا ئىنگۋار ئەپەندىگە بولغان

---

[88] John Tornquist, *Kaschgar: Nagra bilder fran Innersta Asiens land, folk och mission*, Stockholm, 1926

[89] Robert Barkley Shaw, *Visits to High Tartary, Yarkand and Kashgar*, John Murray, London, 1871; Oxford University Press, Hongkong, 1984, reprinted; 罗伯特肖：《一个英国商人的见闻录》，新疆人民出版社，2005 年版

تەشەككۈرۈمنى يەنە بىر قېتىم ئىپادىلىدىم.

تاماقتىن كېيىن ئىنگىۋار ئەپەندى بىلەن خوشلىشىپ، ئېۋا خانىمنىڭ بۆلۈمىگە باردىم. تۈركولوگىيە بۆلۈمىدە بىرمۇنچىلىغان ئوقۇغۇچىلار ۋە مەن كۆرۈپ باقمىغان كىشىلەر يىغىلغانىدى. ئۇنىڭغىچە ئېۋا خانىم مېنى كۆرۈپ قېشىمغا كەلدى:

— سۇلايمان بەي، مەن سىزگە قارىيالمىدىم، ئۆزىڭىز ئورۇن تېپىپ ئولتۇرۇڭ. ھازىر تۈركىيىنىڭ شۋېتسىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى بىرنىڭ بۆلۈمگە كەلمەكچى. سۆھبەتنى بىردەمدىن كېيىن باشلايمىز.

مەن بىر ياندىكى ئورۇنغا بېرىپ ئولتۇردۇم. ئەتراپىمدا تۈركولوگىيە بۆلۈمىدە ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇۋاتقان تۈرلۈك دۆلەتلەردىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلار ئورۇن ئالغان ئىكەن. ئۇلارنىڭ گەپ ــ سۆزلىرى ۋە چىراي ــ شەكلىدىن قايسى مىللەتكە مەنسۇپلىقىنى ئىلغا قىلغىلى بولاتتى.

ئۇزۇن ئۆتمەي ئېۋا خانىم بىرمۇنچە مېھمانلارنىڭ ھەمراھلىقىدا تۈركولوگىيە بۆلۈمىنىڭ كىچىك يىغىن زالىغا كىرىپ كەلدى. ھەممىمىز ئورۇنلىرىمىزدىن تۇرۇپ مېھمانلارغا ھۆرمەت بىلدۈردۇق. ئېۋا خانىم مېھمانلار ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن باش ئەلچى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى كۆپچىلىككە تونۇشتۇردى. ئاندىن ئىلمىي سۆھبەتكە قاتناشقانلارنى بىر ــ بىرلەپ باش ئەلچىگە تونۇشتۇردى. سۆھبەتكە قاتناشقانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئېۋا خانىمنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بولۇپ، ئۇلار تۈركىيە، ئەزەربەيجان، ئىران، قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان، رۇسىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن كېلىپ ئوقۇۋاتقانلار ئىكەن، ئۇلاردىن سىرت يەنە شۋېتسىيە، گېرمانىيە ۋە باشقا شىمالىي ياۋروپا ئەللىرىدىن كېلىپ تۈركىي تىللار بويىچە ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ھەمدە ئۇپسالادىكى تۈركولوگىيە تەتقىقاتىغا قىزىقىدىغان ئىلمىي خادىملارمۇ بار ئىدى. ئېۋا خانىم ئارىلىقتا مېنى كۆپچىلىككە تونۇشتۇرۇپ:

— بۇ ياق سۇلايمان بەي، جۇڭگودىن كەلگەن ئۇيغۇر تەتقىقاتچىسى، ئۆزى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، ھازىر ستوكھولم ئۇنىۋېرسىتېتىدا تۇرۇۋاتىدۇ. بۈگۈنكى سۆھبىتىمىزگە ئالاھىدە تەكلىپ قىلدۇق. 3 ــ ئاينىڭ 18 ــ كۈنى بىزنىڭ بۆلۈمدە لېكسىيە بەرمەكچى، كۆپچىلىكنىڭ قاتنىشىپ بېرىشىنى تەكلىپ قىلىمەن!

— چوك گۈزەل، سۇلايمان بەي، سىز بىلەن كۆرۈشۈپ چوك سېۋىندىم، بېن بۈيۈك ئېلچى ئولاراك چىندە، يانى پېكىندە ئۈچ يىل كالدىم. شۇ زاماندا ئۈرۈمچىدە، كاشگاردا ۋە تۇرفاندا زىيارەتتە ئولدۇم. بېن چىننى، چىندىكى ئۇيگۇرلارنى ئىيى بىلىيورۇم، — دېدى باش ئەلچى بىۋاسىتە تۈركچە سۆزلەپ.

— تەشەككۈرلەر، — دېدىم مەنمۇ ئۇنىڭ سۆزىگە تۈركچە جاۋاپ قايتۇرۇپ، —

سىز بىلەن كۆرۈشۈپ بەك ھەم چوڭ سۆيۈندۈم!*

ئېۋا خانىم كۆپچىلىككە بۇ قېتىمقى ئىلمىي سۆھبەتنىڭ ئاساسىي مەقسىتىنى ناھايىتى راۋان تۈركچە بىلەن بايان قىلدى. ئۇپسالا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاسىيا ـ ئافرىقا تىللىرى فاكۇلتېتىدا تۈركولوگىيە بۆلۈمىنىڭ قۇرۇلغانلىقىغا 15 يىل بولغانلىقىنى، مۇشۇ جەرياندا بۇ بۆلۈمنىڭ تۈركىيە تۈركچىسى ۋە باشقا تۈركىي تىللىرىنى ئوقۇتۇش ۋە تەتقىق قىلىش جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى شۇنداقلا تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ بۆلۈمنىڭ خىزمەتلىرىنى ئىزچىل قوللاپ كەلگەنلىكىنى كۆپچىلىككە قىسقىچە تونۇشتۇردى.

ئۇنىڭدىن كېيىن باش ئەلچىگە سۆز بېرىلدى. باش ئەلچى ئۇپسالا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تۈرك تىلى ۋە مەدەنىيىتىنى شۋېتسىيىگە تونۇشتۇرۇشتا ئوينىغان كۆۋرۈكلۈك رولىغا يۇقىرى باھا بەردى. ئاندىن يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ تۈركولوگىيە بۆلۈملىرىگە بەرگەن ئىقتىسادىي ياردىمى ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىن ئۇپسالا ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن بولغان ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىدىغانلىقى ھەققىدە چۈشەنچە بەردى.

ئاخىرىدا سۆھبەتكە قاتناشقان ئوقۇغۇچىلار نۆۋەت بىلەن پىكىر بايان قىلدى. ئېۋا خانىم مېنىمۇ سۆزگە تەكلىپ قىلدى. مەن ئۆزۈمنىڭ ھېس قىلغانلىرىمغا ئاساسەن تۆۋەندىكىلەرنى بايان قىلدىم:

— ئالدى بىلەن باش ئەلچى ئەپەندى بىلەن كۆرۈشكەنلىكىم ئۈچۈن مەمنۇنمەن. بولۇپمۇ پروفېسسور ئېۋا خانىمنىڭ ئۇپسالا ئۇنىۋېرسىتېتىدا تۈركىي تىللىرى بويىچە ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش جەريانىدا قولغا كەلتۈرگەن مول نەتىجىلىرىگە ئاپىرىن ئېيتماي تۇرالمايمەن. باش ئەلچى ئەپەندى ئۆز دەۋرىدە تۈركىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى بولۇپ تۇرغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ئىشلەۋاتقان شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا تېخى تۈركىيە تۈركچىسى بويىچە ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىرەر بۆلۈم تەسىس قىلىنمىدى. ئەمما باشقا تۈركىي تىللىرى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز تىللىرى بويىچە ئۇنىۋېرسىتېتلاردا مەخسۇس كەسىپلەر تەسىس قىلىنغان. بىزنىڭ بىر ئەۋلاد پېشقەدەم زىيالىيلىرىمىز ئىچىدە تۈركچىنى بىلىدىغان كىشىلەر خېلى كۆپ ئىدى. ھازىر تەكىتلەشكە تېگىشلىك بىر نۇقتا شۇكى، 1980 ـ يىللاردىن باشلاپ

* بۇ تۈركچە جۈملىنىڭ مەنىسى مۇنداق:

— ناھايىتى ياخشى، سۇلايمان ئەپەندى، سىز بىلەن كۆرۈشۈپ ناھايىتى خۇشال بولدۇم، مەن جۇڭگودا باش ئەلچى بولۇپ ئىچىدىكى ئۈچ يىل تۇرغانمەن، بۇ جەرياندا ئۈرۈمچى، قەشقەر ۋە تۇرپانلارنى زىيارەت قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم. مەن جۇڭگونى ۋە جۇڭگودىكى ئۇيغۇرلارنى ياخشى بىلىمەن.

— رەھمەت، سىز بىلەن كۆرۈشۈپ مەنمۇ ناھايىتى خۇشال بولدۇم!

بىزدە بىر يۈرۈش تۈرك تىلىدىن تەرجىمە قىلىدىغان ئەدەبىي تەرجىمانلار يېتىشىپ چىقتى. مەسىلەن، تۇرسۇنئاي ساقىم، توختى تىللا قاتارلىق تەرجىمانلىرىمىز تۈركىيىنىڭ مەشھۇر يازغۇچىلىرىدىن ياشار كامال، رېشات نۇرى گۈنتېكىن، ئەزىز نەسىن، ساباھەددىن ئەلى، كەرىمە نادىر ۋە باشقىلارنىڭ نۇرغۇن ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى تۈركىيە تۈركچىسىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇردى. ھازىر شىنجاڭدا ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنغان تۈركىيە يازغۇچىلىرىنىڭ رومانلىرى 20 پارچىدىن ئاشىدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت تۈركىيىنىڭ بىر قىسىم نادىر كىنو - تېلېۋىزىيە فىلىملىرى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىپ قويۇلدى ھەمدە كۆرۈرمەنلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. يەنە بىر جەھەتتىن، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بىر قىسىم ياشلىرىمىز تۈركىيىنىڭ ھەرقايسى ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا تۈرلۈك كەسىپلەر بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشىپ ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى، ئۇلار تۈركىيە بىلەن جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت ئالاقىلىرىدا ئۆزلىرىنىڭ تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرماقتا.

مەن شۇنچىلىك سۆزلىدىم. باش ئەلچى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى سۆزۈمنى تەستىقلاپ رەھمەت ئېيتتى. سۆھبەت يىغىنى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، باش ئەلچىنىڭ ياردەمچىلىرى ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ كەلگەن بىر كىنو فىلىمىنى قويۇپ بەردى. بۇ «مۇستاپا كامال» دېگەن مەخسۇس كىنو بولۇپ، تولىمۇ تەسىرلىك ئىكەن. كىنودىكى بىر كۆرۈنۈش خېلى ئۇزۇنغىچە مېنىڭ ئېسىمدىن چىقمىدى. 1912 - يىلى گرېتسىيە - ئەنگلىيە بىرلەشمە ئارمىيىسى بوسپور بوغۇزىدىن ئۆتۈپ ئىستانبۇل ۋە باشقا شەھەرلەرنى بېسىۋالىدۇ. ئاندىن ئۈستۈن ئەسكىرىي كۈچ بىلەن ئاناتولى ئېگىزلىكىگە قىستاپ بېرىپ، تۈركىيىنى مۇنقەرز قىلىش خەۋپىگە دۇچار قىلىدۇ. مۇشۇنداق شارائىتتا مۇستاپا كامال تۈركىيە ئارمىيىسىنى قايتىدىن تەشكىللەپ، تاجاۋۇزچىلار بىلەن قاتتىق كۈرەش قىلىدۇ. فىلىمدە تەسۋىرلىنىشىچە، بىر يامغۇرلۇق كۈنى مۇستاپا كامال مۇھاپىزەتچى قىسىملىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئالدىنقى سەپنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە كېتىپ بارغاندا، يولدا بىر كالا ھارۋىسىنى يېتىلەپ كېتىپ بارغان بىر ئايالغا ئۇچراپ قالىدۇ. ئايالنىڭ قۇچىقىدىكى كىچىك بالا شىددەتلىك يامغۇرنىڭ دەستىدىن قاتتىق يىغلاۋاتاتتى، لېكىن ھېلىقى ئايال بالىسى بىلەن ئانچە كارى بولماي، ھارۋىنى ئەدىيال بىلەن يۆگەپ، قولىدىكى قامچىسى بىلەن كالىنى تېزراق مېڭىشقا ئۈندەۋاتاتتى. بۇنى كۆرۈپ مۇستاپا كامال ھېلىقى ئايالدىن سورايدۇ:

— ھەي ئايال، ھارۋىدىكى نېمە؟

— قورال - ياراغ.

— نەگە ئېلىپ ماڭدىڭ؟

— ئالدىنقى سەپكە.

— ھارۋىنى نېمىشقا ئېرىك ھەيدىمىدى؟

— ئېرىم ئورۇشتا ئۆلۈپ كەتتى.

— بالا ھۆل بولۇپ كېتىپتۇ، ئەدىيال بىلەن بالىنى يۆگىۋېلىشىڭ كېرەك ئىدى!

— شۇنداق، بالامنى يۆگىۋالسام ياخشى بولاتتى، — دەيدۇ ھېلىقى ئايال مۇستاپا كامالغا مەردانىلىق بىلەن قاراپ تۇرۇپ، — لېكىن ھارۋىدىكى قورال – ياراغلار ھۆل بولۇپ كەتسە ۋەتەن مۇنقەرز بولىدۇ. بالام ئۆلۈپ كەتسە، يەنە بالا تۇغالايمەن، لېكىن ۋەتەننى قايتا تۇغالمايمەن!

بۇ گەپنى ئاڭلىغان مۇستاپا كامال ئاتتىن سەكرەپ چۈشىدۇ – دە، ئۈستىدىكى يامغۇرلۇقنى سېلىپ، ئايالنىڭ قۇچىقىدىكى بالىنى يۆگەپ قويىدۇ. ئاندىن ھېلىقى ئايالغا قاراپ:

— ساڭا ئوخشاش ئۇلۇغ ئانىلار بولىدىكەن، تۈرك ۋەتىنى ھەرگىز مۇنقەرز بولمايدۇ، — دەيدۇ.

كىنو تۈگىگەندىن كېيىن ھەممىمىز قايتىشقا تەرەددۇت قىلدۇق. مەن ئېۋا خانىم بىلەن خوشلىشىپ، ستوكھولمغا قايتتىم.

شۇنداق قىلىپ، قىشنىڭ سوغۇقى بارا – بارا بوشاپ، ھاۋا ئىللىشقا باشلىدى. 3 – ئاي كىرگەندىن كېيىن ئەتراپتىكى قار – مۇزلار ئاستا – ئاستا ئېرىپ شىمالىي ياۋروپادا باھارنىڭ تىنىقى كېلىشكە باشلىدى. 3 – ئاينىڭ 18 – كۈنى دېيىشكىنىمىز بويىچە، مەن قول كومپيۇتېرىمنى ئېلىپ ئۇپسالاغا يەنە باردىم. شۇ كۈنى ھاۋا باشقىچىلا ئېچىلىپ كەتكەنىدى. لېكسىيەم چۈشتىن كېيىن بولغاچقا، مەن ستوكھولمدىن بىللە كەلگەن زۇلھايات ۋە ئۇپسالا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان زۆھرە قاتارلىق قىزلارنىڭ ھەمراھلىقىدا چۈشتىن ئاۋۋال ئۇپسالادىكى ھەيۋەتلىك كاسېدرالنى كۆرۈپ كەلدۇق.

چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككى بولغاندا تۈركولوگىيە بۆلۈمىگە باردۇق. كىچىك زال ئېۋا خانىمنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن تولغانىدى. شۇ ئارىدا ئېۋا خانىم ماڭا خەنزۇ تىلى بۆلۈمىدە ياردەمچى پروفېسسور بولۇپ ئىشلەۋاتقان يوئاكىم ئېنىۋال ئەپەندىنى تونۇشتۇردى. يوئاكىم ئەپەندى خەنزۇچىنى تولىمۇ راۋان سۆزلەيدىكەن. مەن ۋەتەندىكى چاغدىلا ئۇنىڭ شىنجاڭ ھەققىدىكى بىرقىسىم ماقالىلىرىنى كۆرگەنىدىم. بېيجىڭدىكى مىللەتلەر نەشرىياتىدا خىزمەت قىلىدىغان دوستۇم دولقۇن قادىرمۇ يوئاكىم ئەپەندىنىڭ بېيجىڭدا ئۇيغۇر تىلى ئۆگەنگەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ بىر قىسىم ھۆسنخەتلىرىنى بېيجىڭدىكى شۋېتسىيە ئەلچىخانىسىدا كۆرگەزمە قىلىپ بەرگەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. يوئاكىم ئەپەندى شۋېتسىيىنىڭ بېيجىڭدىكى ئەلچىخانىسىدا ئۈچ يىل مەدەنىيەت مەسلىھەتچىسى بولۇپ ئىشلىگەندىن كېيىن، ۋەتىنىگە قايتقان ئىكەن. ھازىر ئۇپسالا

ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاسىيا ـ ئافرىقا تىللىرى فاكۇلتېتى خەنزۇ تىلى بۆلۈمىدە ياردەمچى پروفېسسور بولۇپ ئىشلەۋېتىپتۇ.

ھەممە تەييارلىقىمىز پۈتكەندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ئېۋا خانىم مېنى كۆپچىلىككە تونۇشتۇردى. ئۇ سۆزىدە مېنىڭ بۇ لېكسىيەمنىڭ ئۇپسالا ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخىدا ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئېمىسىدىكى تۇنجى لېكسىيە ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلىدى. مەن Power Point تىن پايدىلىنىپ ئۇيغۇر خەلق مەدەنىيىتىگە دائىر سۈرەت ۋە ۋىدېئو فىلىملىرىنى ئېكراندا كۆرسىتىپ تۇرۇپ سۆزلىدىم. بۇ مېنىڭ شۋېتسىيىدە بېرىۋاتقان تۇنجى ئىنگلىزچە لېكسىيەم بولغاچقا، دەسلەپ بىرئاز جىددىيلەشكەن بولساممۇ، لېكىن ئۆزۈن ئۆتمەيلا ئۆزۈمنى ئوڭشىۋالدىم. بولۇپمۇ قول كومپيۇتېرىمغا تەييارلىۋالغان لېكسىيە تېكىستىم ۋە Power Point ئۇسۇلى لېكسىيەمنىڭ راۋان ۋە رەڭدارلىقىنى ئاشۇردى. مەن «ئەنئەنە ۋە يېڭىلىنىش ئىچىدە تۇرۇۋاتقان بۈگۈنكى ئۇيغۇر خەلق مەدەنىيىتى» ناملىق لېكسىيەمنى ئالدى بىلەن شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇشتىن باشلاپ، ئۇيغۇر خەلق مەدەنىيىتىنىڭ رايونلار ئالاھىدىلىكى، تارىخىي تەرەققىيات جەريانى، كونكرېت شەكىللىرى، خەلق مەدەنىيىتىنىڭ يېقىنقى ئوننەچچە يىلدىن بۇيانقى ئۆزگىرىش ئەھۋالى قاتارلىق ئاساسلىق نۇقتىلاردا بايان قىلدىم. ئۇنىڭغا قوشۇپ ئېكراندا كۆرسەتكەن ئۇيغۇر خەلق مەدەنىيىتىگە دائىر سۈرەت ۋە ۋىدېئو فىلىملىرى لېكسىيەمنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇۋەتتى. تەخمىنەن ئىككى يېرىم سائەتلەردە لېكسىيەمنى تۈگەتتىم، ئۇنىڭدىن كېيىن 40 مىنۇت ئەتراپىدا ئاڭلىغۇچىلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاپ بەردىم.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇپسالا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئېۋا خانىم بىلەن بولغان ئالاقىمىز تېخىمۇ كۈچەيدى. مەن ئېۋا خانىمنىڭ جىددىي ئىشلەۋاتقان بىر تەتقىقات ئېمىسىغا كۆپ قېتىم ياردەملەشتىم. ئائىلەم ستوكھولمغا يېتىپ كەلگەن كۈنلەر ئىدى، بىر كۈنى ئېۋا خانىم ماڭا تېلېفون بېرىپ، ئائىلەمنى ئېلىپ ئۇپسالادا بىر كۈن ئويناپ كېتىشىمىزنى ئېيتتى. مەن ئائىلەم بىلەن بىللە ئۇپسالاغا باردىم. چۈشتىن بۇرۇن ئېۋا خانىم ئىشخانىسىدا بىر ئىشقا ياردەملىشىشىمىزنى ئېيتتى. ئېۋا خانىمنىڭ قولىدا ئۇپسالا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىر چوڭ تەتقىقات ئېمىسى بولۇپ، ئۇنى بەش يىل ئىچىدە تۈگىتىش پىلانلانغان ئىكەن. بۇ يىل ئۈچىنچى يىلى بولۇپ، ھەل قىلغۇچ باسقۇچقا كىرگەن ئىكەن. بۇ ئېمىنىڭ ماۋزۇسى «دۇنيادىكى تۈركىي تىللارنىڭ تاۋۇش سىستېمىسى، لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكى ۋە مورفولوگىيىلىك تۈزۈلۈشى» بولۇپ، ئۇنىڭدا دۇنيادىكى ئوخشاشمىغان ئەللەردە ياشاۋاتقان 40 تىن ئارتۇق تۈركىي تىللارنىڭ كومپيۇتېردىكى تىل ماتېرىياللىرى ئامبىرىنى ئىشلەپ چىقىدىكەن. ھازىر بۇ ئېمىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى تۈگىگەن بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ تاۋۇش ۋە

ئاۋازلىق ماتېرىيال ئامبىرى تېخى ئىشلەنمىگەن ئىكەن.

چۈشتىن بۇرۇن بىز تىل ئىنستىتۇتىنىڭ ناھايىتى زامانىۋى ئۈسكۈنىلەر جايلاشقان تەجرىبىخانىسىدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاۋازلىق ماتېرىيالىنى كومپيۇتېرغا ئېلىش ئىشىنى ئېلىپ باردۇق. ئالدى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدىكى 32 تاۋۇشنىڭ ئۆلچەملىك ئوقۇلۇشىنى مەشىق قىلدۇق. ھەر بىر تاۋۇشنى بىر ئەر، بىر ئايال ۋە بىر بالا ئايرىم ـ ئايرىم تەلەپپۇز قىلغاندىن كېيىن، يەنە ھەر بىر تاۋۇش ئۈچۈن ئىككىدىن سۆزنى مىسال تەرىقىسىدە ئوقۇش كېرەككەن. ھەر بىر تىلنىڭ تىل تاۋۇش ماتېرىياللىرىنى چوقۇم شۇ مىللەتنىڭ ئەزاسى ئوقۇش كېرەككەن. شۇڭا ئېۋا خانىم ئۇيغۇر تىلى ئۈچۈن بىزنىڭ ئائىلىمىزنىڭ مۇۋاپىق كېلىدىغانلىقىنى، ئەرنىڭ ئاۋازى ئۈچۈن مەن، ئايالنىڭ ئاۋازى ئۈچۈن ئايالىم، باللار تەلەپپۇزى ئۈچۈن قىزىم ئاۋاز بەرسە بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بىز شۇ بويىچە ئاۋاز بەردۇق. ئاخىرىدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆلچەملىك ئەدەبىي تەلەپپۇزى بىلەن بىر ئۇيغۇرچە تېكىستنى ئوقۇماقچى بولدۇق. مەن ۋە ئايالىم بىر قۇردىن ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، قىزىمغا باللار تىلىدا يېزىلغان بىر تېكىستنى يادلاتتۇق. ئۇ باللارغا خاس سۈزۈك ئاۋازى بىلەن ھېلىقى تېكىستنى ئوقۇشقا باشلىدى. لېكىن ئوتتۇرىغا كەلگەندە بىر جۈملىنى ئۇنتۇپ قېلىپ، توختاپ قالدى. بىز ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىپ يەنە بىر قېتىم ئوقۇتتۇق. بۇ قېتىم ئۇ جىددىيلىشىپ كېتىپ يەنە ئوتتۇرىدا تۇرۇپ قالدى. بىز ئۇنىڭغا مەدەت بېرىپ، كېيىنكى قېتىم چوقۇم ياخشى ئوقۇيالايدىغانلىقىنى ئېيتتۇق. لېكىن قىزىم ئۈچىنچى قېتىممۇ ناھايىتى سەزگۈر مىكرافوننىڭ ئالدىدا جىددىيلەشكىنىدىن توختاپ قالدى ـ دە، تاراملاپ يىغلاشقا باشلىدى. قىزىم ئۆزىنىڭ ياخشى ئوقۇيالمىغانلىقىدىن تولىمۇ كۆڭلى يېرىم بولغان ئىدى. مەن ۋە ئايالىم ئۇنىڭ ياشلىرىنى سۈرتۈپ، «ھېچقىسى يوق، سىز تېخى 7 ياشقىمۇ تولمىغان بىر قىز، شۇنداق تۇرۇپ ياخشى ئوقۇدىڭىز!» دەپ تەسەللى بەردى. ئېۋا خانىممۇ قىزىمنى قۇچاقلاپ سۆيدى ـ دە:

ـــ سىز ھەممىدىن ياخشى ئوقۇدىڭىز، ھېچقىسى يوق، كېيىنكى قېتىم تېخىمۇ ياخشى ئوقۇيالايسىز، يۈرۈڭ، بىز ئايلىنىپ كىرەيلى، ـــ دېدى ۋە قىزىمنى يېتىلىگىنىچە سىرتقا چىقىپ كەتتى.

ئون مىنۇتلار ئۆتكەندىن كېيىن ئېۋا خانىم قىزىمنى يېتىلەپ قايتىپ كىردى. قىزىمنىڭ روھىي ھالىتى خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ قالغانىدى. ئېۋا خانىم قىزىمغا يەيدىغان تاتلىق ـ تۈرۈم ۋە بىر قونچاق كۆتۈرتۈپ قويغانىدى.

ـــ قىزىڭىز شۇۋېتچە ئىنكاس قايتۇردى، مېنىڭ دېگەن گەپلىرىمنى چۈشەندى، تولىمۇ ئەقىللىق قىز ئىكەن، ـــ دېدى ئېۋا خانىم بىزگە قاراپ.

بىز ئەر ـ ئايال ئىككىمىز تۇرۇپلا قالدۇق. چۈنكى شۇ كۈنلەردە قىزىم كەلگىلى ئاران ئىككى ئاي بولغان بولۇپ، ئىنگلىزچە مەكتەپتە ئوقۇيتتى،

مەكتەپتىن كەلگەندە قوشنىلارنىڭ بالىلىرى بىلەن ئوينىغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا شۋېتچە بىلەن ئۇچرىشىدىغان كۆپ ئىمكانىيەت بولمىغانىدى. ئېۋا خانىم بىزنىڭ ھەيران بولغانلىقىمىزنى كۆرۈپ، پەسكە ئېگىشىپ تۇرۇپ قىزىمدىن شۋېتچە گەپ سورىدى:

— Vad heter du?

— Jag heter Uighuria

قىزىم قىلىچە تەمتىرىمەستىن ئېۋا خانىمنىڭ «ئىسمىڭىز نېمە؟» دەپ سورىغان شۋېتچە سوئالىغا « مېنىڭ ئىسمىم ئۇيغۇرىيە» دەپ جاۋاپ بەرگەنىدى. بىز ئايالىم بىلەن بىر ـ بىرىمىزگە قاراشقان ھالدا، قىزىمىزنىڭ قاچانلاردا شۋېتچىدىن ئىنكاس قايتۇرىدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى زادىلا تەسەۋۋۇر قىلالمىدۇق. ئېۋا خانىم ئاخىرىدا:

— كىچىك بالىنىڭ تىل ئۆگىنىش قابىلىيىتى چوڭ ئادەملەرگە قارىغاندا نەچچە ھەسسە يۇقىرى بولىدۇ. بۈنى ھازىرقى زامان تىلشۇناسلىقى بىلەن بالىلار پسىخولوگىيىسى ئىسپاتلىغان. ئۇلار ئويناپ تۇرۇپمۇ قۇلىقىغا كىرىپ قالغان سۆزلەرنى تۇتۇۋالالايدۇ. مانا ئۇيغۇرىيە قىز ئاتا ـ ئانىسىغىمۇ تۇيدۇرمايلا شۋېت تىلىدىن ئىنكاس قايتۇرۇشقا باشلاپتۇ، — دېدى.

بۇ قېتىم قىزىم ھېچقانچە تەمتىرىمەيلا ئۇيغۇرچە تېكىستنى ئوقۇپ تۈگەتتى. ئاۋازىمۇ شۇنچىلىك زىل ۋە جاراڭلىق چىقتى. شۇنداق قىلىپ ئۇيغۇر تىلى تاۋۇشلىرى ۋە ئەدەبىي تىلدا ئوقۇلغان ئۆلچەملىك تېكىستنىڭ ئاۋازى ئۇپسالا ئۇنىۋېرسىتېتى تىل ئىنستىتۇتىنىڭ تۈركىي تىللار ئاۋاز ئامبىرىغا قوشۇلدى.

ئون ئالتىنچى باب

# قازاق قىزى ئايدا لۇند

ستوكھولمدا باھارنىڭ تىنىقى كېلىشكە باشلىدى. شىمالىي قۇتۇپنىڭ ئۇزاق تۈنلىرى بارغانسېرى قىسقىراپ، كۈندۈز پەيدىنپەي ئۇزىراشقا باشلىدى. پۈتۈن قىش بويى ئاسمان گۈمبىزىنى تورلاپ تۇرغان غايەت زور قارا چۈمپەردىنىڭ بىر ئۇچى تۈيۈقسىز قايرىلغاندەك، 3 ـ ئاي كىرىشى بىلەنلا ھاۋامۇ بىردىنلا ئېچىلىپ كەتتى.

مەن ئەتىگەندە شەھەر مەركىزىدىكى خانلىق كۇتۇپخانىغا بېرىپ ئۆزۈمگە لازىملىق ماتېرىياللارنى كۆرسەم، چۈشتىن كېيىن ئىنستىتۇتقا بېرىپ پات ئارىدا باشلانماقچى بولغان «ئۆزبېك تىلىدا سۆزلىشىش» دەرسىمگە تەييارلىق قىلىشقا باشلىدىم.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن ئەمدىلا ئىشخانىغا كىرىپ تۇرۇشۇمغا ئۈستەلدىكى تېلېفون جىرىڭلاشقا باشلىدى. مەن تۇرۇپكىنى قولۇمغا ئالدىم.

— خەللو! مەن سۇلايمان ئەپەندىنى ئىزدىمەكچى ئىدىم، — بىر قىزنىڭ ئىنگلىزچە سالامى ئاڭلاندى.

— خەللو! مەن شۇ، ئۆزىڭىز كىم بولىسىز؟ — مەنمۇ قارشى تەرەپكە ئىنگلىزچە جاۋاب قايتۇردۇم.

— مېنىڭ ئىسمىم ئايدا لۇند، مەن ئىنگۋار ئەپەندىدىن سىزنىڭ شىنجاڭدىن كەلگەنلىكىڭىزنى ئۇقتۇم. مېنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىممۇ شىنجاڭدىن كۆچۈپ كەلگەن، كەچۈرىسىز، مەن قازاق قىزى بولساممۇ، لېكىن قازاقچىنى سۆزلىيەلمەيمەن، سىزنىڭ ۋاقتىڭىز بولسا، كۆرۈشكەن بولساق، مەن سىزگە خەت يازدىم. كۆرۈپ بېقىڭ، قاچان ۋاقتىڭىز چىقسا، مەن شۇ ۋاقىتتا سىزنى ئىزدەي.

— بولىدۇ، ئىنگۋار ئەپەندى ماڭىمۇ سىز توغرىلىق سۆزلەپ بەرگەن، مەنمۇ سىزگە خەت يازىمەن.

تېلېفوندا شۇنداق قىسقىلا سۆزلەشتۇق. دەرھال ئىنگىۋار ئەپەندىنىڭ شۋېتسىيىدىكى قازاق كۆچمەنلىرى ھەققىدىكى سۆزلىرى ئېسىمگە كەلدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە ئايدا لۇند بۇ يەردىكى قازاق كۆچمەنلىرى ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان، ئۇنىۋېرسىتېت پۈتتۈرگەن شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭ كىملىكى ۋە كۆچۈش تارىخىغا قىزىقىدىغان قازاق قىزى ئىكەن.

مەن دەرھال كومپيۇتېرىمنى ئېچىپ خەت ساندۇقىمغا قارىدىم. دېگەندەك ئۇنىڭ بىر پارچە ئىنگلىزچە خېتى تۇراتتى. خەت مۇنداق يېزىلغانىدى:

«سالام سۇلايمان ئەپەندى :

خېتىمنى كۆرۈپ ھەيران بولۇشىڭىز مۇمكىن، مەن ئۆزۈمنى تونۇشتۇراي، ئىسىم ـ فامىلەم ئايدا لۇند. ستوكھولمدىكى بىر گېزىتخانىدا گۈزەل سەنئەت تەھرىرى بولۇپ ئىشلەيمەن. بىرقانچە يىلنىڭ ئالدىدا ستوكھولم ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاخبارات ـ تارقىتىش كەسپىنى پۈتتۈرگەنمەن. ئالدىنقى ھەپتە ئىنگۋار ئەپەندى بىلەن كۆرۈشۈپ قالغانىدىم. ئۇ ماڭا سىز توغرىلىق سۆزلەپ بەردى ھەمدە سىزنىڭ تېلېفون نومۇرىڭىز بىلەن ئېلخەت ئادرېسىڭىزنى يېزىپ بەردى.

سىز بىلەمسىزكىن، ستوكھولمنىڭ غەربىي تەرىپىدە، يەنى پايتەختتىن 80 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا ۋېستېراس (Västeras) دېگەن بىر كىچىك شەھەر بار، بۇ يەردە 1960 ـ يىللارنىڭ بېشىدا تۈركىيەدىن كۆچمەن بولۇپ كەلگەن 80 ئائىلىلىكتىن كۆپرەك قازاقلار ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ ئەسلىي تېگى جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونىدىكى ئالتاي، بۇرچىن، مورى ۋە باركۆل قاتارلىق جايلىرىغا تۇتىشىدۇ. ئۇلار 1940 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا شىنجاڭدىن ھىندىستان ئارقىلىق تۈركىيەگە كۆچۈپ بارغان ئىكەن. مەن ئەنە ئاشۇ ۋېستېراسقا ئولتۇراقلاشقان ۋە شۇ جايدا ياشاۋاتقان قازاق ئائىلىسىدە تۇغۇلغانمەن. مەن ئېسىمنى تاپقاندىن بۇيان ئاتا ـ بوۋىلىرىمنىڭ قانداق قىلىپ مەركىزىي ئاسىيادىكى ئالتاي دېگەن جايدىن ئاناتولىيەگە، ئۇ يەردىن ئىستانبۇلغا، ئەڭ ئاخىرىدا مىڭ بىر جاپالار بىلەن ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىنى كېسىپ ئۆتۈپ شۋېتسىيەگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقانلىقىنى بىلىشكە قىزىقىپ كەلگەنىدىم. ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن بۇ خىيالىم تېخىمۇ كۈچىيىپ باردى. يېقىندىن بۇيان مەندە بۇ ھەقتە بىر سۈرەتلىك كىتاب ئىشلەش ئارزۇسى تۇغۇلدى. ئىنگۋار ئەپەندىنىڭ كىتابى بۇ ھەقتە ماڭا كۆپ ئۇچۇرلارنى بەردى. ھازىر بىرەر تەتقىقات فوندىنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمىگە ئېرىشىش ھەققىدە ئىزدىنىۋاتىمەن.

سىزنىڭ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىڭىز ماڭا تېخىمۇ زور ئىلھام بولدى. چۈنكى سىز مېنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىم كۆچۈپ كەلگەن ئاشۇ جايدىن كەلگەنسىز. شۇڭا سىز بىلەن كۆرۈشۈپ پاراڭلاشسام بۇ ھەقتە ماڭا كۆپ نەرسىلەرنى سۆزلەپ بېرەلەيدۇ دەپ ئويلايمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز مەخسۇس تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدىكەنسىز.

شۇڭا سىز بىلەن كۆرۈشۈش ۋە پاراڭلىشىش ئىستىكىدە بۇ خەتنى ياردىم. مۇمكىن بولسا ۋاقىت چىقىرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

ھۆرمەت بىلەن :

ئايدا لۇند»



Altun0q

مەن خەتنى ئوقۇپ بولۇپ، دەرھال ئۇنىڭغا جاۋاب يازدىم. ئالدىمىزدىكى شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرى ۋاقتىم بارلىقىنى، ئۇنىڭ بىلەن شۇ ۋاقىتتا كۆرۈشۈشنى خالايدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭدىن يەنە خەت كەلدى. ئۇ خېتىدە يەكشەنبە كۈنى چۈشتە ئۆستۇرمالم (Östermalm) مەيدانىدىكى بىر تۈرك رېستورانىدا تاماق يېگەچ پاراڭلاشساق دەپ يېزىپتۇ ھەمدە بۇ جاينىڭ كونكرېت ئادرېسىنى ئەۋەتىپتۇ. مەنمۇ ۋاقتىدا باردىغانلىقىمنى ئېيتىپ خەت يېزىۋەتتىم.

يەكشەنبە كۈنى چۈشكە يېقىن ئۆستۇرمالم مەيدانىغا باردىم. ھاۋا ئادەتتىن تاشقىرى ئوچۇق بولسىمۇ، لېكىن دېڭىز تەرەپتىن كېلىۋاتقان سوغۇق شامال ئادەمنىڭ جېنىدىن ئۆتەتتى. مەيداننىڭ بىر بۇرجىكىدىكى كىچىك بوتكىلارغا ئادەملەر تويلىشىۋالغان بولۇپ، بۇ يەردە ھەر يەكشەنبە كۈنى كۆچمەن سودىگەرلەر سەي ــ كۆكتات ۋە مېۋە ــ چېۋىلەرنى ئەرزان باھادا ساتاتتى. مەيداننىڭ يەنە بىر بۇرجىكىدىكى مېترونىڭ چىقىش ئېغىزىدا نۇرغۇن ئورۇندۇقلار بار بولۇپ، بۇ يەردە ئادەتتە پىيەنچۇك ــ زابويلار يىغىلىۋالاتتى. بۈگۈنمۇ ئاشۇ ئورۇندۇقلاردا بىرقانچىلىغان ئەر ــ ئايال مەستلەرنىڭ مۈزدەك پىۋا ئىچىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇلارنىڭ قولىدىكى مۈزدەك پىۋا بوتۇلكىلىرىنى كۆرسە سوغۇقتىن ئادەمنىڭ تېنى جۇغۇلدايتتى. مەستلەرنىڭ يۈز ــ كۆزلىرى سوغۇقتىن كۆكىرىپ كەتكەن بولۇپ، بۇرۇنلىرىنىڭ ئۇچىمۇ قىپقىزىل بولۇپ كەتكەنىدى. لېكىن ھەيران قالدىغىنىم بۇ مەستلەر شۇنچىلىك ياۋاش ۋە سىپايە بولۇپ، پەقەت ئۆز شېرىكلىرى بىلەنلا پاراڭلىشاتتى. باشقىلارغا ئېسىلىۋالىدىغان ياكى قالايمىقان ۋارقىرايدىغان ئىشلارنى قىلمايتتى. بەزىدە ئۇلارنىڭ قېشىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىمىزدا ئۇلار ئەدەپ بىلەن سىزدىن بىر تال تاماكا ياكى بىر بوتۇلكا پىۋا سورايتتى. مەن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئۇلارنىڭ سوئالىغا مۇرىسىنى قىسىپ قويۇپ، پەرۋاسىز ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىنى كۆرگەنىدىم. شۇڭا ماڭا يولۇققان مەستلەرگىمۇ ئانچە پەرۋا قىلمايدىغان بولدۇم.

شۋېتسىيە ئاممىۋى ئەخلاق كاتېگورىيىسى جەھەتتىن ئېيتقاندا، ياۋروپادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئەنئەنىۋىلىكى كۈچلۈك دۆلەتتەك تۇيۇلاتتى. ياۋروپا ئىتتىپاقىغا تەۋە نۇرغۇن دۆلەتلەرگە ئوخشىمىغان ھالدا شۋېتسىيە قانۇنىدا ھاراق ۋە پاھىشە چەكلەنگەنىدى. 18 ياشتىن تۆۋەن ياش ــ ئۆسمۈرلەرگە ھاراق ۋە تاماكا سېتىش مەنئى قىلىنغانىدى. پۈتۈن ستوكھولمدا بىرقانچە ئورۇندىلا ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقى بويىچە ھاراق سېتىلىدىغان مەخسۇس ماگازىنلار بولۇپ، بۇ ماگازىنلار ھەپتىنىڭ مەلۇم بىر كۈنىلا تىجارەت قىلالايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەردىن پەقەت قۇرامىغا توشقانلارلا ھاراق سېتىۋالالايتتى. باشقا ھەرقانداق ماگازىن ۋە سۇپېرماركېتلارنىڭ ھاراق تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يول قويۇلمايتتى. پارىژ، فرانكفورت ياكى رىم شەھەرلىرىدىكىدەك قىزىل چىراغ رايونلىرىنى

شۋېتسىيە شەھەرلىرىدىن ئۇچرىتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

قانۇن مۇشۇنداق مۇكەممەللەشكەن دۆلەتتە، يەنە نېمە ئۈچۈن كوچىلاردا ئەنە شۇنداق بىر توپ پىيەنچۇك ـ زابوېلار، مەست يۈرىدىغان سەرگەردانلار مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ؟ مەن ستوكھولمغا يېڭى كەلگەن چاغلىرىمدا بۇنىڭدىن ھەيران بولغانىدىم. كېيىنچە ئاستا ـ ئاستا چۈشىنىپ يەتتىم. چۈشكۈنلۈك قاينىمىغا كىرىپ قالغان، جەمئىيەتتىن نارازى بولغان ياكى ھەددىدىن ئارتۇق تەنھالىق تۇيغۇسىدىن روھىي كېسەلگە مۇپتىلا بولغان بىر قىسىم كىشىلەر بۇ دۆلەتنىڭ يۇقىرى پاراۋانلىق سىستېمىسىدىن ناھايىتى ئۇنۇملۇك پايدىلانغانىدى. ئۇلار ھۆكۈمەتنىڭ قۇتقۇزۇش پۇلىغا تايىنىپ كۈن ئۆتكۈزىدىكەن. ھۆكۈمەت ئىجارىسىنى تۆلەپ بېرىدىغان ئۆيلەردە ئولتۇرىدىكەن. ھەر ئايدا ئالىدىغان ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت پۇلىنى خەجلەپ تۈگەتكەندىن كېيىن، بەزىدە قۇرۇق بوتۇلكا سېتىپ، بەزىدە باشقىلاردىن پۇل سوراپ ھاراق ئېلىپ ئىچىدىكەن. لېكىن ئۇلارنىڭ بۇنداق ياشىشى قانداقتۇر يوقسىزلىق ياكى جەمئىيەت تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەنلىكتىن ئەمەس، بەلكى يۇكسەك پاراۋانلىق ئىشقا ئاشقان بۇ دۆلەتتە روھىي جەھەتتىكى بېسىم تۇيغۇسىدىن كېلىپ چىققانىكەن.

مەيداننىڭ يان تەرىپىدىكى تۈرك رېستورانىنى ئاسانلا تاپتىم. يەكشەنبە كۈنى بولغاچقا ئادەم بىرئاز كۆپ ئىدى. يېنىك ۋە لەرزان تۈرك مۇزىكىسى ياڭراپ تۇراتتى. مەن رېستوراننىڭ ئىچىگە بىر قۇر سەپسېلىپ، دېرىزە قېشىدىكى ئىككى كىشىلىك ئورۇندا بىر قارا چاچلىق قىزنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردۈم. مەن ئۇدۇل شۇ تەرەپكە ماڭدىم. ئۇمۇ مېنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى.

—— سىز ئايدا لۇندغۇ دەيمەن!؟ —— مەن ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ ئىنگلىزچە سۆزلىدىم.

—— شۇنداق، مەنمۇ سىزنى كۆرۈپلا تونۇدۇم، —— ئۇ قولىنى ماڭا ئۇزاتتى. بىز قول ئېلىشىپ كۆرۈشتۇق.

ئايدا ئېگىز بوي، چاچلىرى ئۇزۇن، چىرايلىق قىز ئىدى. مەن ئۇنى قازاق قىزلىرىغا قارىغاندا تۈرك قىزلىرىغا بەكرەك ئوخشاتتىم. ئۇنىڭ گەپ ـ سۆزلىرى، ئۆزىنى تۇتۇشلىرىدىن ئالىي تەربىيە كۆرگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. سۆزلىگەندە مەڭزىدە بىر جۈپ روشەن زىناقلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

—— سىز بىلەن كۆرۈشكەنلىكىم ئۈچۈن خۇرسەنمەن، —— دېدى ئۇ مېنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ، —— قانداق ستوكھولمغا كۆنۈپ قالدىڭىزمۇ؟

—— مەنمۇ سىز بىلەن كۆرۈشكەنلىكىم ئۈچۈن خۇشالمەن، —— دېدىم ئۇنىڭغا جاۋابەن، —— مانا بەش ئاي بولاي دېدى، ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيلا قالدىم. بۇ يەردە سىزدەك بىر يۇرتدىشىم بىلەن كۆرۈشۈپ قالىمەن دەپ ئويلىماپتىكەنمەن.

— بۇ بىر ياخشى كۆرۈشۈش بولدى، — دېدى ئۇ قىزغىنلىق بىلەن، — بىز ئەمدى ئىنگلىزچىنى قويۇپ تۈركچە پاراڭلاشساق قانداق، شۇنىڭدا تېخىمۇ يېقىنلىق ھېس قىلغىلى بولىدۇ. كەچۈرۈڭ، مەن قازاقچە سۆزلىيەلمەيمەن، ئەگەر سۆزلىيەلىگەن بولسام قازاقچە سۆزلەشكەن بولساق تېخىمۇ ياخشى بولاتتى!

— مەن تۈركچىنى ئاڭلاپ چۈشەنسەممۇ، لېكىن سىزدەك راۋان سۆزلىيەلمەيمەن. ئەمما تىرىشىپ كۆرەي. مېنىڭچىمۇ تۈركچە سۆزلەشسەك ئىنگلىزچە سۆزلەشكەنگە قارىغاندا بىزگە راھەترەك تۇيۇلۇشى مۇمكىن.

— شۇنداق، مەنمۇ شۇنداق ھېسسىياتتىمەن. ئەجەبا، ئەجدادلىرىمىز بۇرۇندىن بىر يۇرتتا ياشاپ بىر ـ بىرىنىڭ تىلى ۋە دىلىنى چۈشىنىپ كەپتىكەن، ئەمدىلىكتە بىز باشقا بىر تىلدا سۆزلەشسەك قانداقمۇ ئۆز ئارا يېقىنلىقنى ھېس قىلغىلى بولسۇن!؟

— سىزنىڭ ئاتا ـ ئانىڭىز ھازىرمۇ ۋېستېراستا تۇرامدۇ؟

— شۇنداق، دادام ۋېستېراستىكى شۋېتسىيە باش ئېلېكتېر ئىستانسىسىدا ئىشچى بولۇپ ئىشلىگەن، ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن پېنسىيىگە چىقتى، ئانام ۋېستېراستىكى ياشانغانلار ساناتورىيىسىدە تېخىچە ئىشلەۋاتىدۇ.

— مەن سىلەرنىڭ شۇنداقلا ۋېستېراستىكى قازاقلارنىڭ شۋېتسىيىگە كۆچۈپ كېلىش ۋە ئولتۇراقلىشىش جەريانىنى تولىمۇ بىلگۈم بار ئىدى. بۇنى سۆزلەپ بېرەرسىزمۇ؟

— ئەلۋەتتە، بولىدۇ. مېنىڭمۇ سىز بىلەن پاراڭلىشىشىمدىكى مۇھىم تېمىلىرىمنىڭ بىرى مۇشۇ مەسىلىدۇر.

— مەن بۇ يەرگە كېلىشتىن ئىلگىرىلا ئىنگۋار سۋانبېرگ ئەپەندىنىڭ «تۈركىيىدىكى قازاق كۆچمەنلەر» دېگەن كىتابىنى ئوقۇغانمەن. بۇ كىتاب مۇشۇ تېمىغا بېغىشلانغان تۇنجى ئىلمىي ئەسەر ھېسابلانسا كېرەك. بۇ كىتابتا تۈركىيىدىكى قازاق كۆچمەنلىرى ۋە ئۇلارنىڭ جەمئىيەتنىڭ يېڭى مەدەنىيەت مۇھىتىدا يۈز بەرگەن ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلىرى مۇپەسسەل يورۇتۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ شىنجاڭدىن تۈركىيىگە قانداق كۆچۈپ كەلگەنلىكى ھەمدە كېيىنچە تۈركىيىدىن شىمالىي ياۋروپاغا قانداق كۆچۈپ بارغانلىقى ھەققىدە بايانلار بېرىلمىگەن. شۇڭلاشقا بۇ ھەقتە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ.

— توغرا ئېيتتىڭىز، — دېدى ئايدا مېنىڭ سۆزلىرىمنى قۇۋۋەتلەپ، — مەنمۇ دەل مۇشۇ نۇقتىغا قىزىقىپ يۈرىمەن. ئۇنىۋېرسىتېتقا كىرىشتىن بۇرۇنلا ئۆزۈمنىڭ كىملىكىم ھەمدە مەن تەۋە بولغان ئىجتىمائىي توپنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى ھەققىدە ئويلىنىشقا باشلىغانىدىم. نېمىشقا دېسىڭىز، پۈتكۈل شۋېتسىيىگە

نىسبەتەن ۋىستىراستىكى 100 ئائىلىگىمۇ يەتمەيدىغان قازاق كۆچمەنلىرىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى شۋېتسىيىدىكى باشقا كۆچمەنلەر بىلەن تولۇق ئوخشىمايتتى. نۇرغۇن كىشىلەر بىزنى پەقەت تۈركىيىدىن كەلگەن كۆچمەنلەر دەپلا بىلەتتى. بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز تۈركىيىدىن كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بىز تۈركىيە تۈركلىرىدىن كۆپ جەھەتلەردە پەرقلىنەتتۇق. بەزىلەر بىزنىڭ كېلىش مەنبەيىمىزنى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى قازاقىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىدىن بولسا كېرەك دەپ قىياس قىلاتتى. لېكىن بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ يىلتىزى قازاقىستانغا ئەمەس، بەلكى جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونىغا تۇتىشاتتى. شۇڭلاشقا شۋېتسىيىگە ئوخشاش دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن كۆچمەنلەر تەدرىجىي كۆپىيىۋاتقان بۇ دۆلەتتە ئۆزىمىزنىڭ كىملىكىمىزنى ئېنىق تونۇش تولىمۇ زۆرۈر ئىدى. مۇشۇ زۆرۈرىيەت تۈپەيلى مەن ئىنگۋار ئەپەندى بىلەن تونۇشتۇم. ئۇنىڭ كىتابىدىن بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ تۈركىيىگە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىنكى ئەھۋاللىرىنى چۈشەندىم. لېكىن مېنىڭ ئۇچۇن يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ ئىزدىنىشكە ۋە بىلىشكە تېگىشلىك ئىشلار خېلى كۆپ، بۇ جەھەتتە سىزنى ماڭا ياردەم قىلالايدۇ دەپ ئويلايمەن.»

كۈتكۈچى قىز بىز بۇيرۇتقان تائاملارنى ئېلىپ كەلدى. يېڭىلا پىشۇرۇلغان تۈرك پىزاسىنىڭ مەززىلىك ھىدى دىمىغىمغا ئۇرۇلدى. كۈتكۈچى قىز تەخسىدىكى پىزا ۋە قەھۋەلەرنى ئۈستەلگە رەتلىك قويغاندىن كېيىن، يېقىملىق تۈرك تىلىدا «ئافىيەت ئولسۇن!» دېدى. بىز تاماق يېگەچ سۆھبىتىمىزنى داۋاملاشتۇردۇق:

—— سىز شۋېتسىيىدە تۇغۇلغانمۇ؟ —— دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن

—— شۇنداق، مەن ۋىستىراستا تۇغۇلغان، —— دېدى ئايدا دېرىزە سىرتىغا نەزەر سالغان ھالدا، —— مەن تۇغۇلغان چاغدا، ئاتا ـ ئانىلىرىم شۋېتسىيىگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقىلى ئەمدىلا تۆت يىل بولغانىكەن، بۇ 1960 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرى ئىدى. شۇ مەزگىللەردە شۋېتسىيىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۇچقاندەك ئىلگىرىلىگەن بولۇپ، يوقىرى پاراۋانلىق دەۋرىگە كىرىپ كەلگەن بۇ دۆلەت زور مىقداردىكى ئەمگەك كۈچىگە ئېھتىياج بولۇۋاتقان يىللار ئىكەن. شۇ سەۋەبتىن ئاسىيا، ئافرىقا، جەنۇبىي ئامېرىكا ۋە بىر قىسىم ياۋروپا ئەللىرىدىن تۈركۈم ـ تۈركۈم كۆچمەنلەر ئىش پۇرسىتى ھەمدە ياشاش ئىمكانىيىتى ئىزدەپ يېڭىلا ئىشىكى ئېچىلغان بۇ ئەلگە كېلىشكە باشلىغان ئىكەن. شۇڭا نۇرغۇن جەمئىيەتشۇناسلار 1960 ـ يىللاردىكى شۋېتسىيە تارىخىنى «كۆچمەنلەر دولقۇنى دەۋرى» دەپ ئاتايدۇ.

مەن ئېسىمنى تاپقاندا ۋىستىراستىكى يېڭىدىن بىنا قىلىنغان ئائىلىلىكلەر رايونىدا نۇرغۇن قازاقلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقانىكەن. مەن كۈندە سەھەردە دادامنىڭ ئائىلىلىكلەر رايونىدىكى قازاق ئەرلىرى بىلەن بىرلىكتە شەھەر سىرتىدىكى ئېلېكتر ئىستانسىسىغا ئىشقا ماڭغانلىقىنى كۆرەتتىم. شۋېتسىيە

باش ئېلېكتىر شىركىتىنىڭ ئەڭ چوڭ توك چىقىرىش ئىستانسىسى[90] ۋېستېراسقا جايلاشقان بولۇپ، بۇ ئىستانسىدا يەنە باشقا نۇرغۇن ئەللەردىن كەلگەن كۆچمەنلەرمۇ ئىشلەيتتى. ۋېستېراستىكى قازاقلار 1950 ـ يىللارنىڭ بېشىدا تۈركىيىگە يەرلەشتۈرۈلگەن شىنجاڭ قازاقلىرىنىڭ ئىككىنچى ئەۋلادلىرى ھېسابلىناتتى. شىنجاڭدىن تۈركىيىگە كۆچۈپ بارغان بىرىنچى ئەۋلاد قازاقلار ئۆز ئانا تىلىدا سۆزلەپ، ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئەنئەنىسىنى خېلى زور دەرىجىدە ساقلىغان ئىكەن. ھازىر ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. بىزنىڭ تۈركىيىدىن ياۋروپاغا كۆچكەن ئاتا ـ ئانىلىرىمىز ئىككىنچى ئەۋلادقا مەنسۇپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بالا ۋاقىتلىرىدا تۈركىيىگە كەلگەن، بەزىلىرى تۈركىيىدە تۇغۇلغان ئىكەن. شۇڭا ئۇلار تۇرمۇش ئۇسۇلى جەھەتتىن قازاق ئەنئەنىسى بىلەن تۈركىيە مەدەنىيىتىنى بىرلەشتۈرگەن. ئۆيدە ئانچە ـ مۇنچە قازاقچە سۆزلىسىمۇ، لېكىن تۇرمۇشتا ئاساسەن تۈركچە سۆزلىشەتتى. مەن ئېسىمنى تاپقاندا ئاتا ـ ئانامنىڭ بەزىدە ئۆزئارا كۇسۇرلىشىپ قازاقچە سۆزلىشىدىغانلىقىنى ئاڭلايتتىم. لېكىن كېيىنچە تۈركچە ياكى شۋېتچە سۆزلىشىدىغان بولدۇق. ئۇ چاغلاردا ۋېستېراستىكى قازاقلار ھۆكۈمەتكە ئىلتىماس سۇنۇپ ئۆزلىرى ياشاۋاتقان رايوندا بىر كىچىك مەسچىت سالدۇرغانىدى. قازاقلارنىڭ چوڭراق پائالىيەتلىرى ئاساسەن شۇ مەسچىتنى چۆرىدەپ ئېلىپ بېرىلاتتى. ياشانغانلار ھازىرمۇ شۇ مەسچىتتە ناماز ئوقۇيدۇ. 1980 ـ يىللاردىن كېيىن ۋېستېراستىكى قازاقلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ئوقۇش، ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەش، ئىش پۇرسىتى ئىزدەش قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەن كىچىك شەھەر ۋېستېراستىن ھالقىپ چىقىپ، شۋېتسىيىنىڭ باشقا چوڭ شەھەرلىرىگە كېتىشكە باشلىدى. شەخسەن مەنمۇ 1980 ـ يىللارنىڭ باشلىرى ۋېستېراستىن ئايرىلىپ، ستوكھولم ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىردىم. شۇندىن بۇيان ستوكھولمدا ياشاۋاتىمەن.

ئايدا سۆزىنى تۈگىتىپ، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويدى. ئۇنىڭ مىجەزىنىڭ تولىمۇ ئوچۇق ـ يورۇق ۋە يېقىملىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. مەن داۋاملىق ئۇنىڭ بايانلىرىنى ئاڭلاشقا قىزىقتىم.

— ۋېستېراستىكى قازاقلار نېمىشقا ياۋروپانىڭ باشقا جايلىرىغا ئەمەس، بەلكى ئۇدۇل شۋېتسىيىگە كېلىپ ئورۇنلاشقان، بۇنىڭدا بىرەر سەۋەب بارمۇ قانداق؟

— بۇ ھەقتە ئېنىق بىر سەۋەبنى ئېيتىش تەسراق، مەن كىچىكىمدە ئاتا ـ ئانام ۋە باشقا چوڭلاردىن ئۇلارنىڭ ياۋروپاغا كۆچۈش جەريانىدىكى جاپالىق سەرگۈزەشتىلىرىنى كۆپ ئاڭلىغانىدىم. كېيىنچە ئىنگىۋار ئەپەندى ۋېستېراسقا بېرىپ قازاقلار ئارىسىدا ئېتنوگرافىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا، مەنمۇ ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ نۇرغۇن قازاق ئائىلىلىرىنىڭ ھېكايىلىرىنى ئاڭلىدىم.

90 The Swedish General Electric Co. (ASEA) in V□steras, Sweden

بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز 1940 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىلىرى شىنجاڭنىڭ ئالتاي، بۇرچىن، باركۆل قاتارلىق جايلىرىدا يۈز بەرگەن ئۇرۇش مالىمانچىلىقلىرى تۈپەيلىدىن ياشاشقا ئىمكانىيەت تاپالماي، جۇڭگونىڭ غەربىي ئۆلكىلىرىدىن گەنسۇ، چىڭخەيلەرگە كۆچۈشكە مەجبۇر بولۇپتۇ. كېيىنچە ئۇ يەردىمۇ تۇرالماي تىبەت ئېگىزلىكىنى ھالقىپ ئۆتۈپ، ھىندىستان ۋە پاكىستان كونتروللۇقىدىكى كەشمىر رايونىغا يېتىپ بېرىپتۇ. بۇ جەرياندا نۇرغۇن قازاقلار ئاچلىق، ئۇرۇش ۋە سوغۇق دەستىدىن ھاياتىدىن ئايرىلىپتۇ. كەشمىردە تۇرۇۋاتقان يىللىرى مۇھىتقا كۆنەلمەي كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەنلەرمۇ كۆپ ئىكەن. بىر يىلدىن كېيىن ئۇلار ئافغانىستانغا كېتىشكە مەجبۇر بولۇپتۇ. ئافغانىستاندا قاتتىق ئېغىر كۈنلەرنى كۆرۈپ، ياشاشقا پەقەتلا ئىمكانىيەت قالماپتۇ. ئاخىرىدا مىڭ بىر جاپا ـ مۇشەققەتلەر بىلەن 1953 ـ يىلىنىڭ بېشىدا تۈركىيىگە يېتىپ بېرىپتۇ. تۈركىيە ھۆكۈمىتى ئۇلارنى ئۆز تۈپى بىلەن ئاناتولىيە ئېگىزلىكىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. بۇنىڭ بىلەن بۇ يەردە ئالتايكۆي، سالىھلى، نىگدە قاتارلىق قازاق مەھەللىلىرى پەيدا بولۇپتۇ. ئۇلار ئاناتولىيىگە بېرىپ يەرلەشكىنىدە ئەسلىدىكى شىنجاڭدىن ئۇزاق سەپەرگە ئاتلانغان 5000 دىن ئارتۇق قازاق كۆچمەندىن ئاران 1800 گە يېقىن كىشى ھايات قالغانىكەن. دەسلەپتە ئۇلار يېڭىدىن ئېچىلغان بۇ يېزا ـ قىشلاقلاردا ئاساسلىقى دېھقانچىلىق ئىگىلىكى بىلەن قوشۇمچە كىچىك تىپتىكى چارۋىچىلىق بىلەن كۈن كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ. ئەزەلدىن چارۋىچىلىق بىلەن ياشاپ كەلگەن بۇ كىشىلەر مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ، دېھقانچىلىق ھاياتىغا كۆچكەندىن كېيىن مۇھىتقا ۋە يېڭى تۇرمۇش ئۇسۇلىغا كۆنەلمەي قاتتىق جاپا تارتىپتۇ. لېكىن كېيىنچە ئاستا ـ ئاستا كۆنۈشكە باشلاپتۇ. 1960 ـ يىللارنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە بىر قىسىم قازاقلار ئاناتولى ئۆلكىلىرىدىن ئايرىلىپ، ئىستانبۇل، ئەنقەرە، ئىزمىر قاتارلىق چوڭ شەھەرلەرگە كۆچۈشكە باشلاپتۇ. بولۇپمۇ ئىستانبۇلنىڭ زەيتىنبۇرنۇ، كۈچۈك چەكمەجى قاتارلىق رايونلىرىدا ئولتۇراقلاشقانلار كۆپ ئىكەن. شۇ يىللىرى تۈركىيىدە ئىشسىزلارنىڭ كەڭ كۆلەمدە ياۋروپادىكى تەرەققىي قىلغان ئەللەرگە كۆچۈش دولقۇنى كۆتۈرۈلگەن ئىكەن. ئىستانبۇلدىكى بىر قىسىم قازاقلارمۇ مۇشۇ دولقۇنغا ئەگىشىپ ياۋروپاغا كۆچمەن بولۇپ كۆچۈشكە باشلاپتۇ. شۇ يىللىرى ئىستانبۇلنىڭ زەيتىنبۇرنۇ رايونىغا كېلىپ ئەمدىلا ئولتۇراقلاشقان ئاتا ـ ئانام بىر مەزگىل ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قاپتۇ. دەسلەپ ياۋروپادىكى بىر قىسىم ئەللەر ئاسىيادىن كېلىۋاتقان ئەمگەك كۆچمەنلىرىگە ئېھتىياجى بولغاچقا ئۆز چېگراسىنى قويۇپ بېرىپتۇ. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، كۆچمەنلەرنىڭ ھەسسىلەپ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ نۇرغۇن دۆلەتلەر ئۆز چېگراسىنى ئېتىپتۇ. ئىستانبۇلدا ياشىماقمۇ كۈندىن ـ كۈنگە تەسلىشىپتۇ. ئاخىرى ئامال بولمىغاندا، زەيتىنبۇرنودىكى بىرقانچە ئۆيلۈك قازاقلار

بىرلىشىپ بىر كېچىدە چېگرىدىن ئوغرىلىقچە ئۆتۈپ گرېتسىيە تەۋەسىگە ئۆتۈپتۇ. گرېتسىيىنىڭ تاغ - داللىرىدا بىرقانچە ئايلار مۆكۈنۈپ يۈرۈپ، مىڭ بىر جاپا - مۇشەققەتلەر بىلەن، ماي پاراخوتلىرىغا ئولتۇرۇپ ئىتالىيىگە بېرىپتۇ. ئۇ يەردە بىر مەزگىل يوشۇرۇنچە ئىشلەپ، بىرئاز پۇل تاپقاندىن كېيىن، چېگرىدىن قانۇنسىز ئادەم ئۆتكۈزۈپ پۇل تاپىدىغان يوشۇرۇن شىركەتلەرگە پۇل بېرىپ، ئاۋستىرىيىگە بارماقچى بولۇپتۇ. لېكىن بۇ قانۇنسىز شىركەت ئۇلارنى قىشنىڭ سوغۇق كۈنلىرىدە ئالپ تېغىدىكى ئاۋستىرىيە چېگراسىغا ئاپىرىپ قويۇپلا تىكىۋېتىپتۇ. ئاتا - ئانام ۋە بىرقانچە ئۆيلۈك قازاقلار ئالپ تېغىنىڭ قارلىق چوققىلىرىدا تېنەپ - تەمتىرەپ يۈرۈپ، ئاخىرى ئاۋستىرىيىنىڭ بىر كىچىك بازىرىغا يېتىپ بېرىپتۇ. بۇ جەرياندا ئىككى ئايال، ئۈچ بالا سوغۇقتىن مۇزلاپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ. ئۇلار ئاۋستىرىيىدە يېرىم يىللار سەرگەردان بولۇپ، ئۇياقتىن - بۇياققا كۆچۈپ يۈرۈپ ئاخىرى غەربىي گېرمانىيە تەۋەسىگە ئۆتۈپتۇ. گېرمانىيىنىڭ ھامبۇرگ شەھىرىگە بارغىنىدا، بۇ يەردە شۋېتسىيىگە بېرىشقا تەييارلىنىپ تۇرغان بىر توپ قازاق كۆچمەنلەر بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قاپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار بىلەن بىرلىكتە سەپەرگە ئاتلىنىپ دانىيە ئارقىلىق ئۇدۇل شۋېتسىيىگە يېتىپ بېرىپتۇ. شۋېتسىيىگە كەلگەندىن كېيىن ۋېستېراس بازىرىغا توپ ئولتۇراقلىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ جاپا - مۇشەققەتلىك كۆچۈش تارىخىنى ئاخىرلاشتۇرۇپتۇ. مەن ئاتا - ئانام ۋېستېراستا ئولتۇراقلىشىپ ئىككىنچى يىلى تۇغۇلغان ئىكەنمەن.

ئايدانىڭ بايانى مېنى تولىمۇ قىزىقتۇردى. بىر كۆچمەن خەلقنىڭ ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ، 20 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدىمۇ ياۋروپا بويلاپ كۆچۈشى كىشىگە باشقىچە تۇيغۇ بېرەتتى. مەن ئايدانىڭ ھېكايىسىنى ئۈزۈپ قويماسلىقى ئۈچۈن يەنە سورىدىم.

— مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە شۋېتسىيىنىڭ ھاۋا كىلىماتى شىنجاڭنىڭ شىمالىدىكى ئالتاي رايونىنىڭ كىلىماتى بىلەن ئوخشاپ كېتىدۇ. ھاۋا كىلىماتىدىكى بۇ خىل ئوخشاشلىقمۇ قازاقلارنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا شۋېتسىيىدە ئولتۇراقلىشىشىغا مەلۇم سەۋەب بولدىمۇ، قانداق؟

— بۇ خىل ئەھۋالنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ، — دېدى ئايدا كۈلۈپ تۇرۇپ، — كىچىكىمدە ۋېستېراستىكى چوڭلارنىڭ بىرجايغا جەم بولغاندا، «چوڭلاردىن ئاڭلىشىمىزچە بىزنىڭ يىراقتىكى ئانا يۇرتىمىز ئالتاي ۋە باركۆللەرنىڭ ھاۋا كىلىماتى شۋېتسىيە بىلەن ئوخشاش ئىكەن. شۇنىڭغا قارىغاندا شۋېتسىيىگە كېلىپ بۇرنىمىزغا ئالتاينىڭ ھاۋاسى پۇرىغىنىدا بۇ جايدا توختاپ قالغان ئوخشايمىز!» دېيىشىپ چاقچاقلاشقىنى ھېلىمۇ ئېسىمدە. مەن ھازىرغىچە ئاتا - بوۋىلىرىم ياشىغان ئاشۇ ۋەتەنگە بېرىپ باقمىدىم. ئۇ ياقنىڭ ئەھۋاللىرى مەن ئۈچۈن قاراڭغۇ، ئېھتىمال سىز شۋېتسىيىنىڭ ھاۋاسىنىڭ ئالتاينىڭ ھاۋاسى

بىلەن ئوخشايدىغان ياكى ئوخشىمايدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىشىڭىز مۇمكىن.

بىز تاماقتىن كېيىن قەھۋە ئىچكەچ پاراڭلاشتۇق. ئەتىگەندىن تۇتۇق تۇرغان ھاۋا بىردىنلا ئېچىلىپ كەتتى. دېرىزىدىن نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ مەيدانغا توپلىشىپ كۈنگە قاقلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولاتتى. ئايدا سىرتتىكى كۈن نۇرىنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇ ماڭا بۇرۇلۇپ خۇشال ھالدا:

— سىرتقا چىقىپ ئاپتاپ كۆرگەچ پاراڭلاشساق قانداق؟ مەن قۇياش نۇرىنى ياخشى كۆرىمەن، ئەگەر ۋاقتىڭىز بولسا چۈشتىن كېيىن مەن سىزنى ئۆزۈم بىلىدىغان بىر ياخشى جايغا باشلاپ باراي، سىزمۇ ئۇ جاينى ياخشى كۆرۈپ قالىسىز! — دېدى.

— بولىدۇ، مېنىڭ باشقا ئىشىم يوق.

بىز ئورنىمىزدىن قوزغالدۇق. مەن ياۋروپاچە ھېساۋات قىلايلى دېگەن تەكلىپنى بەرگەن بولساممۇ، لېكىن ئايدا ئۆزىنىڭ مېھمان قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، تاماق پۇلىمىزنى تۆلىدى. سىرتتا بۇلۇت يېرىپ چىققان قۇياش نۇرى پارلاپ تۇراتتى. ئادەملەر توپ ـ توپ بولۇشۇپ، مەيداندا كۈن نۇرىدىن ھۇزۇرلانماقتا ئىدى.

شۇنىسى قىزىقارلىقكى، بىزنىڭ يۇرتىمىزدا يىل بويى قۇياش نۇرى پارلاپ تۇرىدۇ. ھەتتا تۇرپان ـ قۇمۇل ئويمانلىقىنىڭ ياز پەسلىدىكى ئىسسىقىغا ۋە قۇياش نۇرىنىڭ تونۇردەك قىزىق تەپتىگە چىدىغىلى بولمايدۇ. قىش پەسلىدىكى ئۈرۈمچىنىڭ ئىس ـ تۈتەك قاپلىغان قاراڭغۇ ھاۋاسىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، پۈتكۈل شىنجاڭدا قۇياش نۇرى چۈشمەيدىغان جاي يوق. شۇڭلاشقا بىزنىڭ كىشىلىرىمىزدە ئادەتتە بۇلۇت يېرىپ چىققان قۇياش نۇرىغا نىسبەتەن شۇبېتلاردەك بۇنداق ھاياجان قوزغالمايدۇ. ۋەھالەنكى، شىمالىي قۇتۇپقا يېقىن بۇ ئەلدە، ياز پەسلىدىكى ناھايىتى قىسقا قۇياشلىق كۈنلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا كىشىلەر يىل بويى تۇتۇق ھاۋانىڭ بېسىمى ئىچىدە ياشايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىدىكى بۇ خىل پسىخىك بېسىم ۋە جىسمانىي جەھەتتىكى قۇياش نۇرىغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ياز پەسلىدىكى دەم ئېلىشىنى تۈركىيە، گرېتسىيە، ئىسپانىيە ياكى مىسىرغا ئوخشاش قۇياشلىق ئەللەردە ئۆتكۈزۈشكە ئامراق. ستوكھولمدا ياز كۈنلىرى قۇياش پارلىداپ چىققىنىدا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ كىيىملىرىنى سېلىپ بەدىنىنى كۈن نۇرىغا قاقلايدىغانلىقىنى كۆرگىلى بولاتتى.

— قۇياش نۇرى نېمىدېگەن گۈزەل، — دېدى ئايدا ھاياجانلانغان ھالدا، — ئەپسۇسكى، بىر يىلدا بىز ھۇزۇرلىنالايدىغان قۇياشلىق كۈنلەر تولىمۇ ئاز!

— مەن ئۈرۈمچىدە ئوننەچچە يىللار ئىلگىرى تۈركچىنى يېڭى ئۆگىنىۋاتقان چاغلىرىمدا تۈرك تىلى دەرسلىك كىتابىدىكى مۇنداق جۈملىلەرنى يادقا ئالغان. سىزگە ئوقۇپ بېرەي.

Türkiyide ne var? Türkiyide güneš var.
In'giltrede ne var? In'giltrede duman var.[91]

ئايدا مەن ئوقۇغان تۈركچە جۈملىلەرنى ئاڭلاپ قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇ قولياغلىقى بىلەن كۆزلىرىدىكى ياش يۇقىنى سۈرتۈپ، بىر ھازا سۆكۈتتە تۇرغاندىن كېيىن:

— شۇنداق، تولىمۇ ئوبرازلىق تۈركچە شېئىر ئىكەن. مۇنداق قىلايلى، مەن سىزنى بايا دېگەن جايغا باشلاپ باراي، سىز چوقۇم خۇش بولىسىز!

— قەيەرگە بارىمىز؟

— بۇ مەخپىيەتلىك، — دېدى ئايدا بىگىز بارمىقىنى لەۋلىرىگە تەگكۈزۈپ تۇرۇپ: — بارغاندا بىلىسىز!

ئاپتوبۇسقا چىقىپ شەھەرنىڭ شەرقىي تەرىپىگە قاراپ ماڭدۇق. دەل - دەرەخلەر يالىڭاچلانغان بولسىمۇ، لېكىن چىملىقلار يەنىلا ئۆزىنىڭ رەڭگىنى يوقاتمىغانىدى. بىنالارنىڭ دېرىزىلىرى بۇلۇت يېرىپ چىققان كۈن نۇرىدا پارقىراپ كۆزلەرنى قاماشتۇراتتى. ئاپتوبۇس شەھەر سىرتىدىكى كەڭرى ئورمانلىقتىن ئۆتۈپ دېڭىز تەرەپكە قاراپ ماڭماقتا ئىدى. بۇ ستوكھولمنىڭ ئەڭ گۈزەل رايونلىرىدىن بىرى بولۇپ، دېڭىز قولتۇقى قۇرۇقلۇقنىڭ ئىچكىرىسىگە سوزۇلۇپ كىرگەنىدى. چەت ئەللەرنىڭ ئەلچىخانىلىرى مۇشۇ رايونغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، يول بويىدىكى چىرايلىق بىنالارنىڭ ئۈستىدە ئوخشاشمىغان ئەللەرنىڭ بايراقلىرى لەپىلدەپ تۇراتتى.

ئاپتوبۇس ئاخىرى ئەگرى - توقاي ئورمانلىقلار ئىچىدىن ئۆتۈپ بىردىنلا پايانسىز دېڭىز ساھىلىغا كېلىپ توختىدى. بۇ ئاخىرقى بېكەت ئىدى. ئايدا ماڭا ئاپتوبۇستىن چۈشۈشكە ئىشارەت قىلىپ ئورنىدىن تۇردى. ئىلگىرى بۇ يەرگە كېلىپ باقمىغانىدىم. ئاپتوبۇستىن چۈشۈپلا كۆڭلى - كۆكسۈم يورۇپ كەتكەندەك ئۆزۈمنى يېپيېڭىدەك ھېس قىلدىم. پايانسىز دېڭىز ئالدىمدا دولقۇنلىنىپ تۇراتتى. قۇياش نۇرى كۆكۈچ دولقۇنلار يۈزىدە تىنىمسىز جىمىرلىماقتا، تۇرۇلۇپ كەلگەن دولقۇنلار قىرغاققا باستۇرۇپ كېلىپ بىرىنىڭ ئۈستىگە بىرى مىنگەشمەكتە. ئاپئاق دېڭىز چايكىلىرى ئۆزىنى سۇ يۈزىگە ئۇرۇپ، ئەنسىز سايراشماقتا...

مەن ئايداغا قارىدىم. ئۇ مېنىڭ ئالدىمدا قىرغاقتىكى يۇمشاق قۇملارنى دەسسەپ ئاستا كېتىپ باراتتى. ئۇ گاھىدا دېڭىزغا قاراپ بىر ھازا ئورنىدا تۇرۇپ قالاتتى، گاھىدا قانداقتۇر بىر يېقىملىق تۈرك ئاھاڭىغا غىڭشىپ ناخشا ئېيتقاندەك

[91] مەنىسى: تۈركىيىدە نېمە بار؟ تۈركىيىدە قۇياش بار.
ئەنگلىيىدە نېمە بار؟ ئەنگلىيىدە تۇمان بار.

قىلاتتى. مەن ئۇنىڭ دېڭىزغا قاراپ چوڭقۇر نەپەس ئېلىۋاتقانلىقىدىن، مۇرىلىرىنىڭ نەپەس رىتىمىغا ئەگىشىپ بىردە كۆتۈرۈلۈپ، بىردە چۈشۈۋاتقانلىقىدىن ھاياجانلانغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئۇنىڭ دېڭىزدىن ئالغان ھاياجانلىق ئىلھاملىرىغا تەسىر قىلماي دەپ ئويلاپ، قەدەملىرىمنى ئاستىلاتتىم ـ دە، ئارىلىق قالدۇرۇپ ماڭدىم.

بۇ بالىتىق دېڭىزىنىڭ ستوكھولمغا سوزۇلۇپ كىرگەن زور بىر بۆلىكى ئىدى. يىراقتىن قارشى قىرغاقتىكى چىرايلىق داچىلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بىر دانە ئوتتۇرا تىپلىق پاراخوت گۈدۈك چالغىنىچە پايانسىز دېڭىزغا قاراپ كېتىپ باراتتى. مەن قۇياشنىڭ پارلاپ تۇرغان نۇرى ئاستىدا، دېڭىزدىن كېلىۋاتقان پايانسىزلىقتىن قەلبىمنىڭ گۈزەل ھېسلارغا چۆمۈلگەنلىكىنى ھېس قىلدىم. مۇشۇ دەقىقىلەردىكى ھېسسىياتىمنىڭ بۇنىڭدىن ئىككى يىل بۇرۇن، يەنى 2002 ـ يىلى دېكابىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى ياپونىيىنىڭ جەنۇبىدىكى فۇكوكادا پايانسىز ياپون دېڭىزىنى سەيلە قىلغان چاغدىكى ھېسسىياتلىرىم بىلەن تامامەن ئوخشاپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. گېگىل توغرا ئېيتقان: «دېڭىز ئادەمگە پايانسىزلىق ئۇقۇمى بېرىدۇ. ئادەم دېڭىزغا نەزەر تاشلىغىنىدا، دېڭىزنىڭ پايانسىزلىقى ئىچىدىن ئۆزىنىڭ پايانسىزلىقىنى ھېس قىلىدۇ ـ دە، كۆز ئالدىدىكى بارلىق چەكلىمىلەردىن ھالقىپ چىقىپ چەكسىزلىك ئالىمىگە قوشۇلۇپ كەتمەكچى بولىدۇ.»

يىراقتىن ئايدانىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن خىياللار قاينىمىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ، قەدىمىمنى تېزلەتتىم. ئۇ مېڭىشتىن توختاپ مېنى ساقلاپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كەلگەندە، ئۇنىڭ ئۆز ئورنىدا جىم تۇرۇپ مېنىڭ كەيپىياتىمنى كۆزىتىپ تۇرغانلىقىمى ھېس قىلدىم. بىزنىڭ كۆزلىرىمىز ئۇچرىشىپ قالدى. بىر ھازا گەپ قىلماستىن قارىشىپ تۇردۇق. مەن ئۇنىڭ ئويچان كۆزلىرىدىن ئۆز ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ۋەتىنىنى سېغىنغان بىر ئايالنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى كۆرگەندەك بولدۇم.

—— سىز دېگەن مەخپىي جاي مۇشۇ يەرمۇ؟ —— دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.

—— شۇنداق، مەن بۇ يەرنى ياخشى كۆرىمەن، بۇ يەردىن دېڭىزنى كۆرگىلى بولىدۇ شۇنداقلا دېڭىزنىڭ ئۇ قېتىمدىكى يىراق ئەللەرنىڭ غايىۋى مەنزىرىسىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ. مەن ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىمدە دائىم بۇ يەرگە كېلىپ دېڭىزغا قاراپ ئولتۇرۇشنى ياخشى كۆرەتتىم. ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ياشىغان ئاشۇ يىراقتىكى ئانا يۇرتىمىزنى خىيال قىلاتتىم. ھازىر يىلدىن ـ يىلغا بۇ خىل ھېسسىياتىم كۈچىيىپ بېرىۋاتىدۇ، —— دېدى ئايدا دېڭىزدىن كۆزىنى ئۈزمەي تۇرۇپ.

—— ئەمىسە، سىز نېمىشقا شىنجاڭغا بېرىپ باقمايسىز؟ ھازىر جۇڭگوغا بېرىپ ساياھەت قىلىش تامامەن مۇمكىنغۇ!

—— شۇنداق، بۇنى بىلىمەن. ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرۈپلا گېرمانىيىدا



AltunOq

ئىشلىگەچكە پەقەتلا ۋاقىت چىقىرالمىدىم. ئارىلىقتا تىوي قىلىدىم، ئائىلىلىك بولدۇم. مانا ئەمدى بىرئاز ياخشى، مۇشۇ بىر ـ ئىككى يىل ئىچىدە ۋاقىت چىقىرىپ بېرىپ كېلىشنى ئويلاۋاتىمەن. ۋېستېراستىكى قازاقلاردىن ھېچكىم ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ۋەتىنىگە تېخى بېرىپ باقمىدى. ئۇلار ئۇ تەرەپنىڭ يېقىنقى ئەھۋاللىرى ھەققىدە كۆپ ئۇچۇرغا ئىگە ئەمەس. مەن ئۆزۈم يازماقچى بولغان كىتابىمغا ماتېرىيال توپلاش ئۈچۈن چوقۇم شىنجاڭغا بېرىشىم كېرەك.

ـــ ئۇنداقتا، قازاقىستانغا بېرىپ باقتىڭىزمۇ؟

ـــ باردىم، 1990 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا قازاقىستاندا ئىككى ئاي تۇردۇم. گېزىتىمىز ئۈچۈن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يېڭىدىن مۇستەقىل بولغان دۆلەتلەر ھەققىدە چاتما خەۋەرلەر يازدىم. لېكىن شۇ چاغلاردا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەر تولىمۇ قالايمىقان ئىدى. راستىمنى ئېيتسام، مەن قازاقىستاننى ئانچە ياخشى كۆرۈپ كەتمىدىم، چۈنكى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىن يېڭىلا پارچىلىنىپ چىققان بۇ دۆلەت ۋە ئۇنىڭ يېڭى گرازدانلىرى ماڭا ئانچە ياخشى تەسىرات بەرمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن قازاقىستانغا قايتا بېرىپ باقمىدىم. ئەمما مېنىڭ قىزىقىدىغىنىم ۋە ئانا يۇرتۇم ـ قارايدىغىنىم يەنىلا تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدىكى ئاشۇ جايلاردۇر.

چايكىلارنىڭ غاقىلدىغان ئاۋازى ئايدىنىڭ سۆزلىرىنى بېسىپ كەتتى. ساھىلدا بىر توپ چايكىلار بېلىق تالىشىپ بىر ـ بىرى بىلەن جەڭ قىلىماقتا ئىدى. ھاۋا ئوچۇق بولۇشىغا قارىماي، دېڭىز يۈزىدىن كېلىۋاتقان مۇزدەك سوغۇق ئادەمنىڭ جان ـ جېنىغا ئۆتەتتى.

ـــ مەن سىزدىن بىر ئىشنى سورىسام بولارمۇ؟ ـــ دېدىم ئۇنىڭغا سوئال نەزىرى بىلەن قاراپ، ـــ ئىسىم فامىلىڭىزنىڭ يېرىمى قازاقچە، يېرىمى شۋېتچىمۇ قانداق؟

ـــ ھەئە، بۇنى مەن سىزگە سۆزلەپ بېرەي دەپ تۇراتتىم، ـــ دېدى ئايدا شامالدا ئۇچۇۋاتقان چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، ـــ شۋېتسىيەدىكى نۇرغۇنلىغان كۆچمەنلەرگە ئوخشاشلا ۋېستېراستىكى بىرقانچە يۈز قازاقلارنىڭ ئۆز مىللىي كىملىكىنى ساقلاش مەسىلىسى بىزنى ئويلاندۇرماقتا. چۈنكى شۋېتسىيەدە ياشاۋاتقان باشقا كۆچمەن خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي توپىغا سىڭىشتۈرگاندا، ۋېستېراستىكى بىزنىڭ ئىجتىمائىي توپىمىز تولىمۇ كىچىك بىر جامائە ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىمىز بۇ يەرگە كېلىشتىن بۇرۇنلا تۈركىيەدە ئاز كەم يىگىرمە يىللار تۈرك مەدەنىيەت مۇھىتىدا ياشىغان ۋە تۈركلەرنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ئۆزلەشتۈرگەن. شۇڭلاشقا بىزنىڭ بۇ يەردىكى مىللىي كىملىكىمىزنىڭ ئارقىسىغا ئۇزاقتىكى ۋەتىنىمىزدىن كېلىۋاتقان قازاق مىللىتىگە خاس بولغان ئەنئەنىلىرىمىزدىن باشقا يەنە روشەن ھالدا تۈرك مەدەنىيىتىنىڭمۇ تامغىسى بېسىلغان. بىز كىچىكىمىزدىن تارتىپ ئائىلىدە تۈركچە سۆزلىشىپ چوڭ

بولغانمىز. مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن ئاساسەن شۇبىتچە ئىشلىتىدىغان بولدۇق. لېكىن مىللىي كىملىك جەھەتتىن ھەممىمىز ئۆزىمىزنى قازاق تۈركۈمىگە تەۋە دەپ ھېسابلايمىز. ھازىرقى كۈندە چوڭلىرىمىزنىڭ ئەنسىرەيدىغىنى ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ نىكاھ مەسىلىسى بولۇپ قالدى. چۈنكى شۇبىتسىيىدە بىزدەك ئاران نەچچە يۈز ئائىلىسى بار بىر خەلقنىڭ مەڭگۈ ئۆز ئىچىدىن نىكاھلىنىپ ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلىيالىشى تولىمۇ تەس. شەخسەن ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام، بۇ مەسىلىدە زور بىر تاللاشقا دۇچ كەلدىم. بەزىدە تەقدىرىم شۇنداق بولسا كېرەك دەپمۇ ئويلاپ قالىمەن. ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا ھازىرقى يولدىشىم بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. بىزنىڭ نۇرغۇن جەھەتلەردە پىكىر ئورتاقلىقىمىز بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ھېسسىيات جەھەتتىنمۇ بىر — بىرىمىزگە باغلىنىپ قالدۇق. ئاتا — ئانام مېنىڭ بىر قازاق ياكى تۈرك يىگىتى بىلەن توي قىلىشىمنى ئۈمىد قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار مېنىڭ ئارزۇسى مېنىڭ تۇرمۇشۇمدا رېئاللىشالمىدى. مەن ئاخىرى ھازىرقى يولدىشىم بىلەن توي قىلدىم. ئۇ شۇبىتسىيىنىڭ جەنۇبىدىكى تىپىك بىر شۇبىت ئائىلىسىدە چوڭ بولغان يىگىت ئىدى. بىز توي قىلىشتىن ئىلگىرىلا ھەر ئىككىمىز ئۆز دىنىي ئېتىقادىمىزنى ساقلاپ قېلىشنى، بىر — بىرىمىزنىڭ تاللىشىنى ھۆرمەت قىلىشنى كېلىشكەنىدۇق. تويدىن كېيىن بىر — بىرىمىزگە بولغان ھېسسىياتىمىز ئىنچىل ياخشى بولۇپ كەلدى. يولدىشىمنىڭ فامىلىسى «لۇند» بولۇپ، شۇبىت تىلىدە «ئاقساقال» دېگەن مەنىنى بىرىدىكەن. مېنىڭ بوۋامنىڭ قازاقلار ئىچىدىكى ھۆرمەت نامىمۇ «ئاقساقال» ئىدى. شۇڭلاشقا مەن ئۆز ئىسمىمنىڭ كەينىگە يولدىشىمنىڭ «لۇند» دېگەن فامىلىسىنى فامىلە قىلىپ تاللىدىم، شۇنداقلا بوۋامنىڭ ھۆرمەت نامىغىمۇ ۋارىسلىق قىلغان بولدۇم. يولدىشىم ستوكھولمدىكى خەلقئارا ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوبۇس شىركىتىدىن ئىش تاپتى. بۇ ئىش ئۇنىڭ ئوقۇغان كەسپى بىلەن ئانچە ماس كەلمىسىمۇ، لېكىن دەم ئېلىشى كۆپ، مائاشى يۇقىرى خىزمەت ئىدى. ئۇ ئۈچ يىلدىن بۇيان ستوكھولمدىن مادرىدغا قاتنايدىغان ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوبۇس شوپۇرى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. بىر قېتىم مادرىدقا بېرىپ كېلىش ئۈچۈن ئوننەچچە كۈن ۋاقىت كېتىدۇ. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىككى ھەپتە دەم ئالىدۇ. شۇنداق قىلىپ بىر ئاينىڭ يېرىمىنى ئاپتوبۇستا، يېرىمىنى ئۆيدە ئۆتكۈزىدۇ.بۇ قېتىم يولغا چىققىلى بىر ھەپتە بولدى، يەنە بىر ھەپتىدىن كېيىن قايتىپ كېلىدۇ. مانا بۇ بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز.

ئايدا ئۆز ھېكايىسىنى مۇشۇ يەردە توختاتتى. توڭلىغان بولسا كېرەك، پەلتوسىنىڭ ياقىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈۋالدى. بىز قىرغاق بويلاپ بىر تاغ قاپتىلىغا كېلىپ قالغانىدۇق. ئۇ يەردىن يەنە كەينىمىزگە قايتتۇق. دېڭىز بىر خىلدا نەرە تارتىپ ئۆركەشلىمەكتە ئىدى. باياتىن بېرى پارلاپ تۇرغان قۇياش

بىردىنلا تۇرۇلۇپ كەلگەن بۇلۇتلار ئارىسىغا كىرىپ كەتتى.

— سىز شۆيتىسىيىدىكى قازاقلارنىڭ كۆچۈپ كېلىش تارىخىنى قانداق ئۇسۇلدا يازماقچى، بۇنىڭغا ئېنىق بىر تەسەۋۋۇرىڭىز بارمۇ؟

— مەن بۇ جەھەتتە سىزنىڭ يول كۆرسىتىشىڭىزگە موھتاج، — دېدى ئايدا يىراقلارغا نەزەر سالغان هالدا، — مەن بۇ كىتابىمنى ئىنگىۋار ئەپەندىدەك چوڭقۇر ئىلمىي مۇلاھىزىلەر بىلەن يازماقچى ئەمەسمەن، بۇنىڭغا هازىرچە مېنىڭ قۇربىممۇ يەتمەيدۇ. مەن ژۇرنالىزم كەسپىدە ئوقۇغان بولغاچقا، ئاممىباب بىر ئۇسلۇب بىلەن بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ ئەڭ دەسلەپ جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونىدىن يولغا چىقىپ، هىندىستانغا كەلگەنلىكى، ئاندىن ئافغانىستانغا بارغانلىقى، ئۇ يەردىن تۈركىيىگە كېلىپ يەرلەشكەنلىكى، 1960 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا تۈركىيىدىن شۆيتسىيىگە كۆچمەن بولۇپ كەلگەنلىك تارىخىنى تارىخىي سۈرەتلەرنى كىرىشتۈرۈپ يېزىپ چىقسام دەپ پىلان قىلىۋاتىمەن. ئىنگۋار ئەپەندى ماڭا بۇ جەھەتتە كۆپ ياردەملەرنى بەردى. ئۇ بۇ ھەقتىكى بىر قىسىم يازما ماتېرىياللارنى ماڭا تەمىنلەپلا قالماستىن، بەلكى يەنە بىر قىسىم تارىخىي سۈرەتلەرنىڭ ئۇچۇرىنىمۇ بەردى. ئەمدى سىز ماڭا شىنجاڭ قازاقلىرىنىڭ 20 ـ ئەسىردىكى جەمئىيەت تارىخىنى چۈشىنىش ئۈچۈن قانداق ماتېرىياللارنى كۆرۈشۈم كېرەكلىكى ھەققىدە كۆرسەتمە بەرگەن بولسىڭىز تولىمۇ ياخشى بولاتتى.

— بۇ جەھەتتە مەن مەخسۇس تەتقىقاتلار ئېلىپ بارغان ئەمەسمەن، ئەمما ئۆزۈم بىلىدىغان دائىرىدە سىزگە ياردەم قىلىشنى خالايمەن، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىپ، — مېنىڭچە، نوقۇل ئىنگلىزچە ياكى باشقا غەرب تىللىرىدا نەشر قىلىنغان ماتېرىياللارغا تايىنىپلا بۇ مەسىلىنى ياخشى يورۇتۇپ بەرگىلى بولمايدۇ. ئاساسلىق ماتېرىياللار يەنىلا خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇر، قازاق تىللىرىدا نەشر قىلىنغان. شۇڭا ئىنگلىزچە ماتېرىياللارنى سىز خالىق كۇتۇپخانىدىن تېپىپ كۆرەلەيسىز. مەسىلەن، ئامېرىكىلىق لىندا بېنسون خانىمنىڭ «ئىلى ئۆزگىرىشى»[92]، گودفرېي لىئاسنىڭ «قازاق سەرگەردانلىرى»[93]، مىلتون كلاركنىڭ «شىنجاڭ قازاقلىرى جەمئىيىتىدە سىياسىي بوران ـ چاپقۇنلار»[94]، ئاندرېۋ فوربېسنىڭ « جۇڭگو ئوتتۇرا ئاسىياسىدىكى مىلىتارىستلار ۋە مۇسۇلمانلار»[95] قاتارلىق كىتابلارنى كۆرسىڭىز بولىدۇ. جۇڭگودا نەشر قىلىنغان بۇ ھەقتىكى خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە ياكى قازاقچە ماتېرىياللارنى مەن سىزگە تېپىشىپ بەرسەم، ياكى مۇناسىۋەتلىك جايلىرىنى

---

[92] Linda Benson, *The Ili Rebellion: A Study of Chinese Policy in Xinjiang (1944 - 1949)*, Ph.D. Thesis, University of Leeds, 1986

[93] Godfrey Lias, *Kazak Exodus*, London, 1956

[94] Milton Clark, *Leadership and Political Allocation in Sinkiang Kazak Society*, Ph.D. Thesis, Harvard University, 1955

[95] Andrew Forbes, *Warlords and Muslims in Chinese Central Asia: A political history of Republican Sinkiang 1911 - 1949*, Cambridge, 1986

تەرجىمە قىلىپ بەرسەم بولىدۇ. بۇ جەھەتتە كۆپرەك ھەمكارلىشىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

— سىزگە كۆپ تەشەككۈرلەر، سۇلايمان بەي، مەن بۇ جەھەتتە سىزنىڭ ياردىمىڭىزگە موھتاج. كېيىن ۋاقىت چىقىرىپ تېخىمۇ تەپسىلىيرەك سۆزلىشىشنى ئويلايمەن. يولدىشىم مادرىدتىن قايتىپ كەلگەندە بىز سىزنى ئۆيىمىزگە مېھمان بولۇپ كېتىشكە تەكلىپ قىلىمىز.

— تەكلىپىڭىز ئۈچۈن رەھمەت! مېنىڭ ۋېستېراستىكى قازاقلارنى زىيارەت قىلغۇم بار، بۇ جەھەتتە مەنمۇ سىزنىڭ ياردىمىڭىزگە موھتاجمەن.

— بۇنى ياخشى ئويلاپسىز، مېنىڭ ئاتا ـ ئانام سىزنى كۆرسە خۇش بولىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئۆز ئاتا ـ بوۋىلىرى ياشىغان ۋەتىنى ھەققىدە يېڭى پاراڭلارنى ئاڭلىغۇسى بار. ۋېستېراستىكى قازاق مەسچىتىنىڭ ئىمامى مەھمۇت ئاغا ئوقۇمۇشلۇق كىشى، ئۇ ھازىر ۋېستېراستىكى قازاقلار ئىچىدە قازاقچىنى بىرئاز سۆزلىيەلەيدىغان بىردىنبىر كىشى. مەن سىزنى يازدا ۋېستېراسقا ئۆزۈم باشلاپ بارىمەن!

دېڭىز تەرەپتىن كېلىۋاتقان شامال كۈچىيىشكە باشلىدى. ھەر ئىككىمىز توڭلىغانىدۇق. كۈنمۇ كەچ بولۇپ قالغانىدى. بىز قايتىشقا تەرەددۇت قىلدۇق. ئايدا مېنى ئاپتوبۇس بىلەن شەھەر مەركىزىدىكى باش بېكەتكىچە ئەكىلىپ قويىدى. شۇنداق قىلىپ ئايدا بىلەن بولغان يېرىم كۈنلۈك كۆڭۈللۈك سۆھبىتىم ئاخىرلاشتى. مەن باش بېكەتتىن ئاپتوبۇسقا چىقىپ ئولتۇرغىنىمدا ئايدانىڭ بېكەتتە ئۇزاققىچە قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم.

## ئون يەتتىنچى باب

# ستوكھولمدا جەم بولۇش

مارتنىڭ ئاخىرلىرى ستوكھولمدا ھاۋا تەدرىجىي ئىللىشقا باشلىغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئايالىم قىزىمنى ئېلىپ، ستوكھولمغا يېتىپ كەلدى. بىر ئائىلە كىشىلىرى ئاخىرى ۋەتەندىن يىراق بىر يات ئەلدە جەم بولدۇق. بۇ قېتىمقى جەم بولۇشىمىز ھەقىقەتەن ئاسانغا توختىمىدى.

مەن 19– مارت كۈنى ئارلاندا خەلقئارا ئايروپورتىدا ئايالىم بىلەن قىزىمنى كۈتۈۋالغىنىمدا يىرىم يىلدىن بۇيانقى مۇساپىرچىلىق ھاياتى داۋامىدا تارتقان يالغۇزچىلىقلىرىمنىڭ قاياقلارغىدۇر ئىز – تىزسىز غايىب بولغانلىقىنى ھېس قىلدىم. راستىنى ئېيتسام، مەن ئوقۇش ۋە خىزمەت ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن ئائىلەمدىن ئايرىلىپ يىراقلاردا ياشاشنىڭ ئازابىنى، تىكەندەك يالغۇزچىلىقنىڭ رىيازەتلىرىنى، شۇنداقلا ئۇزاق ئايرىلىشلاردىن كېيىنكى جەم بولۇشنىڭ زور خۇشاللىقىنى ئەڭ چوڭقۇر دەرىجىدە ھېس قىلغان ئىنسانمەن. ئايالىمنىڭ بەزىدە چوڭقۇر خورسىنغان ھالدا «نوي قىلغاندىن بۇيان بىزنىڭ بىللە ياشىغان ۋاقتىمىز ئايرىلىپ تۇرغان ۋاقتىمىزدىن كۆپ بوپتۇ» دېگىنىنى ئەسلەپ قالىمەن. دېمىسىمۇ توي قىلغىنىمىزدىن بۇيانقى شۇنچە يىللار داۋامىدا، تۆت – بەش يىللار ئوقۇش ۋە خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن سىرتلاردا بولدۇم. ئۆرۈمچىدىكى گويا ھەرە كۆنىكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بىنالارنىڭ بىرىدىكى ئاشۇ ئۆيىمىزدە ئائىلەم بىلەن جەم بولۇپ ياشىغان ۋاقتىم سىرتلاردا بولغان ۋاقتىمدىن ئاز بولۇپتۇ.

ئائىلە — جەمئىيەتنىڭ ئەڭ كىچىك ھۇجەيرىسى. ئائىلە — ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلىرىنىڭ ئەڭ كونكرېتلاشقان كۆزنىكى. ئائىلە — ئىنسانىي مېھىر – مۇھەببەتنىڭ بۇلىقى ۋە ئەڭ ئۇلۇغ سىمفونىيىسى. ئەگەردە ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە ئائىلە مەدەنىيىتى بولمىغان بولسا، بارلىق مەدەنىيەتلەرنىڭ جۇلاسىمۇ ئۆچكەن بولاتتى.

ھېلىمۇ ئېسىمدە، بېيجىڭدا ئوقۇۋاتقان ئاشۇ يىللاردا ۋاقتىنى ئاران تەتىلگە ئۇلاپ، بېيجىڭ ۋوگزالىدىكى مىغىلداپ تۇرغان يولۇچىلار ئارىسىدىن قىستىلىپ ئۆتۈپ ئۆرۈمچىگە ماڭىدىغان پويىزغا چىققىنىمدا قەلبىم تەسۋىرلىگۈسىز شادلىققا تولىدۇ. ئائىلەم بىلەن جەم بولۇشنىڭ خۇشاللىقى سەپەر جەريانىدىكى بارلىق ھارغىنلىقلىرىمنى قاياقلارغىدۇر ئۇنتۇلدۇرۇۋېتىدۇ. پويىز ئۆرۈمچى ۋوگزالىغا يېتىپ كىرىشكە باشلىغىنىدا گويا كۆڭلۈمدىكىنى تۇيغاندەكلا رادىئودىن



AltunOq

يانىبىنىڭ ساكس بىلەن ئورۇندىغان «ئۆيگە قايتىش» ناملىق مۇزىكىسى ياڭراشقا باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن قەلبىمدىكى «ئۆيگە قايتىش» خۇشاللىقى يېنىك مۇزىكا رىتىمىغا ئەگىشىپ مېنى چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن ئۆيۈمگە باشلاپ بارىدۇ ...

بەزىدە ئۆيدىن ئۇزاق ئايرىلىپ ئۇرۇمچىگە قايتىپ كەلگىنىمدە ۋاقىت تولىمۇ كەچ بولۇپ كېتىدۇ. مەن تونۇش بىنانىڭ ئالدىغا كېلىپ بىردەم تۇرۇۋالىمەن. شۇ دەقىقىلەردە قەلبىمنىڭ بىر خىل ئىللىق تۇيغۇغا چۆمۈلۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىمەن. ئالتىنچى قەۋەتتىكى ئۆيىمىزنىڭ دېرىزىسىدىن تېخىچە چىراغ يورۇقىنىڭ ئۆچمىگەنلىكىنى، ئايالىمنىڭ قىزىمنى ئۇخلىتىپ قويۇپ، تېخىچە يولۇمغا قاراپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرگىنىمدە، ئائىلە ماڭا شۇ قەدەر ئىللىق تۇيۇلۇپ كېتىدۇ ...

مەن ھېنرىكسىدال تېغىغا جايلاشقان ئائىلىلىكلەر رايونىدىكى ئىجارىگە ئالغان ئۆيۈمدە ئىلگىرى زادىلا ھېس قىلىپ باقمىغان تەنھالىق ئىچىدە بەش ئاينى ئۆتكۈزدۈم. كۈندۈزدىكى ئالدىراشچىلىق ئىچىدە كۈننىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ئۇقالماي قالساممۇ، لېكىن كەچ كىرگەندە دېڭىز بورىنى سوقۇپ تۇرغان ھېنرىكسدال تېغى باغرىغا كەلگىنىمدە، تەسۋىرلىگۈسىز بىر خىل غېرىبلىقنىڭ مېنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتىم. ھەر كۈنى كەچقۇرۇن ئىشتىن ھېرىپ كېلىپ، نورگاردلار ئائىلىسىنىڭ ماڭا تونۇش ئىشىكىگە ئاچقۇچ سالغىنىمدا، خۇددى ئۇرۇمچىدىكى ئۆيىمىزنىڭ ئىشىكىگە ئاچقۇچ سېلىۋاتقاندەك، ئىشىكنى ئېچىشىمغا ئايالىم پەرتۇقىنى تاقىغان پېتى مەززىلىك تاماق ھىدى گۈپۈلدەپ پۇراپ تۇرغان ئاشخانا ئۆيدىن كۈلۈمسىرەپ چىقىپ كېلىدىغاندەك، قىزىم قونچاقلىرىنى سۆرىگەن پېتى ئىشىك ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ بوينۇمغا گىرە سالىدىغاندەك ئىللىق تۇيغۇلارغا چۆمۈلىمەن. ۋەھالەنكى، ئىشىكنى ئېچىپ كىرىشىمگە شۇۋېتلارنىڭ شەكىلسىز غېرىبلىقى سىڭىپ كەتكەن نورگاردلار ئائىلىسىنىڭ تونۇش تاملىرى مېنىڭ بۇ تاتلىق تۇيغۇلىرىمنى قاياقلارغىدۇر ئېلىپ كېتىدۇ. مەن شۇ چاغدىلا ئۇرۇمچىدە ئەمەس، بەلكى ستوكھولمنىڭ ناكا رايونىدىكى ئائىلىلىكلەر رايونىدا ياشاۋاتقانلىقىمنى ئېسىمگە ئالىمەن.

مانا بۇ مېنىڭ ئىسسىق ئائىلەمدىن ئايرىلىپ، جىسمىم سكاندىناۋىيە يېرىم ئارىلىدىكى بۇ يات ئەلدە، روھىم ۋەتەندە سەير قىلىپ ئۆتكۈزگەن بەش ئايلىق مۇساپىرچىلىق ھاياتىمدىكى كىچىككىنە تۇرمۇش تەسىراتلىرىم. بەزىدە بۇ كىچىككىنە دېتاللارنىڭ ئادەتتىكى ئادەملەر ئۈچۈن ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوقلۇقىنى، لېكىن ئۆزۈم ئۈچۈن شۇنداقلا ماڭا ئوخشاش تۇرمۇش سەرگۈزەشتىسىگە ئىگە كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا بىر خىل تەسۋىرلىگۈسىز قىممەتكە ئىگىدەك ھېس قىلىمەن...

شۇ كۈنى ئارلاندا خەلقئارا ئايروپورتىدىن ھېنرىكسىدال تېغىدىكى جىمجىت ئۆيىمىزگە كېتىۋېتىپ، ئۆزۈم بۇرۇنقى ئۆزۈم ئەمەستەك، كۈندە مېڭىۋاتقان يوللىرىم ئەمدىلىكتە ئۆزگىرىپ قالغاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالدىم. ئايالىم بىلەن ئۇزاققىچە بىر ـ بىرىمىزگە قارىشىپ جىمجىت ئولتۇردۇق. قىزىمىمۇ خۇددى مەندىن يېتىرقاۋاتقاندەك، مەنمۇ قىزىم بىلەن قانداق سۆزلىشىشنى ئۇنتۇپ قالغاندەك بىر خىل ئۆتكۈنچى روھىي ئىزتىراپ ئىلكىدە بىر ھازا سۈكۈتتە ئولتۇردۇق. ھەر ئۈچىمىزنىڭ بۇ خىل تاتلىق سۈكۈتنى بۇزغىمىز يوقتەك كۆرۈنەتتى. سۆزلەشنىڭ ئورنى يوق ئىدى. سۈكۈت بىزگە ھەممىنى بايان قىلىپ بېرىۋاتاتتى. سىرتتىكى مەنزىرىلەر ئاپتوبۇس دېرىزىسىدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتمەكتە ئىدى. ئاپتوبۇس سىلىقسىن بېكىتىدىن ئۆتۈپ، پايانسىز دېڭىز قولتۇقى بىردىنلا كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولغىنىدا ئايالىم بىلەن قىزىمنىڭ تەڭلا ھاياجانغا چۆمگەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

مەن ئايالىمغا قارىدىم. ئۇ دېرىزە سىرتىدىكى مەنزىرىلەردىن كۆز ئۈزمەي ئولتۇراتتى. مەن ئۇنىڭ كۆرۈشۈشتىن كېيىنكى ئىچكى خۇشاللىقى ۋە ھېس ـ ھاياجانلىرىنى بېسىشقا تىرىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئۇ گويا مېنىڭ ئۇنىڭغا قاراۋاتقانلىقىمنى ئاياللاردىكى بىر خىل تۇغما سەزگۈ بىلەن ھېس قىلىۋاتقاندەك كۆزلىرىنى سىرتتىكى مەنزىرىلەردىن ئۈزۈپ ماڭا قارىدى. بىز بىر ھازا بىر ـ بىرىمىزگە ئۈنسىز قارىشىپ ئولتۇردۇق. مۇشۇ تۇرقىمىزدا ھەم ئۇمۇ ھەم مەنمۇ نېمە دېيىشىمىزنى بىلەلمەي قالغانىدۇق. ئەمما ھەر ئىككىمىز بۇ سۈكۈتنىڭ مەنىسىنى چوڭقۇر ھېس قىلماقتا ئىدۇق.

ھېنرىكسىدال تېغىدىكى ئائىلىلىكلەر ئولتۇراق رايونىغا يېتىپ باردۇق. ئەتراپ شۇنچىلىك جىمجىت ئىدى. مارت ئايلىرىنىڭ ئاخىرى بولۇپ قالغىنىغا قارىماي دېڭىز تەرەپتىن بىر خىل سوغۇق شامال سوقماقتا ئىدى. بىز لىفىت ئارقىلىق ئۈچىنچى قەۋەتكە چىققاندىن كېيىن، نورگاردلار ئائىلىسىنىڭ تونۇش ئىشىكىگە ئاچقۇچ سالدىم. غىرىبلىق سىڭىپ كەتكەن بۇ ئۆيگە تۇنجى قېتىم ئۆزۈم تەنها ئەمەس، بەلكى ئائىلەم بىلەن بىللە كىرىۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلغىنىمدا، ئىلگىرى زادىلا ھېس قىلىپ باقمىغان بىر خىل بەختىيارلىق تۇيغۇسى قەلبىمنى چۇلغىۋالدى. مەن ئەتىگەندىلا ئائىلەمنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن پولۇنىڭ تەييارلىقىنى قىلىپ قويۇپ ئايروپورتقا چىققانىدىم. ئۆيگە كىرىپلا ئۆز قولۇم بىلەن ئۇلارغا پولۇ ئېتىپ بەرمەكچى بولدۇم. ئايالىم ھەيران بولغان ھالدا ئاشخانا ئۆيدە مېنىڭ پولۇنى دۇملەۋاتقان ھەرىكىتىمگە قاراپ ئولتۇردى. بىر چاغلاردا مەن بېيجىڭدىن تەتىلدە ئائىلەمگە قايتىپ چىققىنىمدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان ئۈچ يېرىم قەۋەت بىناسىدىكى بىر ئېغىزلىق ئۆيىمىزدە ئايالىمنىڭ تاماق ئېتىشىگە ئەنە شۇنداق بىر رەۋىشتە

قاراپ ئولتۇرغانلىرىم ھېلىمۇ ئېسىمدە. قىزىم نورگاردلار ئائىلىسىدىكى ھەممە ئۆيلەرنى بىرمۇ ــ بىر كۆرۈپ چىقتى. ئۇ ئۆي جاھازلىرىغا، تەكچىلەرگە تىزىلغان زىننەت بۇيۇملىرىغا، ياتاق ئۆيىدىكى نەرسە ــ كېرەكلەرگە قىزىقىسىنىپ قارىدى. بەزى نەرسىلەرنى بىرمۇ بىر تۇتۇپ كۆردى. مەن ئۇنىڭ ئەمدىلا 6 ياشقا كىرگەن ئالتۇن رەڭ بالىلىقىدا ۋەتەندىكى ھەممە تونۇش سىيمالاردىن ئايرىلىپ يىراق ياۋروپادىكى بۇ يات ئەلدە ئۆزىگە يات بولغان ھەممە نەرسىنى قىزىقىش ئىچىدە كۆزىتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم.

پولۇنىڭ ئىللىق ھىدى ئاشخانا ئۆينى بىر ئالدى. ئايالىم قازاننى ئېچىپ كۆرۈپ:

ـــ ئەجەب ئوخشاپتۇ، بەش ئايىنىڭ ئىچىدىلا تاماق ئېتىشكە ئۇستا بولۇپ كېتىپسىز! ـــ دېدى.

بىر ئائىلە كىشىلىرى قىزىق پاراڭلار بىلەن خۇشال كەيپىيات ئىچىدە بىللە غىزالاندۇق. مەن شۇ كۈنى ئائىلە بىلەن جەم بولۇشنىڭ خۇشاللىقىنى ئەزەلدىن ھېس قىلىپ باقمىغاندەك شۇنچىلىك سۆيۈنۈپ كەتتىم. تاماقتىن كېيىن مەن ئايالىم ۋە قىزىمغا شۋېتسىيىنىڭ ئەھۋاللىرىنى تەپسىلىي چۈشەندۈردۈم. نورگاردلار ئائىلىسىدە شۋېتسىيىنىڭ ھەر يىلى نەشر قىلىنىدىغان رەسىملىك يىلنامىسى بار ئىدى. مەن ئۇنىڭدىكى رەڭلىك سۈرەتلەرنى ئۇلارغا كۆرسەتتىم. قىزىم پۈتۈن زېھنى بىلەن سۈرەتلەرنى كۆردى. بولۇپمۇ يىلنامىنىڭ ئالدىنقى قىسمىدىكى شۋېتسىيە خان جەمەتىنىڭ سۈرەتلىرى قىزىمنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە جەلپ قىلىۋالدى. مەن يىلنامىدىكى شۋېتسىيە پادىشاھى كارل گۇستاف XIV، خانىش سىلۋىيە، شاھزادە فىلىپ گۇستاف، مەلىكە ۋىكتورىيە گۇستاف قاتارلىقلارنىڭ سۈرەتلىرىنى قىزىمغا بىرمۇ بىر كۆرسەتتىم. قىزىم مەلىكە ۋىكتورىيەگە تولىمۇ قىزىقىپ قالدى. ئۇ مەلىكىنىڭ ھەر خىل سورۇنلاردا تۈرلۈك مۇراسىم كىيىملىرى بىلەن چۈشكەن سۈرەتلىرىدىن كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇردى ــ دە، مەندىن:

ـــ دادا، ئۈرۈمچىدە نېمىشقا مەلىكىلەر يوق، شۋېتسىيىدە نېمىشقا مەلىكىلەر بار؟ ـــ دەپ سورىدى.

مەن قىزىمنىڭ سورىغان سوئالىغا دەررۇ بىر نېمە دېيەلمەي تۇرۇپ قالدىم. بىرئازدىن كېيىن ئۇنىڭغا مۇنداق چۈشەندۈردۈم:

ـــ قىزىم، بىزنىڭ يۇرتىمىزدىمۇ بۇرۇن مەلىكىلەر بولغان، مەن سىزگە سۆزلەپ بەرگەن چۆچەكلەردىكى گۈزەل مەلىكىلەرنىڭ بەزىلىرى بىزنىڭ ئانا يۇرتىمىزدا ياشىغان. كېيىنچە جاھان ئۆزگىرىپ پادىشاھ، خانىش، شاھزادە ۋە مەلىكە دېگەنلەر بولمايدىغان بولدى. ئەمدى شۋېتسىيىگە كەلسەك، بۇ يەردە پادىشاھ ۋە مەلىكىلەر ھازىرغىچە ساقلىنىپ قېلىنىغان. بۇ جەھەتتە بۇ دۆلەت بىزنىڭ

يۇرتىمىزغا ئوخشىمايدۇ.

— ھە، مۇنداق دەڭ، لېكىن مەن مەلىكىلەرنى بەكمۇ ياخشى كۆرىمەن، دادا، مەنمۇ چوڭ بولغاندا مەلىكە بولالايمەنمۇ؟

— ئەلۋەتتە، بولالايسىز، سىز ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا بىزنىڭ ئۆيىمىزنىڭ مەلىكىسىغۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ!؟

قىزىم ماڭا قاراپ ئەركىلىگەن ھالدا كۈلۈپ قويدى. مەنمۇ ئۇنى باغرىمغا بېسىپ سۆيۈپ قويدۇم. قىزىم ئىككى ياش ۋاقتىدىن باشلاپلا چۆچەك ئاڭلاشقا شۇنچىلىك خۇشتار ئىدى. كۈندە كەچتە چۆچەك ئاڭلىمىسا ئۇخلىمايتتى. بولۇپمۇ قەدىمىي پادىشاھلار قەسىرىدىكى گۈزەل مەلىكىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ھېكايىلىرى ئۇنى شۇنچىلىك ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. ئايالىم بىلەن ئىككىمىز بىلىدىغان چۆچەكلەر ئېيتىلىپ تۈگىگەندىن كېيىن، ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغان چۆچەكلەر كىتابىنى ئوقۇپ بېرىدىغان بولدۇق. لېكىن كىتابتىكى چۆچەكلەرنىڭ تىلى ۋە بايان ئۇسلۇبى ئېغىر بولغاچقا ئۆزگەرتىپ، بالىلار تىلىغا ئايلاندۇرۇپ ئېيتىشقا توغرا كېلەتتى. كېيىنچە مەن قىزىمنىڭ قىزىقىشىغا ئاساسەن ئۆزۈم چۆچەك توقۇپ ئېيتىپ بېرىدىغان بولغانىدىم. شۇڭلاشقا قىزىم چۆچەكلەرنىڭ سېھرىي كۈچىگە ئىشىنەتتى. مەن ئۇنىڭ مۇشۇ يېشىغىچە بالىلىق ھېسسىياتى بىلەن چۆچەكلەر دۇنياسىدىكى مەلىكىلەرنىڭ قىزىقارلىق ھېكايىلىرىگە نەقەدەر مەپتۇن بولۇپ كەلگەنلىكىنى خېلى چوڭقۇر ھېس قىلغانىدىم. لېكىن ئۇ ئانا يۇرتىمىزدىكى يەسلى ۋە باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ بىرىنچى يىللىق ھاياتى ھەمدە ئۆزى ھېس قىلغان تۇرمۇش رېئاللىقى ئىچىدىن چۆچەكلەردىكى سىرلىق دۇنيانىڭ سېھرىي كۈچىنى ئەزەلدىن ھېس قىلىپ باقمىغان ئىدى. شۇڭلاشقا بۇ يەرگە كېلىپلا پادىشاھ، شاھزادە، مەلىكە دېگەن ئۇقۇملار ئۇنىڭغا باشقىچە تەسىر قىلغانىدى.

شۇ كېچىسى ۋەتەن بىلەن شىمالىي ياۋروپادىكى بۇ دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى زور ۋاقىت پەرقىدىنمۇ ياكى ئائىلىمىزنىڭ جەم بولۇشىدىن كېلىپ چىققان خۇشاللىق سەۋەبىدىنمۇ ھەر ئۈچىمىزلا ئۇخلىيالمىدۇق. يېرىم كېچىدە قىزىمنىڭ ئاپىسىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى، مەلىكە ۋىكتورىيە ھەققىدە بىرمۇنچە سوئاللارنى سوراۋاتقانلىقىنى يېرىم ئويقۇ ھالىتىدە ئاڭلاپ ياتتىم. بىر چاغدا قىزىم يەنە ئاپىسىغا:

— ئاستا پىچىرلاپ گەپ قىلايلى، ئاپا، دادام ئويغىنىپ كەتمىسۇن، مەن ئۇنىڭدىن خىجىل بولىمەن، مېنىڭ يەنە ھېلىقى ئالبۇمدىكى مەلىكىنىڭ سۈرەتلىرىنى كۆرگۈم كېلىۋاتىدۇ ... — دېگىنىنى ئاڭلىدىم.

— بولدى، قىزىم، ئەمدى ئۇخلاڭ، ئەتە دادىڭىز بىزگە شۋېتسىيە پادىشاھىنىڭ ئوردىسىنى كۆرسىتىمەن دەيدۇ. ھازىر ئۇخلىمىسىڭىز ئەتە ئورنىڭىزدىن تۇرالمايسىز، — ئايالىمنىڭ قىزىمنى پەپىلىگەن ئاۋازى قۇلىقىمغا كىردى. ھەر

ئۈچىمىز تاڭغا يېقىن ئۇيقۇغا كېتىپتىمىز.

ئەتىسى ۋاقىراق ئورنىمىزدىن تۇردۇق. قىزىم بىزنىڭ تىۋشىمىزنى ئاڭلاپلا ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىغان پېتى ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. مەن ئۇنىڭغا يەنە بىرئاز ئۇخلىۋېلىشنى ئېيتقان بولساممۇ، لېكىن قىزىم بوينۇمغا ئېسىلىپ يۈزىنى يۈزلىرىمگە يېقىپ مېنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى. مەن بۇرۇنقى ئادىتىم بويىچە ئۇنى كۆتۈرۈۋالدىم.

شۇنداق قىلىپ ئايالىم بىلەن قىزىم شۋېتسىيىدىكى تۇنجى سەھەرنى كۈتۈۋالدى. بىز خۇشال ـ خۇرام ھالدا ئەتىگەنلىك تاماق يېدۇق. مەن ئائىلەمدىكىلەر كېلىشتىن بۇرۇنلا دوخوپكىدا نان پىشۇرۇشنى ئۆگىنىۋالغانىدىم. ستوكھولمدىكى ئۆيلەرنىڭ ئاشخانىلىرىدا بىر تۇتاش توك ئوچاق ئىشلىتىلەتتى. ئوچاقنىڭ ئاستىدا ئادەتتە بولكا پىشۇرۇش ئۈچۈن لايىھىلەنگەن دوخوپكىلار بار بولۇپ، ئۇنىڭدا نان پىشۇرغاندا ۋەتەندىكى تونۇردا پىشۇرغان نانلاردەك تەملىك بولمىسىمۇ، لېكىن بولكىغا قارىغاندا خېلىلا تەملىك نانلارنى پىشۇرغىلى بولاتتى. مەن ئۆزۈم پىشۇرغان نانلار بىلەن ياۋروپاچە ئەتىگەنلىك تاماق تەييارلىدىم. تۇخۇم پوشكىلى، سالات، سېرىقماي، ئىرىمچىك، قايىنىتىلغان قويۇق سۈت تەييار بولدى. ئايالىم مېنىڭ تاماق ئۈستىلىگە تەييارلىغان ئەتىگەنلىك تاماقلىرىمغا قاراپ ھەيران بولغان ھالدا:

— تۇۋا، كۆزلىرىمگە ئىشەنمەيلا قالدىم. قاچانلاردا بۇنداق ياخشى ھۈنەرلەرنى ئۆگىنىۋالدىڭىز، يېرىم يىلنىڭ ئىچىدە ئۇستا ئاشپەز بولۇپ كەتتىڭىزمۇ ـ نېمە؟ — دېدى.

— شۇنداق، باشقا كەلگەندە باتۇر دەپتىكەن، ئۆيدىن ئايرىلىپ ھەممىنى ئۆگىنىشكە توغرا كەلدى. ئەمدى مېنىڭ ئاشخانىدىكى تارىخىي ۋەزىپەم ئاخىرلاشتى، ئەتىدىن باشلاپ بۇ ۋەزىپىنى سىزگە ئۆتكۈزۈپ بېرىمەن! — دېدىم چاقچاق قىلىپ.

20 ـ مارت، كۈنگە جۈمە ئىدى. ھاۋامۇ خۇددى بىزنىڭ جەم بولۇشىمىزنى تەبرىكلەۋاتقاندەك سەھەردىلا ئېچىلىپ كەتكەنىدى. بۇلۇتلار تارقىلىپ كۆپكۆك ئاسمان جۇلالىنىپ تۇراتتى. بىز ئاپتوبۇسقا چۈشۈپ ھېنرىكسىدال تېغىدىكى ئائىلىلىكلەر رايونىدىن ئايرىلىپ، ستوكھولمنىڭ مەركىزىدىكى گاملاستان تەرەپكە قاراپ ماڭدۇق. تاغدىن چۈشۈشىمىزگە زۇمرەتتەك سۈزۈك دېڭىز قولتۇقى كۆرۈندى. سىندېرېللا (Cinderella) ناملىق غايەت زور يولۇچىلار پاراخوتى سەھەردە پىرېستاندىن ئايرىلىپ فىنلاندىيىگە يول ئالغانىدى. قىزىم بۇنداق زور تىپتىكى پاراخوتنى يېقىن ئارىلىقتىن كۆرۈپ باقمىغاچقا كۆزلىرىنى چەكچەيتكەن پېتى تۇرۇپلا قالدى. ئۇنىڭ بالىلىق دۇنياسىدىكى چۆچەكلىرى ئەمدىلىكتە رېئاللىشىش ئالدىدا تۇراتتى.



AltunOq

گاملاستانغا يېقىن سىلۇسسېن بېكىتىدە ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ قالدۇق. بۇ ستوكھولمنىڭ ئەڭ قايناق جايلىرىدىن بىرى بولۇپ، سول تەرەپتە پايانسىز دېڭىز سوزۇلۇپ ياتاتتى. پىرىستاندا ماچتىلىرىنى ئۆزۈن چىقىرىپ قويغان يەلكەنلىك كېمىلەر، شىمالىي ياۋروپانىڭ قەدىمكى دېڭىز قاراقچىلىرى ئىشلەتكەن ئەجدىھا باشلىق كېمىلەر، كىچىك تىپتىكى كاتېرلار شۇنداقلا ئوتتۇرا تىپلىق يولۇچىلار پاراخوتلىرى تىزىلىپ تۇراتتى. گاملاستاننىڭ مەركىزىدىكى پادىشاھ ئوردىسى تەرەپتىن ساليوت ئاۋازى ياڭرىدى، ئارقىدىنلا خان سارىيى مۇزىكا ئەترىتىنىڭ دۇمباق ساداسى ئاڭلاندى. قارىماققا پادىشاھ ئوردىسىدا بىرەر مۇراسىم بولغان بولۇشى ياكى خان جەمەتىنىڭ بىرەر پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. بىز سىلۇسسېندىكى ئۆتنۈشمە كۆۋرۈكنىڭ پىيادىلەر يولىنى بويلاپ گاملاستان تەرەپكە ئۆتتۇق ھەمدە پىرىستاندىكى كەڭرى مەيداننى بويلاپ دېڭىزنى تاماشا قىلدۇق. قىزىم مېنىڭ قولۇمنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ ئۆزى كۆرگەنلىكى نەرسىلەرنى مەندىن سوراپتتى. مەن ئۇنىڭ قۇشقاچتەك ۋىچىرلاپ سورىغان سوئاللىرىغا ئامال بار تولۇق جاۋاب بېرىشكە تىرىشتىم. پىرىستاننىڭ پادىشاھ ئوردىسىغا ئۇدۇل كېلىدىغان تەرىپىگە بارغىنىمىزدا غايەت زور بىر پاراخوتنىڭ پىرىستانغا يېقىنلاپ كېلىپ توختىغانلىقىنى كۆردۇق. بىر توپ كىشىلەر قوللىرىغا گۈل تۇتقان ھالدا قىرغاقتا توپلىشىۋالغانىدى. بىردىنلا پىرىستاندىن يېقىملىق مۇزىكا ساداسى كۆتۈرۈلدى. بىز نېمە پائالىيەت بولغانلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن كىشىلەر توپى ئارىسىغا كىردۇق. پاراخوت توختىتىلغان قىرغاقنىڭ قېشىدىكى كەڭرى بوشلۇقتا ئوتقاشتەك گىلەملەر سېلىنغان بولۇپ، ئۇ يەردە بىردەك فورما كىيگەن خان سارىيى مۇزىكا ئەترىتى شۋېتسىيىنىڭ دۆلەت مۇزىكىسىنى ئورۇنلاۋاتاتتى. مەيدانغا توپلانغان كىشىلەر ئىچىدە ئەر ـ ئاياللار، بالىلار، ياشانغانلار ۋە تۈرلۈك ئىرقتىكى كىشىلەرمۇ بار ئىدى. چوڭ ـ كىچىك كىشىلەرنىڭ ھەممىسى قوللىرىغا شۋېتسىيىنىڭ كىچىكلىتىلگەن بايرىقىنى كۆتۈرۈۋالغانىدى. بىز كىشىلەر توپىغا كىرىپ بىردەم تۇردۇق. مەن قىزىمنى كۆتۈرۈۋالدىم. قېشىمدا تۇرغان بىر شۋېت ئايالمۇ قىزىنى كۆتۈرۈۋالغانىدى. ئۇنىڭ بالىسى ئۇيغۇرچە بىلەن تەڭ دېمەتلىك بولۇپ، سېرىق چاچلىق ئوماق قىز ئىكەن. قىزىم بىلەن ئىككىسى بىر ـ بىرىگە بىر ھازا قارىشىپ تۇردى. ئۇ قىز قىزىمنىڭ قاپقارا چاچلىرىغا ھەيران بولۇۋاتقاندەك بىردىنلا قوللىرى بىلەن قىزىمنىڭ چاچلىرىنى تۇتۇپ قويدى، قىزىممۇ سەل تارتىنغاندەك قىلىپ ئۇ قىزنىڭ قىزغۇچ بۇدۇر چاچلىرىنى تۇتۇپ باقتى. شۋېت ئايال بالىلارنىڭ بۇ خىل ئۇنسىز دىئالوگىدىن سۆيۈنگەندەك ماڭا قاراپ يېنىك كۈلۈمسىرىدى، مەنمۇ ئۇنىڭغا جاۋابەن كۈلۈمسىرەپ سالام بەردىم. قىزىنىڭ قولىدا شۋېتسىيىنىڭ كىچىكلىتىپ ياسالغان بايراق مودېلىدىن ئىككىسى بار ئىكەن، ئۇ بىرسىنى قىزىمغا بەردى. قىزىم بايراقنى ئېلىپ ئۇ قىزغا ئۇيغۇرچە «رەھمەت!»

دېدى. ئۇ قىزمۇ شۇبىتچە بىرمۇنچە گەپلەرنى قىلدى. شۇ ئارىدا خان سارىيى مۇزىكا ئەترىتى چېلىۋاتقان ئوركېستىر ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. ئۈچ دانە ئالىي دەرىجىلىك قارا پىكاپ كىشىلەر توپى ئارىسىغا كېلىپ توختىدى. پىكاپتىن چىرايلىق بىر قىز ۋە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ بىرمۇنچە كىشىلەر چۈشتى. ئەتراپتىكى كىشىلەر قوللىرىدىكى بايراقلىرىنى پۇلاڭلىتىپ ئالقىش ياڭراتتى. ھېلىقى قىز كىشىلەر توپىغا كىرىپ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا قولىنى كۆتۈرۈپ سالام بەردى. ئالدى قاتاردا تۇرغان كىشىلەر بىلەن بىرمۇ بىر قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. مەن بۇ قىزنى گويا بىر جايدا كۆرگەندەكلا چىرايى، كۈلۈمسىرەشلىرى ماڭا شۇنچىلىك تونۇش تۇيۇلدى. ئۇ كىشىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ بىزنىڭ ئۇدۇلىمىزغا يېتىپ كەلدى. ئالدىمىزدا بىر قاتار كىشىلەر بولغاچقا قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش ئىمكانىيىتى بولمىدى. ئەمما ئۇ ئالدىمىزدىكى ئايالنىڭ بالىسىنى سۆيۈپ قويغاچ كۆزلىرى بىردىنلا قىزىمغا چۈشتى ــ دە، كۈلۈمسىرىگەن ھالدا شۇبىتچە «ھەي، چىرايلىق قىز!» دېدى ــ دە، ئۇدۇلىمىزدىن ئۆتۈپ كەتتى. شۇ چاغدا مەن قىزىمنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ: «دادا، مەلىكە، مەن مەلىكىنى كۆردۈم، سىز ئاخشام ماڭا ئۇنىڭ سۈرىتىنى كۆرسەتكەن، سىزمۇ ئۇنى تونۇمسىز!؟» دېگىنىنى ئاڭلىدىم. ھەي، ئېسىم قۇرۇسۇن! بۇ شۇبىتسىيە پادىشاھىنىڭ تەخت ۋارىسى، مەلىكە ۋىكتورىيە ئەمەسمۇ؟ مەن ئۇنىڭ سۈرەتلىرىنى كۆندە دېگۈدەك گېزىت ۋە تېلېۋىزوردىن كۆرۈپ تۇرىمەن، تېخى ئاخشاملا قىزىمغا ئۇنىڭ سۈرەتلىرىنى كۆرسەتكەندىم. بۈگۈن ئۇنىڭ ئۆزىنى بىر قەدەم ئارىلىقتىن كۆرۈشۈمنى نەدىنمۇ ئويلاپ كۆرگەن!؟ ناۋادا قىزىم ئۇنى تونۇمىغان بولسا مېنىڭ بۇ تونۇش چىرايىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىشىم مۇمكىن ئەمەسمۇ ــ نېمە؟

ــ شۇنداق، قىزىم، ئۇ مەلىكە ۋىكتورىيە ئىكەن، سىز تونۇۋالدىڭىز، لېكىن مەن تونۇيالماپتىمەن، سىزنىڭ شۇبىتسىيىگە كېلىپ بىرىنچى كۈنىلا مەلىكىنى ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆرۈشىڭىز ئاجايىپ بىر خاتىرە بولدى...

مەلىكە ۋىكتورىيە كىشىلەر توپىنىڭ ئالقىش سادالىرى ئىچىدە پاراخوتقا چىقىپ كەتتى. شۇ چاغدىلا مەن پاراخوتنىڭ ئالدى گەۋدىسىگە ئويۇلغان Victoria دېگەن خەتلەرگە كۆزۈم چۈشتى. دېمەك، بۇ پاراخوت مەلىكىنىڭ خاس پاراخوتى بولۇپ، مەلىكە قوشنا دۆلەتلەرنىڭ بىرىگە زىيارەتكە ماڭغان بولسا كېرەك. ئوركېستىر ئاخىرلاشتى. مەلىكىنىڭ خاس ماشىنىلىرى ۋە ئوردا مۇلازىملىرى پاراخوتقا چىقىپ بولغاندىن كېيىن، ئاق رەڭلىك غايەت زور پاراخوت ئۈچ قېتىم گۈدۈك چېلىپ پىرىستاندىن قوزغالدى.

بىز ئەمدىلا تارقىلىشقا باشلىغان كىشىلەر توپىدىن چىقىپ يولىمىزنى داۋاملاشتۇردۇق. ئايالىم بىلەن قىزىم ھەقىقەتەنمۇ ھاياجانلانغانىدى. مەنمۇ، ئايالىممۇ تېخى ئاخشاملا سۈرىتىنى كۆرگەن مەلىكىنى بىر قەدەم ئارىلىقتىن

تونالمىغان ئىدۇق، ۋەھالەنكى، ئەمدىلا 6 ياشتىن ئاشقان، چۈچەكلەردىكى سېھرىي دۇنياغا ئىشىنىدىغان قىزىم بىر قاراپلا مەلىكىنى تونۇۋالغانىدى. بىز پادىشاھ ئوردىسىنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگىنىمىزدە قىزىم مېنىڭدىن يەنە سوئال سوراشقا باشلىدى:

— دادا، مەلىكە نەگە بارىدۇ؟

— باشقا دۆلەتلەرنى كۆرگىلى بارسا كېرەك.

— باشقا دۆلەتتىكى ئايپاق ئاتقا مىنگەن شاھزادە مەلىكىنى ساقلاپ تۇرامدۇ؟

— شۇنداق، دېگىزنىڭ ئۇ تەرىپىدە نۇرغۇن دۆلەتلەر بار، ئۇ يەردە مەلىكىنى ياخشى كۆرىدىغان نۇرغۇن شاھزادىلەرمۇ بار. ئۇلار ھازىر مەلىكىنىڭ يولىغا قاراپ تۇرغاندۇ، بەلكىم.

— مەنمۇ مەلىكە بولسام دەيمەن، دادا، مەلىكە بولۇش نېمە دېگەن ياخشى! لېكىن مەلىكە ۋىكتورىيە بوۋۇن نېمىشقا ئايپاق توي كۆڭلىكى كىيمىگەندۇ؟

— توي كۆڭلىكىنى كۇندە كىيمەيدۇ، بالام، — دېدى ئايالىم ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ، — مەلىكىنىڭ تويى بولغاندا كىيىدۇ، شۇ چاغدا مەلىكە تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىدۇ.

قىزىمنىڭ كىچىكىدىن باشلاپ گۈزەل مەلىكىلەر بىلەن ئاق بوز ئاتقا مىنگەن شاھزادىلەر ھەققىدە ئاڭلىغان تالاي چۆچەكلىرى ئەمدىلىكتە ۋەتەنىدىن يىراقتىكى يات مۇھىتتا ئۇنىڭ باللىق قەلبىنى ئىگىلىۋالغانىدى. مەن ئۇنىڭ بۇ يەرگە كەلگەندىن باشلاپ، ۋەتەنىدىكى رېئاللىقتىن يىراقلا ئايرىلىپ ئۆزگىچە يات بولغان مەدەنىيەت مۇھىتىدا چۆچەكلىرىدىكى سېھرىي دۇنيانى تىرىلدۇرۇشكە تىرىشۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. قىزىم ئۆز يېشىغا باقمىغان ھالدا كىچىك تۇرۇپلا نۇرغۇن ئىشلارنى كۆرۈشكە باشلىغانىدى. ئۇنىڭ كۆرگەنلىرى، ئاڭلىغانلىرى شۇنىڭدەك ھېس قىلىۋاتقانلىرى ئۇنىڭ باللىق تەسەۋۋۇرىنى رېئاللىق بىلەن چۆچەكلەر ئارىلىقىدا ئايلاندۇرۇپ يۈرەتتى. مەن ئۆزۈمنىڭ سۆس ئەسلىيەلەيدىغان باللىقىمدىكى ئاشۇ رىۋايەتكە ئوخشاش مەنزىرىلەرنى ھېلىھەم ئېسىمگە ئالغىنىمدا، قىزىمنىڭ رېئاللىق بىلەن چۆچەكلەر ئارىسىدىكى بۇ گۈزەل دۇنياسىنى ئەسلا بۇزۇۋەتكۈم كەلمەيتتى.

پادىشاھ ئوردىسى جايلاشقان ئىگىزلىككە باردۇق. ئوردىنىڭ ئەتراپىغا گاملاستانىنىڭ قەدىمىي تارچۇق كوچىلىرى جايلاشقان بولۇپ، كىشىگە گويا ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ شەھەر مەنزىرىسىنى ئەسلەتەتتى. ئوردىنىڭ ھەيۋەتلىك بىناسىنىڭ ئالدىدىكى تاش ياتقۇزۇلغان مەيدانغا ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى ياسالغان بىرقانچە زەمبىرەكلەر قويۇلغان بولۇپ، كىشىگە سىرلىق تۇيغۇ بېغىشلايتتى. شۋېتسىيىنىڭ ئەنئەنىۋى ھەربىي فورمىسىدا كىيىنگەن بىر گۇرۇپپا ئوردا مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلىرى ئوردىنىڭ ئالدىدا ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ، ئوردىنىڭ

سىرلىقلىقىغا تېخىمۇ سىرلىق تۈس قوشقانىدى.

بىز ئۇردا ئەتراپىنى بىر قۇر ئايلىنىپ كۆرگەندىن كېيىن، ئۇدۇل ستوكھولمنىڭ پىيادىلەر كوچىسىغا باردۇق. بۇ ماشىنا مېڭىش مەنئى قىلىنغان كوچا بولۇپ، ستوكھولمدىكى داڭلىق ماگىزىنلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ كوچىغا مەركەزلەشكەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەر پۈتۈن شەھەردىكى ئادەملەر ئەڭ زىچ كوچا بولۇپ، مېترونىڭ ھەممە يۆنىلىشلىرى بۇ يەردە ئۆزئارا قوشۇلاتتى. شەنبە ۋە يەكشەنبە كۈنلىرى مەدەنىيەت مەركىزى (Kultur Hus) بىناسىنىڭ ئالدىدىكى مەيدانغا دۇنيانىڭ تۈرلۈك جايلىرىدىن كەلگەن سەييارە سەنئەتكارلار يىغىلىپ ئويۇن كۆرسىتەتتى. مەن مۇشۇ كوچىدىكى بىر تۈرك كاۋاپخانىسىغا بىر ـ ئىككى ھەپتىدە بىر قېتىم كېلىپ تۇراتتىم. بۈگۈنمۇ كوچا ئايلىنىپ، مۇشۇ ئاشخانىغا كىرىپ، تۈرك كاۋىپىدىن يېدۇق.

چۈشتىن كېيىن مەن ئائىلەمدىكىلەرگە ستوكھولمنىڭ بىر قىسىم مۇھىم جايلىرىنى كۆرسەتتىم. ئاندىن شەھەر مەركىزىدىكى بىر چوڭ سودا سارايىنىڭ يەر ئاستىغا جايلاشقان باللار دۇنياسىدا قىزىمنى ئوينىتتۇق. بۇ يەردە تۈرلۈك ئىرقتىكى باللار خۇشال ـ خۇرام ئويناۋاتاتتى. قىزىممۇ دەسلەپ بىرئاز تارتىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا باللار بىلەن ئارىلىشىپ ئويۇنغا كىرىشىپلا كەتتى. ئويۇندىن ئىبارەت بۇ ئورتاق تىلغۇ ئوخشاشمىغان مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىگە ئىگە بۇ باللارنى بىر ـ بىرىگە قوشۇپ، ئۇلاردىكى ئىرقىي، مىللىي ۋە تىل پەرقلىرىنى يوق قىلغانىدى.

بىز ياندىكى دەم ئېلىش ئورنىغا بېرىپ ئولتۇردۇق. مەن ئۇدۇلدىكى ئاپتوماتىك قەھۋە ماشىنىسىدىن ئىككى ئىستاكان ئىسسىق قەھۋە ئېلىپ كەلدىم. ئايالىم بىلەن قەھۋە ئىچكەچ باللارنىڭ ئويۇنىغا قاراپ ئولتۇردۇق.

— شۇنداق قىلىپ ئاخىرى ئائىلىمىز بۇ يەردە جەم بولدى، مەن تولىمۇ خۇشال، ئەمدى سىزنىڭ قانداق پىلانلىرىڭىز بار؟ — دېدى ئايالىم قىزىق قەھۋەدىن بىر يۇتۇم ئوتلاپ.

— ساق ـ سالامەت يېتىپ كەلگىنىڭلارنىڭ ئۆزى بىز ئۈچۈن زور خۇشاللىق ئىش. بۇ بىزنىڭ بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ ھاياتىدىكى زور بىر بۇرۇلۇشنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالغۇسى. ئەمدى يەنە بىر ـ ئىككى كۈن دەم ئالغاندىن كېيىن ۋاقتىنى چىڭ تۇتمىساق بولمايدۇ. ئەڭ مۇھىمى قىزىمىزنى مەكتەپكە ئالدۇرۇشىمىز كېرەك. مەن بىرقانچە مەكتەپ بىلەن سۆزلىشىپ كۆردۈم. ئاخىرى بىزنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ قېشىدىكى بىر ئىنگلىزچە مەكتەپنى لايىق تاپتىم. بىز دۈشەنبە كۈنى ئەتىگەندە باج ئىدارىسىغا بېرىپ ئالدى بىلەن سىز بىلەن قىزىمىزنىڭ كىملىك نومۇرىنى ئىلتىماس قىلىشىمىز كېرەك. كىملىك نومۇرى چىقسىلا شۋېتسىيىدە ھەرقانداق كىشىنىڭ ھەقسىز مائارىپ ۋە داۋالىنىش

شارائىتىدىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقى بولىدۇ. سىزمۇ ئۇنىۋېرسىتېت ياكى خەلق باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەرنىڭ تىل كۇرسىغا كىرىپ ئوقۇشىڭىز كېرەك. تىل مەسىلىسى بۇ يەردە ياشاش ۋە ئوقۇشنىڭ ئەڭ مۇھىم ئاچقۇچلىرىدىن بىرى. شۇڭا سىز باشقا ئىشلارنى قويۇپ تىل ئۆگىنىشىڭىز بولامدىكىن دەيمەن.

— تۇرمۇش ۋە ئىقتىساد مەسىلىلىرىنى قانداق ھەل قىلىمىز؟ — دەپ سورىدى ئايالىم مەندىن، — بىز ئەمدى ۋەتەندىن يىراق بىر ئەلدە جەم بولدۇق. ئەلۋەتتە، ئائىلىمىزنىڭ جەم بولۇشى ھەممىدىن مۇھىم بىر ئىش. مەن بۇ يەرنى تولۇق چۈشىنىپ كەتمىسەممۇ، ئەمما ئەمدى يۇرتىمىزدىكى غەمسىز تۇرمۇشىمىزنىڭ بۇ يەردە مەۋجۇت بولمايدىغانلىقىنى بىلىمەن. شۇڭلاشقا جاپا تارتساممۇ بىر تەرەپتىن ئىشلەپ ئوقۇسام، ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي يۈكىنى تەڭ كۆتۈرسەم دەپ ئويلايمەن.

— شۇنداق، بىز ھازىر ئۇرۇمچىگە زادىلا ئوخشىمايدىغان بىر رېئاللىققا قەدەم قويدۇق. راستىنى ئېيتسام، ئەمدى بىزنىڭ بىر مىنۇتمۇ بىكار ئۆتىدىغان ۋاقتىمىز بولمايدۇ. سىز بالىنى ئېلىپ كېلىشتىن بۇرۇنلا مەن كۆپ ئويلاندىم. بۇ، دۇنيادىكى پاراۋانلىقى ئەڭ يۇقىرى دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولسىمۇ، لېكىن كىشىلەرنىڭ خىزمەت سىجىللىقى ۋە ئۆزئارا رىقابىتى ئەڭ كەسكىن بولىدىغان دۆلەتلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدىكەن. ھازىرچە مېنىڭ ھەر ئايدا ئالىدىغان ئوقۇش مۇكاپاتى پۇلۇم بىلەن تۇرمۇشىمىزنى يەنە يېرىم يىلغىچە قامدىغىلى بولىدۇ، لېكىن چوقۇم بىرىمىز يەنە ئىش تېپىپ ئىشلىشىمىز كېرەك. ئەگەر سىز يەنە داۋاملىق ئوقۇپ قالسىڭىز، ئۇ چاغدا بىرنىڭ بۇ يەردىكى ۋاقتىمىز ئۆزىراپ كېتىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشكىچە بولغان ئۆتكۈنچى مەزگىلدە كۆپ جاپا تارتىشىمىز تۇرغانلا گەپ. شۇڭلاشقا بۇ جەھەتتە ھەر ئىككىمىزدە روھىي تەييارلىق بولۇشى كېرەك.

بىز قەھۋە ئىچكەچ خېلى ئۇزۇنغىچە پاراڭلاشتۇق. بۇ يەردىكى تۇرمۇشىمىز، ئوقۇش ئىشىمىز، قىزىمىزنىڭ مەكتەپكە كىرىشى، ئىش تېپىش، ئىقتىسادىي كاپالەت قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەر ھەققىدە سۆزلەشتۇق. ئۇرۇمچىدىكى ۋاقتىمىزدا بىز بۇ مەسىلىلەر ھەققىدە ئەزەلدىن بۇنچىلىك ئەستايىدىل سۆزلىشىپ باقمىغانىدۇق. بولۇپمۇ ئائىلە ئىقتىسادى ھەققىدە ئايالىم ئىلگىرى ئۇنچىلىك كۆپ ۋايىم يەپ كەتمەيتتى. ئەمدى ۋەتەندىن ئايرىلىپ ياۋروپاغا كەلگەن كۈنىلا ئۇنىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن بۇ مەسىلىلەر ھەققىدە ئېغىز ئېچىشى مېنى بىرئاز ھەيران قالدۇردى.

مەن ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قارىدىم. ئۇ بۇرۇنقىدىن ئۇنچە كۆپ ئۆزگىرىپ كەتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن مىجەزىنىڭ ئېغىر ـ بېسىقلىشىپ، بارغانسېرى رېئاللىشىپ بېرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. بىزنىڭ ئارىمىزدا بىرەر مەسىلىدە



AltunOq

دەتالاش بولۇپ قالىدىغان ئىشلار تولىمۇ ئاز كۆرۈلەتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ھەر ئىككىمىزنىڭ مىجەز ــ خاراكتېرىمۇ ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتەتتى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ نۇرغۇن ئىشلاردا مېنىڭ پىكرىمنى قوللايدىغانلىقى، بەزىدە ھەتتا مەن ئىككىلىنىپ قالغاندا ئۆزى ئوتتۇرىغا چۈشۈپ مېنى رىغبەتلەندۈرىدىغان تەرەپلىرىنى ياقتۇراتتىم. ئىككىمىز بىر ھازا قارىشىپ ئولتۇردۇق. توي قىلغاندىن كېيىن ئۆزۈن يىللار مەن سىرتلاردا ئوقۇش بىلەن يۈردۈم. ھەتتا ئۇ مېنىڭ ئوقۇشۇمنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قوللاپ، ئۆزى ئائىلە يۈكىنى ئۆز ئۇستىگە ئالدى. قىزىم تۇغۇلغاندىن بۇيان ئۇنى ئاساسەن ئۆزى دېگۈدەك بېقىپ چوڭ قىلدى. شۇڭلاشقا مەن ئايالىمنىڭ مەن بولمىغان شارائىتتىمۇ ئائىلە ئىشلىرىنى بىر قوللۇق ئېلىپ ماڭالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم. بىرقانچە مىنۇتلارغا سوزۇلغان ئۈنسىز قارىشىپ ئولتۇرۇش داۋامىدا ئۇنىڭ ماڭا ئوخشاشلا نۇرغۇن خىياللارنى قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم...

قىزىم بىر چاغدا قېشىمىزغا قايتىپ كەلدى. ئۇ ئويناپ قانغانىدى. ئۇسساپ كېتىپتىكەن بىر ئىستاكان مېۋە سۈيى ئەكىلىپ بەردىم. قىزىمغا مېۋە سۈيى تولىمۇ تېتىغان بولسا كېرەك، يەنە بىر ئىستاكان ئىچكۈسى بارلىقىنى ئېيتتى. ۋاقىت بىر يەرگە بېرىپ قالغاچقا، نەرسە ــ كېرەكلىرىمىزنى يىغىشتۇرۇپ، ئۆيگە قايتىشقا تەرەددۇت قىلدۇق.

ئون سەككىزىنچى باب

# قىزىم ۋە شۋېتسىيە باشلانغۇچ مائارىپى

بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ستوكھولمدىكى مەركىزىي باج ئىدارىسىدىن ئايالىم بىلەن قىزىمىنىڭ كىملىك نومۇرى (Person bevis) نى تاپشۇرۇۋالدۇق. ئەمدى قىزىمىزنىڭ مەكتەپكە كىرىشىدىكى ئاساسىي مەسىلە ھەل بولغانىدى. كىملىك نومۇرى ھەل بولغاندىن كېيىن، باج ئىدارىسى شۇ كىشىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللىرى (ۋاقىتلىق ئارخىپى، باج تاپشۇرۇش كارتىسى، ھەقسىز مائارىپ ۋە داۋالىنىشتىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقلىرى ۋە ۋەھاكازالار) نى كىملىك نومۇرىنىڭ يەنە بىر نۇسخىسى بىلەن قوشۇپ، شۇ كىشى ئولتۇرۇشلۇق كوممۇن (رايون) غا ئەۋەتىپ بېرىدىكەن. كوممۇن (رايونلۇق ھۆكۈمەت) مۇشۇ رەسمىيەتلەرگە ئاساسەن بالىلارنىڭ ئوقۇش راسخوتىنى مۇناسىۋەتلىك مەكتەپكە چۈشۈرۈپ بېرىدىكەن.

مەن رۆدابېرى مەكتىپى (Rödabergskulan) نىڭ مۇدىرىغا قىزىمىنىڭ ئوقۇش ئىشى توغرۇلۇق بىر پارچە خەت يازدىم ھەمدە قىزىمىنىڭ كىملىك نومۇرىنى بىر نۇسخا كۆپىيە قىلىپ ئەۋەتتىم. ئىككى كۈندىن كېيىن مەكتەپ مۇدىرى ماڭا خەت قايتۇردى. ئۇ خېتىدە قىزىمىنىڭ دۈشەنبە كۈنى ئەتىگەندە مەكتەپكە بېرىشىنى ھەمدە باشلانغۇچنىڭ 1- يىللىقىغا بىۋاسىتە كىرىپ ئوقۇسا بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

دۈشەنبە كۈنى سەھەردە ئايالىم بىلەن بىللە قىزىمىزنى ئېلىپ مەكتەپكە باردۇق. رۆدابېرى خەلقئارالىق مەكتىپى ستوكھولم ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەرق تىللىرى ئىنستىتۇتى جايلاشقان كرافتىربىكت رايونىغا يېقىن ئىدى. ئائىلىمىز تۇرۇۋاتقان ناكا كوممۇنىنىڭ ھېنرىكسدال ئائىلىلىكلەر رايونىدىن بۇ يەرگە ئاپتوبۇس بىلەن بىر سائەتكە يېقىن مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. ستوكھولمدا ئىنگلىز تىلىدا ئوقۇتۇش ئېلىپ بارىدىغان خەلقئارالىق مەكتەپلەردىن بىرقانچىسى بار بولۇپ، باشقا ئەللەردىن بۇ يەرگە ئوقۇش، خىزمەت ۋە سودا ـ تىجارەت بىلەن ۋاقىتلىق تۇرۇۋاتقان چەت ئەللىكلەرنىڭ پەرزەنتلىرى مۇشۇ مەكتەپلەردە ئوقۇيدىكەن. ئەمما شۋېتچە مەكتەپلەر ستوكھولمنىڭ ھەممىلا كوچا ۋە مەھەللىلىرىدە بار بولۇپ، يەرلىكلەرنىڭ پەرزەنتلىرى ئاساسەن شۋېتچە مەكتەپلەردە ئوقۇيدىكەن.

مەكتەپكە يېقىنلاپ كەلگەندە قىزىم بىرئاز جىددىيلىشىپ قالدى. ئۇ ستوكھولمغا كەلگىلى ئەمدىلا بىر ھەپتە بولغان بولغاچقا، ئۆزىگە يات بولغان

مەدەنىيەت مۇھىتىغا تېخىچە ئۆزلىشەلمەيۋاتاتتى. قىزىمىنىڭ مىجەزىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ تولىمۇ كۆڭۈشلۈك چوڭ بولغان بولسىمۇ، لېكىن ۋەتەندىن يىراق بىر يات ئەلدىكى تامامەن ئوخشىمايدىغان مەدەنىيەت مۇھىتىدا ئۇ بىر خىل ئەندىكىش ئىچىدە تۇرىۋاتاتتى. ئاپتوبۇس، مېترو ھەمدە كوچا ـ كويىلاردىكى كۆك كۆز، سېرىق چاچ شۋېتلار، تۈرلۈك ئىرقتىكى كۆچمەنلەر، شۇنداقلا ئوخشىمايدىغان تۇرمۇش ئۇسۇلى قىزىمغا مۇشۇ يېشىغا كەلگىچە بولغان جەريانىدا زادىلا ئۇچراپ باقمىغان رەڭگارەڭ دۇنيانىڭ يەنە بىر يۈزىنى ئاشكارىلاۋاتاتتى.

مەن قىزىمغا بۇ يەردىكى مەكتەپلەرنىڭ تولىمۇ ياخشى ئىكەنلىكىنى، بىر ـ ئىككى كۈندىلا ساۋاقداشلىرى بىلەن تونۇشۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ تەسەللى بەردىم. رۆدابىرى مەكتىپى بىر ئېگىزلىككە جايلاشقان بولۇپ، ئەتراپى قويۇق دەل ـ دەرەخ بىلەن قاپلانغانىدى. ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئىچىگە كىرىشىمىزگە كەڭرى زالدا چۇرقىرىشىپ ئويناۋاتقان باللارنى كۆردۇق. زال كەڭرى ۋە ئازادە بولۇپ، تېگىگە پول يېيىتىلغان ئىكەن. زالدا تۇرۇپ تۆت قەۋەتتىكى سىنىپلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرگىلى بولىدىكەن. مەكتەپتە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن تۈرلۈك ئىرقتىكى باللار ئوقۇيدىكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە كۆپرەك كۆزگە چېلىقىدىغانلىرى ياۋروپا ۋە ئامېرىكا ئەللىرىدىن كەلگەن ئاق تەنلىك باللار؛ شەرقىي ياۋروپالىق كۆچمەنلەرنىڭ پەرزەنتلىرى؛ ئىسپانىيە ۋە لاتىن ئامېرىكىسىدىن كەلگەن ئىسپان قان تېپىدىن بولغان قارا چاچلىق باللار؛ ئافرىقا دۆلەتلىرىدىن كەلگەن قارا تەنلىكلەر؛ شەرقىي ئاسىيادىكى جۇڭگو، ياپونىيە، كورېيە قاتارلىق ئەللەردىن كەلگەن سېرىق تەنلىك باللار؛ ئەرەب ئەللىرى، ئىران، تۈركىيە قاتارلىق ئىسلام دۆلەتلىرىدىن كەلگەن باللار شۇنداقلا ھىندى قان تېپىدىن بولغان باللار بار ئىدى.

قىزىم زالدا ئويناۋاتقان باللارغا قىزىقىپ بىردەم قاراپ تۇردى. بىزمۇ ئۇنى مۇھىتقا كۆنۈۋالسۇن دەپ قېشىدا بىللە تۇردۇق. ئاندىن باللىنى يېتىلەپ مۇدىر ئىشخانىسىغا كىردۇق. مۇدىر خانىم 50 ياشلاردىن ئاشقان مۇلايىم ئايال ئىكەن، بىزنىڭ كېلىدىغانلىقىمىزنى ئالدىن بىلگەچكە ھەممىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپتۇ. مۇدىر خانىم بىلەن ئىون مىنۇتچە پاراڭلاشتۇق. ئۇ ئالدى بىلەن قىزىمنىڭ باشلىرىنى سىلاپ ئۇنىڭ بىلەن تونۇشتى. قىزىمنى قۇچىقىغا ئېلىپ، ئۇنىڭدىن گەپ سوراپ بىردەمدىلا قىزىمدىكى قورۇنۇش ۋە ئەندىكىش كەيپىياتىنى يوق قىلىۋەتتى. ئاندىن بىزدىن باللىنىڭ تەپسىلىي ئەھۋاللىرىنى سورىدى. مەن قىزىمنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىدىن مەلۇمات بېرىدىغان بىر ئىنگلىزچە جەدۋەلنى تولدۇردۇم. ئاخىرىدا مۇدىر خانىم گەپنى يىغىنچاقلاپ مۇنداق دېدى:

—— ئۇيغۇرىيەنىڭ رۆدابىرى مەكتىپىگە كەلگەنلىكىنى قارشى ئالىمىز. ئۇ بۈگۈندىن باشلاپ بىزنىڭ مەكتىپىمىزنىڭ ئوقۇغۇچىسىغا ئايلاندى. بىۋاسىتە

بىرىنچى يىللىقتا كىرىپ ئوقۇسا بولىدۇ. بىزنىڭ مەكتىپىمىزدە ئادەتتە يېڭىدىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن تەييارلىق سىنىپى تەسىس قىلىنمىغان، بالىلار ئىنگلىزچىنى بىۋاسىتە كىرىپلا ئۆگىنىپ كېتەلەيدۇ. سەل تۇرۇپ بىرىنچى يىللىقنىڭ سىنىپ تەربىيىچىسى بىرىد خانىم سىلەرنى كۈتۈۋالىدۇ. باشقا كونكرېت ئىشلارنى بىرىد خانىم سىلەرگە چۈشەندۈرىدۇ. مەن ھازىر سىلەرگە مۇنداق بىرقانچە ئىشلارنى ئالدىن ئېيتىپ قوييماقچى: بىرىنچى، بالىنى كۈندە ئائىلەڭلەردىن بىرىڭلار مەكتەپكە ئەكىلىپ قويىسىلەر، كەچتە ئېلىپ كېتىسىلەر، بالىنىڭ تامىقى مەكتەپتىن بولىدۇ. مۇسۇلمان بالىلار ئۈچۈن مەكتىپىمىزدە ئايرىم ئاشخانا تەسىس قىلىنغان. بۇنىڭدىن خاتىرجەم بولساڭلار بولىدۇ. ئىككىنچى، مەكتەپ دوختۇرى ھەپتىدە بىر قېتىم نۆۋەت بىلەن بالىلارنىڭ بەدەن ساغلاملىق ئەھۋالىنى تەكشۈرىدۇ. تەكشۈرۈش نۆۋىتى سىلەرگە خەت ئارقىلىق ئۇقتۇرۇلىدۇ. پىسخولوگىيە دوختۇرى بىر ئايدا بىر قېتىم بالىلارنىڭ پىسخىك ھالىتىنى تەكشۈرىدۇ. شۇڭلاشقا مۇشۇ جەھەتلەردە مەكتەپ بىلەن ھەمكارلىشىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز. ئۈچىنچى، مەكتەپنىڭ بالىلارنىڭ ئاتا ــ ئانىلىرى بىلەن بىللە ئۆتكۈزىدىغان نۇرغۇن پائالىيەتلىرى بار. مەسىلەن، بالىلارنىڭ تۇغۇلغان كۈنى، تۇرلۇك بايراملار، ئاتا ــ ئانىلارنىڭ ئۆز ئارا تونۇشۇش پائالىيىتى، مەكتەپتىن ئايرىلغانلارنى ئۇزىتىش پائالىيىتى ۋە ھاكازالار. شۇڭلاشقا مەن مەكتىپىمىزگە ۋاكالىتەن سىلەرنىڭ مۇشۇنداق پائالىيەتلەرگە ئامال بار قاتنىشىپ بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

بىز مۇدىر خانىمنىڭ تەلىپىگە قوشۇلىدىغانلىقىمىزنى بىلدۇردۇق. شۇ ئارىدا چاچلىرى ئاقارغان، تولىمۇ مېھرىبان كۆرۈنىدىغان بىر ئايال مۇدىر ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلدى. بىز ئۇنىڭ بىلەن كۈلۈمسىرىگەن ھالدا سالاملاشتۇق. مۇدىر خانىم بىزگە بۇ ئايالنى تونۇشتۇردى:

ــ بۇ 1ــ يىللىق سىنىپنىڭ مەسئۇل تەربىيىچىسى بىرىد خانىم بولىدۇ. ئۇيغۇرىيە بۇگۈندىن ئېتىبارەن بىرىد خانىمنىڭ سىنىپىدا ئوقۇيدۇ. ھەرقانداق تەلەپ ــ پىكىرلىرىڭلار بولسا بىرىد خانىمغا بىۋاسىتە دېسەڭلار بولىدۇ. باشقا ئىشلارنى بىرىد خانىم سىلەرگە تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ قويىدۇ. خەير، ئۇيغۇرىيە ياخشى قىز ئىكەن، ئۇنىڭغا ئامەت تىلەيمەن!

مۇدىر خانىم قىزىمنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ قويدى. بىز بىرىد خانىمنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ مۇدىر ئىشخانىسىدىن قايتىپ چىقتۇق. زالدا بالىلار يەنىلا چۇرقىرىشىپ ئويناۋاتاتتى. تەنەپپۇس بولغان بولسا كېرەك، سىنىپلاردىن ھەر خىل ياشتىكى بالىلار ئۈچقاندەك يۈگۈرۈشۈپ چىقتى ــ دە، سىرتقا ئېقىشقا باشلىدى. ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئالدى كەڭرى مەيدان بولۇپ، ئۇ يەردە بالىلار ئوينايدىغان ھەر خىل ئويۇن ئەسلىھەلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىكەن. بىزمۇ بالىلارغا ئەگىشىپ

سىرتقا چىقتۇق ــ دە، بىنانىڭ ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ بالىلارنىڭ ئويۇنلىرىنى كۆرۈپ ئولتۇردۇق.

شۇ ئارىلىقتا بىرىد خانىم بىر توپ بالىلارنى باشلاپ قېشىمىزغا كەلدى ــ دە، قىزىمنى قۇچىقىغا ئېلىپ، ناھايىتى چۈشىنىشلىك بالىلار ئىنگلىز تىلى بىلەن ئۇنى ساۋاقداشلىرىغا تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى:

ـــ قاراڭ، ئۇيغۇرىيە، بۇ بالىلار سىزنىڭ يېڭى ساۋاقداشلىرىڭىز بولىدۇ. ئۇلار بۈگۈن ئۆزلىرىنىڭ بىر يېڭى ساۋاقدىشىنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇش بولۇشتى.شۇنداقمۇ بالىلار؟

ـــ Yes!

قىزىمنى چۆرىدەپ تۇرغان بالىلار چۇچۇك ئاۋازلىرى بىلەن بىردەك تۇۋلاشتى.

ـــ قاراڭ، بالىلار سىز بىلەن تونۇشقانلىقى ئۈچۈن شۇنچىلىك خۇشال! مەن ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى سىزگە ئېيتىپ بېرەي، بۇ قىز نەنسي، ئامېرىكىدىن كەلگەن، بۇ داۋىد، كولۇمبىيىدىن كەلگەن، بۇياق لۇسىيە، ئىسپانىيىلىك، ئاۋۇ شاكىچىك ئالتاي، تۈركمىيىلىك، بۇ پەرۋىز، ئىراندىن كەلگەن، يەنە ئەھمەد، مۇھەممەدلەرمۇ بار، ئۇلار سومالىدىن كەلگەن. بۇ يۇرى، كورىيىلىك، تېخى ئۆتكەن ھەپتە مەكتىپىمىزگە كەلگەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرىيە قىز بىلەن تونۇشساق دەپ كەلدى.

ئەتراپتىكى تۈرلۈك دۆلەتلەردىن كەلگەن، تۈرلۈك ئىرقتىكى بالىلار قىزىمغا قىزىقىپ قاراشتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ناھايىتى چۈچۈك بالىلار تىلى بىلەن قىزىمدىن گەپ سوراشتى. قىزىم تېخى ئىنگلىز تىلى مۇھىتىغا ئەمدىلا كىرگەن بولغاچقا ئۇلارنىڭ سورىغان سوئاللىرىغا ئۈنسىز بىر رەۋىشتە قاراپ تۇردى. بىرىد خانىم ئەمدى قىزىمنى بالىلارغا تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى:

ـــ قاراڭلار، بالىلار! مەن سىلەرگە بۇ يېڭى ساۋاقدىشىڭلارنى تونۇشتۇرۇپ قوياي، ئۇنىڭ ئىسمى ئۇيغۇرىيە، سىلەر ئىلگىرى بۇنداق چىرايلىق ئىسىمنى ئاڭلاپ باققانمۇ؟ ئۇ ئاتا ــ ئانىسى بىلەن يىراقتىكى جۇڭگودىن كەلگەن، ئۇنىڭ ئىسمى جۇڭگولۇقلارنىڭ ئىسمىغىمۇ ئوخشىمايدۇ. نېمىشقا دېسەڭلار، ئۇلار جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئەڭ چوڭ ئاپتونوم رايوندىن كەلگەن ئىكەن.

ـــ بىرىد مۇئەللىم، بۇ قىز جۇڭگودىن كەلگەن بولسا، نېمىشقا بىزنىڭ قوشنىسىنىپتىكى جۇڭگولۇق جاڭ يوڭغا ئوخشىمايدۇ؟ جۇڭگولۇقلار بۇنداق بولمايدۇ! ـــ بالىلارنىڭ ئىچىدىن بىرى ھەيران بولۇپ سورىدى.

ـــ شۇنداق، داۋىد، ـــ دېدى بىرىد خانىم ئۇنىڭغا چۈشەنچە بېرىپ، ـــ بۇ قىز جۇڭگولۇقلارغا ئانچە ئوخشىمايدىكەن. نېمىشقا دېسەڭلار، مەن بايىلا سىلەرگە دېگەن. ئۇيغۇرىيەنىڭ ئاتا ــ ئانىسىنىڭ چۈشەندۈرۈشىگە قارىغاندا، ئۇلار جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىدىكى بىر ئاپتونوم ئۆلكىدىن كەلگەن ئىكەن. ئۇ يەردە ياشايدىغان

يەرلىك مىللەتلەرنىڭ خەنزۇ تىلىغا ئوخشىمايدىغان تىل ـ يېزىقى، ئۆرپ ـ ئادىتى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلى بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ چىراي شەكلىنىڭ باشقا جۇڭگولۇقلارغا ئوخشىماسلىقىمۇ شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك. چۈنكى جۇڭگودا ئاساسلىق مىللەت بولغان خەنزۇلاردىن باشقا يەنە تىبەت، ئۇيغۇر، موڭغۇل قاتارلىق 50 نەچچە مىللەت ياشايدىكەن.

— ئۇنداقتا، ئۇيغۇرىيە خەنزۇچە بىلەمدۇ، ئۇنىڭ ئۆز ئانا تىلى قايسى تىل؟ — بىر چەتتە قىزىمغا تىكىلىپ قاراپ تۇرغان پەرۋىز ئىسىملىك بالا برىد خانىمدىن سورىدى.

— بۇنى ئۇيغۇرىيەنىڭ ئاتا ـ ئانىسى جاۋاب بەرسۇن، بۇ تەرىپى ماڭىمۇ تازا ئېنىق ئەمەس، — دېدى برىد خانىم بىزگە قاراپ.

— شۇنداق، ئۇيغۇرىيە خەنزۇچە بىلىدۇ، ئۇ يەسلىدىن باشلاپلا خەنزۇچە ئۆگەنگەن، — دېدىم مەن بالىلارغا چۈشەندۈرۈپ، — لېكىن بىزنىڭ ئانا تىلىمىز ئۇيغۇر تىلى، بىز ئادەتتە ئۇيغۇر تىلى بىلەن سۆزلىشىمىز!

— ھەئە، مەن چۈشەندىم! — دېدى ناتالىيە ئىسىملىك سېرىق چاچلىق قىز برىد خانىمغا پىچىرلاپ، — بىزنىڭ ئائىلىمىز بۇرۇن روسىيىنىڭ قازان شەھىرىدە تۇرغان، مەن شۇ يەردە بىرىنچى سىنىپتا ئوقۇغانمەن. كېيىن ئاتا ـ ئانام بىلەن شۋېتسىيىگە كۆچۈپ كەلدۇق. بىزنىڭ سىنىپتا نۇرغۇن تاتار بالىلار بار ئىدى. ئۇلار مەكتەپتە بىز بىلەن رۇسچە سۆزلىشەتتى، لېكىن ئۆيىگە بارسا ئۆزلىرىنىڭ ئانا تىلىدا سۆزلىشىدۇ. بىز ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشىۋاتقانلىقىنى ئۇقالماي قالاتتۇق. ئۇيغۇرىيەمۇ شۇنداق بولسا كېرەك.

بالىلار قىزىم ھەققىدە نۇرغۇن تالاش ـ تارتىشلارنى قىلىشتى. برىد خانىم قىزىمنى قۇچىقىدىن چۈشۈرمەي تۇرۇپ يەنە بالىلارغا قىزىم ھەققىدە سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئۇيغۇرىيە قىز ھەققىدە بىرئاز چۈشەنچىگە كەلدىڭلار. بىر ـ ئىككى كۈندىن كېيىن تېخىمۇ ياخشى تونۇشۇپ كېتىسىلەر، ھازىر ئۇيغۇرىيە ئىنگلىزچىنى ياخشى سۆزلىيەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇ جۇڭگودىن ئۆتكەن ھەپتىدىلا كەلدى. سىلەرمۇ ئۆز دۆلىتىڭلاردىن بۇ يەرگە يېڭى كەلگەن ۋاقتىڭلاردا ئىنگلىزچىنى بىلمەيتتىڭلار ئەمەسمۇ؟ لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇيغۇرىيە ئىنگلىزچىنى سىلەردەك ياخشى سۆزلەيدىغان بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى ئۇمۇ سىلەرگە ئوخشاشلا ئەقىللىق بالا. ئىشەنمىسەڭلار، قاراپ بېقىڭلار، ئۇنىڭ قاپقارا كۆزلىرىدىن ئەقىللىقلىقى چىقىپ تۇرمامدۇ؟ يەنە قاراپ بېقىڭلار، بالىلار، ئاراڭلاردا كىمنىڭ ئۇيغۇرىيەدەك قاپقارا چېچى بار؟ ئۇ شەرق رىۋايەتلىرىدىكى گۈزەل مەلىكىلەرگىلا ئوخشايدۇ. مۇشۇنداق چىرايلىق بىر قىز ئەمدى سىلەرنىڭ ساۋاقدىشىڭلار بولدى. ئۇ سىلەر بىلەن كۈندە بىر سىنىپتا ئولتۇرۇپ ئوقۇيدۇ، ئوينايدۇ، سىلەر بىلەن

يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالىدۇ. قانداق، سىلەر بۇنىڭدىن خوش بولىدىغانلارمۇ؟

— خۇش بولىمىز!

ئەتراپتىكى باللار خۇش بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ يەنە بىر دەك تۇۋلاشتى. بىرسىد خانىم ئورنىدىن تۇردى ـ دە، قىزىمنى يېتىلىگەن ھالدا باللارنى ئەگەشتۈرۈپ سىنىپقا ئېلىپ ماڭدى. ئۇ بىزنىمۇ ۋاقتىمىز بولسا سىنىپقا بىللە كىرىپ ئۇيغۇرىيە بىلەن بىرلىكتە دەرس ئاڭلىشىمىزنى ئېيتتى. بۇنداق قىلىش بالىنىڭ يېڭى مۇھىتقا كۆنۈۋېلىشى ئۈچۈن پايدىلىق ئىكەن.

بىز باللارغا ئەگىشىپ بىرىنچى يىللىق سىنىپقا كىردۇق. سىنىپ چوڭ ھەم ئازادە بولۇپ، بەئەينى بىر ئويۇنچۇقخانىغىلا ئوخشايتتى. پارتىلار ئوتتۇرىغا يۇمىلاق ئۇستەل شەكلىدە تىزىلغان بولۇپ، سىنىپنىڭ تۆت ئەتراپىغا خىلمۇ خىل ئويۇنچۇقلار، ھايۋانات، ئۆسۈملۈك ۋە تۈرلۈك تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ مودېللىرى، خەرىتىلەر، ئۆي جاھازلىرىنىڭ كىچىكلىتىلگەن كۆرۈنۈشلىرى، توپ ۋە قاپارتما گلوبۇسلار، ئىشقىلىپ باللار ئوينايدىغانلىقى ئويۇنچۇق مودېللىرىنىڭ ھەممىسى بار ئىدى. قىزىم سىنىپقا كىرىپلا بۇ رەڭگارەڭ ئويۇنچۇقلار دۇنياسىغا قارىغىنىچە كۆزلىرى ئالىچەكمەن بولۇپ تۇرۇپلا قالدى. بىرسىد خانىم بىگىز بارماقلىرىنى ئېغىزىغا تەگكۈزۈپ باللارنى جىم بولۇشقا دەۋەت قىلدى. ئاندىن سىنىپقا يېڭىلا كىرىپ كەلگەن بىر خانىمنى بىزگە تونۇشتۇردى.

— بۇ ياق، بىزنىڭ سىنىپنىڭ مەسئۇل تەربىيىچىلىرىدىن رەشىدە خانىم بولىدۇ. ئۇ پەلەستىنلىك، رۆدابېرى مەكتىپىدە بىرىنچى يىللىقلارنىڭ تەرتىپ ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلەۋاتقىلى بەش يىل بولدى. ئۇمۇ مۇسۇلمان، ئۇيغۇرىيەنىڭ مەكتەپتىكى تۇرمۇش ئىشلىرىنى رەشىدە خانىمغا تاپشۇرساڭلار بولىدۇ.

— سىز بىلەن تونۇشقانلىقىمىزدىن تولىمۇ خۇشالمىز!— دېدۇق بىز ئەر ـ خوتۇن تەڭلا ئۇنىڭغا سالام بېرىپ، — قىزىمىز بۈگۈن بۇ سىنىپقا كىردى. سىزنىڭ بولغىنىڭىز تېخىمۇ ياخشى بولدى. بىز ئەمدى خاتىرجەم بولىدىغان بولدۇق. بىز دەسلەپ قىزىمىز مەكتەپتە تاماقنى قانداق قىلار، مۇسۇلمانچە ئاشخانا بارمىدۇ، دەپ كۆپ ئەنسىرىگەن ئىدۇق.

— بۇنىڭدىن خاتىرجەم بولۇڭلار، — دېدى رەشىدە خانىم ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن، — ستوكھولمدىكى نۇرغۇن مەكتەپلەردە مۇسۇلمانچە ئاشخانىلار تەسىس قىلىنغان، رۆدابېرى مەكتىپى ستوكھولمدىكى خەلقئارالىق مەكتەپلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ مەكتەپتە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن چەت ئەللىك باللار ئاساس قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ مەكتەپتە ئىسلام ئەللىرىدىن نۇرغۇن مۇسۇلمان باللىرىمۇ ئوقۇيدۇ. شۇڭلاشقا مەكتىپىمىزدە مۇسۇلمانچە تاماقتىن غەم قىلمىساڭلارمۇ بولىدۇ. ھەرقانداق تەلىپىڭلار بولسا، ماڭا بىۋاسىتە دېسەڭلار بولىدۇ.

رەشىدە خانىم مۇلايىم ۋە ئېغىر - بېسىق ئايال ئىدى. ئۇنىڭ ئىنگلىزچە سۆزلىشىدە روشەن ھالدا ئوتتۇرا شەرقنىڭ تەلەپپۇزى بار ئىدى. ئۇنىڭ تەقى - تۇرقى ئۇيغۇر ئاياللىرىغا تولىمۇ ئوخشايتتى.

بىرىد خانىمنىڭ تەشكىللىشى بىلەن باللار ئالدى بىلەن پولدىلا ئولتۇرۇشتى. زالدا ھەر بىر بالىنىڭ كىيىم ئاسىدىغان، ئاياغلىرىنى ئالماشتۇرىدىغان مەخسۇس جايى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىسىم فامىلىلىرىمۇ ئايرىم - ئايرىم يېزىلىپ قويۇلغانىدى. باللار سىنىپقا كىرگىچە چاپانلىرىنى سېلىپ ئۆزلىرىگە بېرىلگەن جايغا رەتلىك ئېسىپ قويىدىكەن، ئاندىن ئاياغلىرىنى سېلىپ، مەكتەپتىن تارقىتىپ بېرىلگەن ساپما كەشلەرنى كىيىپلا سىنىپقا كىرىدىكەن. سىنىپنىڭ ئىچى ئىسسىق ۋە ئازادە بولغاچقا بىر قات يېلىڭ مايكىلار بىلەنلا ئولتۇرىدىكەن.

بىرىد خانىم باللارغا خۇددى ئويۇن كۆرسىتىۋاتقاندەك، ھەر خىل ئىما - ئىشارەتلەر بىلەن باللارنى كۈلدۈرەتتى، ئاۋازىنى بىردەم باللاردەك ئىنچىكە ۋە تاتلىق قىلىپ سۆزلەيتتى، بەزىدە قۇشلارنى دوراپ سايرايتتى، بەزىدە قېرى مومايلاردەك ئاۋازىنى ئۆزگەرتىپ، ئېغىزىنى ماكچايتىپ گەپ قىلاتتى. قىزىممۇ باياتتىن بۇيانقى قورۇنۇش ۋە ياتسىراش كەيپىياتىدىن قۇتۇلۇپ، بىرىد خانىمنىڭ قىزىقارلىق ئىما - ئىشارەتلىرىدىن كۈلۈپ كەتتى. بىرىد خانىم سەزگۈر كۆزلىرى بىلەن قىزىمدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەرنى بايقىدى بولغاي، باللارغا قاراپ مۇنداق دېدى:

— قاراڭلار، باللار، كۆردۈڭلارمۇ؟ ئۇيغۇرىيە كۈلدى، ئۇ ئەمدى بىزنىڭ ئويۇنىمىزغا قوشۇلىدىغان بولدى. ئۇنى تەبرىكلەيلى، ھەممىڭلار ئۇيغۇرىيەنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭلارنى، ئۇنى سۆيىدىغىنىڭلارنى كۆرسىتىپ قويۇڭلار، بولامدۇ؟

باللار بىر - بىرلەپ كېلىپ قىزىمنى قۇچاقلاپ، مەڭزىلىرىنى قىزىمنىڭ مەڭزىلىرىگە يېقىپ تۇرۇپ: «بىز سىزنى ياخشى كۆرىمىز!» دېيىشتى. قىزىملا ئەمەس بىزمۇ بۇ مەنزىرىدىن قاتتىق تەسىرلەندۇق. ئايالىمنىڭ ھاياجانلانغىنىدىن كۆزلىرىگە ياش ئالغانلىقىنى كۆردۇم.

بىر تەرەپتىن بىرىد خانىمنىڭ باللار پسىخىكىسىنى چۈشىنىش ۋە ئۇلارنى تەربىيىلەشتىكى ئاجايىپ ماھارىتىدىن ھەيران بولساق، يەنە بىر تەرەپتىن شۋېتسىيە باشلانغۇچ مائارىپىنىڭ «ھەممە باللار ئۈچۈن!» دېگەن باش مېلودىيىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە چۈشەنگەندەك بولدۇق. قىزىم ئىككى سائەتنىڭ ئىچىدىلا بىرىد خانىمغا ۋە سىنىپتىكى يېڭى ساۋاقداشلىرىغا ئىچەكىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ گويا باللىق قەلبى بىلەن ئۆزىنىڭ قىممىتىنى قايتا چۈشىنىۋاتقاندەك، بىرىد خانىمنىڭ ئويۇن ئاساس قىلىنغان دەرس ئۆتۈش ئۇسۇلىغا بېرىلىپلا كەتتى.

بىرىنچى يىللىقلارنىڭ بىر سائەتلىك دەرسى ئادەتتە 30 مىنۇت بولىدىكەن، ماتېماتىكا دەرسى پۈتۈنلەي ئويۇن بولۇپ، قىزىم گەرچە مۇئەللىمنىڭ گەپلىرىنى

تولۇق چۈشىنىپ كېتەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىدىكى تەبىئىي تۈيغۇسىغا تايىنىپ ئۇرۇمچىدە بىرىنچى سىنىپتا ئۆگەنگەن ماتېماتىكا بىلىملىرىنى خېلىلا جارى قىلدۇردى. مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، ئۇرۇمچىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ بىرىنچى يىللىقلىرىنىڭ ماتېماتىكا دەرسى شۋېتسىيە باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنىڭ 3 ـ ياكى 4 ـ يىللىقلىرىنىڭ ماتېماتىكا دەرسىنىڭ سەۋىيىسى بىلەن ئوخشاش بولسا كېرەك. شۇڭلاشقا قىزىم تېخى ئىنگلىزچە دەرس ئاڭلاش مۇھىتىغا پۈتۈنلەي كۆنۈپ بولالمىغان شارائىتتىمۇ، ماتېماتىكىدا تولۇق يېتىشىپ كېتەلەيدىغانلىقىغا كۆزۈم يەتتى.

سائەت 10:00 بولغاندا، ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئاستىدىكى كەڭرى ئاشخانىدا بالىلار ھەر خىل مېۋە شىرنىلىرىنى ئىچكەچ تاتلىق ـ تۈرۈملاردىن يەيدىكەن. بىرىد خانىم بىلەن رەشىدە خانىم بىزنى بىللە ئاشخانىغا چۈشۈپ قەھۋە ئىچىشكە تەكلىپ قىلدى. بىز بالىلارنىڭ شاۋقۇن ـ سۈرەنلىرىگە ھەمدەم بولۇپ يەر ئاستىدىكى ئاشخانىغا چۈشتۇق. ئاپپاق داستىخانلار سېلىنغان چوڭ ئۈستەللەرگە ھەر خىل مېۋە شىرنىلىرى، تۇخۇم، مارۇژنى، پېچىنە ـ پىرەنىك ۋە قەھۋەلەر تىزىلغان بولۇپ، بالىلار ئىختىيار قىلغان نەرسىلىرىنى تاللاپ يەيدىكەن. بىز ئەر ـ خوتۇن ئىككىمىز ئىككى مۇئەللىمنىڭ ھەمراھلىقىدا بىر ئۈستەلگە بېرىپ ئولتۇردۇق ـ تە، قەھۋە ئىچكەچ پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇق. بالىلار شاۋقۇن ـ سۈرەنلەر ئىچىدە ئۆزلىرى خالىغان نەرسىلەرنى تاللاپ يەۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ھېچكىمنىڭ يەيدىغان نەرسىلەرنى قالايمىقان بۇزۇپ ـ چاچمايۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلدۇق. قىزىممۇ ساۋاقداشلىرى بىلەن بىرلىكتە مېۋە ـ چېۋە يەۋاتاتتى.

ـــ ئۇيغۇرىيە كۆنۈشلۈك قىز ئىكەن، مېنىڭچە ئىككى ئايغا قالمايلا ئىنگلىزچە ئىنكاس قايتۇرىدىغان بولۇپ كېتىدۇ. بىز بالىلارنىڭ پسىخىك كەيپىياتىغا بەكرەك دىققەت قىلىمىز. ئادەتتە شەرقتىن كەلگەن بالىلار بىرئاز تارتىنچاق كېلىدۇ. ئۇلار دەسلەپ ئۆزلىرىنى بالىلاردىن قاچۇرۇپ بىر مەزگىل يالغۇز يۈرۈشنى خالايدۇ. ئەمما بۇ مۇھىتقا كۆنگەن ھامان بالىلار بىلەن يۇغۇرۇلۇپلا كېتىدۇ. سائەت 10:00 دا بالىلار يېرىم سائەت دەم ئالغاچ بىرئاز بىرنەرسە يەيدۇ. 12:30 بولغاندا چۈشلۈك تاماق يەيدۇ. 1:30 دا دەرس پۈتۈنلەي ئاخىرلىشىدۇ. ئەگەر بالىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ھەر ئىككىسىلا ئوقۇسا ياكى خىزمەت قىلسا، چۈشتىن كېيىن سائەت 6:00 گىچە مەكتەپتە ئوينايدۇ. مەخسۇس ئوقۇتقۇچىلار بالىلارنى ئوينىتىپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئاتا ـ ئانىلاردىن بىرەيلەن ئۆيدە بولسا، بىز ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى چۈشتىن كېيىن بالىنى ئېلىپ كېتىشىنى، ھەمدە بالىسى بىلەن بىللە بولۇشىنى تەۋسىيە قىلىمىز.

ئايالىم ھازىرچە ئۆيدە بولغاچقا، بىز قىزىمىزنى چۈشتىن كېيىن سائەت 1:30 دا ئېلىۋالىدىغان بولدۇق. يېرىم سائەتلىك دەم ئېلىش ۋاقتى توشتى. بىز قىزىمىز

ۋە مۇئەللىملىرى بىلەن خوشلىشىپ مەكتەپتىن قايتىپ چىقتۇق. شۇنداق قىلىپ، قىزىم ئۇيغۇرىيە شۇبىتىسىدىكى تۇنجى مەكتەپ ھاياتىنى ئوڭۇشلۇق باشتى.

شۇندىن كېيىنكى كۈنلەردە قىزىم ئۇيغۇرىيە رۇدايىرى مەكتىپىگە ناھايىتى تېزلا كۆنۈپ قالدى. ھەتتا بەزى چاغلاردا مەكتەپكە كېچىكىپ قالىمەن دەپ بىزنى ئالدىرىتىدىغان بولدى. مەن كۈندە سەھەردە ئۇنىۋېرسىتېتقا ماڭغىچە قىزىمنى ئۆزۈم بىلەن بىللە ئېلىپ ماڭاتتىم. قىزىمنىڭ مەكتىپى بىلەن بىز تۇرۇۋاتقان ئۆينىڭ ئارىلىقى خېلىلا يىراق بولۇپ، مېترو ياكى ئاپتوبۇس بىلەن ماڭغاندا تەخمىنەن بىر سائەت كېتەتتى. تېخى ئالتە ياشتىن ئەمدىلا ئاشقان قىزىم سەھەردە تاتلىق ئۇيقۇدىن كۆزىنى يىرىپ ئېچىپ مەكتەپكە مېڭىشقا تەييارلىناتتى. مەن ئۇنى مەكتىپىگە بىللە ئېلىپ بېرىپ سىنىپىغا كىرگۈزۈپ قويغاندىن كېيىن ئاندىن ئۇنىۋېرسىتېتتىكى ئىشخانەمگە كېتەتتىم. چۈشتىن كېيىن ئايالىم كېلىپ قىزىمنى مەكتەپتىن ئېلىپ كېتەتتى.

بىر كۈنى برىد خانىم قىزىمنىڭ سومكىسىغا بىر كونۋېرت سېلىپ قويۇپتۇ. كونۋېرتنى ئېچىپ كۆرسەك برىد خانىم يازغان بىر پارچە خەت ئىكەن. خەتتە بىزنىڭ جۈمە كۈنى رۇدايىرى مەكتىپىگە بېرىپ، ئۇيغۇرىيەنىڭ ئامېرىكىدىن كەلگەن قوشكېزەك ساۋاقداشلىرى ـــ نەنسى بىلەن رۇزنىڭ تۇغۇلغان كۈنى پائالىيىتىگە قاتنىشىپ بېرىشىمىزنى تەكلىپ قىلغان ئىكەن. خەتتە يەنە برىد خانىم ئۇيغۇرىيەنىڭ شۇ كۈنى ئۆز مىللىي كىيىمىنى كىيىپ كېلىشىنى، مۇمكىن بولسا بىر نومۇر تەييارلاپ كېلىشىنى ئېيتىپتۇ.

ئۇيغۇرىيە شۇ كۈنى كەچلىكى نەنسى بىلەن رۇزنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەپ سوۋغات تەييارلىدى. مەن ماگىزىندىن ئىككى تال ئاتكىرىتكا ئەكىرىپ بەردىم. ئۇ ئىككىيلەنگە ئاتاپ ئىككى پارچە رەسىم سىزدى. ئاندىن ئاتكىرىتكىلارغا ئۆزى ئۇيغۇرچە خەت يازدى، مەن ئىنگلىزچە «تۇغۇلغان كۈنۈڭلارغا مۇبارەك بولسۇن!» دېگەن خەتنى يېزىپ بەرگەنىدىم، ئۇنى ئاتكىرىتكىلارغا كۆچۈرۈپ يازدى.

جۈمە كۈنى ئەتىگەندە ئايالىم بىلەن بىللە قىزىمنى ئېلىپ، رۇدايىرى مەكتىپىگە باردۇق. ئوقۇتۇش بىناسىغا كىرىپلا بىرىنچى يىللىق سىنىپنىڭ ئاتا ـ ئانىلار بىلەن لىق تولغانلىقىنى كۆردۇق. سىنىپتىكى ئوننەچچە بالا ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ مىللىي كىيىملىرىنى كىيىپ كەلگەنىدى. بىزمۇ قىزىمىزنىڭ ئۇرۇمچىدىن ئالغاچ كەلگەن ئۇسسۇل كۆڭلىكىنى ئېلىپ كەلگەن ئىدۇق. ئايالىم كىيىم يۆتكەش ئۆيىگە كىرىپ قىزىمنىڭ كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ چىقتى. قىزىم ئۇيغۇرچە ئۇسسۇل كىيىمىنى كىيىپ ئېچىلىپلا كەتكەنىدى. قىزىمنىڭ ساۋاقداشلىرى، ئوقۇتقۇچىلىرى ھەمدە بالىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى ئۇنى ئوتتۇرىغا ئېلىۋېلىپ، كىيىمىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ چىرايلىق



AltunOq

ئىكەنلىكىنى ماختاشتى. بىز بۈگۈن سىنىپقا يىغىلغان ئاتا ـ ئانىلار بىلەن ئۆز ئارا سالاملىشىپ تونۇشتۇق.

بىرىد خانىم ئوتتۇرىغا چىقىپ، بالىلار ۋە ئاتا ـ ئانىلارغا سالام بەردى، ئاندىن نەنسى بىلەن رۇزنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىنىڭ رەسمىي باشلانغانلىقىنى جاكارلىدى.

رۆدابېرى مەكتىپىنىڭ مېنى ھەيران قالدۇرغان بىر تەرىپى شۇكى، باشلانغۇچنىڭ ئوخشاشمىغان يىللىقلىرىدا ئادەتتە بىر سىنىپتا ئوقۇيدىغان بالىلار ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ 15 تىن ئاشمايدىكەن. بالىلارنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىككى سىنىپ تەربىيىچىسى بولىدىكەن. مەكتەپتىن ھەر بىر سىنىپقا ئىككىدىن بالىلار پسىخىك دوختۇرى تەكلىپ قىلىنغان بولۇپ، ھەر ئايدا بىر قېتىمدىن بالىلارنىڭ پسىخىك ھالىتىنى تەكشۈرۈپ تۇرىدىكەن. سىنىپتىكى بالىلارنىڭ تۇغۇلغان كۈنى بولغاندا سىنىپتا يىغىلىش كۈن دەرىس توختىتىلىپ، ئوقۇتقۇچىلار، ساۋاقداشلار ۋە ئاتا ـ ئانىلار بىرلىكتە سىنىپتا تەبرىكلەش پائالىيىتى ئېلىپ بارىدىكەن. چۈشتىن كېيىن مەكتەپتىن شۇ سىنىپتىكى بالىلارنى باغچىلارغا ئاپىرىپ ئوينىتىدىكەن.

نەنسى بىلەن رۇزنىڭ تۇغۇلغان كۈنى پائالىيىتى تولىمۇ قىزىپ كەتتى. ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرى ئۆز رېتى بىلەن بىر ـ بىرلەپ نومۇر كۆرسەتتى. ھەر بىر بالا ئالدى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۆز ئانا تىلىدا بىر قانچە ئېغىزدىن سۆز قىلىپ، ئۇلارنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەشتى، ئاندىن بۇ سۆزلىرىنى ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلىپ كۆپچىلىككە ئاڭلاتتى. ئاندىن ئۆزلىرى تەييارلىغان سوۋغىلىرىنى نەنسى بىلەن رۇزغا تەقدىم قىلىشتى. ئەڭ ئاخىرىدا ئۆز دۆلىتى ياكى مىللىتىنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇللىرىدىن نومۇر كۆرسىتىپ بېرىشتى.

نۆۋەت قىزىمغا كەلدى. مەن ئۇنىڭ تولىمۇ ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئۇ ئۇرۇمچىدىن بۇيرۇتۇپ تىكتۈرگەن مىللىيچە ئۇسسۇل كىيىمىنى كىيىپ ئېچىلىپلا كەتكەنىدى. ئۇ ئاخشام ئۆيدە تەييارلاپ مەشىق قىلىۋالغىنى بويىچە ئوتتۇرىغا چىقتى ـ دە، ئالدى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا مۇنداق دېدى:

—— ھۆرمەتلىك نەنسى، رۇز، تۇغۇلغان كۈنۈڭلارغا مۇبارەك بولسۇن! مەن سىلەرنىڭ مەڭگۈ خۇشال ـ خۇرام ئۆتۈشۈڭلارنى، بەختلىك ياشىشىڭلارغا چىن دىلىمدىن تىلەكداشمەن!...

گۈلدۇراس ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى. قىزىم ئىككىنچى قەدەمدە يۇقىرىقى سۆزلىرىنى ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلىپ چۈچۈك تىللىرى بىلەن سۆزلىدى. ئەمما ئارىدا بىر سۆزنى ئۇنتۇپ قېلىپ بىرئاز جىددىيلىشىپ قالدى. ئۇ بىر دەقىقە تەمتىرەپ تۇرغاندىن كېيىن يەنە باشقىدىن دېدى. بۇ قېتىم خېلى ياخشى سۆزلىيەلىدى.

بىرىدە خانىم دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، قىزىمنى سۆيۈپ قويدى، ئاندىن كۆپچىلىككە ئۇيغۇرىيەنىڭ رۇدابىرى مەكتىپىگە كەلگەنلىكىگە ئەمدىلا ئىككى ھەپتە بولغانلىقىنى، بۈگۈنكى ئىنگلىزچە تەبرىك سۆزى ئۈچۈن ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. سىنىپتىكى ساۋاقداشلىرى ۋە ئاتا ـ ئانىلار يەنە بىر قېتىم ئالقىش ياڭراتتى. قىزىم ئۆزى تەييارلىغان ئاتكىرىتكىلارنى نەنسى بىلەن رۇزغا ئۆز قولى بىلەن تەقدىم قىلدى. ئايالىم ئورۇنلىرىدىن ئالغاچ كەلگەن ئەتلەس شارپىدىن ئىككىنى نەنسى بىلەن رۇزنىڭ بوينىغا سېلىپ قويدى. نەنسى بىلەن رۇزنىڭ ئاپىسى ھىلارى خانىم ھاياجانلانغان ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆز رەھمىتىنى بىلدۈردى ـ دە، قىزىمنى چىڭ قۇچاقلاپ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى.

ئۈچىنچى قەدەمدە قىزىم ئۆزى تەييارلىغان ئۇيغۇرچە ئۇسسۇلنى كۆپچىلىككە كۆرسىتىپ بەرمەكچى بولدى. بىز ئۇيغۇرچە شوخ ئۇسسۇلغا تەڭكەش قىلىنىدىغان مۇزىكا لېنتىسىنى ئۇنتۇپ قالغان ئىدۇق. ناھايىتى شوخ ئۇسسۇل مۇزىكىسى سىنىپنى بىر ئالدى. قىزىم بايىقى ھودۇقۇش ۋە جىددىيچىلىكتىن خالاس بولغانىدى. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا باشقا نۇرغۇن ئۇيغۇر بالىلىرىغا ئوخشاشلا مۇزىكا چىقىسىلا ئورنىدا تۇرالمايتتى. ھېلىمۇ ئېسىمدە، ئەمدىلا بىر ياشتىن ئاشقان چاغلىرى ئىدى. بىر يەكشەنبە كۈنى ئايالىم بىلەن بالىنى كۆتۈرۈپ دۆڭكۆۋرۈك بازىرىغا چۈشكەنىدۇق. قايتىپ چىقىشىمىزدا بىر ئۈن ـ سىن دۇكىنىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتۇق، دۇكاننىڭ ئالدىدىكى ئۈنئالغۇ ياڭراتقۇسىدىن ناھايىتى شوخ ئۇسسۇل مۇزىكىسى ياڭراۋاتاتتى. ئايالىمنىڭ قۇچىقىدا كېتىپ بارغان قىزىم مۇزىكا سادасىنى ئاڭلاپلا قوللىرىنى كۆتۈرۈپ مۇزىكىغا تەڭكەش قىلىپ ئۇسسۇل ئويناشقا تۇردى. ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەر ئەمدىلا بىر ياشتىن ئاشقان قۇچاقتىكى بالىنىڭ مۇزىكا سېزىمىنىڭ يۇقىرىلىقىغا قاراپ ھەيران بولۇشقانىدى. كېيىن قىزىم تۆت ياشقا ئاز قالغاندا مۇقام ئانسامبىلىدا ئۇسمۇر بالىلار ئۈچۈن ئېچىلغان ئۇسسۇل كۇرسىغا بەردۇق. ھەپتىدە شەنبە ۋە يەكشەنبە كۈنلىرى ئىككى كۈن ئىككى سائەتتىن ئۇسسۇل ئۆگەندى. بۇ جەرياندا ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنىڭ خېلى كۆپ ھەرىكەت ۋە ماھارەتلىرىنى ئۆگىنىۋالغانىدى. شۇڭلاشقا بۈگۈن ۋەتەندىن يىراق بىر ئەلدە، يېڭىدىن تونۇشقان ساۋاقداشلىرىنىڭ ئىچىدە قىلچە تەمتىرىمەستىن ئۇيغۇرچە ئۇسسۇلنى ناھايىتى ياخشى ئويناۋاتاتتى.

سىنىپنىڭ ئىچى قىزغىن چاۋاك سادالىرىغا تولدى. قىزىمنىڭ كىيىملىرى بىلەن ئۇسسۇلى ئۆزىگە تولىمۇ ياراشقانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ شوخ مۇزىكىغا ماسلاشتۇرۇپ، ئۇسسۇلدىكى ئەڭ ئىنچىكە ھېسسىيات ئىپادىلىرىگىچە ناھايىتى ياخشى ئورۇنلىدى. ئايالىم بىلەن ئىككىمىزمۇ گويا قىزىمنىڭ ئۇسسۇلىنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغاندەك بىر خىل يەخىرلىنىش تۇيغۇسى بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ تۇردۇق.

سىنىپتىكى ئونبەش بالا ئۆزلىرى تەييارلىغان نومۇرلىرىنى كۆرسىتىپ بولغاندىن كېيىن، نەنسى بىلەن روزنىڭ ئاپىسى ھىلارى خانىم ئوتتۇرىغا چىقىپ كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا ئالدى بىلەن برىد ۋە رەشىدە خانىملارغا رەھمەت ئېيتتى. بىر جۈپ قوشكېزەك قىزنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە ئاتاپ سۆز قىلدى ھەمدە قىزلىرىنىڭ ساۋاقداشلىرىغا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا تەشەككۈرىنى بىلدۈردى. ئاتا ـ ئانىلار بىلەن بىر ـ بىرلەپ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ چىقتى. ئارقىسىدىن برىد خانىم بىلەن رەشىدە خانىملار نەنسى بىلەن روزنىڭ ئەھۋالى ئۈستىدە ئايرىم ـ ئايرىم توختىلىپ ئۆتتى. بۇ قوشكېزەك ئاچا ـ سىڭىللار ھەققىدىكى ئۆز تەسىراتلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتتى.

بۇ ئاددىي ئەمما كۆڭۈللۈك پائالىيەت مەندە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى. مەن ئايالىمغا قارىدىم. ئۇ قىزىمنى چىڭ قۇچاقلىغىنىچە ئۈنسىز يىغلاۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇپ ئەمەس، بەلكى خۇشاللىق ۋە ھاياجاندىن يىغلاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. «ھەممە بالىلار ئۈچۈن» دېگەننى تۈپ نىشان قىلغان ياۋروپا مائارىپىدا مەكتەپتىكى جىمى پائالىيەتلەر بالىلارغا بىلىم بېرىشنى ئاساس قىلىشتىن سىرت، يەنە ئۇلارغا ئۆز قەدىرىيىتىنى ھېس قىلدۇرۇش، ئۆزىنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇتۇشنىمۇ ئاساس قىلغانىدى. چۈشتە ھەممە ئاتا ـ ئانىلار ئۆيلىرىمىزدىن ئېتىپ كەلگەن تاماقلىرىمىزنى داستىخانغا يېيىپ بالىلار بىلەن بىللە غىزالاندۇق. ئوپچە سۈرەتلەرگە چۈشتۇق. چۈشتىن كېيىن نەنسى بىلەن روزنىڭ ئائىلىسى ستوكھولم شەھەر مەركىزىگە يېقىن جايدىكى بىر بالىلار باغچىسىنىڭ بىر ئېغىز ئۆيىدە بالىلارغا پائالىيەت قىلىپ بەرمەكچى بولدى. ئايالىم قىزىمنى ئېلىپ بىللە بارىدىغان بولدى. مەن ئىشلىرىمنى قىلمىۋېلىش ئۈچۈن ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ ئىنستىتۇتقا كەتتىم.

شۇنىڭدىن كېيىن قىزىم رۆدابېرى مەكتىپىگە كۈنۈپلا كەتتى. ھەر قېتىم ئىنستىتۇتتىكى ئىشىمنى تۈگىتىپ، ئۇنى ئالغىلى مەكتەپكە بارغىنىمدا، قىزىمنىڭ بالىلار بىلەن تولىمۇ كۆڭۈللۈك ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرىمەن. مېنىڭ قىزىمدىن ئىككى ھەپتە بۇرۇن رۆدابېرى مەكتىپىگە كەلگەن يۇرى ئىسىملىك بىر كورېيىلىك قىز بار ئىدى. ئاپىسى ئۇنى كۈندە مەكتەپكە ئەكىلىپ، چۈشتىن كېيىن ئۆيىگە ئېلىپ كېتەتتى. سىنىپتا قىزىم بىلەن يۇرى ئىككىسى باشقا بالىلاردىن كېيىن كەلگەن بولغاچقا، ھەر ئىككىسىنىڭ ئىنگلىزچىسى باشقا بالىلاردىن ئارقىدا ئىدى. ئەمما نېمىشقىكىن ئۇلار ئىككىسى تېزلا چىقىشىپ كەتتى. ھەر كۈنى مەكتەپكە قىزىمنى ئالغىلى بارغىنىمدا ئۇلار ئىككىسىنىڭ بىر ئېلەڭگۈچكە چىقىۋېلىپ ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرەتتىم. ئاشخانىغا تاماق يېگىلى كىرگەندىمۇ ئۇلارنىڭ بىر ئۈستەلدە يانمۇ يان ئولتۇرۇپ تاماق يەۋاتقانلىقىنى كۆرەتتىم. ئۇلار ھەر ئىككىسىلا ئىنگلىزچىنى ياخشى سۆزلىيەلمەيدىغان تۇرسا،

بىر ـ بىرىگە قانداق قىلىپ گېپىنى ئۇقتۇرۇۋاتقاندۇ، دەپ ئويلاپ قالاتتىم. بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن مەكتەپكە بارسام، قىزىمنىڭ سىنىپىدا ھېچكىم يوق، لېكىن زالدا قىزىمنىڭ چاپىنىنىڭ ئۆز جايىدا ئېسىقلىق تۇرغانلىقىنى، ئايىغىنىڭمۇ ئۆز جايىدا تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇيان ـ بۇيانغا قاراپ ئۇلارنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلەلمەي تۇراتتىم. ئۇنىڭغىچە بىرىد خانىم سىرتتىن كىرىپ كەلدى. مەن ئۇنىڭغا كىچىككىنە قالغانلىقىمنى ئېيتىپ كەچۈرۈم سورىدىم . بىرىد خانىم ماڭا قىزىم بىلەن يۇرى ئىككىسىنىڭ مەكتەپنىڭ ئالدىدىكى كىچىك ئورمانلىقتا ئويناۋاتقانلىقىنى، رەشىدە خانىمنىڭ ئۇلارغا قاراپ تۇرغانلىقىنى ئېيتتى.

مەن يان تەرەپتىكى ئورمانلىققا باردىم. ھاۋا بىرئاز ئىسسىپ قالغاندى. بۇلۇت يېرىپ چىققان كۈن ئادەمگە خۇش ياقاتتى. مەن ئاستاغىنا رەشىدە خانىمنىڭ قېشىغا باردىم. ئۇ بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇرغىنىچە قوم دۆۋىسىدە ئۆي ياساپ ئويناۋاتقان قىزىم بىلەن يۇرىغا قاراپ ئولتۇراتتى. قولىدا قىزىم ئۆزى بىلەن بىللە ئۇرۇمچىدىن ئالغاچ كەلگەن ئۇيغۇرچە رەڭلىك ئېلىپبە تۇراتتى.

ـــ كەچۈرۈڭ، رەشىدە خانىم، مەن كېچىكىپ قالدىم، بىرىد خانىم باللارنى بۇ يەردە ئويناۋاتىدۇ دېگەن ئىدى.

ـــ ھېچقىسى يوق، كېلىڭ، ئولتۇرۇڭ. باللار شۇنداق ياخشى ئويناۋاتىدۇ.مەن ئۇلارنى ئويىنىۋالسۇن دەپ قاراپ ئولتۇرۇۋاتىمەن.

ـــ ئۇيغۇرىيەنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟

ـــ ھازىرچە تېخى ئىنكاس قايتۇرۇش دەرىجىسىگە بارمىدى، ئەمما بىزنىڭ سۆزلىرىمىزنى خېلى چۈشىنىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇيغۇرىيە ئەقىللىق قىزكەن، بولۇپمۇ ماتېماتىكىغا ئۇستا ئىكەن.

ـــ قارىسام كۈندە كورىيىلىك قىز يۇرى بىلەن بىللە ئويىنىغاندەك قىلىدۇ، ئۇلار ئىككىسىلا تېخى ئىنگلىزچىنى ياخشى سۆزلىيەلمەيدىغان تۇرسا، بىر ـ بىرى بىلەن قانداق ئالاقىلىشىۋاتقاندۇ!

ـــ شۇنداق، مەنمۇ شۇنىڭغا دىققەت قىلىۋاتىمەن، ـــ دېدى رەشىدە خانىم ماڭا قاراپ، ـــ باياتىن ئۇلارغا دىققەت قىلىپ ئولتۇرغانىدىم، ئىككىيلەن بىر ـ بىرى بىلەن شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئىشارەت ئارقىلىق دېمەكچى بولغىنىنى قارشى تەرەپكە ئۇقتۇرۇۋاتىدۇ. بەزىدە ئىنگلىزچە ئۆگەنگەن سۆزلىرىنى ئىشلىتىۋاتىدۇ، ئۇ ئىككىيلەننىڭ نېمە ئۈچۈن تىل ئۇقماي تۇرۇپ بىر ـ بىرى بىلەن دوست بولۇشقانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلەمسىز؟ مېنىڭچە، بۇنىڭدا بىر خىل پىسخىك ئامىل رول ئوينىغان. سىنىپتىكى باشقا باللار ئىنگلىزچىنى ياخشى سۆزلىيەلىگەچكە ئۇلار بىر ـ بىرى بىلەن بىمالال پاراڭلىشىپ ئوينىيالايدۇ. ئۇيغۇرىيە بىلەن يۇرى ھەر ئىككىسىلا ئۆزلىرىنىڭ ئانا تىل مۇھىتىدىن يېڭىلا

ئايرىلىپ باشقا بىر مەدەنىيەت مۇھىتىغا كەلگەچكە، ئۇلاردا بىر مەھەللىك «مەدەنىيەت ئەندىكىشى» (Culture Shock) دەۋرى بولىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇلار باشقا بالىلاردەك بىر-بىرى بىلەن راۋان سۆزلىشەلمىسىمۇ، لېكىن ھېسسىيات جەھەتتىن بىر-بىرىگە يېقىنلىشالايدۇ. ھېچقىسى يوق، مەكتىپىمىزگە ھەر يىلى دۇنيانىڭ نۇرغۇن جايلىرىدىن بالىلار كېلىپ تۇرىدۇ، بەزىلىرى ئاتا-ئانىلىرىنىڭ خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن باشقا جايلارغا كېتىپ قالىدۇ. شۇڭلاشقا بۇنداق ئەھۋالنى نورمال دېيىشكە بولىدۇ.

قىزىم بىلەن يۈرى مېنىڭ كەلگەنلىكىمنى تۇيماستىن ئۆز ئويۇنى بىلەن بولۇپ كەتكەنىدى. مەن رەشىدە خانىم بىلەن پاراڭلاشقاچ ئۇلارغا قاراپ ئولتۇردۇم. رەشىدە خانىم قولىدىكى ئۇيغۇرچە ئېلىپبە كىتابىنى ماڭا كۆرسىتىپ مۇنداق دېدى:

— بۈگۈن بالىلارنىڭ سومكىلىرىنى رەتلەپ، كىتاب-دەپتەرلىرىنى قايتىدىن سالغانىدىم. قىزىڭىزنىڭ سومكىسىدىن بۇ كىتاب قولۇمغا چىقىپ قالدى. قارىسام ئەرەب يېزىقىدىكى ئېلىپبە ئىكەن، كۆزۈمگە باشقىچىلا كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇيغۇرىيەنى چاقىرىپ، «بۇ نېمە كىتاب؟» دەپ سورىسام، ئۇ «بۇ بىزنىڭ ئۇيغۇر تىلى ئېلىپبە كىتابى» دەيدۇ. ئۇ ئېلىپبە كىتابىدىكى ھەرپلەرنىڭ ھەممىسىنى ماڭا ئوقۇپ بەردى. گەرچە تىلىمىز ئوخشىمىسىمۇ يېزىقىمىز ئوخشاشكەن ئەمەسمۇ! بەكمۇ سۆيۈنۈپ كەتتىم. مەنمۇ ئۇيغۇرىيەنىڭ يېشىدىكى ۋاقىتلىرىمدا ئەرەب تىلى ئېلىپبە كىتابلىرىنى ئۆگەنگەن، سومكىلىرىمغا سېلىپ يادلىغان، ۋەھالەنكى، پەلەستىنىنىڭ بەختسىزلىكى بىزنىڭ ۋەتەننى تاشلاپ چىقىپ كېتىشىمىزگە سەۋەب بولدى. مەن بۇنىڭدىن 10 يىل ئىلگىرى ئائىلەم بىلەن بىرگە بۇ دۆلەتكە كۆچمەن بولۇپ كەلگەن، ھازىر بۇ دۆلەتكە پۈتۈنلەي كۆنۈپ كەتتۇق، مەن بۇ يەرنى ياخشى كۆرۈپمۇ قالدىم. لېكىن يېرىم ئەسىردىن بۇيان ئۇرۇش ئوتلىرى بېسىلمىغان ۋەتىنىم پەلەستىنىنى ئويلىسام كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ قالىدۇ. بۈگۈن قىزىڭىزنىڭ سومكىسىدىكى ئەرەب يېزىقىدىكى ئېلىپبەنى كۆرۈپ ۋەتىنىمنى، بالىلىقىم ئۆتكەن ھايفانى ئەسلەپ قالدىم. ئىنسانلار ئۇرۇش، قىرغىنچىلىق، نىزا-زىددىيەتلەردىن خالىي ھالدا يەر شارىدا بىر-بىرىنىڭ قوللىرىنى چىڭ تۇتۇپ ئىناق-ئىتتىپاق ياشىغان بولسا نەقەدەر ياخشى بولغان بولاتتى-ھە! قاراڭ، قىزىڭىز بىلەن يۈرى ئوخشاشمىغان ئىككى دۆلەتتىن، تىلى، مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرى پەرقلىنىدىغان ئىككى خىل مەدەنىيەت مۇھىتىدىن بۇ يەرگە كېلىپ بىر سىنىپتا ئوقۇۋاتىدۇ. ئۇلار بىر-بىرىنىڭ تىللىرىنى بىلمەيدۇ، ئەمما ئۇلار ساپ بالىلىق قەلبى بىلەن بىر-بىرىنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىدۇ. ئۇلارنىڭ دوستلۇقى شۇ قەدەر پاك ۋە سەمىمىي، لېكىن چوڭلار نېمە ئۈچۈن ئاشۇ بالىلار ھېس قىلغاننى ھېس قىلالمايدۇ!؟



AltunOq

رەشىدە خانىمنىڭ كۆزلىرىگە ياش كەلدى. مەن ئۇنىڭغا تەسەللى بەرمەكچى بولدۇم ــ يۇ، ئۇنىڭ بىردەم ئۆز كەيپىياتىنى تەڭشىۋېلىشى ئۈچۈن سۈكۈت قىلىپ تۇردۇم. بىرئازدىن كېيىن ئۇ يەنە گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— مەن بۇرۇن جۇڭگودا ئەرەب يېزىقىنى ئىشلىتىدىغان مىللەتلەرنىڭ بارلىقىنى ئۇقمايتتىم. ھەتتا جۇڭگودا مۇسۇلمانلار يوق بولسا كېرەك دەپ ئويلايتتىم. دېمەك، بۇ بىزنىڭ ئۆز ئارا چۈشىنىشىمىزنىڭ كەملىكىدىن بولغان، ئەلۋەتتە. ئەمدى بىلدىمكى، ئەرەب يېزىقى ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىغا ئەگىشىپ نۇرغۇن ئەللەرگە، ھەتتا يىراقتىكى جۇڭگوغىچە تارقالغان ئىكەن.

— شۇنداق، خانىم، — دېدىم مەن ئۇنىڭ گېپىگە جاۋابەن، — ئەرەبلەر بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ھەمدە جۇڭگو ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ۋە سودا ئالاقىلىرى ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىلا باشلانغان. تەخمىنەن 10 ـ ئەسىردە ئىسلام دىنى بىزنىڭ يۇرتىمىزنىڭ جەنۇبىي بۆلىكىگە تارقالغان. بىزنىڭ خەلقىمىز ئىچىدىن تۇنجى بولۇپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئىسىملىك پادىشاھنىڭ قەبرىسى ھازىرغىچە بىزنىڭ يۇرتىمىزدا ساقلانماقتا. شۇندىن ئېتىبارەن بىزنىڭ مىللىتىمىز ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا باشلىغان، بۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ يۇرتىمىز بىلەن ئەرەب ئەللىرى ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالاقىلىرى تېخىمۇ كۈچىيىپ بارغان. شۇندىن كېيىن ئەرەب تىلى ۋە ئىسلام دىنىغا دائىر دىنىي دەستۇرلاردىن بىزنىڭ تىلىمىزغا ناھايىتى كۆپ ئەرەبچە سۆز ـ ئاتالغۇلار كىرىپ ئۆزلەشكەن. ئەجدادلىرىمىز ئەرەب يېزىقىنى بىزنىڭ تىلىمىزنىڭ فونېتىك ئالاھىدىلىكىگە ماسلاشتۇرۇپ، ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنى ياراتقان، شۇندىن بۇيان بىز ئىزچىل ھالدا ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللىنىپ كېلىۋاتىمىز. بۇ ئېلىپبە كىتابىدىكى 32 ھەرپ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆلچەملىك تىل تاۋۇشلىرى ھېسابلىنىدۇ.

رەشىدە خانىم سۆزۈمنى بېرىلىپ ئاڭلىدى. مەن ئۇنىڭغا بىزنىڭ ئەھۋالىمىز ھەققىدە قىسقىچە سۆزلەپ بەردىم. شۇ ئەسنادا يۇرتىنىڭ ئاپىسى ھاسىراپ ـ ھۆمىدەپ قېشىمىزغا كەلدى ـ دە، رەشىدە خانىمدىن كېچىكىپ قالغانلىقى ئۈچۈن قايتا ـ قايتا كەچۈرۈم سوراشقا باشلىدى. باللارمۇ بىزنى كۆرۈپ قېشىمىزغا يۈگۈرۈپ كەلدى. بىز رەشىدە خانىم بىلەن خوشلىشىپ باللارنى ئېلىپ ئۆيگە قايتتۇق.

ئاپتوبۇستا كېتىۋېتىپ قىزىم بىلەن پاراڭلىشىپ ماڭدىم. مەن ئۇنىڭغا:

— قىزىم، رەشىدە مۇئەللىمگە ئۇيغۇرچە ئېلىپبە كىتابىڭىزنى ئوقۇپ بەردىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— ھە، دادا، رەشىدە مۇئەللىم ئۇيغۇرچە خەتلەرنى ئوقۇيالايدىكەن، ئۇ مېنىڭ ئېلىپبە كىتابىمنى ئوقۇيالىدى.

— شۇنداقمۇ، — دېدىم مەن ئۇنىڭدىن تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ سوراپ، — سىزدىن يەنە نېمىلەرنى سورىدى؟

— مېنىڭدىن نۇرغۇن گەپلەرنى سورىدى، لېكىن مەن ئىنگلىزچە جاۋاب بېرەلمىدىم. دادا، رەشىدە مۇئەللىم ئۇيغۇرمۇ؟

— قىزىم، رەشىدە مۇئەللىم ئۇيغۇر ئەمەس، ئەرەب، ئۇ پەلەستىن دېگەن دۆلەتتىن كەلگەن ئىكەن. ئەرەب يېزىقى بىلەن بىزنىڭ ئۇيغۇر يېزىقىمىز ئوخشاپ كېتىدۇ، شۇڭلاشقا ئۇ سىزنىڭ ئۇيغۇرچە ئېلىپبە كىتابىڭىزنى ئوقۇيالىغان.

— ئەمىسە، دادا، ئۇنىڭ ئىسمى نېمىشقا ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش «رەشىدە» بولىدۇ، چىرايىمۇ ئۇيغۇرلارغا ئوخشايدىكەنغۇ؟

— قىزىم، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ، — ئەرەبلەر بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىملىرى ئوخشىشىپ كېتىدۇ، يېزىقىمىزمۇ ئوخشايدۇ، ئەمما بىزنىڭ تىلىمىز ئوخشىمايدۇ، بىز ئوخشاش بولمىغان ئىككى مىللەت. دۇنيادا چىرايى بىر ـ بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان، لېكىن تىلى ۋە مىللىتى ئوخشىمايدىغان خەلقلەر كۆپ. مەسىلەن، سىلەرنىڭ سىنىپىڭلاردىكى ياپونىيىلىك قىز ئاكوچى بىلەن كورېيىلىك قىز يۇرىنىڭ چىرايى بىر ـ بىرىگە ئوخشايدۇ، لېكىن ئۇلار ئوخشاش بولمىغان دۆلەتلەردىن كەلگەن، ئۇلارنىڭ تىلىمۇ، يېزىقىمۇ ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىمۇ ئوخشىمايدۇ.

— ھە، دادا مۇنداق دەڭ، مەن ئەمدى چۈشەندىم، بىزنىڭ سىنىپتا ئالتاي دېگەن بىر ئوغۇل بالا بار، ئۇلار تۈركىيىدىن كەلگەن ئىكەن، مەن ئۇنىڭ بەزى گەپلىرىنى چۈشەندىم، ئۇمۇ مېنىڭ بەزى گەپلىرىمنى چۈشەندى، ئەمىسە ئۇلار ئۇيغۇرمۇ؟

— ئالتاي تۈركىيىدىن كەلگەن بالا بولسا، ئۇنىڭ بەزى گەپلىرىنى ئازراق چۈشىنىشىڭىز مۇمكىن، چۈنكى بىزنىڭ تىلىمىز بىلەن تۈركىيىنىڭ تىلى يېقىن كېلىدۇ، ئادەتتە تۇغقان تىللار دەپ قارىلىدۇ، سىز يەنە بىرئاز چوڭ بولسىڭىز بۇنىڭ سەۋەبىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنەلەيسىز!

قىزىمنىڭ سوئاللىرى كۆپ ئىدى. بولۇپمۇ شۋېتسىيىگە كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ مەندىن سورايدىغان سوئاللىرى تېخىمۇ كۆپىيىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ سوئاللىرىغا ئامال بار تەپسىلىي ۋە چۈشىنىشلىك قىلىپ جاۋاب بېرىشكە تىرىشاتتىم.

قىزىم رۆدابېرى مەكتىپىدە ئوقۇشقا باشلىغاندىن بۇيان، ئۇنىڭ كەيپىياتىنىڭ بىراقلا يېنىكلەپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئايالىممۇ قىزىمدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەردىن ھەيران قېلىۋاتاتتى. ئۈرۈمچىدە ئوقۇغان بىر يىل ئىچىدە ئۇنىڭ ئېغىر تاپشۇرۇقلارنىڭ ۋەھىمىسى ئىچىدە دەككە ـ دۈككىدە ئوقۇغانلىقى، بەزىدە كېچىدە ئويغىنىپ كېتىپمۇ تاپشۇرۇق ئىشلەيمەن دەپ

تورۇۋالىدىغانلىقى ئېسىمىزگە كېلەتتى. ھازىر ئۇ تاپشۇرۇقنىڭ گېپىنى پەقەتلا قىلمايدىغان بولدى. مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپلا ئۆز ئويۇنچۇقلىرى بىلەن ھەپىلىشەتتى، بەزىدە تېلېۋىزوردىن كارتون فىلىم كۆرەتتى، ئۇنىڭدىن زېرىكسە رەسىم سىزىدىغان رەڭلىك قەلەملىرىنى ئېلىپ رەسىم سىزاتتى. مەن ئۇنىڭ مەكتەپتىن كېلىپ كۆپرەك قىلىدىغان ئىشىنىڭ رەسىم سىزىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. بىر كۈنى ئۇنىڭ سىزغان رەسىملىرىنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم. كۈندە بىر ـ ئىككى پارچىدىن قىلىپ ئوننەچچە پارچە رەسىم سىزغاندى. رەسىملىرىدىكى تەسەۋۋۇر كۈندىن كۈنگە موللىشىپ، شەيئىلەرنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈش ماھارىتىنىڭ ئېشىپ بېرىۋاتقانلىقىنى بىر قاراپ بىلىۋالغىلى بولاتتى. رەسىملىرىنىڭ تېمىسى خىلمۇ خىل بولۇپ، بەزىلىرىدە شۈبھىسىزنىڭ مەنزىرىلىرى، ئۆي ۋە باغ ـ ئورمانلىرى، بەزىلىرىدە يۇرتىمىزنىڭ كۆرۈنۈشلىرىمۇ سىزىلغانىدى. مەن بۇنى شۈبھىسىز باشلانغۇچ مائارىپىدىكى بالىلارنى ئويۇن ئارقىلىق تەربىيىلەش، كۆپرەك بالىلارنىڭ ئۆبرازلىق تەپەككۇرىنى قوزغاپ، رەسىم ئارقىلىق ئوقۇتۇش مېتودىدىن بولسا كېرەك دەپ ئويلىدىم. ئەمما قىزىمنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان رەسىمدىكى ئىپادىلەش ماھارىتىگە قاراپ، ئۇنىڭ ئۆزىدىمۇ گۈزەل سەنئەتكە نىسبەتەن بىر خىل يوشۇرۇن ئىقتىدار يېتىلىۋاتامدۇ، قانداق دەپ ئويلاپ قالدىم.

بەزىدە ئۇنىڭ بۇ يەردىكى ئوقۇشىدىن ئەنسىرەپمۇ قالاتتىم. چۈنكى بىرەر ھەپتىلەپ رەسىم سىزىشتىن باشقا ھېچقانداق تاپشۇرۇق يوقلۇقى مېنى تەئەججۈپلەندۈرەتتى. ھەر قېتىم قىزىمدىن:

— بالام، تاپشۇرۇقىڭىز يوقمۇ؟— دەپ سورىغىنىمدا، ئۇ چۈچۈك تىللىرى بىلەن:

— بۇ يەردە تاپشۇرۇق بەرمەيدىكەن، دادا، تاپشۇرۇق بەرسىمۇ سىنىپتىلا ئىشلەپ بولىمىز.

— سىزدىن بىر سوئال سوراپ باقاي، قىزىم، — دەپ سورايتتىم ئۇنىڭدىن، — سىزچە ئۈرۈمچىدە ئوقۇغان مەكتىپىڭىز ياخشىمۇ ياكى بۇ يەردە ئوقۇۋاتقان مەكتىپىڭىز ياخشىمۇ؟

— ئۈرۈمچىدىكى مەكتىپىم ياخشى ئىدى، بىراق تاپشۇرۇقلا بېرىدۇ شۇ! بۇ يەردىكى مەكتىپىمدە پەقەتلا تاپشۇرۇق بەرمەيدىكەن، مەن ھازىر رۇدابىرى مەكتىپىنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم.

بەزىدە بايرام مۇناسىۋىتى بىلەن بالىلارنى بىر ھەپتە قويۇپ بەرگەن ۋاقىتلاردىمۇ قىزىمنىڭ خاتىرجەم ئويناۋاتقانلىقىنى، ئىلگىرىكى تاپشۇرۇق ۋەھىمىسىدىن پاك ـ پاكىز خالاس بولغانلىقىنى سېزەتتىم.

كۈندە ئەتىگەندە قىزىمنى ئېلىپ مەكتەپكە بارغىنىمدا بەزى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ

بالىلار بىلەن بىللە دەرسكە قاتنىشۋاتقانلىقىنى كۆرەتتىم. بىر كۈنى ئەتىگەندە مەنمۇ ئىنىستىتۇتتا بىر ئىشتىن ۋاز كېچىپ قىزىمنىڭ سىنىپىدا دەرس ئاڭلىماقچى بولدۇم. برىد خانىم تولىمۇ خۇش بولغانلىقىنى ئېيتتى. مېنىڭ بىلەن باشقا بىرقانچە ئاتا ـ ئانىلارمۇ سىنىپتا قېپقالدى.

سائەت 8:30 بولغاندا برىد خانىم دەرسنىڭ باشلىنىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. رۆدابىرى مەكتىپىنىڭ ئوقۇتۇش قائىدىسى بويىچە كۈندە سەھەردە دەرس باشلىنىپ بىرىنچى سائەت ئەتراپىدا بالىلاردىن ھال ـ ئەھۋال سوراش ۋە ئۇلارنىڭ كەيپىياتىنى تەڭشەش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلىدىكەن.

برىد خانىم بىلەن رەشىدە خانىم ئىككىسى سىنىپتىكى بالىلارنى ئەتراپىغا يىغدى، بالىلار ئىككى مۇئەللىمنىڭ ئەتراپىغا خۇددى چۈچىلەردەك ئولىشىپ، پاكىز پولدا يەردىلا ئولتۇرۇشتى. برىد خانىم ئاۋازىنى بەزىدە يۇقىرى بەزىدە تۆۋەن قىلىپ، چىرايلىرىنى تۈرلۈك ھالەتلەردە ئۆزگەرتىپ بالىلارنى كۈلدۈرۈۋەتتى. ئاندىن بالىلاردىن بىر ـ بىرلەپ ئەھۋال سوراشقا باشلىدى. ئۇ بالىلاردىن ناھايىتى مۇلايىملىق بىلەن ئەھۋال سورايتتى. بالىلاردىن بىر ـ بىرلەپ ئەھۋال سورىغاندا، بالىلارنىڭ بەزىلىرى: «بۈگۈن مەن بەك خۇشال!» دەپ جاۋاب بېرەتتى. بۇنى ئاڭلاپ برىد خانىم ئۇ بالىدىن: «نېمە ۋەجىدىن شۇنداق خۇشال، باشقا بالىلارمۇ سىزنىڭ خۇشاللىقىڭىزغا ئورتاقلاشسا بولامدۇ؟» دەپ سورايتتى. بۇ چاغدا بۇ بالا ئۆزىنىڭ نېمە سەۋەبتىن خۇشال بولغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى كۆپچىلىككە سۆزلەپ بېرەتتى. بۇنى ئاڭلاپ بالىلارنىڭ ھەممىسى چاۋاك چالاتتى. بالىلارنىڭ بەزىلىرى برىد خانىمنىڭ سوئالىغا: «بۈگۈن مېنىڭ كۆڭلۈم يېرىم» دەپ جاۋاب بېرەتتى. برىد خانىم يەنە ئۇ بالىدىن نېمە سەۋەبتىن كۆڭلىنىڭ يېرىم بولغانلىقىنى سورىغىنىدا، ئۇ بالا كۆڭلىدىكىنى قىلچە يوشۇرماستىن ئېيتىپ بېرەتتى. بۇ چاغدا برىد خانىم ئۇ بالىنى قۇچىقىغا ئېلىپ تەسەللى بېرەتتى، ئاندىن بالىلارمۇ بىر ـ بىرلەپ كېلىپ ئۇنى قۇچاقلاپ تەسەللى بېرەتتى. شۇنداق قىلىپ بىرىنچى سائەتنىڭ ئىچىدە بالىلارنىڭ كەيپىياتىنى تەڭشەپ، خۇشال ـ خۇرام دەرس ئۆتۈشنىڭ مۇھىتىنى ھازىرلايدىكەن.

سىنىپتىكى پارتىلارنىڭ تىزىلىشىمۇ كۈندە ئۆزگىرىپ تۇرىدىكەن. بىر كۈنى يۇمىلاق ئۈستەل شەكلىدە، بىر كۈنى پەلەمپەي شەكلىدە، يەنە بەزى كۈنلىرى بىر ـ بىرىگە كىرىشتۈرۈلۈپ تىزىلىدىكەن. برىد خانىم بىزگە «بالىلار پسىخىكىسى نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بالىلار بىر خىل مۇھىتقا كۆنگەن ھامان ئۇلارنىڭ قىزىقىشىدا نوختىلىنىپ قېلىش ھادىسىسى كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭلاشقا بىز سىنىپتىكى پارتىلارنى كۈندە ھەر خىل شەكىللەردە ئۆزگەرتىپ تىزىپ تۇرىمىز. بالىلارغا دەرسخانىنىڭ مۇھىتىنى يېڭىلاپ، كۆرۈنۈشلەرنى ئۆزگەرتىپ تۇرغاندا ئۇلاردا زېرىكىپ قېلىش كەيپىياتى پەيدا بولمايدۇ» دېدى.

بىز ئەتىگەنكى ئىككى سائەت داۋامىدا بالىلار بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇرۇپ دەرس ئاڭلىدۇق. بىرىد خانىم دوسكىغا Tiger، Lion، Elephant، Monkey، Horse، Pegion قاتارلىق ھايۋانات ۋە ئۇچار قۇشلارنىڭ ئىنگلىزچە ناملىرىنى يېزىپ قويدى، ئاندىن بالىلارنىڭ سىنىپتىكى سۇلياۋدىن ياسالغان ھەرپ مودېللىرى ئىچىدىن بۇ خەتلەرنى قۇراشتۇرۇشىنى بۇيرۇدى. بالىلارنىڭ ھەممىسى سىنىپتىكى ھەرپ مودېللىرىنى پولغا تۆكۈپ، ئۆزلىرىگە لازىملىق ھەرپلەرنى ئىزدەشكە باشلىدى. مەنمۇ قىزىم بىلەن بىللە دوسكىغا يېزىلغان ھايۋانلارنىڭ ئىنگلىزچە نامىغا ئىشلىتىدىغان ھەرپ مودېللىرىنى ئىزدەشكە باشلىدۇق. بۇ تولىمۇ كۆڭۈللۈك دەرس ئىدى. بالىلار پۈتۈن دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۆزلىرى تاپقان ھەرپ مودېللىرىدىن دوسكىدىكى سۆزلەرنى قۇراشتۇردى. ئارقىدىن ھەر بىر سۆزنىڭ مەنىسىنى — يەنى قايسى ھايۋاننى بىلدۈرىدىغانلىقىنى قىياس قىلىشتى.

مەن شۇ كۈنى ئەتىگەنكى ئىككى سائەتلىك دەرس داۋامىدا، دەرس مەزمۇنىنىڭ پۈتۈنلەي ئويۇننى ئاساس قىلىدىغانلىقىنى، بالىلارنىڭ قىزىقىشى بويىچە دەرس تېمىسىنى يۆتكەپ تۇرىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

بەزى كۈنلىرى قىزىمنى ئالغىلى بارغاندا ئۇلار سىنىپتا يوق بولۇپ قالاتتى. مەن ئۇلارنىڭ تەبىئەت دەرسى ئوقۇش ئۈچۈن يېقىن ئەتراپتىكى ئورمانلىقتا ياكى شەھەر ئىچىدىكى تەبىئەت مۇزېيىغا كەتكەنلىكىنى پەرەز قىلاتتىم. بەزىدە ئوقۇتقۇچىلىرى ئۇلارنى تەشكىللەپ كوچا ئاپتوبۇسلىرى بىلەن ستوكھولمدىكى باغچىلارغا ياكى مۇزېيلارغا ئېلىپ باراتتى. بۇنداق ۋاقىتتا كوچا ئاپتوبۇسلىرىمۇ مەكتەپ بالىلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلاتتى. بىر كۈنى خانلىق كۇتۇپخانىغا بېرىش ئۈچۈن مېتىرودىن چىقىپ ئەمدىلا بىر كوچىنىڭ دوقمۇشىغا كېلىشىمگە ئۇدۇلدىكى ئاپتوبۇستىن قىزىمنىڭ «دادا!» دېگەن تونۇش ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن چۆچۈپ شۇ تەرەپكە قارىغاندىم، ئاپتوبۇس دېرىزىسىدىن بىرىد خانىم بىلەن رەشىدە خانىملارنىڭ قىزىمنىڭ سىنىپىدىكى ساۋاقداشلىرى بىلەن بىللە كېتىپ بارغانلىقىنى كۆردۈم. قىزىم ماڭا قاراپ قوللىرىنى پۇلاڭلاتماقتا ئىدى، قىزىمنىڭ ساۋاقداشلىرىمۇ ماڭا قاراپ چۇرقىراشماقتا ئىدى، مەن ئاپتوبۇسقا ئەگىشىپ يولنىڭ چېتىنى بويلاپ بىر ھازا ئەگىشىپ ماڭدىم. بىرىد خانىم ئاپتوبۇس دېرىزىسىدىن قوللىرى بىلەن ئىشارەت قىلىپ مېنىڭ توختاپ قېلىشىمنى تەۋسىيە قىلدى.

قىسقىسى، شۋېتسىيىنىڭ باشلانغۇچ مائارىپى ئەنە شۇنداق جانلىق ۋە ھەرىكەتچان سىستېما ئىدى. ئۇنىڭدا ئاساسلىقى ئوقۇتۇش بىلەن ئويۇن ئورگانىك بىرلەشتۈرۈلگەنىدى. بولۇپمۇ ياز كۈنلىرى بالىلارنىڭ سىرتلاردا، ئورمانلاردا، باغچىلاردا ۋە مۇزېيلاردا بولىدىغان ۋاقىتلىرى كۆپ بولاتتى. كىتابىي بىلىملەر بىلەن بالىلارنىڭ ئەمەلىيەتتىن ئالىدىغان نەق تەسىراتلىرى بىر – بىرىگە ماسلاشتۇرۇلاتتى. ئادەمنى ئاساس قىلىش، بالىلارنى ھەر تەرەپتىن يېتىلدۈرۈش،


Altunoq

بولۇپمۇ بالىلارنىڭ پسىخىك ساپاسىنى ئۆستۈرۈش مۇھىم نىشان قىلىنغانىدى.

قىزىمنىڭ رۆدابېرى خەلقئارا مەكتىپىدە ئوقۇش جەريانىدا ھېس قىلغان تەسىراتلىرىمنىڭ بىرى شۇكى، بالىلاردا ئۆزىگە بولغان ئىشەنچنى تۇرغۇزۇش شۇبىت مائارىپىنىڭ توپ نىشانلىرىدىن بىرى قىلىنغان ئىكەن. مەن قىزىمنىڭ رۆدابېرى مەكتىپىدە ئوقۇغان بىرقانچە ئاي جەريانىدا قانچىلىك كىتابىي بىلىملەرنى ئۆگەنگەنلىكىگە ئېنىق بىرنەرسە دېيەلمەيمەن. ئەمما بۇ جەرياندا ئۇنىڭ ئەمەليي مەسىلىلەرگە بولغان تونۇشىنىڭ ئىلگىرىكىگە قارىغاندا خېلى دەرىجىدە چوڭقۇرلاشقانلىقىنى ھېس قىلدىم. بولۇپمۇ بەزى مەسىلىلەرنى مۇستەقىل تەھلىل قىلىش، ئويلىغانلىرىنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇش، ئۆزى بىۋاسىتە قول سېلىپ ئىشلەش قاتارلىق جەھەتلەردە خېلىلا ئىلگىرىلەش بولغانىدى.

قىزىم رۆدابېرى مەكتىپىگە كىرىپ ئىككى ئايلار ئۆتكەن ۋاقىت ئىدى. بىر كۈنى ئىنستىتۇتتىكى ئىشلىرىمنى تۈگىتىپ رۆدابېرى مەكتىپىگە باردىم. بىرىد خانىم مېنى كۆرۈپلا خۇشال ھالدا مۇنداق دېدى:

— سىزگە خۇش خەۋەر، ئۇيغۇرىيە ئىنگلىز تىلىدا رەسمىي ئىنكاس قايتۇرۇشقا باشلىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ھېسابلاپ كۆرسەم ئىككى ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت كېتىپتۇ، بۇ مۇشۇ ياشتىكى بالىلار ئۈچۈن خېلىلا تېز سۈرئەت. ئۇ تونۇگۈندىن باشلاپ سىنىپتا تەبىئىي رەۋىشتىلا ئىنگلىزچە ئىنكاس قايتۇرۇۋاتىدۇ. ئىلگىرى ئاڭلاپ چۈشەنسىمۇ، لېكىن جاۋاب قايتۇرالمايتتى. ئەمدى ئۇنىڭ ئىنگلىزچە تەپەككۇرى رەسمىي يېتىلىشكە باشلىغان ئوخشايدۇ.

شۇندىن كېيىنكى كۈنلەردە مەن قىزىمنىڭ ئىنگلىزچە ئىنكاسىغا دىققەت قىلدىم. ئۇ مەيلى مەكتەپتە بولسۇن، ياكى ئۆيدە بولسۇن، ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى خېلىلا راۋان سۆزلەشكە باشلىغانىدى. رۆدابېرى مەكتىپى يېڭى كەلگەن بالىلار ئۈچۈن ئىنگلىز تىلىدىن دەسلەپكى ئاساس سالىدىغان تەييارلىق سىنىپلىرى تەسىس قىلمىغان ئىكەن. يېڭى كەلگەن بالىلار بىۋاسىتىلا سىنىپلارغا كىرىپ ئوقۇيدىكەن، ئوقۇش جەريانىدا ئاستا ــ ئاستا چۈشىنىش ۋە سۆزلەش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈۋالىدىكەن. قىزىمنىڭ ئۆز ئانا تىل مۇھىتىدىن بىۋاسىتىلا رۆدابېرى مەكتىپىگە كىرىپ ئوقۇشى ھەمدە ئۈچ ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئىنگلىزچىدىن ئىنكاس قايتۇرىدىغان دەرىجىگە كېلىشى، ماڭا ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل مائارىپ سىستېمىسى ئوتتۇرىسىدىكى زور پەرقلەرنى سېلىشتۇرما قىلىپ، بىزنىڭ مائارىپىمىزنىڭ تىل ئوقۇتۇش جەھەتتىكى بەزىبىر مەسىلىلىرىنى ئاشكارىلاپ قويغاندەك تۇيغۇ بەردى.

ئون توققۇزىنچى باب

# يەتتىنسۇلۇق بىر مۇساپىرنىڭ ھېكايىسى

ۋەتەندىن يىراق يات بىر ئەلدە ياشاۋاتقىنىمىزدا روھىي جەھەتتىن تولىمۇ نازۇكلىشىپ كېتىشىمىز مۇمكىن. ئەتراپىمىزدىكى ھەممە نەرسىلەر سىزگە بىر مەھەل يات ۋە يوچۇن تۇيغۇ بېرىدۇ، ئۆزىڭىز ئۇچراتقان ھەممە نەرسىلەرنى ۋەتەندىكى ئوقشۇملار بىلەن تەسەۋۋۇر قىلىسىز ياكى ئۆلچەيسىز، ۋەتەن ھەققىدىكى نېرۋىلىرىڭىز شۇ قەدەر سەزگۈرلىشىپ كېتىدۇ. شۇڭلاشقا ۋەتەن تېمىسىنىڭ ئەلمىساقتىن بۇيان ئەدەبىيات، سەنئەت ۋە پەلسەپىدىكى مەڭگۈلۈك تېمىلارنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەنلىكى، بۇ ھەقتە تارىختىن بۇيان قانچىلىغان داستانلار يېزىلىپ، مۇڭلۇق ناخشىلار بىلەن كۈيلەنگەنلىكى ئەجەبلىنەرلىك بولمىسا كېرەك.

ھاۋا ئىسسىپ قالغان كۈنلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئۆزۈن قىشتىن بۇيانقى ئۇزاققا سوزۇلغان تۇن بارا ــ بارا قىسقىراپ، كۈندۈز تەدرىجىي ئۇزىراپ بېرىۋاتاتتى. ئەتراپتىكى چىملىقلارغا جان كىرىپ، شىمالىي قۇتۇپ چەمبىرىكىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارنىڭ باھار پەسلىدىن دېرەك بەرمەكتە ئىدى.

شەنبە كۈنى بولغاچقا شەرخولمېن (Skärholmen) بازىرىغا بېرىپ، ئۆيىمنىڭ بىر ھەپتىلىك نەرسە ــ كېرەكلىرىنى سېتىۋالماقچى بولدۇق. بۈگۈن بۇ بازاردا ئادەملەر ئادەتتىن تاشقىرى كۆپ ئىدى، مېترونىڭ چىقىش ئېغىزىدىكى ئالدىدىكى كەڭرى مەيداندا كۆچمەن تىجارەتچىلەر يايما يېيىۋالغان بولۇپ، بۇ يەردە ئادەتتە مېۋە ــ چېۋە ۋە ئورلۇك سەي ــ كۆكتاتلار ئەرزان باھادا سېتىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ بازار ئەتراپىغا ئىسلام ئەللىرىدىن كەلگەن كۆچمەنلەر كۆپرەك ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، مۇسۇلمانچە ھالال يېمەكلىكلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى بۇ يەردىن سېتىۋالغىلى بولاتتى.

بىز چۈشكىچە بازار ئارىلاپ، ئۆزىمىزگە لازىملىق نەرسىلەرنى سېتىۋالدۇق، چۈشتە ئۆزىمىز ئۆيدىن تەييارلىۋالغان يېمەكلىكلىرىمىز بىلەن شۇ ئەتراپتىكى بىر چىملىقتا غىزالاندۇق. نەرسە ــ كېرەكلىرىمىز خېلى كۆپ بولغاچقا ئۆيگە قايتىش ئۈچۈن سىلۇسېن تەرەپكە ماڭىدىغان مېتروغا چىقتۇق. ئادەتتىكى كۈنلەردە بوش ماڭىدىغان مېترو بۈگۈن ئادەمگە لىق تولغانىدى. بىزنىڭ يولىمىز ئۇزۇن بولغاچقا ئىچى تەرەپتىكى بىر بوش ئورۇنغا بېرىپ جايلاشتۇق.

قىزىم يول بويى بېكەتلەرنى ساناپ، ئەتراپتىكى مەنزىرىلەرنى ۋە ئۆي ــ ئىمارەتلەرنى كۆرسىتىپ مەندىن توختىماي سوئال سوراپ ماڭدى. مەنمۇ ئۇنىڭ

سوئاللىرىغا ئۈزۈلدۈرمەي جاۋاب بېرىپ تۇردۇم. بىر چاغدا كۆزۈم ئۇدۇل تەرەپتىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان ئىككى ئەر كىشىگە ئاڭسىز بىر رەۋىشتىلا چۈشۈپ قالدى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىلا بىزگە قاراپ ئولتۇراتتى. چىرايى ۋە رەڭگىرويىدىن تونۇشتەكلا كۆرۈنۈپ كەتتى. مەن بىر دەقىقىدەك قېتىپ تۇرغاندىن كېيىن ئۆز ــ ئۆزۈمگە ئېھتىمال بۇ بىر خاتا تۇيغۇ بولۇشى مۇمكىن، ۋەتەن سېغىنچىدىن كېلىپ چىققان نېرۋا سەزگۈرلۈكى مەندە شۇنداق خاتا سېزىم پەيدا قىلىۋاتقان بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم ھەمدە ئۆزۈمنى بۇ خىياللىرىمدىن دەرھال نېرى قىلىشقا تىرىشتىم.

يەر ئاستى پويىزى بىر خىلدا گۈرۈلدەپ مېڭىۋاتاتتى، پويىز بىردە يەر ئۈستىگە چىقىپ قالاتتى، بەزىدە يەر ئاستىغا كىرىپ كېتەتتى. مەن قىزىم بىلەن بولغان پاراڭىمنى داۋاملاشتۇرۇۋدۇم. ئايالىممۇ بىزنىڭ پاراڭىمىزغا قوشۇلدى. بىر چاغدا ئايالىم ماڭا پەس ئاۋازدا پىچىرلىدى:

ــ ئاۋۇ ئۇدۇلىمىزدا ئولتۇرغان ئىككىيلەن بىزدىن كۆزلىرىنى ئۈزمەي قاراپ تۇرغىلى خېلى ئۇزۇن بولدى، چىرايىدىن قارىسام ئۇيغۇردەكلا كۆرۈنىدۇ، ياكى ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەنلەر بولسا بىزنىڭ سۆزىمىزنى ئۇقۇۋاتامدۇ ــ قانداق؟

مەن دەررۇ ئۇلارغا قارىدىم. ئۇلار راستتىنلا بىز ئۈچىمىزگە تىكىلىپ قاراپ ئولتۇرغان ئىكەن، مېنىڭ قارىغانلىقىمنى كۆرۈپلا بىرئاز جىددىيلىشىپ كۆزلىرىنى باشقا تەرەپكە ئېلىپ قاچتى.

ــ قانداق، سىزچە ئۇلار ئۇيغۇرمىدۇ؟ ــ دەپ پىچىرلىدى ئايالىم تۆۋەن ئاۋازدا.

ــ تازا ئېنىق ھۆكۈم قىلالمايۋاتىمەن، ئۇلارنىڭ بىزگە دىققەت قىلىۋاتقانلىقى راست ئىكەن، ئەگەر ئۇيغۇر بولغان بولسا، بۇ كەمگىچە بىزگە گەپ قىلغان بولاتتى. ستوكھولمىنىڭ بۇ رايونىدا چىراي ــ شەكلى ئۇيغۇرلارغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئەرەبلەر، ئىرانلىقلار، تۈركلەر، ئەزەربەيجانلىقلار خېلىلا كۆپ، ئېھتىمال بۇ ئىككىيلەن شۇلاردىن بولسا كېرەك.

بىز ئۆز پاراڭلىرىمىز بىلەن ئولتۇردۇق، قىزىممۇ مەندىن توختىماي سوئال سوراش بىلەن بەند ئىدى. مەن ئۇلارغا قايتا قارىمىغان بولساممۇ، لېكىن تەبىئىي بىر خىل سېزىم بىلەن ئۇلار ئىككىسىنىڭ بىزدىن كۆز ئۈزمەي قاراپ ئولتۇرغانلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدىم. ئايالىممۇ چاندۇرماسلىققا تىرىشىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن كەيپىياتىنىڭ نازا نورمال بولمايۋاتقانلىقىنى بايقىدىم. ياۋروپادا، بولۇپمۇ شۋېتسىيىدە كىشىلەرنىڭ يېقىن ئارىلىقتىن ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل تۇرۇپ بىر ــ بىرىگە تىكىلىپ قارىشىنى ئەدەپسىزلىك ھېسابلايتتى. شۇڭا بۇ يەردە مەيلى ئاپتوبۇس ياكى مېتروغا چىقىڭ ياكى كىشىلەر توپلاشقان جامائەت سورۇنلىرىدا بولۇڭ، ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل كېلىپ قالغاندا ناتونۇش كىشىلەر مىيىقىدا كۈلۈمسىرەپ سالام قىلىشاتتى ــ دە، قارشى تەرەپكە تىكىلىپ قارىمايتتى. ئاپتوبۇس ياكى مېترولاردا بىر جايدا ئولتۇرغان كىشىلەرمۇ ھەممىسى ئۆز ئىشلىرى بىلەن بەند

بولاتتى ياكى گېرىت كۆرۈپ ماڭاتتى. مۇشۇنداق مۇھىتتا بىر مەزگىل ياشىغاندىن كېيىن، سىزدە باشقىلارنىڭ ئۇزاقلىقچە تىكىلىپ قارىشىغا نىسبەتەن قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان تەبىئىي بىر كەيپىيات پەيدا بولۇپ قالىدىكەن.

يەر ئاستى پويىزى سلۇسىيىن بېكەتتىگە كېلىپ توختىدى، يولۇچىلارنىڭ كۆپ قىسمى بۇ بېكەتتە چۈشۈپ قالدى، بىزمۇ نەرسە ـ كېرەكلىرىمىزنى يىغىشتۇرۇپ پويىزدىن چۈشتۇق. ئالدىراشچىلىقتا بايىقى كىشىلەرنىڭ ئۆتۈپ ئۈز يولىمىزغا ماڭغانىدۇق. ئايالىم قىزىمنى يېتىلەپ ماڭدى، مەن نەرسە ـ كېرەكلەرنى كۆتۈردۈم، يەر ئۈستىگە چىقىپ ئاپتوبۇسقا ئالمىشىپ ئۆيگە قايتماقچى بولدۇق. ئەمدىلا پەلەمپەيگە دەسسىشىمىزگە ئارقىمىزدىن بىرىنىڭ ئۇيغۇرچە گەپ ئاۋازى قۇلىقىمىزغا كىردى. بىز خۇددى توك سوققۇدەك چۆچۈپ كەينىمىزگە قارىدۇق. بايىقى يول بويى بىزدىن كۆزلىرىنى ئۈزمەي قاراپ كەلگەن ھېلىقى ناتونۇش ئىككىيلەن ئالدىمىزدا تۇراتتى:

ــ كەچۈرۈڭلار، يول بويى سىلەرنىڭ گېپىڭلارنى ئاڭلاپ كەلدۇق، بىزمۇ ئۇيغۇر، قازاقىستاننىڭ يەركەنت شەھىرىدىن بۇ يەرگە مۇساپىر بولۇپ كەلگەنمىز، پويىزدا سىلەرگە گەپ قىلىپ تونۇشلۇق بېرەيلى دەپ ئويلىغان بولساقمۇ، لېكىن جۈرئەت قىلالمىدۇق. قىزىڭىزنىڭ ئانا تىلىمىزدىكى تاتلىق گەپلىرىنى ئاڭلاپ شۇ قەدەر سۆيۈنۈپ كەتتۇق، مەن قىزىمدىن ۋە ئائىلەمدىن ئايرىلىپ بۇ يەردە مۇساپىر بولۇپ يۈرگىلى تۆت يىلدىن ئاشتى. يۇرتنى، ۋەتەننى، ئانا تىلنى شۇنچىلىك سېغىندۇق، مانا ئەمدى بولسىمۇ تونۇشايلى دەپ كەينىڭلاردىن يۈگۈرۈپ كېلىشىمىز!...

ــ شۇنداقمۇ، ــ دېدىم مەن ئۇلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، ــ مەنمۇ پويىزدا سىلەرگە دىققەت قىلغان، لېكىن كىملىكىڭلارغا جەزم قىلالمىغان ئىدىم. دۇنيا نېمىدېگەن تار ھە! بىر پويىزدا، بىر ئورۇندا ئولتۇرۇپمۇ بىر ـ بىرىمىزگە تونۇشلۇق بېرەلمەپتىمىز.

ــ شۇنداق، مۇساپىرچىلىق ھاياتى شۇنداق بولىدىكەن، بۈگۈن سىلەرنى كۆرۈپ خۇددى ئۆز ئائىلىمىزنى كۆرگەندەك خۇش بولۇپ كەتتۇق. مېنىڭ ئىسمىم نۇرئالىم، بۇياق مېنىڭ بىر نەۋرە ئىنىم بولىدۇ، ئىسمى نۇرلان. بىز ئەتىگەندە ئىشلىگەن، مانا ھازىر ئىشتىن چۈشۈپ قايتىشىمىز.

مەنمۇ ئائىلەمدىكىلەرنى ئۇلارغا تونۇشتۇردۇم، ئۇلار مېنىڭ ئۇنىمىغىنىمغا قارىماي، قولۇمدىكى نەرسە ـ كېرەكلىرىمنى كۆتۈرۈشۈپ پەلەمپەيدىن بىللە چىقتى، مېترو بېكىتىدىن چىققاندىن كېيىن، ئۇلار بىلەن بىزنىڭ يولىمىز ئىككى تەرەپكە ئايرىلىپ كېتىدىكەن. نۇرئالىم قوللىرىمغا ئېسىلىپ:

ــ بۈگۈن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالدۇق، مەن بۈنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى خۇشالمەن، راستىنى ئېيتسام سىلەر بىلەن مۇشۇنداقلا خوشلاشقۇم يوق، ۋاقتىڭلار

بولسا، مۇشۇ ئەتراپتا قەھۋە ئىچكەچ بىرەر سائەت ھال ــ مۇڭ قىلىشقان بولساق تولىمۇ ياخشى بولاتتى. قانداق دەيسىلەر؟ بىزنىڭ تەكلىپىمىزنى بەردە قويمايدۇ دەپ ئويلايمەن.

— بولىدۇ، بىزمۇ سىلەر بىلەن تونۇشقانلىقىمىز ئۈچۈن خۇشالمىز، بىردەم مۇڭدىشايلى.

بېكەتنىڭ قېشىدىكى بىر قەھۋەخانىغا كىردۇق. شەنبە كۈنى بولغاچقا ئادەم خېلىلا كۆپ ئىدى. نۇرئالىم بىزنىڭ ئۈنىمىغىنىمىزغا قارىماي قەھۋەخانىنىڭ قېشىدىكى ئويۇنچۇق ماگازىنىدىن قىزىمغا بىر كىچىك قونچاق ئېلىپ كىردى. بىز قەھۋە ئىچكەچ پاراڭغا چۈشتۇق.

— شۇنچە يىللار بولدى، ياۋروپادىكى بىرقانچە دۆلەتلەردە مۇساپىر بولۇپ يۈردۇق، ئەڭ ئاخىرى يەر شارىدا ۋەتەندىن ئۇلۇغ بىر تۇپراق يوقكەن دېگەن خۇلاسىگە كەلدۇق، — دېدى نۇرئالىم دېرىزىدىن سىرتقا نەزەر سېلىپ، — بۈگۈن پويىزدا سىلەرنى كۆرۈپ باشقىچىلا بولۇپ قالدۇق، قىزىڭىز بىلەن قىلىشقان پاراڭلىرىڭىزنى ئاڭلاپ شۇنچىلىك مەستلىكىم كەلدى. مانا، بۇ يىل يەركەنتتىن ئايرىلغىلى توپ ــ توغرا تۆت يىلدىن ئاشتى. مېنىڭمۇ ئائىلەم بار، قىزىڭىزدىن سەل چوڭراق قىزىم بار، تۆت يىلدىن بۇيان ئۇلار بىلەن دىدارلىشالماي، يات ئەللەردە سەرسان بولۇپ يۈرىمىز ئەمەسمۇ!

نۇرئالىمنىڭ ئاۋازى بارغانسېرى تىترەشلەپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاۋازىدىن بىر خىل مۇڭ چىقىپ تۇراتتى. نۇرلان كەمسۆز ۋە جىمغۇر يىگىت ئىكەن.

— سىلەر نېمە سەۋەبتىن بۇ يەرگە كېلىپ قالغان ئىدىڭلار، بۇ يەردە مۇساپىرچىلىقتا ياشىغاندىن قايتىپ كەتسەڭلار بولمامدۇ؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.

— ھەي، قايتىپ كېتىشكە مۇمكىن بولسا، بىز بۇ يەردە تۇراتتۇقمۇ؟ سۆزلەپ كەلسەم گەپ تولا، — دېدى نۇرئالىم چىرايىغا مەجبۇرىي كۈلكە يۈگۈرتۈپ، — ئىلگىرى بىزنىڭ ئاتا ــ ئانىلىرىمىزمۇ بىر ئۆمۈر مۇساپىرچىلىقنىڭ دەردىنى تارتىپتىكەن، ئۇلار كىچىككىمىزدە بىزگە «ۋەتەنسىزلىكتىن ئېغىر كۈن بولمايدۇ» دېسە ئۇز ۋاقتىدا تازا چۈشىنىپ كېتەلمەپتىمىز. مانا بۇ كۈن بىزنىڭ بېشىمىزغا كەلگەندە، ئاندىن بۇ گەپنىڭ مەنىسىگە يەتتۇق. 1991 ــ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىپ، قازاقىستانمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەر بىلەن بىرگە مۇستەقىللىققا ئېرىشتى. ھەممىمىز بۇ خۇشاللىق كۈننى تەبرىكلەشتۇق. ۋەھالەنكى، مۇستەقىللىقتىن كېيىنكى ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدە كۆرۈلگەن ئېغىر ئىقتىسادىي كاساتچىلىق ۋە جەمئىيەت تەرتىپىنىڭ قالايمىقانچىلىقى خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى بىراقلا تۆۋەنگە چۈشۈرۈۋەتتى. نۇرغۇن كىشىلەر نورمال تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ئامالسىز قالدى، سوۋېت



AltunOq

ئىنتىمپاقى دەۋرىدىكى مائارىپ، داۋالىنىش ۋە باشقا جەھەتلەردىكى بىر تۇتاش كاپالەتلەرنىڭ ھەممىسى ئەمەلدىن قالدى، جەمئىيەتنىڭ ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشى تېزلىشىپ، مال باھاسى ئۇچقاندەك ئۆرلەپ كەتتى. مانا مۇشۇنداق شارائىتتا نۇرغۇن ياشلار چىقىش يولى ئىزدەپ چەت ئەللەرگە چىقىپ كەتتى. بولۇپمۇ ياۋروپا ۋە غەربتىكى تەرەققىي قىلغان ئەللەرگە چىقىپ كېتىش نۇرغۇن ياشلارنىڭ تاللىشى بولۇپ قالدى. مەنمۇ ئەنە ئاشۇ دولقۇننىڭ تەسىرىدە يەركەنتتىن ئالمۇتىغا كېلىپ، ياۋروپادىكى بىرەر دۆلەتكە بېرىۋېلىشنىڭ كويىدا يۈردۈم. شۇ مەزگىللەردە ھەممە نەرسە پۇل بىلەن پۈتىدىغان بولۇپ كەتكەنىدى. بىر مەزگىل ساقلاپ ئالمۇتىدا ئامال قىلالمىغاندىن كېيىن موسكۋاغا، ئۇ يەردىن سانكت ـ پېتېربۇرگقا باردىم. يېنىمدىكى ھەممە پۇللىرىمنى خەجلەپ، يالغان پاسپورت ۋە ۋىزا بېجىرىپ ئاۋستىرىيىگە ئامان ـ ئېسەن كېلىۋالدىم. لېكىن بۇ مېنىڭ ئىلگىرى كۆپ قېتىملار چۈشىگەن ياۋروپادىن ئىبارەت بۇ «جەننەت» كە قەدەم بېسىشىم ئەمەس، بەلكى يات ئەللەردە سەرسان ـ سەرگەردان بولۇپ ياشايدىغان مۇساپىرچىلىق ھاياتىمنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى نەدىن بىلەي!؟ شۇندىن كېيىن ياۋروپادىكى بىرقانچە دۆلەتلەردە خۇددى بوران ئۇچۇرغان قامغاقتەك ئۇياقتىن بۇياققا چېپىپ يۈرۈپ جان بېقىشنىڭ ھەلەكچىلىكىدە تېنەپ ـ تەمتىرەپ يۈردۈم. دەسلەپ گېرمانىيىدە بىر مەزگىل تۇردۇم، كېيىن گېرمانىيە كۆچمەنلەر ئىدارىسىنىڭ رەت قىلىشى بىلەن گېرمانىيىدە تۇرالماي، گوللاندىيىگە ئۆتۈپ كەتتىم. بىر مەزگىلدىن كېيىن گوللاندىيىدىمۇ تۇرالمىدىم. ئامالسىز ئۇ يەردىن نورۋېگىيىگە باردىم. نورۋېگىيىدە ياشاش ئۈچۈن ھەممىلا ئىشلارنى قىلدىم. ئالتە ئاي بېلىقچىلار پاراخوتىغا ياللىنىپ، سوغۇق دېڭىزدا بېلىق تۇتۇش ئىشى بىلەن شۇغۇللاندىم، كېيىن ئۈچ ئاي بېلىق تازىلايدىغان زاۋۇتتا ئىشچى بولۇپ ئىشلىدىم. بۇ ئىشنىڭ ئىش ھەققى يۇقىرى بولسىمۇ، لېكىن جاپا ـ مۇشەققىتىمۇ يەتكۈچە بار ئىدى. ئالتە ئاي سوغۇق دېڭىزدا بېلىقچىلار پاراخوتىنىڭ پالۇبىسىدا ئىشلەپ يۈرۈپ ئۆپكەمگە سوغۇق تەگكۈزۈۋالدىم. بىر كۈنى زاۋۇتتا بېلىق تازىلاۋېتىپ تۇيۇقسىزلا يىقىلىپ چۈشتۈم، شۇندىن كېيىن دوختۇرخانىدا ئۈچ ئاي يېتىپ داۋالىنىپ ئاران دېگەندە ئەسلىمگە كەلدىم. شۇندىن كېيىن دېڭىزغا قايتا چىقمىدىم. كېيىنچە نورۋېگىيىدە مۇۋاپىق ئىش تاپالمىغاچقا شۋېتسىيىگە كەلدىم. مانا ھازىر بۇ يەردە ياشاۋاتقىلى بىر يىلدىن ئاشتى، ئۆتكەن يىلى نەۋرە ئىنىم نۇرلانمۇ قېشىمغا كەلدى، ھازىر ئىككىمىز بىللە تۇرىمىز، بىر كۈلۈبنىڭ تازىلىقىنى قىلىدىغان ئىش تاپتۇق، كۈندە سەھەر سائەت تۆتتىن ئونغىچە تازىلىق قىلىمىز. ئەھۋالىمىز بۇرۇنقىغا قارىغاندا سەل ـ پەل ياخشىلانغاندەك قىلسىمۇ، لېكىن كەلگۈسىمىزنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا ھېچ بىر ئىشەنچىم يوق. ئىلگىرى يەركەنتتە ئەھۋالىم يامان ئەمەس ئىدى، مۇستەقىللىقتىن كېيىنكى ئىقتىسادىي كاساتچىلىق يىللىرىدىمۇ

ھەر خىل ئاماللار بىلەن كۈنىمىزنى ئېلىپ كېلىۋاتقان ئىدۇق. ھەي، ياۋروپاغا بېرىش دېگەن بۇ ئېزىتقۇ ئوي نەدىن كاللامغا كىردى، بىلمەيمەن، مانا شۇ ياۋروپادا ياشىغىلىمۇ تۆت يىلدىن ئاشتى. ماڭا يا مۈڭگۈز چىقمىدى، ياكى قۇلاق! كۆرمىگەن كۈنلەرنى كۆرۈپ، تارتمىغان جاپالارنى تارتىپ بۇ كۈنگە كەلدۇق. ھازىر ئويلاپ قالىمەن، بىر ئۆمۈر نامراتچىلىقتا ياشىساممۇ يۇرتۇم يەركەنتتە، ئەل ـ يۇرت، دوست ـ بۇرادەرلەر بىلەن كۈن ئۆتكۈزگەن بولسام قانداق ياخشى بولاتتى. ئادەم ۋەتىنىدىن ئايرىلمىسا ۋەتەننىڭ قەدرىگە يەتمەيدىكەن، قارىغاندا ئاتا ـ ئانامغا ئوخشاشلا ماڭىمۇ بىر ئۆمۈر يات يۇرتلاردا مۇساپىر بولۇپ ياشاش تەقدىرىگە پۈتۈلگەن ئوخشايدۇ...

نۇرئالىم گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئىچىگە تىنىۋەتتى. نۇرلانمۇ بىر چەتتە خىيال بىلەن ئولتۇراتتى. مەن ئۇنىڭغا نېمە دەپ تەسەللى بېرىشنى بىلەلمەي ئايالىمغا قارىدىم. ئۇمۇ نۇرئالىمنىڭ ھېكايىسىدىن تەسىرلەندى بولغاي كۆزلىرى نەملەشكەنىدى. مەن بىرئاز ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئېغىز ئاچتىم:

— كۆڭلىڭىزنى چۈشىنىمەن، قېرىندىشىم، يۇرتىنى، ۋەتىنىنى سېغىنمايدىغان كىم بار دەيسىز؟ مانا تۆت يىلدىن كۆپ ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈپسىز، ئەھۋالىڭىزمۇ بۇرۇنقىغا قارىغاندا ياخشىلىنىپتۇ، ئىشلىرىڭىز بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ ياخشى بولۇپ كېتىشى مۇمكىن.

— تەسەللىيىڭىزگە رەھمەت! — دېدى نۇرئالىم ئۆزىگە غەيرەت بېرىپ، — يۇرتداشلارنىڭ بىر ئېغىز گېپىمۇ يات ئەلدە كىشىگە تاغدەك يۆلەنچۈك بولىدىكەن. سىلەرنى كۆرۈپ باشتىن ئۆتكەن كەچمىشلەرنى سۆزلىگۈم كېلىپ قالدى، كەچۈرۈڭلار، كۆڭلۈڭلارنى پاراكەندە قىلىپ قويدۇم. ئەمدى سىلەرنىڭ ئەھۋالىڭلارنى ئاڭلاپ باقساق بولارمۇ؟

مەن ئۇلارغا ئۆزۈمنىڭ ئەھۋالىمنى، ئائىلەمنىڭ قاچان كەلگەنلىكىنى، ھازىرقى خىزمەت ۋە ئوقۇش ئىشلىرىمىزنى قىسقىچە سۆزلەپ بەردىم. نۇرئالىم مېنىڭ بايانلىرىمنى ئاڭلاپ بىرئاز ھاياجانلاندى بولغاي:

— سىلەر ئۈچۈن مەن خۇشال بولۇۋاتىمەن، مانا بۇ يەردىكى ئۇنىۋېرسىتېتتا خىزمەت قىلىۋېتىپسىز، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيىتى ۋە تارىخىنى تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىدىكەنسىز، بۇ يەرنىڭ مۇزېي ۋە كۈتۈپخانىلىرىدا ساقلىنىۋاتقان مىللىتىمىزنىڭ تىل ـ مەدەنىيىتىگە ئائىت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆرۈپسىز، بۇ نەقەدەر ئۇلۇغ ئىش ـ ھە! بۇنداق ئۇلۇغ ئىشلار بىزنىڭ قولىمىزدىن كەلمەيدۇ. مەن سىزنىڭ ئىشلىرىڭىزغا ئۇتۇق، ئائىلىڭىزگە بەخت تىلەيمەن!

— رەھمەت! — دېدىم مەن ئۇنىڭغا، — سىزدىن يەنە بىر ئىشنى سورىغۇم كېلىۋاتىدۇ، بايا گېپىڭىزنىڭ ئارىلىقىدا ئاتا ـ ئانامۇ بىر ئۆمۈر

مۇساپىرچىلىقنىڭ دەردىنى تارتقان دېگەن ئىدىڭىز، بۇ قانداق گەپ؟

— بۇ بىر ئۇزۇن ھېكايە، — دېدى نۇرئالىم قەھۋەدىن بىر يۇتۇم ئىچىپ، — سوراپ قالدىڭىز، سۆزلەپ بەرمىسەم بولماس. مېنىڭ ئۇلۇغ بوۋام ئەسلىدە غۇلجىنىڭ قاينۇق دېگەن يېرىدە ماكان تۇتۇپ ياشىغان تارانچىلاردىن ئىكەن، ئۇ 19 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدا ئىلىدا پارتلىغان خەلق قوزغىلىڭىغا قاتناشقان ئىكەن. شۇ يىللىرى چار رۇسىيە ئارمىيىسى ئىلىغا بېسىپ كىرىپ، يېڭىلا قۇرۇلغان ئىلى سۇلتانلىقىنى گۇمران قىلغاندىن كېيىن، قوزغىلاڭغا قاتناشقان خەلقنى مەجبۇرىي ھالدا چاررۇسىيە تەۋەسىدىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچۈرۈپتۇ. «كۆچ ـ كۆچ» دېگەن خەلق قوشاقلىرى شۇ زاماندىن قالغان ئىكەن. ئۇلۇغ بوۋاملار مىڭ بىر مۇشەققەتلەر ئىچىدە ئۆز ئانا يۇرتىدىن ئايرىلىپ رۇسىيە تەۋەسىگە ئۆتۈپتۇ ھەمدە نۇرغۇن ئۇيغۇرلار بىلەن بىرگە ئالمۇتانىڭ سۇلتانقورغان دېگەن يېرىگە ئورۇنلىشىپتۇ. ئۇ چاغلاردا ئالمۇتا تېخى كىچىككىنە بىر ھەربىي قورغان بولۇپ رۇسچە «ۋېرنى» دەپ ئاتالغانىكەن ھەمدە رۇس ئارمىيىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ باشقا جايلىرىغا يۈرۈش قىلىشتىكى بىر ھەربىي بازىسى سۈپىتىدە تەدرىجىي تەرەققىي قىلىۋاتقان ئىكەن. رۇس ئارمىيىسىگە شۇ چاغدا زور مىقداردا ئاشلىق لازىم بولغاچقا، ئىلىدىن يېڭىلا كۆچۈرۈپ كېلىنگەن زور مىقداردىكى ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ، رۇس ئارمىيىسىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان ئاشلىق ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن سۇلتانقورغان مەھەللىسىنى بەرپا قىلغان ئىكەن. ئىلىدىن كۆچۈرۈپ كېلىنگەن ئۇيغۇر دېھقانلىرى بۇ يەردە ماكانلىشىپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپتۇ. شۇنداق قىلىپ بىزنىڭ جەمەتىمىزدىكى بۇ مۇساپىرچىلىق قىسمىتى ئۇلۇغ بوۋامدىن تارتىپ باشلانغان ئىكەن.

نۇرئالىم سۆزىنى توختىتىپ بىرئاز تۇرۇۋالدى، مەن ئۇنىڭ ئاۋازىدىن ۋەتەنسىزلىكنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقان بىر مۇساپىرنىڭ مۇڭ ـ زارىنى چوڭقۇر ھېس قىلغاندەك بولدۇم. ئايالىم، قىزىم ئۇچىمىز ئۇنىڭ ھېكايىسىنىڭ ئىچىگە كىرىپلا كەتكەن ئىدۇق. بىرئازدىن كېيىن نۇرئالىم سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى:

— ئارىدىن ئۇزۇن زامانلار ئۆتۈپ رۇسىيىدە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى پارتلاپتۇ. قازاقىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ باشقا جايلىرىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇر خەلقىمۇ باشقا خەلقلەر بىلەن بىرگە يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن سوۋېت ھاكىمىيىتىنى كۈتۈۋاپتۇ. لېكىن مۇشۇنداق بىر تارىخىي بۇرۇلۇش پەيتىدىمۇ ئالمۇتا ئەتراپىدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈنلەر كەپتۇ. 1918 ـ يىلى چار پادىشاھ ئارمىيىسىنىڭ قالدۇق قىسىملىرى ئالمۇتا ئەتراپىدىكى ئۇيغۇر يېزىلىرىدا ياشىغۇچى خەلقنى قۇترىتىپ، ئالمۇتا سېپىلىغا ھۇجۇم قىلىشقا كۇشكۇرتۇپتۇ. ئاقلار ئارمىيىسىنىڭ بۇ قېتىمقى ھۇجۇمى ئالمۇتا سېپىلىنى مۇھاپىزەت قىلىۋاتقان قىزىل ئارمىيە

تەرىپىدىن تارمار قىلىنىپتۇ. شۇنىدىن كېيىن ئالمۇتا سېپىلىنى ساقلاۋاتقان قىزىل ئارمىيىنىڭ قوماندانى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئالمۇتا شەھەر ئەتراپىدىن تاكى چېلەك، غالجات قاتارلىق جايلارغىچە بولغان ئارىلىقتا تازىلاش ئېلىپ بېرىش باھانىسى بىلەن چوڭ ـ كىچىك، قېرى ـ ياش ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنى دەھشەتلىك قىرغىن قىلىپتۇ. بۇ قېتىمقى ئۆچ ئېلىش خاراكتېرلىق قىرغىندا مىڭلىغان ئۇيغۇر ئاھالىلىرى بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلۈپتۇ. ئۇلۇغ بوۋامۇ مۇشۇ قېتىمقى قىرغىندا ئۆلتۈرۈلگەن ئىكەن. شۇ قېتىمقى دەھشەتلىك قىرغىندىن كېيىن يۇرت ـ ماكانلىرىنى تاشلاپ قېچىپ كەتكەن ئۇيغۇر ئاھالىلىرى ياقا يۇرتلاردا سەرگەردان بولۇپ يۈرۈپتۇ. كېيىنچە شۇ ۋاقىتتىكى سوۋېت ھاكىمىيىتىدە خىزمەت قىلىۋاتقان ئابدۇللا روزىباقىيېۋ قاتارلىق تۇنجى ئەۋلاد ئۇيغۇر كوممۇنىست رەھبەرلىرىنىڭ كۈچىشى بىلەن سوۋېت ھۆكۈمىتى «ئاتۇ پاجىئەسى» دەپ ئاتالغان بۇ قىرغىننىڭ خاتا بولغانلىقىنى بېكىتىپ، ياقا يۇرتلاردا سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنى ئۆز ماكانلىرىغا قايتىپ كېلىشكە دەۋەت قىلىپتۇ. بوۋام بۇ قېتىمقى دەھشەتلىك قىرغىننى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلگەن ئۇلۇغ بوۋامنى ئۆز قولى بىلەن يەرلىككە قويغان بولغاچقا، ھامان بىر كۈنى ئاتا ـ بوۋىلىرى ياشىغان ئانا ۋەتىنىگە قايتىپ كېتىشنى قەلبىگە پۈكۈپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بوۋام سۇلتانقورغاندىكى ئۆي ـ ماكانلىرىنى سېتىۋېتىپ، ۋەتەن چېگرىسىغا يېقىن بولغان يەركەنت (سوۋېت دەۋرىدە پانفىلوف دەپ ئاتالغان) شەھىرىگە كۆچۈپ بېرىپ ماكانلىشىپتۇ. شۇ يىللىرى دادام تۇغۇلۇپتۇ. سوۋېت ھاكىمىيىتى قۇرۇلغان دەسلەپكى يىللىرى قازاقىستاندا ئېغىر تەبىئىي ئاپەت يۈز بېرىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشى بىراقلا تۆۋەنلەپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە 1930 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىن باشلانغان كوللېكتىپلاشتۇرۇش، باي ـ پومېشچىكلارنى تازىلاش ھەرىكىتى داۋامىدا خەلقنىڭ بېشىغا ئويلاپ باقمىغان ئېغىر كۈلپەتلەر چۈشۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ۋەتەنسىزلىكنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقان بوۋام ئائىلىسىنى ئېلىپ بىر كېچىدىلا قورغاس ئارقىلىق ۋەتەن تۇپرىقىغا ئۆتۈپ، كۈرە ئەتراپىدىكى بىر يېزىغا ئورۇنلىشىپتۇ. ۋەھالەنكى، بوۋاملار ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ نۇرغۇن جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى چېكىپتۇ. دادام باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى غۇلجىدىكى تاتار مەكتىپىدە ئوقۇغان ئىكەن. 1940 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىلىدا «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» پارتلاپتۇ. داداممۇ بۇ ئىنقىلابقا قاتنىشىپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ تەشۋىقات بۆلۈمىدە خىزمەت قىلىپتۇ. 1950 ـ يىللارغا كەلگەندە ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ بېرىپ، تەشۋىقات ئورۇنلىرىدا خىزمەت قىلغان ئىكەن. 1960 ـ يىلى بوۋام ئېغىر كېسەل بولغاچقا، دادام ئۈرۈمچىدىن يەنە غۇلجىغا يۆتكىلىپ كېلىپ، بوۋامنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپتۇ. شۇ يىلى بوۋام قازا قىلىپتۇ. ئارقىسىدىنلا جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ

مۇناسىۋەتنى يېرىكلىشىپ، ئىلى ۋە چۆچەك رايونلىرىدا ئۇيغۇر ۋە قازاق ئاھالىلىرىنىڭ كەڭ كۆلەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ كېتىش ۋەقەسى يۈز بېرىپتۇ. دادام بۇ ۋەقەنىڭ دەسلىپىدە قانداقلا ئەھۋال يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر، ۋەتەننى تاشلاپ كەتمەسلىك قارارىغا كەپتۇ. لېكىن بىرقانچە ئاي داۋامىدىلا ئىلىنىڭ چۆچەك، دۆربىلجىن، قورغاس، غۇلجا، چاپچال قاتارلىق ناھىيە ـ شەھەرلىرىدە شۇنداقلا بۇ ناھىيىلەرگە قاراشلىق يېزىلاردا تۈركۈم ـ تۈركۈم ئاھالىلار سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىگە ئۆتۈپ كېتىپتۇ. دادامlarنىڭ كۆرە ئەتراپىدىكى مەھەللىسىمۇ قۇپقۇرۇق بولۇپ قاپتۇ. ئاخىرىدا دادام ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ۋە يۇرتداشلىرىنىڭ دەۋىتى بىلەن يەنە بىر قېتىم ۋەتىنىنى تاشلاپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا مۇساپىر بولۇپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. شۇ يىللىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ ئۆتكەن زور كۆلەمدىكى ئۇيغۇر ئاھالىلىرى قازاقىستاننىڭ يەتتىسۇ رايونىدىكى ئايدالىدا يۈز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەھەللىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپتۇ. ۋەتەندىكى يۆك ـ باراقسان ھويلا ـ ئاراملىرى ۋە يۇرت ـ مەھەللىرىنى تاشلاپ «كوممۇنىزم جەمئىيىتى ئىشقا ئاشقان » بۇ چوڭ دۆلەتكە مۇساپىر بولۇپ كەلگەن كىشىلەر قازاقىستاننىڭ بوران ھۇشقىيتىپ تۇرغان ئايدالىسىدا تارتمىغان جاپاسى قالماپتۇ. دادام يەركەنتتىكى بوۋىمىزنىڭ ئۆي ـ جايلىرىنى سورۇشتۇرۇپ بارغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى ئالىقاچان كوللېكتىپ ئىگىلىكىگە ئۆتكۈزۈۋالغان ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن دادام ئاپام بىلەن بىرقانچە يىللار يەركەنتتە جاپالىق ئىشلەپ يۈرۈپ، ئاخىرى قورۇ ـ جايلىق بولۇپتۇ. مەن شۇ يىللىرى يەركەنتتە تۇغۇلغان ئىكەنمەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئائىلىمىز ئىزچىل ھالدا يەركەنتتە ياشىدى، دادام 1989 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىشتىن ئىككى يىل ئىلگىرى ئالەمدىن ئۆتتى. دادام شۇنچە يىللار مابەينىدە ۋەتەنگە قايتىشنى ئارزۇ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئارزۇسىغا يېتەلمەي ھەسرەت بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ سەكراتتا ياتقىنىدا مېنى قېشىغا چاقىرىپ: «بالام، ئۇلۇغ بوۋاڭ ۋەتەننى تاشلاپ بۇ ياققا چىقىپتىكەن، ئۇ يات ئەلدە ۋەتىنىگە قايتالماي ھەسرەت بىلەن ئۆلۈپ كەتتى. بوۋاڭ ئۇلۇغ بوۋاڭنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە ۋەتەنگە قايتىپ بېرىپ ئانا تۇپرىقىمىزدا كۆز يۇمدى. لېكىن مەن ئۇلۇغ بوۋاڭنىڭ تراگېدىيىسىنى يەنە تەكرارلىدىم. بۇ مېنىڭ ئۆمرۈمدىكى بىر خاتالىقىم بولۇپ قالدى. مەن كۆز يۇمغاندىن كېيىن جەسىتىمنى يەرلىككە قويۇپ يۈزۈمنى قىبلىگە قارىتىشتىن بۇرۇن ئالدى بىلەن ۋەتەن تامانغا قارىتىپ قويۇڭلار، ۋەتەنگە تەرەپكە قاراپ بىرئاز ياتاي، ئاندىن يۈزۈمنى قىبلىگە قارىتىپ دەپنە قىلساڭلار بولىدۇ. ئېسىڭدە بولسۇنكى، كەلگۈسىدە ئامال قىلىپ ئانا ـ بوۋاڭنىڭ ۋەتىنىگە قايتىپ كەتكىن!».

مانا دادامنىڭ سۆزلىرى ھېلىھەم قۇلاق تۈۋىمدە تۇرىدۇ، مەن ۋەتەنگە قايتىش ئۈمىدىنى يوقىتىپ قويغان ئادەم ئەمەس، ۋەتەنگە قايتىش ئۈمىدىدە تۇرسۇن، بەلكى ۋەتەندىن تېخىمۇ يىراقلاپ كەتتىم...



AltunOq

نۇرئالمىنىڭ ھەسرەتلىك ھېكايىسى ھەممىمىزنى تەسىرلەندۇردى. ھەممىمىزنىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئەگىگەن ئىدى. مەن نۇرئالمىغا تەسەللى بېرىش ئۈچۈن ئۇنى قۇچاقلاپ قويدۇم.

ۋاقىت خېلىلا ئۆتۈپ كەتكەنىدى. بىز ئورنىمىزدىن قوزغالدۇق. مۇشۇ تۇرقىمىزدا مەنمۇ، ئايالىممۇ باشقىچىلا بولۇپ قالغانىدۇق. ئۇلار بىزنى ئاپتوبۇس بېكىتىگىچە ئۇزىتىپ باردى. بىز ئۇلار بىلەن ئۇنسىز ھالدا خوشلىشىپ ئاپتوبۇسقا چىقتۇق. مەن ئاپتوبۇس قوزغالغاندىن كېيىن دېرىزىدىن ئارقىمغا قارىغانىدىم. ئۇلارنىڭ بېكەتتە بىرگە قاراپ ئۇزاققىچە قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم.

## يىگىرمىنچى باب

# خانلىق كۇتۇپخانىدا ئانا يۇرتنىڭ ئۆتمۈشى بىلەن مۇڭدىشىش

ستوكھولم شەھەر مەركىزىگە جايلاشقان شۋېتسىيە خانلىق كۇتۇپخانىسىنىڭ بىرىنچى قەۋەتتىكى ئازادە قىرائەتخانىدا مېنىڭ نۇرغۇن كۈنلىرىم شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر ماتېرىياللارنى كۆرۈش ۋە خاتىرە يېزىش بىلەن ئۆتۈپ كەتتى. ئائىلەم ستوكھولمغا يېتىپ كەلگۈچە بولغان بەش ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت جەريانىدا مېنىڭ تەنھالىقلىرىم خانلىق كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتقان يۇرتىمىزنىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنىگە دائىر قىممەتلىك كىتاب ـ ماتېرىياللار ئارىسىدا سەيلە قىلىپ يۈردى.

بىرگىت خانىمنىڭ ياردىمى بىلەن شۋېتسىيىدىكى ئەڭ چوڭ كۇتۇپخانا — خانلىق كۇتۇپخانىسىنىڭ كىنىشكىسىنى بېجىرگەندىن كېيىن، مېنىڭ بوش ۋاقىتلىرىم ئاساسەن مۇشۇ كۇتۇپخانىنىڭ بىرىنچى قەۋەتتىكى ئالاھىدە قىرائەتخانىدا كىتاب كۆرۈش ۋە خاتىرە يېزىش بىلەن ئۆتتى. كۇتۇپخانا شەنبە ۋە يەكشەنبە كۈنلىرىمۇ ئېچىلىدىغان بولغاچقا، مەن ۋاقتىم چىقسىلا بۇ يەرگە كېلەتتىم.

مەن ستوكھولمدا ياشىغان بىر يىل جەريانىدا ھۇملېگاردېن (Humlegarden) باغچىسىغا جايلاشقان خانلىق كۇتۇپخانىسىنىڭ ئالدىدىكى ياپيېشىل چىملىقلارنىڭ قىشتا ئاق قار بىلەن قاپلانغانلىقىنى، يازدا كىمخابتەك تۈسكە كىرگەنلىكىنى، كۇتۇپخانا بىناسىنىڭ ئىككى يېرىم قەۋەتلىك مۇستەھكەم گەۋدىسىنىڭ كىشىگە بىر خىل سىرلىق تۈس بېرىدىغانلىقىنى تالاي قېتىملار كۆرگەنىدىم.

مەزكۇر كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتقان ئەڭ بۇرۇنقى شۋېت تىلىدىكى باسما كىتابلار كاتالوگىغا قارىغاندا، شۋېتسىيىدە 1483ـ يىلى تۇنجى شۋېت تىلىدىكى كىتاب بېسىلغان، ھازىر بۇ كىتابنىڭ ئىككى نۇسخىسى ھازىرغىچە مۇشۇ كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋېتىپتۇ. 16 ـ ئەسىرگە كەلگەندە شۋېتسىيىنىڭ ۋاسا خاندانلىقى زامانىدا ئوردا كۇتۇپخانىسىدىكى كىتاب ۋە قوليازمىلارنىڭ تۇنجى كاتالوگى رەتلەنگەن بولۇپ، بۇ 1568 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدىكەن. 1611 ـ يىلىغا كەلگەندە خانلىق كۇتۇپخانا رەسمىي تەسىس قىلىنىپ، پادىشاھ تەرىپىدىن تۇنجى كۇتۇپخانا خادىمى ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن ئىكەن. 1697 ـ يىلى تاسادىپىي يۈز بەرگەن ئوت ئاپىتىدە خانلىق كۇتۇپخانا كۆيۈپ كېتىپ، ئۇنىڭدا ساقلىنىۋاتقان ماتېرىياللارنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى، يەنى 17 مىڭ پارچە كىتاب بىلەن 1000

پارچىدىن ئارتۇق قولىيازما كۆيۈپ كېتىپتۇ. 1768 ـ يىلى خانلىق كۇتۇپخانا ھازىرقى پادىشاھ ئوردىسىنىڭ ئىچىگە كۆچۈرۈلۈپتۇ. 1871 ـ يىلىغا كەلگەندە ھۇملېگاردېن باغچىسىدا ھازىرقى كۇتۇپخانا بىناسىنىڭ ئۇلى سېلىنىپتۇ، بىنا 1878 ـ يىلى رەسمىي پۈتۈپ، كەڭ جامائەتچىلىككە ئېچىۋېتىلىپتۇ. 1928 ـ يىلى كۇتۇپخانا بىناسى كېڭەيتىلىپ ياسىلىپتۇ. 1952 ـ يىلىدىن 1976 ـ يىلىغىچە مەزكۇر كۇتۇپخانا ستوكھولم ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئادىمىيەت ۋە ئىجتىمائىي پەنلەر كۇتۇپخانىسى سۈپىتىدە رول ئويناپتۇ. 1997 ـ يىلى ھازىرقى پادىشاھ كارل گۇستاف XIV نىڭ پەرمانى بىلەن بۇ كۇتۇپخانا قايتىدىن «خانلىق كۇتۇپخانا» دېگەن نامنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، شۋېتسىيىنىڭ دۆلەتلىك چوڭ كۇتۇپخانىسى قىلىنغان ئىكەن.

بۈگۈنكى كۈندە بۇ كۇتۇپخانىنى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كۈنىگە 800 ئادەم زىيارەت قىلىدىكەن. كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتقان كىتاب زاپىسى 3 يېرىم مىليون پارچىدىن ئاشىدىكەن، كۇتۇپخانىدا خىزمەت قىلىدىغان خادىملار 300 كىشىدىن ئاشىدىكەن.

مانا مۇشۇ كۇتۇپخانىدا ئولتۇرۇپ، سىز دۇنيانىڭ ھەرقانداق بىر جايىدىكى كۇتۇپخانىنىڭ كىتابىنى ئارىيەتكە ئېلىپ كۆرەلەيدىكەنسىز، چۈنكى شۋېتسىيە خانلىق كۇتۇپخانىسى 1997 ـ يىلىدىن باشلاپ دۇنيادىكى 100 دىن ئارتۇق دۆلەت ۋە رايونلاردىكى چوڭ كۇتۇپخانىلار بىلەن تورلاشقان بولۇپ، ئوقۇرمەنلەرگە دۆلەت ۋە رايون ئاتلاپ مۇلازىمەت قىلىدىكەن. خانلىق كۇتۇپخانىنىڭ كىنىشكىسىنى بېجىرگەن ھەرقانداق بىر كىشى مەزكۇر كۇتۇپخانىسىنىڭ تور بېكىتىگە كىرىپ، ئەنگلىيە ياكى ئامېرىكىنىڭ مەلۇم كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان ھەرقانداق بىر كىتابنى بۇيرۇتالايدىكەن. كۇتۇپخانا ئۈچۈر مەركىزى سىزنىڭ كىتاب بۇيرۇتۇش ئۇچۇرىڭىزنى تور ئارقىلىق قوبۇل قىلغاندىن كېيىن دەرھال شۇ كىتاب ساقلىنىۋاتقان كۇتۇپخانا بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئىككى ھەپتە ئىچىدە كىتابنى قولىڭىزغا تەگكۈزىدىكەن. كىتاب قولىڭىزغا تەگكەندىن كېيىن 33 كۈن ئىچىدە قايتۇرسىڭىز بولىدىكەن، ئەگەر مۇشۇ ئارىلىقتا باشقا بىر ئوقۇرمەن بۇ كىتابنى بۇيرۇتمىغان بولسا، يەنە داۋاملىق كۆرۈش ۋاقتىنى ئۇزارتسىڭىز بولىدىكەن.

مېنى ھەممىدىن ھەيران قالدۇرغىنى شۇ بولدىكى، سىز خانلىق كۇتۇپخانىنىڭ كىتاب ئارىيەت ئېلىش كىنىشكىسى ئارقىلىق شۋېت تىلىدىن باشقا ھەرقانداق بىر تىلدىكى كىتابنى بۇ كۇتۇپخانىدىن ئېلىپ چىقىپ سىرتتا كۆرسىڭىز، ياكى كوپىيە قىلىۋالسىڭىز بولىدىكەن. بىراق شۋېت تىلىدا نەشر قىلىنغان ياكى شۋېت ئاپتورلار تەرىپىدىن يېزىلىپ باشقا تىللاردا نەشر قىلىنغان كىتابلارنى بۇ كۇتۇپخانىنىڭ دەرۋازىسىدىن سىرتقا ئېلىپ چىقىشقا يول قويۇلمايدىكەن. بۇ كىتابلارنى پەقەت كۇتۇپخانىنىڭ ئىچىدە ئولتۇرۇپ

كۆرىدىكەنسىز، كوپىيە قىلدۇرماقچى بولسىڭىز، كۈتۈپخانا خادىملىرى سىزگە كوپىيە قىلىپ بېرىدىكەن.

خانلىق كۈتۈپخانىنىڭ شۆھرەت تىلىدىكى كىتابلارغا بولغان بۇ خىل يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىقى مېنى قاتتىق ئويلاندۇرۇپ قويدى. مەن بۇ ئەھۋالنى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كۈتۈپخانىسى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆردۈم. بىزنىڭ كۈتۈپخانىدا ئۇيغۇرچە، قازاقچە ياكى خەنزۇچە كىتابلارنى خالىغانچە ئارىيەتكە ئېلىپ كۆرگىلى، ئۆيگە ياكى باشقا جايلارغا ئېلىپ كەتكىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ۋاقىت چېكىدىن باشقا ھېچقانداق چەكلىمە قويۇلمايدۇ. مەن ئىلگىرى نۇرغۇن ئوقۇرمەنلەرنىڭ بىزنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ كۈتۈپخانىسىدىن ئۆزلىرى ياخشى كۆرگەن كىتابلارنى ئارىيەت ئالغاندىن كېيىن، ئۇنى قايتۇرغۇسى كەلمەي «يىتتۈرۈپ قويدۇم» دېگەن باھانە بىلەن شۇ كىتابنىڭ پۇلىنى تۆلەپ بېرىۋاتقانلىقىنى ياكى شۇ كىتابنىڭ ئورنىغا باشقا بىر كىتابنى تولۇقلاپ قايتۇرغانلىقىنى كۆرگەنىدىم. ھەتتا ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىمدە ئۇنىۋېرسىتېت كۈتۈپخانىسىنى قايتا رەتلەيمىز دەپ 60 — 70 ـ يىللاردا ئۇيغۇر ۋە قازاق يېڭى يېزىقىدا نەشر قىلىنغان كىتابلارنى قەغەز قاتاردا ساتقانلىقىنىمۇ كۆرگەنىدىم. شۇ چاغدا مەن ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىدا نەشر قىلىنغان «سۇ بويىدا» رومانىنىڭ جەمئىي 8 قىسىملىق نەشرىنى ئەنە ئاشۇ بىر تەرەپ قىلىغان كونا كىتابلار دۆۋىسىدىن تاللاپ ئېلىۋالغانىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىزنىڭ كۈتۈپخانىمىزدا چەت ئەل تىللىرىدىكى كىتابلار ئۈچۈن ئالاھىدە بۆلۈملەر تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئۇلارنى پەقەت ئاسپىرانت ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئوقۇتقۇچىلارلا كۆرەلەيدۇ. يەنە كېلىپ بۇ كىتابلارنى پەقەت كۈتۈپخانىنىڭ ئاشۇ ئالاھىدە بۆلۈمىدە ئولتۇرۇپلا كۆرگىلى بولىدۇ، كۈتۈپخانىدىن سىرتقا ئېلىپ چىقىشقا بولمايدۇ.

مەن خانلىق كۈتۈپخانىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر خېلى كۆپ كىتابلارنى ئوقۇپ چىقتىم. بۇ كىتابلارنىڭ بەزىلىرى مۇشۇ كۈتۈپخانىدا ساقلانغان بولۇپ، بەزىلىرىنى باشقا ئەللەرنىڭ مۇناسىۋەتلىك كۈتۈپخانىلىرىدىن ئەكەلدۈرۈپ كۆردۈم. مەن ۋەتەنىدىن يىراقتىكى بۇ تىنچ دۆلەتتە تۇرۇپ مەركىزىي ئاسىيا چوڭقۇرلۇقلىرىنىڭ سىرلىق ئۆتمۈشى بىلەن مۇڭداشتىم، يۈز يىللاردىن بۇيان، تۈرلۈك ئەللەردىكى تۈرلۈك ئاپتورلانىڭ تۈرلۈك تىللاردا يازغان يۈرتىمىز ھەققىدىكى كىتابلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقتىم. بۇ كىتابلارنىڭ سارغىيىپ ئۆپرىغان بەتلىرى ئارىسىدا سەيىر قىلىپ يۈردۈم. ئانا يۇرت ۋە بۇ يەردە ياشىغۇچى خەلقىمىزنىڭ تىلى، مەدەنىيىتى ۋە تارىخى بىلەن دىئالوگلاشتىم.

ئەلۋەتتە، بۇ جەرياندا ئوقۇغان كىتابلىرىمنىڭ قىسقىچە ئۈچۈرىنى ئوقۇرمەنلىرىمگە يەتكۈزۈشنى ئۆزۈمنىڭ قەرزىم دەپ ھېسابلايمەن.

* * *

غەربىي ياۋروپا ئەللىرىدە يۇرتىمىزنىڭ يېقىنقى زامان ئەھۋالى ھەققىدە ئەڭ بالدۇر ئۇچۇر بەرگەن ئاپتورلار بۈيۈك برىتانىيە ئىمپېرىيىسىگە قارام ھىندىستان ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا ئەۋەتىلگەن ئىنگلىز سەيياھلىرى ۋە ئۇچۇر توپلىغۇچىلار بولسا كېرەك. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يېرىمىدا چارروسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا كېڭىيىشى ۋە پامىر ئېگىزلىكىگە تەدرىجىي يېقىنلاپ كېلىشى ھىندىستاننى بېسىپ ياتقان برىتانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ھىمالايا تاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى پىنھان بوشلۇق — تارىم ئويمانلىقىغا بولغان دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغاشقا باشلىغانىدى. بۇنىڭ بىلەن ھىندىستاندىكى برىتانىيە ھۆكۈمىتى تارىم ئويمانلىقىغا تۇنجى تۈركۈمدىكى ئاگېنتلار ۋە ئۇچۇر توپلىغۇچىلارنى ئەۋەتىشكە باشلايدۇ. كالكۇتتادىكى برىتانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ دىپلوماتىيە باسمىخانىسىدا ھىمالايا تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى سىرلىق بوستانلىقلار ھەققىدىكى كىتابلار بېسىلىپ چىقىشقا باشلايدۇ. تارىم ئويمانلىقىنىڭ شۇ مەزگىللەردىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئەھۋاللىرى ھەققىدە تۇنجى كەڭ كۆلەمدە ئۇچۇر بەرگۈچى كىتاب روبېرت باركلېي شاۋنىڭ «ئېگىز تاتارىيىدىكى ياركەند ۋە قەشقەرگە زىيارەت»[96] ناملىق كىتابىدۇر. شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخى ھەققىدىكى بۇ مۇھىم كىتاب 2004 ـ يىلىغا كەلگەندە ئاندىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، «ئەنگلىيىلىك بىر سودىگەرنىڭ تەۋەككۈلچىلىك خاتىرىسى» دېگەن نامدا نەشر قىلىنىدى.[97]

بۇ كىتابنىڭ ئاپتورى ۋە يېزىلىش ئارقا كۆرۈنۈشى ھەققىدە ئوقۇرمەنلەرگە تۆۋەندىكىلەرنى بايان قىلىشىمىز مۇمكىن:

1868 ـ يىل 20 ـ سېنتەبىردە ئەمدىلا 29 ياشقا كىرگەن ئەنگلىيىلىك چاي سودىگىرى روبېرت شاۋ ئەنگلىيىگە قارام ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، لاداق رايونىدىكى لېھ شەھىرىدىن يولغا چىقىپ، ھىمالايا تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى سىرلىق ئويمانلىق — تارىم ۋادىسىغا قاراپ ئاتلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئاخىرقى نىشانى يەركەن ۋە قەشقەرگە بېرىش ئىدى.

ئەمەلىيەتتە روبېرت شاۋنىڭ ھىمالايا تاغلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ قەشقەرگە بېرىشىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىدە، تارىم ئويمانلىقىدا يۈز بېرىۋاتقان يېڭى سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ۋەزىيەتلەر سەۋەب بولغانىدى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوقان خانلىقىنىڭ

---

[96] Robert Barkley Shaw, *Visits to High Tartary: Yarkund and Kashgar*, John Murray, London, 1871; Oxford University Press, Hongkong, 1984

[97] 罗伯特·沙敖：《一个英国商人的冒险》，新疆人民出版社，2004 年版



AltunOq

ھەربىي ئەمەلدارى ياقۇپبەگ تارىم ئويمانلىقىغا كىرىپ، قەشقەر ۋە يەركەننى ئىگىلىگەندىن كېيىن، كۇچادىكى راشىددىن خوجا بىلەن خوتەندىكى ھەبىبۇللا خوجىنىڭ كۈچلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ ۋاقىتلىق ھۆكۈمرانىغا ئايلانغانىدى. ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتە كۈنسېرى كىرىزىسكە پېتىپ كېتىۋاتقان مەنچىڭ خانىدانلىقى شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن زور قوشۇن توپلاپ شىنجاڭغا ئەۋەتىش ئالدىدا تۇراتتى. ئوتتۇرا ئاسىياغا قاراپ قەدەممۇ قەدەم كېڭىيىپ كېتىۋاتقان چارروسىيە ئىمپېرىيىسىمۇ شىنجاڭدا يۈز بەرگەن بۇ ۋەزىيەتكە يېقىندىن دىققەت قىلىۋاتاتتى. مانا مۇشۇنداق شارائىتتا، برىتانىيە ئىمپېرىيىسى ئۆزلىرىنىڭ ئاگېنتلىرى ۋە ئۈچۈر توپلىغۇچىلىرىنى تارىم ئويمانلىقىغا ئەۋەتىپ، پامىر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋەزىيىتىدىكى قىزىق نۇقتا — قەشقەر ھەققىدە يېڭى ئۇچۇرلارغا ئېرىشىشكە موھتاج بولۇۋاتاتتى.



19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى يەركەن شەھەر سېپىلى

ياش تەۋەككۈلچى روبېرت شاۋ دەل مۇشۇ ۋەزىيەتتە بىلەن تارىم ئويمانلىقىغا ئاتلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن ئۈچ يىل بۇرۇن ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تۇنجى قېتىم تارىم ئويمانلىقىغا ئەۋەتىلگەن كىشى ۋىلىيام جونسون ئىسىملىك ئىنگلىز بولۇپ، ئۇ 1865 ـ يىلى خوتەنگە يېتىپ بېرىپ قايتقانىدى.

خۇددى روبېرت شاۋ بىلەن رىقابەتلەشكەندەك، يەنە بىر ئەنگلىيىلىك تەۋەككۈلچى جورجى ھايۋاردمۇ دەل شۇ پەيتتە برىتانىيە پادىشاھلىق جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن پامىردىن ھالقىپ ئۆتۈپ يەركەنگە بارماقچى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىككىسى كىم بالدۇر يەركەنگە يېتىپ بېرىشنى تالىشىدۇ.

1868 ـ يىل 14 ـ ئۆكتەبىردە ئۇلار ئىككىسى قاراقۇرۇم تېغىدا ھايۋاردنىڭ

چېدىرىدا ئۇچرىشىدۇ ۋە ئۆز ئارا كېلىشىم ھاسىل قىلىدۇ. ھايۋارد ئاساسەن پامىر رايونىنىڭ جۇغراپىيىلىك تۈزۈلۈشى ۋە ئالاھىدىلىكىنى تەكشۈرمەكچى، روبېرت شاۋ بولسا بىۋاسىتە يەركەن ۋە قەشقەرگە يېتىپ بېرىپ، ياقۇپبەگ بىلەن كۆرۈشمەكچى بولىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار قايتا كۆرۈشەلمەيدۇ، پەقەت خەت ئارقىلىقلا ئالاقىلىشىپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئىككىسى ئەمەلىيەتتە ياقۇپبەگنىڭ نەزەربەند ئوبېيكتىغا ئايلىنىدۇ. روبېرت شاۋ ئالدى بىلەن يەركەنگە، ئاندىن قەشقەرگە يېتىپ بارىدۇ. ئۇ قەشقەردە يېرىم يىلدەك تۇرۇپ قالىدۇ. ئاخىرىدا ياقۇپبەگنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشىدۇ. ئۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ياقۇپبەگ بىلەن ئۈچ قېتىم رەسمىي كۆرۈشىدۇ. شاۋ ئۆزىنىڭ بۇ كىتابىدا ياقۇپبەگ بىلەن ئېلىپ بارغان ئۈچ قېتىملىق سۆھبىتىنى تەپسىلىي بايان قىلىدۇ.

1869 ـ يىلىنىڭ ئاپرېل ئايلىرىدا قەشقەردە يېرىم يىلدەك نەزەربەند ئاستىدا تۇرغان شاۋ ئاخىرى ھىندىستانغا قايتىش ئىجازىتىنى ئالىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ پارس تىلىنى ياخشى بىلىشتەك ئەۋزەللىككە تايىنىپ ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىنى پۇختا ئۆگىنىۋالىدۇ ھەمدە كېيىن يېزىپ نەشر قىلدۇرغان ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقى ھەققىدىكى ئىككى پارچە مۇھىم ئەسىرى — «قەشقەر ۋە يەركەندە قوللىنىلىدىغان تۈركىي تىلنىڭ قىسقىچە


ياقۇپبەگ ئوردىسىنىڭ تېز سىزما رەسمى

قوللانمىسى»[98] بىلەن «قەشقەر ۋە يەركەندە قوللىنىلىدىغان تۈركىي تىلنىڭ لۇغىتى»[99] ئۈچۈن مۇھىم ئاساس سېلىۋالىدۇ. روبېرت شاۋ قايتىشىدا ياقۇپبەگ ئۆز ئەلچىلىرىنى ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ھىندىستانغا ئەۋەتىدۇ. شۇنداق قىلىپ شاۋنىڭ تارىم ئويمانلىقىغا قىلغان بىرىنچى قېتىملىق سەپىرى ئەنگلىيىگە قارام ھىندىستان ھۆكۈمىتى ئۈچۈن مەلۇم نەتىجىلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئەمما شاۋنىڭ رىقابەتچىسى جورجى ھايۋارد پامىر رايونىدا يەرلىك قەبىلىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ.

---

[98] Shaw, Robert Barkley, *A Sketch of the Turki Langguage as spoken in Kashgar and Yarkand*, Calcutta, Vol. 1, 1878 – 80

[99] Shaw, Robert Barkley, *A Sketch of the Turki Langguage as spoken in Kashgar and Yarkand*, Calcutta, Vol. 2, 1878 – 80

روبېرت شاۋ ھىندىستانغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ بۇ قېتىملىق سەپىرى ھەققىدە «ئېگىز تاتارىيىدىكى ياركەند ۋە قەشقەرگە زىيارەت» ناملىق مۇھىم كىتابىنى يېزىپ چىقىدۇ. بۇ كىتاب كالكۇتتادىكى ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار ئىشخانىسىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن 1871 ـ يىلى لوندوندا نەشر قىلىنىدۇ.

بۇ كىتابتا روبېرت شاۋ ئۆزىنىڭ كەشمىردىكى لېھتىن يولغا چىقىپ قاراقۇرۇم تاغلىرىنى كېسىپ ئۆتۈپ يەركەن ۋە قەشقەرگە يېتىپ بېرىش جەريانىدا كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان سەپەر خاتىرىلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلىدۇ. تارىم ئويمانلىقىنىڭ جۇغراپىيىلىك تۈزۈلۈشى، بۇ يەردىكى بوستانلىقلارنىڭ ئەھۋالى، يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ تارىخى، تىل ـ يېزىقى، مەدەنىيىتى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى شۇنىڭدەك تۇرمۇش ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە كەڭ كۆلەمدە توختىلىدۇ. كىتابنىڭ ئاساسىي قىسمىدا ئۆزىنىڭ قەشقەردىكى يېرىم يىلغا سوزۇلغان ھاياتى، قەشقەر شەھىرىنىڭ تۇرمۇش مۇھىتى، ئۆزىنىڭ ياقۇپبەگ بىلەن بولغان ئۈچ قېتىملىق كۆرۈشۈش جەريانى ۋە ھىندىستانغا قايتىش سەپىرى جەريانىدىكى كەچۈرمىشلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەسۋىرلەيدۇ. قىسقىسى، بۇ كىتاب بىزنىڭ 19 ـ ئەسىرنىڭ 60 — 70 ـ يىللىرىدىكى تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي بۆلىكىدىكى بوستانلىقلارنىڭ جەمئىيەت ئەھۋالى ۋە سىياسىي تارىخىنى چۈشىنىشىمىزدە بەلگىلىك ماتېرىياللىق قىممەتكە ئىگە.

1870 ـ يىلىغا كەلگەندە چارروسىيە بىلەن برىتانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى «بۈيۈك ئويۇنى» (Great Game) كۈنسايىن كەسكىنلىشىدۇ. رۇس قوشۇنلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خىۋە، قوقان ۋە بۇخارا خانلىقلىرىنى ئۆزىگە قارام قىلىۋالغاندىن كېيىن، پامىر ئېگىزلىكىگە قاراپ قەدەممۇ قەدەم سۈرۈلىدۇ. بۇنىڭدىن قاتتىق تەشۋىشلەنگەن ئەنگلىيە روسىيىنىڭ داۋاملىق جەنۇبقا كېڭىيىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئافغانىستان بىلەن تارىم ئويمانلىقىنى ئۆز تەسىر دائىرىسى ئىچىدە تۇتۇپ تۇرماقچى بولىدۇ. شۇڭلاشقا ئەنگلىيىگە قارام ھىندىستان ھۆكۈمىتى دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، سىر دوگلاس فورسىيىسنىڭ يېتەكچىلىكىدە قەشقەرگە رەسمىي بىر ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتمەكچى بولىدۇ. فورسىيس تۈركىي تىللىرىنى بىلمىگەچكە، ئۇيغۇر تىلى ھەققىدە پۇختا ئاساسقا ئىگە روبېرت شاۋنى ئۆزىگە ياردەمچىلىككە تاللىۋالىدۇ. ئۇلار 1870 ـ يىلى يازدا دېھلىدىن يولغا چىقىپ، بىرقانچە ئايلىق جاپالىق سەپەردىن كېيىن قەشقەرگە يېتىپ بارىدۇ. ئەمما بۇ ۋاقىتتا ياقۇپبەگ قوشۇنلىرىنى باشلاپ ئۈرۈمچىنى كونترول قىلىپ تۇرغان تۇڭگان قوشۇنلىرىنىڭ بېشى داۋۇت خەلىپە بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقان بولغاچقا، ئەلچىلەر ئۆمىكى قەشقەردە ئۈچ ئاي ساقلاپمۇ ياقۇپبەگ بىلەن كۆرۈشەلمەي ھىندىستانغا قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. فورسىيس 1873 — 1874 ـ يىللىرى ئىككىنچى قېتىم ئەلچىلەر ئۆمىكىنى باشلاپ قەشقەرگە يەنە كېلىدۇ. ئۇلار بۇ

قېتىم قەشقەردە ياقۇپبەگ بىلەن ئاخىرى كۆرۈشىدۇ. بۇ قېتىملىق سەپەرنىڭ تەپسىلاتلىرىنى فورسىس باشچىلىقىدىكى ئەلچىلەر ئۆمىكى كالكۇتتادىكى ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار ئىشخانىسىغا يوللىغان «سېر دوگلاس فورسىسنىڭ يېتەكچىلىكىدە 1873 ـ يىلى قەشقەر ۋە يەركەنگە بارغان ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ دوكلاتى» دا تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ.

1875 ـ يىلى روبېرت شاۋ ئەنگلىيىگە قارام ھىندىستان ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قەشقەرگە ۋاكالەتچى سۈپىتىدە ئەۋەتىلىدۇ. شاۋ قەشقەرگە يېتىپ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ياقۇپبەگ قوشۇنلىرى چىڭ سۇلالىسى ئارمىيىسى تەرىپىدىن تارمار قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئالتەشەھەردە تىكلىگەن قىسقىغىنە ھاكىمىيىتىمۇ شۇنىڭ بىلەن گۇمران بولىدۇ. برىتانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىدىن پايدىلىنىش ئويى ۋە تارىم ئويمانلىقى ھەققىدىكى شېرىن چۈشىمۇ شۇنىڭ بىلەن بەربات بولىدۇ. روبېرت شاۋ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ھىندىستانغا قايتىدۇ ۋە ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن بىرمىغا ئەۋەتىلىپ ۋەزىپە ئۆتەيدۇ. ئۇ 1879 ـ يىلى بىرمىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن 40 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

روبېرت شاۋ جورجى هايۋاردقا ئوخشاشلا برىتانىيە جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئالتۇن مېدالىغا ئېرىشىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ جىيەنى فرانسىس ياڭخازبەند (Francis Younghusband) نى تەربىيىلەيدۇ ھەمدە ئۇنى برىتانىيە بىلەن رۇسىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانى تالىشىش «بۈيۈك ئويۇن» غا باشلاپ كىرىدۇ. دېگەندەك، ياڭخازبەند كېيىنچە تاغىسى روبېرت شاۋنىڭ ئىزىنى بېسىپ، بېيجىڭدىن يولغا چىقىپ، خېيشى كارىدورى ئارقىلىق شىنجاڭغا يېتىپ بارىدۇ. ئۇ شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن قۇمۇل، تۇرپان، قاراشەھەر، كورلا، كۇچا، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، مارالبېشى قاتارلىق جايلارنى بېسىپ ئۆتۈپ ئاخىرى قەشقەرگە يېتىپ بارىدۇ. ئاندىن قاراقۇرۇم تاغلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ ھىندىستانغا قايتىدۇ. كېيىن ئۇ ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق تۇنجى كونسۇلى جورجى ماكارتنېينى باشلاپ قەشقەرگە يەنە بىر قېتىم كېلىدۇ ھەمدە قەشقەردە ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىنى تەسىس قىلىش ئىشلىرىغا ئاساس سالىدۇ.

قىسقىسى، روبېرت شاۋنىڭ بۇ كىتابى ئىنگلىز تىلى دۇنياسىغا تارىم ئويمانلىقىنىڭ يېقىنقى زامان ئەھۋالىدىن خەۋەر بەرگۈچى ئەڭ دەسلەپكى كىتابلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ كىتابنىڭ تۇنجى نەشرىنىڭ ھەجمى 486 بەت بولۇپ، كېيىنچە بىرقانچە قېتىملار قايتا نەشر قىلىنغان. شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يېقىنقى زامان تارىخى ۋە جەمئىيەت ئەھۋالىنى تەتقىق قىلغۇچىلار بۇ كىتابنى مۇھىم بىر مەنبە سۈپىتىدە قارايدۇ.

* * *

ئەمدى روبېرت شاۋدىن كېيىن، ئەنگلىيىگە قارام ھىندىستان ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قەشقەر ۋە يەركەنلەرگە ئەلچىلىككە ئەۋەتىلگەن سېر دوگلاس فورسىس باشچىلىقىدىكى ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ دوكلاتى ھەققىدە ئوقۇرمەنلەرگە قىسقىچە ئۇچۇر بېرىشنى زۆرۈر دەپ ئويلىدىم.

بۇ كىتاب خانلىق كۈتۈپخانىدا بولمىغاچقا مەن ئۇنى مەزكۇر كۈتۈپخانىنىڭ خەلقئارا كىتاب بۇيرۇتۇش مۇلازىمىتى ئارقىلىق ئەنگلىيە كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتى كۈتۈپخانىسىدىن ئالدۇرۇپ كېلىپ كۆردۈم. كېيىن كىتابتىكى قىممەتلىك فوتو سۈرەتلەر ۋە پۈتۈن كىتابنىڭ فوتوكوپىيە نۇسخىسىنى ياپونىيىدىكى كەسىپداشلارنىڭ ياردىمى ئارقىلىق توكيودىكى تويو بۇنكو كۈتۈپخانىسىدىن ئالدۇردۇم.

مەزكۇر كىتابنىڭ تولۇق ئۇيغۇرچە نامىنى مۇنداق تەرجىمە قىلىشقا بولاتتى: «سېر ت. د. فورسىس باشچىلىقىدىكى ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ 1873 ـ يىلى يەركەنگە قىلغان زىيارىتى ھەققىدە دوكلات: يەركەن ئەمىرى ۋە ئۇنىڭ تېررىتورىيىسىنىڭ تارىخى ۋە جۇغراپىيىلىك ئەھۋاللىرى ھەققىدە».[100] كىتاب جەمئىي 15 بابتىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ئاساسلىق مەزمۇنلار تۆۋەندىكىچە:

*بىرىنچى باب ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ تەشكىللىنىشى*

*ئىككىنچى باب قەشقەرىيىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى — جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى، مەمۇرىي تۈزۈلمىسى، تاغ ـ دەريالىرى، شەھەر بازارلىرى، يېزا ـ قىشلاقلىرى، ئاھالىلىرى، مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە باشقىلار*

*ئۈچىنچى باب قەشقەرىيىنىڭ تارىخى*

*تۆتىنچى باب چېدىركۆل ۋە تەڭرىتېغى ئېكسپېدىتسىيىسى*

*بەشىنچى باب مارالبېشى ئېكسپېدىتسىيىسى*

*ئالتىنچى باب پامىر ۋە ۋاخان ئېكسپېدىتسىيىسى*

*يەتتىنچى باب جۇغراپىيىلىك تەكشۈرۈش*

*سەككىزىنچى باب گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش*

*توققۇزىنچى باب قەشقەرىيىدە سودا ـ تىجارەت*

*ئونىنچى باب فوتو سۈرەتلەر*

*ئون بىرىنچى باب دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق*

*ئون ئىككىنچى باب پۇل ـ مۇئامىلە ۋە ئۆلچەم بىرلىكلىرى*

*ئون ئۈچىنچى باب كالېندار*

---

[100] *Report of a Mission to Yarkund in 1873 under command of Sir T. D. Forsyth with Historical and Geographical Information regarding the Possessions of the Ameer of Yarkund*, Calcutta, Printed at the Foreign Department Press, 1875



Altun0q

فورسىس باشچىلىقىدىكى بۇ قېتىملىق ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ تەركىبىدە ئەنگلىيىگە قارام ھىندىستان ھۆكۈمىتىدە خىزمەت قىلىدىغان سىياسىي ۋە مەمۇرىي خادىملار، ھەربىي خىزمەت ئۆتەۋاتقان ئوفىتسېرلار، يەر تۈزۈلۈشىنى تەتقىق قىلىدىغان گېئولوگلار ۋە جۇغراپىيىشۇناسلار، شەرق تىللىرىنى تەتقىق قىلىدىغان تىلشۇناسلار، ئېتنوگرافىيە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئالىملار، قاراقۇرۇمنىڭ تاغ يوللىرىنى پىششىق بىلىدىغان كەشمىرلىك يەرلىك يول باشلىغۇچىلار ۋە ئارقا سەپكە مەسئۇل خادىملار بولۇپ جەمئىي 13 كىشىدىن تەركىب تاپقانىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا ۋەزىپىسى بولۇپ، تارىم ئويمانلىقىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۆمەك ئەزالىرى ئۆز ۋەزىپە دائىرىسى بويىچە تەكشۈرۈش ۋە كۆزىتىش ئېلىپ بارغانىدى. بۇ قېتىملىق زىيارەت ئاخىرلىشىپ، ئەلچىلەر ئۆمىكى ھىندىستانغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار ۋازارىتىگە يوللانغان دوكلاتىنى ئۆمەك ئەزالىرى ئۆز دائىرىسى بويىچە ئايرىم – ئايرىم يېزىپ چىققان، ئاندىن ھەممىسىنى قۇراشتۇرۇپ كىتاب ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەن، ئاخىرىدا 1875 – يىلى كالكۇتتادىكى تاشقى ئىشلار باسمىخانىسى رەسمىي كىتاب ھالىتىدە نەشر قىلغان.

ھازىر بۇ كىتابنىڭ بىزنىڭ قولىمىزغا يېتىپ كەلگەن نۇسخىسى دەل 1875 – يىلى كالكۇتتادا بېسىلغان تۇنجى نەشرىدۇر. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ كىتاب تا ھازىرغىچە قايتا نەشر قىلىنمىغان. بۇ كىتاب 19 – ئەسىرنىڭ ئاخىرقى چارىكىدىكى شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە جەمئىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم مەنبە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بولۇپمۇ مەزكۇر كىتابقا قىستۇرما قىلىپ بېرىلگەن 100 پارچىدىن ئارتۇق فوتو سۈرەت ناھايىتى زور قىممەتكە ئىگە. بۇ سۈرەتلەر يېقىنقى زاماندىن بۇيان، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ھاياتىدىن تارتىلغان تۇنجى فوتو سۈرەتلەر ھېسابلىنىدۇ، شۇنداقلا شۇ مەزگىللەردىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئېتنىك ۋە فولكلور مەدەنىيىتى قاتلىمىنى چۈشىنىشتە ئاز ئۇچرايدىغان مۇھىم ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

*    *    *

19 – ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 20 – ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا ياۋروپالىق تەۋەككۈلچىلەر ۋە سەيياھلار تەرىپىدىن قەدىمىي شەھەر قەشقەر ھەققىدە تالاي كىتابلار يېزىلدى. بۇ كىتابلارنىڭ بەزىلىرى ياۋروپادا قايتا – قايتا نەشر قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن كۆپ قىسمى بىر قېتىملىق نەشرى بىلەنلا توختاپ قالغاچقا، ھازىر بۇ كىتابلارنى ياۋروپا كۇتۇپخانىلىرىدىن تېپىشمۇ قىيىنغا

چۈشىدۇ. قەشقەر ھەققىدە يېزىلغان كىتابلار ئىچىدە ھازىرغىچە ناھايىتى ئاز كىشىلەرلا شۇنىسىلىك مىسسىئونېر جون تۆرنكۇۋىست تەرىپىدىن يېزىلغان، 1926 ـ يىلى ستوكھولمدىكى شۋېتسىيە دىنىي جەمئىيىتىنىڭ باسمىخانىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «قەشقەر: مەركىزىي ئاسىيانىڭ تۇپرىقى، خەلقلىرى ۋە مىسسىئونېرلار ھەققىدە خاتىرىلەر»[101] ناملىق شۋېتچە كىتابقا دىققەت قىلغان بولۇشى مۇمكىن.

مەن بۇ كىتابنى ئۇپسالا ئۇنىۋېرسىتېتى كۆپ خىل ئېتنىك تۈركولوگىيە تەتقىقات ئىنستىتۇتىدىكى ئىنگىۋار سۋانبېرگ ئەپەندىنىڭ تەۋسىيە قىلىشى بىلەن ستوكھولمدىكى خانلىق كۇتۇپخانىدىن تېپىپ كۆردۈم ھەمدە خاتىرە يازدىم. كېيىن ۋەتەنگە قايتىشىمدا ئىنگىۋار ئەپەندى ماڭا بۇ كىتابنىڭ ئۆزى ساقلاۋاتقان ئەسلىي نۇسخىسىنى سوۋغا قىلدى.

بۇ كىتاب 1926 ـ يىلى ستوكھولمدا شۋېت تىلىدا نەشر قىلىنغاندىن كېيىن قايتا نەشر قىلىنمىغان. مەن بۇ كىتابنىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنى ئىزدىگەن بولساممۇ، لېكىن ھېچيەردىن ئۇچرىتالمىدىم. كىتابنىڭ ئاپتورى جون تۆرنكۇۋىست 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى چارىكىدە شۋېتسىيە دىن تارقىتىش ئۆمىكى تەركىبىدە قەشقەرگە كەلگەن بولۇپ، قەشقەر يېڭىشەھەردە ئوننەچچە يىل مىسسىئونېر بولۇپ تۇرغان. ئۇ بۇ جەرياندا ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە تىللارنى خېلى پۇختا ئۆگىنىۋالغان. بولۇپمۇ قەشقەر ۋە يەركەنلەردە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان شۋېت مىسسىئونېرلىرى ئىچىدە ئۇ بىردىنبىر خەنزۇچە بىلىدىغان كىشى ئىدى. ئۇنىڭدىن سىرت، جون تۆرنكۇۋىست ئىشتىن سىرتقى ئۇستا فوتوگراف بولۇپ، شۇ دەۋردە قەشقەر ۋە يەركەنلەردىن زور مىقداردا فوتو سۈرەتلەر تارتقان. ھازىر ستوكھولمدىكى شۋېتسىيە دۆلەتلىك ئارخىپ ئىدارىسى (Riks Arkives) تا ساقلىنىۋاتقان شىنجاڭغا دائىر 15 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق فوتو سۈرەت ئىچىدە جون تۆرنكۇۋىست تەرىپىدىن تارتىلغان رەسىملەر خېلىلا سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

بۇ كىتاب 32 فورمات، جەمئىي 314 بەتلىك بولۇپ، ئۆز دەۋرىدىكى قەشقەرنىڭ جەمئىيەت ئەھۋالى، تەبىئەت مەنزىرىلىرى، قەشقەر كىشىلىرىنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشى، سالام ـ سەھەتلىرى، كىيىم ـ كېچەكلىرى، يېمەك ـ ئىچمەك ئادەتلىرى، دىنىي ئېتىقادى، توي ـ تۆكۈنلىرى، بايرام ـ مۇراسىملىرى، ئائىلە تۇرمۇشى، بازار ۋە مازارلىرى، كارۋان سارايلىرى، خوتۇن ـ قىزلارنىڭ قىياپەتلىرى، بايلارنىڭ ئۆيلىرى، تىلەمچىلەر، مەدىكارلار، موللا ـ قازىلار، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، يامۇللار، قازىخانىلار، قەشقەر يېڭىشەھەردىكى خەنزۇ ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى قاتارلىق كۆپ تەرەپلەردىكى ئەھۋاللىرى فوتو سۈرەتلەرنىڭ ياردىمى بىلەن جانلىق ۋە

[101] John T□nquist, *Kaschgar: Några bilder från Innersta Asiens Land, folk och Mission, Svenska Missionförbundets Forlag*, Stockholm, 1926

قىزىقارلىق قىلىپ بايان قىلىنغان.

كىتابقا ئاپتور تەرىپىدىن تارتىلغان 100 پارچىدىن ئارتۇق فوتو سۈرەت قىستۇرۇلغان بولۇپ، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى قەشقەر جەمئىيىتى ۋە ئۇنىڭ فولكلور مەدەنىيىتى ناھايىتى ئوبرازلىق ۋە ھۆججەتلىك ئاساستا يورۇتۇپ بېرىلگەن.

كىتابتىكى قىستۇرما سۈرەتلەر ئادەمنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە جەلپ قىلىدۇ. بۇ سۈرەتلەر قەشقەر خەلقىنىڭ كۈندىلىك ھاياتى، چىڭ خاندانلىقىنىڭ قەشقەردىكى ئەمەلدارلىرى ۋە يامۇللىرى، شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن يالىڭ زېڭشىن تەرىپىدىن قەشقەرگە تىتەيلىككە تەيىنلەنگەن ما تىتەي ــ ما فۇشىڭنىڭ پورترېتى ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ كۆرۈنۈشلىرى، ئەنگلىيە ۋە رۇسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىلىرى ۋە دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىرى، پامىر قىرغىزلىرىنىڭ تۇرمۇشى، قەشقەر ئەتراپىدىكى يېزا ـ كەنتلەر ۋە بوستانلىقلارنىڭ كۆرۈنۈشلىرى، يەرلىك ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەر، بازار ۋە مازارلارنىڭ كۆرۈنۈشلىرى قاتارلىق كەڭ مەزمۇنلارغا بېرىپ تاقىلىدۇ.

كىتابنىڭ 108 ـ ، 109 ـ . 110 ـ ، 111 ـ بەتلىرىگە بېرىلگەن قەشقەردىكى بايلار، موللاملار، مەدىكارلارنىڭ سۈرەتلىرى، شۇنىڭدەك قەشقەر شەھىرىدىكى بىر باينىڭ ئۆز ئۆيىدە ئوغلى بىلەن چۈشكەن سۈرىتى ئالاھىدە خاراكتېرلىكتۇر. بىز بۇ سۈرەتلەردىن 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى قەشقەر كىشىلىرىنىڭ پورترېتلىرى، كىيىم ـ كېچەكلىرى، قاتلاملىرى ۋە روھىي كەيپىياتىنى ئېنىق ھېس قىلالىشىمىز مۇمكىن.

ئۇنىڭدىن باشقا، كىتابنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا بېرىلگەن بىرقانچىلىغان سۈرەتلەرمۇ مۇھىم قىممەتكە ئىگە. مەسىلەن، 115 ـ بەتتىكى سۈرەتتە يۈزىگە چۈمبەل ئارتىپ، ئۇزۇن يوللۇق پەرىجە كىيگەن ئۈچ ئايال كوچىدىكى دەرەخ سايىسىدە پاراڭلىشىپ تۇرماقتا؛ 116 ـ بەتتىكى سۈرەتتە تال باراڭنىڭ سايىسىدا چىرايلىق كىيىنگەن، چاچلىرىنى قىرىق تال ئۆرۈگەن بىرقانچە چوكان يىپ ئېگىرگەچ پاراڭلىشىپ ئولتۇرماقتا؛ 117 ـ بەتتىكى سۈرەتتە ياش ھەم چىرايلىق بىر چوكان قۇچاقتىكى بالىسىنى كۆتۈرۈپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرماقتا؛ 119 ـ بەتتىكى سۈرەتتە تۈمەن دەرياسىنىڭ بويىدا بىر جۈپ چىرايلىق ئۇيغۇر قىزى سۇ كېچىپ ئوينىماقتا. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچلىرىنى ئالدىغا چۈشۈرۈپ، گۈللۈك كۆڭلىكىنىڭ پەشلىرىنى ئىككى قولى بىلەن سەل ـ پەل كۆتۈرۈۋالغان، ئوشۇقلىرىنى تۈمەن دەرياسىنىڭ سۈيى يالاپ تۇرغان، ئاپپاراتقا قاراپ خۇمار كۆزلىرى بىلەن كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇرغان قىزنىڭ سۈرىتى ئادەمنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرىدۇ. قىز ئېھتىمال 14 ياكى 15 ياشلارغا كىرگەن بولسا كېرەك، يۈز تۈزۈلۈشى ۋە قاراشلىرى بەئەينى ئادەمدە كومپيۇتېر تېخنىكىسى بىلەن

ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن «كرورەن گۈزىلى» نى ئەسلىتىدۇ...

ئۇنىڭدىن باشقا، كىتابتا يەنە قەشقەردىكى بىر ئاممىۋى مەيداندا (ئېھتىمال بۇ پۇتبول مەيدانى بولسا كېرەك) مىڭلىغان تاماشىبىنلارنىڭ ئارىسىدا تەكەببۇرلۇق بىلەن قاراپ تۇرغان رۇسىيە كونسۇلى پېتروۋسكىينىڭ سۈرىتىمۇ ئۇچرايدۇ.

ئومۇمەن، بۇ كىتاب 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى قەشقەرنى چۈشىنىشتە ماتېرىياللىق قىممىتى زور بولغان شۋېت تىلىدىكى مۇھىم مەنبە ھېسابلىنىدۇ.

*　　　*　　　*

بىر كۈنى خانلىق كۇتۇپخانىنىڭ مەخسۇس تور بېكىتىگە كىرىپ، ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر كىتابلارنى ئىزدەۋاتقىنىمدا، ئامېرىكىلىق ئەھمەد كامال ئىسىملىك بىر ئاپتورنىڭ «تەبەسسۇم يىتكەن زېمىن»[102] ناملىق بىر كىتابىنىڭ ئۇچۇرىنى كۆرۈپ قالدىم. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۈركىيىدىن قەشقەرگە كېلىپ، يېڭى مائارىپ ۋە جەدىدچىلىك ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللانغان ئەھمەد كامال ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغانىدىم. كېيىن ياڭ زېڭشىن ئۇنى قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە يالاپ ئېلىپ كېلىپ، ئىچكىرى ئۆلكىلەر ئارقىلىق ئۆز ۋەتىنىگە يولغا سالغان ئىكەن. ئەمما ئامېرىكىلىق ئەھمەد كامال زادى كىم؟ ئۇنىڭ بۇ كىتابىدا



قارا قۇرۇم تاغلىرىنى ئېشىپ قاغىلىقنىڭ «كۆكيار» دېگەن جايىغا يېتىپ كەلگەن ئەھمەد كامال (سولدىن 1 ـ كىشى) ۋە ئۇنىڭ يولباشلىغۇچىلىرى

يۈرتىمىزنىڭ قايسى دەۋردىكى جەمئىيەت ئەھۋالى يورۇتۇلغان؟ مەن بۇ كىتابقا قىزىقىپ قېلىپ، خانلىق كۇتۇپخانىدىن ئىزدىگەن بولساممۇ، لېكىن تاپالمىدىم. كېيىن ئىنتېرنېت تورى ئارقىلىق ئامېرىكىدىكى ۋاشىنگتون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقانلىقىنى بىلدىم. ئىككى ھەپتىدىن كېيىن خانلىق كۇتۇپخانىنىڭ خەلقئارالىق كىتاب مۇلازىمەت

102 Ahmad Kamal, *Land Without Laughter*, New York, Charles Scribner's Sons, 1940

مەركىزى ماڭا بۇ كىتابنى خەلقئارا تېز يوللانما بىلەن ئەكىلىپ بەردى.

كىتابنى قولۇمغا ئېلىپلا ئوقۇشقا كىرىشىپ كەتتىم. بۇ كىتاب ۋە ئۇنىڭ ئاپتورى ھەققىدە مەن ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغان ئىكەنمەن شۇنداقلا باشقىلاردىنمۇ بۇ كىتاب ھەققىدە ھېچقانداق ئۇچۇر ئاڭلىمىغان ئىكەنمەن. ئۇنىڭدا يۇرتىمىزنىڭ 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىكى بوران ـ چاپقۇنلۇق داۋالغۇپ تۇرغان تارىخىي رېئاللىقى بىر ئامېرىكىلىق سەيياھنىڭ بايانىدىن ھېكايە قىلىنغان بولۇپ، مۇشۇ كەمگىچە بىزگە تېخى بىلىنمىگەن بىر مەنبە ئىكەن.

كىتابنى ئېچىشىڭىزغا ئۇنىڭ بىرىنچى بېتىدە ئاپتور تەرىپىدىن بېرىلگەن تۆۋەندىكى كىرىش سۆز كۆزىڭىزگە چېلىقىدۇ:

*ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي ئاخبارات ئورگىنىنىڭ مۇئەللەق مەخپىي ئارخىپلىرىنى ۋاراقلىغان چېغىڭىزدا (ناۋادا بۇ پۇرسەت سىزگە نېسىپ بولسا) ، سىزگە مۇنداق بىر سىرلىق كىشىنىڭ ئارخىپى ئۇچرىشى مۇمكىن:*

*ئەھمەد كامال ـــ ئامېرىكا گرازدانى. ئۇ ئىشپىيونلۇق، قوترىتقۇلۇق ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە كوممۇنىزمغا قارشى بۇزغۇنچىلىق جىنايىتى بىلەن ئەيىبلەنگەن.*

*مۇسادىرە قىلىنغان مال ـ مۈلكى ئىچىدە بىر قانچە جىلد خاتىرىگە يېزىلغان ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى ۋە مەدەنىيىتىگە دائىر ئىلمىي دوكلاتلار، بىر قانچە يۈز پارچە يەرلىك خەلقلەرنىڭ ئانتروپولوگىيىسىگە چېتىلىدىغان فوتو سۈرەتلەر ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئاناتومىيىسى ۋە فىلولوگىيىسىگە دائىر ماتېرىياللار بار.*

*ئارخىپقا پېقىر ھەققىدە يەنە تۆۋەندىكى بايانلار يېزىلغان:*

*«جىنايەت گۇماندارىنىڭ جىسمانىي تەسۋىرى تۆۋەندىكىچە:*

*24 ياش، بويى ئېگىزلىكى 5 فوت 11 ئىنگلىز چىسى، ئېغىرلىقى 63 كىلوگرام، بېشى قىرقىلغان ، قىزغۇچ، سىم ساقال،كۆزى كۆك رەڭ يېشىل، سول مەڭزىدە تارتۇقى بار.*

*تەپسىلاتى: ئۇيغۇر تىلىنى سۇدەك سۆزلەيدۇ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىگە قىزىقىدۇ. ھىندىستان، تىبەت ۋە ھىمالايا، قارا قۇرۇم تاغلىرى ئارقىلىق شىنجاڭ چېگرىسىغا كىرگەن. ئاقسۇدا سوۋ ـ كىيالڭ (سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىكى مەخپىي ساقچىلىرى) تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان. سەپەرداشلىرىدىن نەسىردىن ھاجى، كىچىك ئاخۇن، مۇھەممەت ئىمىن ئىبىن ئەزىزوف ۋە ھاشىم ئاخۇنلار ئورۇمچىگە يالاپ ئېلىپ بېرىلىپ مەخپىي ئۆلتۈرۈلگەن.*

*جىنايەت گۇماندارىنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىشقا دەلىل ـ ئىسپاتلار يېتەرسىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە، سىرتنىڭ بېسىمى تۈپەيلى تۈرمىدىن بوشىتىلىپ،*

شىنجاڭ چېگراسىدىن چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن قۇمۇلغا يولغا سېلىنغان. بىراق قۇمۇلدىكى تەكشۈرۈشتە ئۇنىڭ خوتەندىكى ما خۇسەن قوماندانلىقىدىكى تۇڭگان ئارمىيىسى بىلەن مۇناسىۋىتى بارلىقى بايقالغاندىن كېيىن، قايتىدىن قولغا ئېلىنىش بۇيرۇقى چۈشۈرۈلگەن. قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ گارنىزون قوماندانى سارت (ئۇيغۇر) × × (بۇ يەردە يولبارسنى دېمەكچى — تەرجىماندىن) نىڭ قەستەن بېپەرۋالىق قىلىشى تۈپەيلىدىن بۇ ئامېرىكىلىق گويى چۆللۈككە قېچىپ كېتىپ، شىنجاڭ چېگراسىدىن چىقىپ كەتكەن. مەركىزى سوۋېت دۈشمىنىنى تۇتۇش ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە بۇيرۇق چۈشۈرۈلگەن.»

مانا بۇ پېقىر ھەققىدە سوۋېت ئىستىخباراتى ھەربىي ئارخىپلىرىدا ئۇچرايدىغان مۇتلەق مەخپىي خاتىرىلەر. مەن قولغا ئېلىنغان چاغدا يانچۇقىمدا 43 فونىد پۇلۇم بار ئىدى. تۈرمىدىن بوشىنىپ چىققىنىمدا، بىر ئەدىيال، بىر چۆگۈن، بىر ياغاچ قاچا ۋە 125 يۈەن جۇڭگو پۇلىدىن باشقا مال ـ مۈلۈكلىرىمنىڭ ھەممىسى مۇسادىرە قىلىنغانىدى. سوۋېت ئىستىخباراتى مەخپىي ساقچىلىرى تەرىپىدىن مۇسادىرە قىلىنغان مال ـ مۈلۈكلىرىم ئىچىدىكى جەمئىيەت تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىم كېيىنچە سوۋېت ئىستىخباراتىدىكى بىر ئاتالمىش «تەتقىقاتچى، ئالىم» نىڭ قولىغا چۈشۈپ، ئۇنى كېيىنچە ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى ساھەسىدە ئالىملىق مەرتىۋىسىگە ئىگە قىلدى. مېنىڭ شىنجاڭ ھەققىدىكى دالا تەكشۈرۈش ۋە ئېتنوگرافىيىلىك ماتېرىياللىرىم يۈتۈنلەي دېگۈدەك ھېلىقى «جاناب» نىڭ نامىدا ئېلان قىلىندى. مانا بۇلار مېنىڭ تۆۋەندىكى ئەسلىمەمگە ئاساسلانغان خاتىرەمنى ئوقۇرمەنلەرگە تەقدىم قىلىشتىن ئاۋۋال دېمەكچى بولغانلىرىم.

ئەھمەد كامالنىڭ بۇ كىتابىنىڭ كىرىش سۆزى ئەنە شۇنداق باشلانغانىدى. ئەمدى ئوقۇرمەنلەرگە ئۇنىڭ بۇ كىتابىدىكى مۇھىم مەزمۇنلارنى تونۇشتۇرۇشتىن ئاۋۋال ئۇنىڭ تەرجىمىھالى ھەققىدە ئازراق توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ئەھمەد كامال ئامېرىكىنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىدا تۇغۇلغان ۋە بالىلىق دەۋرىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزگەن. دادىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئاپىسى ئۇنى ئېلىپ مېكسىكا چېگراسىغا يېقىن بولغان ياكۈي (Yaqui) دېگەن بازاردىن شىمالىي داكوتا شتاتىنىڭ سىئوكس (Sioux) شەھىرىگە كۆچۈپ بارىدۇ ۋە شۇ يەردە ئولتۇراقلىشىدۇ. ئوتتۇرا مەكتەپنى تاماملىغاندىن كېيىن گېرمان قان تېپىدىن بولغان لوسار ۋون رىچتېر (Lothar Von Richter) دېگەن ئوقۇتقۇچىدىن گېرمان تىلى ئۆگىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ھەربىي ئىنىستىتۇتقا كىرىپ ئەسكىرىي تەشكىللىنىش، ئۇرۇش تاكتىكىسى ۋە قەدىمكى تۈركىي تىلى قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆگىنىدۇ.

بۇ جەرياندا، ئۇ يەنە تاتار قان تېپىدىن بولغان پروفېسسور مۇساجاننىڭ يېتەكچىلىكىدە بولىدۇ ھەمدە تۈركىي — تاتار تىللىرىنى پۇختا ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىسى مۇساجان قازاندا تۇغۇلغان تاتار بولۇپ، چار رۇسىيە

ساقچىلىرىنىڭ تۇتقۇنىدىن قېچىپ ئامېرىكىدا ئولتۇراقلاشقان تاتار مۇسۇلمان زىيالىيلىرىدىن ئىكەن.

ئەمدى ئەھمەد كامالنىڭ ئائىلە ئارقا كۆرۈنۈشىگە كەلسەك، ئۇنىڭ ئەجدادلىرىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئامېرىكىغا كۆچمەن بولۇپ بارغان تاتارلاردىن ئىكەن.

ئۇنىڭ ئۇلۇغ بوۋىلىرى 1794 ـ يىلى ۋېنگىرىيىنىڭ بۇداپېشت شەھىرىدە ئولتۇراقلىشىدۇ. ئۇلار ئەسلىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇخارا خانلىقى تەۋەسىدە ياشايدىغان قارا قوي قەبىلىسىدىن بولۇپ، ئۆز دەۋرىدە چار رۇسىيە تەۋەسىدىكى تۈركىي تىللىق مۇسۇلمانلارنى بىرلەشتۈرۈپ، قازان خانلىقىنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغانىكەن. لېكىن چارروسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ قانلىق باستۇرۇشى تۈپەيلى ۋېنگىرىيىگە قېچىپ كەتكەنىكەن. كېيىن ئۇيەردىمۇ تۇرالماي، ئەھمەد كامالنىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى دەۋرىگە كەلگەندە، يەنى 1874 ـ يىلى ئامېرىكىغا كۆچمەن بولۇپ ئولتۇراقلاشقانىكەن.

1935 ـ يىلى ئەھمەد كامال ئامېرىكىدىكى بىر فوند جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمىگە ئېرىشىدۇ ھەمدە ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ قەدىمكى ئانا ۋەتىنى بولغان مەركىزىي ئاسىياغا بېرىش قارارىغا كېلىدۇ. لېكىن شۇ يىللىرى سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا بېرىش مۇمكىنچىلىكى بولمىغاچقا، جۇڭگونىڭ غەربىي چېگرا ئۆلكىسى شىنجاڭغا بېرىپ ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارماقچى بولىدۇ.

ئۇ كالىفورنىيىنىڭ پورت شەھرى بولغان سان ـ پېترودىن ياپونىيىنىڭ «تەيىيو مارۇ» ناملىق پاراخوتىغا چۈشۈپ شياڭگاڭغا كېلىدۇ. شياڭگاڭدىن يەنە «گىنيو مارۇ» ناملىق پاراخوتىغا ئولىشىپ ھىندىستاننىڭ بومباي شەھىرىدە قۇرۇقلۇققا چىقىدۇ. ئۇ بۇ يەردىن ھىندىستاننىڭ ئاگرا، دېھلى، لاھور، پېشاۋۇر، راۋالپىندى قاتارلىق شەھەرلىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ، «ئاسىيانىڭ شۋېتسارىيىسى» دەپ ئاتالغان كەشمىرگە يېتىپ بارىدۇ. سىرىناگار شەھىرىدە ئۇ ئابدۇل ئاخۇن، تومېك، توجىلاق، كۇئېن قاتارلىق يەرلىك يول باشلىغۇچىلارنىڭ يول باشلىشى بىلەن لېھ، لاداخ، غەربىي تىبەت، شەيدۇللا ئېغىزى ئارقىلىق بىرقانچە ئاي يول يۈرۈپ قاغىلىقنىڭ كۆكيار دېگەن تاغلىق كەنتىگە يېتىپ كېلىدۇ. ئەھمەد كامال كۆكياردا تۇرۇپ ئۆز خاتىرىسىگە مۇنۇ جۈملىلەرنى يازىدۇ:

*ئالدىمدىكى بۇ پايانسىز زېمىن فرانسىيىنىڭ ئۈچ ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ كۆپ قىسمى قۇملۇق ۋە سۇسىز چۆللۈكلەردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، شەھەر ـ بازارلار ئاساسەن دېگۇدەك دەريا بويلىرىنى مەركەز قىلغان بوستانلىقلارغا جايلاشقان. ھەر بىر بوستانلىققا يېتىپ بېرىش ئۈچۈن ئاز دېگەندە بىرقانچە كۈن يول يۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. شەھەرلەر سېپىللار بىلەن قورشالغان*

*بولۇپ، كىشىگە ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ سىرلىق مەنزىرىسىنى ئەسلىتىدۇ.*
*بۇ دۇنيادىكى ئەڭ تەنھا ۋە ئەڭ بېكىك رايونلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەردە ياشىغۇچى يەرلىك خەلقلەرمۇ دۇنيادىن ئەڭ بىخەۋەر، ئەڭ بىخۇد كىشىلەر تۈركۈمىدىن ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى ئۆز دەۋرىدە ئاسىيا تارىخىدا مۇھىم روللارنى ئوينىغان. ئۇلارنىڭ قېنىدا ھونلارنىڭ، ماكېدونىيىلىكلەرنىڭ، تۈركلەرنىڭ، موڭغۇللارنىڭ ۋە جۇڭگولۇقلارنىڭ ئوخشاشمىغان نىسبەتتىكى خورۇچلىرى بار. ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ئۇرۇشلاردىكى جەڭگىۋار روھى چىڭگىزخان، ئاتتىلا ۋە ئىسكەندەر ئارمىيىسىنىڭ جاسارىتىدىن ئۈلگە ئالغان، ئۇلارنىڭ دىنىي ساداقىتى سالاھىددىن ۋە تىمۇرلەڭدىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ سىرلىقلىقىغا جۇڭگونىڭ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئەنئەنىسى مەلۇم دەرىجىدە رەڭ بەرگەن...*[103]

ئەھمەد كامال كۆكيارغا كېلىشى بىلەن ئەينى ۋاقىتتا قاغىلىقنىڭ شەرقىدىن تاكى چارقىلىققىچە بولغان كەڭرى رايونلارنى كونترول قىلىپ، ئۆلكە ئارمىيىسى بىلەن تىركىشىپ تۇرغان ما خۇسەن قوماندانلىقىدىكى 36 ـ دىۋىزىيىنىڭ تۇڭگان ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن نەزەربەند ئاستىغا ئېلىنىدۇ. ئىككىنچى كۈنى تۇڭگان ئەسكەرلىرى ئۇنى يالاپ قاغىلىققا ئېلىپ بارىدۇ. قاغىلىقتىكى تۇڭگان ئەسكەرلىرىنىڭ قوماندانى كۆرۈنۈشتە ئۇنى قىزغىن كۈتۈۋالغاندەك قىلىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ كەينىگە مەخسۇس پايلاقچى قويۇپ كۆزىتىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىنى چەكلەيدۇ.

تۇڭگان ئەسكەرلىرى ئۇنىڭ ئامېرىكىلىق ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ما خۇسەننىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىنى تىڭ ـ تىڭلىغىلى كەلگەن ئىشپىيون بولسا كېرەك دەپ ئۇنىڭغا بولغان نازارىتىنى كۈچەيتىدۇ. ئۇنىڭ كوچا ـ كويلارغا ئەركىن ـ ئازادە چىقىشىنى ۋە يەرلىك خەلق بىلەن سۆھبەتلىشىشىنى چەكلەيدۇ.

شۇنداقتىمۇ ئەھمەد كامال ئامال قىلىپ، قاغىلىق بازىرىنى ئايلىنىپ يەرلىك خەلقنىڭ تۇرمۇشى، ياشاش شارائىتى، ۋە ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى كۆزىتىدۇ. ئۆزىنىڭ بىر قىسىم ئېتنوگرافىيىلىك تەكشۈرۈشلىرىنى ئېلىپ بارىدۇ. بىراق تۇڭگان ئەسكەرلىرى سايىم ئىسىملىك بىر يەرلىك كىشىنى ئۇنىڭغا مەخسۇس كۆزەتچىلىككە قويىدۇ. سايىم ما سىلىڭنىڭ بۇيرۇقى بويىچە، ئەھمەد كامالنى مەجبۇري ھالدا بىر ئۇيغۇر قىزنى ۋاقىتلىق نىكاھىغا ئېلىشقا زورلايدۇ ھەمدە مۇشۇ ۋاسىتە ئارقىلىق ئۇنى كونترول قىلماقچى بولىدۇ. ئەھمەد كامال قانچە قىلىپمۇ بۇ نىكاھتىن قۇتۇلالمايدۇ. ئۇ ئۆز خاتىرىسىگە مۇنداق دەپ يازىدۇ:

[103] A. Kamal, *Land Without Laughter*, pp. 70 – 71

*ئۆيدە مەن يىگىلا نىكاھ ئوقۇلغان ئايالىم بىلەن قالدىم.*

*ئىمام بايىلا ناھايىتى ئاددىي ئېلىپ بېرىلغان توي مۇراسىمىنىڭ نىكاھىنى ئوقۇپ قايتقاندى. بۇ يەردە نىكاھلىنىش شۇنچىلىك ئاسان، ئاجرىشىش ئۇنىڭدىنمۇ ئاسان ئىدى. نىكاھقا نىسبەتەن ئۇلار بۇنى بىر ئادەمنىڭ ھاياتىدىكى مۇھىم ئىش سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى بىر ئويۇندەكلا مۇئامىلە قىلىدىكەن. ئاجرىشىش ئۈچۈن «ئۈچ تالاق!» دېگەن ئىككى ئېغىز سۆزلا لازىم ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ نىكاھ قانداق ئاسان روياپقا چىققان بولسا، شۇنداق ئاسان ئاخىرلىشىدىكەن. ئۇلار خۇدانىڭ ئالدىدىكى ئەر ـ ئاياللىق نىكاھقا بولغان مۇقەددەس ۋەدىگە نىسبەتەن ھېچ قانداق مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالمايدىكەن.*

*بىر قانچە سائەت ئۆتۈپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلىشمىدىم. تۇرۇپلا ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى. ئۇ 13 – 14 ياشلاردا ئىدى، ھېچ بولمىغاندا ئۇ ئۆزىنى 14 ياشقا كىردىم دەپ ئويلايتتى! (بۇ يەردە ھېچكىم ئۆزىنىڭ قانچە ياشقا كىرگەنلىكى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدىكەن. ئۇلاردىن «قانچە ياشقا كىردىڭىز؟» دەپ سورىسىڭىزمۇ، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۆزىنىڭ ئېنىق يېشىنى دەپ بېرەلمەيدىكەن. پەقەتلا «مەن ئۆرۈك چېچەكلىگەندە ياكى ياڭاق پىشقاندا تۇغۇلغان ئىكەنمەن» دېگەن مۇجمەل گەپلەر بىلەن جاۋاب بېرىدىكەن، خالاس.)*[104]

ئاردىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، قاغىلىقتىكى تۇڭگان ئەسكەرلىرى خوتەننى بازا قىلىپ تۇرۇۋاتقان 36 ـ دىۋىزىيىنىڭ مۇۋەققەت قوماندانى ما خۇسەننىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئەھمەد كامالنى خوتەنگە يولغا سالىدۇ. ئەھمەد كامال خىزمەتكارى ئابدۇل ئاخۇن بىلەن ئىككى تۇڭگان ئەسكىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا خوتەنگە قاراپ يولغا چىقىدۇ.

ئىككى ھەپتىگە يېقىن جاپالىق سەپەر ئارقىلىق ئۇلار ئاخىرى خوتەنگە يېتىپ بارىدۇ. ئەھمەد كامال خاتىرىسىگە خوتەن بازىرى ھەققىدە مۇنۇلارنى يازىدۇ:

*خوتەن شەھىرىنىڭ سۇرلۇك سېپىللىرى ئاستىدىكى دەرۋازىدىن كىرىۋېتىپ ئۆزۈمنى ھازىرقى زاماندا ئەمەس، بەلكى ئوتتۇرا ئەسىر شەرقىدە كېتىپ بارغاندەك ھېس قىلدىم. خوتەن كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىمۇ، كىيىم ـ كېچەكلىرىمۇ، يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرىمۇ ۋە تىل ـ شېۋىلىرىمۇ ماڭا قەدىمكى زامانىنى ئەسلەتتى. كۆرپە تۇماق كىيگەن، بىلەكلىرىگە ئوۋ بۈركۈتلىرىنى قوندۇرۇۋالغان يەرلىكلەر، قورال ئاسقان تۇڭگان ئەسكەرلىرى، چۈمبەل ئارتىپ ئۈزۈن پەرىجە كىيىۋالغان ئاياللار، يالاڭ ئاياغ ئويناۋاتقان توپا چىراي باللار ئادەمگە شەرق*

---

104 A. Kamal, *Land Without Laughter*, pp. 102 – 103

*ھاياتنىڭ سېھىرلىك كۆرۈنۈشلىرىنى نامايان قىلاتتى.*[105]

ئەھمەد كامالنى تۇڭگان قىسىملىرىنىڭ قوماندانى ما خۇسەن قىزغىن قارشى ئالىدۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ ھەربىي كوچىنى ئۇنىڭغا كۆز - كۆز قىلىدۇ. ما خۇسەننىڭ غەرىزى ئەھمەد كامالدىن ئىبارەت بۇ ئامېرىكىلىق «مېھمان» نىڭ ۋاستىسى بىلەن ئامېرىكىدىن قورال - ياراغ سېتىۋېلىش ئىدى.

بىر كۈنى ما خۇسەن ئەھمەد كامالنى ئۆزىنىڭ قوماندانلىق شتابى (ئىلگىرىكى خوتەن دوتەي مەھكىمىسى) نىڭ يەر ئاستىغا جايلاشقان خەزىنىسىگە باشلاپ كىرىدۇ. ئەھمەد كامال ھاڭ - تاڭ قالىدۇ: دۆۋە - دۆۋە چوكا ئالتۇنلار، ئالتۇن تەڭگىلەر، ئالتۇندىن ياسالغان زىننەت بۇيۇملىرى، كۈمۈش پۇللار، كۈمۈش قەندەللەر، كۈمۈشتىن ياسالغان چىنە - قاچا، چۆگۈن، بىلەزۈك، ھەمدە چىڭ دەۋرىدە قۇيۇلغان كۈمۈش پۇللار، چاررۇسىيە دەۋرىدە قۇيۇلغان كۈمۈش تەڭگىلەر، دۆۋە - دۆۋە قاشتېشى، ئۈنچە - مارجان ۋە جاۋاھىراتلار بولۇپ، ھەممىسىنى بىرقانچە هارۋىدا يۆتكىگىلى بولىدىغان بايلىقلار ئىدى!

بۇلارنى دەسلەپ ما جۇڭيىڭ قوماندانلىقىدا، كېيىن ما خۇسەن قوماندانلىقىدا بولغان تۇڭگان ئارمىيىسى 1933 - يىلىدىن بۇيان قۇمۇلدىن تاكى خوتەنگىچە بولغان لىنىيىدىكى شەھەر - بازارلارنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ يىغقان ئىدى. بولۇپمۇ ما خۇسەن باشچىلىقىدىكى 36 - دىۋىزىيىنىڭ قالدۇق قىسىملىرى 1934 - يىلىدىن باشلاپ خوتەن رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىغاندىن بۇيان، خوتەن خەلقىنى قان يىغلىتىپ يىغىۋالغان بايلىقلار ئىدى. ما خۇسەن بۇ بايلىقلارنى ئەھمەد كامالغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ:

*«بىزنىڭ ئالدىمىزدا تۇرغان بۇ بايلىقلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ئۇرۇش قوراللىرىنى سېتىۋېلىشىمىز ئۈچۈن تەييارلانغان. شۇڭلاشقا مېنىڭ بۇلارنى سىزگە كۆرسىتىشىمدىكى مەقسىتىم شۇكى، سىزنىڭ ياردىمىڭىز ئارقىلىق مۇشۇ بايلىقلارغا ئامېرىكىدىن ئىلغار قورال - ياراغلارنى ۋە ئۇرۇش ئايروپىلانلىرىنى سېتىۋېلىشتۇر. شۇندىلا مەن پۈتۈن شىنجاڭنى ئالالايمەن. ئالدى بىلەن قەشقەرنى، ئاندىن شىمالغا يۈرۈش قىلىپ ئۈرۈمچىنى ئالىمەن. شىنجاڭنى قولۇمغا ئالغاندىن كېيىن گەنسۇ، چىڭخەي، نىڭشيا ۋە تىبەتلەرنى ئىشغال قىلىمەن. ئاندىن زور قوشۇن تويلاپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئورۇسلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى مۇسۇلمانلارنى قۇتقۇلدۇرىمەن. شۇنداق قىلىپ ئەنشىدىن ھەرەمگىچە بولغان مۇسۇلمانلار دۇنياسىنى تۇتاشتۇرىمەن.*

*مانا مۇشۇ بۈيۈك مەقسەتلىرىمىز ئۈچۈن سىزنىڭ دەرھال خوتەندىن يولغا*

105 A. Kamal, *Land Without Laughter*, pp. 123



Altun0q

*چىقىپ، ئۈرۈمچى ئارقىلىق ئىچكىرىگە بېرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. سىز ئامېرىكا پۇقراسى بولغاچقا، ئۈرۈمچىدىكى شىڭ شىسەيمۇ، سوۋېت خادىملىرىمۇ سىزنى ھېچنېمە قىلالمايدۇ. سىز شاڭخەيگە يېتىپ بارغىنىڭىزدا، مېنىڭ ئىشەنچلىك ئادەملىرىممۇ بارلىق ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى ئېلىپ شاڭخەيگە يېتىپ بارىدۇ ۋە سىز بىلەن شۇ يەردە كۆرۈشىدۇ. ئاندىن سىلەر بىرلىكتە ئامېرىكىغا بارىسىلەر ۋە بىز ئۈچۈن زۆرۈر بولغان قورال - ياراغ ۋە ئۇرۇش ئايروپىلانلىرىنى سېتىۋېلىپ قايتىسىلەر...»*

*مانا مۇشۇ قورقۇنچلۇق گەپلەرنى قىلىشىۋاتقان كىشى ئەمدىلا 24 ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان ما خۇسەن — تۇڭگان قوشۇنلىرىنىڭ باش قوماندانى ئىدى. بىر ياقتا مەن ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان ئالتۇن - كۈمۈش ۋە جاۋاھىراتلار پارقىراپ تۇراتتى، بىر ياقتا قورقۇنچلۇق سىياسىي قارا نىيەتنى كۆڭلىگە پۈككەن بىر ئۇرۇشخۇمار ھەربىي قوماندان كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىتىپ ماڭا ھەيۋە قىلىپ تۇرماقتا ئىدى. مۇشۇ مىنۇتتا مېنىڭ ئۇنىڭغا «ماقۇل» دېمەكتىن باشقا ئامالىم يوق ئىدى، گەرچە ئۇنىڭ بۇ ئەخمىقانە خىياللىرى ۋە پىلانلىرىنىڭ ھازىرقى ۋەزىيەتتە بىر ئۇرۇش تەلۋىسىنىڭ ئىشقا ئاشمايدىغان شېرىن چۈشى ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىپ تۇرساممۇ، ئۇنداق بولمىغاندا، ئۇنىڭ بىر ئېغىز بۇيرۇقى بىلەن جېنىمدىن ئايرىلىدىغانلىقىم ئۆزۈمگە بەش قولدەك ئايان ئىدى.*[106]

ئەھمەد كامال خوتەندە ما خۇسەننىڭ نازارىتى ئاستىدا بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، يەنە ئۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن خوتەندىن ئايرىلىپ، قاغىلىق، يەركەن ئارقىلىق قەشقەرگە يېتىپ بارىدۇ. ما خۇسەن يول بويىدىكى ھەرقايسى شەھەرلەرگە ئۇنى نازارەت قىلىدىغان ئادەملىرىنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ. بىراق ئۇ قەشقەرگە يېتىپ بېرىشى بىلەنلا شىڭ شىسەي بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردىكى يوشۇرۇن خادىملىرىنىڭ قاتتىق كونتروللۇقى ئاستىغا چۈشۈپ قالىدۇ.

ئەھمەد كامال قەشقەردە ئۇزۇن مەزگىل تۇرۇپ قالىدۇ. يا ئالدىغا يا كەينىگە قايتالمايدۇ. ئۇ قەشقەردىكى ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىدىن ئۆزىنىڭ ۋەتىنىگە قايتىشىغا ياردەم قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن بۇ ۋاقىتتا قەشقەر شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئەۋەتكەن مەخپىي خادىملارنىڭ كونتروللۇقى ئاستىدا تۇرۇۋاتقاچقا، ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىمۇ ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشكە ئامالسىز قالىدۇ. ئۇ قەشقەر ۋالىيسىدىن ئۆزىنىڭ ئۈرۈمچى ئارقىلىق ۋەتىنىگە قايتىشىغا ياكى قاراقورۇم تاغلىرىدىن ئۆتۈپ ھىندىستان ئارقىلىق ۋەتىنىگە كېتىشىگە رۇخسەت قىلىشىنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ھېچقانداق جاۋابقا ئېرىشەلمەيدۇ. قەشقەرنىڭ گارنىزون قوماندانى ليۇ بىن ئۇنىڭ

106 A. Kamal, *Land Without Laughter*, pp. 163

كەينىگە مۇسا ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر كىشىنى كۆزەتچىلىككە سېلىپ قويىدۇ. مۇسا ھەرۋاقىت خۇددى سايىدەك ئۇنىڭ كەينىدىن سوگدىشىپلا يۈرگەچكە، ئۇ ئۆزىنىڭ ئېتنوگرافىيىلىك تەكشۈرۈشى ۋە ئىلمىي تەتقىقاتلىرىنى ئەركىن ــ ئازادە ئېلىپ بارالمايدۇ. ئامالسىز قالغان ئەھمەد كامال قەشقەردىكى سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسىغا بېرىپ، ئۆزىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق ۋەتىنىگە قايتىشىنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن رەت قىلىنىدۇ.

بىرقانچە ئايلار شۇنداق ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئاخىرىدا ئەھمەد كامال ئۆزىنىڭ يەرلىك خىزمەتكارى ئەلىنىڭ ياردىمى بىلەن قېچىش پىلانىنى تۈزىدۇ، دەل مۇشۇ كۈنلەردە ئۈرۈمچىدىن قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسىگە شېڭ شىسەينىڭ بۇيرۇق خاراكتېرلىق تېلېگراممىسى كېلىدۇ. تېلېگراممىنىڭ مەزمۇنىنى تەرجىمانلار ئۇنىڭغا تەرجىمە قىلىپ بېرىدۇ:

*« قەشقەردە تۇرۇۋاتقان سالاھىيىتى نامەلۇم ئامېرىكىلىق مېھماننىڭ ۋىزا رەسمىيەتلىرىنى مۇمكىنقەدەر تېز بېجىرىپ بالدۇرراق يولغا سېلىڭلار، ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان ۋىزا پەقەت قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە بارىدىغان يول لىنىيىسىدىلا كۈچكە ئىگە بولىدۇ.*

*(ئىمزا) شېڭ دۇبەن »*[107]

شۇنىڭ بىلەن ئەھمەد كامال ئۈرۈمچىگە يولغا چىقىشقا تەييارلىنىدۇ. قەشقەردىكى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن مەخسۇس سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر ماشىنىسىنى تەييارلايدۇ. لېكىن ئەھمەد كامال ئۇنى رەت قىلىپ، شۇ كۈنلەردە ئۈرۈمچىگە مال ئېلىپ يولغا چىقىش ئالدىدا تۇرغان ئۇيغۇر سودىگەر نەسرىددىن ھاجىنىڭ ماشىنىسى بىلەن ماڭماقچى بولىدۇ. نەسرىددىن ھاجى ھىندىستاندا ئۇزۇن مەزگىل سودا قىلىپ تۇرغان، ئىنگلىزچە بىلىدىغان ئوقۇمۇشلۇق كىشى ئىدى. شۇنداق قىلىپ نەسرىددىن ھاجى ياللىغان سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن 5 ــ Zeiss ماركىلىق گاز ماشىنا لىق يۈك بىلەن ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. ماشىنىنى ۋاسىلى ئىسىملىك بىر رۇس شوپۇر ھەيدەيدۇ. نەسرىددىن ھاجى كابىنكىدا شوپۇر بىلەن بىللە ئولتۇرىدۇ. كۇزوۋپتىكى يۈكنىڭ ئۈستىدە ئەھمەد كامال، كىچىك ئاخۇن، ھاشىم ئاخۇن، مۇھەممەدئىمىن ئاخۇن ئىبىن ئەزىزوف ۋە بىرقانچە خەنزۇ يولۇچىلار ياندىشىپ ئولتۇرىدۇ. يول بويى ئەھمەد كامال مۇھەممەدئىمىن ئىسىملىك 52 ياشلىق بۇ سەپەرداشى بىلەن پاراڭلىشىپ ماڭىدۇ. ئۇ ئەھمەد كامالغا بۇ بىرقانچە يىللاردىن بۇيان قەشقەردە يۈز بەرگەن ۋەقەلەر ۋە ئۆز ئائىلىسىنىڭ ئېچىنىشلىق كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىدۇ:

---

[107] A. Kamal, *Land Without Laughter*, pp. 202

*« ...مۇشۇ بىرقانچە يىللاردىن بۇيان قەشقەر خەلقىنىڭ تارتمىغان جاپاسى قالمىدى. بولۇپمۇ ما جۇڭيىڭ قوماندانلىقىدىكى 36 ـ دىۋىزىيىنىڭ تۇڭگان ئەسكەرلىرى ئۈرۈمچىدىكى ئۆلكە ئارمىيىسىدىن يېڭىلىپ، قەشقەرگە قېچىپ كەلگەندىن كېيىن، خوجانىياز ھاجى قىسىملىرى قەشقەرنى تاشلاپ چىقىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرى قەشقەر يېڭىشەھەردە قامىلىپ ياتقان ما جەنساڭ قوماندانلىقىدىكى تۇڭگان قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىشىپ قەشقەرنى تولۇق چاڭگىلىغا ئېلىۋالدى. شۇ چاغدا قەشقەردە قېپقالغان بىر قىسىم يەرلىك قوراللىق كۈچلەر قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ما جۇڭيىڭ قىسىملىرى تەرىپىدىن ئېچىنىشلىق ھالدا قىرىپ تاشلاندى. شۇندىن كېيىن، ما جۇڭيىڭ، ما فۇيۈەن ۋە ما جەنساڭلار ھەربىي ھالەت ئېلان قىلىپ، ئۆز قىسىملىرىغا ئۈچ كۈن قەشقەر شەھىرىدە قىرغىن ۋە بۇلاڭ ـ تالاڭ ئېلىپ بېرىشقا بۇيرۇق بەرگەن. قەشقەر تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن بۇ ئۈچ كۈنلۈك قەتلىئامدا مىڭلىغان كىشىلەر بىگۇناھ ھالدا ما جۇڭيىڭ قىسىملىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.*[108] *شۇ قېتىمقى بۇلاڭ ـ تالاڭ ۋە قىرغىندا مېنىڭ ئۇكام ۋە ئائىلىسى، ئۇكامنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتقان كىچىك سىڭلىممۇ تۇڭگان ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. تۇڭگانلار ئۇكامنىڭ ئۆيىگە بېسىپ كىرگەندىن كېيىن، ئۇكامنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى تۇتقۇن قىلىپ، ئۇكامنى ئۆيگە يوشۇرۇپ قويغان ئالتۇن ـ*

---

[108] قەشقەر تارىخىدا «قېۋۇزال پاجىئەسى» دەپ ئاتالغان بۇ قېتىملىق تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن قەتلىئام 1934ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 7ـ كۈنىدىن 9 ـ كۈنىگىچە قەشقەرنى ئىشغال قىلغان ما جۇڭيىڭ قوماندانلىقىدىكى تۇڭگان قىسىملىرى تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان. بۇ قېتىملىق قەتلىئامغا ما جۇڭيىڭنىڭ قول ئاستىدىكى ما فۇيۈەن بىلەن «چولاق زىخوي» دەپ ئاتالغان ما جەنساڭلار بىۋاستە بۇيرۇق بەرگەن. ئۈچ كۈنلۈك قىرغىندا قەشقەر شەھىرىدە نەچچە مىڭلىغان بىگۇناھ شەھەر پۇقرالىرى ئۆلتۈرۈلگەن، شەھەر خەلقىنىڭ ئۆي ـ جايلىرى تۇڭگان ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىنىپ، پۇلغا يارىغۇدەك مال-بىساتلىرىنىڭ ھەممىسى بۇلانغان. ئۆلتۈرۈلگەن كىشىلەرنىڭ ئۆلۈكلىرى كوچىلارغا تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتكەن. ھەتتا ئۆلارنى دەپنە قىلىشقا ئادەممۇ يېتىشمىگەن. بۇ قېتىمقى قەتلىئامدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ ئېنىق سانى ھازىرغىچە مەلۇم ئەمەس. لېكىن شۇ يىللىرى قەشقەردە تۇرۇۋاتقان شۋېتسىيە دىن تارقىتىش ئورنىنىڭ دوختۇرخانىسى ۋە مىسسىئونېرلار كوچىلارغا چىقىپ، ئۆلۈكلەرنى تىزىملاپ، سانىنى ئېنىقلىغان. ستوكھولمدىكى شۋېتسىيە باش دىنىي جەمئىيىتىنىڭ ئارخىپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان مىسسىئونېرلارنىڭ شىنجاڭدىكى دىن تارقىتىش پائالىيەتلىرى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى ھەققىدىكى يىللىق دوكلاتىغا ئاساسلانغاندا، شۇ قېتىملىق زور قەتلىئامدا 5 مىڭدىن 6 مىڭغىچە بىگۇناھ پۇقرا ئۆلتۈرۈلگەن. تۆۋەندىكى مەنبەگە قاراڭ:

Palmer, G ed., *En ny port oppnas: fr□ Svenska Missionf□undets arbeta i □tturkestan □en 1892 -1938 och Indien □en 1940 -1942*, Stockholm, 1942 ;

Hultvall, John, *Mission och revolution i Centralasien: Svenska Missionf□bundets i □tturkestan 1892 -1938* , Gummessons, Stockholm, 1981;

مۇھەممەتئىمىن قۇربانى: «قەشقەر تارىخىدىكى ‹قېۋۇزال پاجىئەسى›». قاراڭ «قەشقەر تەزكىرىسىدىن تەرمىلەر»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1999-يىل 8-ئاي نەشرى، 75-، 89- بەتلەردە بۇ ھەقتە تەپسىلىي مەلۇماتلار بېرىلگەن. ئاپتورنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، شۇ يىللىرى شۋېت مىسسىئونېرلىرى قەشقەر كوچىلىرىدا ماجۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ئۆلۈكلەرنى تىزىملىغاندا، بىر قىسىم يەرلىك كىشىلەر شۋېتلارنىڭ جەمئىي 4508 ئۆلۈكنى تىزىملىغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. بۇ سان ھازىر شۋېت ئارخىپلىرىدا ساقلىنىۋاتقان ماتېرىياللاردىكى سانغا قارىغاندا تېخى ئازراق.

*كۆمۈشلەرنى تاپشۇرۇشقا قىستاپتۇ. ئۇكام قەشقەر شەھىرىدىكى باشقا ئائىلىلەرگە ئوخشاشلا ئالتۇن ــ كۈمۈشلىرىنى ئاز ــ ئازدىن بۆلۈپ بىرقانچە جايغا كۆمۈۋەتكەن ئىكەن. ئۇكام ئامالسىز باغنىڭ بىر بۇلۇڭىغا كۆمۈپ قويغان ئالتۇن ــ كۈمۈشلىرىنىڭ بىر قىسمىنى ئەسكەرلەرگە تېپىپ بېرىپتۇ. لېكىن تۇڭگان ئەسكەرلىرى بۇنىڭغا رازى بولماي، «قالغان قىسمىنى نەگە يوشۇردۇڭ؟» دەپ قىستاپتۇ. ئۇكام ئۇلارغا«ھەممىسى مۇشۇ» دەپتۇ. تۇڭگانلار غەزەپلىنىپ ئۇكامغا «قالغان قىسمىنى دەرھال تېپىپ بەرمىسەڭ، كۆز ئالدىڭدا تۇرغۇزۇپ تۇرۇپ ئايالىڭ بىلەن قىزىڭنىڭ نومۇسىغا تېگىمىز» دەپ تەھدىت سالىپتۇ. ئۇكام قورقۇپ كېتىپ باشقا بىر جايغا كۆمۈپ قويغان ئالتۇن ــ كۈمۈشلىرىنىڭ ھەممىسىنى تۇڭگانلارغا بېرىپتۇ. ئۇلار يەنە ئىشەنمەي، «يوشۇرۇپ قويغان ئالتۇن ــ كۈمۈشلىرىڭ يەنە بار، شۇنىمۇ تېپىپ بەر» دەپ تۇرۇۋاپتۇ. ئۇكام ئۇلارنىڭ ئالدىدا زار ــ زار يىغلاپ، «ئەزىرايى خۇدا، ھەممىسى مۇشۇ شۇ، رەھىم قىلىڭلار!» دەپ يالۋۇرۇپتۇ. ۋەھشىي بۇلاڭچىلار ئىپلاسلىق بىلەن ئۇكامنىڭ ئايالىنى، قىزلىرىنى ۋە سىڭلىمنى بىر ــ بىرلەپ ئاياغ ئاستى قىپتۇ، ئاندىن بىر ئائىلە كىشىلىرىنى بىر ياقتىن نەيزىلەپ ئۆلتۈرۈپ بولۇپ چىقىپ كېتىپتۇ.*

*قەشقەردە شۇ قېتىملىق قىرغىن ۋە بۇلاڭ ــ تالاڭدا ئاياغ ئاستى قىلىنغان ۋە ئۆلتۈرۈلگەن خوتۇن ــ قىزلارنىڭ ھەددى ــ ھېسابى يوق. بۇ ئەلەمگە چىدىمىغان بىر قىسىم خوتۇن ــ قىزلىرىمىزمۇ قولىغا پىچاق ئېلىپ نۇرغۇن باسقۇنچىلارنى ئۆلتۈرۈپ ئائىلە قىساسىنى ئالدى. تائىلىقخان قەشقەر شەھىرىدىكى ئەڭ چىرايلىق خوتۇنلارنىڭ بىرى ئىدى. تۇڭگان ئەسكىرى ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكى ئېرى، بالا ــ چاقىلىرى ۋە ئاتا ــ ئانىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ چىرايلىقلىقىغا كۆزى قىيماي خوتۇن قىلىشقا ئېلىپ قاپتۇ. ئۇ قىساس ئېلىش ئۈچۈن، قوينىغا پىچاق يوشۇرۇپ، ھەر كۈنى بىر تۇڭگان ئەسكىرىگە ناز ــ كەرەشمە قىلىپ ئۇنى خالىي بىر ئۆيگە باشلاپ كىرىپتۇ، شەھۋەت تەمەسىدە خۇدىنى يوقاتقان تۇڭگان ئەسكىرى ئۇنىڭغا ئېسىلىشى بىلەنلا قوينىدىن پىچىقىنى ئېلىپ ئۇنىڭ جېنىنى ئېلىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئىلگىرى ــ كېيىن 12 تۇڭگان ئەسكىرىنى ئۆلتۈرۈپ بولغاندا بايقىلىپ قېلىپ ئېتىپ تاشلىنىپتۇ...»*[109]

ئەھمەد كامال ئادەمنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرىدىغان بۇ ئېچىنىشلىق ھېكايىنى ئاڭلاپ مۇھەممەدئىمىندىن «سىز شۇ قېتىملىق قەتلىئامدىن قانداق قېچىپ قۇتۇلدىڭىز؟»دەپ سورايدۇ. مۇھەممەدئىمىن كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا گېپىنى داۋاملاشتۇرىدۇ:

[109] A. Kamal, *Land Without Laughter*, pp. 224 - 225

*«مەن سودا قىلىپ يۈرگەچكە، قولىقىم ئۇزۇن ئىدى. مىا جۇڭنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ نىيىتىنىڭ بۇزۇقلۇقىنى بۇرۇنلا سەزگەنىدىم ھەمدە ئۇرۇق – تۇغقانلىرىمنى ئاگاھلاندۇرغانىدىم. لېكىن ئۇلار ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمىدى. مەن تۇڭگان ئەسكەرلىرى قەشقەرگە يېتىپ كىرىشتىن بۇرۇنلا خوتۇن – بالىلىرىمنى ئېلىپ تاغلىق يېزىدىكى تۇغقانلارنىڭ ئۆيىگە پاناھداپ چىقىپ كەتكەنىدىم. ئاقىۋەت ئويلىغىنىمدەك بۇ پاجىئە يۈز بەردى.*

*خوجانىياز ھاجى بىر ئەخمەق، شۇنچە يىللاردىن بۇيان قولىغا قورال ئېلىپ خەلقنى باشلاپ جەڭ قىلدى. ئاقىۋەتتە شىنىڭ شىسەي بىلەن ئورۇسلارنىڭ دامىغا چۈشۈپ، ئەرزىمىسگەن ئەمەل ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە بىرىپ قەپەسكە چۈشكەندەك قامىلىپ ياتتى. كەلگۈلۈك يەنىلا خەلقنىڭ بېشىغا چۈشتى. مانا ئۇلار ھازىر«بىز بۇ ئىنقىلابتا غەلىبە قىلدۇق!» دەپ يۈرمەكتە. ئۆلكىگە بىر قورچاق قۇجۇشىنىڭ بولۇشى، يامۇللارغا يەرلىكلەردىن بىرقانچە ئەمەلدارلارنىڭ سېپىلىنىشى، ئۆز كىيىملىرى بىلەن ئۆز دەۋرىدە قورال تۇتۇپ جەڭ قىلغان دېھقان بالىلارنىڭ ئەمدىلىكتە ئۆلكە ئارمىيىسىنىڭ ھەربىي فورمىلىرىنى كىيىشى بىلەن نېمە ئىش ھەل بولدى؟ ھېچنېمە ھەل بولمىدى، بەلكى ئۆز ئاياغلىرى بىلەن شىنىڭ دۇبەنىنىڭ تۇرمىسىگە ئۆزلىرىنى تۇتۇپ بەردى. ھازىر ئاڭلىساق خوجانىياز ھاجىنى ئۈرۈمچىدىن ھېچيەرگە بارالمايدۇ دەيدۇ. چۈنكى ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى بىلگەن ھاجىم ئۈرۈمچىدىن ساق – سالامەت قۇتۇلۇپ چىقالايدىغان بولسا، قايتىدىن قولىغا قورال ئېلىپ ئۇلار بىلەن تۇتۇشىدىغانلىقىنى شىنىڭ دۇبەنمۇ، ئورۇسلارمۇ بەش قولدەك بىلىدۇ...»*[110]

ئۇلار ئاخىرى ئاقسۇغا يېتىپ باردۇ. ئاقسۇدا ئۇلارنىڭ سەپىرى ۋاقتىنچە توختاپ قالدۇ. ئاقسۇدىكى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بېنزىن يوق دېگەن باھانە بىلەن ئۇلار چۈشكەن ماشىنىنى توختىتىپ قويىدۇ. ئەھمەد كامال مۇھەممەدئىمىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئاقسۇ كوچىلىرىنى ئايلىنىپ، ئۆز دەۋرىدىكى ئاقسۇ خەلقىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ يەردىكى تەسىرى ھەمدە يەرلىك تىل – شىۋىلەر ۋە مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆزىتىدۇ. بىر كۈنى تۇردى ئاخۇن ئىسىملىك بىر تىلىڭ – تىڭچى ئۇلارنى ئالداپ تۇماق تېپىپ بېرىمەن دەپ بىر سارايغا باشلاپ باردۇ. ئۇ يەردە يوشۇرۇنۇپ تۇرغان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەخپىي خادىملىرى ئەھمەد كامالنى قولغا ئالىدۇ. رۇس ئوفىتسېرى قول ئاستىدىكىلەرگە «بۇ ئامېرىكىلىقنى ھايات قالدۇرۇڭلار!» دەپ بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. ئەھمەد كامال ئاقسۇدىكى بىر قاراڭغۇ كامىردا سوغۇق كۈنلەر بىلەن قاراڭغۇ تۈنلەرنى ئۆتكۈزىدۇ.

---

[110] A. Kamal, *Land Without Laughter*, pp. 225 – 226

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەخپىي خادىملىرى ئۇنى توختىماستىن كۈندە سوراق سوراق قىلىدۇ.

بىر كۈنى كېچىدە قوشنا كامېرنىڭ تېمىدىن ئېچىلغان كىچىككىنە بىر تۆشۈكتىن بىر زەئىپ ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ:

*« — كىم بولىسىز؟ — يەر تېگىدىن ئاڭلانغاندەك بىر زەئىپ ئاۋاز قوشنا كامېرنىڭ تېمىدىن ئاڭلاندى. مەن قىسۇلىقىمنى كامېر تېمىدىن ئېچىلغان كىچىككىنە تۆشۈككە يېقىپ تۇردۇم. ھېلىقى زەئىپ ئاۋاز يەنە بىر قېتىم تەكرارلاندى. مەن ئېغىزىمنى تۆشۈككە يېقىن ئەكىلىپ پىچىرلىدىم:*

*— مەن — ئامېرىكىلىق، مېنى بايىلا مۇشۇ كامېرغا ئېلىپ كىرىشتى. ئۆزىڭىز كىم بولىسىز؟*

*تۆشۈكتىن يەنە بايىقى مەھبۇسنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:*

*— ئامېرىكىلىق!؟ ئامېرىكىلىق دېگەن نېمە ئۇ؟*

*— ئامېرىكا دېگەن بىر مەملىكەت، پەرىڭلەر بىلەن ئوخشاش، ئىنگلىز، ئۆزىڭىز زادى كىم؟*

*— پەرەڭ؟ يا — ئاللا! خۇدا — يا تۇۋا! پەرەڭ بولسىڭىز بۇ نەس باسقان ھەپسىدە نېمە ئىش قىلىسىز؟*

*— تاماشا.*

*— تاماشا!؟ بۇ نەس باسقان ھەپسىدە نېمە تاماشا بولسۇن!*

*قوشنا كامېرنىڭ تېمىدىن ھېلىقى مەھبۇسنىڭ كۈلكە ئارىلاش ئاۋازى ئاڭلاندى:*

*— مېنىڭ ئىسمىم ئابدۇرەھىم، — دېدى ئۇ ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ، — مەن بۇ بەردە ياتقىلى سەككىز ئاي بولدى! ئىككى يۈز قىرىق تۆت كۈن! شۇنداق، سەككىز ئاي! ...*

*ئۇ سۆزلىرىنى تەكرارلىدى، تەكرارلىغانسېرى ئاۋازى بارا — بارا سۇسلاپ كەتتى:*

*— بۇ قاراڭغۇ زىنداندا ئۆزۈم يالغۇز يېتىۋاتىمەن، تىكەندەك يالغۇز! مەن ئەمدىلا ئون يەتتە ياشقا كىردىم، ئۇلارنىڭ مېنى نېمە ئۈچۈن قاماققا ئالغانلىقىنى بىلمەيمەن، ئۇلار ھەتتا سەۋەبىنىمۇ دەپ بەرمىدى....*

*كارىدوردىن ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. قوشنا كامېردىكى مەھبۇسنىڭ ئاۋازى ئۆچتى، ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، بىلمىدىم. يەنە ئۇنىڭ نالە — زارى ئاڭلاندى.*

*— بۇنداق خارۇ زەبۇن بولغىنىمدىن خۇدا جېنىمنى ئالسا بولماسمىدى! كۈندە بەش ۋاخ ناماز ئوقۇۋاتىمەن، تۈن بويى « قۇرئان كەرىم» نى قىرائەت قىلىۋاتىمەن، خۇدايى تائالادىن بۇ قاراڭغۇ زىنداندىن ئازاد قىلىپ، كۈننىڭ يورۇقىنى*

*كۆرستىشنى تىلەۋاتىمەن. مەن راستىنىلا ئېلىشىپ قالايلا دەپ قالدىم...»*[111]

بىر قانچە ھەپتە ئۆتكەندىن كىيىن، مەخسۇس خادىملار ئەھمەد كامال ۋە ئۇنىڭ سەپەرداشلىرىدىن نەسىردىن ھاجى، ھاشىم ئاخۇن، كىچىك ئاخۇن ۋە مۇھەممەدئىمىنلارنى يالاپ ماشىنا بىلەن ئۈرۈمچىگە ـــ شىڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىگە ئېلىپ باردۇ.

ئىككى ـ ئۈچ ھەپتىلىك جاپالىق يول ئازابى ئاقىلىق ئۇلار ئۈرۈمچىگە يېتىپ باردۇ ۋە ئۈرۈمچى تۈرمىسىگە قامىلىدۇ. ئۇنى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن گ ل ك ب خادىمى سېيىت ھاجى(قازاق) سوراق قىلىدۇ ھەمدە ئەھمەد كامالنى «مەن ئىشپىيون، ئەنگلىيە ئىشپىيونى» دەپ ئىقرارنامىگە قول قويۇشقا مەجبۇرلايدۇ. ئەھمەد كامال ئاچلىق ئېلان قىلىپ قارشىلىق كۆرسىتىدۇ. سېيىت ھاجى مۇنداق دەپ تەھدىت سالىدۇ:

*«سىېنىڭ دېلوبىڭ تەكشۈرۈلۈۋاتىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى جەمئىيەت تەكشۈرۈش خاتىرىلىرىڭ بىلەن فوتو سۈرەتلىرىڭ موسكۋاغا ئەۋەتىپ بېرىلدى. موسكۋادىن قاچان قارار كەلگۈچە تۈرمىدە ياتىسەن. ئەگەرده داۋاملىق ئاچلىق ئېلان قىلىپ، ئۆلۈپ كەتسەڭ، ھېچكىم سېنى سۈرۈشتۈرمەيدۇ. لېكىن سەن تاماق يېيىشنى خالايدىغانلا بولساڭ، كۆڭلۈڭ نېمىگە تارتسا، مەن بازارغا ئادەم ئەۋەتىپ ئەكەلدۈرۈپ بېرىمەن...»*[112]

سېيىت ھاجى ئەھمەد كامالنى كۈندە سوراق قىلىپ تۈرلۈك ھىيلە ـ نەيرەڭلەر بىلەن ئۇنى يالغان ئىقرارنامىگە قول قويۇشقا قىستايدۇ. سېيىت ھاجى ئۇنىڭغا يەنە مۇنداق دەپ تەھدىت سالىدۇ:

*«سەن ھەرگىزمۇ جىنايىتىڭنى يوشۇرۇپ قالالمايسەن. چۈنكى سەن دېگەن ئامېرىكىلىق، ئامېرىكا گرازدانى بولغىنىڭنىڭ ئۆزى بۇ يەردە بىر جىنايەت! ھەي، ئامېرىكىلىق، بىزنىڭ قولىمىزدا ھازىر ساڭا ئوخشاش كاپىتالىزم گرازدانلىرىدىن يەنە ئىككىيلەن بار. ئۇلارنىڭ دۆلەتلىرىمۇ سېنىڭ دۆلىتىڭگە ئوخشاشلا سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە كوممۇنىزمنىڭ دۈشمەنلىرىدۇر. شۇڭلاشقا ئۇلار بىزنىڭ تۈرمىمىزدە ياتماقتا. گېرمانىيىلىك فون ھانىبكىن بۇ يەردە ياتقىلى ئۈچ يىل بولدى، يەنە بىرىگە ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇن بولدى!....(مەن شىنجاڭغا كىلىشتىن ئىلگىرىلا گېرمانىيىلىك تېخنىك فون ھانىبكىننىڭ 1933 ـ يىلى دېكابىردا شىنجاڭدا ئىز ـ دېرەكسىز غايىب بولغانلىق خەۋرىنى گېزىتتىن كۆرگەنىدىم. كېيىن يەنە ئۇنىڭ تاغلىق*

---

[111] A. Kamal, *Land Without Laughter*, pp. 242
[112] A. Kamal, *Land Without Laughter*, pp. 269

*قىرغىزلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم. بۈگۈن سوۋېت ئىتتىپاقى مەخپىي خادىمى سىبىيىت ھاجىنىڭ ئاغزىدىن ئۇنىڭ تۈرمىدە تېخى ھايات ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ ھەيران قالدىم.)*[113]

سوراق بىرقانچە ئايغا سوزۇلۇپ كېتىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن مەخپىي خادىملاردىن بىر رۇس، سىبىيىت ھاجى ۋە ساقىلوف ئىسىملىك بىر قىرغىز ئەھمەد كامالنى نۆۋەت بىلەن سوراق قىلىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئۇلار ئەھمەد كامالنى يالغان ئىقرارنامىگە مەجبۇرىي قول قويدۇرالمىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا قاتتىق جىسمانىي جازا قوللىنىدۇ.

شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە، قاتتىق تەن جازاسىغا تارتىلىپ ئۈستۈۋېشى قانغا مىلەنگەن بىر مەھبۇس كامېرغا تاشلىنىدۇ. ئۇ ھوشىغا كەلگەندە ئەھمەد كامال ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىدۇ:

*« — سىز كىم بولىسىز؟*

*قاتتىق قىيناق ئازابىدا ھالىدىن كەتكەن مەھبۇس لەۋلىرىنى تەستە مىدىرلىتىپ گەپ قىلدى:*

*— خەمىت! مەن، مەن ئۆزبېكىستاندىن كەلگەنمەن، مەن ئۆزبېك.*

*— سىز رۇسمۇ؟ - ئۇ زەئىپ ئاۋازى بىلەن مەندىن ياندۇرۇپ سورىدى.*

*— ئامېرىكىلىق! — مەن بېشىمنى چايقىدىم.*

*— ئامېرىكىلىق!؟ — ئۇ بۇ سۆزنى تۆت - بەش قېتىم تەكرارلىدى. ئاندىن كۆزلىرىنى يۇمۇپ بىر ھازا جىمىپ قالدى. ئۇ بىر نەرسە ئويلاۋاتقاندەك قىلاتتى. ئاندىن تۇيۇقسىزلا گېرمان تىلىدا ماڭا گەپ قىلدى:*

— *Guten Morgen!*

*ئۇ ماڭا تىكىلىپ قاراپ بۇ سۆزنىڭ مەندە قانداق ئىنكاس پەيدا قىلىدىغانلىقىغا دىققەت قىلدى. مەنمۇ ئۇنىڭغا گېرمان تىلى بىلەن جاۋاب قايتۇرغىنىمدا، ئۇنىڭ تاتارغان چىرايىدا سۇس كۈلكە پەيدا بولدى. ئۇ ناھايىتى تەستە بېشىنى كۆتۈرۈپ، نۇرسىز كۆزلىرى بىلەن مېنىڭ بېشىمدىن - ئايىغىمغىچە بىر قۇر قاراپ چىقتى.*

*— ئامېرىكىلىق! مەن بىرلىنىدا بولغان كۈنلىرىمدە ئامېرىكىلىقلارنى كۆرگەنمەن. مەن ئىلگىرى ھەجگە بېرىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ھىندىستانغا بېرىپ، بومبايىدىن پاراخوتقا چۈشۈپ مەككىگە، ئۇ يەردىن ئىسپانىيە، فرانسىيە، گېرمانىيىلەرگە بارغانمەن. ئۇندىن باشقا، ياۋروپادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەرنى زىيارەت قىلغانمەن. گېرمانىيىدە ئىنگلىزلارنى كۆرگەنمەن.*

[113] A. Kamal, *Land Without Laughter*, pp. 273

ئۇ سۆزلىرىنى داۋاملاشتۇردى.

— مەن ئىلگىرى شىنجاڭدىن باشقا نۇرغۇن جايلارنى، نۇرغۇن شەھەرلەرنى، مەسىلەن، پارىژ، بېرلىن، موسكۋا قاتارلىق شەھەرلەردە بولغانمەن.

ئۇنىڭ سولغۇن يۈزلىرىگە كۆز ياشلىرى تاراملاپ تۆكۈلدى.

— بەلكىم، مەن ئاشۇ جايلارنى كۆرمىگەن بولسام ياخشى بولاركەن، شۇنداقلا مەن نېمىنى يوقاتقانلىقىمنى ھېس قىلمىغان بولاتتىم، — ئۇ ئاھ ئۇرغان ھالدا سۆزلىرىنى داۋاملاشتۇردى، — مەن دۇنيانى كۆردۈم. نۇرغۇن ئەللەرگە باردىم. مەككىدىكى ھەجنى تۈگىتىپ، ئىستانبۇلغا، ئۇ يەردىن تۈركىيە ئارقىلىق روسىيىگە باردىم. موسكۋادا بىر مەزگىل تۇردۇم. مېنىڭ دۇنيانى چۈشەنگەنلىكىم ئاخىرى بېرىپ مېنىڭ جىنايىتىم بولۇپ قالدى. ئاتا ـ ئانام قول ئىلكىدە بار چوڭ بايلاردىن بولغاچقا، ستالىننىڭ بايلارنى تازىلىشى داۋامىدا ئۆلتۈرۈلدى. مەن ئۆزبېكىستاندىن شىنجاڭغا قېچىپ كىردىم. بۇ يەردىن يىگىت ۋاقتىمدىلا ھەجگە بېرىشنى باھانە قىلىپ ئايرىلدىم. چەت ئەللەردە بىر قانچە يىللار تۇرۇپ قايتىپ كەلگىنىمدە، بۇ يەردىكى ئىنقىلابمۇ ئاخىرلاشقان ئىدى. مەنمۇ ھاجى دېگەن نامغا ئېرىشىپ، يۈز ـ ئابرۇي بىلەن قايتىپ كەلگەن ئىدىم. سىز يۈز ـ ئابرۇينىڭ نېمىلىكىنى چۈشىنەمسىز؟ چۈنكى مەن ھاجى، مەن دۇنيانىڭ نۇرغۇن جايلىرىنى كۆرگەنمەن، شۇڭلاشقا شىڭ دۇبەن مېنىڭدىن ئەنسىرەپ قالدى، سوۋېت خادىملىرى مېنىڭدىن ئېھتىمۇ خاتىرجەم بولالمىدى. ئۇلار «بۇ ئادەم دۇنيانى كۆرۈپ كاللىسى ئېچىلىپ كەتتى، ئۇ ئەمدى تىنچ ياتمايدۇ، ھەرۋاقىت بىز ئۈچۈن بىر يوشۇرۇن خەۋپ، شۇڭلاشقا بىر باھانە تېپىپ ئۇنى كۆزدىن يوقىتىش كېرەك» دەپ ئويلاشتى. مەن چەت ئەلدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۈرۈمچىدىكى بىر ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەنىدىم. مەن بۇ خىزمەتنى تولىمۇ بېرىلىپ ئىشلىدىم. مېنىڭ خىزمەتداشلىرىم، ھەتتا خەنزۇ خىزمەتداشلىرىممۇ مېنى ياخشى كۆرەتتى. لېكىن ئۆز دەۋرىدە ئاتا ـ ئانامنىڭ سوۋېت ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن باستۇرۇلغانلىقى، مېنىڭ ئۆزبېكىستاندىن بۇ يەرگە جېنىمنى ساقلاش ئۈچۈن قېچىپ كەلگەنلىكىم، بۇ يەرگە ئەۋەتىلگەن سوۋېت ئىستىخباراتىنىڭ مەخپىي خادىملىرىغا ئايان ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇلار شىڭ دۇبەنگە «بۇ كىشى خەتەرلىك! ئۇنىڭ ئەركىن ـ ئازادە يۈرۈشى ھۆكۈمەتكە خەۋپ يەتكۈزىدۇ، بىر ئامال تېپىپ ئۇنى كۆزدىن نېرى قىلىش كېرەك» دەپ چاقىقان گەپ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە گېرمانىيىدىكى بىر تونۇشۇمدىن سودا ئىشى توغرىلىق ماڭا بىر پارچە خەت كەلدى. مېنىڭ «گۇناھىم» ئەنە شۇ! ئۇلار شۇ خەتنى مېنىڭ جىنايىتىم دەپ قاراپ مېنى بۇ زىندانغا تاشلاشتى.

ئۇ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، ئىككى قولى بىلەن چىڭ قاماللىۋالدى.

— شۇنداق، مېنى زىندانغا تاشلاشتى. مەن شىنجاڭغا قېچىپ كېلىپمۇ سوۋېت خادىملىرىنىڭ قارا قولىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدىم. ئۇلار مېنى كۆزۈمنى

*ئاچسام ھەتتا بەش بارمىقىمنىمۇ كۆرەلمەيدىغان قاراڭغۇ زىنداندا بەند قىلىدى. بۇ يەردە قاچانغىچە ياتىمەن، ھايات قالىمەنمۇ ـ يوق؟ بۇنىسى ئۆزۈمگىمۇ مەلۇم ئەمەس...*[114]

بىرقانچە ئايلارغا سوزۇلغان سوراق ۋە تېرگاۋلار، ئىنسان قىلىپىدىن چىققان قىيىن ـ قىستاقلار بىلەنمۇ سوۋېت خادىملىرى ئەھمەد كامالنى يالغان ئىقرارنامىگە قول قويدۇرالمايدۇ. ئۇلار ئۇنىڭ يېنىدىن سىياسىي غەرەز ۋە ھەرىكەتلەرگە چېتىلىدىغان ھېچقانداق دەلىل ـ ئىسپات تاپالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ ئامېرىكا پۇقراسى بولغاچقا موسكۋا ئۇنىڭغا ئالدىراپ ئۆلۈم جازاسى بېرىشكە پېتىنالمايدۇ. ئاخىرىدا شىڭ شىسەي موسكۋانىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئۇنى تۈرمىدىن بوشىتىپ، چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىشنى قارار قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئەھمەد كامال تۈرمىدىن چىقىدۇ ۋە ۋەتىنىگە قايتىش تەييارلىقىنى قىلىش ئۈچۈن ئۈرۈمچى كوچىلىرىنى ئايلىنىدۇ:

*«ئۈرۈمچىنىڭ بازارلىرى جەنۇبتىكى مۇسۇلمانلار بازارلىرىدىن تۈپتىن پەرقلىنىدىكەن. بۇ يەردە ئاياللار، ھەتتا مۇسۇلمان ئاياللارمۇ يۈزىگە چۈمبەل ئارتماي كوچىلاردا ئەركىن ـ ئازادە يۈرىدىكەن. يوزۇر كىيىنگەن سېرىق چاچلىق رۇس قىزلىرى تولغان كۆكسىلىرىنى كۆز ـ كۆز قىلغاندەك، ئېگىز پاشنىلىق ئاياغلىرىنى تاكاسلىتىپ توپ ـ توپى بىلەن كوچىلاردا مەغرۇر يۈرۈشىدىكەن...»*[115]

ئۇ تۈرمىدىن چىقىپ ئۈرۈمچىدە بىر ـ ئىككى كۈن تۇرغاندىن كېيىن، قۇمۇلغا ماڭغان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر ھەربىي گاز ماشىنىسىغا چۈشۈپ، يولغا چىقىدۇ. ماشىنا قۇمۇلغا يېتىپ كەلگەندە، قۇمۇلنىڭ گارنىزون قوماندانى يولبارس ئۇنى كۈتۈۋالىدۇ. ئۇ قۇمۇلدا بىرقانچە كۈنلەر تۇرۇپ قالىدۇ. شۇ مەزگىللەردە يولبارستىن خەۋپسىرەپ تۇرۇۋاتقان شىڭ شىسەي ئۇنى ئۈرۈمچىگە چاقىرتىپ تېلېگراممىسىدا يولبارسنىڭ ئۈرۈمچىگە چىقىپ يېڭى ۋەزىپىگە ئولتۇرۇشىنى، قۇمۇلدىكى گارنىزون قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى ئۈرۈمچىدىن ئەۋەتىلگەن بىر ئالاھىدە خادىمغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. يولبارس ئەھمەد كامالغا بۇنىڭ شىڭ شىسەينىڭ بىر ھىيلىسى ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ئۈرۈمچىگە چىقسىلا خوجانىياز ھاجىغا ئوخشاش شىڭ شىسەينىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقى ئېيتىدۇ ھەمدە شىڭ شىسەي بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىكى مەخپىي خادىملىرىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا ئەيىبلەيدۇ.

---

[114] A. Kamal, *Land Without Laughter*, pp. 286 -288

[115] A. Kamal, *Land Without Laughter*, pp. 298



AltunOq

دەل شۇ كۈنلەردە ئۈرۈمچىدىن شىڭ شىسەيىنىڭ ئىمزاسى بىلەن قۇمۇلغا يەنە بىر مەخپىي بۇيرۇق كېلىدۇ. بۇيرۇقتا ئەھمەد كامالنى دەرھال قولغا ئېلىپ ئۈرۈمچىگە قايتىدىن يولغا سېلىشنى بۇيرۇيدۇ:

*ھازىر قۇمۇلغا يېتىپ بارغان ئامېرىكىلىق ئەھمەد كامال بىزنىڭ ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈشىمىز نەتىجىسىدە خوتەندىكى ما خۇسەن بىلەن ئىچكى مۇناسىۋىتى بار ئىشپىيون ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. قۇمۇلدىكى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئۇنى دەرھال قولغا ئېلىپ، ئۈرۈمچىگە يولغا سالسۇن.*

*شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى* ***شىڭ شىسەي***

يولبارس شىڭ شىسەيگە ئىچىدە غۇم ساقلاپ تۇرغاچقا، ئۇنىڭ مەخپىي تېلېگراممىسىغا پىسەنت قىلمايدۇ. ئۇ ئامال قىلىپ ئەھمەد كامالنى دەرھال ئىچكىرىگە يولغا سېلىۋەتمەكچى بولىدۇ. دەل شۇ ۋاقىتتا ئۈرۈمچىدىن ئىچكىرىگە بارىدىغان بىر ماشىنا قۇمۇلغا يېتىپ كېلىدۇ. ماشىنىدا ۋىلھېلم ئىسىملىك بىر گېرمان بىلەن نىكولاي ئىسىملىك بىر رۇسمۇ بار ئىدى. يولبارس ئەھمەد كامالنى دەرھال مۇشۇ ماشىنىغا سېلىپ قويىدۇ ھەمدە شىڭشىڭشىيادىكى چارىدىن ئامان — ئېسەن ئۆتۈشى ئۈچۈن ئۇنىڭ قولىغا ئۆز قولى بىلەن يېزىلىپ ئىمزاسى قويۇلغان ئالاھىدە يول خېتىنى تۇتقۇزىدۇ. بۇ يول خەتكە يولبارسنىڭ ئىسمى بىلەن قۇمۇل ۋالىيسى شيوڭ شياۋيوەن ۋە قۇمۇل ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يۇ چېڭفاڭلارمۇ ئىمزا قويىدۇ:

*سى موريىن ساوى بىر كيشى ايچكارىسىغه بارادور چازالاردا توسماى اوتكورنكلەر*

دىيىب

*سيلنك* ***يولبارس***
*ۋالى* ***شيونك شاويوەن***
*ساقچى باشليغى* ***يو چين فان***
*مينگونينك يگيرمه بەشينچى يلى*

شۇنداق قىلىپ، ئەھمەد كامال يولبارسنىڭ ياردىمى بىلەن شىنجاڭ چېگراسىدىن ئاخىرى چىقىپ كېتىدۇ. ئۇلار چۈشكەن ماشىنا ئېتىسىن غول، گوبى چۆلى ئارقىلىق سۇيىيۇەننىڭ گۈيخۇا شەھىرىگە يېتىپ بارىدۇ. شۇ يەردىلا ئۇ ئۆزىنىڭ قانداقلارچە شىڭ شىسەي بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى مەخپىي خادىملىرىنىڭ قولىدىن ھايات قۇتۇلۇپ چىقالىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئۇقىدۇ:

*«مەن گۈيخۇا شەھىرىگە يېتىپ بېرىپلا ئاندىن ئۆزۈمنىڭ ئۆلگەنلىك*

*خەۋىرىنى ئاڭلىدىم. ئەسلىدە خېلى بۇرۇنلا مېنىڭ جۇڭگو ئوتتۇرا ئاسىياسىدا ئىز – دېرەكسىز غايىب بولغانلىقىم ھەققىدىكى خەۋەرلەر گېزىتكە بېسىلغان ئىكەن. مېنىڭ ئۇزۇنغىچە ئىز – دېرىكىم بولمىغاچقا ئۇرۇق – تۇغقان ۋە دوستلىرىم گېزىتلەردە بېسىلغان مەن توغرىلىق ئەپقاچتى خەۋەرلەرگە بىر – ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي يۈرگەنىكەن.*

*نېمىلا بولمىسۇن، مەن ئاخىرى ئۆزۈمنىڭ قۇتۇلۇپ چىققانلىقىمنىڭ سەۋەبىنى ئۇقتۇم. مېنىڭ بىر يېقىن دوستۇم ئۇزۇنغىچە ئىز – دېرىكىم بولمىغاچقا، ئامېرىكىدىن مېنىڭ خەۋىرىمنى ئېلىش ئۈچۈن جۇڭگوغا كەلگەن ئىكەن. ئۇ مېنى سۈرۈشتۈرۈپ جۇڭگونىڭ غەربىي ئۆلكىسىگە بېرىشنى ئىلتىماس قىلىپتۇ، ھېچ بولمىغاندا، ئۆلۈك – تىرىكلىكىمنى بىلمەكچى بولۇپتۇ. لېكىن شىنجاڭدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىغا مايىل مىلىتارىست شېڭ شىسەينىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچراپتۇ. ئۇ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە، ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىغا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسىغا خەت يېزىپ مېنىڭ ئىز – دېرىكىمنى قىلىپتۇ. لېكىن ھېچقانداق خەۋەرگە ئېرىشەلمەپتۇ. پۇل – پۇچەكلىرىمۇ تۈگەپ، مېنى تېپىشتىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپتۇ. ئۇ ئاخىرىدا گېزىتلەرگە مەن توغرىلىق ئادەم ئىزدەش ئېلانى بېرىپتۇ ھەمدە ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۈچۈن شىنجاڭغا بارغان بىر ئامېرىكا پۇقراسىنىڭ ئىز – دېرەكسىز غايىب بولغانلىقىنى، شىنجاڭدىكى يەرلىك ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋالغانلىقىنى جامائەتچىلىككە ئاشكارىلاپتۇ. نەتىجىدە ئامېرىكا ئەلچىخانىسىمۇ گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئارقىلىق شېڭ شىسەيگە بېسىم ئىشلىتىپتۇ. ئاخىرىدا شېڭ شىسەي ۋە ئۇنى قوللاۋاتقان موسكۋا دائىرىلىرى بۇ ئىشنىڭ خەلقئارالىق تەسىرىدىن قورقۇپ مېنى قويۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولغان ئىكەن. ھەي، قىسمەت!...»*[116]

ئەھمەد كامال ئاخىرىدا بېيجىڭ ئارقىلىق شاڭخەيگە يېتىپ بارىدۇ ھەمدە ئامېرىكىغا قايتىشقا تەييارلىنىدۇ. بىر كۈنى ئۇ شاڭخەي ساھىلىدا كېتىپ بارغىنىدا، ناتونۇش بىر كىشى ئۇنىڭ مۈرىسىنى يېنىك قاقىدۇ. ئەھمەد كامال بۇ كىشىنىڭ كىملىكىنى تونالماي تۇرغاندا، ئۇ ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ماخوسەننىڭ ۋاكالەتچىسى ئىكەنلىكىنى، ما خوسەننىڭ بۇيرۇقى بىلەن بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى ئېيتىدۇ.

ما خوسەن خوتەندە ئەھمەد كامالغا بېسىم ئىشلىتىپ ئۆزىنىڭ خام خىيالى ئۈچۈن ۋاستىچى بولۇشقا قىستايدۇ. ما خوسەننىڭ سوققان چوتى بويىچە، ئەھمەد كامال شاڭخەيگە يېتىپ بارغاندا، ما خوسەننىڭ ئالاھىدە ۋەكىلىمۇ خوتەندىن زور مىقداردىكى ئالتۇن – كۈمۈشنى ئېلىپ شاڭخەيگە بارىدىغان ۋە ئەھمەد كامال بىلەن

[116] A. Kamal, *Land Without Laughter*, pp. 322

كۆرۈشىدىغان بولغانىكەن. ئاندىن ئۇلار بىرلىكتە ئامېرىكىغا بېرىپ ئۇ يەردىكى بىر ھەربىي قورال ـ ياراغ زاۋۇتىدىن قىرغۇچى ئايروپىلان ۋە ئىلغار تىپتىكى ئۇرۇش قوراللىرىنى سېتىۋېلىپ پاراخوت بىلەن ئىراققا ئېلىپ بارماقچى بولغان. ما خۇسەن ئىراق پادىشاھىغا ئەلچى ئەۋەتىپ كېلىشىم ھاسىل قىلغان بولۇپ، ئىراق پادىشاھى بۇ قوراللارنى ئۆز زېمىنى ئارقىلىق قۇرۇقلۇق يولى بىلەن خوتەنگە يەتكۈزۈپ بېرىشكە قوشۇلغانىكەن. ما خۇسەننىڭ ۋەكىلى شاڭخەيگە ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى ئۆزى بىللە ئېلىپ كېلەلىگەن ياكى كېلەلمىگەنلىكى ھەققىدە ئېنىق ئاچمايدۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ ما خۇسەننىڭ ئالاھىدە ۋەكىلى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ھېچقانداق بازما ھۆججەت كۆرسىتەلمەيدۇ. ئەھمەد كامال ئۆزىنىڭ سىياسىيغا قىزىقمايدىغانلىقىنى، خوتەندىكى چېغىدا ئامالسىزلىقتىن ما خۇسەنگە ۋاستىچى بولۇشقا ماقۇل بولغانلىقىنى ئېيتىپ، رەت قىلىدۇ.

1937 ـ يىل 3 ـ ئىيۇلدا خوتەندىكى ما خۇسەن قىسىملىرى مەھمۇت سىجاڭنىڭ قالدۇق قىسىملىرى بىلەن بىرلىشىپ شىڭ شىسەيگە قارشى كەڭ كۆلەمدە قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ. ئامېرىكىدا تۇرۇپ شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىگە يېقىندىن دىققەت قىلىپ تۇرغان ئەھمەد كامال گېزىتلەردە بېسىلغان تۆۋەندىكى خەۋەرنى كۆرىدۇ ۋە كېسىپ ئېلىۋالىدۇ:

*« سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى ۋە ھىندىستاننىڭ كەشمىر رايونى بىلەن چېگرىلىنىدىغان جۇڭگونىڭ ئەڭ غەربىتىكى سىرلىق ئۆلكىسى شىنجاڭدا يېقىندا گېنېرال ما خۇسەن قوماندانلىقىدىكى مۇسۇلمان قوراللىق كۈچلىرى رۇس بولشېۋىكلىرىنى ئارقا تىرەك قىلغان ئۇرۇمچىدىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلدى. مۇسۇلمان كۈچلىرى ناھايىتى تېزلىكتە ئۆلكىنىڭ جەنۇبىدىكى ـــ ماركو پولو ئۆز دەۋرىدە زىيارەت قىلغان قەدىمىي شەھەر ـــ قەشقەرنى ئىشغال قىلدى...»*[117]

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ھېچقانداق خەۋەر ئاڭلىيالمايدۇ. كېيىنچە تېپەتتە ئېتنوگرافىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتقان بىر ئامېرىكىلىق دوستى ئۇنىڭغا خەت يېزىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيىسىنىڭ تۇيۇقسىزلا چېگرىدىن ئۆتۈپ، ئاقسۇدا ما خۇسەن بىلەن ئابدۇنىياز باشچىلىقىدىكى بىرلەشمە قىسىملارنى تارمار قىلغانلىقىنى، شىڭ شىسەينىڭ پۈتۈن شىنجاڭنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ئامېرىكا ۋە ياۋروپا ئەللىرىنىڭ گېزىتلىرىدىمۇ بۇ ھەقتىكى خەۋەرلەر بېسىلىدۇ:

---

117 A. Kamal, *Land Without Laughter*, pp. 327

«I. N. S. ئاگېنتلىقى، توكيو 1937 ـ يىلى 21 ـ ئۆكتەبىر تېلېگراممىسى: جۇڭگو ئوتتۇرا ئاسىياسىدىن ئېلىنغان تازا ئېنىق بولمىغان خەۋەرلەرگە قارىغاندا، يېقىندا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 15 دانە ئۇرۇش ئايروپىلانى چېگرىدىن ئۆتۈپ جۇڭگونىڭ ئەڭ غەربىي ئۆلكىسى ــ شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى بىرقانچە شەھەر ـ بازارلارنى شىددەتلىك بومباردىمان قىلغان.

سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇرۇش ئايروپىلانلىرى چېگرىدىن تۇيۇقسىز كىرىپ قەشقەر، يەركەن ۋە خوتەنلەرگە يۈرۈش قىلغان سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيىسىگە ماسلىشىپ، يەركەن، قاغىلىق، گۇما ۋە خوتەنلەرنى قاتتىق بومباردىمان قىلغان. بىرقانچە ئاينىڭ ئالدىدا قەشقەرنى ئىشغال قىلغان مۇسۇلمان قوراللىق كۈچلىرى شىددەتلىك ھۇجۇمنىڭ زەربىسىدىن يېڭىسار تەرەپكە قاراپ چېكىنگەن. سوۋېت ئايروپىلانلىرى ئۇلارنى قوغلاپ يۈرۈپ ھاۋادىن زەربە بەرگەن. يەرلىك ئاھالىلەر بومباردىمانغا ئۇچراپ قاتتىق تالاپەت تارتقان.

UP ئاگېنتلىقى، توكيو 21 ـ ئۆكتەبىر تېلېگراممىسى: برىتانىيىگە قارام ھىندىستاندىن ئېنىقلانغان خەۋەرلەرگە قارىغاندا، يېقىندا سوۋېت ئىتتىپاقى ھاۋا ئارمىيىسى جۇڭگونىڭ غەربىي ئۆلكىسى شىنجاڭغا تۇيۇقسىز تاجاۋۇز قىلىپ، تاكى تىبەت چېگرىسىغىچە بولغان رايونلارنى بومباردىمان قىلغان. خەۋەرلەرگە قارىغاندا، رۇسلارنىڭ بومباردىمانچى ئايروپىلانلىرى 15 تىن كۆپ ئىكەن.

كۆرۈنۈشلەرگە قارىغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى ھاۋا ئارمىيە كۈچلىرى تىبەت چېگرىسىغا يېقىن بولغان خوتەن بوستانلىقىغىچە بولغان كەڭ رايونلارنى بومباردىمان قىلغان. برىتانىيە ئاخبارات ئورگانلىرى بۇ قېتىملىق ۋەقەنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ‹قوغدىنىش خاراكتېرلىق تاجاۋۇزچىلىق› ى دەپ ئاتىغان.

خەۋەرلەردە ئېيتىلىشىچە، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسىنىڭ بۇ قېتىملىق ‹خەلقئارا قائىدە ۋە ئىنسان ھوقۇقلىرىنى ئاياغ ئاستى قىلىدىغان زوراۋانلىق قىلمىشى› جۇڭگو ئوتتۇرا ئاسىياسىدىكى يەرلىك خەلقلەرنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلكىگە مۆلچەرلىگۈسىز ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرگەن.»[118]

ما خۇسەن بىلەن ئابدۇنىيازنىڭ بىرلەشمە قىسىملىرى سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيىسىنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمى ئاستىدا تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، شىڭ شىسەي شىنجاڭنىڭ يەرلىك خاقانىغا ئايلىنىدۇ. شىڭ شىسەي بۇنىڭ بەدىلىگە ستالىن ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىكى مەنپەئەتلىرىگە تولۇق كاپالەتلىك قىلىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ شىنجاڭنى كۈنسېرى غەربكە قاراپ كېڭىيىۋاتقان ياپونىيە ئارمىيىسىدىن مۇداپىئەلىنىدىغان بىر ئارىلىق رايون قىلىش مەقسىتىگە يېتىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى ئەۋەتكەن مەخپىي خادىملار

[118] A. Kamal, *Land Without Laughter*, pp. 328

شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا كىرىپ ئورۇنلىشىپ، شىبۇ شىنجاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئىشلىرىغا ماسلىشىدۇ.

ئەھمەد كامال ئاخىرى شىنجاڭ ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە خەت يېزىپ، ئۆزىنىڭ شىنجاڭدا مۇسادىرە قىلىنغان مال ـ مۈلۈكلىرى ۋە خاتىرىلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ يەنە شىنجاڭ ھۆكۈمەت دائىرىلىرىدىن ئۆزىنىڭ شىنجاڭغا يەنە بىر قېتىم بېرىپ ئېتنوگرافىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشىغا رۇخسەت قىلىشىنى ئۆتۈنۈپ خەت يازىدۇ:

*ھۆرمەتلىك شىڭ دۇبەن جانابلىرى ۋە لى ئۆلكە باشلىقى جانابلىرىغا:*

*يېقىنىدا بىرقانچە يىلنىڭ ئالدىدا سىزلەرنىڭ باشقۇرۇشىڭىزلار ئاستىدىكى شىنجاڭ ئۆلكىسىگە زىيارەتكە بارغانىدىم. مەن دەسلەپ قىزاراقۇرۇم تاغلىرى ئارقىلىق خوتەنگە باردىم. ئۇ يەردىن قەشقەر ئارقىلىق شىمالىي يۆنىلىشنى بويلاپ ئۈرۈمچىگە باردىم. ئاندىن قۇمۇل ئارقىلىق گوبى چۆلىنى كېسىپ ئۆتۈپ، شەرقىي جۇڭگو دېڭىز بويىغا يېتىپ باردىم ـ دە، ۋەتىنىمگە قايتتىم. مەن ئۆلكىڭىزلەردە زىيارەتتە بولغان چېغىمدا خوتەن، گۇما، قارغىلىق، يەركەن، قەشقەر، ئاقسۇ قاتارلىق شەھەرلەرنى زىيارەت قىلدىم. ۋەھالەنكى، ئاقسۇدا بەختسىزلىككە ئۇچراپ خاتا ھالدا قولغا ئېلىندىم. دەسلەپ ئاقسۇ تۈرمىسىدە، كېيىن ئۈرۈمچى تۈرمىسىدە تاكى گۇناھسىز ئىكەنلىكىم ئىسپاتلانغىچە قامالدىم ۋە كۆپ مۇشەققەتلەر تارتتىم.*

*ئاقسۇدا قولغا ئېلىنغان ۋاقتىمدا بارلىق تەئەللۇقاتلىرىم مۇسادىرە قىلىندى. تەئەللۇقاتلىرىم ئىچىدە بىر قانچە تىزىق ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئۈنچە ـ مارجان، بىرقانچە يۈز پارچە فوتو رەسىم، نەچچە ئون پارچە قوليازما ۋە قەدىمكى ئەسەر، بىر قانچە پارچە سەپەر خاتىرىسى، بىر قانچە تاي يىپەك بار ئىدى. تۈرمىدىن چىققىنىمدا بۇ نەرسىلەر ماڭا قايتۇرۇپ بېرىلمىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز دەۋرىدە ئۇنۇشماسلىقتىن يۈز بەرگەن بەختسىزلىكلەر بولغاچقا، جانابلىرىنىڭ ئالدىراشلىق ئىچىدىن ۋاقىت چىقىرىپ، بۇ ئەرزىمەس ئىلتىماسىمنى قوبۇل قىلىشىڭىزلارنى ئۈمىد قىلىمەن.*

*ئاخىرىدا جانابلىرىدىن ئۆتۈنىدىغىنىم شۇكى، مېنىڭ يەنە بىر قېتىم شىنجاڭغا بېرىپ، ئېتنولوگىيە تەتقىقاتىم ئۈچۈن دالا تەكشۈرۈشى ئېلىپ بېرىشىمغا رۇخسەت قىلىشىڭىزلارنى ئۈمىد قىلىمەن.*

*جاۋابىڭىزلارنى سەمىمىيلىك بىلەن كۈتۈپ:*

***ئەھمەد كامال***[119]

بىر قانچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، ئەھمەد كامال شىنجاڭ ئۆلكىلىك

[119] A. Kamal, *Land Without Laughter*, pp. 329



Altun0q

هۆكۈمەتنىڭ تامغىسى بېسىلغان بىر خالتا ۋە بىر پارچە زاكاس خەت تاپشۇرۇۋالدۇ. خەت شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ قورچاق رەئىسى لى يۇڭنىڭ ئىمزاسى بىلەن يېزىلغانىدى.

Sinkiang Provincial Government, Feb. 28, 1939

Sir Ahmad Kamal Pasha

Your communication duly received, and noted.

The original organ, having investigated the matter referred to, reports that when the party concerned departed from this territory, only his films and diary were detained, because their contents were suspectable to others uses, but all other of his personal effects were returned to him. As to his alleged jewelry, etc., the party at the time gave his assent for their disposition to furnish him with miscellaneous expenses. They were not detained, so cannot be returned.

As to coming to Sinkiang to wind up matters, since the Central Government has banned foreign visitors to this province for the duration of this province's present war of resistance, owing to the importance of defensive measures, the application for a permit must for the time being be denied.

Please note this reply,

**Lee Yung**

Chairman of Provincial Government of Sinkiang

Sealed by T'eng Jin _ zu[120]

ئەھمەد كامالنىڭ «تەبەسسۇم يەتكەن زېمىن» ناملىق بۇ ئەسلىمە

[120] A. Kamal, *Land Without Laughter*, pp. 331:

ئەھمەد كامال پاشا جانابلىرىغا:

سىزنىڭ مەكتۇبىڭىز قولىمىزغا كېچىكىپ تەگدى ۋە جاۋاب قايتۇرۇلدى.

ئەسلىدىكى ئورگان ئۆز ۋاقتىدا سىز ئۆلكىمىز تېررىتورىيىسىدىن ئايرىلىش ئالدىدىلا مەسىلىڭىزگە قاراپ چىققان ئىدى. ناھايىتى ئەپسۇس، سىزنىڭ ئۆلكىمىز تەۋەسىدىن تارتقان فوتو سۈرەتلىرىڭىز ۋە يازما خاتىرىلىرىڭىزنى ھازىرچە قايتۇرۇۋشقا ئامالسىزمىز. چۈنكى يامان غەرەزدىكىلەرنىڭ ئۆز مەقسەتلىرى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ كېتىش ئېھتىماللىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلغىلى بولمايدۇ. بىراق، سىزنىڭ ئۆلكىمىزدە قېپقالغان باشقا شەخسىي بۇيۇملىرىڭىز قايتۇرۇلدى. ئالتۇن-كۈمۈش ۋە ئۇنچە - مارجانلىرىڭىزغا كەلسەك، ئۆز ۋاقتىدا سىزنىڭ ئىشلىرىڭىزغا مەسئۇل بولغان خادىملىرىمىز سىزگە ئەسكەرتكىنىدەك، بۇلارنى ئۆلكە چېگرىسىدىن ئېلىپ چىقىشىڭىز بىزنىڭ ھۆكۈمەت بەلگىلىمىسىدە چەكلەنگەن. شۇڭلاشقا بۇلارنى قايتۇرۇۋشقا ئامالسىزمىز.

ئەمدى سىزنىڭ ئۆلكىمىزگە يەنە بىر قېتىم كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئىلتىماسىڭىزغا ئىجازەت بېرىشكە ھازىرچە ئىمكانسىزمىز. چۈنكى مەركىزىي ھۆكۈمەت چەت ئەللىك ساياھەتچىلەرنىڭ نۆۋەتتە ئۇرۇش ۋە مۇداپىئە ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان چېگرا ئۆلكىمىزگە كېلىشىنى چەكلىمەكتە. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن سىزنىڭ ئىلتىماسىڭىزنى رەت قىلىشقا مەجبۇرمىز.

ئالاھىدە ئەسكەرتىش بېرىلدى،

شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى لى يۇڭ (ئىمزا)

1939 -يىل 2 -ئاينىڭ 28 -كۈنى، ئۈرۈمچى

خاراكتېرلىق كىتابى شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. 400 بەت كېلىدىغان بۇ كىتاب شۇنىڭدىن كېيىن قايتا نەشر قىلىنمايدۇ. بۇ كىتاب شىنجاڭنىڭ 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىكى جەمئىيەت ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ماتېرىيال بولسىمۇ، لېكىن كۆپ كىشىلەرنىڭ نەزىرى ـ گوزىرىگە چۈشمىگەن.

شۇنىڭدىن كېيىن ئەھمەد كامالنىڭ «ئەمىر تېمۇرنىڭ يەتتە سوئالى» (The Seven Questions of Timur) ناملىق يەنە بىر كىتاب يازغانلىقى مەلۇم. ئۇنىڭ كېيىنكى هاياتى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز.

* * *

شىنجاڭنىڭ 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا، كۆپلىگەن غەرب ئاپتورلىرى ۋۇ ئەيچېن (Aitchen K. Wu) ئىسىملىك ئەنگلىيە تەۋەلىكىدىكى بىر جۇڭگولۇق ئاپتورنىڭ نامىنى تىلغا ئالىدۇ. مەن خانلىق كۇتۇپخانىدىن ۋۇ ئەيچېننىڭ «شىنجاڭ تۇمانلىرى»[121] ناملىق كىتابىنى ئارىيەتكە ئېلىپ كۆردۈم ۋە خاتىرە قالدۇردۇم.

بۇ كىتابنىڭ ئاپتورى ۋۇ ئەيچېن 1890 ـ يىللىرى ئەتراپىدا فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ فۇجۇ شەھىرىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ياشلىقىدا ئالىي تەربىيە كۆرگەن. 1932ـ يىلى نەنجىڭ هۆكۈمىتى تەرىپىدىن شىنجاڭدىكى جىن شۇرېننىڭ يەرلىك هۆكۈمىتىگە ئالاهىدە ۋەكىل سۈپىتىدە ئەۋەتىلگەن. ئۇ تيەنجىن پورتىدىن «نەنرىبى مارۇ» ناملىق پاراخوتقا چۈشۈپ، 1932 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ياپونىيىنىڭ كوبى شەھىرىگە بارىدۇ. ئاندىن پاراخوت بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تىنچ ئوكيان بويىدىكى ۋىلادىۋوستوك شەھىرىگە يېتىپ بارىدۇ. ئۇ يەردىن يەنە يىراق شەرق ـ سىبىرىيە تۆمۈر يولى ئارقىلىق نوۋۇ ـ سىبىرىك شەھىرىگە يېتىپ بارىدۇ. ئۇ يەردىن تۈركىستان ـ سىبىرىيە تۆمۈر يولىغا ئالمىشىپ، قازاقىستاننىڭ ئاياگوز شەھىرىگە بارىدۇ، ئاندىن ماشىنا بىلەن شىنجاڭنىڭ چۆچەك شەھىرى ئارقىلىق 1932 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىدۇ.

ۋۇ ئەيچېن ئۈرۈمچىدە تۇرغان كۈنلىرىدە كۆپلىگەن تارىخىي ۋەقەلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابى، جىن شۇرېننىڭ تەختتىن غۇلىشى، ئاق ئورۇسلاردىن ئۇيۇشتۇرۇلغان قىسىملارنىڭ مالىمانچىلىقلىرى، شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭ تەختىگە چىقىشى، ما جۇڭيىڭنىڭ ئۈرۈمچىنى قامال قىلىشى، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىپ ئۈرۈمچى مۇھاسىرىسىنى تارمار قىلىشى قاتارلىق ۋەقەلەرگە شاهىت بولىدۇ. ئۇ شېڭ شىسەي تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن، ئۆلكىلىك هۆكۈمەتنىڭ بەش كىشىلىك ئەلچىلەر

[121] Aitchen K. Wu, *Turkistan Tumult*, London, Methuen, 1940; Oxford Univerity Press, Oxford, New York, Melbourne, Hongkong, 1984

ئۆمىكىگە باش بولۇپ، گۆچۈڭدا تۇرۇۋاتقان ما جۇڭيىڭ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزىدۇ. ئاندىن يەنە بىر ئەلچىلەر ئۆمىكىگە باش بولۇپ، جىمىسارغا بېرىپ خوجىنىياز ھاجى بىلەنمۇ تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزىدۇ. 1933 ـ يىلى ئەتىيازدا نەنجىڭ ھۆكۈمىتى ئەۋەتكەن تاشقى ئىشلار مىنىستىرى لو ۋېنخەنگە ھەمراھ بولۇپ، ئىلىغا بارىدۇ ۋە جاڭ پېييۇەن بىلەن تىنىچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزىدۇ.

ئۇ شىنجاڭدىكى ۋەزىپىسىنى تاماملىغاندىن كېيىن، نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلىرىدە كونسۇللۇق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. 1937 ـ يىل 7 ـ ئايدا نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بالاگوۋېشىنسىك شەھرىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇللۇققا تەيىنلىنىدۇ. 1940 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى ئەنگلىيىگە بارىدۇ. 1951 ـ يىلى رەسمى لوندوندا ئولتۇراقلىشىپ ئەنگلىيە پۇقرالىقىغا ئۆتىدۇ. ۋۇ ئەيچېننىڭ «شىنجاڭ تۇمانلىرى »[122] ، «جۇڭگو ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى»[123] قاتارلىق كىتابلىرى ئىنگلىزچە نەشر قىلىنغان بولۇپ، شىنجاڭنىڭ 1930 ـ 1940 ـ يىللاردىكى سىياسىي تارىخىنى تەتقىق قىلغۇچىلار بۇ ئىككى كىتابنى مۇھىم مەنبە سۈپىتىدە قارايدۇ.

ۋۇ ئەيچېن «شىنجاڭ تۇمانلىرى» ناملىق بۇ كىتابىدا، ئۆزىنىڭ 1930 ـ يىللارنىڭ بېشىدا شىنجاڭدا كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان تارىخىي ۋەقەلىرىنى ناھايىتى مۇپەسسەل بايان قىلىدۇ. شۇ دەۋردىكى شىنجاڭنىڭ مۇرەككەپ سىياسىي ئاتموسفېراسى، داۋالغۇپ تۇرغان جەمئىيەت ئەھۋالى، ئۇرۇش ئوتلىرى لاۋۇلداپ تۇرغان ۋەزىيىتى ئىنچىكىلىك بىلەن مۇھاكىمە قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، شىنجاڭنىڭ شۇ دەۋردىكى سىياسىي رېئاللىقىنى ئەتراپىدىكى قوشنا دۆلەتلەر ۋە رايونلار، بولۇپمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى ۋەزىيىتى بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ. ئۇ كىتابىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بابى «شىنجاڭنىڭ كېلەچىكى» دە، شىنجاڭدىكى ئاساسلىق يەرلىك ئاھالە بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ئالاھىدە چېگرا ئۆلكىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىدا ئوينايدىغان رولى ھەققىدە، مۇنداق دەپ يازىدۇ:

*« شىنجاڭ ئۆزىنىڭ ئالاھىدە تارىخىي رېئاللىقى ۋە جۇغراپىيىلىك جايلىشىشى سەۋەبلىك ئۆزۈنغىچە مىلىتارىستلارنىڭ ئۆز ئالدىغا بولۇپ ئىدارە قىلىشى ئاستىدا تۇرۇپ كەلدى. جۇڭگونىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى بۇ ئۆلكىنى مىلىتارىستلارنىڭ قولىدىن رەسمىي ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئوخشاش بىۋاسىتە ئىدارە قىلىشتا يەرلىك مىللەتلەر بىلەن يېقىنىدىن ھەمكارلىشىشقا توغرا كېلىدۇ. ھەرقانداق بىر خەلقئارالىق زور ئۆزگىرىش شىنجاڭغا ئۆز تەسىرىنى*

---

[122] Aitchen K. Wu, *Turkistan Tumult*, London, Methuen, 1940
[123] Aitchen K. Wu, *China and Soviet Union*, London, Methuen, 1950

*كۆرسەتمەي قالمايدۇ.*

*شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار، بولۇپمۇ ئاھالىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئىگىلەيدىغان ئۇيغۇرلار قويۇق دىنىي مەدەنىيەتنى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى يەنە سودا ـ تىجارەتنى ئاساس قىلىشتەك ئىگىلىك شەكلى بىلەنمۇ خاراكتېرلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ قانداق قىلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەپكۇرىسى ۋە سىياسىي پرىنسىپلىرىنى قوبۇل قىلىشى ئەڭ چوڭ مەسىلە بولۇپ قالىدۇ. نۇرغۇن ئاسىيا خەلقلىرىگە ئوخشاشلا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى چوڭ بىر ئەۋلاد كىشىلەر مۇتەئەسسىپ، كونىلىقنى ياقىلىغۇچى ۋە ئەنئەنە تەرەپدارلىرىدۇر. يۇقىرى قاتلام بايلار تېخىمۇ شۇنداقتۇر. ئۇلار يېقىن كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان زور ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئۆزگىرىشلىرىگە شاھىت بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھەتتا بۇ كەسكىن ئۆزگىرىشلەرنىڭ قۇربانى بولۇپ كېتىدۇ. ۋەھالەنكى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ياش بىر ئەۋلاد ئالىي تەربىيە كۆرگەن ئوقۇغۇچىلار، بولۇپمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشكەنتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا بارغان ئوقۇغۇچىلار ئوقۇشىنى تاماملاپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، چوڭلاردىن تۈپتىن پەرقلىنىدىغان يېڭى بىر ئەۋلاد بولۇپ قالىدۇ. ئۇلار كەلگۈسى شىنجاڭدىكى يەرلىك خەلقلەرنىڭ مەنپەئەتى، مەپكۇرىسى ۋە زىيالىيلار قاتلىمىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئاساسىي قاتلام بولۇپ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى مال ـ مۈلۈككە ۋە بايلىققا ئىگە زېمىندارلار تەبەقىسى كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى ۋە مەپكۇرىسىغا قارشى بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدە بۇنداق تارىخىي مۇقەررەرلىكنى قوبۇل قىلماقتىن باشقا ئامالى يوق. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى نامرات ۋە تۆۋەن قاتلامدىكىلەر ئەزەلدىن سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىياسىدىكى قېرىنداش خەلقلەرنىڭ يېڭىچە ھاياتىغا مەپتۇن بولۇپ كەلگەچكە، ئۇلار بۇ خىل مۇقەررەرلىكتە ئاكتىپ سىنىپ بولۇپ قالىدۇ...»[124]*

* * *

شۋېتسىيىدە 1950 ـ يىللاردىن كېيىن، گۇننار ياررىڭنىڭ بىر قىسىم تەتقىقات ئەسەرلىرىدىن باشقا، شىنجاڭ ھەققىدە چوڭراق تىپتىكى كىتابلار كۆپ يېزىلمىدى. بۇنداق بولۇشى ئاشۇ تارىخىي دەۋردىكى جۇڭگونىڭ بېكىك تاشقى سىياسىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، غەرب دۇنياسى جۇڭگو ۋە ئۇنىڭ چېگرا ئۆلكىلىرى ھەققىدە ھېچقانداق يېڭى ۋە ئەمەلىي ئۇچۇرلارغا ئېرىشەلمىگەنىدى. لېكىن 1976 ـ يىلى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى ئاخىرلىشىپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا شۋېتسىيىلىك سەيياھ جان مىردال ئۆزىنىڭ گۈن كېسۇل ئىسىملىك قىسز

---

[124] Aitchen K. Wu, *Turkistan Tumult,* Oxford Univerity Press, Oxford, New York, Melbourne, Hongkong, 1984, pp. 272 -273

دوستى بىلەن پاكىستان ئارقىلىق پامىر ئېگىزلىكىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاھىدە ئىجازىتى بىلەن مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ ئاتموسفېراسى تېخى تولۇق يېتىمىگەن چېگرا رايون شىنجاڭغا كېلىدۇ. ئۇ بۇ قېتىملىق سەپىرىدە تاشقورغان ئارقىلىق قەشقەرگە، ئۇ يەردىن يەركەن، قاغىلىق، گۇما، خوتەن، كېرىيىلەرگىچە بارىدۇ. ئۇ يەردىن يەنە كەينىگە قايتىپ ئاتۇش، مارالبېشى، ئاقسۇ، كۇچالار ئارقىلىق ئىلى ۋادىسىغا بارىدۇ. ئۇ يەردىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ، تۇرپان، قۇمۇللار ئارقىلىق گەنسۇ ئۆلكىسى تەۋەسىگە يېتىپ بارىدۇ. ئۇ ۋەتىنىگە قايتقاندىن كېيىن بۇ قېتىملىق ساياھەت خاتىرىسىگە ئاساسەن «يىپەك يولى: پامىر ئېگىزلىكىدىن ئىلى ئارقىلىق شىنجاڭ ۋە گەنسۇنى كېسىپ ئۆتۈش»[125] ناملىق كىتابىنى يازىدۇ. بۇ كىتاب 1978 ـ يىلى ستوكھولمدا شۋېت تىلىدا، 1980 ـ يىلى لوندوندا ئىنگلىز تىلىدا نەشر قىلىنىدۇ. بۇ كىتابنىڭ ئېلان قىلىنىشى غەرب دۇنياسىغا ئەمىدىلا مەدەنىيەت ئىنقىلابى ئاخىرلاشقان شىنجاڭنىڭ ئەڭ يېڭى ۋەزىيىتى ھەققىدە ئۇچۇر بېرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن بۇ كىتاب غەربتە مۇئەييەن تەسىر قوزغايدۇ.


JAN MYRDAL

SIDENVÄGEN

*En resa från Höga Pamir och Ili genom Sinkiang och Kansu*

BILDER AV GUN KESSLE

P. A. NORSTEDT & SÖNERS FÖRLAG STOCKHOLM

1977 ـ يىلى ستوكھولمدا نەشر قىلىنغان جانمىردالنىڭ «يىپەك يولى» ناملىق كىتابى

مەن 2004 ـ يىلىنىڭ ئەتىياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ستوكھولمنىڭ ئاۋات كوچىلىرىنىڭ بىرىگە جايلاشقان كونا كىتابلار ماگازىنىدىن بۇ كىتابنىڭ شۋېتچە نۇسخىسىنى سېتىۋالدىم. كېيىن خانلىق كۇتۇپخانىدىن بۇ كىتابنىڭ ئىنگلىزچىسىنى تېپىپ ئوقۇپ چىقىشقا مۇۋەپپەق بولدۇم.

ئاپتورنىڭ مەزكۇر كىتابنىڭ كىرىش سۆز قىسمىدا بەرگەن بايانلىرىغا قارىغاندا، جان مىردال 1950 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىلا شىنجاڭ ھەققىدە بىر كىتاب يېزىش پىلانىدا بولغان. يەنى 1957 ـ يىلى يازدا جان مىردال بىلەن ئۇنىڭ

[125] By Jan Myrdal, photographs by Gun Kessle, *The Silk Road: A Journey from the High Pamirs and Ili through Sinkiang and Kansu*, London, Victor Gollancz Ltd., 1980



AltunOq

ئايال ھەمراھى گۇن كېسسول ناھايىتى تەسلىكتە سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىش ۋىزىسىغا ئېرىشكەن. ئۇلار ئالدى بىلەن موسكۋاغا يېتىپ بېرىپ، ئۇ يەردىن پويىزغا چۈشۈپ ياۋرو ـ ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنى كېسىپ ئۆتۈپ پامىر ئېگىزلىكىگە يېتىپ كېلىدۇ. ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاجىكىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى ئارقىلىق ئافغانىستاننىڭ بەدەخشان ئۆلكىسىگە كىرىدۇ. ئۇ يەردىن جۇڭگونىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا ئۆتۈپ، قەدىمكى يىپەك يولىنى بويلاپ ساياھەت قىلماقچى بولىدۇ. لېكىن ئۇلار ئۆز دەۋرىدىكى جۇڭگو ھۆكۈمىتىدىن شىنجاڭغا كىرىش ۋىزىسىنى ئالالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ماركو پولونىڭ ئىزىنى بېسىپ ئاسىيانى بويلاپ ساياھەت قىلىش پىلانى ئەمەلگە ئاشمايدۇ.



يۇقىرىقى كىتابقا بېرىلگەن مەدەنىيەت ئىنقىلابى دەۋرىگە ئائىت رەسىملەر

ۋەھالەنكى، جان مىردال ۋە ئۇنىڭ ئايال ھەمراھى شىنجاڭغا بېرىش ۋە بۇ يەردىن جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىنى بويلاپ غەربتىن شەرققە كېسىپ ئۆتۈش خىيالىدىن زادىلا ۋاز كەچمەيدۇ. ئۇلارنىڭ قايتا ـ قايتا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا 1976 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ئۇلار جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ ئارقىلىق بېيجىڭغا بېرىشتەك ئالاھىدە ئىجازىتىگە ئېرىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئالدى بىلەن پاكىستانغا كېلىپ، قاراقۇرۇم تاغلىرىدىن ئىلگىرىكى ياۋروپالىق ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنىڭ ئىزىنى بېسىپ تارىم ئويمانلىقىغا كىرىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىدۇ. 1977 ـ يىلىنىڭ ياز ئايلىرى باشلىنىشى بىلەنلا ئۇلار جاپالىق سەپەر ئارقىلىق قاراقۇرۇم تاغلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، قونجىراپ ئېغىزى ئارقىلىق جۇڭگو ـ پاكىستان چېگرىسىدىكى شىنجاڭنىڭ بىرىنچى بېكىتى تاشقورغان ناھىيىسىگە يېتىپ كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ شىنجاڭ تەۋەسىدىكى ساياھىتى رەسمىي باشلىنىدۇ. ئۇلار ئېھتىمال 1960 ـ يىللاردىن بۇيان، جۇڭگو ئىشىكىنى ئېتىۋالغاندىن كېيىنكى 20 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە

شىنجاڭغا بېرىش ئالاھىدە ئىجازەتنامىسىگە ئېرىشكەن تۇنجى غەربلىك ساياھەتچىلەر بولۇشى مۇمكىن.



يۇقىرىقى كىتابقا بېرىلگەن شىنجاڭنىڭ خەرىتىسى

ئۇلار شىنجاڭغا كېلىپ ساياھەتنى باشلىغان مەزگىللەردە، جۇڭگونىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا، بولۇپمۇ چېگرا رايونلىرىدا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاخىرلىشىپ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ قالايمىقانچىلىقلىرىغا ئەمدىلا خاتىمە بېرىلگەن بولسىمۇ، لېكىن داۋالغۇپ تۇرغان قويۇق سىياسىي ئاتموسفېرا تېخىچە تولۇق ئاخىرلاشمىغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېگرا ۋەزىيىتى ئىنتايىن كەسكىنلەشكەن بولۇپ، شىنجاڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي تەھدىتى ئىچىدە تۇرۋاتاتتى. جان مىردال بۇ چوڭ ھەجىملىك كىتابىدا ئۆز دەۋرىدىكى شىنجاڭدىن ئىبارەت چېگرا ئۆلكىنىڭ قويۇق سىياسىي ھاۋاسى، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان پەۋقۇلئاددە جىددىي ۋەزىيەتنى، خەلق ئەسكەرلىرى (مىنبىڭلار) نىڭ يۇقىرى دولقۇنى، ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاشۇ تارىخىي دەۋردىكى جەمئىيەت ئەھۋالى، جۇڭگو مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭغا قاراتقان سىياسىتى قاتارلىق سەزگۈر تېمىلار ھەققىدە كەڭ كۆلەمدە مەلۇمات بېرىدۇ. كىتابتا ئاپتورلارنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى جۇڭگونىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنى تازا ياخشى چۈشىنىپ كېتەلمىگەنلىكى، شىنجاڭدىكى ناھايىتى قىسقا بولغان ساياھەتنى داۋامىدا بۇ مۇرەككەپ چېگرا ئۆلكىنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقىنى چوڭقۇر كۆزىتىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمىگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە باشقا نۇرغۇنلىغان غەرب كۆزەتكۈچىلىرىگە ئوخشاشلا ئۆز دەۋرىدىكى سىياسىي جۇڭگوغا بىرخىل يوشۇرۇن ۋەھىمە بىلەن كەلگەنلىكى سەۋەبلىك بايان ۋە مۇھاكىمىلەردە كۆپلىگەن خاتالىقلار ۋە ئەمەلىي بولمىغان قاراشلارمۇ ئورۇن ئېلىپ قالغان. ئەمما بۇ كىتاب جۇڭگودا «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» ئەمدىلا ئاخىرلاشقان، سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتى تېخى يولغا قويۇلمىغان ئالاھىدە بىر تارىخىي شارائىتتا يېزىلغان بولغاچقا، غەرب دۇنياسى ئۇچۇن شۇ دەۋردىكى جۇڭگونى، بولۇپمۇ شىنجاڭنى چۈشىنىشتە مۇھىم قوللانمىلىق رول ئوينىغان. شۇڭلاشقا بۇ كىتابنى ئاشۇ تارىخىي شارائىتتىكى شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت ئەھۋالىنى بىر غەربلىك كۆزەتكۈچىنىڭ نەزىرىدىن تەپسىلىي بايان قىلغان، مۇئەييەن پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە كىتاب دېيىشكە بولىدۇ.

## يىگىرمە بىرىنچى باب

# ستوكھولم ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۇيغۇر تىلى دەرسى ئېچىلدى

ستوكھولمدا باھار ناھايىتى تېزلا ئاخىرلىشىپ، گۈزەل ياز پەسلى يېتىپ كەلدى. دېڭىز سۈيى تىنىمسىز يالاپ تۇرغان ئاراللار يېشىللىققا پۈركەندى. كوچا ـ كويلاردا ھەر خىل رەڭدىكى گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلىپ، كەڭرى چىملىقلار كۆزنى قاماشتۇرغىدەك دەرىجىدە جۇلالىنىشقا باشلىدى. قىش بويى تۇزۇك كۈن نۇرى كۆرمىگەن شۋېتسىيىلىكلەر قۇياشلىق يازنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى تەبرىكلىشىپ، ئالتۇن پەسلىنىڭ خۇشاللىقىغا چۆمۈلدى.

مەن ھەر كۈنى سەھەردە قىزىمنى رۇدابېرى مەكتىپىگە ئېلىپ ماڭغاچ، دېڭىز بوغۇزىدىكى سۈرەتتەك گۈزەل مەنزىرىلەرنى تاماشا قىلىمەن. ئاران ئۈچ ئايلا داۋاملىشىدىغان ياز پەسلى سكاندىناۋىيە يېرىم ئارىلىدا ياشاۋاتقان خەلقلەر ئۈچۈن بىر يىل ئىچىدىكى «جەننەت پەسىل» ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەردىكى ھەممە ئادەم بۇ پەسىلنىڭ گۈزەللىكىدىن ھوزۇرلىنىشنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايتتى. قۇياش پارلاپ چىققان كۈنلىرى كەڭرى چىملىقلاردا، دېڭىز بويىدىكى قۇمغاق ساھىللاردا، بىر ـ بىرىگە ئۇتىشىپ كەتكەن سۈرەتتەك تىنىق كۆل بويلىرىدا توپ ـ توپ ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئۈچ كىيىملىرى بىلەنلا ئاپتاپسىنىۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تولۇق كۈن نۇرى كۆرمىگەن مومدەك ئاپئاق ۋە تاتىراڭغۇ بەدەنلىرىنى قۇياش نۇرىغا قاقلاشقا شۇ قەدەر ئامراق. قۇياش تىك چۈشكەن كۈنلىرى نۇرغۇن ئائىلىلەرنىڭ يەلكەنلىك كېمىلەر بىلەن زۇمرەتتەك دېڭىزغا چىقىپ، كۈن نۇرىدىن ھوزۇرلانغاچ دېڭىز ساياھىتى قىلىۋاتقانلىقى كۆزگە چېلىقىدۇ. مانا بۇلار بۇ يەردىكى ئالتۇن پەسىلدە سىزنىڭ كۆزىڭىزگە كۆپرەك چېلىقىدىغان كۆرۈنۈشلەردۇر...

ياز كىرىشى بىلەنلا شەرق تىللىرى ئىنىستىتۇتىنىڭ ئوقۇتۇش ۋە ئىلمىي تەتقىقات پائالىيەتلىرىمۇ جانلىنىپ كەتتى. مېنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات يۇرتىمدا 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ سۆزلەشكە باشلىغان «ئۆزبېك تىلىدىن گەپىرىش (سۆزلىشىش)» دەرسىم ئاخىرلىشىش ئالدىدا تۇرۇۋاتاتتى. مېنىڭ بىر يىل بېشىدىن بۇيانقى تەشەببۇسۇم ۋە ئوقۇغۇچىلىرىمنىڭ تەلىپى بىلەن شەرق تىللىرى ئىنىستىتۇتى مايىنىڭ 3 ـ ھەپتىسىدىن باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات يۇرتىدا «ئۇيغۇر تىلى» دەرسى ئېچىش پىلانىنى رەسمىي تەستىقلىدى! بۇ ئىشتا ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات يۇرتىنىڭ مەسئۇلى بىرگىت شىلىتېر خانىممۇ مېنى كۆپ قوللىدى.

بىرگىت خانىم بۇ خەۋەرنى يەتكۈزگەندە مەن تولىمۇ ھاياجانلاندىم. شىمالىي ياۋروپادىكى بۇ كىچىك دۆلەتتە گەرچە تۈركولوگىيە ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى خېلى بالدۇرلا باشلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن بۇ ساھەنىڭ ئوبيېكتى پەقەتلا تۈركىيە تۈركچىسى بىلەنلا چەكلىنىپ كەلگەنىكەن. شۋېتسىيىدە ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتلاردا رەسمىي دەرس قىلىپ ئوقۇتۇلۇشى 1924 ـ يىلى باشلانغان بولۇپ، گۇستاف رەكېت بۇ جەھەتتە باشلامچىلىق رولىنى ئوينىغان شەخس ئىدى. ئۇ شۋېتسىيە دىنىي جەمئىيىتىنىڭ قەشقەر ۋە يەركەنلەردىكى مىسسىئونېرلار پونكىتىدا ئۇزۇن مەزگىل مىسسىئونېر ۋە تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى بولۇپ ئىشلەش جەريانىدا ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىنى پۇختا ئۆگەنگەنىدى. 1912 — 1913 ـ يىللىرى ئۇنىڭ «شەرقىي تۈركىي تىلى گراماتىكىسى» ناملىق ئىككى قىسىملىق كىتابى بېرلىندا نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، ياۋروپادا ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇشى جەھەتتىكى مۇھىم قوللانما سۈپىتىدە رول ئوينىغانىدى. ئۇ 1922 ـ يىلى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇزاق مەزگىللىك مىسسىئونېرلىق ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، شۋېتسىيىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇنىۋېرسىتېت شەھىرى ـــ لۇندقا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، بۇ يەردە ئۇيغۇر تىلى دەرسى تەسىس قىلىش ئويىدا بولىدۇ. 1924 ـ يىلىغا بارغاندا ئۇ باشقىلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن لۇند ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ تۈركولوگىيە كافېدراسىنى قۇرۇشقا ياردەملىشىدۇ ھەمدە ياردەمچى پروفېسسور سۈپىتىدە تۇنجى بولۇپ «ئۇيغۇر تىلى» دەرسىنى ئۆتۈشكە باشلايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن لۇند ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۇيغۇر تىلى بويىچە ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقاتلار جانلىنىشقا باشلايدۇ. كېيىنچە گۇستاف رەكېتنىڭ ئوقۇغۇچىسى گۇننار ياررىڭ بۇ ساھەدە يېتىشىپ چىقىپ، رەكېتنىڭ ئورنىنى باسىدۇ. لېكىن ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە لۇند ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇشى توختاپ قالىدۇ. بولۇپمۇ گۇننار ياررىڭنىڭ لۇند ئۇنىۋېرسىتېتىدىن ئايرىلىپ شۋېتسىيە دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىدا خىزمەت قىلىشى ھەمدە خەلقئارا دىپلوماتىيە ساھەسىگە كىرىپ كېتىشى بىلەن شۋېتسىيىدە ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەملەر ئۈزۈلۈپ قالىدۇ. كېيىنچە ياررىڭ ئەپەندى ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى بىلەن ئىزچىل شۇغۇللانغان بولسىمۇ، لېكىن شۋېتسىيىدىكى ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇشى قايتا ئەسلىگە كەلمەيدۇ.

مانا ئەمدىلىكتە ستوكھولم ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەرق تىللىرى ئىنستىتۇتىدا ئۇيغۇر تىلى دەرسىنىڭ ئېچىلىشى شۋېتسىيە ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا توختاپ قالغىنىغا يېرىم ئەسىردىن ئاشقان ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇشىدا يېڭى بىر سەھىپە ئاچتى.

ماي ئايلىرىنىڭ ئۈچىنچى ھەپتىسى شەرق تىللىرى ئىنستىتۇتى

بىناسىنىڭ ئۈچىنچى قەۋىتىدىكى دەرسخانىدا ئۇيغۇر تىلى دەرسىمنى باشلىدىم. ئۇيغۇر تىلى دەرسىنى ئوقۇغۇچىلارغا ئىنگلىز تىلى بىلەن سۆزلەشكە توغرا كەلدى. مەن فېۋرالنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپلا ئۆزبېك تىلىدىن دەرس بېرىپ كەلگەچكە، بۇ يەرنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا خېلىلا كۆنۈپ قالغانىدىم.

ئۇيغۇر تىلى دەرسىنى ئاڭلاشقا تىزىملاتقانلار جەمئىي بەش كىشى بولۇپ، ئۇلاردىن ئىككىسى فېۋرالدىن باشلاپ مېنىڭدىن «ئۆزبېك تىلىدىن سۆزلىشىش» دەرسىنى ئاڭلاۋاتقان ئاسپىرانت ئوقۇغۇچىلار ئىدى. مەن ئۇلار ئىككىسى بىلەن خېلىلا چىقىشىپ قالغانىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلار ئىككىيلەننىڭ دەرس ئاڭلاش قىزغىنلىقى پەۋقۇلئاددە يۇقىرى ئىدى.

ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرىنىڭ ئىسمى يوھان فرېسك بولۇپ، ئۇ ئېگىز بوي، ئىنچىكە بەدەن، يۈزلىرى تاتىراڭغۇ كەلگەن كىشى بولۇپ، مىجەز ـ خاراكتېر جەھەتتىن تىپىك شۋېت ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭ يېشى 40 لاردىن ئاشقان بولۇپ، يۇقىرى گرادۇسلۇق كۆزەينەكنىڭ تېگىدىكى كۆكۈچ ئورا كۆزلىرىدىن ئەستايىدىللىقى چىقىپ تۇراتتى.

يوھان ئىرىشچان كىشى ئىدى. ئۇ كۆپ گەپ قىلمايتتى، ئۇنىڭ بىلەن بىر مەزگىل ئارىلىشىپ ئۆتكەن كىشى ئۇنىڭ سىرتىغا قارىغاندا ئىچىدە كۆپرەك ياشايدىغانلىقىنى ھېس قىلاتتى. ئۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلىشتا بىرئاز قىينىلاتتى، توغرا تەلەپپۇز قىلىشقا كۈچەيتتى، ئەمما ئۆز ئىرىشچانلىقلىرىنىڭ ئانچە كۆپ ئۈنۈم بەرمەيۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغىنىدا بىردىنلا جىمىپ قالاتتى. بۇنداق ۋاقىتلاردا مەن ئۇنىڭغا ئىلھام ۋە تەسەللى بېرەتتىم. لېكىن ئۇ ھەرپلەرنى تونۇش، يېزىش ۋە ئوقۇشتا باشقىلاردىن ياخشى ئىدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە ھەرپلەرنى ۋە ئاددىي جۈملىلەرنى يازغان چاغدىكى ئىملاسى خېلى كىشىلەردىن چىرايلىق ۋە توغرا ئىدى. مەن ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىش جەريانىدا ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىش مۇددىئاسىنىڭ ناھايىتى ئۇزاق بىر نىشاننى ئۆزىگە مەقسەت قىلغانلىقىنى ھېس قىلدىم. قارىماققا ئۇ گۇننار ياررىڭدىن كېيىنكى شۋېتسىيە ئۇيغۇرشۇناسلىقىنى داۋاملاشتۇرۇشنى كۆڭلىگە پۈككەندەك قىلاتتى. لېكىن بۇلار پەقەت مېنىڭ ئۇنى كۆزىتىش جەريانىدىكى پەرەزلىرىم بولۇپ، ئۇنىڭ كۆڭلىدە نېمىلەرنى ئويلايدىغانلىقىنى بىلىش تولىمۇ قىيىن ئىدى. ئۇ بوش ۋاقىتلاردا دائىم شۋېتسىيە كۇتۇپخانىلىرى ۋە مۇزېيلىرىدا ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇرچە قوليازمىلار ھەققىدە مېنىڭ بىلەن سۆزلىشىشكە ئامراق ئىدى. بولۇپمۇ شۋېت مىسسىئونېرلىرىنىڭ ئۆز دەۋرىدە قەشقەردە باسقان ئۇيغۇر تىلىدىكى باسما بۇيۇملىرىغا بەكمۇ قىزىقاتتى. گۇننار ياررىڭ ۋە باشقا شۋېت شەرقشۇناسلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ ھەققىدىكى كىتاب ـ ماتېرىياللىرى ئۇنىڭدا تولۇقى بىلەن تېپىلاتتى. گۇننار ياررىڭنىڭ ئىلگىرى مەن


AltunOq

تاپالمىغان بىر قىسىم ماقالىلىرىنى ئۇنىڭدىن ئارىيەتكە ئېلىپ كۆپەيتىپ قىلدۇرۇۋالغان ئىدىم.

بىر كۈنى ئۇ ئامېرىكىدىن يېڭىلا پوچتا ئارقىلىق سېتىۋالغان قېلىن بىر لۇغەتنى كۆتۈرۈپ كەلدى. بۇ 1992 ـ يىلى ئامېرىكىلىق موڭغۇلشۇناس ھېنرى شۋارز تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «ئۇيغۇرچە ـ ئىنگلىزچە لۇغەت»[126] ئىكەن. بۇ تەخمىنەن 1000 بەتكە يېقىن چوڭ تىپتىكى لۇغەت بولۇپ، ھازىرغا قەدەر چەت ئەللەردە نەشر قىلىنغان ئۇيغۇر تىلى ساھەسىدىكى ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ مۇكەممەل لۇغەت ھېسابلىناتتى. ئۈرۈمچىدە «ئىنگلىزچە ـ ئۇيغۇرچە لۇغەت» لەر كۆپ نەشر قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن چوڭراق تىپتىكى تۈزۈلۈشى مۇكەممەل بولغان «ئۇيغۇرچە ـ ئىنگلىزچە لۇغەت» لەر كۆپ ئەمەس ئىدى. يوھان بۇ لۇغەتنى ئامېرىكىدىن پوچتا ئارقىلىق سېتىۋېلىش ئۈچۈن 130 دوللار خەجلىگەنلىكىنى ئېيتتى. بۇ بىز ئۈچۈن ئېيتقاندا ئۈرۈمچىدىكى بىر ئايلىق مائاشىمىز بىلەن تەڭ پۇل ئىدى. شۇ ۋەجىدىن بۇ لۇغەتنى سېتىۋېلىش خىيالىم بولسىمۇ، لېكىن باھاسىغا چىقىش قىلالمايدىغانلىقىمنى ئويلاپ ۋاقتىنچە تۇرۇپ تۇرۇشنى قارار قىلدىم.

بىر كۈنى يوھان ستوكھولم ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا كىتابلىرى بۆلۈمىدىن گۇننار ياررىڭنىڭ شەخسىي تامغىسى بېسىلغان بىر ئۇيغۇرچە كىتابنى ئارىيەتكە ئېلىپ دەرسكە ئېلىپ كەپتۇ. مەن ئۇنىڭ قولىدىكى بۇ كىتابنىڭ بۇنىڭدىن 20 نەچچە يىللار ئىلگىرى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان يېڭىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن «ئۇيغۇر كونا يېزىقىنىڭ ئىملا قائىدىسى» ئىكەنلىكىنى كۆردۈم. تەنەپپۇس ۋاقتىدا يوھان قېشىمغا كېلىپ:

ـــ سىز بىزگە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا 32 ھەرپ بار دېگەن ئىدىڭىز، بىزمۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئېلىپبەسىدىكى 32 ھەرپنى ئۆگەنگەن ئىدۇق. ئەمما بۇ كىتابتا ئۇيغۇر تىلى ئۈچۈن ئاران 30 ھەرپلا ئىشلىتىلىپتۇ. بۇنى مەن زادىلا چۈشەنمىدىم، ماڭا چۈشەندۈرۈپ قويالامسىز؟ ـــ دەپ سورىدى.

مەن ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى چۈشىنەلمەي بىر ھازا تۇرۇپ قالدىم ـ دە، ئۇنىڭدىن قايتا سورىدىم:

ـــ بۇ مۇمكىن ئەمەس، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا 32 فونېما ئۈچۈن 32 ھەرپ بەلگىلەنگەن. ئۇلارنىڭ 32 دىن كۆپ ياكى ئاز بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، سىز خاتالاشقان ئوخشايسىز!

ـــ ياق، ئۇنداق ئەمەسكەن، ـــ دېدى يوھان شۋېتلارغا خاس جاھىللىق بىلەن

---

[126] Schwarz, Henry G, *An Uyghur - English Dictionary*, Western Washington University, Bellingham, Washington, 1992

تىركىشىپ: — قولۇمدىكى مۇنۇ كىتابقا قاراپ بېقىڭ، مەن تونۇغۇنىدىن بۇيان بۇ كىتابنى ئوقۇۋاتىمەن، لېكىن «ئۆ» ۋە «ئۈ» تاۋۇشلىرىنىڭ ھەرپلىرىنى زادىلا ئۇچرىتالمىدىم. مۇشۇ ھەرپلەر ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەرگىمۇ «ئو» ياكى «ئۇ» ھەرپلىرى ئىشلىتىلگەندەك قىلىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبىنى زادىلا ئۇقالمىدىم.

مەن ئۇنىڭ قولىدىن بۇ كىتابنى ئېلىپ ۋاراقلاپ كۆردۈم. كىتابنىڭ خەت شەكىللىرى، ئىملاسى پۈتۈنلەي كونا بولۇپ، راست دېگەندەك «ئۆ» ۋە «ئۈ» تاۋۇشلىرى ئۈچۈن مەخسۇس ھەرپ ئىشلىتىلمىگەن ئىدى. مەن كىتابنىڭ كەينىدىكى نەشر ھوقۇقى بېتىگە قاراپ، بۇ كىتابنىڭ 1981 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر كونا يېزىقىنىڭ ئىملاسى» ئىكەنلىكىنى كۆردۈم. شۇندىلا يوھاننىڭ تەئەججۇپ ئىلكىدە تۇرغان قاتاڭغۇر يۈزلىرىگە قاراپ كۈلۈپ تاشلىدىم.

— بۇ مۇنداق ئىش، — دېدىم ئۇنىڭغا تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ، — 20 ـ ئەسىردىن بۇيان ئۇيغۇر يېزىقى بىرقانچە قېتىملار ئۆز ئىملاسىنى ئىسلاھ قىلغان. يەنى 1930 ـ يىللاردا بىرىنچى قېتىم ئىسلاھ قىلىنىپ چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئەنئەنىۋى ئىملاسى زور دەرىجىدە ئاددىيلاشتۇرۇلغان؛ 1940 — 1950 ـ يىللاردا ئىككىنچى قېتىم ئىسلاھ قىلىنىپ سوزۇق تاۋۇشلار ئۈچۈن بىر قىسىم مەخسۇس ھەرپلەر قوشۇلغان ۋە ئوخشاش ئۇزۇك تاۋۇشلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىۋاتقان ئەرەب يېزىقىدىكى ئوخشاش بولمىغان ھەرپلەر قىسقارتىلغان، يەنى بىر ئۇزۇك تاۋۇش ئۈچۈن بىرلا ھەرپ ساقلاپ قېلىنغان. 1960 ـ يىللارغا كەلگەندە ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر كونا يېزىقى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا خەنزۇ تىلىنىڭ پىنيىن ئاساسىدىكى لاتىنلاشتۇرۇلغان ئۇيغۇر يېڭى يېزىقى قوللىنىلىشقا باشلىغان. ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىدىكى ھەرپلەر خەنزۇ تىلىدىن ئۆزلەشتۈرۈلگەن قوشما فونېمىلارنى توغرا ئىپادىلەش مەقسىتىدە ئەسلىدىكى فونېما سىستېمىسىنى ئىسلاھ قىلىپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ تاۋۇش ۋە ھەرپلىرىنى 35 كە يەتكۈزگەن. ۋەھالەنكى، بۇ خىل سىياسىي تۈس ئالغان يېزىق ئۆزگەرتىش ھەرىكىتى 1980 ـ يىللارنىڭ باشلىرىغا بارغاندا مەغلۇپ بولغانلىقىنى جاكارلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەسلىدىكى ئۇيغۇر كونا يېزىقى يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. لېكىن ئۇنىڭ ئىملاسى يەنىلا 1950 — 1960 ـ يىللاردا ئىسلاھ قىلىنغان ئۇيغۇر كونا يېزىقىنىڭ ئىملاسىنى ساقلاپ قالدى. قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، يەنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇيغۇر كونا يېزىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن يىلى نەشر قىلىنغان ئىملا كىتابى ئىكەن. بۇ يىللىرى ئۇيغۇر كونا يېزىقىدا تېخىچە «ئۆ»، «ئۈ» تاۋۇشلىرى ئۈچۈن مەخسۇس ھەرپ بەلگىلەنمىگەن بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىدىكى تاۋۇشلار 32، ئەمما ھەرپلەر 30 ئىدى. يەنى «ئو»، «ئۇ» ھەرپلىرى ئەمەلىيەتتە «ئو»، «ئۇ»، «ئۆ»، «ئۈ» دىن ئىبارەت

تۆت لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشنى ئىپادىلەيتتى. 1984 ـ يىلىغا بارغاندا «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملا لۇغىتى»[127] رەسمىي نەشر قىلىنىپ، ئۇيغۇر تىلىدىكى تۆت لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشنى ئىپادىلەيدىغان مەخسۇس ھەرپ بەلگىلىرى تەسىس قىلىندى ھەمدە ئۇيغۇر تىلىنىڭ بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان ئىملا قائىدىسى ئېلان قىلىندى. 1987 ـ يىلىغا بارغاندا «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇز لۇغىتى»[128] ئېلان قىلىنىپ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قېلىپلاشتۇرۇلدى. 1997 ـ يىلى ئاخىرقى قېتىم تۈزىتىش كىرگۈزۈلۈپ قايتا ئېلان قىلىندى. بىز ھازىر مۇشۇ ئىملا بويىچە كېتىۋاتىمىز.

يوھان مېنىڭ چۈشەندۈرۈشۈمنى دىققەت بىلەن ئاڭلىغاندىن كېيىن، قايىل بولغاندەك باشلىرىنى لىڭشىتتى. لېكىن يەنە بىرنەرسە دېمەكچى بولغاندەك كۆزلىرىنى چىمچىقلاتقان ھالدا:

— ئاجايىپ، ئاجايىپ! ھازىرقى زامان شۇۋېت تىلىنىڭ ئىملاسى بۇنىڭدىن 100 يىللار بۇرۇن قېلىپلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ھازىرغىچە بىرەر قېتىممۇ ئۆزگىرىپ باقمىدى. لېكىن ئۇيغۇر تىلى مۇشۇ بىر ئەسىر ئىچىدە بىرقانچە قېتىملار يېزىق ئالماشتۇرۇپ، يەنە بىرقانچە قېتىملار ئىملا ئۆزگەرتىپتۇ. بۇنداق زور ئۆزگىرىشلەر بىر خەلقنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتى ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا داۋالغۇش كەلتۈرۈپ چىقارماسمۇ!؟

ئۇنىڭ سۆزلىرىگە جاۋاب بەرمىدىم. بەلكى ئۇ ئۆزى ئۆگىنىۋاتقان بۇ تىل ۋە بۇ تىل دۇچ كەلگەن تارىخىي رېئاللىق ئىچىدىن بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى چۈشىنىۋېلىشىغا بوشلۇق قالدۇرۇشنى توغرا تاپتىم.

مېنىڭ كونا ئوقۇغۇچىلىرىمنىڭ يەنە بىرى پاترىك بولۇپ، مەن ئۇنىڭ مىجەزىنى ياقتۇراتتىم. ئۇنىڭ بوي ئېگىزلىكى مېنىڭ بىلەن ئانچە پەرقلەنمەيتتى. ئەمما چاچ ۋە بۇرۇت ـ ساقاللىرى سارغۇچ، ھەتتا قاش ـ كىرپىكلىرىمۇ سېرىق ئىدى. كۆزلىرى دېڭىزدەك زەڭگەررەڭ بولۇپ، ۋۇجۇدىدىن بىر خىل جۇشقۇنلۇق ۋە ياشلىق ھارارىتى ھەرقاچان ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. يېشىمۇ يوھاندىن خېلىلا كىچىك بولۇپ، ئەمدىلا 30 دىن ئاشقان ئىدى.

ئۇ ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرۈش ئالدىدا تۈركىيىدە بىر يىلدەك تۇرۇپ تۈركچە ئۆگەنگەن ئىكەن، شۇڭلاشقا ئۇ تۈركچىنى بەكمۇ چىرايلىق سۆزلەيتتى. ئۆزبېكچە سۆزلىشىش دەرسىدىمۇ يوھانغا قارىغاندا جانلىق ۋە پائالىيەتچان تەسىرات بەرگەنىدى. ئۇيغۇر تىلى دەرسى باشلانغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر تىلىدىكى ھەرپلەرنى

---

[127] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل ـ يېزىق خىزمىتى كومىتېتى تۈزگەن: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملا لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 1984 ـ يىل نەشرى.

[128] مىرسۇلتان ئوسمان، ئامىنە غاپپار باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇز لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 1987 ـ يىلى نەشرى، 1997 ـ يىلى تۈزىتىلگەن قايتا نەشرى.

بېرىش ۋە تونۇشتا يوھانغا يەتمىسىمۇ، لېكىن تەلەپپۇزى ۋە ئۆگەتكەن سۆزلەرنى ئېغىزدا ئىشلىتىشى يوھاندىن كۆپ ياخشى ئىدى.

پاترىك ئوچۇق ــ يورۇق، يۇمۇرلۇق ۋە پائالىيەتچان يىگىت ئىدى. مەن ئۇنىڭ تىل ئۆگىنىشتە كىتابىي بىلىملەر بىلەن گراماتىكىلىق قائىدىلەرگە قارىغاندا، ئېغىزدا سۆزلىشىشكە بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئۇ ئۆتكەنكى ئىككى ئاي داۋامىدا ئۆزىنىڭ تۇركچە ئاساسىغا تايىنىپ ئۆزبېكچە سۆزلىشىشتە خېلىلا ئىلگىرىلىگەنىدى. ئەمدىلىكتە يەنە شۇ ئاساسىغا تايىنىپ ئىككى ــ ئۈچ ھەپتە ئىچىدىلا ئۇيغۇرچىدىكى ئادەتتىكى سالاملىشىش جۈملىلىرىنى ئېغىزدا ئىشلىتىشكە باشلىدى. مەن ئۇنىڭ ئېغىز تىلىنى ئۆگىنىشتىكى ئىقتىدارىنى مىجەزىدىكى ئوچۇق ــ يورۇقلۇق بىلەن تاش مايىللىق بەلگىلىگەن بولسا كېرەك دەپ ئويلىدىم.

ئۇ دەرسكە بىرەر سائەت بالدۇر كېلەتتى. دەرس باشلانغىچە ئىشخانامغا كىرىپ، مېنىڭ بىلەن پاراڭلىشاتتى. ئامال بار ئۆزىنىڭ يېڭى ئۆگەنگەن ئۇيغۇرچە جۈملىلىرىنى مېنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ پراكتىكا قىلىۋېلىشقا تىرىشاتتى. بەزىدە ئۇنىڭ جۈملىلىرى ئۆزبېكچىگە كېتىپ قالاتتى. راستىنى دېگەندە، ئۇ خېلى ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئۆزبېك تىلى ئوتتۇرىسىدىكى بەزىبىر ئىنچىكە پەرقلەرنى ۋە تەلەپپۇزدىكى ئۆزگىچىلىكلەرنى پەرقلەندۈرەلمەي يۈردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈركچە سۆزلىشىشكە ئۇستا بولغاچقا تەلەپپۇزلىرى كۆپ ۋاقىتلاردا تۈركىيە تۈركچىسى بىلەن ئارىلىشىپ كېتەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ توختىماي سۆزلەيتتى، چاقچاق قىلاتتى، قىزىق ھېكايىلەرنى ئېيتىپ ئەتراپتىكىلەرنى كۈلدۈرەتتى. مەن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن شۋېتلارغا خاس سوغۇقلۇق ۋە ئىچ مىجەزلىكنى ئەمەس، بەلكى تۈركلەردەك ئوچۇق ــ يورۇقلۇق ۋە قىزغىنلىقنى ھېس قىلاتتىم.

دەرستىن چۈشكەندە پاترىك كۆپىنچە مېنىڭ ئىشلىرىمنىڭ تۈگىشىنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى ــ دە، مېنىڭ بىلەن بىللە قايتاتتى. بىز مېترونىڭ باش بېكىتىگە يېتىپ كەلگۈچە 15 مىنۇتلار سۆزلىشىپ ماڭاتتۇق. مۇشۇ جەرياندا ئۇ مېنىڭ بىلەن شۇ كۈنى ئۆگەنگەن ئۇيغۇرچە جۈملىلىرىنى سۆزلىشىپ مەشىق قىلىۋالاتتى. بەزىدە ئۆز ئائىلىسى ھەققىدە ماڭا سۆزلەپ بېرەتتى. ئايالى ۋە ئىككى ياشلىق ئوماق قىزى ھەققىدە ئىشتىياق بىلەن ھېكايىلەر ئېيتاتتى. مەن بەزىدە ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ:

— ھەي، پاترىك، سىز بۇ دۆلەتتە خاتا تۇغۇلۇپ قالغان ئىكەنسىز، سىزنىڭ چىرايىڭىزدىن باشقا ھېچ يېرىڭىز شۋېتلارغا ئوخشىمايدۇ، بولۇپمۇ مىجەز ــ خاراكتېرىڭىز تېخىمۇ شۇنداق! — دەيتتىم.

ئۇمۇ مېنىڭ چاقچىقىمغا چاقچاق بىلەن جاۋاپ قايتۇراتتى:

— شۇنداق، مېنىڭ جىسمىم شۋېت بولسىمۇ، لېكىن روھىم ۋە مىجەز ــ

خاراكتېرىم شۋېتلارغا ئوخشىمايدۇ. بەزىدە ئانام مېنى خاتا ھالدا بۇ يەردە تۇغۇپ قويىدىمۇ ـ قانداق، دەپمۇ ئويلاپ قالىمەن. مەن شۋېتسىيىلىكلەرنىڭ سوغۇق ۋە تەنھا تۇرمۇشىنى ياخشى كۆرمەيمەن. جەنۇبىي ياۋروپالىقلارنىڭ، بولۇپمۇ شەرقلىقلەرنىڭ قىزغىن ۋە قايناق ھاياتىنى ياقتۇرىمەن. ئۇلار بىلەن دوست بولۇپ ئۆتۈشنى خالايمەن. راستىنى ئېيتسام مېنىڭ شۋېتلاردىن تۈزۈك دوستۇم يوق. مەن ئارىلىشىدىغان كۆپىنچە دوستلىرىم چەت ئەللىك كۆچمەنلەردۇر. شۇڭلاشقا مەن ئايالىم ــ ئىسپانىيىلىك ئاننى بىلەن توي قىلغانمەن. مانا بۇ مېنىڭ تۇرمۇشتىكى تاللىشىم!

ــ ئۇنداقتا، سىز نېمە سەۋەبتىن تۈركچىسىنى ئۆگەندىڭىز، بۇنىڭدىمۇ تۈركىيىلىكلەرنىڭ مىجەزىنى ياقتۇرىدىغان تەرەپلىرىڭىز رول ئوينىغانمۇ ـ قانداق؟

ــ بۇنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلغىلى بولمايدۇ، ــ دەپ جاۋاپ بېرەتتى پاترىك شوخلۇق بىلەن، ــ ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا تاسادىپىيلا مەندە تۈركچىنى ئۆگىنىش خىيالى تۇغۇلدى. نېمىشقا دېسىڭىز، شۇ يىلى يازلىق كانىكۇلدا بىرقانچە دوستلىرىم بىلەن تۈركىيىگە ساياھەتكە باردىم. ئادەملىرى قىزغىن ۋە مېھماندوست كېلىدىغان، قۇياش نۇرى پارلاپ چىقىدىغان بۇ دۆلەتنى ياقتۇرۇپ قالدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە كىچىكىمدىلا بىزنىڭ مەھەللىدە ئولتۇرىدىغان تۈركىيىلىك كۆچمەنلەرنىڭ بالىلىرى بىلەن ئويناپ چوڭ بولغاچقا، مەندە بۇرۇندىن تارتىپ تۈركىيىگە نىسبەتەن بىر خىل مايىللىق بار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئۈچىنچى يىلىدىن باشلاپ تۈركچە ئۆگىنىشكە باشلىدىم. ئاندىن تۈركىيىگە بېرىپ، ئىزمىردىكى غازى ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىر يىل تۈركچە ئۆگەندىم. بىر قېتىم تۈركىيىگە بارغۇچە ئايروپىلاندا شۋېتسىيىدە ئولتۇرۇشلۇق بىر تۈرك كىشى بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. بىزنىڭ نۇرغۇن قاراشلىرىمىز ۋە قىزىقىشىمىز ئوخشاپ كېتىدىكەن. ئۇنىڭ ئىسمى مۇستاپا بولۇپ، ئايروپىلان تۈركىيىگە بارغۇچە بولغان ئارىلىقتا ئىككىمىز دوستلىشىپ قالدۇق. ئۇ مېنى ئىزمىردىكى تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە مېھماندارچىلىققا تەكلىپ قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن مۇستاپا بىلەن بولغان ئالاقىمىز ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلدى. مەن توي قىلغاندىن كېيىنمۇ مۇستاپانىڭ ئائىلىسى بىلەن بولغان قويۇق باردى ـ كەلدىمىزنى ساقلاپ كەلدىم. شۇ سەۋەبتىنمىكىن تۈركچىنى شۋېتچىدەكلا ياخشى سۆزلەيدىغان بولۇپ كەتتىم. مانا بۇ مېنىڭ تۈركچىنى ئۆگىنىشتىكى ئارقا كۆرۈنۈشۈم...

بىر كۈنى پاترىك ئەمدىلا ئىككى ياشقا كىرگەن قىزى لۇسىيەنى ئېلىپ ئىشخانىمغا كەلدى. شۇ كۈنى ئۇنىڭ ئايالى ئىشلەيدىغان بولغاچقا قىزىنى قارىغان ئىكەن. ئۇ دەرسكە قىزىنى ئېلىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن مېنىڭدىن كەچۈرۈم

سورىدى. دەرس چۈشتىن كېيىن 5 دە باشلىنىدىغان بولغاچقا، مەن قىزىمنى مەكتەپتىن ئېلىپ كەلمەكچى بولدۇم. رۇدابېرى مەكتىپى دەرستىن چۈشكەن باللارنىڭ ۋاڭ ــ چۇڭلىرى بىلەن قىزىپ كەتكەنىدى. قىزىم ئىشخانىغا كىرىپلا پاترىكنىڭ قىزىنى ئوينىتىشقا باشلىدى. لۇسىيە خۇددى قونچاققىلا ئوخشايدىغان چىرايلىق قىز ئىدى. ئۇنىڭ قاپقارا بۇدۇر چاچلىرى پاترىكنىڭ سارغۇچ چېچىنى ئەمەس، بەلكى ئىسپان قان سىستېمىسىدىن بولغان ئايىسىنىڭ چاچلىرىنى تارتقانىدى. لۇسىيە قىزىم بىلەن چىقىشىپلا كەتتى. دەرسخانىدا قىزىم بىلەن لۇسىيە بىر ــ بىرى بىلەن ئوينىشىپ ئولتۇردى. مەنمۇ دەرسىمنى ئۆتتۇم. دەرس ئاڭلاپ ئولتۇرغانلار بەزىدە ئۇلارنىڭ ئويۇنىغا قاراپ مەستلىكى كەلگەندەك قارىشىپ قوياتتى. تەنەپپۇس بولغاندا پاترىك ئۆزىنىڭ ئەمدىلا ئۆگىنىۋالغان ئۇيغۇرچە جۈملىلىرىنى ئىشلىتىپ قىزىم بىلەن سۆزلەشتى. ئۇيغۇرىيەمۇ ئۆزىنىڭ چۈچۈك تىللىرى بىلەن پاترىكنىڭ سۆزلىرىدىكى خاتا كەتكەن تەرەپلىرىنى تۈزىتىشكە ئۇرۇناتتى. پاترىك قىزىغا ئىككى خىل ئىسىم قويغان بولۇپ، شۋېتچە ئىسمى لۇسىيە، تۈركچە ئىسمى ئايشە ئىدى. ئايشە دېگەن بۇ ئىسىم قىزىمغا تولىمۇ ياقتى بولغاي شۇنىڭدىن كېيىن لۇسىيەنى ئايشە دەپ چاقىرىدىغان بولدى.

قىسقىسى، پاترىك ۋە ئۇنىڭ كىچىككىنە ئائىلىسى بىزدە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن پاترىكنىڭ ئائىلىسى بىلەن بولغان دوستلۇقىمىزنى ئىزچىل ساقلاپ كەلدۇق. مېنىڭ ئۇيغۇر تىلى دەرسىم ئاخىرلاشقاندىن كېيىنمۇ، پاترىك داۋاملىق تېلېفون ئارقىلىق مەندىن بەزى چۈشىنەلمىگەن ئۇيغۇرچە جۈملىلەرنى سوراپ تۇردى. مەنمۇ ئۇنىڭ ئۇيغۇرچىنى داۋاملىق ئۆگىنىشىنى، مۇمكىن بولسا ئۈرۈمچىگە بېرىپ بىر مەزگىل تىل پراكتىكىسى قىلىپ كېلىشىنى تەۋسىيە قىلدىم.

يوھان بىلەن پاترىكتىن باشقا ئۇيغۇر تىلى دەرسىمنى ئاڭلاۋاتقان يەنە ئۈچ كىشى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرى ستوكھولمنىڭ رىنكېبى دېگەن بازىرىدىكى تۈركچە باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىغان يالچىن بەي ئىدى. يالچىن بەي ئېگىز بوي، ئېغىر ــ بېسىق ۋە تەمكىن كىشى ئىدى. يېشىمۇ 50 كە يېقىنلىشىپ قالغان بولۇپ، بىر مەزگىل ئۇپسالا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تۈركولوگىيە كافېدراسىدا ياردەمچى لېكتور بولۇپ ئىشلىگەنىكەن. كېيىن ئۇ يەردىن ستوكھولم ئۇنىۋېرسىتېتىغا كېلىپ سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق بويىچە ماگىستىرلىق ئاسپىرانتلىقىنى تاماملاپتۇ. ھازىر دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانى ئۈچۈن ئىشتىن سىرت ئوقۇۋاتقان ئىكەن. ئۇنىڭ دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانى ئۈچۈن ئوقۇۋاتقان ئوقۇشى تولىمۇ ئۇزاققا سوزۇلغان بولۇپ، بۇ يىل يەتتىنچى يىلىغا قەدەم قويۇپتۇ. مەن ئۇنىڭدىن «نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگەنمەكچى بولدىڭىز؟» دەپ سورىغىنىمدا، ئۇ «مېنىڭ تەتقىقات يۆنىلىشىم تۈركىي تىللىرى بويىچە

سىلىشتۇرما تىلشۇناسلىق، شۇ ۋەجىدىن شەرقتىكى تۈركىي تىللىرىنى ئۆگىنىشكە ئېھتىياجىم تۇغۇلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇر تىلى تۈرك تىلى بىلەن تۇغقان تىل بولغاچقا ئۆگىنىشىمۇ ئاسانغا چۈشىدۇ دەپ ئويلايمەن» دەپ جاۋاب بەردى. يالچىن ئەپەندىنىڭ 50 ياشقا يېقىنلىشىپمۇ ئوقۇشىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇشى مەندە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى. ئىككى ئايدىن ئارتۇق داۋاملاشقان دەرس داۋامىدا يالچىن ئەپەندى ئۇيغۇر تىلىدىن خېلىلا ياخشى ئاساس سېلىۋالدى.

ئۇيغۇر تىلى دەرسىگە يەنە 60 ياشتىن ئاشقان سېلما ئىسىملىك بىر شۋېت ئايالمۇ قاتناشتى. سېلما خانىم ئەسلىدە شۋېتسىيىنىڭ دۆلەتلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا ئۇزاق مەزگىل مۇخبىر بولۇپ ئىشلىگەن بولۇپ، شۇ جەرياندا نۇرغۇن دۆلەتلەرگە بارغان ئىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىلگىرى جۇڭگونىڭ تىبەت، چىڭخەي ۋە شىنجاڭ قاتارلىق جايلىرىغىمۇ بارغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. كېيىنچە ئۇ يىپەك يولى مەدەنىيىتىگە قىزىقىپ قېلىپ، مۇخبىرلىق قىلىش جەريانىدا ئاسىيادىكى ھەرقايسى دۆلەت ۋە رايونلاردىن يىپەك يولىغا دائىر نۇرغۇن مەدەنىيەت بۇيۇملىرىنى ۋە يازما ماتېرىياللارنى توپلاپتۇ. ئۇ شۋېت تىلىدا نەشر قىلىنغان دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنى تونۇشتۇرىدىغان كىتابلار مەجمۇئەسى تەركىبىدە «ئافغانىستان» ناملىق كىتابنى يازغان ئىكەن. دەرس ئارىلىقىدا شۇ كىتابىدىن ماڭا بىرنى تەقدىم قىلدى.

سېلما خانىم باشقا ئوقۇغۇچىلاردەك تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتى ئۈنچىلىك يۇقىرى بولمىسىمۇ، لېكىن بەكمۇ تىرىشچان ئايال ئىدى. ھەر قېتىملىق دەرستە بېرىلگەن تاپشۇرۇقلارنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئىشلەپ كېلەتتى. سورايدىغان سوئاللىرىمۇ باشقىلاردىن كۆپ ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدە ئوتتۇرا ئاسىيا ھەققىدە بىر يۈرۈش تونۇشتۇرۇش كىتابلىرى يازماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا تىللىرىدىن ئومۇمىي ساۋاتقا ئىگە بولماقچى ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. مەن ھەر قېتىم سېلما خانىمنىڭ خۇددى بالىلاردەك قىزغىنلىق بىلەن ئۇيغۇر تىلىدىكى جۈملىلەرنى ئۈنلۈك ئاۋازدا تەلەپپۇز قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىمدە ئاجايىپ ھېسسىياتقا چۈمۈلىمەن.

ئۇيغۇر تىلى دەرسىمنى ئاڭلاۋاتقان بەشىنچى ئوقۇغۇچىم ئەمدىلا 28 ياشقا كىرگەن ئالتۇن چاچلىق شۋېت قىز مارىيە ئىدى. ئۇ شۋېتسىيىدىكى بىر ئاخبارات ئاگېنتلىقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدە تۇرۇشلۇق مۇخبىرى بولۇپ، بىرقانچە يىللاردىن بۇيان شىمالىي ياۋروپا گېزىتلىرىگە مەخسۇس ئوتتۇرا ئاسىيا ۋەزىيىتى ھەققىدىكى خەۋەرلەرنى يېزىپ كېلىۋېتىپتۇ.

مارىيە ئىنگلىزچىنى سۇدەك تېز سۆزلەيتتى. مەن بەزىدە ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭقىرالماي قالاتتىم. ئۇ ئۆزبېك، قازاق ۋە قىرغىز تىللىرىنىڭ كىرىل ئېلىپبەسىنى ئۆگەنگەن ئىكەن. كىرىل يېزىقىدا يېزىلغان خەتلەرنى راۋان

ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. قىرغىزىستاندا تۇرغان مەزگىللىرىدە كىرىل ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىنىمۇ ئۆگەنگەن ئىكەن. ئۇ ئۇيغۇر تىلىنى ياخشى بىلمىسىمۇ، لېكىن بىر قىسىم ئالاقە سۆزلىرىنى ئۆگەنگەن ئىكەن. شۇڭا دەرس ئارىلىقىدا مەندىن توختىماي بەزى سوئاللارنى سورايتتى. بىر ئايدىن كېيىن ئۇ ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىنى ھەجىلەپ ئوقۇيدىغان بولدى. لېكىن خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن دەرسىم ئاخىرلاشقىچە قىرغىزىستانغا كېتىپ قالدى. شۇندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن قايتا كۆرۈشەلمىدىم.

شەرق تىللىرى ئىنستىتۇتىدا ئۇيغۇر تىلىدىن دەرس ئۆتۈش مەن ئۈچۈن ھەم كۆڭۈللۈك ھەم جاپالىق بىر جەريان بولدى. ۋەتىنىمدىن يىراق بىر ئەلدە ئۆز ئانا تىلىمنى باشقىلارغا ئۆگىتىش، يەنە كېلىپ ئۇيغۇر تىلىنى داڭلىق بىر ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ دەرس پىلانى سۈپىتىدە ئوقۇتۇش مەن ئۈچۈن ئىپتىخارلىق ھېس قىلىدىغان شەرەپلىك خىزمەت ئىدى. شۇڭلاشقا قانچىلىك جاپا تارتساممۇ، بۇنى ئېغىرچىلىق ھېس قىلمىسىدىم. بەزى كۈنلىرى يېرىم كېچىگىچە دەرس تەييارلاشقا توغرا كېلەتتى. مەن ھەر قېتىملىق ئۆتۈلىدىغان دەرس مەزمۇنلىرىنى ۋە تېكىستلەرنى ئۇيغۇرچە يېزىق سىستېمىسى بىلەن كومپيۇتېردا بېسىپ چىقىرىپ ئوقۇغۇچىلارغا تارقىتىپ بېرەتتىم. بۇنىڭ ئۈچۈن بەزىدە يېرىم كېچىگىچە ئولتۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. بولۇپمۇ خەلقئارادا ئىنگلىز تىلىدا نەشر قىلىنغان ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇشىغا دائىر ئۆلچەملىك دەرسلىك تېخى نەشر قىلىنمىغان بىر شارائىتتا، بۇ دەرسنى ئىنگلىز تىلىدا سۆزلەش خېلىلا كۈچ تەلەپ قىلاتتى. ئامېرىكىنىڭ ۋاشىنگتون ئۇنىۋېرسىتېتىدا نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر ئاغزاكى تىلى»[129] ناملىق كىتاب مېنىڭ بۇ قېتىملىق دەرسىمدە مۇھىم دەرسلىك ماتېرىيال قىلىندى. مەن ئۇدا ئىككى يېرىم ئايغا سوزۇلغان ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇشى داۋامىدا ئۇيغۇر تىلىنى خەلقئارادا ئوقۇتۇشنىڭ دەسلەپكى تەجرىبىلىرىنى ئىگىلەشكە مۇۋەپپەق بولدۇم. شۇ قېتىملىق دەرسىم ئاخىرلىشىپ، مەن ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىنمۇ يوھان بىلەن پاترىك ئىككىيلەن ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىشىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇردى. بۇ مېنى تولىمۇ خۇشال قىلدى.

[129] Reinhard F. Hann, *Spoken Uyghur*, University of Washington Press, Seattle, 1991

## يىگىرمە ئىككىنچى باب

# فىنلاندىيە سەپىرىدە ئويلىغانلىرىم

سكاندىناۋىيە يېرىم ئارىلىنىڭ ئالتۇن ياز پەسلى يېتىپ كېلىشى بىلەنلا شۋېتسىيىلىكلەرنىڭ ساياھەت مەۋسۇمى باشلاندى. نۇرغۇن ئائىلىلەر كىچىك ماشىنىلىرىنىڭ كەينىگە كاراۋان دەپ ئاتىلىدىغان ئەسلىھەلىرى تولۇق ھەرىكەتچان ماشىنا ئۆيلىرىنى چېتىپ ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىغا ساياھەتكە مېڭىشقا باشلىدى. ستوكھولم شەھىرىدىكى ئۈستى ئوچۇق ساياھەت ئاپتوبۇسلىرى بىلەن بالتىق دېڭىزىدىكى گۈزەل ئاراللارنى ساياھەت قىلدۇرىدىغان ئوتتۇرا تىپتىكى يولۇچىلار پاراخوتلىرى قىزىپ كەتتى. يوللار، مەھەللىلەر ۋە باغچىلاردا تورلۇك رەڭدىكى گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلىپ، شىمالىي ياۋروپادىكى بۇ تىنچ دۆلەتنىڭ ئالتۇن پەسلىدىن دېرەك بەرمەكتە ئىدى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىز پۈتۈن ئائىلە بويىچە فىنلاندىيىگە ساياھەتكە بارماقچى بولدۇق. پاراخوت بېلىتىنى ئالدىن بۇيرۇتۇپ ئېلىپ قويدۇق. قىزىمنىڭمۇ ئۆزۈندىن بۇيان چوڭ تىپتىكى پاراخوتقا چۈشۈپ دېڭىز ساياھىتى قىلغۇسى بار ئىدى. ھېنرىكسدال تېغىدىكى ئائىلىلىكلەر بىناسىدىن ھەر كۈنى سەھەردە قىزىمنى ئېلىپ رۆدابېرى مەكتىپىگە ماڭغىنىمىزدا، دېڭىز بوغۇزىدا گۈدۈك چېلىپ فىنلاندىيىگە ماڭغان زور تىپتىكى پاراخوتلارنى كۆرەتتۇق. ئاستا ـ ئاستا پايانسىز دېڭىزغا قاراپ كېتىۋاتقان پاراخوتلار گويا يىراقتىكى ۋەتىنىمىزگە كېتىپ بارغاندەك مەندە بىر خىل ئۆزگىچە تۇيغۇسى پەيدا قىلاتتى. قىزىممۇ پاراخوتلارغا كۆز ئۈزمەي قاراپ كېتەتتى ـ دە، بىردىنلا:

— دادا، ئاۋۇ پاراخوتلار نەگە بارىدۇ؟— دەپ سورايتتى.

— فىنلاندىيىگە، — دەپ جاۋاب بېرەتتىم مەنمۇ.

— فىنلاندىيە يىراقتىمۇ؟

— دېڭىزنىڭ ئۇ تەرىپىدە.

— مەنمۇ مەلىكە ۋىكتورىيىدەك پاراخوتقا ئولتۇرۇپ يىراقتىكى ئاشۇ دۆلەتلەرگە بارسام دەپ ئويلايمەن.

— ئەلۋەتتە، بارالايسىز، قىزىم، — دەيتتىم مەن ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىپ، — ئالدىمىزدىكى پايانسىز دېڭىزنىڭ نېرىقى تەرىپىدە فىنلاندىيە، رۇسىيە، ئېستونىيە، لاتۋىيە ۋە لىتۋا دېگەن دۆلەتلەر بار. مېنىڭ سىزنى فىنلاندىيىگە ئېلىپ بېرىپ ساياھەت قىلدۇرغۇم بار. كىم بىلىدۇ، سىزنى ئۇ يەردە ئاق بوز ئاتقا مىنگەن

شاھزادىلەر ساقلاپ تۇرامدۇ تېخى!

قىزىم مېنىڭ جاۋابىمدىن خۇش بولۇپ كۈلۈپ قويانتى. مەكتەپتىن قايتىپ كەلگەندە بەزىدە ئۆيدىكى خەرىتىدىن فىنلاندىيىنى ئىزدەيتتى. خېلسىنكى، تۇركۇ قاتارلىق فىنلاندىيىنىڭ چوڭ شەھەرلىرىمۇ قىزىمغا شۇنچىلىك تونۇش بولۇپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ پۈتۈن ياز بويى قىزىم دېگىمىز بوغۇزىدا يىراققا كېتىپ بارغان پاراخوتلارنى كۆرسىلا «فىنلاندىيىگە قاچان بارىمىز، دادا؟» دەپ سورايدىغان بولدى.

ئىيۇل ئايلىرىنىڭ بېشىدىكى بىر جۈمە كۈنى قىزىمنىڭ فىنلاندىيە چۈشى ئاخىرى ئەمەلگە ئاشتى. بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى كامالنىڭ ئائىلىسى بىلەن بىللە ستوكھولمدىكى دروتنىڭگاتان پورتىدىن غايەت زور يولۇچىلار پاراخوتىغا چىقتۇق. ئۇنىڭغىچە قەۋەتلىك بۇ چوڭ تىپتىكى يولۇچىلار پاراخوتى ئۆز گەۋدىسىنىڭ يېرىمىنى دېڭىز سۈيىگە يوشۇرۇپ تۇراتتى. Cinderella ناملىق بۇ پاراخوت ئۆز گەۋدىسىنىڭ چوڭلۇقى بىلەن ماڭا Titanic ناملىق پاراخوتنى ئەسلەتتى. لېكىن كاللامغا كەلگەن بۇنداق ناسادىيى ئوخشىتىش مەندە بىر خىل يوشۇرۇن ۋەھىمە پەيدا قىلدى. شۇئان «خۇدا، ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن، بىمەنە خىياللىرىم ئۈچۈن كەچۈرگەيسەن!» دەپ پىچىرلىدىم ئىچىمدە.

چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتلەر بىلەن Cinderella ناملىق پاراخوت گۈدۈك چېلىپ پورتتىن قوزغالدى. بىز ھەممىمىز نەرسە ـ كېرەكلىرىمىزنى بەشىنچى قەۋەتتىكى ياتىقىمىزغا قويۇپ قويۇپ، پالۇبىغا چىقتۇق. يولۇچىلارنىڭ كۆپ قىسمى پالۇبىغا چىقىۋالغان بولۇپ، پاراخوتنىڭ پورتتىن قوزغىلىشىنى تاماشا قىلىشماقتا ئىدى. مەن باللارنىڭ شۇنچىلىك ھاياجانلىنىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. دوستىمىز كامال بىلەن تاڭنۇرنىڭ بەش ياشلىق ئوغلى ئاتىللا قىزىم بىلەن قولنى قولغا تۇتۇشۇپ ئۇياقتىن ـ بۇياققا يۈگۈرۈشۈپ ئويناشماقتا ئىدى. بىز ئىككى جۈپ ئەر ـ خوتۇن باللارنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىپ، پالۇبىنىڭ ئەتراپىدىكى رېشاتكىغا يۆلەنگىنىمىزچە ئاستا ـ ئاستا ئۈزۈپ كېتىۋاتقان پاراخوتتىن ئەتراپتىكى مەنزىرىلەرنى تاماشا قىلدۇق.

ئالتۇن ياز پەسلىنىڭ ئىللىق ھارارىتىگە چۈمۈلگەن ئىككى ئەتراپتىكى يېزىلىگەن ئاراللار ۋە بۇ ئاراللاردىكى بۈك ـ باراقسان ئورمانلارغا پۈركۈنۈپ تۇرغان چىرايلىق داچىلار كىشىگە ئاجايىپ رومانتىك تۇيغۇ ئاتا قىلاتتى. بىر ـ بىرىگە مىنگىشىپ كەتكەن قاتار ئاراللار ئاستا ـ ئاستا كەينىمىزدە قېلىپ، يېڭى ئاراللار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى كۆز ئالدىمىزدا پەيدا بولاتتى. پارلاپ تۇرغان قۇياش نۇرىدا پايانسىز دېڭىز يۈزى تىنىمسىز جىمىرلاپ كۆزنى قاماشتۇراتتى.

بىز ھەممىمىز رېشاتكىلارغا يۆلەنگىنىمىزچە ئەتراپتىكى مەنزىرىلەردىن كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇردۇق. بۇنداق زور تىپتىكى پاراخوتقا چۈشۈپ پايانسىز دېڭىزدا ساياھەت قىلىشىمىز بىرىنچى قېتىم بولغاچقىمىكىن، ھەممىمىز بىر خىل


AltunOq

ئىچكى ھاياجان ئىلكىدە تۇرماقتا ئىدۇق. گاھىدا بىر ـ بىرىمىزگە تىكىلىپ قاراپ قالاتتۇق، لېكىن بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلىشمىدۇق. مۇشۇ دەقىقىلەردە ئارىمىزدا ھېچكىمنىڭمۇ ئارتۇقچە گەپ قىلغۇمىز يوق ئىدى. ھەممىمىز بىر ـ بىرىمىزنىڭ ئىچكى ھېسسىياتلىرىنى چۈشىنىۋاتقاندەك، دېڭىزنىڭ چەكسىزلىكى ئېلىپ كەلگەن ئىچكى ھاياجان ئىلكىدە ئارىدىكى تاتلىق سۈكۈتنى ساقلاشقا تىرىشماقتا ئىدۇق.

مەن پالۇبىدا ئۇياقتىن بۇياققا يۈگۈرۈشۈپ ئويناۋاتقان بالىلارغا نەزەر تاشلىدىم. ئۇلار شۇنچىلىك خۇشال، شۇنچىلىك غەمسىز، شۇنچىلىك بىغۇبار...قىزىم يوغان بىر شارنى كۆتۈرۈۋېلىپ ئويناماقتا. ئۇنىڭ چاچلىرى بىر خىلدا سوقۇۋاتقان دېڭىز شامىلىدا چۇۋۇلۇپ يۈزلىرىنى توسۇماقتا ئىدى، لېكىن ئۇ بىر قولى بىلەن شامالدا توزۇۋاتقان چاچلىرىنى كەينىگە قايرىپ، پۈتۈن دىققىتى بىلەن قولىدىكى شارنى ئاسمانغا ئېتىپ ئويناماقتا ئىدى. قارىغاندا ئۇ پاراخوتقا چىقىپلا ئويۇننىڭ قىزىقچىلىقىدا فىنلاندىيە ھەققىدىكى چۈشلىرىنى ۋاقىتلىق ئۇنتۇغاندەك قىلاتتى. ئۇ كىچىكىدە چۆچەك ئاڭلاشقا ئامراق ئىدى، ھازىرمۇ شۇنداق، چۆچەك ئېيتىپ بەرسىلا ھەممىنى ئۇنتۇيدۇ. بولۇپمۇ مەلىكىلەر ھەققىدىكى گۈزەل چۆچەكلەرگە ئاجايىپ ئامراق. ئۆزىنىڭمۇ بىر مەلىكىگە ئايلىنىپ، يەلكەنلىك كېمىلەرگە چۈشۈپ، پايانسىز دېڭىزنىڭ ئۇ قېتىدىكى نامەلۇم ئەللەرگە بارغۇسى، شۇ ئەللەردىكى ئاپئاق ئاتلارغا مىنگەن شاھزادىلەرنىڭ پەيتۇنىغا ئولتۇرۇپ، ئاجايىپ ئوردىلارنى ساياھەت قىلغۇسى بار. مانا بۇ ئەمدىلا ئالتە ياشقا كىرگەن بىر سەبىي قىزنىڭ چۆچەكلەر بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن گۈزەل چۈشلىرى. ئۇ بۇ چۈشلەرنى ئېسىنى تاپقان ۋاقتىدىن باشلاپلا ئاڭلاپ كەلگەن، ئۇنىڭغا شەكسىز ئىشەنگەن، يەنە بۇ چۈشلەرگە قانچىلىك شەيدا بولۇپ، قانچىلىك ۋاقىتقىچە ئىشىنىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. ئەمما ئۇ ئىشەنگەن بۇ چۈشلەرنىڭ بىر يىل، بىر يىلدىن ئۇنىڭ تۇرمۇش رېئاللىقىدىن غايىب بولۇۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ بارا ـ بارا بالىلىقتىكى ئالتۇن رەڭ چۆچەكلەر دۇنياسىدىن رېئاللىقنىڭ رەھىمسىز قوينىغا قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئويلىساملا، ئۇنىڭ مەڭگۈ بىر بالا ھالىتىدە تۇرۇشىنى تولىمۇ خالايمەن.

ئەنە، بىر تۇتام قاپقارا بۇدۇر چاچلىرى پېشانىسىگە چۈشۈپ تۇرغان، يوغان قوي كۆزلىرىدىن بالىلارغا خاس سەبىيلىك ۋە قىزغىنلىق چىقىپ تۇرغان بەش ياشلىق ئاتىتىللا! ئۇ قىزىم بىلەن شارنى تالىشىپ ئويناماقتا. ئۇ شوخ، ئويۇنغا ئامراق ھەم ئەقىللىق بالا. بەزىدە بالىلارغا خاس شوخلۇقى بىلەن قىزىمدىن ئويۇنچۇقلارنى تالىشىدۇ، ئۇرۇشۇپمۇ قالىدۇ، لېكىن بىرقانچە مىنۇت ئۆتمەيلا ئۇلار يەنە قايتىدىن يارىشىپ قالىدۇ. بىر ـ بىرى بىلەن شۇنچىلىك ئىچەكىشىپ كېتىدۇ. مەن ئاتىتىلانى ياخشى كۆرىمەن. ئۇ قۇچاقتىكى چېغىدىلا ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ بۇ يەرگە كەلگەن، بۇ يەردە چوڭ بولدى، ئائىلىدىن ئىبارەت بۇ تار مۇھىت ئىچىدە ئانا تىلىنى

ئۆگەندى، يەنە تېخى چۈچۈك تىللىرى بىلەن شۋېتچىسىنىمۇ سۆزلەيدۇ. ئۇ دائىم بىزگە بوۋاقلىقىدا ئايرىلغان ۋەتىنىنى، مېھرىبان مومىسىنى سېغىنغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. ئۆزىنىڭ چوڭ بولغاندا ئارمىيىگە قاتنىشىپ يارامىلىق ئەسكەر بولغۇسى بارلىقىنى، ئامېرىكا فىلىمى «ئۆمۈچۈك پالۋان» دىكى باش قەھرىمانغا چوقۇنىدىغانلىقىنى سۆزلەپ هارمايدۇ... مانا بۇلار ئۇنىڭ بالىلىق چۈشلىرى.

مەن پالۇبىدا پۈتۈن دۇنيانى ئۇنتۇپ ئويناۋاتقان بالىلارغا قاراپ ئۇلارغا شۇنچىلىك ئىچىم كۆيدى، ئۇلارنىڭ مۇشۇ پېتى ياشىشىنى، بالىلىق چۈشلىرىنىڭ يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ بەربات بولۇپ كەتمەسلىكىنى ئارزۇ قىلدىم. شۇ دەقىقىلەردە بىردىنلا قىزىمنىڭ «دادا، مېنىڭ پەقەت چوڭ بولغۇم يوق، داۋاملىق مۇشۇ پېتى تۇرسام دەيمەن» دېگىنى ئېسىمگە كەلدى.

پاراخوت ئاستا ــ ئاستا قۇرۇقلۇق ئارىسىغا سوزۇلۇپ كىرگەن دېڭىز بوغۇزىدىن ئۆتۈپ، پايانسىز بالتىق دېڭىزى تەرەپكە قاراپ سۇرۇلۇشكە باشلىدى. زۇمرەتتەك كۆكۈچ دېڭىز يۈزى چەكسىز كۆك ئاسمان بىلەن تۇتىشىپ كەتكەندەك كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ھايال ئۆتمەيلا شۋېتسىيە چوڭ قۇرۇقلۇقى ئارقىمىزدا قېپقالدى. قىرغاق يىراقتا قېپقالغانسېرى ئالدىمىزدىكى دېڭىز يۈزى تېخىمۇ كېڭىيىشكە باشلىدى. مەن قەلبىمدە ئەزەلدىن ھېس قىلىپ باقمىغان گۈزەل ھېسسىياتلار ۋە ئاجايىپ تەسەۋۋۇرلارنىڭ تىنىمسىز ئۇرغۇۋاتقانلىقىنى سەزمەكتە ئىدىم. شۇندىلا دېڭىزنىڭ ئىنسانلارغا بېرىدىغان تەسەۋۋۇر بوشلۇقىنى، تەبىئەت بىلەن ئادەمنىڭ روھىي جەھەتتىكى گارمونىك بىرلىكىنى چوڭقۇر دەرىجىدە ھېس قىلىشقا باشلىدىم.

دېڭىزغا قاراپ كۆزلىرىمىز تالغاندىن كېيىن، پاراخوتنىڭ ئىچىگە قايتىپ كىردۇق. كەچلىك تاماق ۋاقتى بولغاچقىمىكىن پاراخوتنىڭ رېستورانلىرى قايناپ كەتكەنىدى. بىر ياقتىكى چوڭ تانسىخانىدا ناخشا ــ مۇزىكا سادالىرى ئاڭلانماقتا ئىدى. پاراخوتنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى چوڭ تىپتىكى تاللا بازىرىنى ئايلىنىپ ئۆزىمىزگە لازىملىق نەرسىلەرنى سېتىۋالدۇق. بۇ يەردە باج كەچۈرۈم قىلىنغان بولغاچقا تۇرمۇشقا كېرەكلىك بۇيۇملار ستوكھولمدىكى ماگىزىنلارغا قارىغاندا خېلىلا ئەرزان ئىدى.

كەچلىك تاماقتىن كېيىن، ئايالىم بىلەن تاڭنۇرى بالىلارنى ئۇخلىتىش ئۈچۈن بۆلمىدە قېپقالدى. بىز كامال بىلەن ئىككىمىز بۆلمىدىن چىقىپ، پاراخوتنىڭ ئىچىنى تاماشا قىلغاچ ئايلاندۇق. ئوننەچچە قەۋەتلىك زور تىپتىكى بۇ يولۇچىلار پاراخوتىدا ھەرقانداق نەرسە تېپىلاتتى. دېڭىز يۈزىنى كېچە قاراڭغۇلۇقى قاپلىغان بولۇپ، پاراخوت بالتىق دېڭىزىنىڭ باغرىنى يېرىپ كېتىپ بارماقتا ئىدى. پاراخوتنىڭ سەككىزىنچى قەۋىتىدە قىمار خاراكتېرىنى ئالغان نۇرغۇن ئويۇنخانىلار بار بولۇپ، مىغ ــ مىغ يولۇچىلار بىلەن تولغان ئىدى. بىز بىرئاز ماڭمايلا ئالدىمىزدىكى بىر قىمارخانىدا ۋاڭ ــ چۇڭ قىلىشىپ قىمار ئويناۋاتقان

بىر توپ جۇڭگولۇقلارنى كۆردۇق. يېقىن بېرىپ قارىساق، بۇ يەرگە جۇڭگولۇقلار بىلەن شەرقىي ئاسىيادىن كەلگەن بىر توپ ساياھەتچىلەر توپلىشىۋالغان ئىكەن. ئۇلار قىمارخانىدىكى ئوينەچچە قىمار ئۈستىلىنى لىق ئىگىلەپ قىمار ئويناۋاتقىنى ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى كەمەرلىرىگە كىچىك پۇل قاپچۇقى، بويىنىغا سېپىرلىق فوتو ئاپپاراتى ۋە مىكرو سىنئالغۇ ئاپپاراتلىرى ئېسىۋالغان، بېشىغا ساياھەت شەپكىلىرى كىيىۋالغان ئەر - ئاياللار بولۇپ، گەپ - سۆزلىرىدىن جۇڭگونىڭ دېڭىز بويىدىكى ئۆلكىلىرىدىن شىمالىي ياۋروپاغا ساياھەتكە كەلگەنلەردەك تۇراتتى. ئۇلارنىڭ قىمار ئۈستىلىدە ئايىماي خەجلەۋاتقان پۇللىرىغا قاراپ تۇرۇپلا قالدۇق. قىمار ئويناۋاتقانلارنىڭ ئەتراپىغا قاراشقىمۇ چولىسى يوق ئىدى. ئۇلار يۇقىرى ئاۋازدا ۋارقىرايتتى، قاقاقلاپ كۈلەتتى، ئىسقىرتاتتى، بەزىدە جىملە بولغىنىدىن سەت گەپلەر بىلەن بىر - بىرىنى تىللىشاتتى. بۇ مەنزىرىلەرنى كۆرگەن كىشى ئۆزىنى شىمالىي ياۋروپادا ئەمەس، بەلكى ئۈرۈمچىدىكى بىر قاۋاقخانىدا تۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى.

بىز ئۇ يەردىن ئايرىلىپ ئالدى تەرەپكە ئازراق ماڭغاندىن كېيىن يەنە بىر قىمارخانىغا لىق تولغان ساياھەتچىلەرنى ئۇچراتتۇق، ئۇلارنىڭ ئىچىدە خېلى كۆپ ساندىكى جۇڭگولۇقلارمۇ بار ئىدى. ئۇلارمۇ ئوخشاشلا يۇقىرى ئاۋازدا ۋاڭ - چۇڭ قىلىشىپ، كاللەك - كاللەك ياۋرولار بىلەن قىمار ئويناشماقتا ئىدى. سەككىزىنچى قەۋەتنى بىر قۇر ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن بەش - ئالتە قىمارخانىدا جۇڭگولۇقلار بىلەن شەرقىي ئاسىيالىقلارنىڭ بۇ يەردە ئەڭ كۆپ سانىنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇق. بۇ يەردە جۇڭگولۇقلاردىن باشقا يەنە مەلۇم ساندىكى كورېيىلىكلەر، فىلىپپىنلىقلار، ۋېيتناملىقلار، شەرقىي ياۋروپالىقلار ۋە جەنۇبىي ئامېرىكا ئەللىرىدىن كەلگەن ساياھەتچىلەرمۇ بار ئىدى. پاراخوتنىڭ سەككىزىنچى قەۋىتى ئويۇنخانا، بەزمىخانا ۋە قىمارخانىلار بىلەن تولغان بولۇپ، پۈتۈن پاراخوت بويىچە ئەڭ شاۋقۇنلۇق قەۋەت ئىكەن.

بىز سەككىزىنچى قەۋەتتىن ئايرىلىپ، ئۈستىگە چىقىپ كەتتۇق. توققۇزىنچى - ئونىنچى قەۋەتلەر جىمجىت بولۇپ، بۇ پاراخوتنىڭ ئالىي دەرىجىلىك بۆلمىلىرى ھېسابلىنىدىكەن. پەلەمپەينىڭ قېشىدا تاماكا چېكىدىغانلار ئۈچۈن مەخسۇس تەييارلانغان ئورۇندۇق ۋە ئۈستەللەر قويۇلغان بولۇپ، ياندىكى يۇمىلاق دېرىزىدىن دېڭىزنىڭ كېچىلىك مەنزىرىسىنى تاماشا قىلغىلى بولاتتى. كامال بىلەن ئىككىمىز شۇ ئورۇندۇقلارغا بېرىپ ئولتۇردۇق. مېنىڭ بايا سەككىزىنچى قەۋەتتىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭدىن كاللام ئايلىنىپ كەتكەن بولغاچقىمۇ، دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ بىردەم جىم ئولتۇردۇم. كامال بىر تال تاماكا ئېلىپ تۇتاشتۇردى. مېنىڭ خىيالىمدىن نۇرغۇن - نۇرغۇن سوئاللار كەچمەكتە ئىدى. جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇچقاندەك ئىلگىرىلىمەكتە.

ئومۇمىي خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىمۇ زور دەرىجىدە كۆتۈرۈلدى. لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىسراپچىلىق، ھەشەمەتچىلىك ۋە چىرىكلىك ئامىللىرىمۇ گويا مىتىسدەك تىنىمسىز لۆمۈلدەپ جۇڭگو جەمئىيىتىدىكى زور ئىجتىمائىي مەسىلىگە ئايلانماقتا. پاراخوتتىكى بەزمىخانا ۋە قىمارخانىلاردا نېمە ئۈچۈن جۇڭگولۇقلار شۇنچە كۆپ، ئۇلار قىمار ئۈچۈن ئايىماي خەجلەۋاتقان ئاشۇ كاللەك ـ كاللەك پۇللارنى مائارىپقا ياكى ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىغا ئىشلەتسە بولماسمىدى؟ پۈتكۈل مەملىكەتتە تېخى ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ياۋروپا ئەللىرىنىڭ سەۋىيىسىگە يەتمىگەن بىر شارائىتتا، بۇ پاراخوتنىڭ سەككىزىنچى قەۋىتىدىكى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئاشۇ مەنزىرىلەرگە نېمە دېگۈلۈك؟ شۋېتسىيىدە پۇقرالار كىرىمىنىڭ 33% ى باجغا كېتىدۇ. بۇ دۆلەتتە باج تاپشۇرۇشنىڭ ئۆزىنى ھەرقانداق بىر گراژدانىنىڭ شەرەپلىك بۇرچى دەپ قارىلىدۇ. پۇقرالارمۇ دۆلەتكە باج تاپشۇرۇشنى ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ مۇھىم بىر ئىپادىسى دەپ بىلىدۇ. شۇڭلاشقا دۆلەت مەمۇرلىرىنىڭ ھۆكۈمەت پۇلىغا خىيانەت قىلىشى ياكى قىمار ئوينىشى بۇ يەردە كەچۈرگۈسىز ئېغىر جىنايەت ھېسابلىنىدۇ ھەمدە بۇنداق قىلىشنىڭ ئۆزىمۇ ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. مۇشۇ خىل سېلىشتۇرمىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، فىنلاندىيىگە ماڭغان ساياھەت پاراخوتىدىكى قىمارخانىلارغا ئولىشىۋالغان شۇنچە كۆپ جۇڭگولۇقلارنى نېمە دەپ چۈشەندۈرىمىز، ئۇلار خەجلەۋاتقان ئاشۇ يۇقىرى سوممىلىق ياۋرولار نەدىن كەلگەن؟...

شۇ كۈنى كېچىچە ئۇيقۇم قېچىپ، كارىۋاتتا ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۆرۈلۈپ زادىلا ئۇخلىيالمىدىم. تۇرۇپلا ئۆز ـ ئۆزۈمگە «ساياھەتكە كېتىۋاتسام، بۇ ئىشلارنى ئويلاپ ئۆزۈمگە يۈك قىلىۋېلىپ نېمە قىلىمەن، بۇنىڭسىزمۇ ئۆزۈمنىڭ غەم ـ قايغۇلىرى ئازمىدى؟!...» دەپ تەسەللىي بېرىمەن. شۇنداق دېسەممۇ، لېكىن بۇ خىياللارنى پۈتۈنلەي ئۆزۈمدىن يىراق قىلىشقا ئامالسىز ئىدىم. قاچانلاردا ئۇخلاپ قالغىنىمنى بىلمەيمەن، بىر چاغدا بالىلارنىڭ قىيا ـ چىيا ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم. ئويغۇرىيە بىلەن ئاتتىملا تاڭ سەھەردە ئويغىنىپلا بىر ئويۇنچۇقنى تالىشىپ جېدەل قىلىشقا باشلاپتۇ. ئايالىم بىلەن تاڭنۇرى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، دېڭىز يۈزىدىن يېڭىلا كۆتۈرۈلگەن قۇياشنى تاماشا قىلىش ئۈچۈن پالۇبىغا چىقىشقا تەييارلىق قىلىۋاتقان ئىكەن. كامالمۇ ئويغاندى، بىز يۈز ـ كۆزلىرىمىزنى يۇيۇپلا ھەممىمىز پالۇبىغا چىقىشقا ئالدىرىدۇق. چۈنكى دېڭىزدىن كۆتۈرۈلگەن قۇياشنى تاماشا قىلىش بۇ قېتىمقى ساياھىتىمىزنىڭ مۇھىم كۈنتەرتىپلىرىدىن بىرى ئىدى. لېكىن لىفىت ئارقىلىق پاراخوتنىڭ ئەڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىگە يېتىپ چىقىپلا قاتتىق ئۈمىدسىزلىنىپ كەتتۇق. سىرتتا چېلەكلەپ قۇيۇلغاندەك شارقىراپ يامغۇر ياغماقتا ئىدى. مەن دېڭىزدا ياغقان يامغۇرنىڭ شۇ قەدەر دەھشەتلىك بولىدىغانلىقىنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغانىدىم. پالۇبىغا چىقىش ئەسلا مۇمكىن

ئەمەس ئىدى. يامغۇر بىلەن تەڭ دېڭىز يۈزىدىن كۆتۈرۈلگەن قويۇق تۇماندا ھېچنېمىنى ئىلغا قىلغىلى بولمايتتى. پالۇبىنىڭ ئەينەك بىلەن قورشالغان قىسمىدا سىرتتىكى شىددەتلىك يامغۇرغا قاراپ بىر ھازا تۇردۇق، يامغۇر پەسىيىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. پاراخوتنىڭ خېلسىنكىغا يېتىپ بېرىشىغا يەنە ئىككى سائەت بار ئىدى. فىنلاندىيىدە تۇرىدىغان ۋاقتىمىز پەقەت بىر كۈنلا بولۇپ، شۇ كۈنى كەچقۇرۇن يەنە مۇشۇ پاراخوت بىلەن ستوكھولمغا قايتاتتۇق. ئويلىمىغان يەردىن فىنلاندىيە ساياھىتىمىزنىڭ شىددەتلىك يامغۇر بىلەن باشلىنىشى بىزنىڭ سەھەردىكى كەيپىياتىمىزنى خېلىلا ئۆچۈردى. لاسىدە بولۇپ بۆلمىگە قايتىپ چۈشتۇق ۋە ئەتىگەنلىك تاماق يېدۇق. ھەممىمىز بىر ـ بىرىمىزگە تەسەللى بېرىپ «بۇنداق شىددەتلىك يامغۇر ئۇزاققا بارمايدۇ، بىرئازدىن كېيىن ھاۋا ئېچىلىپ كېتىشى مۇمكىن» دېيىشتۇق.

ھايال ئۆتمەي پاراخوت گۈدۈك چېلىپ پورتقا يېقىنلاشقانلىقىدىن بەلگە بەردى. يامغۇر توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. سىرتتىكى شارقىراپ يېغىۋاتقان يامغۇردا خېلسىنكى شەھىرى ئاپئاق تۇمانغا پۈركىنىپ تۇرماقتا ئىدى. پاراخوت پورتقا كىرىپ توختىغاندىن كېيىن، كىشىلەر توپىغا قوشۇلۇپ، پاراخوتتىن چۈشتۇق. يامغۇر سۈيى بىلەن يۇيۇنۇپ چىلىق ـ چىلىق بولۇپ كەتكەن خېلسىنكى شەھىرى بىزگە ئۆزىنىڭ سۇلۇق قۇچىقىنى ئاچتى. شۇنداق قىلىپ، مۇشۇنداق بىر يامغۇرلۇق كۈندە مۇشۇنداق بىر رومانتىك دۆلەتنىڭ تۇپرىقىنى دەسسىدۇق.

فىنلاندىيە شىمالىي ياۋروپادىكى گۈزەل بىر دۆلەت. ئۇ شىمالىي ياۋروپادىكى باشقا قوشنىلىرى، بولۇپمۇ سكاندىناۋىيە يېرىم ئارىلىدىكى ئىككى يېقىن قوشنىسى ـــ شۋېتسىيە ۋە نورۋېگىيىلەر بىلەن ئۇزاق مۇددەتلىك ئىناق قوشنىدارچىلىق ھەم ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىدە تۇرۇپ كەلگەن. فىنلاندىيە تارىختا كۆپ قېتىم چاررۇسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ تاجاۋۇزى ۋە مۇداخىلىسىگە ئۇچرىغان. ھەتتا خېلى ئۇزاق مەزگىللەرگىچە چار پادىشاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشۈپ قالغان. 1917 ـ يىلى رۇسىيىدە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، ئۇزاق مەزگىل چار پادىشاھنىڭ مۇستەملىكىسى ئاستىدا تۇرۇپ كەلگەن فىنلاندىيە مۇستەقىللىققا ئېرىشىدۇ. 1930 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقى فىنلاندىيىگە زېمىن تەلىپى قويىدۇ ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيىسى چېگرىدىن ئۆتۈپ شەرقىي فىنلاندىيە زېمىنىغا بېسىپ كىرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن سوۋېت ـ فىنلاند ئۇرۇشى پارتلايدۇ. ئۇنىڭغا ئۇلاپلا ئىككىنچى جاھان ئۇرۇشى پارتلايدۇ. ئۇرۇش ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغۇچى دۆلەت سۈپىتى بىلەن فىنلاندىيىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى خېلى كۆپ زېمىنىنى ئىگىلىۋالىدۇ.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەت كەلتۈرۈپ چىقارغان ئۇزاق مەزگىللىك «سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى» داۋامىدا، فىنلاندىيە ئىزچىل ھالدا شەرقتىكى كۈچلۈك قوشنىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بېسىمى ۋە ھەربىي تەھدىتى ئىچىدە تۇرۇپ كېلىدۇ. كېيىنچە شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ، ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈشكە تىرىشىدۇ. ياۋروپا ئىتتىپاقى پۇل بىرلىكى ۋە باشقا ئىجتىمائىي تۈزۈلمىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرگەندە فىنلاندىيە شىمالىي ياۋروپادا ھەممىدىن ئاۋۋال ياۋرو بىرلىكىگە كىرىپ، ئۆزىنىڭ ياۋروپا ئىتتىپاقىدىكى مۇھىم رولىنى نامايان قىلىدۇ.

فىنلاندىيە — شىمالىي ياۋروپادىكى مەشھۇر كۆل دۆلىتى. بۇ ئەل ئۆز زېمىنىدىكى سان ـ ساناقسىز كۆللىرى ۋە كىمخابتەك يېشىل داللىرى بىلەن مەشھۇر. فىنلاندىيىنىڭ غەربىي ۋە جەنۇبىي قىسمىنى قۇچاقلاپ تۇرغان بالتىق دېڭىزى بۇ دۆلەتنىڭ ئاتلانتىك ئوكيانغا چىقىشتىكى دېڭىز يوللىرىنى راۋانلاشتۇرغان. شەرقىي قىسمى رۇسىيە زېمىنى ئارقىلىق ياۋرو ـ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقى بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ. بۇ ھال بۇ دۆلەتنىڭ گۈزەل جۇغراپىيىلىك شارائىتىنى شەكىللەندۈرگەن.

فىنلاندىيە — تىل ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىن ياۋرو ـ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى قەدىمكى خەلقلەر بىلەن ناھايىتى زىچ باغلىنىشقا ئىگە دۆلەت. شىمالىي ياۋروپادا شۋېتسىيە، دانىيە، نورۋېگىيە ۋە ئىسلاندىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ تىللىرى يېقىن تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە. ئۇلارنىڭ تىللىرى خۇددى تۈركىي تىللىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى باغلىنىش ۋە يېقىنلىققا ئوخشاشلا بىرىگە تايىنىپ يەنە بىرىنى مەلۇم دەرىجىدە چۈشىنىش ئىمكانىيىتىنى ھازىرلىغان. ئەمما فىن تىلى شىمالىي ياۋروپا ۋە سكاندىناۋىيە تىللىرىدىن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. ياۋروپادا تىلشۇناسلار فىن تىلىنى فىن ـ ئۇگىر تىل سىستېمىسى دېگەن ئايرىم كاتېگورىيىگە بۆلگەن. بىر مەزگىل فىن ـ ئۇگىر تىللىرىنىڭ ئالتاي تىل سىستېمىسى بىلەن زىچ باغلىنىشقا ئىگە ئىكەنلىكى، ھەتتا ئۇيغۇر، ھونگار، ئون ئۇگىر ۋە فىن تىللىرىنىڭ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە ئىكەنلىكى تىلشۇناسلار تەرىپىدىن پەرەز قىلىنغان. فىنلاندىيىنىڭ ئىككىنچى چوڭ شەھىرى بولغان «تۇركسو» نىڭ نامىمۇ ئادەمنى فىنلاندىيە بىلەن تۈركىي خەلقلەر مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى سىرلىق مۇناسىۋەت ھەققىدە ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. بۇ ھال ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن فىنلاندىيە ئوتتۇرىسىدىكى بىر خىل ئىچكى باغلىنىشنى كۆز ئالدىمىزغا ئېلىپ كېلىدۇ.

فىنلاندىيە — ئۆزىنىڭ مىللىي فولكلور مەدەنىيىتى ۋە ئەنئەنىلىرىنى ساقلاش، داۋاملاشتۇرۇش، قېزىش ۋە تەتقىق قىلىشتا دۇنياغا ئۈلگە ياراتقان

دۆلەتلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. دۇنيادىكى ئەڭ دەسلەپكى خەلق چۆچەكلىرىنىڭ تۈر كلاسسىفىكاتسىيىسى فىن چۆچەكلىرى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن. دۇنيادىكى ئەڭ بالدۇرقى فولكلور تەتقىقات جەمئىيىتى ۋە فولكلور مەدەنىيىتىگە بېغىشلانغان مەخسۇس ژۇرنالمۇ فىنلاندىيىدە تەسىس قىلىنغان. بۇ ھال فىنلاندىيىنى دۇنيا ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ساھەسىدىكى يېتەكچى دۆلەتلەرنىڭ بىرىگە ئايلاندۇرغان.

مەن ئاشۇ كۈنكى يامغۇرلۇق سەھەردە فىنلاندىيە ھەققىدىكى نۇرغۇن ـ نۇرغۇن خىياللىرىم بىلەن بۇ ئەلنىڭ تۇپرىقىنى دەسسىدىم. پرېستاندىن خېلسىنكى شەھەر مەركىزىگە يېتىپ بارغۇچە شىددەتلىك يامغۇردا چىلىق ـ چىلىق ھۆل بولۇپ كەتتۇق. شەھەر مەركىزىدىكى پىيادىلەر كوچىسىغا بېرىپ، ئۈستى ئەينەك بىلەن يېپىلغان سېنتروم (Centrum) نىڭ ئىچىدە يامغۇردىن پاناھلاندۇق. بۇ جاي ناھايىتى چوڭ سودا مەركىزى بولۇپ، نۇرغۇن داڭلىق ماگىزىنلار، قەھۋەخانىلار ۋە باشقا كۆڭۈل ئېچىش ئورۇنلىرى جايلاشقان ئىكەن. بىز بالىلارنىڭ ھۆل بولۇپ كەتكەن كىيىملىرىنى قۇرۇتقاچ، ئىسسىق قەھۋە ئىچتۇق. ئاندىن كامال بىلەن ئىككىمىز يامغۇرنىڭ پەسىيىشىنى كۈتۈپ بالىلارنى ئوينىتىپ تۇرماقچى بولدۇق. ئايالىم بىلەن تاڭنۇرى ماگىزىن ئارىلايدىغان بولدى.

مەن خېلسىنكىغا كېلىشتىن بۇرۇنلا فىنلاندىيىنىڭ مەشھۇر ھەربىي قوماندانى ۋە مارشالى ھەمدە كېيىن بۇ ئەلگە زوڭتۇڭ بولۇپ سايلانغان گۇستاف ماننېرھېيم ھەققىدە كۆپ ماتېرىياللارنى كۆرگەنىدىم. مېنىڭ ماننېرھېيمغا قىزىقىشىم ئۇنىڭ فىنلاندىيە زوڭتۇڭى ھەم مارشالى بولغانلىقى سەۋەبىدىن ئەمەس، بەلكى فىنلاندىيىنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە تەرەققىياتىدا زور تەسىرگە ئىگە بۇ شەخسنىڭ ياشلىقىدا تاغ ـ داۋانلار ئاتلاپ بىزنىڭ يۇرتىمىزغا تەكشۈرۈشكە كەلگەنلىكى ھەمدە زور مىقداردىكى تەكشۈرۈش دوكلاتلىرىنى قالدۇرغانلىقى سەۋەبىدىن بولغان ئىدى. ئەمەلىيەتتە خېلسىنكىغا ساياھەتكە بېرىشىمدىكى مۇھىم پىلانلىرىمنىڭ بىرىمۇ فىنلاندىيە دۆلەتلىك مۇزېيى، خېلسىنكى ئۇنىۋېرسىتېتى، فىنلاندىيە ئېتنوگرافىيە مۇزېيى، فىن ـ ئۇگور ئىلمىي جەمئىيىتى قاتارلىق ئىلمىي ئورۇنلارنى زىيارەت قىلىش ھەمدە ماننېرھېيمنىڭ ئۆز دەۋرىدە شىنجاڭدىن يىغىۋالغان يازما يادىكارلىقلىرى بىلەن شىنجاڭدىن تارتىپ كەتكەن فوتو سۈرەتلىرىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئىدى. ئەپسۇسكى، فىنلاندىيىدە چېكلەپ قويغاندەك شارقىراپ يېغىۋاتقان بۇ يامغۇرلۇق كۈندە زىيارەت پىلانلىرىمنىڭ ئەمەلىيلەشمەيدىغانلىقى مېنى تولىمۇ ئۈمىدسىزلەندۈردى.

بالىلار ھۆل كىيىملىرىنى ئالماشتۇرغاندىن كېيىن سودا مەركىزىدىكى بالىلار ئويۇنچۇقخانىسىدا ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئويناشقا باشلىدى. ئۇيغۇرىيەمۇ، ئاتتىلامۇ شۇنچىلىك خۇشال ئىدى. كامال يان تەرەپتىكى تاماكا چېكىش ئورنىدا بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ گېزىت كۆرۈشكە باشلىدى. مەن يۇمشاق ئورۇندۇقتا ئارام

ئالغاچ مانىرھېيم ھەققىدىكى خىياللىرىمنى داۋاملاشتۇردۇم.

1906 — 1908 - يىللىرى فىنلاندىيىلىك ئېكىسپېدىتسىيىچى مانىرھېيم رۇسىيە تەۋەسىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق شىنجاڭغا كىرىدۇ. ئۇ ئاتلىق ھالدا شىنجاڭنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىنى بىر قۇر ئايلىنىپ ئىنچىكە تەكشۈرۈشلەردە بولىدۇ. ئاندىن خېشى كارىدورى ئارقىلىق جۇڭگونىڭ شەرقىي رايونلىرىغا داۋاملىق ئىلگىرىلەپ لەنجۇغا يېتىپ بارىدۇ. ئۇ يەردىن شەنشى، خېنەن، سەنشى، ئىچكى موڭغۇل، خېبېي ئارقىلىق ئاخىرى بېيجىڭغا يېتىپ بارىدۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ 1400 كىلومېتىرغا سوزۇلغان جۇڭگونى كېسىپ ئۆتۈش سەپىرىنى تاماملايدۇ. ئۇ بۇ جەرياندا ناھايىتى مول بولغان كۈندىلىك خاتىرىلەر، تەكشۈرۈش دوكلادلىرى، ئېتنوگرافىيىگە دائىر فوتو سۈرەتلەر ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى توپلايدۇ. بۇ دەل ياۋروپا ئېكىسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ئويمانلىقى ئېكىسپېدىتسىيە قىزغىنلىقى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن مەزگىللەر بولۇپ، شۋېتسىيىلىك سۋېن ھېدىن، ئەنگلىيىلىك ئاۋرېل ستەيىن، فرانسىيىلىك پائۇل پېللىئوت، گېرمانىيىلىك ئالبېرت فون لېكوك قاتارلىقلار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شىنجاڭدا قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتقان يىللار ئىدى. مانىرھېيمنىڭ بۇ قېتىمقى جۇڭگو سەپىرى شىمالىي ياۋروپادا تېخىچە رۇسىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇرۇۋاتقان گۈزەل دۆلەت فىنلاندىيىنىمۇ مەركىزىي ئاسىيا ئېكىسپېدىتسىيە تارىخىدىكى بۇ قاينامغا سۆرەپ كىردى.

مانىرھېيمنىڭ ئەسلىي فىنچە ئىسمى Carl Gustav Mannerheim بولۇپ، ئۆز دەۋرىدىكى خەنزۇچە ھۆججەتلەردە 马达汉 دەپ يېزىلغانىدى. بۇ خەنزۇچە ئىسمنى ئۇنىڭغا ئۆز دەۋرىدىكى مەنچىڭ سۇلالىسىنىڭ قەشقەردىكى مەمۇرىي ئەمەلدارى يۈەن داۋتەي قويغان بولۇپ، بۇ ئۈچ خەتلىك خەنزۇچە ئىسىم بىر تەرەپتىن «مانىرھېيم» دېگەن فىنچە ئىسمىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى، يەنە بىر تەرەپتىن مەنە تەرجىمىسى ئىكەن. يۈەن داۋتەينىڭ چۈشەندۈرۈشىگە قارىغاندا، 马达汉 دېگەن خەنزۇچە ئىسمنىڭ مەنىسى «خەن ئېلىگە ئات مىنىپ يېتىپ بارغۇچى ئەزىمەت» دېگەن مەنىنى بېرىدىكەن.[130] مانىرھېيم 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى رۇسىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشۈپ قالغان فىنلاندىيە كىنەزلىكىدە شۋېت قان سىستېمىسىدىن بولغان ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ چاررۇسىيىنىڭ پادىشاھلىق ئاتلىق ئەسكەرلەر مەكتىپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئوردا مۇھاپىزەتچى قىسىملىرىنىڭ ئوفىتسېرى بولغان. 1905 - يىلى مانىرھېيم چار پادىشاھ ئاتلىق گۋاردىيە كورپۇسىنىڭ مايور دەرىجىلىك ئوفىتسېرى سالاھىيىتى بىلەن جۇڭگونىڭ لياۋدۇڭ يېرىم ئارىلىغا بېرىپ ياپونىيە - رۇسىيە ئۇرۇشىغا

---

130 《马达汉西域考察日记（穿越亚洲 — 从里海到北京的旅行）1906 — 1908》，中国民族摄影艺术出版社，北京，2004 年版，代序言，第 1 页

قاتنىشىدۇ. ئۇرۇشتا رۇسىيە مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ فىنلاندىيىگە قايتىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەيلا مانىېرھېيم رۇسىيە ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانلىق شتابىدىن بىر بۇيرۇق تاپشۇرۇۋالىدۇ. بۇيرۇقتا ئۇنىڭ جۇڭگونىڭ غەربىي ئۆلكىلىرىگە بېرىپ ئىككى يىل مۇددەت ئىچىدە ھەربىي ئىشلار بويىچە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشى بۇيرۇلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ قېتىملىق تەكشۈرۈشنىڭ تۈپ مەقسىتى مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ غەربىي شىمالدىكى چېگرا ئۆلكىسى شىنجاڭ ۋە گەنسۇلارغا ئورۇنلاشتۇرغان ئەمەلىي ھەربىي كۈچى ھەمدە چېگرا ئىستراتېگىيىسىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش شۇنىڭدەك بۇ ھەقتىكى كونكرېت ئاخباراتقا ئىگە بولۇش ئىدى. مانىېرھېيمنىڭ ئۆزىمۇ بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «1906 ــ يىلى ئەتىيازدا رۇسىيە ئارمىيىسى باش قوماندانلىق شتابى ماڭا ئىنتايىن مۇشكۈل بىر ۋەزىپە تاپشۇردى. بۇ جۇڭگوغا بېرىپ كۆزىتىش ۋە ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدىغان پەۋقۇلئاددە ۋەزىپە بولۇپ، ئالدى بىلەن رۇسىيە تۈركىستانىدىن جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونىغا، ئۇ يەردىن شەرققە قاراپ ئىلگىرىلەپ گەنسۇ، شەنشى ئۆلكىلىرى ئارقىلىق بېيجىڭغا يېتىپ بارىدىغان ئۇزاق سەپەر ئىدى. بۇ سەپەرنىڭ تۈپ مەقسىتى جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىي ئۆلكىلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋاللىرىنى تەكشۈرۈش، ئىشەنچلىك ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلارغا ئېرىشىش ھەمدە ئالاھىدە ھەربىي ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئىدى.»[131] بۇ قېتىمقى ئالاھىدە سەپەرنىڭ مەقسىتىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن، مانىېرھېيم رۇسىيىگە قارام فىنلاندىيە كىنەزلىكىنىڭ گىرتسوگى ھەم ئېكسپېدىتسىيىچى سالاھىيىتى بىلەن فرانسىيە ئېكسپېدىتسىيىچىسى پائۇل پېللىئوت تەشكىللىگەن ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكىگە ئەزا بولىدۇ ھەمدە رۇسىيە ئوتتۇرا ئاسىياسىدىن بىۋاسىتە شىنجاڭ چېگراسىغا كىرىدۇ. يولغا چىقىشنىڭ ئالدىدا ئۇ خېلسىنكىدا «فىن ــ ئۇگىر ئىلمىي جەمئىيىتى» ۋە فىنلاندىيە دۆلەت مۇزېيىنىڭ ئالاھىدە ھاۋالىسى بىلەن جۇڭگونىڭ غەربىي شىمال ئۆلكىلىرىدە ئىنسانشۇناسلىق، ئېتنوگرافىيە، تارىخ، مەدەنىيەت ۋە تىل ــ شېۋىلەر بويىچە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ھەمدە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى توپلاش ۋەزىپىسىنىمۇ ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ.

مانىېرھېيمنىڭ بۇ قېتىملىق جۇڭگو سەپىرىنىڭ ئاساسىي نۇقتىسى شىنجاڭنى تەكشۈرۈش ئىدى. ئۇ ئالدى بىلەن قەشقەرگە يېتىپ بېرىپ، ئۇ يەردىن جەنۇب ۋە شىمالىي يۆنىلىشلەر بويىچە، تارىختىكى «يىپەك يولى» نى بويلاپ تەكشۈرۈشنى باشلايدۇ. ئۇ ئۆزى بېسىپ ئۆتكەن جايلارنىڭ يەر شەكلى ئەھۋالىنى ئىنچىكىلىق بىلەن كۆزىتىپ، خەرىتىسىنى سىزىدۇ، ھاۋارايى ۋە سۇ بايلىقىغا مۇناسىۋەتلىك سانلىق مەلۇماتلارنى خاتىرىلەيدۇ، مۇھىم يوللار، كۆۋرۈكلەر ھەمدە ھەربىي كازارمىلارنى سۈرەتكە تارتىدۇ. ئۇ بارغانلا يېرىدە ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي ۋە ھەربىي

131 《马达汉日记·致读者》

ئەمەلدارلار بىلەن تونۇشىدۇ، ئۇلار بىلەن سۆھبەتلىشىدۇ، مۇھىم جايلارنى زىيارەت قىلىپ، ھەربىي، ئىقتىسادىي ۋە خەلق ئىشلىرى ئەھۋاللىرىنى چۈشىنىشكە تىرىشىدۇ. بولۇپمۇ شىنجاڭدىكى ھەرقايسى يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ئەھۋاللىرىنى ئىگىلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ، يەرلىك مىللەتلەرنىڭ داھىيلىرى، زور تەسىرگە ئىگە شەخسلەر ھەمدە بىر قىسىم چارۋىچى قوۋملارنىڭ ئاقساقاللىرىنى زىيارەت قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىشى ھەمدە نۆۋەتتىكى ئەھۋاللىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىدۇ. ماننېرھېيم جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيىتى زور بولغان مۇھىم ئېغىزلار ھەمدە چېگرا سىزىقىنىڭ بۇ جايلاردىكى ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىنى ئالاھىدە كۆزىتىدۇ، بۇ ئورۇنلارنىڭ تەپسىلىي ھەربىي خەرىتىسىنى سىزىپ ماڭىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ ئىلمىي تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى تەڭ ئېلىپ ماڭىدۇ. ئۇ خوتەن ۋە تۇرپانلاردىكى قۇمغا كۆمۈلگەن قەدىمكى شەھەر خارابىلىرىدا ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئېلىپ بارىدۇ. ھەرقايسى شەھەر ـ بازارلاردا قەدىمكى يازما يادىكارلىقلار، چاغاتاي يېزىقىدىكى قوليازمىلار، تارشا پۈتۈكلەر، مەڭگۈ تاشلار ۋە باشقا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى توپلايدۇ.

ئۇ شىنجاڭدىن ئايرىلىپ خېنشى كارىدورىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، چىلىيەنشەن تاغلىرى ئېتىكىدە كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشى بىلەن ياشايدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار يۇرتىنى زىيارەت قىلىدۇ. بۇ جەرياندا سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى، تارىخى ۋە فولكلور مەدەنىيىتىگە دائىر مول ماتېرىياللارنى توپلايدۇ. ئاندىن شەرققە قاراپ سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، سەنشى ئۆلكىسىنىڭ ۋۇتەيشەن تېغىدا ۋاقىتلىق تۇرۇۋاتقان 13 ـ ئەۋلاد دالاي لاما بىلەن كۆرۈشىدۇ. ئۇز ۋاقىتتا دالاي لاما ئەنگلىيىنىڭ تىبەتنى ئېگىلىۋېلىشقا تاجاۋۇز قىلىشى تۈپەيلىدىن ۋۇتەيشەن تېغىدا ۋاقىتلىق پاناھلىنىۋاتقان ئىكەن. ماننېرھېيم چار پادىشاھقا ۋاكالىتەن دالاي لامادىن ھال سورايدۇ ھەمدە ئۇنىڭ قىيىن ئەھۋالدا تۇرۇۋاتقانلىقىغا قارىتا ھېسداشلىقىنى بىلدۈرىدۇ. دالاي لاما ئۇنىڭغا بىر ئاپئاق خادا تەقدىم قىلىپ، ئۇنى چار پادىشاھقا يەتكۈزۈپ بېرىشىنى سورايدۇ.

بېيجىڭغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ماننېرھېيم ئۆزىنىڭ بۇ قېتىملىق تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرى ئاساسىدا رۇسىيە ئارمىيىسى باش قوماندانلىق شتابىغا «پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ پەرمانىغا بىنائەن «جۇڭگو تۈركىستانى» دىن جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى ئۆلكىلىرى ئارقىلىق بېيجىڭغا بېرىش سەپىرى جەريانىدىكى دەسلەپكى تەكشۈرۈشلەردىن دوكلات» ناملىق قوليازمىسىنى يېزىپ پۈتتۈرىدۇ. ئۇنىڭ «تەكشۈرۈش دوكلاتى» جەمئىي 173 بەتلىك بولۇپ، شىنجاڭدىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە بارىدىغان مۇھىم يوللار، دەريالار ۋە شەھەرلەرنىڭ نەچچە ئونلىغان تەپسىلىي خەرىتىسى بىلەن ھەرقايسى ئۆلكىلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي،


AltunOq

ھەربىي، تارىخىي، مىللىي ۋە جۇغراپىيىلىك سانلىق مەلۇماتلىرى قوشۇمچە قىلىنغانىدى. مانېرھېيم يەنە دوكلادىدا بىر كۆزەتكۈچىگە خاس نەزەر بىلەن ئۆزىنىڭ جۇڭگوغا كىرىشتىكى ھەربىي ۋەزىپىسى ھەمدە بېسىپ ئۆتكەن يوللىرىدىكى كونكرېت ئەھۋاللارنى بايان قىلىدۇ ھەمدە جۇڭگونىڭ ئۆز دەۋرىدىكى تۆمۈريول قۇرۇلۇشى، ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇشى، سانائەت ۋە كانچىلىق ئىشلىرى، مائارىپ ۋە مەكتەپلىرىنىڭ ئەھۋاللىرى، زەھەر چەكلەشكە قارشى كۈرەشلىرى، چېگرا رايونلاردا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش شۇنىڭدەك ياپونىيىنىڭ تەسىرى قاتارلىق مەسىلىلەر ھەققىدە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا مۇھاكىمە ئېلىپ بارىدۇ. دوكلاتنىڭ ئاخىرىدىكى «جۇڭگونىڭ غەربىي چېگراسى» ناملىق خۇلاسە قىسمىدا ئۆزىنىڭ ئىستىراتېگىيىلىك تەسەۋۋۇرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

1908 ـ يىل 10ـ ئايدا مانېرھېيم خارىبىندىن پويىزغا چۈشۈپ، سىبىرىيە تۆمۈريولىنى بويلاپ ئاخىرىدا رۇسىيىنىڭ سانكىت ـ پېتىربورگ شەھىرىگە يېتىپ باردۇ. ئۇزاق ئۆتمەيلا چار پادىشاھ نىكولايII ئۇنى ئۆز ئوردىسىدا قوبۇل قىلىدۇ. مانېرھېيم ئۆزىنىڭ ئىككى يىلغا سوزۇلغان جۇڭگودىكى تەكشۈرۈشىنى چار پادىشاغا تەپسىلىي دوكلات قىلىدۇ.

مانېرھېيم ئىككى يىل جەرياندا جۇڭگونىڭ سەككىز ئۆلكىسىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. ئۇ بۇ جەرياندا ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە كۈندىلىك تورمۇش سۆزلىرىنى ئۆگىنىۋالىدۇ ۋە ئۇنى جانلىق ئىشلىتىدۇ. ئۇ شىنجاڭدىن تاكى ئىچكى ئۆلكىلەرگىچە بولغان تەكشۈرۈش سەپىرىدە ئانتروپولوگىيە، تارىخ ۋە مەدەنىيەتكە دائىر زور مىقداردىكى فوتو سۈرەتلەرنى تارتىدۇ. بۇ سۈرەتلەر يەنە مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن تەبىئىي مەنزىرىلەر، شەھەر قىيايەتلىرى، ئىجتىمائىي ھادىسىلەر، شەخسلەر پورترېتلىرى، تورمۇش كۆرۈنۈشلىرى قاتارلىق ساھەلەرگىمۇ چېتىلغان بولۇپ، جەمئىي 1370 پارچىدىن ئاشىدۇ. ئۇنىڭ سەپەر جەريانىدا يازغان خاتىرىلىرى نەچچە ئون پارچىدىن ئاشقان بولۇپ، ئېتنىك ۋە فولكلور بۇيۇملىرى، پۇللار ھەمدە باشقا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قوشۇلۇپ مىڭ پارچىدىن ئاشىدۇ. ئۇ ئۆزى بىلەن بىللە يەنە قەدىمكى ۋە ھازىرقى زامان تىل ـ شېۋىلىرى بويىچە كۆپلىگەن بىرىنچى قول ماتېرىياللارنى توپلىغان بولۇپ، بۇ ماتېرىياللار كېيىنچە ياۋروپا تىلشۇناسلىرىنىڭ شەرق تىللىرىنى تەتقىق قىلىشىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا، مانېرھېيم يەنە ئۆزى بېسىپ ئۆتكەن 3067 كىلومېتىر مۇساپىسىنىڭ يول خەرىتىسى بىلەن 18 شەھەرنىڭ تەپسىلىي خەرىتىسىنى سىزىپ چىققان. مانېرھېيم ئۆزىنىڭ بۇ قېتىملىق جۇڭگو سەپىرىدە قولغا كەلتۈرگەن زور نەتىجىلىرى بىلەن رۇسىيە ئارمىيىسى ئىچىدە يۇقىرى شان ـ شەرەپكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە رۇسىيە ۋە ياۋروپانىڭ شەرقشۇناسلىق تەتقىقاتى ساھەسىدىمۇ بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە شەخس بولۇپ قالدى.

1914 ـ يىلى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىدى. مانىنېرھېيم پولشا ۋە رومىنىيىلەرنىڭ زېمىنىدا ئەسكەر باشلاپ گېرمانىيە ـ ئاۋسترىيە قوشۇنلىرى بىلەن جەڭ قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەسلىدىكى رۇسىيە پادىشاھلىق ئاتلىق ئەسكەرلەر كورپۇسىنىڭ پولكوۋنىك دەرىجىلىك كوماندىرلىقىدىن قەدەممۇ قەدەم ئۆسۈپ، رۇسىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ گېنېرال مايور دەرىجىلىك قوماندانىغا ئايلاندى. 1917 ـ يىلى رۇسىيىدە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى پارتلاپ، فىنلاندىيىنىڭ مۇستەقىللىققا ئېرىشىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلدى. بۇنىڭ بىلەن مانىنېرھېيم خېيىمخەتەرگە قارىماي دەرھال فىنلاندىيىگە قايتىپ، ئاق گۋاردىيە قىسىملىرىنى تەشكىللەيدۇ ھەمدە مۇشەققەتلىك ئېچكى ئۇرۇش ئارقىلىق قىزىل گۋاردىيە قىسىملىرىنى تارمار قىلىپ، فىنلاندىيە جۇمھۇرىيىتىنى قۇرىدۇ. فىنلاندىيە شىمالىي ياۋروپادىكى كىچىك دۆلەت بولۇپ، جۇغراپىيىلىك جايلىشىش جەھەتتىن ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغاچقا، تارىختىن بۇيان رۇسىيە، شۋېتسىيە ۋە گېرمانىيە قاتارلىق كۈچلۈك قوشنىلىرىنىڭ تەسىر دائىرە تالىشىش ئوبيېكتى بولۇپ كەلگەن. ئۇ دەسلەپ شۋېتسىيە پادىشاھلىقىنىڭ سكاندىناۋىيە يېرىم ئارىلىدىن ھالقىپ چىقىپ شەرققە كېڭىيىشتىكى مۇھىم بوغۇزى بولغان بولسا، كېيىنچە شەرقتىكى قوشنىسى رۇسىيىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، رۇسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشۈپ قالغان. فىنلاندىيە مۇستەقىل بولغاندىن كېيىنمۇ بىر مەھەل ئايىغى ئۈزۈلمىگەن ئېچكى ئۇرۇش قاينىمىغا چۈشۈپ قالغان. فىنلاندىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇرۇشى ھەمدە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغۇچى دۆلەت سۈپىتىدە كۆپ قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئىزچىل ساقلاپ كەلگەن. مانىنېرھېيممۇ ئۆز ۋەتىنى فىنلاندىيىنىڭ تەقدىرى بىلەن بېقىندىن ھەمنەپەس بولۇپ، رۇسىيە ئارمىيىسىدىكى ئادەتتىكى بىر كوماندىردىن فىنلاندىيىنىڭ تۇنجى ئەۋلاد ھەربىي قوماندانى، پىشقان ئىستراتېگىيىچىسى ۋە يىراقنى كۆرەر سىياسىئونىغا ئايلاندى. ھەر قېتىم فىنلاندىيە دۆلىتى ھايات ـ ماماتلىق تاللاشقا ۋە ھەل قىلغۇچ بۇرۇلۇش نۇقتىسىغا دۇچ كەلگەندە، ئۇ كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، تارىخىي پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ۋەتەنىنىڭ يىراق كەلگۈسى ئۈچۈن ئاقىلانە قارار چىقىرىدۇ. فىنلاندىيىنى روسىيە ئىمپېرىيىسىگە قارام بىر كىنەزلىكتىن مۇستەقىل، ئۆز ـ ئۆزىگە خوجا دۆلەتكە ئايلاندۇرىدۇ. ئۇ مۇشۇ تۆھپىلىرى ئۈچۈن فىنلاندىيىنىڭ تۇنجى مارشالى دېگەن شەرەپلىك ھەربىي ئۇنۋانغا ئېرىشىدۇ. 77 ياشقا كىرگەن ۋاقتىدا فىنلاندىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭتۇڭى بولۇپ سايلىنىدۇ.

مانىنېرھېيم فىنلاندىيە تارىخىدىكى مەشھۇر شەخس، رىۋايەت تۈسى قويۇق بولغان ھەربىي قوماندان. ئۇ ئۆسمۈرلۈك ۋە ياشلىق مەزگىلىدە ئۆزىنىڭ قەيسەر

ئىرادىسى ھەمدە قورقۇمسىز روھى بىلەن فىنلاندىيىنىڭ مۇستەملىكە تارىخىغا ياندالشقان بولسا، كېيىنچە ھەربىي تۇرمۇش ۋە جەڭ مەيدانىدىكى ئاجايىپ تۆھپىلىرى، مىللىي قەھرىمانلىق كەچۈرمىشلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان ھايات مۇساپىسىنى ياراتقان. ئۇنىڭ جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونى ۋە غەربىي شىمالدىكى ھەرقايسى ئۆلكىلىرىگە قىلغان ئىككى يىللىق سەپىرى ھەربىي جاسۇسلۇق ۋە ئىلمىي تەكشۈرۈشتىن ئىبارەت ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل خاراكتېرگە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۆز دەۋرىدە قالدۇرغان زور مىقداردىكى خاتىرىلىرى، تەكشۈرۈش دوكلاتلىرى، فوتو سۈرەتلىرى بىزنىڭ ئاشۇ تارىخىي دەۋردىكى شىنجاڭ ۋە غەربىي شىمالنى چۈشىنىشىمىزدە مۇھىم قىممەتكە ئىگىدۇر.

مانېرھېمنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى 1940 ــ يىلى خېلسىنكىدا فىن ــ ئۇگىر ئىلمىي جەمئىيىتى تەرىپىدىن رەتلىنىپ نەشر قىلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن دۇنيا جۇغراپىيە ئىلمى ساھەسىدە زور غۇلغۇلا قوزغايدۇ. شۋېتسىيە پادىشاھلىق جۇغراپىيە جەمئىيىتى ئۇنىڭغا «سۋېن ھېدىن ئالتۇن ئوردېنى» بېرىدۇ. 1951 ــ يىلى مانېرھېمنىڭ «ئەسلىمىلەر» ناملىق كىتابى نەشر قىلىنىدۇ. بۇ ئەسلىمىسىدە ئۇ ئۆزىنىڭ جۇڭگونىڭ غەربىي ئۆلكىلىرىدە، بولۇپمۇ شىنجاڭ رايونىدا ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى ھەققىدە تەپسىلىي توختىلىدۇ. 1990 ــ يىلى فىن ــ ئۇگىر ئىلمىي جەمئىيىتى «1906 — 1908 ــ يىللىرى مانېرھېمنىڭ جۇڭگونىڭ غەربىي رايونلىرىنى تەكشۈرۈش جەريانىدىكى فوتو سۈرەتلىرى توپلىمى» نى ئېلان قىلىدۇ. جۇڭگودا بولسا مانېرھېم ھەققىدىكى دەسلەپكى ماقالىلەر 1990 ــ يىلىدىن باشلاپ كۆرۈلۈشكە باشلىدى. 2000 ــ يىلىدىن كېيىن مانېرھېمنىڭ جۇڭگوغا قىلغان ئېكسپېدىتسىيىسى جەريانىدىكى كۈندىلىك خاتىرىسى ۋە فوتو سۈرەتلەر توپلىمى خەنزۇ تىلىدا نەشر قىلىندى.

مانېرھېم ۋە ئۇنىڭ ھايات پائالىيىتى ھەققىدىكى خىياللىرىم داۋاملىشىۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا خوتۇن ــ بالىلىرىمىزنىڭ قېشىمىزغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئورنۇمدىن تۇردۇم. خىياللىرىممۇ شۇ يەردە ئۈزۈلدى. ھەممىسى مېنىڭ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغانلىقىمنى خېلىدىن بۇيان كۆزىتىپ تۇرغان بولسا كېرەك، مېنىڭ ئېسىمگە كەلگەنلىكىمنى كۆرۈپ بىردىنلا كۈلۈشۈپ كەتتى.

— بۇ يەرگە ئوينىغىلى كەلسەك، نېمانداق بىر بۇلۇڭغا كىرىۋېلىپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرىسىز؟ بىز سىزگە قاراپ تۇرغىلى نەۋاق!؟ — دېدى ئايالىم يىڭنىمنى تارتىپ.

— ھەي، فىنلاندىيە ھەققىدىكى خىياللىرىمنى ئۈزۈپ قويدۇڭلار، — دېدىم مەن ئۇلارغا قاراپ، — يامغۇر توختىغان بولسا، بىز فىنلاندىيە مۇزېيى بىلەن

خېلسىنكى ئۆتنۇبرستىپتىنى كۆرۈپ كەلسەك ياخشى بولاتتى!
— شۇنداق قىلايلى، ئالدى بىلەن باللارنىڭ قورسىقىنى توقلايلى، ئۆزىمىزمۇ ئازراق بىرنەرسە يەۋالايلى، ئۇنىڭغىچە يامغۇرمۇ توختاپ قالار.
باللارنى ئەگەشتۈرۈپ ئۈستى ئوچۇق سودا مەركىزىدىكى كېنتاكى (Kentakki) ئاشخانىسىغا كىردۇق. چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بولۇپ قالغاچقا، بۇ يەردە ئادەملەر ناھايىتى كۆپ ئىدى. ئوتتۇرىسى كېسىلىپ، ئىچىگە توخۇ گۆشى بىلەن كۆكتات ئېلىنغان يۇمىلاق بولكا باللارغا تولىمۇ تېتىپ كەتتى، قىزىم بىلەن ئاتىسىلا ئىككىلىلەن بولكىلىرىنى يەپ بولۇپ، مايدا قورۇلغان ياڭيۇ قەلەمچىسىنىمۇ تالىشىپ يېيىشتى. ئۆيدە زورلاپمۇ تاماق يېگۈزەلمەيدىغان باللارنىڭ ئەمدىلىكتە ئىشتەيلىرى بىراقلا ئېچىلىپ كەتكەنىدى.
تاماق يەپ بولۇپ، ئۈستى يېپىلغان سودا مەركىزىدىن يىتىرتقا چىقتۇق. يامغۇر تېخىچە شارقىراپ يېغىۋاتاتتى. چېلەكلەپ قۇيۇلغاندەك يېغىۋاتقان يامغۇردا كوچىغا چىقىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئاسمان گۈمبىزى بىراقلا تېشىلىپ كەتكەندەك، يامغۇر سۇلىرى كوچىلارنى بويلاپ ئاقماقتا ئىدى. مەن بۇنداق ئۇزاق داۋاملاشقان شىددەتلىك يامغۇرنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان ئىدىم. ئەگەردە بۇنداق يامغۇر يۇرتىمىز شىنجاڭنىڭ ھەرقانداق بىر جايىدا ياغىدىغان بولسا ئېغىر كەلكۈن ئاپىتى پەيدا قىلاتتى.
يامغۇردىن پاناھلىنىش ئۈچۈن يەنە سودا مەركىزىگە قايتىپ كىردۇق. خېلسىنكىدىكى بىرقانچە ئىلمىي ئورۇنلارنى زىيارەت قىلىش پىلانىمىز ئەمدى ئىشقا ئاشمايدىغاندەك قىلاتتى. بۇنىڭدىن ھەممىمىزنىڭ روھى چۈشۈپ كەتتى. سودا مەركىزىدىكى دۇكانلارنى يەنە ئايلىنىشقا باشلىدۇق. ئايالىم بىلەن تاڭنۇرى ئىككىسىگە ماگىزىن ئارىلاپ كىيىم ـ كېچەك كۆرىدىغان تازا ياخشى پۇرسەت چىققانىدى. ئۇلار خۇددى ئورۇمچىدىكى دۇكانلارنى ئايلىنىپ يۈرگەندەك، كىيىم ـ كېچەك ماگىزىنلىرىنى ئالا قويماي ئارىلاشقا باشلىدى. بىز كامال بىلەن بىرقانچە ماگىزىنغا كىرىپلا توختاپ قالدۇق ـ دە، باللارنى ئوينىتىپ تۇردۇق. ئارىدىن خېلى ئۇزاق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلار ئىككىسى قايتىپ كەلدى، ھارغان بولسا كېرەك، قەدەم ئېلىشلىرىمۇ ئاستىلاپ قالغانىدى. بىز ئۇلارنىڭ بۇ ھالىتىگە قاراپ كۈلۈپ كەتتۇق ـ دە، چاقچاق قىلدۇق:
— قانداق، بايىقى قىزغىنلىقىڭلار قاياقلارغا ئۇچۇپ كەتتى، ماگىزىن ئارىلاپ كىيىم ـ كېچەك كۆرىدىغان خۇمارىڭلار بېسىققان ئوخشىمامدۇ؟
ئايالىم بىلەن تاڭنۇرى ئىككىسىلا كۈلۈپ قويدى. ئۇلار سۇلياۋدىن ئىشلەنگەن يامغۇرلۇق كىيىم ئېلىپ كەلگەنىكەن، ئىككى ئائىلە كىشىلىرى ھەممىمىز يامغۇرلۇق كىيىمنى كىيدۇق، بولۇپمۇ باللار كوچىغا چىقالماي ئىچى پۇشۇپ كەتكەن چېغى، يامغۇرلۇق كىيىمنى كىيىپ تولىمۇ خۇشال بولۇپ كەتتى.

شارقىراپ يېغىۋاتقان يامغۇردا كوچا ئايلىنىش كىشىگە نەقەدەر رومانتىك تۇيغۇ بېرىدۇ ــ ھە!؟ يەنە كېلىپ شىمالىي ياۋروپادىكى گۈزەل دۆلەت فىنلاندىيىدە بىر ئائىلە كىشىلىرى جەم بولۇپ يامغۇر سۈيىگە چىلانغان ھالدا قولنى قولغا تۇتۇشۇپ خېلسىنكى كوچىلىرىنى ئايلىنىش راستتىنلا ئادەمدە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرات قالدۇراتتى. مەن ئالدىمىزدا يامغۇر سۇلىرىنى پۇتلىرى بىلەن سېپىپ ئويناۋاتقان باللارغا قارىدىم. ئۇلار قىزىل ـ قىزىل ـ قىسىغا پاتماي خۇشال ئوينىماقتا ئىدى، بىز ئۇلارنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتتۇق ــ دە، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭدۇق. بىز تۆتەيلەننىڭ بايىقى تۆۋەن كەيپىياتلىرىمىزمۇ كوچىغا چىقىشىمىز بىلەنلا قاياقلارغىدۇر غايىب بولغانىدى.

ئۇستۇپىشىمىزغا تۆكۈلۈۋاتقان يامغۇر سۇلىرى يامغۇرلۇقتىن سىيرىلىپ تۆۋەنگە تىنىمسىز ئاقماقتا ئىدى. پىيادىلەر يولىدا كۆنلۈك تۇتقان ياكى يامغۇرلۇق كىيگەن كىشىلەر ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇرماقتا ئىدى. خېلسىنكىنى ئەسلىدىكى پىلانىمىز بويىچە تەرتىپ بىلەن ئايلىنىش كۆنتەرتىپىمىز يوققا چىققاچقا، چۈشتىن كېيىنكى ئازراق ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، كۆرىدىغان جايلارنى كۆرۈپ پورتقا قايتماقچى بولدۇق. پاراخوت سائەت بەشلەر بىلەن يولغا چىقاتتى، شۇنىڭغا ئۈلگۈرۈپ پورتقا يېتىپ بېرىشىمىز زۆرۈر ئىدى.

پىيادىلەر كوچىسىدىن ئۆتۈپ، خېلسىنكىنىڭ ئىككىنچى مۇنار جايلاشقان شەھەر مەيدانىغا باردۇق. يامغۇرلۇق كۈن بولغاچقا كەڭرى مەيداندا ئادەملەر يوق دېيەرلىك ئىدى. يامغۇر توختاپ قۇياش پارلاپ چىقىشى بىلەنلا چىلىق ـ چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەن بۇ شەھەرنىڭ شۇئان ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى گۈزەل قىياپىتىنى قايتا نامايان قىلىدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق ئىدى. مەيداندىن ئايرىلىپ يان كوچىغا كىرگىنىمىزدە، خېلسىنكىدىكى مەركىزىي پوچتا ئىستانسىسىغا كېلىپ قالغىنىمىزنى بىلدۇق. ئىستانسىدا ئادەملەر خېلى كۆپ بولۇپ، ۋوگزالغا ئالدىراش كىرىپ ـ چىقىشىپ تۇراتتى. بىز ئىستانسىدىن ئايرىلىپ، ئوڭ تەرەپتىكى مەركىزىي كوچىنى بويلاپ دېڭىز تەرەپكە قاراپ ماڭدۇق. دېڭىز بويىغا يېقىن ئېگىزلىكتە بىر ئايئاق رەڭلىك چېركاۋنىڭ مۇنارى يىراقلارغىچە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بىز خېلسىنكىغا كېلىشتىن بۇرۇنلا فىنلاندىيىنىڭ بەلگىسى بولغان ئالېكساندىر چېركاۋىنىڭ خېلسىنكى شەھىرىنىڭ ھەممە جايلىرىدىن كۆرۈنىدىغانلىقىنى باشقىلاردىن ئاڭلىغانىدۇق. شۇڭلاشقا چېركاۋنى كۆرۈپ كېتىش ئۈچۈن دېڭىز بويىغا يېقىن ئېگىزلىككە باردۇق. دېگەندەك بۇ يەردىن خېلسىنكى شەھىرىنىڭ خېلى كۆپ جايلىرىنى تاماشا قىلغىلى بولىدىكەن، ھەيۋەتلىك چېركاۋ ئېگىزلىكنىڭ مەركىزىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، تۆت ئەتراپىدىن پەلەمپەي ئارقىلىق چىققىلى بولىدىكەن. بۇ چېركاۋ چارروسىيە ئىمپېرىيىسى 18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شۋېتسىيە پادىشاھلىقىنىڭ قولىدىن فىنلاندىيىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن سېلىنغان بولۇپ، ئۆز دەۋرىدىكى چار پادىشا ئالېكساندىرنىڭ

نامى بىلەن ئاتالغان ئىكەن.

چېركاۋ جايلاشقان ئېگىزلىككە يېتىپ چىققىنىمىزدا يامغۇر ئارىلاش دېڭىز شامىلىنىڭ چېركاۋ تاملىرىغا تىنىمسىز ئۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدۇق. شامالدا ھەممىمىز تۇڭلاپ كەتتۇق. دېڭىز تەرەپتىن سوققان شامالنىڭ ئۇدۇل مۇشۇ چېركاۋغا تېگىدىغانلىقىنى، شۇڭلاشقا فىن تىلىدا بۇ چېركاۋنى «شاماللىق چېركاۋ» دەپ ئاتايدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنگەندەك بولدۇق. ئالېكساندىر چېركاۋى گەرچە پارىژدىكى بۇۋۋى مەريەم چېركاۋى ياكى ئۇپسالادىكى چوڭ چېركاۋدەك ئۇنچىلىك قەدىمىي ۋە ھەشەمەتلىك بولمىسىمۇ، لېكىن شىمالىي ياۋروپادىكى خېلى داڭلىق قۇرۇلۇشلارنىڭ بىرى ئىدى. بۇ چېركاۋنى خېلسىنكى شەھىرىنىڭ كۆپ جايلىرىدىن كۆرگىلى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە دېڭىزنىڭ خېلى يىراق جايلىرىدىنمۇ كۆرگىلى بولىدىكەن. شۇڭلاشقا بالتىق دېڭىزىدىن خېلسىنكى شەھىرىگە يېقىنلاشقان پاراخوتتا يولۇچىلارنىڭ يىراقتىن بىرىنچى بولۇپ كۆرىدىغىنى ئالېكساندىر چېركاۋى ئىكەن. شۇڭلاشقا بۇ چېركاۋ بىر تەرەپتىن خېلسىنكىنىڭ بەلگىسى ھېسابلانسا، يەنە بىر تەرەپتىن فىنلاندىيىنىڭ ئۇزاق مەزگىل رۇسلارنىڭ مۇستەملىكىسى ئاستىدا تۇرۇپ كەلگەنلىكىدەك رىيازەتلىك تارىخىدىن ئىبرەت بېرىپ تۇرىدىكەن.

ۋاقىت بىر يەرگە بېرىپ قالغاچقا، ئالېكساندىر چېركاۋىدىن ئايرىلىپ، پورتقا قايتتۇق. باللارمۇ ھېرىپ قالغانىدى. يامغۇر بىرئاز پەسىيىۋاتقاندەك قىلسىمۇ، لېكىن سىم ـ سىم چۈشمەكتە ئىدى. شۇنداق قىلىپ فىنلاندىيىدىكى پۈتۈن بىر كۈنىمىز يامغۇر سۇلىرى ئىچىدە ھۆلچىلىك بىلەن ئۆتۈپ كەتتى. خېلسىنكىدىكى نۇرغۇن پىلانلىرىمىزمۇ شىددەتلىك يامغۇرنىڭ سەۋەبىدىن ئىشقا ئاشماي قالدى. لېكىن يامغۇرلۇق كۈندە فىنلاندىيىنى ساياھەت قىلىش يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا بىزنىڭ مۇساپىرچىلىق تۇرمۇشى داۋامىدا ئۇنتۇلۇپ كەتكەن رومانتىك تۇيغۇلىرىمىزنى ئەسلىتىپ قويدى. بىز شۇنىڭ ئۈچۈن ئەسلىدىكى پىلانلىرىمىزنىڭ ئىشقا ئاشمىغانلىقىدىن ئانچىمۇ ئەپسۇسلىنىپ كەتمىدۇق. پورتتا بىزنى شۋېتسىيىدىن ئېلىپ كەلگەن ھەيۋەتلىك پاراخوت يامغۇر سۈيىگە چىلىنىپ چوقچىيىپ تۇراتتى. بىز يامغۇرلۇق كىيىملىرىمىزنى سېلىپ پاراخوتقا قايتىپ چىققىنىمىزدا گويا ئۆز ئۆيىمىزگە قايتىپ كىرگەندەك بىر ئىللىق تۇيغۇ ۋۇجۇدىمىزغا ئىز سالغانلىقىنى ھېس قىلدۇق.

Cinderella ناملىق پاراخوت گۈدۈك چېلىپ ئاستا ـ ئاستا پورتتىن ئايرىلدى، يامغۇر تۇمانلىرىغا پۈركەنگەن خېلسىنكى شەھىرى كۆز ئالدىمىزدىن بارا ـ بارا يىراقلاشماقتا ئىدى. ئۇنىنەچچە سائەتتىن بۇيان توختىماي يېغىۋاتقان يامغۇر بىزنى فىنلاندىيە قىرغىقىدا قانداق كۈتۈۋالغان بولسا يەنە شۇنداق ئۇزىتىپ قويدى. بىزنىڭ فىنلاندىيە ھەققىدىكى تەسىراتلىرىمىزغىمۇ يامغۇر سۇلىرى قوشۇلۇپ كەتتى. ئىھ، يامغۇر، تەبىئەتنىڭ كۆز يېشى!...

## يىگىرمە ئۈچىنچى باب

# رىمبو بازىرىدىكى تىپتىنچ كۆنلەر

سكاندىناۋىيە يېرىم ئارىلىدا گۈزەل ياز پەسلى باشلانغاندىن كېيىن، بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدىمۇ بىر قىسىم ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. فىنلاندىيىگە ساياھەتكە بېرىشتىن ئىككى ھەپتە ئىلگىرى ھېنرىكسدال تېخى ئۇستىگە جايلاشقان ئائىلىلىكلەر ئولتۇراق رايونىدىكى نورگاردلار ئائىلىسىنىڭ بىر يۈرۈش ئۆيىدىن ئايرىلىپ، ستوكھولمنىڭ شەرقىي شىمالى قىسمىدىكى گۈزەل بازار رىمبوغا كۆچۈپ باردۇق. رىمبو بازىرى ستوكھولمدىن 70 كىلومېتىر شىمالدا بولۇپ، تۆت ئەتراپى يوككىدە ئورمانلار ۋە تىنىق كۆللەر بىلەن قورشالغان تىپتىنچ بىر جاي ئىدى.

رىمبو بازىرىنىڭ ستوكھولم شەھىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى خېلى بار بولسىمۇ، لېكىن ئاممىۋى قاتنىشى قۇلاي بولۇپ، شەھەرگە كىرىشكە پەقەت 50 مىنۇتچە ۋاقىت كېتىدىكەن.ياز پەسلى بولغاچقا مۇھىت ئالماشتۇرۇپ، شەھەرنىڭ شاۋقۇن ـ سۈرەنلىرىدىن خالىي بولغان بۇ جىمجىت بازاردا بىر مەزگىل تۇرۇپ باقماقچى بولدۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆي ئىجارىسىنىڭ ئەرزانلىقىمۇ بىزنىڭ بۇ يەرنى تاللىشىمىزغا تۈرتكە بولدى.

ستوكھولم ئۇنىۋېرسىتېتى ئىيۇن كىرىشى بىلەنلا يازلىق تەتىلنىڭ ئالدىدىكى بىر مەھەللىك جىددىيچىلىك كەيپىياتىغا چۆمۈلدى. مېنىڭ ئۆيغۇرچە دەرسىمىمۇ جىددىي ئۆتۈلمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، يېڭى كۆچۈپ بارغان ئۆيىمىز شەھەردىن يىراق بولغاچقا ئادەتتىكى ۋاقىتتىن بىر سائەت بۇرۇن ئىشقا مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. ئەتىگەن سائەت 7:00 گە ئون مىنۇت قالغاندا مەن قىزىم بىلەن بىللە ئۆيدىن چىقىپ ستوكھولمغا ماڭغان ئاپتوبۇسقا چۈشەتتۇق، ئالدى بىلەن قىزىمنى رۆدابېرى مەكتىپىگە ئاپىرىپ قويغاندىن كېيىن، كۆل بويىنى بويلاپ پىيادە ئۇنىۋېرسىتېتقا قايتىپ كېلەتتىم. ئايالىم كۈندە ستوكھولمنىڭ شەرقىي شىمالى قىسمىدىكى دېڭىز بويىغا جايلاشقان كىچىك شەھەر نۆرتەلىيە (Nörtälje) گە بېرىپ شۋېت تىلى مەكتىپىدە تىل ئۆگىنەتتى. شۇنداق قىلىپ پۈتكۈل ئىيۇن ئايلىرى ئالدىراشلىق ئىچىدە ئۆتۈپ كەتتى.

ئىيۇننىڭ ئاخىرلىرىغا بارغاندا رۆدابېرى مەكتىپى يازلىق كانىكۇلغا چىقتى. كانىكۇلنىڭ ھارپا كۈنى مەكتەپتىن ئاتا ـ ئانىلارنىڭ يازلىق كانىكۇلغا قويۇپ بېرىش چوڭ مۇراسىمىغا قاتنىشىپ بېرىشى ھەققىدە بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالدۇق. مېنىڭ قىزىمنىڭ مەكتىپىدىكى بۇ پائالىيەتكە شۇنچىلىك

قاتناشقۇم بار بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىۋېرسىتېتتا شۇ كۈنى تۆت سائەت ئۇيغۇر تىلى دەرسىم بولغاچقا ئايالىم بېرىپ قاتنىشىدىغان بولدى. كەچتە ئۇلار خۇشال ـ خۇرام قايتىپ كەلدى. ئايالىم رۆدابېرى مەكتىپىدىكى مۇراسىمنىڭ تولىمۇ تەنتەنىلىك بولغانلىقىنى، باشلانغۇچنى پۈتتۈرگەن بالىلارنى ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۇزاتقانلىقىنى ھەمدە نۇرغۇن قىزىقارلىق سەنئەت نومۇرلىرىنىڭ كۆرسىتىلگەنلىكىنى زوق ـ شوق بىلەن سۆزلەپ بەردى. مەن قىزىمدىن:

—— قانداق، خۇشال بولدىڭمۇ، ئەمدى مانا ئىككى ئاي تەتىل قىلىدىغان بولدىڭىز، سەھەردە ئالدىراپ مەكتەپكە بارىمەن دەپ يەنە جاپا تارتىپ يۈرمەيسىز!؟ —— دەپ سورىدىم.

—— بىراق، دادا يەنىلا مەكتەپكە بارغان بولسام ياخشى بولاتتى، ئەمدى ئىككى ئايغىچە دوستلىرىمنى سېغىنىپ كېتىدىغان بولدۇم. يۈزى بىلەن ئەمدى ئويىنىيالمايمەن، —— دەپ دومسايدى قىزىم.

—— ھېچقىسى يوق، بالام، تەتىلدىن كېيىن يەنە كۆرۈشىسىلەر ئەمەسمۇ؟ يۈزنى بەك سېغىنىپ كەتسىڭىز، مەن ئۇلارنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ كەلسەم بولىدۇ.

—— ئۇلار يازلىق تەتىلنى ئائىلىسى بىلەن كورسىيىدە ئۆتكۈزىدىكەن.

—— شۇنداقمۇ؟ كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، قىزىم —— دېدىم مەن ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ، —— بىز يازلىق تەتىلدە فرانسىيىگە ساياھەتكە بارايلى، شۇنداق، مەن سىلەرنى پارىژغا ئېلىپ بارىمەن!

—— راستمۇ، دادا؟ —— دېدى قىزىم خۇشاللىقىدىن بوينۇمغا گىرە سېلىپ، —— مەن پارىژغا بېرىشنى تولىمۇ خالايمەن، بىرىد مۇئەللىم بىزگە پارىژنى دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل شەھەر دەپ چۈشەندۈردى. دەرس ۋاقتىدا بىزگە تېخى پارىژدىكى ئېففېل تۆمۈر مۇنارىنىڭ مودېلىنى قوراشتۇرۇشنى ئۆگەتتى.

—— شۇنداق، سىزگە ۋەدە بېرەي، ئالدى بىلەن تاپشۇرۇقلىرىڭىزنى ئىشلەپ تۈگىتىڭ، مېنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتتىكى دەرسلىرىم تۈگەپ تەتىل بولغان ھامان فرانسىيىگە ساياھەتكە بارىمىز.

—— تاپشۇرۇقۇم يوق، دادا، بىزگە ھېچقانداق تاپشۇرۇق بەرمىدى، تەتىلنى ياخشى ئويناپ ئۆتكۈزۈڭلار، مۇمكىن بولسا ئاتا ـ ئاناڭلار بىلەن بىللە ساياھەتكە بېرىڭلار دېدى مۇئەللىم.

—— بۇ قانداق بولغىنى، ئۈرۈمچىدىكى ۋاقتىڭىزدا كۈندە تاپشۇرۇقنى ئىشلەپ بولالماي ئاۋارە بولاتتىڭىز، شۆبىتسىيىگە كېلىپ تۈزۈك تاپشۇرۇق ئىشلەپ باققىنىڭىزنى كۆرمىدىم. سىلەرنى مەكتەپتە ئوقۇتۇۋاتامدۇ ياكى كۈندە ئوينىتىۋاتامدۇ؟ ئىككى ئاي تەتىلدىمۇ ھېچقانداق تاپشۇرۇق بەرمىدى دېسىڭىز، مەن ھەيران قېلىۋاتىمەن!

—— شۇنداق، مەنمۇ ھەيران قالدىم، —— دېدى ئايالىم چۈشەندۈرۈپ، —— بۈگۈن

مەكتەپتە بالىلارنىڭ كانىكۇللۇق تاپشۇرۇقلىرى ھەققىدە ھېچقانداق گەپ ــ سۆز بولۇنمىدى. مەن ئاڭلىماي قالدىمۇ ــ قانداق دەپ ئويلاپ، بىرىد خانىمدىن تاپشۇرۇق ھەققىدە سورىسام ئۇ كۈلۈپ كەتتى ھەمدە «قىزىق ئىش، كانىكۇلدا بالىلار ئوينىماي تاپشۇرۇق ئىشلىسە قانداق بولىدۇ؟ ئۇلارنىڭ قانغۇچە ئوينىۋېلىشىمۇ بىر خىل تەربىيىلىنىش. ئالدىنقى يىلى جۇڭگولۇق بىر ئوقۇغۇچى مېنىڭ سىنىپىمدا ئوقۇغان ئىدى، ھازىر 2 ــ يىللىقتا ئوقۇۋاتىدۇ. ئۆتكەن يىلى يازلىق كانىكۇل بولىدىغان چاغدا ئۇنىڭ ئاپىسى مەكتەپكە كېلىپ ‹بالامغا تاپشۇرۇق بېرىلمەپتۇ، بۇ نېمە ئۈچۈن؟ بالام كانىكۇلدا ئويناپ ئۆگەنگەنلىرىنى ئۇنتۇپ كەتسە قانداق بولىدۇ؟› دەپ تۇرۇۋالدى، ئۇنىڭغا شۇنچە چۈشەندۇرسەكمۇ قايىل بولماي تۇرۇۋالدى. مانا ئەمدى سىزمۇ ئوخشاش شۇ سوئالنى بىزدىن سوراۋاتىسىز. خاتىرجەم بولۇڭ، ئويغۇرىيە ئەقىللىق قىزكەن، ھازىر ئىنگلىزچە ئىنكاس قايتۇرىدىغان بولدى، ماتېماتىكىدىكى ئىنكاسى سىنىپ بويىچە ھەممىنىڭ ئالدىدا. كانىكۇلدا ئوبدان ئويناۋالسۇن، ئويناشنى بىلمىگەن بالا دەرسنىمۇ ياخشى ئۆزلەشتۈرەلمەيدۇ» دەيدۇ. ئويلاپ باقسام، بىرىد خانىمنىڭمۇ گېپىنىڭ ئاساسى بار ئىكەن، بىز تېخىچە ۋەتەندىكى باشلانغۇچ مائارىپىنىڭ ئىدىيىسى ئىچىدە چۆرگىلەپ يۈرۈپتىمىز...

مەن ئايالىمنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپ ئويلىنىپ قالدىم. دېمىسىمۇ قىزىم بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن مەكتەپكە بولغان قىزغىنلىقى بارغانسېرى كۈچىيىپ بېرىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، يېرىم يىلنىڭ ئىچىدىلا بويىمۇ روشەن ھالدا ئۆستى. مەن ئۇنىڭ كۆپ ھاللاردا سومكىسىنى مەكتەپتىن ئالمايلا كېلىدىغانلىقىنى، ئۆيگە كېلىپمۇ تاپشۇرۇق ھەققىدە ھېچقانداق گەپ قىلمايدىغانلىقىنى سېزىپ دەسلەپ بىرئاز ئەنسىرەپ قالغانىدىم. لېكىن كېيىنچە مەكتەپتىكى ھەممە بالىلارنىڭ شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى، تاپشۇرۇقلارنى دەرس ۋاقتىدىلا ئىشلەپ تۈگىتىدىغانلىقىنى كۆرۈپ كۆڭلۈم جايىغا چۈشكەنىدى.

قىزىمنىڭ كانىكۇلى باشلانغاندىن كېيىن، ئايالىم كۈندە ئۇنى ئۆزى بىلەن بىرگە نۆرۋەتلىيەدىكى تىل مەكتىپىگە ئېلىپ كېتىدىغان بولدى. ئايالىم ئەتىگەندىكى ئۈچ سائەتلىك دەرسىنى تۈگىتىپ چىققىچە قىزىمغا تىل مەكتىپىنىڭ يەسلىسى باشقا بالىلار بىلەن بىرگە قاراپ بېرىدىغان بولۇپتۇ. مەنمۇ كانىكۇلنىڭ ئالدىدىكى ئاخىرقى دەرسلىرىمنى ئۆتۈپ تۈگىتىش ئۈچۈن كۈندە سەھەردە ئۇنىۋېرسىتېتقا كېتىپ كەچقۇرۇن قايتىپ چىقىدىغان بولدۇم. شۇنداق ئالدىراشلىقلار ئۆتۈپ ئىيۇننىڭ ئاخىرقى ھەپتىسىگە بارغاندا يازلىق كانىكۇلغا چىقىپ كەتتۇق.

بىر ئائىلە كىشىلىرى ئۇھ دېيىشىپ يازلىق كانىكۇلنى كۈتۈۋالدۇق. ھەممىمىزنىڭ كەيپىياتى تولىمۇ خۇشال ئىدى. رىمبو بازىرىدىكى تېپىنىچ كۈنلەر شۇنداق قىلىپ باشلاندى. بىز گويا پۈتۈن دۇنيانى ئۇنتۇپ كەتكەندەك، مەنزىرىسى

سىزما سۈرەتتەك گۈزەل بۇ جىمجىت بازاردا قىممەتلىك يازنىڭ ھۇزۇرىدىن بەھرىمەن بولۇشقا باشلىدۇق. بازاردىكى كىشىلەرنىڭ كۆپ قىسمى ساياھەتكە كەتكەچكىمۇ بۇ يەردىكى ئادەملەر تېخىمۇ ئازىيىپ كەتكەنىدى. ئەتىگەندە ۋاقىتچە ئورنىمىزدىن تۇرغاندىن كېيىن، تامىقىمىزنى يەپ بولۇپلا چۈشلۈك تاماقلىرىمىزنى تەييارلاشقا كىرىشەتتۇق، ئاندىن ئۇلارنى سېۋەتكە سېلىپ، پەي توپ، سۇ ئۈزۈش كىيىمى، ئەدىيال دېگەندەك نەرسىلىرىمىزنى ئېلىپ بازارنىڭ جەنۇبىدىكى كۆل بويىغا باراتتۇق. بۇ يەر تولىمۇ گۈزەل بولۇپ، سۈپسۈزۈك كۆل يۈزى كۆز يەتكۈسىز يىراقلارغا سوزۇلۇپ كەتكەنىدى. كۆل بويىدا قۇمساڭغۇ ساھىل بار بولۇپ، قىزىم بۇ يەردە ئويناشقا بەكمۇ ئامراق ئىدى. مەن ئايالىم بىلەن كۆل بويىدىكى چىملىقتا پەي توپ ئوينايتتىم. كۈن قىزىغاندىن كېيىن سۇغا چۆمۈلەتتۇق. قىزىم سۇغا چۆمۈلۈشنى شۇ قەدەر ياخشى كۆرۈپ قالدىكى، كۈندە ئورنىدىن تۇرۇپ سۇ ئۈزگىلى بارايلى دەپ تۇرۇۋالىدىغان بولدى. مەن ئۇنى دۈمبەمگە مىنىتەۋرۈۋېلىپ سۇ ئۈزۈپ ئويناتاتتىم. كۆل بويىدا كۈندە ئادەملەر ئۈزۈلمەيتتى. بولۇپمۇ ئائىلە بويىچە سۇ ئۈزگىلى كېلىدىغان شۋېتلار خېلىلا كۆپ ئىدى.

يازلىق كانىكۇلنىڭ پەيزى بىزنى ئۆز قوينىغا ئالدى. قىشتىن بۇيانقى جىددىيچىلىكلەر ۋە ئائىلىمىزنىڭ يات ئەلنىڭ تۇرمۇش مۇھىتىغا كۆنۈش جەريانىدىكى بىر مەزگىللىك قىيىنچىلىقلار ئەمدىلىكتە رىمبو بازىرىدىكى تىنچ تۇرمۇشنىڭ قوينىدا ئۇنتۇلۇپ كەتتى. بىز ۋەتەندە ياشىغان كۈنلەردىمۇ بىر ئائىلە جەم بولۇپ، دۇنيانىڭ غەم ـ ئەندىشىلىرىنى ئۇنتۇپ، ئۈرۈمچىنىڭ ۋاڭ ـ چۇڭلىرىدىن خالىي ھالدا خىلۋەت بىر ماكاندا بۇنچىلىك كۆڭۈللۈك كۈنلەرنى ئۆتكۈزۈپ باقمىغانىدۇق. ۋەتەندىكى ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىمىز ۋە جاھاندارچىلىقىمىز كۆپىنچە دوست ـ بۇرادەر، ساۋاقداش، خىزمەتداش ۋە تونۇش ـ بىلىشلەر بىلەن بولاتتى. باشقىلارغا بېرىدىغان ۋاقتىمىز ئۆزىمىزگە ۋە ئائىلىمىزگە بېرىدىغان ۋاقتىمىزدىن كۆپ بولاتتى. مانا، رىمبو بازىرىدا بىزنى تونۇيدىغان ھېچكىم يوق، بىز بۇ يەردە پەقەت ئىككى ئائىلىلىك بىلەنلا ئاندا ـ ساندا ئارىلىشىپ ئۆتىمىز. بىرى بىز ئولتۇرغان بىنانىڭ بىرىنچى قەۋىتىدە رېستوران ئاچىدىغان تۈركىيىلىك نەئىم ئەپەندى، يەنە بىرى ئاپتوبۇستا تونۇشۇپ قالغان سارا خانىم. ئۇلاردىن باشقا بۇ جىمجىت بازاردا بىزنىڭ ھېچقانداق ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتىمىز يوق. بىزنىڭ تىنچ تۇرمۇشىمىزغا، ئائىلىمىزنىڭ بىر مەھەللىك دەم ئېلىشىغا دەخلى قىلىدىغان ھېچكىممۇ يوق. بىز رىمبو بازىرىدىكى ئاشۇ تىنچ كۈنلەردە تەبىئەتنىڭ سېھرىي گۈزەللىكىگە مەپتۇن بولۇپ، ئائىلە بەختىنى چوڭقۇر دەرىجىدە ھېس قىلىۋاتقان چېغىمىزدا شۇنداقلا قىزىمىز بىلەن بولغان مېھىر ـ مۇھەببىتىمىزنى يەنىمۇ كۈچەيتىۋاتقىنىمىزدا ئىلگىرى ۋاقتىمىزنى ئەزەلدىن ئۆزىمىزگە بېرىپ باقمىغانلىقىمىزنى قاتتىق ھېس قىلدۇق.

كانىكۇلدىن باشلاپ نەئىف ئەپەندىنىڭ رېستورانىغا كېلىدىغان مېھمانلار ئازلاپ قالغاندەك تۇراتتى. پوتكول شۋېتسىيىدە ساياھەت مەۋسۇمى باشلانغاچقا، رىمبو بازىرىدىكى كىشىلەر تېخىمۇ ئازىيىپ كەتكەنىدى. جۈمە ۋە شەنبە كەچلىكى نەئىف ئەپەندىنىڭ رېستورانىغا كېلىپ پىۋا ئىچىپ، تانسا ئويناپ كېتىدىغان كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىسىمۇ، لېكىن ئادەتتىكى كۈنلەردە رېستوران جىمىپ قالاتتى. بۇنداق چاغلاردا جىمجىتلىقتىن ئىچى پۇشقان نەئىف ئەپەندى بىزگە تېلېفون قىلىپ، بىللە چاي ئىچكەچ پاراڭلىشىشقا تەكلىپ قىلاتتى.

شېكەر قوشۇلۇپ، قېنىق دەملەنگەن تۈرك چېيىدىن ئىچكەچ پاراڭ سېلىشاتتۇق. نەئىف ئەپەندى سۆزمەن كىشى ئىدى، بىر قارىماققا ئۇنىڭ كۆپلىگەن ئىسسىق – سوغۇقلارنى بېشىدىن كۆچۈرۈپ تۇرمۇشنىڭ تۈرلۈك رىيازەتلىرىگە پىشقان كىشى ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ئىنگلىزچىنىمۇ، شۋېتچىنىمۇ يېرىم – يارتا سۆزلەيتتى، ئەمما تۈركچىنى تولىمۇ چىرايلىق سۆزلەيتتى. ئۇنىڭ تۈركچىنى سۆزلىگەن چاغدىكى ھالىتى ماڭا تولىمۇ قىزىقارلىق تۇيۇلاتتى. بىر كۈنى ئۇ تۇيۇقسىزلا مەندىن مۇنداق بىر سوئالنى سوراپ قالدى:

— سىزگە دېسەم، سۇلايمان بەي، مەندە مۇنداق بىر خىيال پەيدا بولۇپ قالدى، مەن رېستورانىمىزدا چىنچە* قورۇمىلار چىقارساقمىكىن دېگەن ئويدىمەن، سىزچە قانداق بولار؟

— چىنچە قورۇمىلار؟— مەن ھەيران بولغان ھالدا ئۇنىڭغا تەئەججۈپ بىلەن قارىدىم، — نېمە سەۋەبتىن بۇنداق خىيالغا كېلىپ قالدىڭىز؟

— چۈنكى ياۋروپادا، بولۇپمۇ شۋېتسىيىدە چىنچە تائاملارنىڭ بازىرى بەكمۇ ياخشى، قاراڭ، بىزنىڭ رىمبو بازىرىدا ئىككىلا رېستوران بار، بىرى مېنىڭ رېستورانىم، يەنە بىرى بازارنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى جۇڭگولۇقلارنىڭ رېستورانى. ئىككىسىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرسىڭىز، بىزنىڭ تۈركچە تائاملارغا قارىغاندا جۇڭگوچە تائاملارنى ياقتۇرۇپ يەيدىغان خېرىدارلار كۆپ. شۇڭا رېستورانىمىزدا جۇڭگوچە تائاملار چىقارساقمىكىن دەيمەن.

— ئۇنداقتا، جۇڭگوچە تائام تەييارلىيالايدىغان ئۇستا ئاشپەزنى قانداق قىلىسىز؟— دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.

— ھازىرقى مۇھىم مەسىلە دەل شۇ يەردە. – دېدى نەئىف ئەپەندى ماڭا قاراپ، — مەن مۇنداق ئويلىدىم، سىلەر ئەر – ئايال ئىككىڭلار جۇڭگودىن كەلگەن بولغاچقا، جۇڭگوچە قورۇمىلارنى تەييارلاشنى بىلىدۇ دەپ ئويلايمەن، شۇڭلاشقا بىز ھەمكارلاشساق، مەن سىلەرگە يۇقىرى مائاش بەرسەم، ئەر – ئايال ئىككىڭلاردىن بىرىڭلار مېنىڭ رېستورانىمدا جۇڭگوچە قورۇمىلارنى چىقىرىشقا ياردەملەشسەڭلار

* تۈرك تىلىدا «چىن» سۆزى «جۇڭگو» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ، بۇ يەردىكى «چىنچە قورۇمىلار» دېگەن سۆز «جۇڭگوچە قورۇمىلار» مەنىسىنى بېرىدۇ.

تولىمۇ ياخشى بولاتتى، بۇنىڭغا سىز قانداق قارايسىزكىن؟

مەن نەئىف ئەپەندىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بىر ھازا تۇرۇپ قالدىم. ئۇنىڭ بۇ خىيالى ماڭا بىر جەھەتتىن كۈلكىلىك تۇيۇلدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ ئۆز رېستورانىنى ياخشىراق يۈرۈشتۈرۈش ئۈچۈن ھەممە ئامالنى قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم.

— مېنىڭچە، بۇ ئانچە مۇۋاپىق بولمىغان چارە دەپ ئويلايمەن، — دېدىم ئۇنىڭغا ئۆز قارىشىمنى بىۋاسىتىلا ئېيتىپ، — تۈركچە رېستوراندا جۇڭگوچە تائاملارنى چىقىرىش قارىماققا ئاساندەك بىلىنىسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە ئۇنچىلىك ئاسان ئەمەس. نېمىشقا دېسىڭىز، سىز رېستورانىڭىزدا گەرچە جۇڭگوچە تائاملارنى ناھايىتى تۇجۇپىلەپ ئوبدان چىقارسىڭىزمۇ، لېكىن خېرىدارلارنىڭ نەزىرىدە يەنىلا جۇڭگوچە رېستورانلارنىڭ تامىقىغا يەتمەيدۇ دەيدىغان قاراش ھۆكۈم سۈرۈشى مۇمكىن. شۇڭا ئەڭ ياخشىسى رېستورانىڭىزنىڭ ئىسمى - جىسمىغا لايىق تۈركچە تائاملارنى چىقارغىنىڭىز ياخشىمىكىن. يەنە بىر جەھەتتىن، بىز كەسپىي ئاشپەزلەردىن ئەمەسمىز، گەرچە ئايالىم جۇڭگوچە قورۇمىلارنى قورۇيالىسىمۇ، لېكىن رەسمىي تەربىيە كۆرگەن ئاشپەزلەردەك قىلالىشى ناتايىن، راستىنى ئېيتقاندا، بىزنىڭ ئۆيگە ئۇرچە قورۇمىلار تەم ۋە باشقا جەھەتلەردىن خەنزۇچە تائاملاردىن كۆپ پەرقلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ ئىشىم ئالدىراش، ئايالىم ئوقۇۋاتىدۇ، مۇشۇ يازلىق كانىكۇل ئۆتۈپ كەتسىلا ئالدىراش بولۇپ كېتىمىز. شۇڭا سىزگە ئۆز ئەھۋالىمىزنى ئوچۇق ئېيتمىساق بولمايدۇ.

نەئىف ئەپەندى مېنىڭ سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ بىر ھازا ئىچىنى تىڭشاپ جىمجىت ئولتۇردى. ئاندىن تۆۋەن ئاۋازدا قولىقىمغا پىچىرلىدى:

— بۇ راستىنلا مۇمكىن بولماسمۇ، سۇلايمان بەي!؟

— مەن شۇنداق ئويلايمەن.

— بۇ شۆھرەتلار نېمىشقا مېنىڭ رېستورانىمغا قارىغاندا جۇڭگوچە رېستورانلارنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرىدىغاندۇ، بۇنىڭدىكى سىر زادى نېمە؟

— كەچۈرسىز، بۇ تەرىپى ماڭا نامەلۇم، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ئاشخانا تىجارىتى بىلەن ئەزەلدىن شۇغۇللانغان ئەمەسمەن.

— مۇنداق، دەڭ، ھېچقىسى يوق، مەن پەقەت سىزنىڭ قارىشىڭىزنى ئاڭلاپ باقاي دېدىم، خالاس، — دېدى نەئىف ئەپەندى تاماكىدىن بىر تال تۇتاشتۇرۇپ، — يېقىندىن بۇيان رېستورانىمنىڭ تىجارىتى ياخشى بولمايۋاتىدۇ، جۈمە ۋە شەنبە كۈنلىرىدىكى كېچىلىك بەزمىدىن باشقا چاغلاردا ئانچە ئادەم كەلمەيدىغان بولۇۋالدى. قاراپ باقسام بازاردىكى ھەممە كىشى ئاۋۇ تەرەپتىكى جۇڭگولۇقلارنىڭ رېستورانىغا بارىدىغان بولۇۋالدى. ھەتتا يېقىن ئەتراپتىكى يېزىلاردىنمۇ مەخسۇس ماشىنا بىلەن شۇ يەرگە تاماق يېگىلى كېلىدۇ. بىزنىڭ رېستوراندا تاماق

يەيدىغانلار بارماق بىلەن سانىغۇدەكلا بىرقانچە مېھمان شۇ.

نەئىىق ئەپەندى بىلەن بولغان شۇ قېتىملىق پارىڭىمىزدىن كېيىن مەن بازارنىڭ غەرب تەرىپىدىكى جۇڭگوچە رېستورانغا دىققەت قىلدىم. دېگەندەك ئۇ يەردە تاماق يەيدىغانلار چۈش مەزگىلىدە ئۈچرەت بولۇپ كېتىدىكەن. يىراق - يېقىندىكىلەرمۇ مەخسۇس ماشىنا بىلەن بۇ يەرگە تاماق يېگىلى كېلىدىكەن.

كۈندە كەچقۇرۇن تاماقتىن كېيىن بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى بازارنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى يولنى بويلاپ ھاۋالانغاچ ئايلىنىپ كېلىدىغان بولدۇق. بەزىدە ئورمانلىقنىڭ بىر بۇرجىكىدىكى چىملىقتا پەي توپ ئويناپتتۇق. بىر كۈنى كەچقۇرۇن ئادىتىمىز بويىچە بازاردىن چىقىپ ئەمدىلا ماشىنا يولىدىن كېسىپ ئۆتۈشىمىزگە ئالدىمىزغا ھېلىقى جۇڭگوچە رېستوراننىڭ ئايال خوجايىنى ئۇچراپ قالدى. ئۇ بىزگە سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن ئارىسالدى بولغاچ شۋېتچە سالام بەردى:

— خەيرلىك كەچ!

— خەيرلىك كەچ! — دېدى ئايالىممۇ ئۇنىڭغا شۋېتچە جاۋاپ قايتۇرۇپ.

— كەچۈرسىلەر، سىلەر بۇ بازارغا يېڭىدىن كۆچۈپ كەلدىڭلارمۇ، ئىلگىرى مەن كۆرمەپتىكەنمەن.

— شۇنداق، يېڭى كەلدۇق، سىز خەنزۇچە سۆزلىيەلەمسىز؟

ھېلىقى ئايال ئايالىمنىڭ سورىغان سوئالىدىن ھەيران بولغان ھالدا بىزگە يەنە بىر قۇر سەپسالدى - دە، يەنە شۋېتچە بىلەن جاۋاپ قايتۇردى:

— شۇنداق، خەنزۇچىنى سۆزلىيەلەيمەن، لېكىن تازا راۋان ئەمەس، مەن جۇڭگولۇق، بىر سوئال سورىسام بولامدۇ، سىلەر قەيەردىن كەلگەن؟

— بىزمۇ جۇڭگودىن كەلگەن، — دېدى ئايالىم ئۇنىڭ سوئالىغا خەنزۇچە بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ، — بىز جۇڭگونىڭ شىنجاڭ دېگەن يېرىدىن كەلگەنمىز. بىز بىر قاراپلا سىزنىڭ جۇڭگولۇق ئىكەنلىكىڭىزنى بىلدۇق. ئاۋۇ رېستوران سىلەرنىڭغۇ دەيمەن.

— شۇنداق، بىز بۇ يەردە رېستوران ئاچىمىز. بىز بۇ بازاردا ئۇزاق ئولتۇراقلاشقان بىردىنبىر جۇڭگولۇقمىز. سىلەرنىڭ جۇڭگودىن كەلدۇق دېگىنىڭلارنى ئاڭلاپ ھەيران قېلىۋاتىمەن. بۇ بىر خىلۋەت بازار بولغاچقا ئىلگىرى جۇڭگولۇقلار كېلىپ باقمىغان. مانا ئەمدى سىلەرنى كۆرۈشۈم، — ئۇ خەنزۇچىنى قىينىلىپ تۇرۇپ ناھايىتى تەسلىكتە سۆزلىدى.

— سىلەر چوڭ قۇرۇقلۇقتىن كەلگەنمۇ ياكى شياڭگاڭ، تەيۋەندىن كەلگەنمۇ؟

— مەن ئۇنىڭدىن خەنزۇچە سورىدىم.

— بىز ھىندىستاندىن كەلگەنمىز، — دېدى ئۇ ئۆزىنى چۈشەندۈرۈپ، — بىزنىڭ ئاتا - ئانىمىز ئەسلىدە گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئارمىيىسىدە

خىزمەت قىلغان ئىكەن، 1949 ـ يىلى گومىنداڭ قىسىملىرى مەغلۇپ بولۇپ تەيۋەنگە چېكىنگەندە داداممۇ ئائىلىسىنى ئېلىپ شىنجاڭدىن ھىندىستانغا كېتىپتۇ. ئۇلار ئەسلىدە ھىندىستانغا بارغاندىن كېيىن، دېڭىز يولى ئارقىلىق تەيۋەنگە كەتمەكچى بولۇپتۇ. لېكىن بۇ پىلانى ئەمەلگە ئاشماي ھىندىستاندا ئولتۇراقلىشىپ قاپتۇ. مەن بومبايدا تۇغۇلغان ئىكەنمەن. ئالىي مەكتەپنى بومبايدا تۈگەتكەندىن كېيىن ھازىرقى يولدىشىم بىلەن توي قىلدىم، ئاندىن شىۋىتسىيىگە كۆچمەن بولۇپ كەلدۇق. رىمبو بازىرىدا جۇڭگوچە ئاشخانا ئېچىۋاتقىلى مانا 10 يىلدىن ئاشتى، بۇ يەردىكىلەر بىلەن تونۇشۇپ كەتتۇق. ۋاقتىڭلار چىقسا بىزنىڭ ئۆيگە مېھمان بولۇپ كېلىڭلار، قارشى ئالىمىز!

بىز ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپ ئۆز يولىمىزغا راۋان بولدۇق. شۇندىلا نەئىمۇ ئەپەندىنىڭ نېمە سەۋەبتىن ئۆز رېستورانىدا جۇڭگوچە ۋئائام چىقارماقچى بولغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنگەندەك بولدۇق.

شۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلىرىمىز رىمبو بازىرىنىڭ جىمجىتلىقىغا جور بولغاندەك تېپتىنچ ئۆتۈشكە باشلىدى. بىز ستوكھولم شەھىرىگە ھەپتىدە بىر قېتىم كىرىپ، تۇرمۇشقا زۆرۈر بولغان نەرسە ـ كېرەكلەرنى سېتىۋالغاندىن سىرت، باشقا ۋاقىتلاردا ئاساسەن بۇ بازاردا بولدۇق. كۈندۈزدە ئەتراپتىكى ئورمانلىقلارنى، بىپايان رىمبو كۆلىنى ۋە ياكى بىزگە يېقىن بولغان نۆرتەلىيە بازىرىنى ئايلىنىپ كېلەتتۇق. كەچقۇرۇنلىرى پەي توپ ئوينايتتۇق. بەزىدە نەئىمۇ ئەپەندىنىڭ رېستورانىغا كىرىپ قېنىق دەملەنگەن تۈرك چېيىدىن ئىچكەچ پاراڭلىشاتتۇق.

بەزى كۈنلىرى ئۆزىمىزنى گويا دۇنيا تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەندەك، شىمالىي قۇتۇپقا يېقىن بۇ تىنچ بازارغا مەڭگۈ بەند قىلىۋېتىلگەندەك ھېس قىلىپمۇ قالاتتۇق. ئايالىم بىر كۈنى ئۆزىنىڭ بۇ خىل ھېسسىياتىنى ماڭا ئېيتقىنىدا، مەنمۇ ئۇنىڭغا شۇنداق بىر ھېسسىياتتا بولغانلىقىمنى سۆزلەپ بەردىم. بىز شۇندىلا ۋەتەننى ۋە ئەزىز ۋەتەنداشلىرىمىزنى سېغىنغانلىقىمىزنى ھېس قىلدۇق.

رىمبو بازىرىدىكى تىنچ كۈنلەر ماڭا ئۆز ئۆتمۈشۈمدە ئەزەلدىن ئويلاپ باقمىغان بوشلۇقلارنى ھېس قىلدۇردى. مەن رىمبودىكى تىنىق كۆل بويىدا ئاپتاپسىنىۋېتىپ؛ ئورمانلارنى ئارىلاپ سەيلە قىلىۋېتىپ، قىزىمنىڭ لەگلەك ئۇچۇرۇشىغا ياردەملىشىۋېتىپ، نەئىمۇ ئەپەندىنىڭ رېستورانىدا چاي ئىچكەچ پاراڭلىشىۋېتىپ نۇرغۇن ـ نۇرغۇن خىياللارنى قىلدىم. خىياللىرىم بۇ كىچىك بازارنىڭ چەكلىك بوشلۇقىدىن ھالقىپ چىقىپ ئۆتمۈشۈم قېپقالغان ۋەتەن تەرەپكە قاراپ ئۇچاتتى. كۈن ئولتۇرۇپ رىمبو بازىرىدا كەچكى شەپەق جەۋلان قىلغىنىدا ئەتراپتىكى بىنالارنىڭ ئۆگزىلىرىگە سانسىزلىغان قاغىلار قونۇۋالاتتى. مەن بۇ قاغىلارنىڭ زادى قەيەردىن ئۇچۇپ كەلگەنلىكىنى بىلمەيتتىم. ئەمما توپ ـ توپ قاغىلارنىڭ قاقىلداشلىرى ماڭا شۇنچىلىك تونۇش، شۇنچىلىك يېقىملىق

ئاڭلىناتتى. توغرا، مەن بالىلىقىمدا تاغلىق كەنتىمىزدىكى پاكار ـ پاكار ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىلىرىگە قونۇۋالىدىغان سانسىزلىغان قاغىلارنىڭ قاقىلداشلىرىنى ئاڭلاپ چوڭ بولغانىدىم. كېيىن چوڭ بولسام بۇ قاغىلار قاياقلارغىدۇر غايىب بولغانىدى، ئۇلارنىڭ قاقىلدىغان ئاۋازلىرىمۇ كەنتىمىزدىن مەڭگۈگە غايىب بولغانىدى. ئارىدىن ئۇزاق يىللار ئۆتۈپ ۋەتەندىن ناھايىتى يىراقتىكى بىر يات ئەلدە ياشاۋاتقىنىمدا تۇيۇقسىزلا بالىلىقىمدىكى ئاشۇ قاغىلارنىڭ قاقىلداپ سايرىغان ئاۋازلىرىنى قايتا ئاڭلاشقا مۇۋەپپەق بولدۇم. مانا، ئەمدىلىكتە قىزىم خۇددى مەن بالىلىقىمدا قاغىلارنىڭ قاقىلداپ سايرىغان ئاۋازىغا مەپتۇن بولغاندەك كۆزنەكتە كەچتە سىرتقا چىقىپ ئۆگزىلەرگە قونۇۋالغان قاغىلارغا ئۇزاققىچە قاراپ تۇرىدىغان بولدى. مۇشۇ مەنزىرىلەرگە قاراپ قەلبىمدە ۋەتەن ھەققىدە يېزىلغان بىر شائىرنىڭ شېئىرى تەكرار ـ تەكرار ئاۋازغا كىرىدۇ:

*ئاخشاملىرى چىقىپ تالاغا،*
*قەلبىمنى پاك ھېسقا ئورايمەن.*
*مەغرىبتىن تامان ئۇچقان شامالنى،*
*ھۇزۇرلىنىپ ئۇزاق يورايمەن.*
*شەبنەم تامغان كېرپىكلەر ئارا،*
*مېھرىم بىلەن ئايغا قارايمەن.*
*ئاسمىنىڭنى كەزگەن شۇ ئايدىن،*
*تۇپرىقىڭنى سۆيگەن شامالدىن،*
*ئاھ، ۋەتىنىم سېنى سورايمەن!*



AltunOq

# يىگىرمە تۆتىنچى باب

## پارىژغا بېرىش: فرانسىيىگە نېمە بولدى؟

رىمبو بازىرىدا گۈزەل ياز پەسلىنىڭ ھۇزۇرىنى ھېس قىلىپ، تىنچ ئائىلە تۇرمۇشى ئۆتكۈزگىنىمىزگە ئىككى ھەپتىدىن ئاشتى. قىزىمىمۇ كۈندە بىز بىلەن بىللە بولۇپ قانغۇچە ئويناۋالدى. ئاۋغۇست يېتىپ كېلىشى بىلەن يازلىق تەتىلىمىزنىڭ بارغانسېرى ئاز قېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە سېنتەبىردىن باشلاپ سكاندىناۋىيە يېرىم ئارىلىدا ئالتۇن ياز پەسلى ئاخىرلىشىپ، ئۆتكۈنچى كۈز ئايلىرىنىڭ ئىزغىرىن شاماللىرى باشلىناتتى. بالتىق دېڭىزىدىن كېلىدىغان كۈز ئايلىرىنىڭ سەلكىن شاماللىرىدا ئۇچقان سارغۇچ ياپراقلار بەزىدە ئادەمگە كۆڭۈلسىز كەيپىيات ئاتا قىلىپ، ۋەتەن ھەققىدىكى سېغىنىشلىق خىياللىرىمىزنى قوزغايتتى.

مەن ئايالىم بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، قىزىمىزغا بەرگەن ۋەدىمىزنى رېئاللاشتۇرۇش ئۈچۈن پارىژغا بېرىپ ساياھەت قىلىش قارارىغا كەلدۇق. چۈنكى ئاۋغۇستنىڭ تۇنجى ھەپتىسى پەسىل جەھەتتىن بىر قەدەر ياخشى بولغان ساياھەت مەزگىلى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە مېنىڭ دەم ئېلىشىمنىڭمۇ ئاخىرقى كۈنلىرى ئىدى.

قىزىم بىزنىڭ ساياھەت پىلانىمىزنى ئاڭلاپ تولىمۇ خۇش بولۇپ كەتتى. ئۇ رۆدابېرى مەكتىپىدىن ئېلىپ كەلگەن فرانسىيە ھەققىدىكى رەڭلىك سۈرەتلەر توپلىمىنى ۋاراقلاپ پارىژدىكى بىر ھەپتىلىك ساياھەت پىلانىنى تۈزۈشكە باشلىدى. مەن يەنە ئىنتېرنېت تورى ئارقىلىق رىيانئاير ئاۋىئاتسىيە شىركىتىدىن پارىژغا بېرىپ كېلىدىغان قوش لىنىيىلىك ئايروپىلان بېلىتىدىن ئۈچنى زاكاس قىلدىم. بېلەت باھاسى قىش پەسلىگە قارىغاندا خېلىلا ئۆرلىگەن بولسىمۇ، لېكىن جۇڭگودىكى ئوخشاش مۇساپىلىك ھاۋا يوللىرىنىڭ بېلەت باھاسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا بەكلا ئەرزان ئىدى.

مەن بېلەتنى زاكاز قىلىپ بولۇپلا پارىژدا دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانى ئۈچۈن ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر يىگىت ۋارىسقا خەت يازدىم. ۋارىس شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كومپيۇتېر ئىلمى ئىنستىتۇتىدا ماگىستىرلىق ئاسپىرانتلىقىنى تاماملىغاندىن كېيىن پارىژ خەلقئارا ئۇنىۋېرسىتېتىدا دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانى ئۈچۈن ئوقۇۋاتاتتى. ئىككى كۈندىن كېيىن ۋارىستىن جاۋاب خەت كەلدى. ئۇ خېتىدە بىز ئۈچۈن پارىژدىكى بىر خۇسۇسىي مېھمانخانىدىن ياتاق زاكاز قىلىپ قويغانلىقىنى

ھەمدە ئۆزىنىڭ ۋاقىت چىقىرىپ بىزگە ھەمراھ بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. مەن يەنە ئۇنىڭغا رەھمىتىمنى بىلدۈرۈپ خەت يازدىم.

4 ـ ئاۋغۇست ستوكھولمدىكى مەركىزىي بېكەتتىن رىيانئايىر ھاۋا يوللىرىنىڭ مەخسۇس ئاپتوبۇسىغا ئولتۇرۇپ سكاۋپستا ئايروپورتىغا باردۇق. بۇ مېنىڭ سكاۋپستا ئايروپورتىدىن ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىغا ئۈچىنچى قېتىم سەپەر قىلىشىم ئىدى. ھاۋا ئوچۇق، ئەتراپ كىمخاپتەك يېشىللىققا پۈركەنگەن مەزگىللەر بولغاچقا تەبىئەت باشقىچە گۈزەل تۇسكە كىرگەنىدى. بولۇپمۇ قىزىم ئۆز خۇشاللىقىنى باسالمايلا قالدى. ئۇ ئايروپورتقا بارغىچە بولغان بىر سائەتلىك مۇساپە جەرياندا مېنىڭدىن تالاي سوئاللارنى سوراپ ئۈلگۈردى.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 2:30 بىلەن رىيانئايىر ھاۋا يوللىرىنىڭ كىچىك تىپتىكى يولۇچىلار ئايروپىلانى سكاۋپستا ئايروپورتىدىن بوشلۇققا كۆتۈرۈلدى. ئايروپىلاندىكى يولۇچىلارنىڭ كۆپ قىسمى ساياھەت ياكى باشقا مەقسەتلەر بىلەن ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىغا ماڭغان تۈرلۈك ئىرقتىكى كىشىلەر ئىدى. ئايروپىلاندا شۋېتلاردىن باشقا يەنە ئىرانلىقلار، تۈركلەر ۋە ئەرەبلەرمۇ بار ئىدى. ستوكھولمدىن پارىژغىچە بولغان ھاۋا لىنىيىسى بىر سائەت 40 مىنۇتلۇق يول بولۇپ، شۇ يەر ۋاقتى 4:40 مىنۇت ئۆتكەندە پارىژنىڭ غەربىي شىمالى قىسمىدىكى بىر كىچىك ئايروپورتقا قوندۇق. ئايروپىلاندىن چۈشۈپلا ئايروپورتنىڭ مەخسۇس يولۇچىلار ئاپتوبۇسى بىلەن پارىژ شەھەر مەركىزىگە قاراپ يولغا چىقتۇق. ئاپتوبۇس پاكىز ۋە ئازادە بولۇپ، يولۇچىلار كۆپ ئەمەس ئىدى. نېگىر شوپۇر دىمىغىدا غىڭشىپ ناخشا ئېيتقىنىچە ئاپتوبۇسنى يۈقىرى سۈرئەتلىك تاشيولغا ئېلىپ كىردى.

پارىژ شەھەر مەركىزىگە يېتىپ بېرىشقا يەنە بىر سائەتتىن ئارتۇق ۋاقىت بار ئىدى. ئاپتوبۇس غۇيۇلداپ كېتىپ بارماقتا ئىدى. مەن قىزىمنى ئېتىكىمگە ئېلىپ سىرتتىكى مەنزىرىلەرگە نەزەر تاشلىدىم. ئاپئاق ئاپتوبۇس دېرىزىسىدىن غۇيۇلداپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان مەنزىرىلەردىن كۆز ئۈزمەي قاراپ ئولتۇرماقتا ئىدى. يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى كۆز يەتكۈسىز ئېتىز داللاردا ئورۇلغاندىن كېيىنكى تۇرۇم ـ تۇرۇم قىلىپ باغلانغان قۇرۇق ئوت ـ چۆپ دۆۋىلىرى يىراقلارغىچە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. تونۇش ئۈزۈمزارلىقلار، ئوت ئورۇش ماشىنىسى بىلەن ھەپىلىشىۋاتقان دېھقانلار، ئاندا ـ ساندا ئۇچراپ قالىدىغان يالغۇز داچىلار كىشىگە ياۋروپانىڭ مەدەنىيەت مەركىزى بولغان پارىژ شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى شاۋقۇن ـ سۈرەنلەردىن خالىي يېزا تۇرمۇشىدىن بېشارەت بېرەتتى. بىردىنلا بۇ يەرلەر ماڭا ئەزەلدىن تونۇشتەك، لېكىن مۇشۇ دەقىقىدە ئەسلىيەلمەيۋاتقاندەك بىر ھېسسىياتقا كېلىپ قالدىم. شۇنداق، مەن بۇ مەنزىرىلەرنى ئىلگىرى مەشھۇر ماي بوياق رەسىم «يېزا يولى» دا كۆرگەن ئىكەنمەن...

ئاپتوبۇس بىر خىلدا غۇيۇلداپ ماڭماقتا ئىدى. ئەتراپتىكى ئورۇلغان ئېتىز ــ داللاردىن كۆزنىڭ قۇرغاق ھىدى كەلمەكتە ئىدى. شىمالدىكى سكاندىناۋىيە يېرىم ئارىلىغا قارىغاندا ياۋروپا چولڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ كىلىمات جەھەتتىن بىرئاز قۇرغاقلىقىنى ھېس قىلدىم. ئېھتىمال، بۇ يىل ياۋروپا كىلىماتىدىكى قۇرغاقچىلىق فرانسىيىگە بەكرەك تەسىر كۆرسەتكەن بولسا كېرەك، ئاۋغۇستنىڭ باشلىرى بولۇشىغا قارىماي، دەل ــ دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىنىڭ ئانچە ــ مۇنچە سارغايغانلىقىنى، چىملىقلارنىڭ كۆيۈشكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. بۇ مەنزىرىلەر بىزنىڭ تەسەۋۋۇرىمىزدا ئىلگىرى قېلىپلىشىپ قالغان يېشىل ياۋروپا ھەققىدىكى ھېسسىياتلىرىمىزغا تەتۈر تاناسىپلىق تۇيغۇ ئاتا قىلماقتا ئىدى.

ئاپتوبۇس يەنە شۇنداق بىر خىل رىتىمدا غۇيۇلداپ كېتىپ بارماقتا ئىدى. ئېگىر شوپۇر دىمىغىدا غىڭشىپ ناخشىسىنى داۋاملاشتۇرماقتا. ئۇنىڭ پاخپايغان باشلىرىمۇ ناخشا رىتىمىغا جور بولغاندەك بىر خىلدا لىڭشىماقتا. كۆمۈش لېنتىدەك ئۇزاقلارغا سوزۇلغان يول ئاپتوبۇستىكى ھارغان يولۇچىلارنى ئېلىپ ياۋروپانىڭ مەركىزى بولغان پارىژ شەھىرىنىڭ ئۆركەشلىك قوينىغا قاراپ يېقىنلاپ بارماقتا ئىدى... ئېسىمگە ئىلگىرى ئوقۇغان بىر شېئىرنىڭ مىسرالىرى كەلدى:

*ھەر كۈنى سەھەر*
*ئۇۋۇسىدىن*
*چىقىدۇ يوللار،*
*ئوۋلاشقا مېنى،*
*يوچۇن مەخلۇقمەن،*
*سوئال ئۈنەر*
*ماڭغان ئىزىمدىن...*

پارىژغا قاراپ يېقىنلاپ بارغانسېرى قەلبىمدە ئىلگىرى زادىلا ھېس قىلىپ باقمىغان بىر خىل ئاجايىپ تۇيغۇ پەيدا بولۇشقا باشلىدى. مەن ئۆزۈمنى بۇ خىل تۇيغۇنىڭ ئاسارىتىدىن چەتكە ئېلىشقا شۇنچە تىرىشسامىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مېنى ئۆزىگە شۇنچە تارتىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدىم. راستىنى ئېيتسام بۇ بىر ئۈمىدسىزلىك كەيپىياتىغا ئوخشاپ كېتىدىغان تۆۋەن تۇيغۇ ئىدى. چۈنكى مەن ئىلگىرى فرانسۇز ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىللىرىدىن ستېندال، بالزاك، ۋىكتور ھيۇگو، ئالېكساندىر ديۇما، ئېمىل زولا، موپاسسان قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىدىكى پارىژ تەسۋىرىدىن ئېرىشكەن تەسىراتلىرىمنىڭ ھايال ئۆتمەيلا ئۆزۈم كۆرمەكچى بولغان رېئال پارىژنىڭ كۆرۈنۈشلىرى تەرىپىدىن ئىز ــ تىزسىز غايىب بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرىمەكتە ئىدىم. بەزىدە ئۆزۈمدىنمۇ ھەيران قالىمەن، چۈنكى مەن

ئىلگىرىكى تەسىراتلىرىمنىڭ كېيىنكى كەچۈرمىشلەر داۋامىدا يوق بولۇپ كېتىشىنى خالىمايمەن.

— دادا، پارىژغا قاچان يېتىپ بارىمىز؟

قىزىمنىڭ سوئالى مېنى خىياللىرىمدىن سەگىتتى. مەن ئۇنى قۇچىقىمغا ئېلىپ تەسەللى بەردىم.

— مانا، ھازىرلا يېتىپ بارىمىز.

— ئېففېر تۆمۈر مۇنارى كۆرۈنمەيدىغۇ؟

— پارىژ شەھەر ئىچىگە كىرگەندە كۆرۈنۈشى مۇمكىن، قىزىم.

— مېنىڭ ئېففېر تۆمۈر مۇنارىنىڭ ئۈستىگە چىققۇم بار، دادا!؟

— ئەلۋەتتە، قىزىم، مەن سىزنى ئېلىپ چىقىمەن.

ئاپتوبۇس كەڭرى ئېتىز - داللارنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، پارىژ شەھەر مەركىزىگە قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. مەنمۇ، ئايالىممۇ سىرتتىكى مەنزىرىلىرىلەردىن كۆز ئۈزمەي جىمجىت ئولتۇرماقتا ئىدۇق. بىز يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولدا ياۋروپانىڭ مەدەنىيەت ۋە سەنئەت مەركىزىگە قاراپ كېتىپ بارماقتىمىز. بىزنى سانسىزلىغان چىراغلار جىمىرلاپ تۇرغان گۈگۈمدىكى پارىژ كۈتمەكتە. ۋەھالەنكى، بىزنىڭ بۇ رومانتىك شەھەر ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرىمىز بۈگۈننىڭ ئۈستىگە ئەمەس، بەلكى 19 - ئەسىر فرانسۇز ئەدەبىياتىنىڭ پارىژ ھەققىدىكى ئاجايىپ تەسۋىرلىرى ئۈستىگە قۇرۇلغان. ھيۇگونىڭ قەلىمى ئاستىدىكى سىرلىق پارىژ بىلەن بۈگۈنكى پارىژ ئوتتۇرىسىدا قانچىلىك ئارىلىق بار بولغىيدى؟

ئاپتوبۇس تارچۇق كوچىلاردىن ئۆتۈپ، شەھەرنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى قاتناش بېكىتىگە كېلىپ توختىدى. بىز يولۇچىلار بىلەن بىللە نەرسە - كېرەكلىرىمىزنى يىغىشتۇرۇپ ئاپتوبۇستىن چۈشتۇق. دېيىشكىنىمىزدەك ۋارىسجان بېكەتتە بىزنى ساقلاپ تۇرغان ئىكەن، ئۇنى كۆرۈپ تولىمۇ خۇشال بولدۇق.

— ئەسسالام، خۇش كەپسىلەر، ھارمىغانسىلەر!

— خۇداغا شۈكۈر، تىنچ - ئامان كېلىۋالدۇق!

ۋارىسجان خۇش پېئىل، ئوچۇق مىجەزلىك يىگىت ئىدى. ئىلگىرى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كومپيۇتېر ئىلمى فاكۇلتېتىدا ماگىستىر ئاسپىرانتلىقى بويىچە ئوقۇۋاتقىنىدا سىرتتىن تونۇشاتتۇق. بۇ يىل 5 - ئايدا ستوكھولمغا ئويۇنغىلى بارغىنىدا بىللە بولغانىدۇق.

— بىز ئالدى بىلەن ئۆدۈللا مېھمانخانىغا بارايلى، ياتاققا جايلىشىپ بولۇپ ئاندىن باشقا ئىشلارنى سۆزلەشسەكمۇ بولىدۇ، — دېدى ۋارىسجان قولۇمدىن بىر سومكىنى ئېلىپ.

بىز ۋارىسجانغا ئەگىشىپ ياندىكى كوچا ئېغىزىغا جايلاشقان مېترونىڭ كىرىش ئېغىزى ئارقىلىق يەر ئاستىغا چۈشتۇق. پارىژنىڭ يەر ئاستىمۇ ئاجايىپ

بىر چوڭ دۇنيا ئىدى. تۈرلۈك يۆنىلىشلەرگە كەتكەن تۆمۈر يوللار بۇ قەدىمىي شەھەرنىڭ يەر ئاستىنى گويا ئۆمۈچۈك تورىدەك تۇتاشتۇرغانىدى. يەر ئاستىدىكى مېترو بېكەتتىدە پويىز ساقلاۋېتىپ ئېسىمگە بىردىنلا ۋىكتور ھيۇگونىڭ «پاجىئەلىك دۇنيا» (تۆت توملۇق بۇ رومان ئۇيغۇر تىلىغا «خارلانغانلار» دېگەن ماۋزۇ ئاستىدا تەرجىمە قىلىنغان ـ ئا) رومانىدىكى پارىژنىڭ يەر ئاستى سۇ يولى تەسۋىرلەنگەن كۆرۈنۈشلەر كەلدى. قاپقاراڭغۇ يەر ئاستى سۇ يولى... ئەۋرەز تۇرۇبىلىرىدىن ئېقىپ چىقىپ چوڭ ئېقىنغا قوشۇلغان سېسىق سۇلار دىماغنى ئېچىشتۇرماقتا، ئۇياقتىن ـ بۇياققا يۈگۈرۈشۈپ يۈرگەن ئېچىرقىغان چاشقانلار ئادەمگە ۋەھىمە بېغىشلىماقتا. ئۆمۈچۈك تورلىرى ھەممىلا جايىنى ئىگىلىگەن، ئەۋرەز سۇلىرىنىڭ سۈس شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان ئاۋازى، قايسىبىر تۆشۈكلەردىن سىرغىپ چۈشكەن يورۇقلۇقنىڭ لىپىلدەك ئىنچىكە كۆرۈنۈشلىرى ئادەمگە چۆچەكلەردىكى قورقۇنچلۇق مەنزىرىلەرنى ئەسلىتەتتى...

گۈرۈلدەپ يېتىپ كەلگەن يەر ئاستى پويىزىنىڭ ئاۋازى مېنى 19 ـ ئەسىردىكى پارىژنىڭ يەر ئاستى سۇ يوللىرى دۇنياسىدىن قايتۇرۇپ كەلدى. كۆز ئالدىمدا زامانىۋى پارىژنىڭ يەر ئاستى بېكىتى تۇرماقتا. چىراغلار جىمىرلاپ كۆزنى قاماشتۇرماقتا، پويىزلار ئۇياقتىن ـ بۇياققا گۈرۈلدەپ ئۆتۈشمەكتە، ئادەملەر ئالدىراشلىق بىلەن كېتىپ بارماقتا... مەن شۇندىلا ئۆزۈمنىڭ پارىژ ھەققىدىكى تەسىراتلىرىمنىڭ تېخىچە فرانسۇز كلاسسىكلىرىنىڭ كىتابلىرى ئىچىدە چۆرگىلەپ يۈرگەنلىكىمنى ھېس قىلدىم.

پويىز بېكەتكە كېلىپ توختىدى. بىز ۋارىسجانغا ئەگىشىپ پويىزدىن چۈشتۇق. بىر سائەتكە بارمايلا يەر ئاستى ئارقىلىق پارىژنىڭ بىر تەرىپىدىن يەنە بىر تەرىپىگە يېتىپ كەلگەنىدۇق. ۋارىسجان مېترو بېكىتىدىكى بوتكىدىن پارىژنىڭ قاتناش خەرىتىسىدىن بىرنى ئېلىپ كەلدى.

— خەرىتىنى ئېلىۋېلىڭ، سىلەرگە تولىمۇ لازىم بولىدۇ، خەرىتىگە تايىنىپلا پارىژنى خالىغانچە ساياھەت قىلىش مۇمكىن، — دېدى ۋارىسجان ماڭا قاراپ.

— شۇنداق، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا جاۋابەن، — يول خەرىتىسى ياۋروپا شەھەرلىرى ئۈچۈن يول باشلىغۇچى بولالايدىكەن، ستوكھولمدىمۇ خەرىتىگە تايىنىپلا ھەرقانداق جايىنى بىمالال تاپقىلى بولىدۇ.

بىز مېترونىڭ چىقىش ئېغىزىدىن كوچىغا چىققىنىمىزدا گۈگۈم پەردىسىنىڭ پارىژنى تولۇق ئۆز قوينىغا ئالغانلىقىنى، رەڭگارەڭ چىراغلارنىڭ جىمىرلاپ تۇرغانلىقىنى ھېس قىلدۇق.

— مانا، سىلەرگە زاكاز قىلغان مېھمانخانىغا يېتىپ كەلدۇق، ۋېينا مېھمانخانىسى، بۇ يەرنىڭ قاتنىشى قۇلاي، مېترو بېكىتىگە بەش مىنۇتتىلا يېتىپ بارغىلى بولىدۇ، جەنۇبقا ئازراق ماڭساڭلار فرانسىيە تارىخىدىكى داڭلىق جاي —

باستىلىيە تۈرمىسىنىڭ خاتىرە ئورنىغا يېتىپ بارالايسىلەر.

بۇ پارىژنىڭ قەدىمىي كوچىلىرىدىن بىرى بولۇپ، بىنالارنىڭ كۆپىنچىسى بىرقانچە يۈز يىللار ئىلگىرى گوت ئۇسلۇبىدا سېلىنغان ئىكەن. بىز چۈشكەن «ۋېينا» ناملىق كىچىك تېپتىكى مېھمانخانىنىڭ دەرۋازىسى ئۈستىدە «1732» دېگەن يىلنامىنى كۆرۈپ ھەيران بولدۇم. ۋارىسجان مېنىڭ ھەيرانلىقىمنى سەزگەندەك چۈشەنچە بەردى:

— پارىژدا كىشىلەر بىنالارنىڭ قەدىمىيلىكىنى ساقلاشقا بەكمۇ ئەھمىيەت بېرىدۇ. بۇ يەردىكى مۇتلەق كۆپ بىنالار بىر - ئىككى ئەسىر ئىلگىرى، بەزىلىرى ھەتتا ئۈچ - تۆت ئەسىر ئىلگىرى سېلىنغان ئىكەن. لېكىن شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، بۇ بىنالارنىڭ ئارخىتېكتورا جەھەتتىكى گۈزەللىكى بىلەن ئەمەلىي ئىشلىتىلىش ئۈنۈمى بۈگۈنگە قەدەر ئۆز قىممىتىنى يوقاتقىنى يوق. پارىژنىڭ گۈزەللىكى ئەمەلىيەتتە شەھەر بىناكارلىقىدىكى ئالەمشۇمۇل مۇۋەپپەقىيەتلەر بىلەن ياۋروپانىڭ ئەدەبىي ئويغىنىشتىن كېيىنكى ئارخىتېكتورا روھىنىڭ زىچ بىرلەشكەنلىكىدە ئىپادىلەنسە كېرەك.

بىز «ۋېينا» ناملىق كىچىك مېھمانخانىدىكى ئالدىنئالا زاكاز قىلىپ قويغان ياتاققا كىرىپ ئورۇنلاشتۇق. ياتاق كىچىكرەك، سەرەمجانلىرى ئاددىي لېكىن پاكىز ئىدى. 45 ياۋرولۇق بۇ ياتاققا يەنە بىزنىڭ تەلىپىمىز بويىچە قىزىمىز ئۈچۈن ئايرىم كارىۋاتمۇ ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ قويۇلغانىدى. ياتاقنىڭ قىيا ئوچۇق تۇرغان دېرىزىسىدىن چىراغلار چىمىرلاپ تۇرغان كوچا ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ھەممىمىز ھېرىغانىدۇق، قىزىمىزمۇ قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقىنى ئېيتتى. ۋارىسجان بىلەن ئىككىمىز سىرتقا چىقىپ قوشنا كوچىدىكى بىر كىچىك تاللا بازىرىدىن يەيدىغان نەرسە ئېلىپ كىردۇق. قىزىم ستوكھولمدىن ئالغاچ كەلگەن مۇسۇلمانچە تەييار چۆپنى يېگۈسى بارلىقىنى ئېيتتى. ئايالىم ستوكھولمدىن ئالغاچ كەلگەن توكتا چاي قاينىتىدىغان كىچىك كۇرۇشكا ئارقىلىق قايناقسۇ قاينىتىپ قىزىمغا تەييار چۆپنى دۇملەپ بەردى. قىزىمنىڭ قورسىقى بەكلا ئېچىپ كەتكەن بولسا كېرەك، تەييار چۆپنى ئىچىمەن دەپ قاچىدىكى قىزىق قايناقسۇنى تىزىغا تۆكۈۋالدى. بۇنىڭدىن ھەممىمىز جىددىيلىشىپ كەتتۇق. قىزىمنىڭ تىزى چالا كۆيۈپ قالغاچقا توختىماي ئاغرىغان بولسا كېرەك، ئۇنىڭ ئاۋازىنى چىقارماي مۆلدۈرلەپ ياش تۆكۈپ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەممىمىز بىئارام بولۇشتۇق. مەن دەرھال قايناقسۇ تۆكۈلۈپ قىزىرىپ قالغان جايغا چىش پاستىسى سۈركەپ قويدۇم.

— كەچۈرۈڭ، دادا، مەن ئۆزۈم خاتا قىلدىم، قورسىقىم ئېچىپ كەتكەچكە ئالدىراپ كېتىپتىمەن، — قىزىمنىڭ ياش يۇقى كۆزلىرىنى سۈرتۈپ دېگەن گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئىچىم تېخىمۇ ئېچىشىپ كەتتى.

— ھېچقىسى يوق قىزىم، سىز باتۇر قىز، ئەتىگىچە ساقىيىپ كېتىدۇ،

ئەسلىدە بىز دىققەت قىلماپتىمىز، سىز كىچىك تۇرۇپلا كۆپ ئىشلارنى باشتىن كەچۈرىدىغان بولىدىكەنسىز. چوڭ بولغىنىڭىزدا ئالتە يېشىمدا پارىژغا ئوينىغىلى كېلىپ تېزىمغا قايناقسۇ تۆكۈۋالغانىدىم دەپ ئەسلەپ قالارسىز ــ ھە!؟

ـــ شۇنداق، ـــ دېدى ۋارىسجانمۇ قىزىمغا تەسەللى بېرىپ، ـــ بۇ ئىشنى بىر خاتىرە دەپ بىلەيلى، مەن ئۇيغۇرىيە قىزىدىن قاتتىق تەسىرلەندىم، ئاجايىپ باتۇر قىز ئىكەن، بۇگۈن كېچە ئۇخلاپ ئەتە سەھەردە ئورنىڭىزدىن تۇرغىنىڭىزدا پۇتىڭىزنىڭ ساقىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرىسىز!

قىزىم تامىقىنى يەپ بولۇپ يېتىپ قالدى. ۋارىسجان ئەتە بىزنىڭ بارىدىغان جايلىرىمىزنى خەرىتىدىن بىرمۇ بىر كۆرسىتىپ بەردى. ئەتە ئۆزىنىڭ دەرسى بارلىقىنى، بىز بىلەن ئەتە چۈشتىن كېيىن سائەت 4:00 دە لوۋېر سارىيىدىن زەپەر دەرۋازىسى تەرەپكە ماڭىدىغان تۈت كوچا ئېغىزىدىكى فونتاننىڭ قېشىدا ئۇچرىشىدىغانلىقىنى ئېيتىپ خوشلاشتى. پارىژ شەھەر رايونىنىڭ خەرىتىسى ناھايىتى ئېنىق ۋە چۈشىنىشلىك بولغاچقا بىز خەرىتىنىڭ ياردىمى بىلەن ئايلىنىپ ساياھەت قىلىدىغان بولدۇق.

ۋارىسجان قايتقاندىن كېيىن بىزمۇ بالدۇرراق ئارام ئېلىش ئۈچۈن ياتتۇق. لېكىن نېمىشقىكىن مېنىڭ ئۇيقۇم قاچتى، شۇنچە قىلىپمۇ ئۇخلىيالمىدىم. دېرىزىنىڭ قىيا ئوچۇق كۆزنىكىدىن شۇڭغۇپ كىرگەن كوچا چىراغلىرىنىڭ نۇرى ياتاقنى سۇس يورۇتۇپ تۇرماقتا ئىدى. بىردىنلا سىرتتا شارقىراپ يامغۇر يېغىۋاتقانلىقىنى، قاياقلاردىندۇر ئۇچقان يامغۇر تامچىلىرىنىڭ دېرىزە ئەينىكىگە تاراسلاپ تېگىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ياتتىم. ئايالىم بىلەن قىزىم بىر خىلدا نەپەس ئېلىپ ئۇخلىماقتا ئىدى. مەن ئۇلارنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزۇۋەتمەي دەپ تىۋىش چىقارماستىن ئورنۇمدىن تۇردۇم ــ دە، پۇتۇمنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ دېرىزە ئالدىغا كەلدىم. تارچۇق كوچىلار يامغۇر سۈيىدە يۇيۇلماقتا ئىدى.ئاندا ــ ساندا كىچىك ماشىنىلار پەستىكى يولدىن غۇيۇلداپ ئۆتۈپ تۇراتتى. گەرچە ئۆزۈم بۈگۈنكى پارىژنىڭ يامغۇرلۇق كېچىسىدە ئۇيقۇم قېچىپ دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ تۇرغۇنۇم بىلەن كاللامدا تېخىچە 19 ـ ئەسىردىكى پارىژنىڭ سىرلىق تەسىراتلىرى ئەگىپ يۇرمەكتە ئىدى. ناپالېئون بوناپارت، باستىلىيە تۈرمىسى، پارىژ كوممۇنىسى، بالزاك، ۋىكتور ھيۇگو، ئېمىل زولا، مۇپاسسان، «ئاخىرقى دەرس»، ۋېرسال سۇلھى كېلىشىمى، تەسىراتچىلىق ئېقىمى، نورماندىيىدە قۇرۇقلۇققا چىقىش، دېگول زوڭتۇڭ، مەۋجۇدىيەتچىلىك پەلسەپىسى، سارتىر، ئالان دېلون...كاللامدا يەنە پارىژنىڭ سىمۋولىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان سان ــ ساناقسىز ئىماگلار پەيدا بولدى. شارقىراپ يېغىۋاتقان يامغۇرنىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك، سوغۇق شامال دېرىزىدىن سىرغىپ كىرىپ يۈزلىرىمگە ئۇرۇلدى. مەن توڭلىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم ــ دە، دېرىزىنىڭ بىر قانىتىنى يېپىپ قويدۇم. قىزىمنىڭ ئېچىۋەتكەن

يوتقىنىنى قايتا يېيىپ قويدۇم.

بۇ كېچە ماڭا شۇنچىلىك ئۇزاق تۇيۇلۇپ كەتتى، كارىۋاتتا ياتقان بولساممۇ لېكىن باش ـ ئاخىرى يوق خىياللار مېنى ئۆز ئارامىمغا قويمىدى. قاچانلاردا ئۇخلاپ قالغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، بىر چاغدا قىزىمنىڭ گەپ قىلغان ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كۆزۈمنى ئاچتىم. ئايالىم بىلەن قىزىم يۈز ـ كۆزلىرىنى يۇيۇۋاتاتتى، يېڭىدىن پارلاپ چىققان قۇياش نۇرى دېرىزىدىن ئۆيگە ئېچىلغۇچە كىرگەنىدى. يامغۇر توختاپ، پۈتكۈل كوچا ـ كويلار پاكىز يۇيۇلغان بولۇپ، ئاۋغۇستىنىڭ باشلىرىدىكى پارىژنىڭ يېڭى بىر سەھىرى باشلانغانىدى.

— ياخشى ئۇخلاپسىزمۇ، دادا؟

قىزىم قېشىمغا كېلىپ بويىنۇمغا ئېسىلدى. ئۇنىڭ ئاۋازلىرى ياڭراق، كەيپىياتى جۇشقۇن ئىدى.

— رەھمەت، قىزىم، قانداق، ئۆزىڭىز ياخشى ئۇخلىدىڭىزمۇ؟

— مەن بەكمۇ ئۇخلاپتىمەن، شۇنداق كۆپ چۈشلەرنى كۆرگەن بولساممۇ، لېكىن ئويغانسام ھەممىسىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن.

— ئىزىڭىز قانداق، يەنە ئاغرىۋاتامدۇ؟

— ياق، ئاغرىمايۋاتىدۇ، ساقىيىپ قاپتۇ.

— ئەمدىچۇ، قىزىم، ساياھەتنى قانداق باشلايمىز؟

— تېز بولايلى، دادا، ۋاقتىمىز بۇ يەردىلا ئۆتۈپ كەتمىسۇن!

مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ، يۈز ـ كۆزلىرىمنى يۇيۇشقا تەمشەلدىم. بايىتىن ئۆز ئىشلىرى بىلەن ھەپىلىشىۋاتقان ئايالىم بىزنىڭ پارىڭىمىزغا قوشۇلدى:

— مېنىڭدىن ئەھۋال سورىماسىلەر، ئاتا ـ بالا ئىككىڭلار بىرلىشىۋېلىپ نېمە دېيىشىۋاتىسىلەر؟

— ھېچنېمە، ئاپا، — دېدى قىزىم ماڭا ئەركىلەپ، — دادام بىلەن بىر ئاز سۆزلىشىۋالاي، بولامدۇ؟

ئاخشام ئېلىپ كىرگەن نەرسىلەر بىلەن ناشتا ئالدىراپلا ناشتا قىلدۇق ـ دە، خەرىتىنى ئېلىپ سىرتقا چىقتۇق. يامغۇردىن كېيىنكى پارىژنىڭ سەھىرى ئىللىق ۋە نەمخۇش ئىدى. بىز «ۋېينا» مېھمانخانىسىنىڭ جايلاشقان ئورنىنى ئوبدان بىلىۋالغاندىن كېيىن، سېنا دەرياسى تەرەپكە كەتكەن چوڭ يولنى بويلاپ شەرقىي جەنۇب تەرەپكە قاراپ ماڭدۇق. خەرىتىدىن مەلۇم بولۇشىچە، پارىژنىڭ ئەڭ مۇھىم ساياھەت نۇقتىلىرى سېنا دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىنى بويلاپ جايلاشقانىدى.

ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىدا كۆرۈلگەن بۇ يىللىق قۇرغاقچىلىق فىرانسىيىگە خېلى زور تەسىر كۆرسەتكەندەك تۇراتتى. دۆب دەرەخلەرنىڭ ئۇچلىرىدىكى يوپۇرماقلىرى سارغايغان بولۇپ، ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ

تۇرغان بۇ قايناق شەھەرنىڭ يامغۇردىن كېيىنكى ئارامبەخش ھاۋاسىدىن كۆز ئايلىرىنىڭ ھەدى كەلمەكتە ئىدى. كىلىماتتىكى بۇ ئەھۋالنى شىمالدىكى سكاندىناۋىيە دۆلەتلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا خېلى روشەن پەرق بار ئىدى.

كوچىلار قايناق، ماگىزىنلار ئادەمگە تولغان ئىدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا بىز چۈشكەن جاي پارىژنىڭ سودا رايونلىرىدىن بىرى بولسا كېرەك. بىز چوڭ كوچىنى بويلاپ، باستىلىيە تۈرمىسىنىڭ خاتىرە ئورنىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، يەنە داۋاملىق جەنۇبقا مېڭىپ سېنا دەرياسىنىڭ قىنىغا يېتىپ باردۇق. دەريا سۈيى ئۈنچىلىك سۈزۈك بولمىسىمۇ، لېكىن سەھەردىكى پارلاپ تۇرغان قۇياش نۇرىدا تىنىمسىز جىمىرلاپ كۆزنى قاماشتۇراتتى. دەريادا تۈرلۈك شەكىلدىكى قېيىقلار سۇ يۈزىنى بويلاپ ئۈزمەكتە ئىدى. پارىژنىڭ ساياھەت پەسلى بولغاچقىمۇ سېنا دەرياسى بويى ساياھەتچىلەر بىلەن لىق تولغانىدى.

دەريا بويلاپ ئاستا ــ ئاستا ماڭدۇق، يىراقتىن بۈۋى مەريەم چېركاۋىنىڭ ھەيۋەتلىك مۇنارى كۆرۈنۈشكە باشلىدى. پارىژدىكى شۇنداقلا پۈتكۈل ياۋروپادىكى ئەڭ ھەيۋەتلىك قۇرۇلۇشلارنىڭ بىرى ھېسابلانغان بۇ قەدىمىي چېركاۋ سېنا دەرياسى ئىككىگە بۆلۈنۈپ ئوتتۇرىدا ھاسىل بولغان كىچىك ئارالچە ئۈستىگە قۇرۇلغانىدى. بويۇنلىرىغا سىپىرلىق فوتو ئاپپاراتى بىلەن ۋىدېئو كامېرا ئېسىۋالغان مىڭلىغان ساياھەتچىلەر بۈۋى مەريەم چېركاۋىنى كۆرۈش ئۈچۈن كېتىپ بارماقتا ئىدى. مۇشۇ تۇرقىدا شۇنچە كۆپ ساياھەتچىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋاتقان بۇ چېركاۋ ۋە ئۇنىڭ تەڭداشسىز سېھرىي كۈچكە ئىگە ستېربىئولۇق ئارخىتېكتورا سەنئىتى ئادەمگە ئوتتۇرا ئەسىرلەردىن بۇيانقى ياۋروپا بىناكارچىلىقىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى نامايان قىلىپ تۇرماقتا. بۇ يەردە ياۋروپا تارىخىدىكى دەۋر بۆلگۈچ زور ۋەقەلەر قارار قىلىنغان، ناپالېئون مۇشۇ چېركاۋدا فرانسىيە پادىشاھىنىڭ ئالتۇن تاجىنى كىيگەن، يوسىفېن بىلەن بولغان توي مۇراسىمىنى ئۆتكۈزگەن. ۋىكتور ھيۇگو مۇشۇ چېركاۋنىڭ نامىغا بېغىشلاپ «پارىژدىكى بۈۋى مەريەم چېركاۋى»(Notredam) ناملىق دۇنياۋى مەشھۇر رومان يازغان. ياۋروپا تارىخىنى ۋاراقلايدىغان بولساق، ئەرەب ئىمپېرىيىسى قۇدرەت تاپقان دەۋرلەردە شەرقتىن كەلگەن ئىسلام كۈچلىرىنىڭ ئىسپانىيىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ پۈتكۈل ياۋروپا چوڭ قورۇقلۇقىدىكى چېركاۋلارغا ۋەھىمە سالغانلىقىنى بىلىمىز. فىلىپ ھىتتى «ئەرەبلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە گىببوننىڭ سۆزىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «مىلادىيە 732 ــ يىلى 10 ــ ئاينىڭ بىر شەنبە كۈنى ئىسپانىيىنى تولۇق ئىستېلا قىلغان ئابدۇلرەھمان قوماندانلىقىدىكى ئەرەب ئىسلام قوشۇنلىرى ياۋروپا قىتئەسىدىكى بىرقېتىملىق ھەل قىلغۇچ جەڭگە تەييارلىنىدۇ. ئەرەب ئىسلام قوشۇنلىرى بىلەن ياۋروپا خرىستىئان بىرلەشمە ئارمىيىسى ئىسپانىيە ــ فرانسىيە چېگرىسىدىكى تۇر دالىسىدا ئۆزئارا ئۇچرىشىدۇ. ياۋروپا چوڭ قورۇقلۇقىغا قاراپ غەلىبىسىرى

ئىلگىرىلەۋاتقان ئەرەب قوشۇنلىرى بۇ قېتىمقى ھەل قىلغۇچ جەڭدە ئىچكى ئىتتىپاقسىزلىق ۋە قارشى تەرەپنىڭ كۈچلىرىنى تۆۋەن مۆلچەرلەشتەك ئىستراتېگىيىلىك خاتالىق سەۋەبىدىن مەغلۇپ بولىدۇ. باش قوماندان ئابدۇلرەھمانمۇ جەڭ مەيدانىدا ھاياتىدىن ئايرىلىدۇ. بۇ قېتىمقى جەڭ ياۋروپانىڭ تەقدىرىنى ئىسلام قوشۇنلىرىنىڭ قىلىچىدىن ساقلاپ قالىدۇ. تارىخچىلارنىڭ مۆلچەرلىرىگە قارىغاندا، ناۋادا ئىسلام قوشۇنلىرى بۇ قېتىمقى جەڭدە غەلىبە قازانغان بولسا، ياۋروپانىڭ تەقدىرى پۈتۈنلەي باشقىچە بولغان بولاتتى؛ پارىژ بىلەن لوندوندىكى ھەيۋەتلىك چېركاۋلاردا قوڭغۇراق ساداسى ئەمەس، بەلكى مەسچىتلەرنىڭ مۇنارىدا كۈندە بەش قېتىم ئەزان ئاۋازى ياڭرىغان بولاتتى؛ ئوكسفورد، كامبرىج ياكى پارىژدىكى تېئولوگىيە ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا ‹ئىنجىل› شەرھلىرى ئەمەس، بەلكى ‹قۇرئان كەرىم› نىڭ تەپسىرلىرىدىن ۋەز ئېيتىلغان بولاتتى...»[132]

مانا، ياۋروپا بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ ئەڭ زور ئۇتۇقلىرىنى ئۆزىدە گەۋدىلەندۈرگەن بۇۋى مەريەم چېركاۋىمۇ ئاشۇ قېتىملىق تۇر جېڭىدىن كېيىنكى خرىستىئان ياۋروپاسىدا دۇنياغا كەلگەن زور قۇرۇلۇشلارنىڭ بىرى ئىدى. ئەگەردە ئەرەب ئىسلام قوشۇنلىرى بۇنىڭدىن 1300 يىل مۇقەددەم تۇر جېڭىدە غەلىبە قىلىپ فرانسىيە تۇزلەڭلىكىگە باستۇرۇپ كىرگەن بولسا، ئېھتىمال ئالدىمىزدىكى بۇۋى مەريەم چېركاۋىنىڭ ئورنىدا ھەيۋەتلىك مەسچىت مۇنارى قەد كۆتۈرگەن بولاتتى. تارىخ ئەنە شۇنداق بىر تاللاش جەريانى. بۇ جەريانغا ئاجايىپ سىر ــ ئەسرالار ۋە تاسادىپىيلىقلار يانداشقان بولىدۇ. بەزىدە قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدىكى بىر دەقىقىلىق تاللاش پۈرسىتى ياكى ھەل قىلغۇچ قارار بىر مىللەت ياكى بىر ئىجتىمائىي تۈپنىڭ تەقدىرىنى تامامەن ئۆزگەرتىۋېتىشى مۇمكىن.

بۇۋى مەريەم چېركاۋىنىڭ ھەيۋەتلىك گەۋدىسى ئالدىدىن ئۆتۈپ، سېنا دەرياسىنىڭ قىرغىقىنى بويلاپ داۋاملىق ئىلگىرىلىدۇق. دەريانىڭ ئوڭ قىنىدا پارىژدىكى پادىشاھ ئوردىسىنىڭ بىر ــ بىرى بىلەن تۇتىشىپ بىر پۈتۈن سىستېما ھاسىل قىلغان ھەيۋەتلىك بىنالىرى قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا ئىدى. مانا بۇ دۇنياغا داڭلىق لوۋىر خان سارىيى ئىدى. ئىلگىرى فرانسىيە پادىشاھلىرىنىڭ ئوردىسى بولۇپ كەلگەن بۇ جاي ئەمدىلىكتە ساياھەتچىلەر ئەركىن ــ ئازادە زىيارەت قىلىدىغان سەنئەت مۇزېيى قىلىنغانىدى.

لوۋىر خان سارىيىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كەڭرى مەيداندا ئادەملەر كۆپ ئەمەس ئىدى، بۇ جايغا ئەينەكتىن بىر سۈنئىي پىرامىدا ياسالغان بولۇپ، پىرامىدانىڭ ئۈستىگە فونتاندىن ئېتىلىپ چىققان سۈزۈك سۇلار سىرغىپ چۈشۈپ تۇراتتى. ئەينەك پىرامىدانىڭ قېشىدىكى كۆلچەككە فونتاندىن چۈشكەن سۇلار بېلىق كۆزى بولۇپ توشقانىدى. بىز بىرئاز ئارام ئېلىش ئۈچۈن كۆلچەكنىڭ قىرغىقىدا

---

[132] [美] 希提：《阿拉伯简史》，商务印书馆，北京，1973 年版，第 110－111 页



AltunOq

ئولتۇردۇق.

قۇياشنىڭ تەپتى قىزىشقا باشلىدى، بىر يىلدىن بۇيان ستوكھولمدا بەدىنىمىز ئىسسىغۇدەك كۈن نۇرى كۆرمىگەچكە جىمىرلاپ تۇرغان كۆل بويىدا ئارام ئالغاچ ئالتۇن رەڭ كۈن نۇرىغا قاقلاندۇق. ئادەملەر ئىسسىقتىن قىچىپ سالقىن جايلارغا بېرىۋالغانىدى. لوۋېر سارىيىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كەڭرى مەيدان ئادەمسىز قالغانىدى. بىز ئۈچىمىز بىر ــ بىرىمىزگە يۆلەنگىنىمىزچە ئەينەك پىرامىدا قېشىدىكى بېلىق كۆزى كۆلچەك بويىدا كۈن نۇرىغا چۆمۈلۈپ ئولتۇردۇق. قىزىم شوخلۇق بىلەن ھەر خىل قىياپەتلەر چىقىرىپ رەسىمگە چۈشتى.

لوۋېر خان سارىيىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قۇياش نۇرى تولۇق چۈشۈپ تۇرغان كەڭرى مەيدان بىزگە ئارام بېغىشلىدى، مەن كۆلچەكتىكى سۈپ سۈزۈك بىلەن بىر تەكشىلىكتە تۇرغان پەشتاققا سوزۇلۇپ ياتتىم. ئاسماندا ئىككىلا پارچە ئاپئاق بۇلۇت لەرزان ئۈزۈپ يۈرەتتى. ئەينەك پىرامىدا ئۈستىدىن دومىلاپ چۈشكەن سۇلارنىڭ شىرىلدىغان ئاۋازىدىن سىرت ئەتراپتا بىزنىڭ ئارامىمىزنى بۇزىدىغان ھېچقانداق شاۋقۇن ــ سۈرەن يوق ئىدى.كۆزلىرىمنى يۇمدۇم. شۇ دەقىقىلەردە خىياللىرىمنىڭ پەرۋازىغا ئەگىشىپ پارىژدىكى لوۋېر سارىيىدىن ھالقىپ چىقىپ يىراق ۋەتەندىكى تونۇش كوچىلارنى بويلاپ سەير قىلدىم. «تار كوچا» دېگەن ناخشىنىڭ يۈرەكنى تىترەتكۈدەك ئاھاڭى قەلبىمنى لەرزىگە سالماقتا ئىدى. ئادىل تۇنىيازنىڭ «قەشقەردىكى يەر شارى» ناملىق داستانىدىكى تۆۋەندىكى مىسرالار ئېسىمگە كەلدى:

*ۋەتەنسىز قۇشلار*
*پەسىللەرگە ۋەتەن دەپ يىغلار.*
*سەرسان شامال كۆتۈرۈپ يۈرەر*
*غازىڭنى ئۆز ۋەتىنىنىڭ.*

*................*

*بابا ماڭا ئەنجۈر ساتقان چال*
*ئەنجۈر ساتتى يەنە بىر نۆۋەت.*
*بارلىقىنى بىلمەس ئۇ مەندە*
*ئەنجۈردىنمۇ شېرىن مۇھەببەت.*
*تونۇشمەن بۇ مۇھەببەت بىلەن*
*تونۇشلارغا، ناتونۇشلارغا،*
*كوچىدىكى ئاپتوبۇسلارغا.*
*ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون سىمىدەك*
*تۇتىشارمەن مۇھەببەت بىلەن*
*قەشقەردىنمۇ يىراق جايلارغا.*

*لاتۇيىگە، فرانسىيىگە،*
*شىمالىي قۇتۇپتىكى ئېسكىموسلارغا،*
*ئاق تەنلىكلەر ئارىسىدىكى*
*يۇلتۇزلۇق كېچىدەك ئۆچمەس نىگىرغا.*
*ئاتلانتىك ئوكيان بويلىرىدىكى*
*غارغالتىغا، بېلىقچى قىزغا.*
*يىراق چىلى ئورمىنىدىكى*
*يىنىك، جىمجىت ئاي نۇرلىرىغا.*
*سۇ ئۈستىدە كەچكى شەپەق*
*قىزىلگۈل بولۇپ ئېچىلىپ قالغان*
*گۆگۈمدىكى نىل دەرياسىغا.*
*مەن بۇ كىچىك زېمىندا تۇرۇپ*
*تارىم دەرياسىنىڭ دولقۇنى بولۇپ*
*كېتەلەيمەن دېڭىزلارغا قوشۇلۇپ.*
*مەن*
*ئالتاي ئورمىنىدىكى بىر يۇلتۇز بولۇپ*
*بېرەلەيمەن پەلەستىنلىك ئايالغا*
*مەھبۇبىنىڭ قەبرىسىنى يورۇتۇپ.*
*مەن*
*بەخت تىلەيمەن ئەيسا تىلىدا*
*كىرىست كۆتۈرۈپ ئىرۇسالىمغا*
*كېتىۋاتقان ياش يەھۇدىيغا.*
*مەن*
*تەكلىماكاننىڭ تومۇز پەسلىدە*
*سالام بېرىمەن قۇمنىڭ رەڭگىدە،*
*ياۋروپانىڭ يېشىل رەڭگىگە.*
*ھاۋا بولۇپ كۆلۈمسىرەيمەن*
*كەڭ زېمىننىڭ ھەممە يېرىگە.*
*مەن*
*نۇر چېچىپ تۇرغان بىر چېكىت،*
*يەر شارىنىڭ خەرىتىسىدە.*

لوۋېر خان سارىيىنىڭ كەڭرى مەيدانىدىن ئايرىلىپ، يەنە سېنا دەرياسىنىڭ بويىغا قايتىپ كەلدۇق. دەريا يۈزى ساياھەت كېمىلىرى بىلەن قىزىپ كەتكەنىدى. دەريا قىنىدىكى قۇمغاق ساھىلدا ساياھەتچىلەر ئۈچۈن تەييارلانغان ئاسما كارىۋاتلار

بار بولۇپ، نۇرغۇن كىشىلەر بۇ جايدا دەم ئېلىۋاتاتتى. ۋاقىت چۈشكە يېقىن بولۇپ قالغاچقا، بۇ يەردە ئۇزۇن تۇرمىدۇق، داۋاملىق ئالدىغا قاراپ مېڭىپ «زەپەر دەرۋازىسى»غا بارماقچى بولدۇق. دەريا ساھىلىدىن ئايرىلىپ، چوڭ كوچىغا كىرىدىغان چاغدا يۆنىلىشتىن ئېزىپ قالغانلىقىمىزنى ھېس قىلدۇق. فرانسۇزچە بىلمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن يول بەلگىلىرىدىن يۆنىلىشنى بىلىۋالغىلى بولمىدى. ئاپتوبۇس بېكىتىدە ئىت يېتىلىۋالغان بىر خانىم ئاپتوبۇس ساقلاپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ ئەدەپ بىلەن ئىنگلىزچە يول سورىدىم:

— ياخشىمۇسىز، خانىم، زەپەر دەرۋازىسىغا بارىدىغان چوڭ كوچىغا قانداق ماڭساق بولىدىكىن، كۆرسىتىپ بېرەرسىزمۇ؟

ھېلىقى ئايال فرانسۇزچە بىرمۇنچە گەپلەرنى قىلدى. بىز ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى چۈشەنمەي، بېشىمىزنى چايقىدۇق. بىر چاغدا ھېلىقى ئايال كەسكىن بىر تەلەپپۇزدا ئاخىرى ئىنگلىزچە گەپ قىلدى:

— نېمىشقا فرانسۇزچە گەپ قىلمايسىلەر؟

— كەچۈرۈڭ،خانىم، — دېدىم مەن ئوڭايسىزلانغان ھالدا، — بىز فرانسۇزچە بىلمەيتتۇق.

— شۇنداقمۇ، — دېدى ھېلىقى ئايال سوغۇق بىر تەلەپپۇزدا، — فرانسىيىدە، بولۇپمۇ پارىژدا فرانسۇزچە سۆزلەش تولىمۇ زۆرۈر. بۇ خۇددى لوندون ياكى نيۇيوركتا ئىنگلىزچە سۆزلەش مۇتلەق زۆرۈر بولغاندەكلا بىر ئىش! بوپتۇ، كېيىنكى قېتىم پارىژغا ساياھەتكە كەلگىنىڭلاردا فرانسۇزچە سۆزلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. مەن يولنى دەپ بېرەي، مۇشۇ تارچۇقتىن ئۆتۈپ چوڭ كوچىغا چىققاندىن كېيىن ئوڭ تەرەپكە بۇرۇلۇپ ئۇدۇل ماڭساڭلار بولىدۇ. زەپەر دەرۋازىسى يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

— رەھمەت، خانىم!

بىز يولىمىزنى داۋاملاشتۇردۇق. ھېلىقى ئايالنىڭ سۆزلىرى ماڭا باشقىچىلا تەسىر قىلدى. ئىلگىرى باشقىلاردىن فرانسىيىگە بېرىپ فرانسۇزچە سۆزلىمىسە فرانسۇزلار بىلەن يېقىنلاشقىلى بولمايدۇ دېگەن گەپنى ئاڭلىغانىدىم. مانا، ئەمدىلىكتە بۇ خىل تەسىراتنى ئۆز بېشىمىزدىن كەچۈرۈۋاتىمىز. شەخسەن ئۆزۈمنىڭ بىۋاستە تەسىراتلىرىمدىن قارىغاندىمۇ فرانسۇزلار ئىنگلىز تىلى مەدەنىيىتىنىڭ مونوپولىيىسىگە نىسبەتەن ئەڭ كەسكىن قارشىلىق كۆرسەتكۈچىلەر ھېسابلانسا كېرەك. شىمالىي ياۋروپادىكى بىرقانچىلىغان كىچىك دۆلەتلەردە، جۈملىدىن شۋېتسىيىدە يەرلىك كىشىلەر بىلەن ئىنگلىز تىلىدا بىمالال سۆزلىشىپ يۈردۈم، خىزمەت ۋە تۇرمۇشتا شۋېت تىلى بىلمىگەنلىكىم سەۋەبىدىن بەكمۇ زور توسالغۇلارغا ئۇچراپ كەتمىدىم. ھېچكىم ماڭا بىۋاستە ھالدا «نېمىشقا شۋېت تىلىدا سۆزلىمەيسىز؟» دېگەن سوئالنى قويۇپ باقمىدى. قارىماققا شىمالىي ياۋروپالىقلار ئىنگلىز تىلىنىڭ دۇنياۋى تەسىرى ۋە زۆرۈرلۇكىنى

ئاللىقاچان ئېتىراپ قىلىنغان ئىدى. گېرمانىيە ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى چوڭ دۆلەت شۇنداقلا ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ پاراۋۇزلىرىدىن بىرى. گېرمانىيىدە بولغان كۈنلىرىمدىمۇ ئىنگلىز تىلىغا تايىنىپ ئۆز دائىرەمدىكى ئىشلىرىمنىڭ ھۆددىسىدىن چىقتىم. مەن يولۇققان گېرمانلار مېنىڭ بىلەن ئىنگلىز تىلىدا سۆزلىشىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ باقمىدى شۇنداقلا مېنىڭ گېرمان تىلىدا سۆزلىشىم كېرەكلىكىنى يۈزتۇرانە ئەسكەرتىپمۇ باقمىدى. پەرىزىمچە گېرمانلار ئىنگلىز تىلىنىڭ دۇنيا ئالاقىلىرىدىكى مۇتلەق ئۈستۈنلۈكىگە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىكى مەغلۇبىيەتلىك تەقدىرى سەۋەبلىك سۈكۈت قىلغاندەك تۇراتتى. گەرچە ئىنگلىز تىلى ۋە ئىنگلىز مەدەنىيىتىنىڭ مونوپولىيىسىگە نىسبەتەن مەلۇم قورساق كۆپۈكى بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە بۇنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىش ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغاندەك تۇراتتى. ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ يەنە بىر پاراۋۇزى ھېسابلانغان فرانسىيە بۇ مەسىلىگە نىسبەتەن پۈتۈنلەي باشقىچە بىر مەيداندا ئوتتۇرىغا چىققانىدى. 20 ـ ئەسىردىن بۇيان فرانسۇز تىلى ئىنگلىز تىلى ۋە مەدەنىيىتى بىلەن بولغان ئۈستۈنلۈك تالىشىش كۈرىشىدە بىر مىنۇتمۇ بوشىشىپ قالمىدى، ھەر ۋاقىت ئۆزىنىڭ نەپسىلىكى، گۈزەللىكى ۋە پاساھەتى بىلەن ئىنگلىز تىلىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان رېئال تەسىرىگە نىسبەتەن رىقابەت ئېلان قىلىپ كەلدى. ھالبۇكى، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دۇنيا تارىخىنىڭ يېڭى يۈزلىنىشى فرانسىيىلىكلەرنىڭ ئىرادىسىگە باقمىدى. فرانسىيىنىڭ فاشىستلار گېرمانىيىسى تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنىشى، دېگىز بوغۇزى ئارقىلىق ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىن ئايرىلىپ تۇرغان ئەنگلىيىنىڭ بولسا باشتىن ـ ئاخىر فاشىستلار گېرمانىيىسى بىلەن تىركىشىپ تۇرۇشى شۇنداقلا ئەنگلىيىنىڭ ئىمىلدىشى بولغان ئامېرىكىنىڭ قۇدرەت تېپىشى نەتىجىسىدە فرانسىيە ئۆزىنىڭ ناپالېئون دەۋرىدىن بۇيان تىكلىگەن دۇنيا سىياسىي كۈنتەرتىپىدىكى ھەل قىلغۇچ ئورنىدىن ئايرىلىپ قالدى. ئەمما فرانسۇزلار بۇ رېئاللىقنى ھەرگىزمۇ تەن بەرمىدى. فرانسۇز تىلىمۇ ئىنگلىز تىلى بىلەن بولغان رىقابەتتىن ھەرگىزمۇ چېكىنىپ چىقمىدى. ۋەھالەنكى، فرانسىيە قانچىلىك كۈچىگەنسېرى ۋە قانچىلىك بەدەل تۆلىگەنسېرى، كۈنساناپ كېڭىيىۋاتقان ئىنگلىز تىلى چەمبىرىكىنىڭ شۇنچىلىك زور خىرىسىغا دۇچ كەلدى. ئالدى بىلەن فرانسىيىنىڭ شىمالىي ئافرىقىدىكى مۇستەملىكە رايونلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن مۇستەقىللىق ئېلان قىلىپ، ئۆز دۆلەتلىرىنىڭ بىرىنچى چەت ئەل تىلىنى فرانسۇز تىلىدىن ئىنگلىز تىلىغا ئۆزگەرتتى. ئارقىدىنلا فرانسىيىنىڭ شەرقىي جەنۇبى ئاسىيادىكى تەسىر دائىرە دۆلەتلىرىمۇ بىرىنچى چەت ئەل تىلى مەسىلىسىدە رەھىمسىزلىك بىلەن فرانسۇز تىلىنىڭ ئورنىغا ئىنگلىز تىلىنى ئالماشتۇردى. شۇنداق قىلىپ 21 ـ ئەسىرنىڭ بوسۇغىسىغا كەلگەندە ئافرىقىدىكى

ئاز بىر قىسىم دۆلەتلەردىن باشقا فرانسۇز تىلىنىڭ ئىستېمال بوشلۇقى فرانسىيىنىڭ ئۆز تېررىتورىيىسى بىلەنلا چەكلىنىپ قالدى. فرانسۇز تىلىنىڭ ئىنگلىز تىلى بىلەن بولغان كەسكىن رىقابەت ۋە ئۇستۇنلۇك تالىشىش كۈرىشى داۋامىدا مەغلۇپ بولۇشى فرانسىيىگە نىسبەتەن زور بىر روھىي زەربە بولغانىدى. شۇڭلاشقا فرانسۇزلارنىڭ ئىنگلىز تىلىغا نىسبەتەن چەكلەش ۋە چەتكە قېقىش پوزىتسىيىسىدە بولۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى. مۇشۇ نۇقتىلارنى ئويلىغىنىمدا ھېلىقى ناتونۇش خانىمنىڭ ھېسسىياتىنىمۇ مەلۇم دەرىجىدە چۈشەنگەندەك بولدۇم.

بۇ پارىژدىكى ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ قايناق كوچىلارنىڭ بىرى ئىدى. زەپەر دەرۋازىسىغا يېتىپ بارغۇچە بولغان چوڭ كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ھەشەمەتلىك سودا سارايلار ۋە ئورغۇن دۇكانلار جايلاشقانىدى. بۇ يەردە پارىژنىڭ داڭلىق ئەتىرلىرىنى ساتىدىغان مەخسۇس ئەتىر ماگازىنلىرى بار بولۇپ، ئالدىدىن ئۆتكەندە ئىللىق ئەتىر پۇرىقى دىماغقا ئۇرۇلاتتى. مىغىلداپ تۇرغان ھەرخىل ئىرقتىكى ئادەملەر گويا كۆۋەجەپ تۇرغان دېڭىز دولقۇنىدەك ئۇياقتىن ــ بۇياققا ئاقاتتى.

قىزىمنىڭ قورسىقى ئاچقان بولسا كېرەك، ئۇدۇلىمىزدىكى كېنتاككى تېز تاماقخانىسىنى كۆرۈپ، ئىچىگە توخۇ گۆشى بىلەن كۆكتات ئېلىنغان ھامبۇرگ بولكىسى يېگۈسى بارلىقىنى ئېيتتى. دېمىسىمۇ ئەتىگەندىن بۇيان بىر ئائىلە كىشىلىرى پىيادە مېڭىپ ھارغانىدۇق. تېز تاماقخانىغا كىردۇق. ئادەم شۇنچىلىك كۆپ بولۇپ، ئولتۇرغۇدەكمۇ ئورۇن يوق ئىدى. كىچىك قىز بىزنىڭ ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىشىمىزنى ئېيتتى. ئىككىنچى قەۋەتتىكى دېرىزە ئالدىدا بىر ئورۇن بوشىغانىدى. مەن ئىچىگە توخۇ گۆشى ئېلىنغان ئۈچ تال ھامبۇرگ بولكىسى بىلەن ياغدا پىشۇرۇلغان ياڭيۇ قەلەمچىسى ئېلىپ كەلدىم. ئۇسساپ كەتكەچكە كولا ئالدۇق. ۋەتەندىكى چاغدا قىزىمنى زورلاپمۇ تاماق يېگۈزەلمەيتتۇق، تاماق ۋاقتى بولسىلا ئۇنى تاماق يېگۈزۈش ئۈچۈن قىلمىغان چارىمىز قالمايتتى. بەزىدە ھەتتا ئەر ــ خوتۇن ئىككىمىز مۇشۇ سەۋەبتىن دېيىشىپمۇ قالاتتۇق. مانا ئەمدى ئۆيدە كۈندە ئۈچ ۋاخلىق قازان قاينىتىدىغان ۋاقتىمىز يوق. ئەتىگەن ئورنىمىزدىن تۇرۇپلا ئۈچىمىز بىر ــ بىرىمىزدىن ئالدىراش بولۇپ كېتىمىز. قىزىمىمۇ تەبىئىي ھالدىلا ئالدىراش تۇرمۇش رىتىمىغا ئۆزلىشىپ كەتتى. ئىشتىيىمۇ ئېچىلىپ، قورسىقى ئاچقان ھامان بىزنى ئالدىرىتىدىغان بولدى.

مەن كولادىن ئىچكەچ سىرتتىكى قايناق كوچىغا نەزەر تاشلىدىم. ئادەملەر ئۇياقتىن بۇياققا قاراپ سەلدەك ئاقماقتا، كۆكۈچ ئاسماندا بىرقانچە پارچە ئاپئاق بۇلۇتلار ئۈزۈپ يۈرمەكتە، قۇياش ئوتتەك تەپتىنى بۇ قايناق شەھەرگە سەپكەچ ئالەمنىڭ قەھرىدە ئېرىسغلىق تۇرماقتا. كوچىدىكى ئادەملەرنىڭ رەڭگىرويى بىر ــ بىرى بىلەن ئارىلىشىپ بىر رەڭدار ئېقىمنى ھاسىل قىلغانىدى. رەڭگى ئاق،



Altun0q

سىبىرىق، قارا، قوڭۇر، قىزغۇچ كەلگەن تۈرلۈك ئىرقتىكى ئادەملەر ئەزەلدىن بۇ شەھەردە بىرگە ياشاپ كەلگەندەك تەبىئىي رەۋىشتە ئۆتۈشۈپ تۇرماقتا. پارىژ قاچاندىن بۇيان ئوخشاشمىغان ئىرقتىكى كىشىلەر ئارىلىشىپ ياشايدىغان ئارغۇن شەھەرگە ئايلىنىپ قالدى؟ ئەجابا، فرانسۇزلار بۇ قايناق شەھەرنى سىرتتىن كەلگەن كۆچمەنلەرگە تاشلاپ بېرىپ ئۆزلىرى باشقا جايلارغا كۆچۈپ كەتكەنمۇ ـ نېمە؟ فرانسىيىگە نېمە بولدى؟...

زەپەر دەرۋازىسىدا ئەتراپتىكى مەنزىرىلەرنى تاماشا قىلغاچ بىرئاز توختىدۇق. بۇ جاي بۈگۈنكى كۈندە پارىژ شەھىرىنىڭ كىندىكى بولۇپ قالغاندەك قىلاتتى. ئالتە يۆنىلىشكە سوزۇلغان چوڭ يول بۇ يەردە ئۆز ئارا ئۇچرىشاتتى. يىراقتىن قارىماققا زەپەر دەرۋازىسى جايلاشقان نۇقتا نۇر چېچىپ تۇرغان غايەت زور چەمبىرەككە ئوخشايتتى. ناپالېئوننىڭ زەپەر قۇچقان ئەسكەرلىرىگە بەرگەن قەسىمى ئۈچۈن ياسالغان بۇ ھەيۋەتلىك دەرۋازا يېقىنقى زامان فرانسىيە تارىخىنىڭ مۇھىم يالدامىلىرىدىن بىرى ئىدى. 1840 ـ يىلى ناپالېئوننىڭ جەسىتى ئوتتۇرا دېڭىزدىكى بىر كىچىك ئارالدىن زەپەر دەرۋازىسى ئارقىلىق پارىژغا ئېلىپ كىرىلگەنىدى. شۇنىڭدىن يىرىم ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن فرانسىيىنىڭ ئۇلۇغ يازغۇچىسى ۋىكتور ھيۇگونىڭ دەپنە مۇراسىمى زەپەر دەرۋازىسىنىڭ ئاستىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئىكەن.

ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ پىلانىمىزدىكى جايلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن زەپەر دەرۋازىسىدىن ئېيفېل تۆمۈر مۇنارىغا بارىدىغان يولغا چىقتۇق. يىراقتىن ئېيفېل تۆمۈر مۇنارى قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. يول بويى ياۋروپا بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ ئەڭ نادىر ئۆلگىلىرىنى ئۆزىدە گەۋدىلەندۈرگەن چىرايلىق بىنالارنى تاماشا قىلىپ ماڭدۇق. پارىژنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ياۋروپادىكى ئەڭ گۈزەل شەھەر ئىكەنلىكىدە شۈبھە يوق ئىدى. مەيلى ستوكھولم، بېرلىن، كوپېنھاگېن ياكى خېلسىنكى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، شەھەر بىناكارلىقى ۋە سەنئەتلىك تۈس جەھەتتىن ياۋروپادىكى ھېچقانداق بىر شەھەر پارىژغا يەتمەيتتى. ياۋروپانىڭ ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىكى ئارخىتېكتورلىرى «بىر مۇكەممەل شەھەر ئادەم بەدىنىدىكى مۇكەممەل گارمونىيىگە ئوخشايدۇ» دەپتىكەن. پارىژنى زىيارەت قىلغان ھەرقانداق بىر ئادەم بۇ خىل گارمونىك گۈزەللىكنى ھېس قىلماي قالمىسا كېرەك. مەن ئائىلەم بىلەن بىللە پارىژنىڭ كوچىلىرىنى دەسسەپ كېتىۋېتىپ ۋىكتور ھيۇگونىڭ ئارمىنىنى قايتا چۈشەنگەندەك بولدۇم. باشقىلار ئۇنىڭدىن «سىزنىڭ ھاياتىڭىزدىكى ئەڭ زور ئارزۇيىڭىز نېمە؟» دەپ سورىغىنىدا، ئۇ قىلچە ئىككىلەنمەستىن: «مەن ئۆلگەندىن كېيىن كىشىلەر پارىژ شەھىرىنى مېنىڭ نامىم بىلەن ئاتىسا دەيمەن!» دەپتىكەن.

سېنا دەرياسىنىڭ كۆۋرۈكىدىن يەنە بىر قېتىم ئۆتۈپ، ئېيفېل تۆمۈر مۇنارى

جايلاشقان كەڭرى مەيدانغا يېتىپ باردۇق. تۆمۈر مۇنارنىڭ ئۈچى ئاسمان بىلەن بوي تالاشقاندەك پايانسىز كۆكنىڭ قەھرىگە شۇڭغۇپ چىققانىدى. ئومۇمىي ئېگىزلىكى 320 مېتىر ئېگىزلىكتىكى بۇ تۆمۈر مۇنار بۈگۈنكى كۈندە پارىژنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالغانىدى. ئۇنى پارىژنىڭ ھەرقانداق يېرىدىن كۆرگىلى بولاتتى.

مەن قىزىمغا بەرگەن ۋەدەمنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇنى مۇنارنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ چىقماقچى بولدۇم. پۈتۈن كۈن پارىژنى پىيادە ئايلانغانلىقىمىز ئۈچۈن ھېرىپ كەتكەنىدۇق. ئايالىم پەستىكى چىملىقتا دەم ئېلىپ ئولتۇرۇپ تۇرىدىغان بولدى. گەرچە مۇنار ئۈستىگە لىفىت ئارقىلىق چىققىلى بولسىمۇ، لېكىن بىز ئۆزىمىزنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن پەلەمپەي ئارقىلىق چىقماقچى بولدۇق. ئېيفېر تۆمۈر مۇنارىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ پارىژنىڭ مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىش قىزىمنىڭ ئۇزاقتىن بۇيانقى ئارزۇلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ ستوكھولمدىكى چېغىدىلا بۇ پىلاننى قەلبىگە پۈككەنىدى. شۇنداق بولغاچقا قىزىمنىڭ مۇنار ئۈستىگە چىقىشتىكى غەيرىتى تولىمۇ يۇقىرى ئىدى. بىز پەلەمپەيدىن بىر - بىرلەپ يۇقىرى ئۆرلەپ ئاسمان بوشلۇقىغا قاراپ چىقىپ كېتىۋاتاتتۇق. ھايال ئۆتمەي پارىژ شەھىرى ئاستىمىزدا قېپقالدى. قىزىم مېنىڭ ئالدىمدا يۇقىرى ئۆرلىگەچ بۇ مۇنارنىڭ نېمە سەۋەبتىن ۋە قانداق ياسالغانلىقىنى سورىدى. مەنمۇ ئېيفېر تۆمۈر مۇنارىنىڭ ئىنگلىزچە چۈشەندۈرۈشىگە ئاساسەن بىلگەنلىرىمنى قىزىمغا سۆزلەپ بەردىم. مۇنارنىڭ بىرىنچى پەشتىقىغا چىقىپ بىرئاز ئارام ئالدۇق. قىزىم پەسكە قاراپ ئاپىسىنىڭ قەيەردە ئولتۇرغانلىقىنى ئىلغا قىلدى ھەمدە ماڭا كۆرسەتتى.

—— قانداق، قىزىم، مۇشۇ يەردە توختاپ قالامدۇق، ھارغانسىز؟ —— مەن ئۇنىڭدىن سىناپ بېقىش ئۈچۈن بۇ سوئالنى سورىدىم.

—— ياق، دادا، ھارمىدىم، مېنىڭ يەنە ئۈستىگە چىققۇم بار، سىز ماڭا ۋەدە بەرگەن، ئۆزىڭىز ھېرىپ قالغان ئوخشايسىز!

قىزىمنىڭ سۆزلىرى ناھايىتى كەسكىن ئىدى. مەن ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ قويدۇم - دە، مۇنداق دېدىم:

—— قېنى، قىزىم، ماڭدۇق ئەمىسە!

ئېيفېر تۆمۈر مۇنارى سۈرەتلەردىن قارىماققا ئۈنچىلىك ئېگىز ئەمەستەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ھەقىقەتەنمۇ ھەيۋەتلىك قۇرۇلۇش ئىدى. 7000 توننا پولات سەرپ قىلىنغان بۇ غايەت زور تۆمۈر مۇنارنىڭ ئىككىنچى پەشتىقىغا پەلەمپەي ئارقىلىق يېتىپ چىقىش ئۈچۈنمۇ ئاز دېگەندە يېرىم سائەتتىن ئارتۇق ۋاقىت كېتەتتى. بىز ئىككىنچى پەشتاققا يېتىپ چىققىنىمىزدا چىلىق - چىلىق تەرلەپ كەتكىنىمىزنى ھېس قىلدۇق. قىزىمنىڭ چىرايىمۇ قىپقىزىل بولۇپ چاچلىرى بىر - بىرىگە يېپىشىپ كەتكەنىدى. ئىككىنچى پەشتاقنىڭ يەر يۈزىدىن

ئېگىزلىكى 115 مېتىر بولۇپ، بۇ يەردىن پۈتۈن پارىژ شەھىرىنىڭ مەنزىرىسىنى تاماشا قىلغىلى بولاتتى.

قىزىم تولىمۇ ھاياجانلىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ ھاياجاندىن چاقناپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. راستىنى دېسەم قىزىملا ئەمەس، بەلكى مەنمۇ ھاياجانلانغانىدىم. پارىژنى يەر يۈزىدە تۇرۇپ سەيلە قىلىش بىلەن ئېيفېر تۆمۈر مۇنارىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ تاماشا قىلىش پۈتۈنلەي ئوخشاشمايدىغان ئىككى خىل تۇيغۇ ئىدى. بۇ شەھەرنىڭ بىناكارلىق سەنئىتىدىكى ئاجايىپ نەپىس كۆرۈنۈشلىرىنى يەر يۈزىدە تۇرۇپ ھېس قىلغان كىشى، تۆمۈر مۇنارنىڭ ئۈستىگە چىققىنىدا پۈتۈن شەھەر گەۋدىسىنىڭ بىر پۈتۈن گارمونىك بىرلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھەمدە شەھەر لايىھىسىدىكى ماسلىق ۋە گۈزەللىكنى چوڭقۇر دەرىجىدە ھېس قىلماي تۇرالمايدۇ.

قىزىم ئىككىنچى پەشتاق ئۈستىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا يۈگۈرۈپ ئەتراپقا نەزەر سالاتتى. بەزىدە يىراقتىكى مەنزىرىلەرنى تاماشا قىلىش ئۈچۈن تۆت تەرەپكە ئورنىتىپ قويۇلغان دۇربۇندىن قارايتتى. پەسكە قاراپ مۇنار ئاستىدىكى چىملىقتا دەم ئېلىپ ئولتۇرغان ئاپىسىنى ئىزدەيتتى. پەستىكى كىشىلەر مۇنار ئۈستىدىن خۇددى كىچىك توچكىدەك كۆرۈنمەكتە ئىدى.

بەزىدە قىزىمدا تۇغما بىر سەنئەت سېزىمى ياكى شائىرانە بىر تۇيغۇنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىپمۇ قالىمەن. بوۋاق چېغىدىن باشلاپ ئائىلە مۇھىتىنىڭ تەسىرىدىنمۇ ياكى ئۆزىدە ئەزەلدىن شۇنداق بىر ئىرسىي خۇسۇسىيەت بارمۇ ئۆزىگە تەسىر قىلغان كۆرۈنۈشلەرگە يولۇققان ھامان قاتتىق ھاياجانغا چۆمۈلەتتى. بۇنداق چاغدا ئۇ ئۆزىنىڭ ئىچكى ھېسسىياتىنى شېئىرىي جۈملىلەر بىلەن ئىپادىلەشكە ماھىر ئىدى. 2003 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئائىلىم بىلەن ئىككىمىزلا بېيجىڭدا ئوقۇش مۇناسىۋىتى بىلەن تۇرۇپ قالدۇق. قىزىمنى ۋاقىتلىق مومىلىرىنىڭ قېشىدا قويۇپ قويدۇق. بېيجىڭدا سارس كېسەللىكى يامراپ كەتكەچكە شىنجاڭغا ۋاقتىدا قايتىپ چىقالماي، بېيجىڭ رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىنستىتۇتىنىڭ قېشىدىكى ئىجارىگە ئالغان ئۆيىمىزدە بېكىنىپ يېتىشقا توغرا كەلدى. دەل شۇ كۈنلەردە تۇغقانلارنىڭ يوچتىندىن سالغان بىر خالتىسىنى تاپشۇرۇپ ئالدۇق. خالتىدا بىر ئۇنئالغۇ لېنتىسى بار ئىدى. ئۇنىڭغا قىزىمنىڭ چۈچۈك تىللىرى بىلەن بىزنى سېغىنىپ سۆزلىگەن گەپلىرى ئېلىنغان ئىكەن. بىز ئۇنى ئاڭلاپ ھەيران قالدۇق. ئائىلىم ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ كەتتى. ئەمدىلا بەش ياشقا كىرگەن قىزىمنىڭ بۇنچىلىك تەسىرلىك، بۇنچىلىك ھاياجان بىلەن سۆزلىشى بىزنى راستىنلا ھەيران قالدۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن قىزىمنىڭ ئۆز ھېسسىياتىنى ئىپادىلەش ئىقتىدارىغا دىققەت قىلىدىغان بولغانىدىم.

مانا، ئۇ ھازىر پارىژدىكى ئېيفېر تۆمۈر مۇنارىنىڭ ئىككىنچى پەشتىقىدا پەسكە

قاراپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ باللىق قەلبى گويا سۇزۇك ئاسماندەك يورۇق، ھېسسىياتلىرى ئېقمىن سۇدەك ئويناق، ئەمدىلا يەتتە ياشقا توشاي دەپ قالغان ھاياتلىق مۇساپىسى ئۇنىڭغا ئۆز بېشىدىنمۇ كۆپ بولغان كەچۈرمىشلەرنى ئاتا قىلغان. كىچىكىدىن باشلاپلا چۆچەك ئاڭلاشقا خۇشتار قەلبى ئۇنىڭ باللىق دۇنياسىنى ئانا يۇرتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقلىرىدىن كۆرە رىۋايەتلىك ئۆتمۈشلىرىگە تويۇندۇرغان. ئۇنىڭ ئالتۇن رەڭ باللىقى تېخى ئاخىرلاشمىدى. ئۇ باللىقىنىڭ ئالدىنقى ئالتە يىلىنى ۋەتەندە، ئۆزىمىزنىڭ مىللىي مۇھىتىدا ئۆتكۈزدى. ۋەتەندىكى رىۋايەتلەرگە باي باللىق كەچۈرمىشلىرىنى ئېلىپ ياۋروپاغا كەلدى. ئۆزى تۇغۇلغان تۇپراققا ۋە ئۇنىڭ كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ ئادەملىرىگە ئوخشىمىغان ھالدا شىمالىي ياۋروپادىكى سوغۇق قان ئىنسانلار توپى ئىچىدە باللىقىنىڭ يەتتىنچى يىلىنى ئۆتكۈزدى. ئۇ ئائىلىمىزدىكى ھەممەيلەنگە ئوخشاشلا ئالتۇن رەڭ باللىقى قالغان ۋەتەننى سېغىندى، بەلكى ھەممىمىزدىن بەكرەك سېغىندى...

— ئاھ پارىژ! مانا مەن سېنىڭ ھاۋا بوشلۇقىڭدا تۇرۇپ سېنى سەيلە قىلىۋاتىمەن، ۋەتەندىكى چېغىمدا چوڭلاردىن سېنى دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل شەھەر دەپ ئاڭلىغانىدىم. ستوكھولمغا كەلگەندىن كېيىن رۇدابېرى مەكتىپىدىكى ئوقۇتقۇچىلىرىم پارىژنى ساياھەت قىلىشىمىزنى تاپىلىغان ئىدى. تېخى «تەبىئەت» دەرسىمىزدە ئۆز قولۇم بىلەن ئېففېر تۆمۈر مۇنارىنىڭ مودېلىنى قۇراشتۇرغانىدىم. مانا، ھازىر ھەقىقىي ئېففېر مۇنارىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇۋاتىمەن، بۇ يەردە تۇرۇپ پارىژنى تاماشا قىلىۋاتىمەن، بىراق، مېنىڭ قېشىمدا ۋەتەندىكى دوستلىرىم يوق، بۇ مەنزىرىلەرنى بىللە كۆرۈپ، بىللە ھۇزۇرلىنىدىغان، ئانا تىلىمىزدا سۆزلىشىپ ئوينايدىغان دوستلىرىم يوق!... مەن ئۇلارنى سېغىنىمەن، موما ـ بوۋىلىرىمنى سېغىنىمەن، ھەر كۈنى ئورنۇمدىن تۇرغىنىمدا، ستوكھولمدىكى دېڭىز قولتۇقىدىن يىراققا كېتىپ بارغان پاراخوتلارنى كۆرگىنىمدە بىر قۇشقا ئايلىنىپ ۋەتەندىكى دوستلىرىمنىڭ قېشىغا ئۇچۇپ بارسام دەيمەن. لېكىن ھازىر مەڭگۈ بىر قۇشقا ئايلىنالمايدىغانلىقىمنى بىلدىم. دادام، ئاپاملارنىڭ دەپ بېرىشىچە ئۆزۈم قۇشقا ئايلىنالمىساممۇ، لېكىن كۆڭلۈم قۇشتەك جاھاننى كېزەلەيدىكەن. مانا ھازىر ئاشۇ كۆڭلۈم بىلەن ۋەتەننى كەزمەكتىمەن. مەن ئەسلىدە پارىژدىكى ئېففېر تۆمۈر مۇنارىنىڭ ئۈستىگە چىقسام يىراقتىكى ۋەتىنىمنى كۆرەلەيمەن دەپ ئويلاپتىكەنمەن، ئەمەلىيەتتە كۆزىمىز بىلەن ئۇنداق يىراق جايلارنى كۆرۈش مۇمكىن ئەمەسكەن. ئەمما ھېچقىسى يوق، مەن يەنىلا خۇشال، چۈنكى مەن سىلەرنى، ۋەتىنىمىزنى كۆڭلۈم بىلەن كۆرۈۋاتىمەن. مۇنارنىڭ ئۈستىگە چىققاندىن كېيىن كۆڭلۈم تېخىمۇ يورۇپ، سىلەرنى تېخىمۇ ئوچۇق كۆرگەندەك بولۇپ قالدىم!...

مەن قىزىمنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ئۈنسىز رەۋىشتە ئۇنىڭ سۆزلىرىنى تىڭشاپ

تۇردۇم. كۆز چاناقلىرىم ئىختىيارسىز ياشقا تولدى. قىزىمنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلىگەن بۇ تەسىرلىك سۆزلىرى ئەمەلىيەتتە ھەممىمىزنىڭ يۈرەك سۆزلىرى ئىدى! مۇشۇ كىچىككىنە قىزىمنى بىر بالا دەپ ئويلاپ كەلگەن بولسام، لېكىن ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ دۇنياسىنىڭ ئۇنچىلىك ئاددىي ئەمەسلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلماقتا ئىدىم. ئاستا بېرىپ قىزىمنى باغرىمغا باستىم، ئاتىلىق مېھرى ـ مۇھەببىتىم بىلەن ئۇزاققىچە باغرىمغا باستىم... قىزىمنى ۋەتەندىكى چاغدا ئەمەس، بەلكى ۋەتەندىن يىراق بىر يات ئەلدە ھەقىقىي چۈشىنىۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلدىم.

ئېففېل تۆمۈر مۇنارىدىن قايتىپ چۈشتۇق. ئايالىم پەستە بىزنى ساقلاپ ئىچى تىتىلداپ تۇرغانىكەن. ۋارىسجان بىلەن كۆرۈشمىدىغان ۋاقىت توشۇپ قالاي دەپ قالغاچقا دەرھال قايتماقچى بولدۇق. دەريا بويىدىكى ئاپتوبۇس بېكىتىگە بېرىپ لوۋىر مۇزېيىگە بارىدىغان ئاپتوبۇسقا چۈشتۇق. دېيىشكەن جايغا يېتىپ بارغىنىمىزدا ۋارىسجان فونتان قېشىدا بىزنى ساقلاپ تۇرغانىكەن، بىزنى يىراقتىن كۆرۈپلا ئالدىمىزغا كەلدى.

— قانداق، پارىژ ساياھىتى كۆڭۈللۈكمۇ، يولدىن ئېزىپ قالمىغانسىلەر؟

— ساياھىتىمىز ياخشى بولدى، بۈگۈن بىر كۈن پىيادە ئايلىنىپ چىقتۇق، — دېدىم مەن ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈۋېتىپ.

— ئۇيغۇرىيە قىز، پارىژ ياخشىمىكەن، — دېدى ۋارىسجان پەسكە ئېڭىشىپ، — ھېرىپ قالمىدىڭىزمۇ؟

— ھېرىشنى ھاردىم، لېكىن تولىمۇ كۆڭۈللۈك بولدى، قارالاڭ، دادام بىلەن ئىككىمىز ئېففېل تۆمۈر مۇنارىنىڭ ئۈستىگە چىقتۇق!

— ۋاھ راستىمۇ؟ — دېدى ۋارىسجان قىزىمدىن يەنە گەپ سوراپ، — مېڭىپ چىقتىڭلارمۇ ياكى لىفىتتە چىقتىڭلارمۇ، ئەڭ تۆپىسىگە چىقالىدىڭىزمۇ؟

— بىز ئىككىنچى پەشتاققىچە پەلەمپەي بىلەن مېڭىپ چىقتۇق. مېنىڭ ئەسلىدە مۇنارنىڭ ئەڭ تۆپىسىگە چىققۇم بار ئىدى، ئۇ يەردىن ئۇرۇمچى كۆرۈنەمدىكىن دەيمەن، لېكىن دادام بولدى قىلايلى دەپ تۇرۇۋالدى.

ھەممىمىز قىزىمنىڭ گېپىدىن كۈلۈشۈپ كەتتۇق. ۋارىسجان قىزىمغا تەسەللى بېرىپ مۇنداق دېدى:

— قارالاڭ، ئۇيغۇرىيە قىز، مەنمۇ پارىژدا نەچچە يىل تۇرغىنىم بىلەن ئېففېل تۆمۈر مۇنارىنىڭ ئەڭ تۆپىسىگە چىقىپ باققىنىم يوق. بۇ قېتىم ئىككىنچى پەشتاققىچە چىقىپسىز، بۇنىڭ ئۆزىمۇ چوڭ ئىش. ئەمدى كېيىنكى قېتىم پارىژغا كەلگىنىڭىزدە ئەڭ ئۈستىگە چىقىڭ، بولامدۇ؟ بولمىسا كېلەر قېتىم پارىژدا سىز كۆرگۈدەك ئوبدان جاي قالمايدۇ!

— ماقۇل، شۇنداق قىلاي!

ۋارىسجان قىزىمنى يېتىلىۋالدى. بىز بەكمۇ ھېرىپ كەتكەچكە بىرئاز دەم ئالماقچى بولدۇق. ۋارىسجان بىزنى باشلاپ سېنا دەرياسىنىڭ قىنىغا ئېلىپ چۈشتى. دەريا بويىدا بىر توپ ئادەم توپلىشىپ نېگىر ناخشىچىلارنىڭ دۇمباق بىلەن ئورۇنلاۋاتقان شوخ ناخشىلىرىنى ئاڭلاۋاتاتتى. بىزنىڭ ئۆرە تۇرغۇدەك ئەھۋالىمىز قالمىغان بولۇپ، پۇتلىرىمىز قاپىرىسپ كەتكەنىدى. شۇڭلاشقا ئۇسسۇزلۇق ئىچكەچ دەريا قىنىدا پۇتلىرىمىزنى پەسكە ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپ پارڭلاشقاچ ئارام ئالدۇق.

قۇياشنىڭ ئۇتتەك تەپتى يېنىپ غەرب تەرەپكە قىيسايغانىدى. ئالدىمىزدىكى سېنا دەرياسى يېنىك تىنىق تارتىپ جىمجىت ئاقماقتا. ئىنچىكە ۋە ئۇزۇن قىلىپ ياسالغان چىرايلىق ساياھەت كېمىلىرى لىق ساياھەتچىلەرنى ئېلىپ دەريادا ئۈزمەكتە. دەريانىڭ قارشى قىرغىقىدىكى بىنالارنىڭ شولىسى دەريا يۈزىگە چۈشۈپ بىر پۈتۈن گارمونىك كۆرۈنۈش ھاسىل قىلغانىدى. لىقشىتىپ ئېقىۋاتقان سېنا دەرياسى مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمنى يەنە فرانسىيىنىڭ كلاسسىك دەۋرىگە ئېلىپ كەتتى. شۇنداق، بۇ يەردە ئۆز دەۋرىدە بالزاك ماڭغان، ستېندال ماڭغان، ۋىكتور ھيۇگو، ئالېكساندىر ديۇما، ئېمىل زولا ۋە مۇپاسسانلار ماڭغان. سېنا دەرياسىنىڭ يېنىك دولقۇنلىرىدىن ئىجادىيەت ئىلھامى ئالغان. خۇشال مىنۇتلىرى بىلەن ئازابلىق دەقىقىلىرىدە دەريا بىلەن سۆزلىشىپ تەسەللى تاپقان. پارىژنىڭ سەلتەنەتلىك ئوردا ـ قەلئەلىرى بىلەن ئارقا كوچىلىرىدىكى پاجىئەلىك ھايات كۆرۈنۈشلىرىنى سېنا دەرياسىنىڭ كۆز ياشلىرىغا سىڭدۇرۇپ تەسۋىرلىگەن. ئەسىرلەر بويى ئاجايىپ مەشھۇر شەخسلەرنى، سىياسىي ئەربابلارنى، ئۇلۇغ يازغۇچىلارنى ۋە تالانتلىق سەنئەتكارلارنى تۇغقان ھەمدە ئۇلارغا ئىجادىيەت ئىلھامى ئاتا قىلغان بۇ دەريا يەنە شۇنداق تىپتىنچ ئاقماقتا. ئۇنىڭ سۈكۈتلىرىگە ئۇلۇغۋارلىق، تىنىقلىرىغا شېئىرىي تۇيغۇ، يېنىك دولقۇنلىرىغا سەنئەت روھى يانداشقان...

— نېمىلەرنى ئويلاۋاتىسىز، دەرياغا قاراپ جىمىپ كەتتىڭىزغۇ؟

ۋارىسجاننىڭ ئاۋازى مېنى خىياللىرىمدىن ئويغاتتى. مەن ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ قويدۇم ـ دە، ئۇنىڭدىن قايتۇرۇپ سورىدىم:

— بۇ دەريا قانچىلىغان كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرى ۋە ئىجادىيەت ئىلھامىنى قوزغىغاندۇ؟ ئۆز دەۋرىدە بالزاك ۋە مۇپاسسانلار بىز تۇرغان مۇشۇ قىرغاقتا تۇرۇپ نېمىلەرنى ئويلىغاندۇ؟ مەن مۇشۇ تۇرقىدا ئالفونىس داۋدېتنىڭ «ئاخىرقى دەرس» ناملىق ھېكايىسىنى ئويلاپ قالدىم...

— ھەي، ئەدەبىياتچى دېگەن ئادەتتىكى كىشىلەرگە ئوخشىمايدۇ ـ دە، — دېدى ۋارىسجان كۈلۈپ تۇرۇپ، — مەن سىزنىڭ ھېسسىياتىڭىزنى چۈشىنىۋاتىمەن، شەخسەن ئۆزۈممۇ پارىژغا دەسلەپ كەلگەن چاغلىرىمدا خۇددى سىزدەك ھېسسىياتتا

بولغانىدىم. ھەممە نەرسىگە قىزىقىش ۋە ھاياجان ئىلكىدە قاراپ يۈرگەنىدىم. لېكىن پارىژنىڭ سۈر ـ ھەيۋىتى ۋە سەنئەت گۈزەللىكى بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئادەمنى يىغلىتىدىغان رەھىمسىز رېئاللىقىنىڭمۇ مەۋجۇتلۇقىنى ئاستا ـ ئاستا چۈشىنىپ يەتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالدىراش ھايات رىتىمى، تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى ۋە ئۆگىنىدىغان نەرسىلەرنىڭ كۆپلۈكى مېنىڭ خىيال سۈرىدىغان بوش ۋاقىتلىرىمنىڭ ھەممىسىنى يوق قىلدى. ھازىر مەندە ھەنىسۇۋا پارىژلىقلارغا ئوخشاشلا كۆز ئالدىمدىكى شەھەر بوشلۇقىغا نىسبەتەن ئۇزاق مەزگىللىك كۆنۈشتىن شەكىللەنگەن بىر خىل بىپەرۋا كەيپىيات مەۋجۇت. لېكىن شۇنداقتىمۇ فرانسۇزلارغا ئوخشاش رومانتىكلىقنى تامامەن ئۇنتۇپ كەتمىدىم.

كۈن كەچ بولۇپ قالغانىدى. ئۇپۇقتا باش قويغان قۇياشنىڭ قىزغۇچ نۇرلىرى سېنا دەرياسىنىڭ تىنىچ يۈزىدە يالتىرىماقتا ئىدى. بىز ئورنىمىزدىن تۇرۇپ دەريا قىنىنى بويلاپ ماڭدۇق. پۇت ـ قوللىرىمىز ئارام تېپىپ خېلى ھاردۇقىمىز چىقىپ قالغانىدى. ۋارىسجان سائىتىگە قاراپ:

— ھازىر بىزنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتقا بارايلى، مېنىڭ ياتىقىمنى كۆرۈپ بېقىڭلار، شۇ يەردە تاماق يېگەندىن كېيىن مەن سىلەرنى ئاپىرىپ قوياي. تاماق يېگەچ ئەتىكى پىلانىمىزنى سۆزلىشىۋالايلى، — دېدى.

بىز ۋارىسجاننىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ دەريا بويىدىن ئايرىلدۇق، ئاندىن مېتروغا چۈشۈپ پارىژنىڭ شەرقىي تەرىپىگە جايلاشقان پارىژ خەلقئارا ئۇنىۋېرسىتېتىغا يېتىپ باردۇق. بۇ يەر مەزكۇر ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ چوڭراق بىر رايونى ئىدى. كەچلىك تاماقنى ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئاشخانىسىدىن يېدۇق. ئاشخانا پاكىز ۋە ئازادە بولۇپ، فرانسىيە ئۇنىۋېرسىتېتلىرىنىڭ جانلىق بىر كارتىنىسىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. ۋارىسجان بىلەن سۆزلىشىپ ئەتىكى پائالىيىتىمىز توغرىلىق كېلىشتۇق. كۈندۈزدە ئۆزىمىز ئايلىنىپ مۇزېي ۋە ساياھەت نۇقتىلىرىنى كۆرىدىغان بولدۇق. كەچقۇرۇن ۋارىسجاننىڭ يېقىن دوستى جان دوئال ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە مېھماندارچىلىققا بارىدىغان بولدۇق.

كەچقۇرۇن يەنە «ۋېينا» مېھمانسارىيىغا قايتىپ كەلدۇق. پارىژنىڭ شاۋقۇنلۇق بىر كۈنى ئاخىرلىشىپ كېچە پەردىسى يېيىلغانىدى. ياتاققا قايتىپ كېلىشىمىزگە خۇددى كېلىشىپ قويغاندەكلا شارقىراپ يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. قارىغاندا ئاۋغۇستنىڭ باشلىرى پارىژنىڭ يامغۇرلۇق پەسلى بولسا كېرەك. پۈتۈن بىر كېچە ئۇيقۇم ئارىلىقىدا شارقىراپ يېغىۋاتقان يامغۇر ئاۋازىنى ئاڭلاپ ياتتىم. گاھ ئويغىنىپ، گاھ ئۇخلاپ چۈش بىلەن ئوڭۇم ئارىلىقىدا بىر كېچىنى ئۆتكۈزدۇم. سەھەردە ئورنۇمدىن تۇرغىنىمدا بەدەنلىرىم ئاغرىپ ھاردۇقۇم تولۇق چىقمىغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

يامغۇر توختاپ ھاۋا تۈنۈگۈن سەھەرگە ئوخشاشلا ئېچىلىپ كەتكەنىدى.

پارىژدىكى يەنە بىر سەھەرنى كۆتۈۋالدۇق. قاتناشقا ئولتۇرۇپ مېڭىشتىن ۋاز كېچىپ يەنە پىيادە ئايلانماقچى بولدۇق. چۈشكىچە بولغان ئارىلىقتا پارىژنىڭ جەنۇبىي رايوندىكى قايناق بازارلارنى ئايلاندۇق. ھەممىدىن ھەيران قالغىنىمىز شۇ بولدىكى، دۇنيانىڭ تۈرلۈك ئىقلىملىرىدىن كەلگەن كۆچمەنلەر فرانسۇزلارنى پارىژدىن سىقىپ چىقىرىپ بۇ شەھەرنى ئىگىلىۋالغاندەكلا تۇراتتى. كوچىلاردا كېتىپ بارغىنى ساپلا تۈرلۈك ئىرقتىكى كىشىلەر ئىدى. بولۇپمۇ نېگىرلار بىلەن جۇڭگولۇقلار ھەممىدىن كۆپ بولۇپ، كوچىدىكى 10 ئادەمنىڭ ئىچىدە تۆتى نېگىر بولسا، ئۈچى جۇڭگولۇق بولۇپ چىقاتتى. جۇڭگولۇقلارنىڭ رېستورانلىرى بىلەن مەخسۇس ماگىزىنلىرى ھەممىلا كوچىدا بار بولۇپ، خەنزۇچە خەتلەر داۋاملىق كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. بەزى كوچىلاردا ھەتتا «خۇاشيا بانكىسى» دېگەن ناملاردا جۇڭگولۇقلار ئاچقان بانكىلارمۇ بار ئىدى. بۇ ھال بىزگە فرانسىيىنىڭ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن كۆچمەنلەر دولقۇنىنىڭ ئەڭ چوڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان دۆلەتلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكىدىن دالالەت بېرىپ تۇراتتى.

چۈشتە شۇ ئەتراپتىكى تۈرك رېستورانىدىن كاۋاپ ۋە باشقا يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ باغچىغا كىردۇق. بۇ پارىژدىكى چوڭ تىپتىكى ئىستىراھەت باغچىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئادەمگە شاۋقۇنلۇق شەھەر ئىچىدىكى ساپ تەبىئەتنى ئەسلىتەتتى. باغچىدا ھەر خىل شەكىلدە تەربىيىلەپ ئۆستۈرگەن ئىنىسىق بەلۋاغ گۈل ـ گىياھلىرى، مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ھەيكەللىرى شۇنداقلا دەم ئېلىش ئۈچۈن ياسالغان سەنئەتلىك ئورۇندۇقلار قويۇلغانىدى. كىشىلەر ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرغاچ باغچىنىڭ تەبىئىي مەنزىرىسى ۋە جىمجىتلىقىدىن ھۇزۇرلانماقتا. بىزمۇ چىملىقتىكى بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇرغاچ غىزالاندۇق. باغچىنىڭ بىر تەرىپىدە بالىلار ئۈچۈن مەخسۇس «ئويۇنچۇقلار باغچىسى» ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىكەن، ئۇ يەردە ھەر خىل ئىرقتىكى بالىلار چۇرقىرىشىپ ئويناشماقتا ئىدى. قىزىمنىڭمۇ ئۇ يەردە ئوينىغۇسى كەلدى. مەن ئۇنى يېتىلەپ ئەتراپىنى رېشاتكىلاپ قويغان ئويۇنچۇقلار باغچىسىغا ئەكىرىپ قويدۇم. ئەر ـ خوتۇن ئىككىمىز كولا ئىچكەچ قىزىمنىڭ ئوينىشىغا قاراپ دەپ ئېلىپ ئولتۇردۇق.

باغچا تىنچ ۋە راھەت ئىدى. تۈنۈگۈندىن بۇيان توختىماستىن پىيادە ماڭغاچقىمۇ پۇتلىرىمىز سىرقىراپ تۇراتتى. ئاياغلىرىمىزنى سېلىپ ئۇزۇن ئورۇندۇقتا پۇتلىرىمىزنى سوزۇپ ئولتۇردۇق. ئاۋغۇستتىكى پارىژنىڭ ئارامبەخش باغچىلىرىدا بۇك ـ باراقسان كامفۇرا دەرەخلىرىنىڭ سايىسىگە پۈركۈنۈپ ئولتۇرۇپ خىيال سۈرۈش نەقەدەر كۆڭۈللۈك ـ ھە! دەرەخ شاخلىرىدا قۇشلار يېقىملىق سايراشماقتا. قارىغاندا دەرىجىدىن تاشقىرى بۇ چوڭ شەھەردە تەبىئەت ئادەملەردىن ئانچە يىراقلاپ كەتمىگەندەك تۇراتتى. قۇشلارنىڭ باغلاردا ئەركىن ـ ئازادە سايراپ يۈرۈشلىرى تەبىئەت ئەركىلىرىنىڭ بۇ يەرنى تېخى تاشلاپ كەتمىگەنلىكىنىڭ

نىشانى ئەمەسمۇ!؟

قىزىم بىردەمدىلا ئەتراپتىكى باللار بىلەن چىقىشىپ كەتتى. چىرايلىق فرانسۇز باللىرى، كۆزلىرى مۆلدۈرلەپ تۇرغان قارا ئەتلىك نېگىر باللار، يەنە دۇنيانىڭ تۈرلۈك جايلىرىدىن كېلىپ بۇ يەردە ياشاۋاتقان ھەر خىل ئىرقتىكى باللار ۋەتەن ۋە مىللەت ئايرىماي بىر ـ بىرى بىلەن ئىچەكىشىپ ئوينىماقتا. ئۇلار ئۇچۇن تىل توسۇقلىرى ۋە مىللىي پەرقلەر مەۋجۇت ئەمەس، ئويۇن ئۇلارنىڭ ئورتاق تىلى، قىزىقىشى شۇنداقلا كۆڭۈل خاھىشى. ئۇلارنىڭ تېرىسى، رەڭگى، زۇۋانى ۋە كۆرۈنۈشلىرى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمىغىنى بىلەن باللىق قەلبى ئوخشاش. ئويۇنغا بولغان ئىنكاسلىرى ۋە ئىپادىلىرى ئوخشاش...

ئۇلارنىڭ باللىق مەزگىلىدىكى بۇ خىل غۇبارسىز قەلب دۇنياسى مەڭگۈ داۋاملاشسا، ھەرگىزمۇ ئۆزگەرمىسە قانچىلىك ياخشى بولاتتى ـ ھە! بىراق، ھايال ئۆتمەيلا كەچ بولىدۇ. ئەتراپتىكى ئاتا ـ ئانىلار ئۆز باللىرىنى ئۆيلىرىگە ئېلىپ كېتىدۇ. بىزمۇ قىزىمىزنى ئېلىپ ماڭىمىز. ئۇلارنىڭ بىر مەھەللىك دوستلۇقى ۋە ئورتاق ئويۇنلىرى شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. ھەممىسى ئۆز تىلىغا ۋە مىللىي مەدەنىيەت مۇھىتىغا قايتىپ كېلىدۇ. ئۇلار شۇنىڭدىن كېيىن كۆرۈشەلمەيدۇ، ھەتتا بىر ـ بىرىنى تامامەن ئۇنتۇپ كېتىدۇ. ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت تۈركۈملىرىگە، دۆلەت تەۋەلىكىگە ۋە دىنىي ئېتىقاد سىستېمىلىرىغا مەنسۇپ بولۇپ كېتىدۇ. كېلەچەكتە تاسادىپىي پۇرسەتتە بىر ـ بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان تەقدىردىمۇ تونۇشمايدۇ، ئىلگىرىكىدەك بىر ـ بىرى بىلەن قول تۇتۇشۇپ ماڭمايدۇ، ھەتتا ئوخشىمىغان كۆز قاراش ۋە مەنپەئەت توقۇنۇشلىرى سەۋەبلىك بىر ـ بىرى بىلەن دۈشمەنلىشىشىمۇ مۇمكىن...

يەنە داۋاملىق بۇ ھەقتە ئويلىغۇم كەلمىدى. مەن ئۆز خىياللىرىمنى ئايالىمغا دېگەنىدىم، ئۇمۇ ئۆزىنىڭ باياتىن شۇنداق ئويدا بولغانلىقىنى، لېكىن بۇ ھەقتە يەنە ئويلىغۇسى كەلمىگەنلىكىنى ئېيتتى. قىزىم بۇ يەردە قانغۇدەك ئوينىۋالدى. ۋاقىتمۇ بارا ـ بارا كەچ بولۇۋاتاتتى. سائەت 5:00 تە ۋارىسجان بىزنى ئېلىپ جېنېۋا دوئال ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە مېھماندارچىلىققا ئېلىپ بارماقچى بولغانىدى. شۇڭلاشقا نەرسە ـ كېرەكلىرىمىزنى يىغىشتۇرۇپ مېترو ئارقىلىق «ۋېنا» مېھمانسارىيىغا قايتتۇق.

دېگەنىدەك سائەت 5:00 بىلەن ۋارىسجان بىزنى ئالغىلى كەلدى. مېھمانسارايدىن چىقىپ، يېقىن ئەتراپتىكى كوچىلارنىڭ بىرىگە كىردۇق. دۇكان ۋە ئاشخانىلار كۆپ قايناق بىر كوچا ئىدى. تۈركلەر، جۇڭگولۇقلار ۋە ۋيېتناملىقلار ئاچقان دۇكانلار كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. كوچا بويىدىكى زىچ سېلىنغان ئائىلىلىكلەر ئولتۇراق بىناسىنىڭ بىرىگە كىردۇق. بۇ ئاز دېگەندىمۇ بىر ـ ئىككى يۈز يىل بولغان كونا بىنا بولۇپ، پەلەمپەي ۋە ئاسما چىراغلىرىدىن كلاسسىك ياۋروپا

بىناكارلىقىنىڭ ئۇسلۇبى چىقىپ تۇراتتى ھەمدە كىشىگە مۇستەھكەم تۇيغۇ بېرەتتى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇرۇن ئىشلەنگەن سىم تور بىلەن ئورالغان ئالاھىدە لىفىت بىلەن بەشىنچى قەۋەتكە چىقتۇق. بىز ئەزەلدىن بۇنداق ئۆزگىچە لىفىتنى كۆرۈپ باقمىغاچقا ھەممىمىز ھەيران قالدۇق. جېئان دۇئال ئەپەندى ئىشىك ئالدىدا ساقلاپ تۇرغانىكەن، بىزنى كۆرۈپلا راۋان ئۇيغۇر تىلىدا سالام بەردى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! خۇش كەلدىڭلار، مېھمانلار، قېنى ئۆيگە كىرىڭلار!

بىز جېئان دۇئال ئەپەندى بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتۇق. ئۇ پەسكە ئېڭىشىپ قىزىم بىلەن سۆزلەشتى:

— ھە، ئۇيغۇرىيە قىز، پارىژ قانداقكەن، سىز بۇ شەھەرنى ياخشى كۆردىڭىزمۇ؟

— سىز ئۇيغۇرمۇ؟ — دەپ قايتىلاپ سورىدى قىزىم دۇئال ئەپەندىدىن، — ئۇيغۇرچە سۆزلىيەلەيدىكەنسىزغۇ!

— شۇنداق، مەنمۇ ئۇيغۇر، - دېدى دۇئال ئەپەندى قاقاقلاپ كۈلۈپ، — ئۇيغۇر بولغاندىكىن ئۇيغۇرچە سۆزلەيمەن - دە!

— ياق!...چوقۇم ماڭا چاقچاق قىلىۋاتىسىز، ئەمىسە، نېمىشقا كۆزلىرىڭىز كۆپكۆك، خۇددى چەت ئەللىكلەردەك!

ھەممىمىز قىزىمنىڭ گېپىدىن كۈلۈشۈپ كەتتۇق. جېئان دۇئال ئەپەندى يەنە قىزىم بىلەن قېرىشتى:

— قاراڭ، قىزچاق، فرانسىيىدە مەن چەت ئەللىك ئەمەس، بەلكى سىلەر چەت ئەللىك ھېسابلىنىسىلەر، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— لېكىن، لېكىن بىزنىڭ يۇرتىمىزدا سىزگە ئوخشاش سېرىق چاچ، كۆزى كۆك ئادەملەرنى چەت ئەللىك دەيمىز، سىز راستىنىلا چەت ئەللىك ئەمەسما؟

— ئۇ دېگەن جۇڭگو - دە، جۇڭگوغا بارساق ئەلۋەتتە بىزنى چەت ئەللىك دەيدۇ، سىلەر بۇ يەرگە كەلسەڭلار بىز سىلەرنى چەت ئەللىك دەيمىز!

— ھە، مۇنداق دەڭ! ئەمدى چۈشەندىم، سىز ئۆزىڭىز ئۇيغۇر ئەمەس، لېكىن ئۇيغۇر تىلىدا ياخشى سۆزلىيەلەيسىز، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، توغرا دېدىڭىز، ئەقىللىق قىزكەنسىز!

جېئان دۇئال ئەپەندى قىزىم بىلەن سۆزلەشكەچ بىزنى مېھمانخانا ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى. دۇئال ئەپەندىنىڭ ئۆيى پارىژغا نىسبەتەن چوڭ ھەم ئازادە ھېسابلىنىدىغان ئۆي ئىدى. ھۇجرا ئۆيلەر ئۇنچىلىك چوڭ بولمىسىمۇ، لېكىن ئەپلىك ۋە يارىشىملىق قىلىپ لايىھىلەنگەنىدى. ئۆي جاھازلىرى ۋە تۈرلۈك زىننەت بۇيۇملىرىدىن بۇ ئۆينى ئادەتتىكى تۇرالغۇ جاي دېگەندىن كۆرە بىر كىچىك مۇزېي دېيىش توغرا ئىدى.

— قېنى، ئازادە ئولتۇرۇڭلار، ئۆز ئۆيۈڭلاردەك ھېس قىلىڭلار، مەن شىنجاڭغا كۆپ بارغان، ئۇيغۇرلارنىڭ مېھماندوستلۇقىنى ئوبدان بىلىمەن، بۈگۈن كەچلىك



AltunOq

تامــاقنى بـۇ يەردە يەيمــز. ۋارــسجان بـــلەن مەسلىھەتلىــشىپ توخـۇ قورۇمـــسى قىلىــدىغان بولــدۇق، ســىلەر ئۇرۇمچىـــدە خەنــزۇچە ئاتالغۇسـى بـويىچە «داپەنجــى» دەيدىكەنسىلەرغۇ!

ـــ رەھمەت، مەن ياردەملىــشەي، ـــ دېدى ئايالـىم ئورنىـدىن تۇرۇپ.

ـــ بوپتـۇ، ۋارــسجان بىــلەن خـانىم توخـۇ قورۇمـــسىغا مەسئۇل بولـسۇن، بىــز سۇلايمان ئەپەندى بىلەن بىردەم پاراڭلىـشىۋالايلى.

جىبئــان دۇئـال ئەپەنـدى ئېگىــز بـوي، گەۋدىلىــك كىـشى ئىــدى، ئۇنىــڭ تولــۇق ئىسمى راخمان جىبئــان دۇئـال بولـۇپ، ئـۇ خەنزۇچىنـى سـۇدەك سـۆزلەيتتى. ئۆزىنىــڭ ئېيتىــپ بېرىشىگە قارىغاندا يىلدا نەچچە قېتىم ھۆكـۇمەت ئىـشى بىــلەن جۇڭگوغـا بېرىپ تۇرىدىكەن، بولۇپمۇ فرانسىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىـك دۆلەت ئەمەلـدارلىرى جۇڭگونى زىيارەت قىلغاندا دۇئال ئەپەندىمۇ خەنزۇ تىلـى تەرجىمـانى بولـۇپ جۇڭگوغـا كـۆپ قېـتىم بارغـانىكەن. ئـۇ ھەتتـا بىــر قېـتىم كانـادا زۇڭلىـــسىغا خەنــزۇ تىلـى تەرجىمانى بولۇپ جۇڭگوغا بارغانىكەن. شــىنجاڭغا 80 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىلىرىـدىن باشــلاپ كـــۆپ قېــتىم بارغــان بولـۇپ، ئۇيغـۇر مەدەنىيىـــتىگە نىــسبەتەن چوڭقـۇر قىزىقىــشى ۋە ئىــشتىياقى بـار ئىــكەن. شۇڭلاشــقا ئۇيغـۇر تىلىنــى ئۆزلۈكىـــدىن ئۆگىنىــــپ خېلـى پۇختـا ئىگىلەپتـۇ. بولۇپمۇ ئۇيغـۇرچە كىتـاب ـ ماتېرىيـاللاردىن پايـدىلىنىش سەۋىيىـــسى خېلـى يۇقىرى ئىـكەن، لېكىـن ئۇيغـۇر تىلىـدا داۋاملىـق سـۆزلەش مـۇھىتى بولمىغاچقـا ئـادەتتىكى سـالام ـ سـەھەت سـۆزلىرىدىن باشــقا بىۋاسـتە سۆزلىــشىشتە بىرئاز قىيىنىلىدىكەن.

دۇئـال ئەپەنـدى فرانـسۇزلارغا خـاس ئوچـۇق ـ يـورۇق ۋە يۇمۇرلـۇق تۇيغۇغـا بـاي كىشى ئىدى. ئۇنىڭ ھەر بىـر جۈملە سۆزلـىرىدىن يۇمۇر تۆكۈلۈپ تۇراتتى. بىـز بىـردەم ئىنگلىـزچە، بىـردەم خەنزۇچە قىلىــپ ئارىلاشـتۇرۇپ سۆزلەشـتۇق. مەن ھەتتـا دۇئـال ئەپەنـدىنىڭ خەنـزۇچە تەلەپپۇزىنىــڭ ياخـشىلىقىدىن ئـۆزۈمنى چېنىــپ قالغانـدەك ھېس قىلىـپ قالدىم.

ـــ مۇنــداق قىـلايلى، تامــاق پىــشقىچە مەن ســىلەرگە مېنىـــڭ بـۇ كىچىــك دۇنيايىمنى زىيارەت قىلدۇراي، قېنى، ئۇيغۇرىيە قىـز ئۈستىـگە چىقايلى.

قىزىم بىلەن ئىككىمىز دۇئال ئەپەندىنىـڭ كەينىـدىن ئەگىشىپ ماڭـدۇق. ئـۇ ياندىكى كارىدورغا چىقىپ بىر بالداقنى تارتقانىدى، ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقىـدىغان بىــر يىغمـا پەلەمـپەي پەسـكە سـىيرىلىپ چۈشـتى. مەن شـۇ چاغـدىلا بـۇ ئۆينىــڭ ئۈســـتىدە يەنە بىـــر قەۋەت بـــارلىقىنى بىلـــدىم. ئولتـــۇراق ئۆيلەرنىـــڭ لايىھىلىنىــشىدىكى بۇ خىل ئەپچىللىك ۋە قولايلىقلىق مېنـى ھەيـران قالـدۇردى. دۇئال ئەپەندىنىڭ كەينىـدىن يىغما پەلەمپەي ئارقىلىق ئۈستىگە چىقتۇق. ياللا! كۆزلىرىم ئالىچەكمەن بولۇپ كەتتى... پۈتۈن ئۈستۈنكى قەۋەت گويـا بىــر فولكلـور ۋە سەنئەت مۇزېيىنىـڭ ئۆزى ئىـدى! يەردە تۇرلـۇك گىـلەم ـ زىلچىلار، تامـدا ھەر خىـل

ئەنئەنىۋى كىيىم ـ كېچەكلەر، تۇرمۇش بۇيۇملىرى، زىننەت ماتېرىياللىرى، ئىشقىلىپ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە يىپەك يولى بويلاپ ياشىغان خەلقلەرنىڭ ئەنئەنىۋى فولكلور ئۆلگىلىرىنىڭ ھەممىسى بار ئىدى.

— مانا بۇ مېنىڭ كىچىك جەننىتىم. مەن ھەر قېتىم شەرققە، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭغا بارغىنىمدا مۇشۇنداق قول ھۈنەر ۋە سەنئەت بۇيۇملىرىنى يىغىمەن، ساقلايمەن، ئۇلاردىن ھوزۇرلىنىمەن. مەن شۇنداق ئادەم.

— مەن ئۆز كۆزۈمگە ئىشەنمەيلا قالدىم، — دېدىم ئەتراپىمغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ، — پارىژغا كېلىپ دۇنياغا داڭلىق مۇزېيلاردىن باشقا يەنە سىزنىڭ ئۆيىڭىزدە بىزنىڭ يۇرتىمىزغا دائىر مۇنداق مەخپىي بىر فولكلور مۇزېيىنىڭ بارلىقى مېنى راستتىنلا ھەيران قالدۇردى. شۇنچە كۆپ ئەۋرىشكىلەرنى قاچانمۇ يىغىپ بولغانسىز؟

— بۇ مېنىڭ قىزىقىشىم، بۇلارنى خۇددى چۈمۈلە توختىماستىن دان يىغقاندەك بىر تال ـ بىرتالدىن يىغىپ توپلىدىم. ھەر قېتىم ئوتتۇرا ئاسىياغا، بولۇپمۇ شىنجاڭغا بارغىنىمدا كۆزلىرىم مۇشۇ نەرسىلەردىلا بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار سەنئەتكە ئەڭ باي خەلقىسىلەر، سىلەرنىڭ قولۇڭلاردا قەلەم توختىمىغان بىلەن ھۈنەر ـ سەنئەت تاشلانماي داۋاملىشىپ كەلگەن خەلقسىلەر. شۇڭلاشقا ئۆز دۇنيايىڭلارنى ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرى ئارقىلىق ئىپادىلەپ كەلگەنسىلەر. ھەر بىر خەلقنىڭ ئۆزىنى ئىپادىلەش ئۇسۇلى بولىدۇ. مەسىلەن، قەدىمكى يۇنانلىقلار ئەقلىي پىكىر قىلىش ئۇسۇلى بىلەن، جۇڭگولۇقلار تۆت چاسا خېتى ۋە بۇ خەتلەردە يېزىلغان جىلد ـ جىلد تارىخ ـ يىلنامىلىرى بىلەن، ھىندىلار رومانتىكىغا باي ناخشا ـ ئۇسۇللىرى بىلەن، ئەرەبلەر تىل ۋە زوكۇنلىشىش ماھارىتى بىلەن ئۆزلىرىنى ئىپادىلەپ كەلگەن. شۇنىڭغا ئوخشاش سىلەرنىڭ ئۆزۈڭلارنى ئىپادىلەشتىكى ئەڭ مۇھىم ئۇسۇلۇڭلارنىڭ بىرى ھۈنەر ـ سەنئەت بولسا كېرەك، خۇسۇسەن مەن شۇنداق ئويلايمەن!

مەن دۇئال ئەپەندىنىڭ سۆزلىرىنى ئويلىنىپ قالدىم. ئۇ مېنى باشلاپ يەنە بىر ئۆيگە باشلاپ كىردى ـ دە، يەردىكى ئۆزگىچە بىر گىلەمنى ماڭا كۆرسەتتى:

— بۇنىڭغا قاراڭ، سۇلايمان ئەپەندى، تەپسىلىي كۆرۈپ بېقىڭ، سىزچە بۇ قەيەردە ئىشلەنگەن گىلەمدۇ؟

مەن پەسكە ئېڭىشىپ گىلەمگە سىنچىلاپ قارىدىم. گىلەم يۈزىگە ھازىرقى زامانىمىزنىڭ قورال ـ ياراغلىرى، ئۇرۇش كۆرۈنۈشلىرى، تاغ جىلغىسى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن تانكىلار چۈشۈرۈلگەنىدى. مەن ئەزەلدىن بۇنداق نۇسخىدىكى گىلەمنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم. شۇڭلاشقا دۇئال ئەپەندىنىڭ سوئالىغا كېسىپ بىر نەرسە دېيەلمەي:

— كەچۈرىسىز، تازا ئېنىق بىلەلمىدىم، پەمىمچە ئۆزبېكىستان ياكى

تۈركمەنىستاندا ئىشلەنگەنمۇ ـ قانداق؟ ـــ دېدىم.

ـــ ياق، بۇ گىلەم ئافغانىستاندا توقۇلغان، مەن بۇ گىلەمنى 1984 ـ يىلى كابۇلدىن سېتىۋالغانمەن. قاراڭ، گىلەمگە ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن ئاپتومات ۋە مىناميوتلار بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تانكىلىرى بىر ـ بىرىگە قارىتىلىپ توقۇلغان. بۇ دەل سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئافغانىستانغا تاجاۋۇز قىلغان يىللىرى توقۇلغانىكەن. ئۇنىڭدا ئافغانلارنىڭ ئۇرۇشقا بولغان ئىنكاسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ بىر تارىخ، ئافغانىستاندىن ئىبارەت ئۇرۇش ئوتلىرى لاۋۇلداپ تۇرغان بىر دۆلەتنىڭ يېقىنقى تارىخىي رېئاللىقىنىڭ بەدىئىي كۆرۈنۈشى. مەن سىزگە ئېيتقان، ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارنىڭ قولىدا قەلەم توختىمىغىنى بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆز تارىخى ۋە رېئال تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرەلەيدىغان ھۈنەر ـ سەنئىتى بار. ئۇلارنىڭ ھۈنەر ـ سەنئىتى ھەتتا ئەڭ كىچىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىمۇ ئۆز رېئاللىقىنى سۆزلەيدۇ، ئۆز تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن بۇ گىلەمنى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ساقلاۋاتىمەن.

دۇئال ئەپەندى يەنە بىر كىچىك ئۆيىدىكى ئەينەكلىك ئىشكاپنى ئېچىپ كۆرسەتتى. بۇ ئىشكاپنىڭ ئىچى ئۇيغۇرلارنىڭ تۈرلۈك باش كىيىملىرى بىلەن تولغانىدى. ئۇنىڭدا شىنجاڭدىكى ھەرقايسى يۇرتلارنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان ئەر ـ ئاياللار دوپپىلىرى، تۇماقلار، قۇلاقچىلار، لېچەك ـ ياغلىقلار، ھەتتا كىرىپىنىڭ كىچىك تەلپىكىگىچە رەتلىك تىزىقلىق تۇراتتى. ئىككىنچى ئىشكاپتا شىنجاڭدا ئىشلەنگەن يەرلىك پىچاقلارنىڭ تۈرلۈك نۇسخىلىرى تىزىلغان ئىدى. ئۈچىنچى ئىشكاپتا شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئىشلەنگەن ئەنئەنىۋى كىيىم ـ كېچەكلەر، بولۇپمۇ كەشتە ۋە گۈل ئىشلەنگەن قويۇنلۇق تونلار ئېسىلغانىدى. بۇلاردىن باشقا بۇ ئۆيدە يەنە ئات ۋە باشقا ئۇلاغلارنىڭ ئېگەر ـ جابدۇقلىرى، تۈرلۈك قامچىلار، خۇرجۇنلار، مەسە ـ كالاچ، پوتا ـ بەلۋاغ، ھاۋانچا، ئاپتۇۋا ـ چىلاپچا قاتارلىق تۈرلۈك ـ تۈمەن تۇرمۇش بۇيۇملىرى رەت ـ رېتى بىلەن تىزىلغان ئىدى. مەن بۇ نەرسىلەرنى كۆرۈپ شىنجاڭدىكى ھەرقانداق بىر فولكلور مۇزېيىدا، ھەتتا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ فولكلور مۇزېيىدىمۇ بۇنچىلىك بۇيۇملارنىڭ يوقلۇقىنى ھېس قىلدىم. توۋا، پارىژدا تۇرۇپ يۇرتىمىزنىڭ مەدەنىيەت ۋە فولكلور بايلىقلىرىنى كۆرۈش، يەنە كېلىپ ئادەتتىكى بىر شەخسنىڭ ئائىلە مۇزېيىدىن بۇنچىلىك كۆپ نەرسىلەرنى كۆرۈش ھەرقانداق ئادەمنى ھاياجانغا سالمامدۇ!؟...

ئۈستۈنكى قەۋەتتىن قايتىپ چۈشتۇق. تاماق تەييار بولغانىدى. قىزىم دۇئال ئەپەندىنىڭ مېھمانخانىسىدىكى ئادەمنىڭ ئاۋازىنى ئۆز ئەينى دورىيالايدىغان شاتۇتىقا قىزىقىپ قېلىپ، ئۇنىڭ قېشىدىن زادىلا ئايرىلغۇسى كەلمىدى. دۇئال ئەپەندى قىزىمغا ئويۇن كۆرسىتىش ئۈچۈن شاتۇتقا قىزىمنىڭ ئىسمىنى تەكرارلاپ ئېيتتى:

— ئۇيغۇرىيە، خۇش كەپسىز، خۇش كەپسىز!

شاتۇتى دۇئال ئەپەندىنىڭ ئۇيغۇرچە ئاۋازىنى ئۆز ئەينى بويىچە دورىدى:

— ئۇيغۇرىيە، خۇش كەپسىز، خۇش كەپسىز!

ھەممىمىز تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتۇق. تاماق تارتىلدى. توخۇ گۆشى قورۇمىسىنىڭ مەززىلىك ھىدى دىماغقا ئۇرۇلدى. دۇئال ئەپەندى ھەتتا داپەنجىگە لازىملىق بولغان قىزىلمۇچىنىمۇ بۇگۈن ئەتىگەن كوچىدىكى جۇڭگولۇقلارنىڭ دۇكىنىدىن سېتىۋالغانلىقىنى ئېيتتى. فرانسىيىنىڭ ئۈزۈم ھارىقىدىن رومكىلارغا قۇيۇلدى. بىز پاراڭلاشقاچ تاماق يېدۇق. قىزىم شاتۇتىنىڭ قېشىدىن كېتەلمەي تاماق يېگۈسى يوقلۇقىنى ئېيتتى. دۇئال ئەپەندى قىزىمنىڭ تەخسىسىگە توخو قورۇمىسىدىن سېلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ بەردى ـ دە:

— بوپتۇ، ئۇيغۇرىيە قىز شاتۇتىغا ھەمراھ بولۇپ تاماق يېسۇن، بىز ئۇلارنىڭ ئىشىغا ئارىلاشمايلى.

"Tack så mycket!"

"Varsågod!"*

قىزىم ئىختىيارسىزلا دۇئال ئەپەندىگە شۋېت تىلىدا «رەھمەت!» دېگەنىدى، دۇئال ئەپەندىمۇ چاندۇرماستىنلا شۋېتچە «ئەرزىمەيدۇ!» دەپ جاۋاب قايتۇردى. بۇنىڭدىن ھەممىمىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق. شۇندىلا شاتۇتىغا بېرىلىپ كەتكەن قىزىم ئۆزىنىڭ شۋېتسىيىدە ئەمەس، بەلكى فرانسىيىدە تۇرغانلىقىنى ھېس قىلىپ كۈلۈپ قويدى.

قىزغىن پاراڭلار بىلەن تاماق يېدۇق. دۇئال ئەپەندى ناھايىتى يۇمۇرلۇق سۆزلەر بىلەن ھەممىمىزنى كۈلدۈرەتتى. ئۆزىنىڭ شىنجاڭغا بارغان چاغدىكى تەسىراتلىرى ۋە كەچۈرمىشلىرىنى ناھايىتى قىزىقارلىق قىلىپ سۆزلەپ بەردى. تاماقتىن كېيىن دۇئال ئەپەندى بىلەن ئازراق ئۈزۈم ھارىقى ئىچىشتۇق. دۇئال ئەپەندى ئۆزىنىڭ يېقىنقى ئون نەچچە يىلدىن بۇيان ئۇيغۇرچە ـ ئىنگلىزچە لۇغەت ئىشلەۋاتقانلىقىنى، بۇ لۇغەتنىڭ ئاساسەن ئۇيغۇر تىلىدىكى ھۆنەر ـ كەسىپ ئاتالغۇلىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تۈزۈلگەنلىكىنى، كېلەر يىلى لۇغەتنى تۈگىتىشكە بەل باغلىغانلىقىنى ئېيتتى. ئاخىرىدا مېنىڭ بۇ لۇغەتتىكى بىرقانچە ئاتالغۇنى كۆرۈپ بېقىشىمنى سورىدى، مەن خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولدۇم. دۇئال ئەپەندىنىڭ كومپيۇتېرى ئۈچۈق ئىكەن. ئۇ ماڭا كومپيۇتېر ئېكرانىدا تۈرۈپلا لۇغەتنى بىر قۇر كۆرسەتتى. ئۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھەرقايسى دىئالېكت ـ شېۋىلىرىدە ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇر تىلىدىكى ھۆنەر ـ كەسىپكە دائىر سۆزلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ

* بۇ شۋېتچە سۆز بولۇپ، ئالدىنقى جۈملىسى «سىزگە كۆپ رەھمەت» دېگەن مەنىدە، كېيىنكى جۈملىسى «ئەرزىمەيدۇ» دېگەن مەنىدە.

قىسمىنى توپلاشقا تىرىشقانىدى.

— مەن بۇ لۇغىتىمنى ئون نەچچە يىلدىن بۇيان يېنىمدىن ئايرىماي يۈردۈم. ھەر قېتىم شىنجاڭغا بارغىنىمدا ۋاقتىم چىقسىلا بۇ لۇغەتكە سۆز ـ ئاتالغۇ توپلىدىم. قاراڭ، گىلەمچىلىكنى مىسالغا ئالساق، گىلەمچىلىككە ئائىت ئۇيغۇر تىلىدىكى كەسپىي ئاتالغۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنى خوتەن، يەركەن ۋە قەشقەرلەردىن يىغىپ توپلىدىم. لۇغەتكە كىرگۈزگەندە ھەر بىر نەرسىنىڭ رەسىمىنى سىزىپ، ئاتالغۇلارنى ئايرىم ـ ئايرىم ئىستىرېلكىلار ئارقىلىق كۆرسەتتىم، ئاندىن ئۆلچەملىك ئىنگلىز تىلىدا ئىزاھلىدىم. ھازىر ھارۋا جابدۇقلىرىغا دائىر كەسپىي ئاتالغۇلارنى ئىشلەۋاتاتىم. بىرقانچە ئاتالغۇدا قىيىنچىلىققا يولۇقتۇم. نېمىشقا دېسىڭىز، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھەرقايسى دىئالېكت ـ شېۋىلىرىدە بىر ئاتالغۇنى ئوخشاش بولمىغان ناملاردا ئاتايدىكەن. بەزى ئاتالغۇلارنىڭ ئېتىمولوگىيىسىنى چۈشىنىش بەكلا تەسكە توختاۋاتىدۇ. مەسىلەن، ئات، ئېشەكلەرنى ھارۋىغا قوشىدىغان چاغدا بوينىغا سالىدىغان جابدۇقنى ھەرقايسى جايلاردا ھەر خىل ئاتايدىكەن. قايسىسىنى ئۆلچەملىك ئاتالغۇ سۈپىتىدە قوبۇل قىلىشنى بىلەلمەي قالدىم. مېنىڭچە خاس ئۇيغۇرچە سۆز بولسا شۇنى قېلىپلاشتۇرساق دەپ ئويلايمەن، سىز قانداق ئويلايسىز؟

— بۇ ياخشى پىكىر بولدى، مېنىڭچىمۇ ھۇنەر ـ كەسىپكە دائىر ئاتالغۇلارنىڭ باشقا تىللاردىن كىرگەن ۋارىيانتلىرىنى ئەمەس، بەلكى ساپ ئۇيغۇرچە شەكلىنى ساقلاپ قېلىشىمىز كېرەك دەپ ئويلايمەن. مەسىلەن، ھازىر سىز تىلغا ئالغان ھارۋا جابدۇقلىرىنىڭ قومۇل شېۋىسىدە ساپ ئۇيغۇرچە ئاتالغۇلىرى مەۋجۇت. «بويۇنچاق»، «ئىڭغىرچاق»، «بەللىك»، «كۆتىبەللىك»، «توقۇم»، «قارنى تارتقۇچ»، «چۇدەر»، «تۇشاق»، «ئېلىش»، «ئەگىم»، «نوقتا» قاتارلىقلار شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

— ھەي، بۇ ياخشى ئۇچۇر بولدى، مەن ئەنە شۇنداق ساپ ئۇيغۇرچە كەسپىي ئاتالغۇلارغا قىزىقىۋاتىمەن، توختاڭ، ئالدىرىماي دەڭ، مەن بىرىمۇ بىر يېزىۋالاي، «بويۇنچاق» دېگەن نېمىدېگەن ئوبرازلىق ئاتالغۇ ھە!

دۇئال ئەپەندى بىلەن خېلى ئۇزۇنغىچە لۇغەتتىكى ئاتالغۇلارنى تالاش ـ تارتىش قىلىپ چىقتۇق. بەزى ئاتالغۇلارنى بىر ـ بىرىگە سېلىشتۇرۇپ بېكىتتۇق. بۈگۈندىن دۇئال ئەپەندىمۇ، مەنمۇ خۇشال بولدۇق.

ۋاقىت خېلى كەچ بولۇپ كەتكەنىدى. بىز دۇئال ئەپەندى بىلەن خوشلىشىپ مېھمانسارايغا قايتتۇق. ۋارىسجانمۇ ئۇنىۋېرسىتېتتىكى ياتىقىغا قايتتى. ھاۋا تۇتۇلۇپ يەنە يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. دۇئال ئەپەندىنىڭ لۇغىتى مېنىڭ خىياللىرىمنى خېلى ئۇزۇنغىچە ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالدى.

ئەتىسىدىن باشلاپ يەنە پارىژدىكى كۆرسىدىغان جايلارنى ئايلىنىپ كۆردۇق. سودا سارايلارنى ھەتتا ئەتىر بازىرىنىمۇ ئايلىنىشقا ۋاقىت چىقاردۇق. پارىژدىكى بىر

ھەپتىمىز ئەنە شۇنداق ئۆتۈپ كەتتى. 9 ـ ئاۋغۇست چۈشتىن كېيىن ستوكھولمغا قايتىدىغان بولغاچقا «ۋېينا» سارايىدىن ئەتىگەندىلا ھېساباتىمىزنى ئۈزۈپ، نەرسە ـ كېرەكلىرىمىزنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتتۇق. دۇئال ئەپەندى نەرسىلىرىمىزنى ئۆز ئۆيىدە قويۇپ تۇرۇشىمىزنى ئېيتتى. شۇ كۈنى دۇئال ئەپەندى بىزنى ئۆيى ئەتراپىدىكى بىر تۈرك رېستورانىدا مېھمان قىلدى. ۋارىسجان ئاپتوبۇس بېكىتىگە قەدەر بىزنى ئاپىرىپ قويدى. ۋارىسجان بىلەن خوشلىشىدىغان چاغدا تۇيۇقسىزلا چېلەكلەپ قۇيغاندەك يامغۇر يېغىپ كەتتى. ھەممىمىز ھۆل بولۇپ كەتتۇق. بىز ئايرودرومغا بارىدىغان ئاپتوبۇسقا چىقىۋالغاندىن كېيىن ۋارىسجان چاقچاق قىلىپ بىز بىلەن خوشلاشتى:

— خەير، قېرىنداشلار، ئامان بولساق كۆرۈشەرمىز، سىلەرنى پارىژ يامغۇر بىلەن كۈتۈۋېلىپ، يەنە يامغۇر بىلەن ئۇزىتىپ قويىدىغان بولدى!..

ئاپتوبۇس قوزغالدى. بىز قول پۇلاڭلىتىپ بۇ ئاق كۆڭۈل يىگىت بىلەن خوشلاشتۇق. يامغۇر تۇمانلىرى ئىچىدە ۋارىسجاننىڭ گەۋدىسى كۆرۈنمەي قالدى.

يىگىرمە بەشىنچى باب

# ئازابلىق سىنتەبىر: ستوكھولمدىكى ئاخىرقى كۈنلەر

سىنتەبىر كىرىشى بىلەن سكاندىناۋىيە يېرىم ئارىلىدا ئالتۇن ياز پەسلىنىڭ قۇياشلىق كۈنلىرى ئارىيىپ، كۈزنىڭ سوغۇق شاماللىرى سوقۇشقا باشلىدى. ئۇنىۋېرسىتېتنىكى ئىشلىرىم بارغانسېرى جىددىيلىشىپ كەتتى. ئوتتۇرا ئاسىيا ئىنستىتۇتىدىكى ئۇيغۇر تىلى دەرسىمنىڭ داۋامىنى تۈگىتىشىم كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەردىكى بىر يىللىق تەتقىقات تېمام — «شۋېتسىيىدە ساقلىنىۋاتقان (قەشقەر باسما بۇيۇملىرى) نىڭ تىلى» ھەققىدىكى ئاخىرقى تەتقىقات دوكلادىمنى بېرىشىم كېرەك ئىدى. مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەلەكچىلىكىدە كۈنلىرىم ئۇچقاندەك ئۆتۈپ بارماقتا ئىدى.

قىزىمىز ئۆزىنىڭ ئۇزاق يازلىق تەتىلىنى تۈگىتىپ، رۆدابېرى مەكتىپىدىكى يېڭى مەۋسۇملۇق ئوقۇشىنى باشلىدى. رىمبو بازىرىدىن داۋاملىق قاتناپ ئوقۇش قىزىمغا نىسبەتەن بەكمۇ جاپالىق بولغاچقا ئۆيني كۆچۈشنى قارار قىلدۇق. تەلىيىمىزگە شەھەر مەركىزىگە يېرىم سائەتلا كېلىدىغان ئۇپلاندىس ۋەسبۇ (Upplands väsby) رايونىدىن بىر ئۆي تېپىلىپ قالدى. بۇ مۇھىتى گۈزەل، قاتناشقا قولاي جاي بولۇپ، قىزىمنىڭ مەكتىپىگە پويىزدا 20 مىنۇت ماڭغاندىن كېيىن ئاپتوبۇسقا ئالمىشىپ بىۋاسىتە بارغىلى بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىجارىگە ئالغان يېڭى ئۆيىمىز كەڭ ـ كۇشادە، باھاسىمۇ مۇۋاپىق ئىدى. ئاتا ـ بالا ئىككىمىز يەنە بۇرۇنقىدەك ئالدىراش بولۇپ كەتتۇق. كۈندە تاڭ سەھەردە قىزىمنى ئېلىپ رۆدابېرى مەكتىپىگە ئاپىرىپ قويغاندىن كېيىن، ئۇنىۋېرسىتېتقا كېتەتتىم. چۈشتىن كېيىن يەنە قىزىمنى مەكتىپىدىن ئېلىۋېلىپ ئىشخانامغا ئەكىلەتتىم. ئىشلىرىمنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئۆيگە قايتىپ بارغىچە كەچ بولۇپ كېتەتتى. ئايالىم تىل مەكتىپىگە بېرىپ بۇرۇنقىدەك شۋېت تىلى ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇردى. قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۇنىڭ شۋېتچە سەۋىيىسىدە كۆپ ئىلگىرىلەش بولغانىدى.

ۋەتەنگە قايتىشقا ئاز قالغانسېرى بىز بىر قىيىن تاللاشقا دۇچ كەلدۇق. ئايالىم داۋاملىق ئوقۇش ئارزۇسىدا ئىدى، چۈنكى يېرىم يىلدىن بۇيان شۇنچە بەدەل تۆلەپ ئۆگىنىۋاتقان ئىنگلىز ۋە شۋېت تىللىرىنى يېرىم يولدا تاشلاپ كېتىپ قېلىشقا كۆزى قىيمىدى. تىل ئۆتكىلىنى ئۆتۈشلۈك تاماملىسىلا دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانى ئۈچۈن ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قىزىممۇ بۇ يەرنىڭ مەكتەپ مۇھىتىغا رەسمىي كۆنۈپ، ئىنگلىز تىلىدا راۋان ئىنكاس

قايتۇرۇش باسقۇچىغا كىرگەنىدى. ئەمدى ئۇنىڭ رۆدابىرى خەلقئارا ئىنگلىز تىلى مەكتىپىدە باشقا باللار بىلەن تەڭ قاتاردا ئوقۇپ كېتىشىدە ھېچقانداق توسالغۇ قالمىغانىدى.

مېنىڭ ستوكھولم ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى بىر يىللىق تەتقىقات ۋاقتىم توشۇشقا يەنە بىر ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت قالدى. ئەمدى كەسكىن قارار چىقىرىشقا توغرا كەلدى. بېشىم تولىمۇ قاتتى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى بىر يىلدىن بۇيان قېپقالغان خىزمەتلىرىم، بولۇپمۇ قولۇمدا ماگىستىر ئاسپىرانتلىقىدا ئوقۇۋاتقان ئونغا يېقىن ئوقۇغۇچىلىرىم يولۇمغا قاراپ تۇرماقتا ئىدى. يەنە بىرەر يىل بۇ يەردىكى تەتقىقات ۋاقتىمنى ئۇزارتىپ تۇرۇشنى ئويلىغان بولساممۇ، لېكىن ئەمەلىي ئەھۋالىمنى نەزەرگە ئالغاندا ۋاقتىدا قايتىشىم زۆرۈر ئىدى.

مەن ئايالىم بىلەن بۇ ھەقتە نۇرغۇن قېتىم سۆزلەشتىم. بەزىدە گېپىمىز بىر جايدىن چىقماي قېيىدىشىپمۇ قالدۇق. تويى قىلىپ شۇنچە يىللاردىن بۇيان بىزنىڭ مەسىلىلەرگە بولغان قاراشلىرىمىز ۋە ئۆز ئارا مۇئامىلىلىرىمىزدە ھېچقانچە چوڭ ئىختىلاپلار كۆرۈلمىگەنىدى. بولۇپمۇ مېنىڭ تويدىن كېيىنكى بېيجىڭدىكى ئۈچ يىللىق ئوقۇشۇم ۋە باشقا ئىلمىي ئىشلىرىمدا ئايالىم ئەڭ زور دەرىجىدە مېنى قوللاپ ھەمىدە مەدەت بېرىپ كەلگەنىدى. ئائىلىنىڭ يۈكىنى ئىنچىل ھالدا ئۆز زىممىسىگە ئېلىپ، بالىنى ياخشى تەربىيىلەپ كەلگەنىدى. بەزىدە دوست ـ بۇرادەرلىرىمىزمۇ بىزنىڭ ئىناق ئائىلە تۇرمۇشىمىزغا، خىزمەت ۋە كەسپىتىكى ئۆزئارا ماسلىشىشىمىزغا ھەۋەس قىلاتتى.

نۇرغۇن قېتىملار تالاش ـ تارتىش قىلىشتۇق. ئاخىرىدا ئايالىم قىزىم بىلەن بىللە ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرىدىغان بولدى. بۇ بەكمۇ قىيىندا چىقىرىلغان بىر قارار بولدى. بۇ قارارىمىز ئۈچۈن قانچىلىك ئېغىر بەدەل تۆلەيدىغانلىقىمىز ماڭا ئايان ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى پۈتكۈل سېنتەبىردە گويا بىرنەرسەمنى يوقىتىپ قويغاندەك دىلغۇل بولۇپ يۈردۈم. مېتروda چايقىلىپ ئولتۇرۇپمۇ، ئىشخانامدا ئالدىراش ئىشلەۋېتىپمۇ، قىزىمنى مەكتەپتىن قايتۇرۇپ كېلىۋېتىپمۇ بۇ قارارىمىزنىڭ كەلگۈسىدە قانداق نەتىجە بېرىدىغانلىقى ھەققىدە خىيال قىلاتتىم.

ئايالىممۇ ۋاقىت ئاز قالغانسېرى كەيپىياتى جىددىيلىشىپ كېتىۋاتاتتى. بەزى كۈنلىرى بىراقلا جىمىپ كېتەتتى. قىزىم تېخى كىچىك بولغاچقا بىزنىڭ كەيپىياتىمىزدىكى ئىنچىكە ئۆزگىرىشلەرگە ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمىدى. ئايالىم ئۆز قارارىنىڭ توغرىلىقىغا ۋە ھەرقانداق جاپاغا چىداشقا ئىرادىسى بارلىقىغا ئىشەنگەچكىمۇ، ئۆز كەيپىياتىدىكى جىددىيچىلىكنى چاندۇرماسلىققا تىرىشىۋاتاتتى. مەنمۇ ئارتۇقچە گەپ قىلمىدىم. لېكىن ئىچىمدە راستتىنلا بۇ قېتىملىق ئۇزاق ئايرىلىشىمىزغا چىدىمايۋاتاتتىم.

ئۇزۇنغىچە ئائىلىدىن ئايرىلىپ سىرتلاردا ئوقۇش جەريانىدا ئائىلەم بىلەن

بىللە ياشاشنىڭ قانچىلىك مۇھىملىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلغانىدىم. بولۇپمۇ قىزىم بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئايرىلىپ تۇرغان ۋاقتىمىز تولىمۇ ئۇزاق بولغانىدى. مەن بېيجىڭدىكى ئوقۇشۇمنى تۈگىتىپ ئائىلىگە قايتىپ كەلگىنىمدە قىزىممۇ ئۈچ ياشنىڭ قارىسىنى ئېلىپ قالغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن قىزىم بىلەن بولغان ئاتا ـ بالىلىق ھېسسىياتىمىزنى يېتىلدۈرۈشكە خېلى ئۇزاق جەريان كەتتى. شۋېتسىيىگە كەلگەندىن كېيىن، دەسلەپكى يېرىم يىل جەريانىدا يالغۇزچىلىقنىڭ ئازابىنى يەتكۈچە تارتتىم. بەزىدە بېيجىڭدىكى بىرقانچە يىلنى ئائىلەمدىن ئايرىلىپ قانداق ئۆتكۈزگەنلىكىمنى ھېچ تەسەۋۋۇر قىلالمىدىم. ئائىلەمدىكىلەر ستوكھولمغا كەلگەندىن كېيىن، مېنىڭدىكى يالغۇزچىلىق ۋە جاندىن ئۆتىدىغان غېرىبلىق غايىب بولدى. قىزىم بىلەن بولغان مېھرى ـ مۇھەببىتىمنى ۋە ئاتا ـ بالىلىق ھېسسىياتىمنى ئەڭ زور دەرىجىدە يېتىلدۈرۈشكە تىرىشتىم. دېگەندەك بۇنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈلۈپ قىزىم بىلەن شۇ دەرىجىدە ئىچەكىشىپ كەتتۇقكى، ئىلگىرىكى ئاتا ـ بالا ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزۇن ئايرىلىش سەۋەبىدىن شەكىللىنىپ قالغان كۆرۈنمەس ئارىلىقنىڭ غايىب بولغانلىقىنى ھېس قىلدىم. مانا مۇشۇنداق بىر پەيتتە يەنە ئايرىلىشقا قانداقمۇ يۈرىكىم چىدىسۇن!؟

ئۇيغۇر تىلى دەرسىمنى ئىككى ھەپتە ئىچىدە ئاخىرلاشتۇردۇم. پاترىك بىلەن يوھاننىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى بويىچە مەلۇم ئاساس تىكلىۋالغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئۇلار مېنىڭ داۋاملىق دەرس ئۆتۈپ بېرىشىمنى ئۈمىد قىلغان بولسىمۇ، لېكىن مېنىڭ بۇ يەردىكى ۋاقتىم توشۇپ قالغانىدى. سېنتەبىرنىڭ شاماللىق بىر كۈنى ئۇلار ئىككىسى مېنى ئاخىرقى قېتىم تاماققا تەكلىپ قىلدى ھەمدە خاتىرە ئۈچۈن كىچىك سوۋغات بەردى. مەنمۇ ئۇلار بىلەن كۆزۈم قىيمىغان ھالدا خوشلاشتىم. ئۇلار مېنىڭ 22 ـ سېنتەبىر شەرق تىللىرى ئىنستىتۇتىدا بېرىدىغان ئاخىرقى لېكسىيەمنى كېلىپ ئاڭلايدىغانلىقىنى، شۇ يەردە مېنىڭ بىلەن خوشلىشىدىغانلىقىنى ئېيتىشتى.

«شۋېتسىيىدە ساقلىنىۋاتقان ‹قەشقەر باسما بۇيۇملىرى› نىڭ تىلى (1892 — 1938)» ناملىق بىر يىللىق تەتقىقات دوكلاتىمنىڭ ئاخىرقى تۈزىتىلگەن نۇسخىسىنى بىرگىت شىلىتېر خانىمغا تاپشۇردۇم. بۇ ئىنگلىز تىلىدا يېزىلغان 70 مىڭ خەتتىن ئارتۇق چوڭ ھەجىملىك تەتقىقات دوكلاتى ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ستوكھولمنىڭ ئۇزۇن قىشى بىلەن سالقىن ياز كۈنلىرىدە خانلىق كۈتۈپخانىنىڭ قىرائەتخانىسىدا بېكىنىپ ئولتۇرۇپ ئاز بولمىغان يۈرەك قېنىمنى سەرپ قىلدىم. بىرگىت خانىم بۇ ئەمگىكىمنى «ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى مەجمۇئەسى» نىڭ ئۈچىنچى باسقۇچلۇق تەتقىقات نەتىجىسى سۈپىتىدە ئېلان قىلىشقا قوشۇلدى.

22 ـ سېنتەبىر چۈشتىن كېيىن شەرق تىللىرى ئىنستىتۇتىنىڭ جۇڭگو تىل ـ ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىدا ئاخىرقى قېتىملىق چوڭ تىپتىكى لېكسىيەمنى

بەردىم. ئايالىم بىلەن قىزىممۇ قاتناشتى. لېكسىيە ئاڭلىغۇچىلار ئىچىدە شەرق تىللىرى ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسور ۋە لېكتورلىرى، دوكتورانتلار، ئاسپىرانتلار ھەمدە جۇڭگو تىل ـ ئەدەبىياتى بويىچە باكالاۋرلىقتا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار بار ئىدى. لېكسىيىدىن بۇرۇن جۇڭگو تىل ـ ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى، پروفېسسور مارىيە كايكونېن خانىم مېنى كۆپچىلىككە تونۇشتۇردى. «20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» تېمىسىدىكى مەخسۇس لېكسىيەمنى ئىككى سائەت ئەتراپىدا ئىنگلىز تىلىدا سۆزلىدىم. لېكسىيە ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەردىم. ئاڭلىغۇچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇماتى بولمىغاچقا نۇرغۇن نەرسىلەر يېڭىلىق تۇيۇلۇپ كەينى ـ كەينىدىن سوئال سوراشتى. مەنمۇ ئەلۋ زور ئىپادىلەش ئىمكانىيىتىم ئىچىدە ئۇلارنىڭ سوئاللىرىغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرىشكە تىرىشتىم. ئاخىرىدا بىرگىت خانىم مۇنبەرگە چىقىپ مېنىڭ دوكلاتىمغا يۇقىرى باھا بەردى ھەمدە مېنىڭ بىر يىلدىن بۇيان ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئورنىدا ئېلىپ بارغان تەتقىقاتىم، ئۆتكەن دەرسلىرىم ھەمدە يېقىندا تۈگەتكەن چوڭ ھەجىملىك تەتقىقات تېمام ئۈستىدە كۆپچىلىككە تەپسىلىي چۈشەنچە بەردى. شۇنداق قىلىپ ستوكھولم ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى بىر يىللىق ئىزدىنىش ھاياتىم ئاخىرلاشتى. مەن شۇ كۈنى ئىنستىتۇتتىكى ھەممە خىزمەتچىلەر، پروفېسسور ستافان رۆسېن، پروفېسسور مارىيە كايكونېن، پروفېسسور بىرگىت شىلتېر، ئىنستىتۇت باشلىقى، كاتىپ ئايال ھەمدە ئوقۇغۇچىلىرىم بىلەن بىرمۇ بىر خوشلاشتىم. ئىشخانامنىڭ ئاچقۇچ، ماگنېتلىق كارت ۋە كومپيۇتېرلارنى كاتىپ ئايالغا تاپشۇردۇم. ھەممە ئىشلىرىمنى تۈگىتىپ، ئايالىم ۋە قىزىم بىلەن بىللە شەرق تىللىرى ئىنستىتۇتىنىڭ ئۈچ قەۋەتلىك چىرايلىق بىناسىدىن ئاخىرقى قېتىم قايتىپ چىققىنىمدا قەلبىمدە خۇشاللىقىمۇ ھەم ئازابقىمۇ ئوخشىمايدىغان بىر تۇيغۇنىڭ جۇش ئۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم...

خەير، بىر يىللىق ھاياتىم قېپقالغان ماكان، خەير، ئىشخانا دېرىزىسىدىن بىر يىلغىچە ماڭا ھەمراھ بولغان كرافترېكت كۆلى! مەن ستوكھولم ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇشۇ بۆلىكىدە بىر يىلدىن بۇيان تالاي قېتىملار ماڭغان، تالاي قېتىملار خىيال سۈرگەن. ھازىر ھەممە نەرسە، جۈملىدىن بۇ يەردە ئالدىراش ئۆتكەن بىر يىلىم تارىخقا ئايلاندى!...

ۋەتەنگە قايتىش ئۈچۈن 24 ـ سېنتەبىرنىڭ ئايروپىلان بېلىتىنى ئالدىم. شۋېتسىيىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ئىككى كۈنۈم قالدى. ئائىلەمنىڭ بۇ يەردە قېپقالدىغانلىقىنى ئويلىساملا كۆڭلۈم شۇ قەدەر يېرىم بولۇپ كېتىدۇ، مەن مۇشۇ ئىككى كۈن ئىچىدە ئايالىمنىڭ ئوقۇش قارارىدىن يېنىپ، مېنىڭ بىلەن بىللە قايتىپ كېلىشىنى شۇنچە ئارزۇ قىلدىم. ئۇنىڭمۇ ئىچىدە دىلىغۇل بولۇپ قاتتىق

تېگىرقاش ئىچىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتىم.

شۇ كۈنى ئۆيگە قايتىپ كەيپىياتىمىز تازا ياخشى بولمىدى. ئۆيلىساملا ئىككى كۆزۈم كەينىمدە قالىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. يېرىم يىلدىن بۇيان ۋەتەندىن يىراق يات ئەلدە ئىسسىقنىمۇ، سوغۇقنىمۇ تەڭ كۆرۈپ مۇساپىرچىلىقنىڭ تەمىنى تەڭ تېتىغانىدۇق. ئەمدىلىكتە ئانا يۇرتقا تەڭ قايتىپ، تىنچ ۋە خاتىرجەم ئائىلە تۇرمۇشى كەچۈرۈشىنى، ئۆز خىزمىتىمنى ئۇنۇملۇك داۋاملاشتۇرۇشىنى، ئوقۇغۇچىلىرىمنى ياخشى تەربىيىلەشنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلغانىدىم. قىزىمنىڭمۇ ئۆزىنىڭ ئانا تىلى ۋە مىللىي مەدەنىيەت تۇپرىقىدا بالىلىقىنى ئۆتكۈزۈشىنى، چوڭ بولغاندىن كېيىن ئاندىن دۇنيانىڭ قەيىرىدە ئوقۇشنى ئۆزىنىڭ تاللىشىغا قويۇپ بېرىشنى ئۈمىد قىلغانىدىم.

شۇ كېچىسى ئۇزاققىچە ئۇخلىيالمىدىم. ئۆيدىكى سائەت ئىستىرىلكىسى توختىماستىن چېكىلداپ ئارامىمنى بۇزدى. كۆپ ئويلاندىم، بۇ يەردىكى پۈتۈن بىر يىللىق كەچۈرمىشلىرىمنى ئەسلەپ چىقتىم. راستىنى ئېيتسام بۇ ئايرىلىش بىزگە مەنسۇپ ئەمەستەك تۇيۇلدى. قانداقلا ئويلىماي ۋەتەنگە قايتىشىم زۆرۈر ئىدى. باشلىرىم زىڭىلداپ ئاغرىشقا باشلىدى. قىزىم ياندىكى بالىلار كارىۋىتىدا يېنىك نەپەس ئېلىپ ئۇخلىماقتا ئىدى. ئايالىمنىڭمۇ خىيال بىلەن ئۇخلىيالمايۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. بۇ ئايرىلىش ھەر ئىككىمىزگە قاتتىق بىر سىناق بولۇپ تۇيۇلۇۋاتاتتى. ئۇيان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ قاچان ئۇخلاپ قالغانلىقىمنى بىلمىدىم. بىر چاغدا ئۇيقۇم ئارىلىقىدا مۈرەمگە ھۆل تەگكەندەك ھېس قىلىپ ئويغىنىپ كەتتىم. ئايالىم كارىۋاتتا ئولتۇرغىنىچە ئېسەدەپ يىغلاۋاتاتتى. دەرھال ئورنۇمدىن تۇرۇپ چىراغنى يېقىشقا تەمشەلدىم.

—— بولدى، چىراغنى ياقماڭ، —— دېدى ئايالىم ئىككى قولى بىلەن يۈزلىرىنى قاماللاپ —— ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، يىغلىغۇم كېلىپلا تۇرىدۇ. بولدى، سىز ئۇخلاۋېرىڭ.

—— بۇنداق يىغلاپ ئولتۇرسىڭىز، مەن قانداق ئۇخلايمەن؟ —— دېدىم ئۇنىڭغا، —— بولدى، ھەممىمىزنىڭ بىر ئۆمۈر ئوقۇپ چاپا تارتىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق، مەن بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ بۇنداق ئۇزۇن ئايرىلىپ تۇرۇشىدىن جاق تويدۇم. ئۆزىڭىزنى قىينىماڭ، قارارىڭىزدىن يېنىڭ، ھەممىمىز بىراقلا قايتايلى. كېيىنكى ئىشلارنى كېيىن بىرنېمە دېمەيمىزمۇ!

—— مەن بالىنى ئويلاۋاتىمەن، ئەمدىلا بۇ يەرنىڭ مەكتەپ شارائىتىغا كۆنگەندە ئېلىپ كەتسەك، ئۇنىڭ ئۆگەنگەن تىللىرىمۇ، تارتقان جاپالىرىمىزمۇ بىكار بولمامدۇ؟

—— نېمىشقا بىكار بولىدۇ، ھېچ بولمىسا، كىچىك تۇرۇپلا دۇنيانى كۆردى، كۆزى ئېچىلدى، نۇرغۇن نەرسىلەرنى ھېس قىلدى، ئىنگلىز تىلى ئاساسىنىمۇ

تىكىلىۋالدى. مۇشۇ ئاساستا ئۆز يۇرتىمىزدا تەربىيىلىسەك، چوڭ بولغاندا قەيەرگە بېرىشىنى ئۆزىگە قويۇپ بەرمەمدۇق.

ئايالىم ئۆزاققىچە ئۈنسىز يىغلىدى. مەن نۇرغۇن گەپ قىلدىم. تاڭ يورۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتاتتى، ئۆيىمۇ بىردىنلا سوۋۇپ كەتتى. ئاستا بېرىپ قىزىمنىڭ ئېچىۋەتكەن يوتقىنىنى يېپىپ قويدۇم. ئۇزاقتىن كېيىن ئايالىمنىڭ پىچىرلاپ دېگەن گەپلىرى قۇلىقىمغا كىردى:

— نېمىلا دېمەڭ، مېنىڭ تەستە قولغا كەلگەن بۇ ئوقۇش پۇرسىتىنى قولۇمدىن بېرىپ قويغۇم يوق، شۇنداق، ئۆزۈمنى بىر سىناپ باقاي دەيمەن، بالا ئۈچۈن بولسىمۇ. سىزنى قېيىقىلىڭ دېگىنىم بىلەنمۇ بەرىبىر يولىڭىزدىن قايتمايسىز...

مېنىڭ يەنە تالىشىپ ئولتۇرۇشۇمنىڭ ئورنى قالمىغانىدى. ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. سېنتەبىردىكى ستوكھولمنىڭ ئاسمىنى بارا ـ بارا يۇقىرىپ ئۆي ئىچىگە سەھەرنىڭ يورۇقلۇقى چۈشۈشكە باشلىغانىدى.

شۇ كۈنى پۈتۈن بىر كۈن گاراڭلىق ئىچىدە ئۆتۈپ كەتتى: ئېغىزىمىزغا تۈزۈك تاماقمۇ تېتىمىدى. ماڭىدىغان ۋاقتىم يېقىنلىشىپ كەلگەنسېرى قىزىممۇ جىددىيلەشكىلى تۇردى. ناھايىتى ئېنىقكى، بۇ قېتىمقى ئايرىلىش ھەممىمىزگە شۇنچىلىك ئېغىر كېلىۋاتاتتى.

ستوكھولمدىكى ئەڭ ئاخىرقى كېچىدە يەنە ئۇخلىيالمىدىم. جىددىيچىلىك ۋە دېلىغۇللۇق مېنى ساراڭ قىلىپ قويايلا دەۋاتاتتى. ئايالىم ئۇخلاپ قالغاندا ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئاشخانا ئۆيگە چىقىپ بىر پارچە خەت يازدىم.

*«سىز بۇ خەتنى ئېچىپ ئوقۇغىنىڭىزدا ئېھتىمال مەن سىلەردىن نەچچە مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتا ئۇزاپ كېتىشىم مۇمكىن. بىزنىڭ بۇ يات ئەلدە نۇرغۇن كەچۈرمىشلىرىمىز ۋە ئۇنتۇلغۇسىز كۈنلىرىمىز قېپقالدى. مەن سىزنى ئەيىبلىمەكچى ئەمەسمەن، كەلگۈسىدىكى نۇرغۇن جاپالارنى زېمىڭىزگە ئېلىپ بۇ يات ئەلدە داۋاملىق ئوقۇش يولىنى تاللىغان ئىكەنسىز، مېنىڭ ئائىلىدىكى ئەرلىك ئورنۇم بىلەن سىزنى ئۆز قارارىڭىزدىن مەجبۇرىي ياندۇرۇشقا تىرىشىشىمنىڭ ھاجىتى قالمىدى، ئەلۋەتتە. لېكىن بۇ ئايرىلىشنىڭ بىزگە قانچىلىك ئازاب ۋە رىيازەتلەر ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ھازىرچە تەسەۋۋۇر قىلالمايمىز. مەن سىزگە كۆپ قېتىم ئېيتتىم، مەيلى دۇنيانىڭ قايسى بۇلۇڭىغا كەتمەيلى ياكى قايسى بۇرجىكىدە ياشمايلى، بىزنىڭ ئۆز يىلتىزىمىزنى ئۇنتۇپ كېتەلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس. بولۇپمۇ مېنىڭ كەسپىم، شۇغۇللىنىۋاتقان خىزمىتىم ۋە خەلقىم ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىم نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا تېخىمۇ شۇنداق. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن قايتماقچى بولدۇم. سىز داۋاملىق ئوقۇش يولىنى تاللىغان ئىكەنسىز، ئەلۋەتتە ئالدىڭىزغا قاراپ مېڭىشىڭىز كېرەك، بىر ئايال كىشى ئۈچۈن بۇنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئاسان ئەمەسلىكىنى بىلىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قىزىم سىز بىلەن قالدى. خۇداغا*

*ئامانەت! سىلەرنى ئالدى بىلەن بىر ئاللاغا، ئاندىن ئۆزىڭىزگىلا تاپشۇردۇم. كۆرۈشكىچە ئامان بولۇڭلار!»*

خەتنى ئېلىپ كىرىپ ياستۇقنىڭ ئاستىغا باستۇرۇپ قويدۇم. ئاخىرقى كېچىنى گاھ ئۇخلاپ، گاھ ئويغىنىپ گاراڭ ھالەتتە ئۆتكۈزدۇم. تاڭ سەھەردە ھەممىمىز ئالدىراشلىق بىلەن نەرسە ـ كېرەكلەرنى يىغىشتۇردۇق ـ دە، ئايروپورتقا ماڭدۇق. دوستىمىز زۇلھاياتمۇ ئايروپورتقا مېنى ئۇزىتىپ قويغىلى چىققانىدى. ئارلاندا خەلقئارا ئايروپورتى ئادەم بىلەن لىق تولغانىدى. بىرئازدىن كېيىن ئايروپىلانغا چىقىش ۋاقتى توشتى. ئايالىم ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ماڭا ئېسىلىپ يىغلاپ كەتتى. مېنىڭ كۆزلىرىممۇ نەملەشتى. مۇشۇ ئايرىلغىنىمىزچە قاچان كۆرۈشۈشىمىز ئېنىق ئەمەس ئىدى. قىزىم بوينۇمنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى. ھايات ئايرىلىشنىڭ نەقەدەر قىيىنلىقىنى شۇ مىنۇتلاردا ھېس قىلدىم. مەن نۇرغۇن گەپلەرنى دېيىشنى ئويلىغان بولساممۇ، لېكىن بوغۇزۇمغا بىر نەرسە تۇرۇۋالغاندەك گەپ قىلالمىدىم. قىزىم خۇددى مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىنى چۈشەنگەندەك بىر قولى بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ:

ــــ دادا خاتىرجەم مېڭىڭ، مەن سىزگە ۋەدە بېرەي، مەن ئاپامغا ياخشى قارايمەن! ــــ دېدى.

قىزىمنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ بوغۇزۇمغا تېخىمۇ ئاچچىق يىغا تىقىلدى. سومكىلىرىمنى كۆتۈردۈم ـ دە، ئاخىرقى قېتىم ئەلگە يېقىن كىشىلىرىمدىن كۆز ئۈزۈپ پاسپورت كونترول بۆلۈمىگە كىرىپ كەتتىم. ئۆزۈم ئۆزۈم ئەمەستەك، نەپەسلىرىم توختاپ قالغاندەك بىر تۇيغۇدا سەنتۈرۈلۈپ ماڭدىم. بېشىم گاراڭ ھالدا يولۇچىلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى بولۇپ ئايروپىلانغا چىقتىم...

خاتىمە

# مەدەنىيەتلەر دىئالوگىدا كىملىكىمىز

ياۋروپادىكى ئاز كەم بىر يىلغا سوزۇلغان ھايات خاتىرىلىرىم ھەققىدە شۇنچىلىك يازالىدىم. كۆرگەن، بىلگەنلىرىمنى ھەمدە بىۋاسىتە تەسىراتلىرىمنى ئوقۇرمەنلەرگە ئۆز ئەينى بويىچە يەتكۈزۈشنى قەرزىم دەپ ئويلىدىم. مېنىڭ يازالىغانلىرىم ۋە ئوقۇرمەنلىرىمگە يەتكۈزەلىگەنلىرىم ياۋروپا ھاياتىنىڭ تولۇق كۆرۈنۈشى ئەمەس، بەلكى ناھايىتى ئاز بىر قىسمى، شۇنداقلا ياۋروپا ھاياتىغا سىرتتىن قاتناشقان بىر كىشىنىڭ تېز سىزمىسى، خالاس.

سېنتەبىرنىڭ ئاخىرى بېيجىڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بىر مەزگىل تۇرۇپ قالدىم. نويابىرنىڭ بېشىدا لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تېمىسىدا تۇنجى نۆۋەتلىك خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى چاقىرىلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتاتتى. مەن ستوكھولمدىكى چېغىمدىلا يىغىن تەييارلىق كومىتېتىنىڭ چاقىرىقىنى تاپشۇرۇۋالغانىدىم ھەمدە بۇ يىغىندا ئوقۇماقچى بولغان ماقالەمنى پۈتتۈرۈپ ئېلېكترونلۇق يوللانمىسى بىلەن لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئەۋەتىپ بەرگەنىدىم. بۇ قېتىم بېيجىڭدىكى ۋاقتىمدىن پايدىلىنىپ ئەنگلىيىگە بېرىشنىڭ ۋىزىسىنى ئېلىۋالماقچى بولدۇم. بۇنداق قىلغاندا بېيجىڭغا قايتا كېلىپ ۋىزىغا ئىلتىماس قىلىشىمنىڭ ئورنى قالمايتتى.

ئەنگلىيە ئەلچىخانىسىنىڭ بېيجىڭدىكى ۋىزا بېجىرىش ئورنىغا بېرىپ ھەيران قالدىم. ۋىزىغا ئىلتىماس قىلىدىغان ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن پۇت قويىدىغان جايمۇ يوق ئىدى. يېرىم كۈن ساقلاپ ئاران ئۆچىرەتتىن بىر ئورۇن ئالالىدىم. ئەسلىدە ئەلچىخانىدىن ھەقسىز ئالغىلى بولىدىغان جەدۋەلنىڭ ئۆزىنى ھايانكەشلەردىن 100 يۈەنگە سېتىۋېلىشقا مەجبۇر بولدۇم. شۇ ساقلىغانچە چۈشتىن كېيىن سائەت 3:00 بىلەن ماتېرىياللىرىمنى ئاران دېرىزىدىكى تۆشۈكتىن بېرەلىدىم. كۈتۈش زالىدا يەنە ئىككى سائەت ساقلىغاندىن كېيىن، ئەلچىخانا خادىملىرى بىلەن يۈزتۇرانە سۆزلىشىدىغان ئۆچىرەت ماڭا تەگدى. ئىشتىن چۈشىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالغانىدى. زالدا ئىككى سائەت كۈتۈش جەريانىدا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ۋىزىغا سۇنغان ئىلتىماسى يۈزتۇرانە سۆزلىشىش داۋامىدا رەت قىلىنغانلىقىنى، ھەتتا بەزى قىزلارنىڭ پاسپورتىغا رەت قىلىنغان تامغا بېسىلغاندىن كېيىن يىغلاپ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئولتۇرغانىدىم.

ئەينەكلىك ئۆي ئىچىگە كىردىم. بىرئاز جىددىيلەشكەن بولساممۇ، لېكىن

روھىي جەھەتتىن تەييارلىقىم بار ئىدى. ئوتتۇرا ياشلىق ئەلچىخانا خادىمى بىلەن جۇڭگولۇق تەرجىمان قىز ئۇدۇل قاراپ ئولتۇراتتى. تەرجىمان قىز كىرىشىمگىلا مېنىڭدىن خەنزۇچە سورىدى:

— تەرجىمان ئىشلىتەمسىز؟

— ياق، ھاجىتى يوق!

تەرجىمان قىز ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئەلچىخانا خادىمى بىلەن ئۆيدە يالغۇز قالدىم. ئۇ ئالدىدىكى ماتېرىياللىرىمدىن كۆزىنى ئۈزمەي، مەندىن سورايدىغان سوئاللىرىنى باشلىدى:

— شۋېتسىيىدىن تېخى يېقىندىلا قايتىپ كەپسىز، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق.

— ئەنگلىيىگە نېمە ئىش ئۈچۈن بارىسىز؟

— ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن.

— نېمىشقا شۋېتسىيىدىن بىۋاسىتە بارمىدىڭىز؟

— چۈنكى ئۇ يەردىكى ۋىزا ۋاقتىم توشۇشقا ئاز قالغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ يەردىكى مەكتىپىمدىن رۇخسەت ئېلىشىم كېرەك.

— سىزنى ئەنگلىيىدىكى قايسى ئورۇن تەكلىپ قىلدى؟

— لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاسىيا ـ ئافرىقا تىللىرى بۆلۈمى.

— تەكلىپنامىگە قول قويغان كىشى كىم؟

— دوكتور راچېل ھاررىس خانىم.

— ئەنگلىيىدە قانچىلىك تۇرۇسىز؟

— 10 كۈن ئەتراپىدا.

— ئۆزىڭىز نېمە ئىش بىلەن شۇغۇللىنىسىز؟

— ئۇنىۋېرسىتېتتە ئوقۇتقۇچىمەن.

سوئاللار ئاخىرلاشتى. مەن ئەلچىخانا خادىمىنىڭ سوئاللىرىغا قىسقا ۋە ئېنىق قىلىپ جاۋاب بەردىم. پەمىمچە تەخمىنەن بەش مىنۇتلا ۋاقىت كەتكەن بولسا كېرەك. ئۇ پاسپورتۇمنى بىر يانغا ئايرىپ قېلىپ، قولۇمغا بىر ھۆججەتنى بەردى ـ دە:

— سىزنى تەبرىكلەيمەن، ئەنگلىيىگە بېرىش ۋىزىسىغا ئېرىشتىڭىز، ئەتە چۈشتىن كېيىن كېلىپ پاسپورتىڭىزنى ئېلىۋېلىڭ، ـــ دېدى.

— رەھمەت!

مەن كۈرۈشۈش ئۆيىدىن زالغا قايتىپ چىقتىم. زالدا ساقلاپ ئولتۇرغانلار مېنىڭ ۋىزا ئېلىشىمنىڭ شۇنچە تېز ۋە ئوڭۇشلۇق پۈتكەنلىكىدىن ھەيران بولۇشۇپ، مېنىڭدىن:

— سىزدىن نېمە سوئاللارنى سورىدى، سىز قانداق جاۋاب بەردىڭىز؟ ـــ دەپ

سوراشتى. مەنمۇ ئۇلارغا:
— ئادەتتىكى سوئالالارنى سورىدى، نېمە سورىسا شۇنىڭغا جاۋاب بەردىم، — دېدىم ئۇلارغا.
ئۆكتەبىر بايرىمى بولۇپ قالغاچقا 29 ـ سېنتەبىرنىڭ ئايروپىلان بېلىتىنى ناھايىتى تەستە ۋە قىممەتكە ئېلىپ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدىم. بىر يىلدىن بۇيان ئۈرۈمچىدە ئانچە چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولمىغاندەك تۇراتتى. لېكىن تاكسىدا ئايروپورتتىن ئۆيگە قايتىپ كېلىۋېتىپ كوچىلار، ئادەملەر كۆزلىرىمگە شۇنچە ئىسسىق كۆرۈنۈپ كەتتى. بىر خىل قايتىش تۇيغۇسى قەلبىمدە ئاجايىپ ئىللىق ھېس ـ ھاياجاننى قوزغىماقتا ئىدى.

*ھەر كىشىنىڭ ۋەتىنى بولسا،*
*ئۇنى شۇنداق قوغداپ سۆيسە!*

كىمنىڭ شېئىرى ئىكەنلىكى ئېسىمدە يوق، لېكىن قەلبىمدە شۇ مىسرالار تەكرارلىنىپ تۇراتتى.
شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر ئاي داۋامىدا يەنە ئالدىراش خىزمەت قايىنىمىغا كىرىپ كەتتىم. بىر يىلدىن بۇيان نۇرغۇن ئىشلار دۆۋىلىنىپ مېنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىمنى كۈتۈپ تۇرماقتا ئىدى. ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۆكتەبىرمۇ ئاخىرلىشىپ نويابىر كېلىپ قالدى. ئۈرۈمچىدە ھاۋا بىراقلا سوۋۇپ كەتتى.
3 ـ نويابىر خىزمەتدىشىم راھىلە داۋۇت بىلەن بىللە ئۈرۈمچىدىن ئايرىلىپ يەنە ياۋروپاغا سەپەر قىلدۇق. ئۈرۈمچى ئايروپورتىنى تۇمان قاپلاپ، بىرىم كېچىدە ئاران بېيجىڭغا ئۇچالدۇق، ئەتىسى سەھەردە بېيجىڭغا يېتىپ بېرىپ، لوندونغا ئۇچىدىغان ئايروپىلانغا ئاران ئۇلگۇردۇق.
نويابىردىكى لوندون جىمجىت ئېقىۋاتقان تېمزا دەرياسىغا يۆگىلىپ سىرلىق بىر قىياپەتتە دېڭىز بوغۇزى ئارقىلىق ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىغا قاراپ تۇراتتى. بۇ قەدىمىي شەھەرنىڭ ياۋروپادىكى باشقا نۇرغۇن شەھەرلەرگە، جۈملىدىن پارىژ، بېرلىن، ۋېنا، رىم، مادرىد، كوپېنھاگېن، ستوكھولم، ئامىستېردام قاتارلىق پايتەخت شەھەرلىرىگە ئوخشاشلا سەلتەنەتلىك تارىخى ۋە كەچۈرمىشلىرىگە باي ئۆتمۈشى بار ئىدى. دۇنيانىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي مەركىزى 20 ـ ئەسىردىن كېيىن ئامېرىكىنىڭ نيۇيورك شەھىرىگە يۆتكىلىشتىن ئىلگىرى لوندون ئىزچىل ھالدا دۇنيانىڭ ئىقتىساد ۋە پۇل مۇئامىلە مەركىزى بولۇپ كەلگەنىدى. بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئەگەر پارىژدىن قويۇق سەنئەت پۇرىقىنى، ۋېنادىن يېنىك مۇزىكا رىتىمىنى، رىمدىن ياۋروپانىڭ كلاسسىك روھىنى، بېرلىندىن سوغۇق قان پرىنسىپلارنى ھېس قىلالىغان ئادەمنىڭ لوندوندىن شەك ـ شۈبھىسىزكى، سىياسىي سالون بىلەن

ئىقتىسادىي روھنى بايقىماي تۇرالمايدۇ.

5 ـ، 6 ـ نويابىر كۈنلىرى لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاسىيا ـ ئافرىقا تىللىرى ئىنستىتۇتى (SOAS) دا ئۇيغۇرشۇناسلىق تېمىسى بويىچە تۇنجى خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىملىق ئىلمىي كونفېرېنسىيىنى ياۋروپادا يېقىنقى 20 يىلدىن بۇيان يېتىشىپ چىققان ياش ئۇيغۇرشۇناسلاردىن تۆت نەپەر خانىم تەشكىللىگەن ئىدى. ئۇلار لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇزىكا فاكۇلتېتىدىكى دوكتور راچېل ھاررىس (Rachel Harris)، گېرمانىيە خاللې ئۇنىۋېرسىتېتىدىن دوكتور ئىلدىكو بېللېر ـ خان (Ildiko Beller – Hann)، ئەنگلىيىنىڭ نيۇ كاستىل ئۇنىۋېرسىتېتىدىن دوكتور جوئاننا سمىس (Joanna Smith) ھەمدە ئىتالىيىلىك مۇستەقىل تەتقىقاتچى كرىستىنا سېسارو (Cristina Cecaro) قاتارلىقلار ئىدى. بۇ قېتىمقى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى مەيلى كۆلەم ياكى ئىلمىي چوڭقۇرلۇق جەھەتتىن بولسۇن، ئۇيغۇرشۇناسلىق بويىچە ھازىرغا قەدەر خەلقئارادا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلغان ئىلمىي يىغىن بولدى. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن 20 دىن ئارتۇق ياش ۋە ئوتتۇرا ياش تەتقىقاتچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ تۈرلۈك ساھەلىرىگە بېغىشلانغان ماقالىلىرىنى ئوقۇدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇر تىلى، تارىخى، مەدەنىيىتى، فولكلورى، ئەدەبىياتى ساھەسىدە كۆزگە كۆرۈنگەن تەتقىقاتچىلاردىن جامېس مىلۋارد (James Milward)، ئارىئاننا داۋېر (Arianne Dawyer)، ناتسان لايتن (Nathan Light)، مېخايىل فرىدرىك (Mechael Fredrich)، جۇن سۇگاۋارا (Jun Sugawara)، داۋىد ۋاڭ (David Wang)، گاردنېر بوۋىڭتون (Gardner Bowington)، ۋىلىيام كلارك (William Clark)، ئابلەت كامالوف قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى. يىغىن قاتناشچىلىرى ئۇيغۇر تىلى ۋە دىئالېكتلىرى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى ھەمدە ئۇيغۇر سەنئىتىدىن ئىبارەت تۆت چوڭ ساھە بويىچە ماقالىلەر ئوقۇلغاندىن كېيىن قىزغىن بەس ـ مۇنازىرىلەر ئېلىپ باردى. ياۋروپادىكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى شۇكى، مۇنازىرە ۋە تالاش ـ تارتىشلار مۇھاكىمىنىڭ ئاساسلىق نىشانى قىلىنىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن مەسىلىلەر ئورتاق تالاش ـ تارتىش قىلىنىپ ھەل قىلىنىپتۇ. يىغىندا كەسپداشىم راھىلە داۋۇت ئۆزىنىڭ «مازار مەدەنىيىتى ۋە شىنجاڭدا ساياھەتچىلىك» ناملىق ماقالىسىنى، مەن «ئۇيغۇرلاردا ئىسىم قويۇش مەدەنىيىتى ۋە ئۆۋەتتىكى قويۇلۇش مەسىلىسى» ناملىق ماقالەمنى ئوقۇپ ئۆتتۇم. يىغىن قاتناشچىلىرى بىردەك بۇ قېتىملىق خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا ئۇيغۇر تەتقىقاتچىلىرىنىڭمۇ قاتنىشىشى ھەمدە ماقالە ئوقۇشى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، بۇ كەلگۈسىدە ئۇيغۇر مىللىتىدىن يېتىشىپ چىققان ياش تەتقىقاتچىلار بىلەن خەلقئارادىكى ئۇيغۇرشۇناسلارنىڭ ئىلمىي ھەمكارلىقى ئۈچۈن

تاشلانغان مۇھىم بىر قەدەم، دەپ قاراشتى.

يىغىنغا سىرتتىن قاتناشقان كىشىلەرمۇ خېلى بار ئىدى. گەرچە يىغىننىڭ پۈتكۈل كۈنتەرتىپلىرى ئىنگلىز تىلىدا ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، لېكىن يىغىن قاتناشچىلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىيەلەيدىغان كىشىلەر ئىدى. بۇ ھال ياۋروپا ئۇيغۇرشۇناسلىق تارىخىدا ھازىرغىچە ئاز كۆرۈلگەن ئەھۋال ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ قېتىمقى يىغىنغا تەكلىپ قىلىنغانلار ئۇيغۇرشۇناسلىق ساھەسىدە يېقىندىن كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىغان ياش ئالىملار ئاساسىي نىشان قىلىنغان بولۇپ، خەلقئارا ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ يېڭى بىر تارىخىي دەۋرگە كىرگەنلىكىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى.

يىغىن غەلىبىلىك يېپىلغان كۈنى كەچقۇرۇن يىغىن قاتناشچىلىرى لوندوننىڭ ئاۋات كوچىلىرىدىن بىرىگە جايلاشقان بىر تۈرك رېستورانىدا زىياپەتكە قاتناشتۇق. ئەنگلىيىدە، بولۇپمۇ لوندوندا ئوقۇۋاتقان ۋە خىزمەت قىلىۋاتقان بىر قىسىم ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارمۇ زىياپەتكە كەلدى. راچېل خانىم ئۆيىدىن ئېلىپ كەلگەن بولسا كېرەك، نەقىشلىرى چىرايلىق بىر دۇتارمۇ زىياپەت سورۇنىدا پەيدا بولدى. مەززىلىك تۈرك كاۋاپى بىلەن تائاملار تارتىلدى. تۈرلۈك ئىچىملىكلەرمۇ تاماق ئۈستىلىگە تىزىلغانىدى. زىياپەت سورۇنى شۇنچىلىك قىزىپ كەتتىكى، لوندوندا خۇددى ئۈرۈمچىدىكى بىر رېستوراندا زىياپەت ئۆتكۈزۈۋاتقاندەك بەھۇزۇر ئولتۇردۇق. تاماقتىن كېيىن، راچېل خانىم دۇتار بىلەن ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىدىن بىرقانچىسىنى ئورۇندىدى. ئىزچىل ھالدا ئۇيغۇر مۇقاملىرى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن بۇ ئايالنىڭ ئۇيغۇرچە ناخشىلارنى شۇنچىلىك قاملاشتۇرۇپ ئېيتالىشى ھەمدە دۇتارنى شوخ ئۇسسۇل كۈيلىرىگە ياڭرىتالىشى ھەممىمىزنى ھەيران قالدۇردى. ئارىلىقتا ھاياجانلانغانلار ھەتتا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ئۇسسۇلمۇ ئوينىدى. راچېل خانىم ھارغاندىن كېيىن جامېس مىلۋارد دۇتارنى ئېلىپ ئۇيغۇرچە كۈيلەرگە چېلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭغىچە لوندوندا ئوقۇۋاتقان بىر ئۇيغۇر قىز ئورنىدىن تۇرۇپ مۇزىكىغا تەڭكەش قىلىپ ناخشا ئېيتتى. پۈتۈن بىر ئاخشام لوندوننىڭ بۇ ئاۋات كوچىسىدىكى بۇ رېستوراندا ئۇيغۇر مەشرىپى ئوينىدۇق. لوندون ۋاقتى كەچ سائەت 12 لەر بىلەن مېھمانخانىغا قايتىپ كەلدۇق. جامېس مىلۋارد، ئارىئاننا، ناتان لايت، ئابلەت كامالوف ھەمدە سوگاۋارا قاتارلىق بىرقانچەيلەن مېھمانخانىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ ئۇخلىغۇسى كەلمەي بىزنى بىللە پىۋا ئىچكەچ پاراڭلىشىشقا چاقىردى. بىرىنچى قەۋەتتىكى مۇزىكىلىق زالدا ئولتۇرۇپ پاراڭلاشتۇق. يىغىننىڭ ناھايىتى كۆڭۈللۈك ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلغانلىقىدىن ھەممىمىز خۇشال ئىدۇق. پاراڭلىرىمىز ئايلىنىپ كېلىپ يەنە شىنجاڭ ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ساھەسىدىكى بىر قىسىم مەسىلىلەرگە تۇتاشتى. ھەممىمىز ئەركىن ـ ئازادە ئويلىغانلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇڭداشتۇق.

ئەتىسى ھەممىمىز بىر - بىرىمىز بىلەن خوشلىشىپ تابىستوك مېھمانخانىسىدىن ئايرىلدۇق. بىز راھىلە بىلەن لوندون تەبىئەت مۇزېيىدا خىزمەت قىلىۋاتقان دىلشات ھېۋىزۇللانىڭ ئۆيىگە كەتتۇق. شۇ كۈنى لوندوندىن كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېت شەھىرىگە بېرىپ زىيارەت قىلدۇق. كەچتە راچىل خانىمنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولدۇق. شۇنداق قىلىپ لوندوندىكى ناھايىتى ئالدىراش، ئەمما كۆڭۈللۈك بىر ھەپتىمىز ئۆتۈپ كەتتى.

ۋەتەنگە قايتىش سەپىرىدە ئايروپىلاندا كېلىۋېتىپ نۇرغۇن خىياللار كۆڭلۈمدىن كەچتى. دۇنيا مەدەنىيىتى جىددىي رەۋىشتە بىر - بىرى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ بىر گەۋدىلىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە مىللىي مەدەنىيەت كىملىكىمىزنى ساقلاپ قېلىشنىڭ قانچىلىك زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

ئادىل تۇنىياز

## ستوكھولمدىكى ئۇيغۇر*

—— دوكتور ئەسەت سۇلايمانغا

*ۋاراقلىماقتا كۈنلەر روھىڭنى*
*خانلىق كۇتۇپخانىدا.*
*شۇبىتسىيە،*
*سۈرتمەكتە گۈگۈمدىكى غېرىبلىقىڭنى*
*ئاراللارنىڭ سۈزۈك قولىدا.*
*سەن رەڭگارەڭ شەپەق نۇرىدا*
*نەكلىماكاننىڭ قۇم كىتابىدىن*
*تېپىلغان دۆلەتنىڭ كەنجى خاقانى،*
*ھاياجانغا چۆمىسەن بىردىن...*
*سۇبىن ھېدىن*
*بۈيۈك دېڭىز قاراقچىسىدەك*
*يۈز يىل ساقلىدى دولقۇنلار ئارا*
*ئىگىسىنى زور خەزىنىنىڭ.*

*كىتابتىكى يۈز يىل*
*بىلىنمەي ئۆتەر كوچىدىكىدىن.*
*كوچا جىم،*
*ئالىمان بېسىققان،*
*ئامىال ئەپيۈن تارتىدۇ،*
*ئاق تېرەكنىڭ قوۋزاقلىرى قان.*
*ماي يولىنىڭ دېرىزىسىدە*
*كوچا چىراغلىرى چاقنار.*
*يۈز يىل بۇرۇنقى كۆزلەر چاقنار،*
*چېقىلغان ئۆيلەرنىڭ توپىسىدا.*

---

* ئادىل تۇنىياز: «ستوكھولمدىكى ئۇيغۇر»، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى، 2005- يىللىق 6- سان، 28-، 29- بەتلەر؛ ئادىل تۇنىياز: «دېڭىزدىكى كوچا» ناملىق شېئىرلار توپلىمىغا قاراڭ. مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 2005- يىل 10- ئاي نەشرى، 158 - ، 160- بەتلەرگە قاراڭ.



Altun0q

غېرىب بولغان ئادەملەر چاقنار،
قەشقەرنىڭ ئەينەك كوچىسىدا...

بىپەك يولىدا ناتونۇش كارۋان
تونۇش بىر ئۆلۈك ماڭدى تۆگىلىك.
قىچىپ چىققان بىر قىز ساندۇقتىن
يات مۇزېيدا يىغلار ئېسەدەپ،
قىنى مىنىڭ كىيىملىرىم دەپ.

قاراڭغۇ سۆيمەكتە ئاچ كۆزلۈك بىلەن
ئۇياتچان ئاراللار قىلىدۇ نىدا،
ئۆتمۈشنىڭ شولىسى جىمىرلار سۇدا.

يەنە بىر ۋاراق ئۆرىدى ئۇ:
يۈز يىل بۇرۇنقى قەشقەر قىزى
كۆڭلىكىنى كۆتۈرۈپ كەچمەكتە سۇ،
نېرىدا بوز ئېشەك ئوتلىماقتا...
مەن — ئاچ قالغان ھاڭگا.
مەن — ئۆزىنى يالماۋاتقان ئوت.
مەن — قۇم ئاستىدىكى ئاۋات شەھەر.
مەن — چۆل يامغۇرى
توختاپ قالغان ئۇشتۇمتۇت.
مەن — قەلبىدە شەپەق بار سەھەر.
مەن دەرەختەك تىلسىز ئادەم،
زامانىۋى شەھەرلەردىكى.
مەن — بىر جۈپ ئەنجۈر كۆز پەسلىدىكى
يالىڭاچلىنىپ قالغان بارا - بارا.
مەن — خالتا كوچا، رەت - رەت ۋە كوچا
بالىخانىلىق لاي ئۆيلەر ئارا.
مەن — ئوقۇلمىغان قەدىمكى كىتاب،
مەن — جەسەتسىز قەبرە كىروراندىكى،
ھاپىلا - شاپىلا يازار ئارخېئولوگ
بىر نېمىدىن ئۈركۈگەنمىكى؟
كولىنىپ

قەدىمىي شەھەرلەرنىڭ ئىچ ــ باغرى،
ئىگىسسىز ئۆيلەردە قاۋار ۋاقىتنىڭ ئىتى،
يىپچەتلەنگەن يوللارنىڭ ئاغزى،
تېگىنقسىز قالغان
چۆللەرنىڭ جاراھىتى...

سۆيىن ھېيدىن
غايىب بولدى تەكلىماكاندىن،
سىتوكھولمغا بىر كەنگەن بېتى
ئاستىدا ئەسىرنىڭ ئاق ئىتى.

دوستۇم ئەسەت،
تەڭ كېچە بولدى
چىرىغىڭنى ئۆچۈرۈۋەت،
يۇلتۇزلار يېنىپ تۇرسۇن...

2004 ــ يىل 30 ــ ئۆكتەبىر

图书在版编目（CIP）数据

自我与身份 — 与欧洲文明对话 / 艾赛提·苏来曼 —乌鲁木齐：新疆大学出版社，2006.7
ISBN 7－5631－2061－0

Ⅰ.自？ Ⅱ.艾？ Ⅲ.文化－概况－欧洲－维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.G15

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2006）第 090575 号

责任编辑：凯丽毕努尔·米吉提
责任校对：克尤木·吐尔逊
封面设计：麦提亚森·麦提库尔班
封面摄影：吴晓波

# 自我与身份 — 与欧洲文明对话

艾赛提·苏来曼　著

新疆大学出版社出版
（乌鲁木齐市胜利路 14 号　邮编：830046）
乌鲁木齐市一帆电子有限公司排版
新疆恒远中汇彩印包装有限公司印刷
各地新华书店经销
开本：787 × 1092　1/16　28.25 印张
2006 年7月第 1 版　2006 年7月第 1 次印刷
印数：0001 － 5000 册

ISBN 7 － 5631 － 2061 － 0
定价：47.00 元

p. 32 [7] Gia Kjellén, *Environment Problems of Aral Sea in Central Asia*

p. 95 [16] Gunnar Jarring, A Swedish lady at the southern Silk Road in the early 18th century, *Türk Kültürü Araštirmalari*, Ankara Üniversitesi Basimevi, Ankara, 1986

p. 96 [18] Das nord – *und ostliche Theil von Europa und Asia*, Stockholm, 1730; (Reprint: Szeged, Hungary, 1975); English translation: *An Historico – geographical Description of the North and Eastern Parts of Europe and Asia*, London, 1738 (Reprint: New York. 1970)

p. 181 [60] Gustaf Raquette, *English – Turki Dictionary: Based on the dialects of Kashgar and Yarkand*, Lund – Leipzig, 1927

p. 183 [63] *Kitabi Muqäddäs – Injil*, Britiš Forin Baybul Sosaytining Xiraji Bilän Qahirä Misirda Basildi, 1939

p. 227 [72] Jarring, Gunnar, *Studien zu einer osttükischen Lautlehre*, Lund – Leipzig, 1933;

p. 230 [76] Jarring, Gunnar, *Åter till Kaschgar* , Stockholm ,1979; Gunnar Jarring, *Return to Kashgar*, Durham, N. C. 1986;

p. 231 [77] Original text: " Many years have passed since I visited Kashgar the first time. When I came back some 50 years later it was a new Kahsgar I met, a modern city with all the amenities of modern life. And yet, I encountered so much of its old charm and the Uyghurs of Kashgar received me as an old friend."

p. 252 [89] Robert Barkley Shaw, *Visits to High Tartary, Yarkand and Kashgar*, John Murray, London, 1871; Oxford University Press, Hongkong, 1984, reprinted; 罗伯特·肖：《一个英国商人的冒险》，新疆人民出版社，2005 年版

p. 266 [90] The Swedish General Electric Co. (ASEA) in Västeras, Sweden

p. 328 [101] John Törnquist, *Kaschgar: Några bilder från Innersta Asiens Land, folk och Mission, Svenska Missionförbundets Forlag*, Stockholm, 1926

p. 330 [102] Ahmad Kamal, *Land Without Laughter*, New York, Charles Scribner's Sons, 1940

p. 339 [108] Palmer, G ed., *En ny port oppnas: från Svenska Missionföbundets arbeta i Östturkestan åren 1892 -1938 och Indien åren 1940 -1942*, Stockholm, 1942 ;
Hultvall, John, *Mission och revolution i Centralasien: Svenska Missionförbundets i Östturkestan 1892 -1938*, Gummessons, Stockholm, 1981;